ONLY ONE HOTAN IN THE WORLD

# دۇنيادا بىرلا خوتەن بار

## ئۆرپ ـ ئادەتلەر

(2)



شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى

# دۇنيادا بىرلا خوتەن بار

# ONLY ONE HOTAN IN THE WORLD

## ئۆرپ ـ ئادەتلەر (2)

تۈزگۈچى: ئابدۇللا سۇلايمان

BY
ABDULLA SULAYMAN

شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى

مەجمۇئە نامى: دۇنيادا بىرلا خوتەن بار
كىتاب نامى: ئۆرپ ـ ئادەتلەر (2)
تۈزگۈچى: ئابدۇللا سۇلايمان
مەسئۇل مۇھەررىرى: ئەنۋەر قۇتلۇق
تەكلىپلىك مۇھەررىرى: ۋاھىتجان ئوسمان
مەسئۇل كوررېكتورى: نۇرئالىيە ئابدۇكېرىم
تەكلىپلىك كوررېكتورى: قەييۇم تۇرسۇن
مۇقاۋا لايىھەلىگۈچى: ئەكبەر سالىھ
نەشرىيات: شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى شىخۇڭ يولى 36 ـ نومۇر
پوچتا نومۇرى: 830000
تارقاتقۇچى: شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى
زاۋۇت: ئۈرۈمچى كېخىڭ رەڭلىك مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتى
فورماتى: 1230 × 880 م م 1/32
باسما تاۋىقى: 13
نەشرى: 2011 ـ يىلى 8 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
بېسىلىشى: 2011 ـ يىلى 8 ـ ئاي 1 ـ قېتىم بېسىلىشى
كىتاب نومۇرى: ISBN 978-7-5469-1699-6
ئومۇمىي باھاسى: 78.00 يۈەن (جەمئىي ئىككى قىسىم)

(باسما ۋە بەت تۈپلەشتە خاتالىق كۆرۈلسە زاۋۇت بىلەن ئالاقىلىشىڭ)

ئۈچىنچى باب

# مەنىۋى ئۆرپ ـ ئادەتلەر

## §1. گۈزەللىك ئادەتلىرى

### 1. قىز ـ ئاياللارنىڭ ئەنئەنىۋى تازىلىق ئادەتلىرى

«ساغلام تەندە، ساغلام ئەقىل» دېگەن ماقال پۈتكۈل ئۇيغۇرلارغا ئوخشاشلا خوتەنلىكلەرنىڭمۇ قەدىمدىن باشلاپ تازىلىققا تولىمۇ ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقىدىن ئىبارەت مىللىي پسىخىكىسىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ.

ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان شەكىللەندۈرگەن ئەنئەنىۋى ئائىلە ئىش تەقسىماتىغا ئاساسەن قىز ـ ئاياللار بالا بېقىش، تاماق ئېتىش، كىر يۇيۇش، ئائىلە تازىلىقى ۋە مۇھىت تازىلىقى قاتارلىق ئۆي ئىشلىرىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان بولۇپ، ھەممىسىدە تازىلىق مەركىزىي نۇقتا قىلىنغان. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار كۈندىلىك ئائىلە ئىشلىرىنىڭ بىرىنچى قەدىمىنى سەھەردىكى تازىلىق پائالىيىتىدىن باشلاشنى ئادەت قىلغان.

خەلقىمىز ئارىسىدا «ئايالنىڭ قېشىغا قارا، قاچىسىنىڭ تېشىغا (قارا)»، «ئىشچان خوتۇن سەھەر تۇرۇپ چېچىنى تارايدۇ، ھورۇن خوتۇن ئۇخلاپ تۇرۇپ كۆلۈك كولايدۇ» دېگەن تەمسىلنىڭ كېلىپ چىقىشىمۇ سەۋەبسىز ئەمەس. دەرۋەقە، ئەجدادلارنىڭ ئەنئەنىۋى قارىشىدا تازىلىقنى ئاياللارنى باھالايدىغان ئاساسىي ئۆلچەم قىلغان.

بولماستىن، بەلكى ئۇزۇن يىللار داۋاملىشىش نەتىجىسىدە پىشىك ئەنئەنىگە ئايلانغان مەنىۋى گۈزەللىك پائالىيىتىدۇر. بۇنىڭ خاسىيىتىدىن بارلىققا كەلگەن ئائىلە ۋە مۇھىت گۈزەللىكى ھەر كۈنى سەھەردە ئىشقا ئاتلانغان ئەمگەكچىلەرنى كۆڭۈل ئازادىلىكىگە ئىگە قىلىپ، ئۇلارنىڭ مەنىۋى دۇنياسىدا ھاياتلىققا مۇھەببەت ئويغىتىدۇ، ئۆز ئارا ئىناقلىقنى كۈچەيتىپ، كوللېكتىۋىزملىق روھنى مۇستەھكەملەيدۇ. شۇنداق قىلىپ سەھەردە باشلىنىدىغان ئاممىۋى تازىلىق ئارقىلىق بەرىكەت ۋە نۇسرەتكە يول ئاچىدۇ. ئائىلىسىنىڭ روناق تېپىشىنى تىلەيدۇ، كېسەللىكنىڭ مەنبەسىنى يوقىتىشقا تىرىشىدۇ.

## 2. قول، يۈز يۇيۇش ۋە يۇيۇنۇش ئادەتلىرى

**1)**قول ۋە يۈز يۇيۇش. خەلقىمىز يېمەك - ئىچمەك تازىلىقىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەندىن تاشقىرى، ھەر قانداق ئەھۋال ئاستىدا قولىنى يۇماي تۇرۇپ داستىخان ئالدىغا كەلمەيدۇ. مەيلى ئۆز ئۆيىدە بولسۇن، ياكى مېھماندارچىلىققا بارسۇن، ئۆي ئىگىسى مېھماننىڭ قولىغا سۇ بېرىشنى ھەم ھۆرمەت، ھەم ساۋاب دەپ بىلىدۇ. ھەتتا مېھماندارچىلىقتا ھەر بىر قېتىملىق تاماق ئالدىدا مېھماننىڭ قولىغا بىر قېتىم سۇ بېرىدۇ. مېھماننىڭ قولىغا سۇ بېرىشنى بىر خىل ئەخلاق دەپ قارىغاچقا، ئاتا - ئانىلار پەرزەنتلىرىگە باشقىلارنىڭ قولىغا سۇ بېرىشنىڭ تەرتىپ - ئۇسۇللىرىنى ئالاھىدە ئۆگىتىدۇ. مېھمانلارنىڭ قولىغا سۇ بېرىشتە مۇتلەق كۆپچىلىك ئائىلىلەر ئاپتۇۋا - چىلاپچا ئىشلىتىدۇ. چۈنكى ئاپتۇۋا - چىلاپچا يۇندى چاچرىمايدىغان ئالاھىدىلىككە ئىگە.

يۈز يۇيۇش — ئەتىگەندە ئادەم ئۇيقۇدىن تۇرغاندىن كېيىن ئورۇندىلىدىغان تازىلىق ئادىتى. قول ئالىقىنىغا مەخسۇس يۈز يۇيىدىغان سۇ قاچىسىدىن سۇ قۇيۇپ، تېمىتىپ يۈز يۇيۇش ئۇيغۇرلارنىڭ

كۆندىلىك تۇرمۇشتىمۇ ئەرنىڭ ياقىسىنىڭ كىر ياكى پاكىزلىقىغا قاراپ ئايالىنىڭ قانداق تەبىئەتلىك ئىكەنلىكىنى مۆلچەرلەيدۇ. شۇ سەۋەبتىن ئانا بولغۇچى قىزىنى كىچىك ۋاقتىدىن باشلاپلا ئائىلە ئىشلىرىغا بولۇپمۇ تازىلىق قىلىشقا ئۆگىتىدۇ. ھەمىشە ئۆز پەرزەنتلىرىگە «سەھەر تۇرۇپ تازىلىق قىلساڭ ساۋاب بولىدۇ. ھويلا - ئاران ۋە يوللارنى سۈپۈرسەڭ بەختىڭ ئېچىلىدۇ» دەپ تەربىيە بېرىدۇ. مۇشۇنداق ئەنئەنىۋى تەلىم - تەربىيە نەتىجىسىدە يېزا - قىشلاق، شەھەر - بازارلاردا ھەر كۈنى تاڭ سۈزۈلۈشى بىلەن تەڭلا ھەممىدىن بۇرۇن قىز - ئاياللار ئورنىدىن تۇرۇپ يۈز - كۆزىنى يۇيۇشتىن ئىلگىرى ئۆي ئىچى، ھويلا - ئارانلىرىنى ۋە ئۆي ئەتراپىدىكى چوڭ - كىچىك كوچىلارنى پاكىز سۈپۈرۈپ سۇ سېپىدۇ، تەرەتخانىلارنى پاكىز تازىلايدۇ، ھويلا - ئاراندىكى گۈللۈكلەرگە ۋە گۈل تەشتەكلىرىگە سۇ قۇيىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئائىلىلەر ۋە يۇرت - مەھەللىلەر ئادەمگە بىر خىل جۇشقۇن كەيپىيات بېغىشلايدۇ، بىر كۈنلۈك ھاياتنىڭ مۇقەددىمىسى ئەنە شۇنداق پاكىز مۇھىت ۋە ساپ ھاۋا بىلەن باشلىنىدۇ.

قىز - ئاياللارنىڭ پەسىل ئالماشقاندا ئۆيلەردىكى كىگىز - كېچەك، ئائىلە ئەزالىرىنىڭ كىيىم - كېچەكلىرى، يوتقان - كۆرپىلەرنى سىرتقا ئاچىقىپ ئاپتاپقا سېلىشى، ئۆي ئىچىنىڭ تورۇس - تاملىرىدىن تارتىپ بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىغىچە سىيرىپ سۈپۈرۈشى، ھويلا - ئارانلارنىڭ ئالدى - كەينىدىن باشلاپ ھاجەتخانا، ئېغىل - قوتانلارنىڭ ئالدىلىرىغىچە ئومۇميۈزلۈك تازىلىشى ئادەت قىلىنغان. بۇنداق ئادەت بىر خىل ئەنئەنىگە ئايلانغاچقا، بۇ ئىشقا ھېچقانداق ئائىلە مەجبۇرلانمايدۇ. بەلكى قوشنىلار ئارا ئىختىيارىي ۋە تەبىئىي ھالدا ھەممىدىن بۇرۇن ئورنىدىن تۇرۇپ ئاممىۋى تازىلىق قىلىشنى شەرەپ ھېس قىلىشىدۇ. بۇنداق تازىلىق ئادىتى قانداقتۇر بىر كوللېكتىپ ياكى مەلۇم تەشكىل ئورۇنلاشتۇرغان مەجبۇرىي پائالىيەت

«جۇنۇپ» ياكى «ئىستارە» دېيىلىدۇ. جۇنۇپ ھالەتتە ئۇزۇقلىنىش، بالا - ۋاقىلىرىنىڭ ۋە باشقىلارنىڭ كۆزىگە كۆرۈنۈش گۇناھلىق ۋە ئۇياتلىق ئىش ھېسابلىنىدۇ. بىرەر كىم مەلۇم كۈنى ئارقا - ئارقىدىن نەسلىككە ئۇچراپ، ھېچبىر ئىشى كۆڭۈلدىكىدەك بولمىسا، «ئىستارىگە يولۇقتىممۇ - نېمە؟» دەپ ھەسرەت چېكىدۇ. شۇڭا يۇيۇنۇپ، پاكىز ئىچ - تاش كىيىم يەڭگۈشلەشنى، ئېھتىلام بولغان ئەرلەر، ھەيزدىن پاك بولغان ئاياللار يۇيۇنۇپ پاكىزلىنىشنى ئادەت قىلغان. يەنە بىرى، بۇ روھىي جەھەتتىن پاكلىنىش ئۈچۈن بولۇپ، ئەجدادلاردىن قالغان بۇ خىل يۇيۇنۇش ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن ئورۇندىلىدۇ. شۇڭا يىگىت - قىز نىكاھلىنىشتىن ئىلگىرى بۇ خىل يۇيۇنۇش ساۋاتىغا ئىگە قىلىنىدۇ ياكى توي ئاخشىمى يىگىت ۋە «يەڭگە» تەرىپىدىن مەخسۇس ساۋات بېرىلىدۇ.

بۇ خىل يۇيۇنۇش قائىدە تەرتىپى بەش قېتىملىق ئۇلانما ھەردىكەتتە ئورۇندىلىدۇ. بىرىنچى قېتىمدا سول قول ئالىقىنىغا سۇ ئېلىپ (زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ) جىنسىي ئەزانى ۋە ئارقا تەرەت ئېغىزى ئەتراپىنى يۇيۇش (ئىستىنجا قىلىش)؛ ئىككىنچى قېتىم، قولنى يۇيۇش؛ ئۈچىنچى قېتىمدا، سول قول ئالىقىنىغا سۇ ئېلىپ بۇرۇن چايقاش، مىشقىرىش، ئوڭ قول ئالىقىنىغا سۇ ئېلىپ ئېغىزنى غار - غار قىلىپ چايقاش ۋە چىش مىلىكىنى كۆرسەتكۈچ بارماقتا ياكى مىسۋاك چوتكا بىلەن يۇيۇش؛ تۆتىنچى قېتىمدا باش ئۈستىدىن سۇ قۇيۇپ يۇيۇش. مۇرە، دۈمبە (تارغاق ئۇتتۇرىسى)، بەدەننىڭ بارلىق قىسمىغا سۇ تەگكۈزۈش (سۇ تەگمىگەن جاي قالسا يۇيۇنمىغانغا تەڭ بولىدۇ)؛ بەشىنچى قېتىمدا پۇتنى يۇيۇش. ھەر بىر قېتىملىق يۇيۇنۇش مەشغۇلاتى ۋە شەكلى ئۈچ قېتىملىق سۇ قۇيۇش ئارقىلىق ئورۇندىلىدۇ. «غۇسۇل» تەرتىپى بويىچە ئاۋۋال ئوڭ تەرەپتىن، ئارقىدىن سول تەرەپتىن سۇ قۇيۇپ ئورۇندىلىدۇ. بەدەندە يەنىلا كىر قالسا، كىر توگەپ بەدەن پاكىز بولغۇچە سۇ قۇيۇپ يۇيۇلىدۇ. ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ قوبۇل قىلىنىشى ئارقىلىق

گۈزەللىك چۈشەنچىسىنىڭ تەلىپى ۋە پاكىزلىق، تازىلىق ئۆلچىمى-نىڭ مەھسۇلى، شۇنداقلا خاس يۇز يۇيۇش شەكلى ھېسابلىنىدۇ. قول ئالىقىنىغا سۇ قۇيۇپ، تېمىتىپ يۇز يۇيۇش ھەربكەت شەكلىنىڭ كې-لىش مەنبەسى مىللەتلەرنىڭ ياشىغان ماكانى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بو-لۇشتىن باشقا، سۇنى ئۇلۇغلاش قارىشىنىڭ ئادەتكە بېرىكتۈرۈلۈشى-دۇر. قەدىمدىن تارتىپ ئەجدادلىرىمىز ھاۋا كىلىماتى قۇرغاق، دەريا ئېقىنلىرى ئاز ماكاندا ياشاپ كەلگەنلىكتىن، سۇنى ئۇلۇغلاش، سۇنى ئىسراپ قىلماسلىق قارىشىنى تۇرغۇزغان. مەيلى ياز ياكى قىش بول-سۇن، ئەتىگەندە سوغۇق سۇدا يۇيۇش؛ يۇز يۇيۇشتا مەخسۇس سۇ قاچى-سى ئىشلىتىش (ئاپتۇۋا، تاھارەت چۆگۈنى، ئېۋرىق، چەينەك، سۇ قاپى-قى قاتارلىقلار)؛ يۇزنى ساپ سۇ بىلەنلا يۇيۇش (سوپۇن ئىشلەتمەس-لىك) ئادىتى ماكان خاسلىقى، ئىلمىيلىكى بىلەن قەدىمىيلىككە ئىگە.

2) يۇيۇنۇش ئادىتى. يۇيۇنۇش مەزمۇنى ۋە شەكلى ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ: بىرى، بەدەننى پاكىز تۇتۇش ئۈچۈن يۇيۇنۇش، كىشىلەر بە-دەننى پاكىز تۇتۇشقا ئەھمىيەت بېرىپ، ئۆيدە پات - پات يۇيۇنۇش-نى ئادەت قىلغان. ياز كۈنلىرى ئۆستەڭلەر ۋە ياشلاردا دەريا - ئې-قىنلار، سۇيى ئېقىپ تۇرىدىغان ئازما - قايناملاردا يۇيۇنىدىغان ھەم سۇ ئۈزىدىغان ئادەت بار. ئادەتتە چوڭ ياشلىقلار، قىز - ئاياللار ئۆيدە ئىلمان (ئىسسىق) سۇ تەييارلاپ ئەۋرەزلىك ئۆيدە (ياتاق ئۆي-نىڭ بىر بۇلۇڭىدا «قازناق» دەپ ئاتىلىدىغان بىر كىچىك ئۆي قو-شۇپ ياسىلىدۇ، بۇ قازناقنىڭ ئوتتۇرىسىغا «ئەۋرەز» كولىنىپ، ئۈستى پىششىق كېسەك ياكى تاش بىلەن يېپىلىدۇ. ئەۋرەزنىڭ ئوت-تۇرىسىدا تۆشۈك بولىدۇ. ھەر جۈمە كېچىسى بالاغەتكە يەتكەن ئائى-لە ئەزالىرى مۇشۇ قازناققا كىرىپ، جىنسىي تۇرمۇش بولسۇن، بولمىسۇن «بويىنى سۇغا سالىدۇ»). ھەممە ئائىلىلەردە يۇيۇنۇش، غۇسۇل قىلىشقا ئىشلىتىلىدىغان چوگۈن، ئېۋرىق بولىدۇ. بولۇپ-مۇ، جىنسىي تۇرمۇشتىن كېيىن غۇسۇل تاھارەت ئالماسلىق قاتتىق ھار ئېلىنىدىغان ئەخلاقسىزلىق ھېسابلىنىدۇ. بۇنداق كىشىلەر

## 3. قىز ـ ئاياللارنىڭ تارىنىش ـ ياسىنىش ئادەتلىرى

چاچ قويۇش، ئۆرۈش ۋە چاچ شەكلى. تارىنىش قىز ـ ئاياللارنىڭ چاچ تاراش، چاچ شەكلى چىقىرىش، چاچ ئۆرۈش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان پەردازلىنىش ئادىتى، ئاياللارنىڭ مىللىي خاسلىقىنى گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدىغان بەلگىلەرنىڭ بىرى.

قەدىمكى ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ چاچقا بولغان گۈزەللىك چۈشەنچىسىمۇ ناھايىتى ئىلغار ئىدى. ئۇدۇن، كىرروران، لوپنۇر خارابىلىرىدىن تېپىلغان ئايال جەسەتلەردىكى ئۆرۈم چاچ؛ ئوغۇزخان ئاشىق بولغان قىزلارنىڭ دولقۇنسىمان چېچى؛ «كىرروران گۈزىلى» نىڭ بۇدۇر چېچى؛ خوتەن بۇددىزم تەسۋىري سەنئىتى پېشۋالىرىنىڭ «ئويما ـ قويما ئۇسۇلى» ۋە «ھۆل كىيىم ئۇسۇلى» بويىچە سىزغان رەسىملىرىدىكى يارىشىملىق چاچ شەكىللىرى؛ بۇددا مىڭئۆيلىرىدىكى تام رەسىملىرىگە سىزىلغان گۈزەل نازىنىنلارنىڭ تال ـ تال ئۇزۇن چاچلىرىدىن قەدىمكى ئۇيغۇر قىز ـ ئاياللىرىنىڭ چاچقا بولغان گۈزەللىك قارىشىنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە ئىكەنلىكىنى چۈشەنگىلى بولىدۇ. خوتەندە بۇددا دىنى جارى بولغان مىڭ يىللار داۋامىدا ۋە ئۇنىڭدىن ئىلگىرىمۇ ئاياللارغا ئوخشاشلا ئەرلەرمۇ ئۇزۇن چاچ قويۇشنى ئادەت قىلغان بولۇپ، سامپۇل قەدىمي قەبرىستانلىقىدىن قېزىۋېلىنغان جەسەتلەرنىڭ چاچ ئەۋرىشكىلىرى بۇ ئادەتنى ئىسپاتلاپ بېرەلەيدۇ. بۇ چاچ ئەۋرىشكىلىرىدە چاچ شەكلى ئۆرۈمە چاچ ۋە تورمە چاچتىن ئىبارەت. ئۇنىڭدىن باشقا بەزى كىچىك بالىلارنىڭ چاچ شەكلى كالتە چاچ ھېسابلىنىدۇ، بۇ چاچ شەكلى مۇنداق بىر قانچە تۈرگە بۆلۈنىدۇ:

كۆپ ئۆرۈملۈك چاچ: بىر نەچچە تالغا بۆلۈپ ئۆرۈلگەن بۇ خىل چاچلار توم، ئۇزۇن بولۇپ، بىردەك ئۈچ نەخ چاچنى بىر قىلىپ ئۆرۈش ئۇسۇلىدا ئۆرۈلگەن، ھەر بىر ئۆرۈمىنىڭ كەڭلىكى 2.5Cm، توملۇقى 1Cm، ئۇزۇنلۇقى 60Cm دىن ئارتۇق كېلىدۇ. بۇ خىل

كىرگەن «غۇسۇل» دىن ئىبارەت يۇيۇنۇش مەزمۇنى ۋە شەكلى ئۇي-غۇرلارنىڭ جىمادىن كېيىن يۇيۇنۇشتىكى ئەنئەنىۋى ئېستېتىك مەزمۇنىغا قوشۇلۇپ، يۇيۇنۇشنىڭ مەزمۇنىنى كېڭەيتكەن ھەم خاس يۇيۇنۇش ئادىتى بولۇپ شەكىللەنگەن.①

يۇيۇنۇشنى ئائىلىدىكىلەردىن مەخپىي تۇتۇش — ئۇيغۇرلارنىڭ يۇيۇنۇش ئادىتىدىكى بىر مۇھىم ئالاھىدىلىك ھەم جىنسىي تۇرمۇش ئادىتىدىكى خاسلىق. جىنسىي تۇرمۇشنى ئائىلىدىكىلەر (ئاتا - ئا-نا، بالىچاقا) دىن مەخپىي ئېلىپ بارغانغا ئوخشاش، جىمادىن كېيىن يۇيۇنۇشمۇ ئائىلىدىكىلەردىن مەخپىي ئورۇنلاپ، بۇ خىل يۇيۇنۇشنى باشقىلارغا ئۇقتۇرۇشنى بىر خىل ئۇياتلىق ئىش دەپ بىلىدۇ. ئا-يالالارنىڭ جىمادىن كېيىنكى يۇيۇنۇپ، تارىنىشى تېخىمۇ شۇنداق. كېلىن بولغۇچى ئايال قېيىنئاتا، قېيىنئانا ۋە باشقىلارنىڭ كۆزىدىن خالىي ئۆيدە چېچىنى تاراپ ئۆرۈيدۇ ۋە قورۇتىدۇ. بۇ ئۇيغۇر ئايال-لىرىنىڭ شەرم - ھايالىق خىسلىتى ۋە گۈزەل ئەخلاقىنىڭ ئىپادى-سى بولۇشتىن باشقا، ئۇيغۇرلاردىكى ئېستېتىك چۈشەنچىنىڭ ئىس-تىخىيەلىك ئادەت شەكلىدە ئاللىقاچان مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى ئۇق-تۇرىدۇ.

ئەنئەنىۋى يۇيۇنۇش ئەسلىھەسى يۇيۇنۇش تەڭنىسى بولۇپ، ئۇ بىر مېتىردىن بىر يېرىم مېتىرغىچە ئۇزۇنلۇقتىكى 60 سانتىمې-تىر كەڭلىكتىكى ياغاچنىڭ ئوتتۇرىسى ئويۇپ ئېلىۋېتىلگەن يۇيۇ-نۇش قاچىسىدۇر. ئەجدادلار بۇ خىل تەڭنىنى ئىشلىتىشنى بىلگەن-دىن تارتىپ يېقىنقى ۋاقىتلارغىچە ئىشلىتىلگەن.

سۇ قۇيۇشقا سۇ قاپىقى، نوگاي، ئاپتۇۋا، ئېۋرىق، چەينەكلەر ئىشلىتىلگەن. سۇ مۇنچىسى ئىستېتىلغان سۇنى تېمىتىپ يۇيۇنۇش ئەسلىھەسى بولۇپ، بۇ خىل مۇنچا ئۇيغۇر يۇرتلىرىنىڭ كۆپىنچى-سىدە، شەھەر - بازارلاردا ياسالغان.

① ئەنۋەر تۇرسۇن گەپەندى: «ئۇيغۇر ئۆرپ - ئادەتلىرىدىن ئۆرنەكلەر»، شىنجاڭ ئو-نىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2007 - يىلى 3 - ئاي 1 - نەشرى 164 - بەت.

دەپ ئاتالغان بۇ ئادەتتە، چىپىلىدىغان يېلىم «يېلىم چالغۇ» دېگەن سەنئەتلىك قىرىلغان ياغاچ چۆچەككە يامغۇردا قالمىغان، پارقىراق جىگدە يېلىمى سوقۇپ سېلىنىپ، ئىسسىق سۇ قۇيۇپ تەييارلىنىدۇ)، سىيادان يېغى ئىشلىتىپ چاچنى ئۇزارتىش، پارقىراق قىلىش مەقسىتىگە يەتكەن. ئۇلار جىگدە يېلىمىدىن باشقا چاچ پەردىزىگە چالا كۆيدۈرۈلگەن بادام مېغىزى، شاپتۇل مېغىزى (« ياغلىقارا ئىدىتىش » دەپمۇ ئاتىلىدۇ) ئىشلىتىپ ئادەتلەنگەن. چۈنكى ئۇ نەرسىلەر چاچنى قارايتىش، ئۆستۈرۈش، چاچ شەكلىنى ئۇزۇنغىچە ساقلاش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولۇپ، جىگدە يېلىمى قاتارلىق نەرسىلەرنى ئۇيغۇر ئاياللىرى تەبىئىي «چاچ مېيى » دەپ قارىغان. ئۇنىڭدىن باشقا، چاچ قۇرغاقلىشىپ چۇشۇپ كەتسە، قوينىڭ دۇمبە يېغى ( قۇيرۇق مېيى ) نى ئوتتا قىزدۇرۇپ چاچقا سۇۋاپ پەرۋىش قىلغان. چاچنى شاخار سوپۇن بىلەن يۇيۇشنى ئادەت قىلىش بىلەن بىرگە مايلىشىش خاراكتېرلىك چاچ چۈشۈشنى توغرىغا سۇيى ياكى تۇز قوشۇلغان سۇدا يۇيۇش، ئاقىرىپ كېتىشنى تىزگىنلەش ئۈچۈن سىيادانىنى قايىنىتىپ يۇيۇش، باش قىچىشىشنى سېرىق چىچەك ياكى قارا ھېلىلىنى قايىنىتىپ يۇيۇش قاتارلىق چاچ پەرۋىش قىلىش ئادەتلىرىنى يېتىلدۈرگەن.

سۇمبۇل چاچ قىز ـ ئاياللىرى گۈزەللىكىنىڭ سىمۋولى بولۇشى، بىراق، ھەممە خوتۇنلارنىڭ چېچى كۆڭۈلدىكىدەك قويۇق ۋە ئۇزۇن بولۇشى ناتايىن. شۇڭا ئەجدادلىرىمىز بۇنداق كەمچىلىكنى چاچنى كۆپتۈرۈش ۋە چاچقا سۈنئىي چاچ ئۇلاش ئارقىلىق تولۇقلىغان. « تۈركىي تىللار دىۋانى » دا كۆرسىتىلىشىچە: بۇنداق چاچ ئۇلاش بىرى، چېچىنى ئۇزۇن ھەم توم كۆرسىتىش ئۈچۈن چېچىغا ئۆچكە چۇپۇرىدىن چاچ ياساپ ئۇلانغان ۋە بۇنداق يالغان چاچ « ئۆتۈك » دېيىلگەن. خوتۇنلارنىڭ ئۆرۈمە چېچىنىمۇ « ئۆرۈگۈچ » ھەم « ئۆتۈك » دەپ ئاتىغان. يەنە بىرخىلى ئاز چاچنى كۆپتۈرۈپ كۆپ قىلىپ كۆرسىتىشنى «ئورپايىتى» (پاخپايىتى) دەپ ئاتىغان. ئا-

شەكىلدىكى چاچلار كۆپ بولغاندا تۆت ئۆرۈم ئۆرۈلگەن.

سىڭار تال ئۆرۈم چاچ: باشتىكى بارلىق چاچ ئۈچ نەخكە بۆلۈپ بىر ئۆرۈم ئۆرۈلۈپ، ئاندىن كىگىز قالپاق ئىچىگە كىرگۈزۈپ قويۇلغان.

كۆپ ئۆرۈملۈك ئەشمە چاچ: بۇ ھەر ئىككى نەخ چاچنى بىر ئۆرۈم قىلغان چاچ شەكلى بولۇپ، بۇ خىل چاچلار بىر قەدەر ئىنچىكە ۋە قىسقا، توملۇقى 0.5Cm، ئۇزۇنلۇقى 5Cm ئەتراپىدا. بۇ شەكىلدە چاچ قويغانلارنىڭ چاچ ئۆرۈمى ئەڭ كۆپ بولغانلىرىنىڭ 16 تالغا يەتكەن.

تۇرمەل چاچ: ئۇزۇن چاچنى يۆگەپ باشنىڭ كەينى تەرىپىگە تۇرمەللىگەن.

بېزەك ( يالغان ) چاچ: بايقالغان بېزەك چاچلارنىڭ بىر خىلى توققۇز نەخ ئۈچ ئۆرۈملۈك بېزەك چاچ، بۇ خىل چاچ شەكلىدە ئۈچ نەخ چاچنى بىر ئۆرۈم قىلىپ ئۆرۈپ، ئاندىن ئۈچ ئۆرۈم چاچنى يانداش تىزىپ تىكىش ئۇسۇلىدا ياسالغان. ھەر بىر ئۆرۈمىنىڭ كەڭلىكى 0.7Cm، جەمئىي كەڭلىكى 2.3Cm، ئۇزۇنلۇقى 27Cm كېلىدۇ. بۇ خىل يانداش تىزما بېزەك چاچنىڭ چاچ يىلتىزى بىر-بىرىگە مىنگەشتۈرۈلگەن، ئوتتۇرا قىسمى يانداش تىزىلىپ كەڭ چىقىرىلغان، چاچ ئۇچى يەنە بىرلەشتۈرۈۋېتىلگەن؛ يەنە بىر خىلى18نەخ ئۈچ ئۆرۈملۈك بېزەك چاچ. بۇنىڭدا ھەر ئالتە نەخ چاچ بىر ئۆرۈم قىلىپ ئۆرۈلۈپ، ئاندىن ئۈچ ئۆرۈم چاچ يانداش تىزىلىپ تىكىلگەن. بۇ خىل چاچنىڭ كەڭلىكى 3Cm، ئۇزۇنلۇقى 26 Cm ~27كېلىدۇ.

باھالاش نەتىجىسىدىن مەلۇم بولۇشىچە: يۇقىرىقى چاچ شەكىللىرى ئىچىدە تۇرمەل چاچ بىلەن سىڭار ئۆرۈملۈك چاچ شەكلى ئەرلەرگە، كۆپ ئۆرۈملۈك ۋە بېزەك ( يالغان ) چاچ شەكىللىرى ئاياللارغا خاس ئىكەنلىكى بېكىتىلگەن.

ئەجدادلىرىمىز چاچنى توم، ئۇزۇن ۋە ئۇششاق ئۆرۈش، ماڭلاي چاچ، سېكىلەك چاچ قويۇش، چاچباغ ( چاچ تەڭگە ) سېلىشتىن تاشقىرى چاچ گۈزەللىكى ئۈچۈن جىگدە يېلىمى ( « يېلىم چېپىش»

چېكىسىدىن چېكە چاچ ( چېكىلىك ) قويۇلىدۇ ۋە چېچى يەتتە تال ئۆرۈپ قويۇلىدۇ. ماڭلىيىنىڭ كەڭلىكى ئىككى قېشىنىڭ قۇيرۇقىغىچە، ئۇزۇنلۇقى قېشىنىڭ ئۈستىگىچە قويۇلۇپ، پېشانىسى ماڭلاي چاچ ئارقىلىق تولۇق يۆگىلىدۇ. چېكە چېچىنىڭ كەڭلىكى قۇلاق تۈۋىدىن كۆز چانىقىغىچە، ئۇزۇنلۇقى قۇلاق ئاستىغىچە بولىدۇ. چاچنىڭ ماڭلاي، چېكە چاچ، ئۆرۈمە چاچ قويۇلىدىغان قىسمىلا قالدۇرۇلۇپ، قالغان قىسمىنىڭ چۈشۈرۈۋېتىلىشىدە ئاساسلىقى چاچنى يۇيۇپ تاراشقا ۋە ئۇسما، ياغلىقارا سۈۋاپ پەرۋىش قىلىشقا قولاي بولۇشنى مەقسەت قىلىدۇ. قىز بالا توققۇز - ئون ياشقا كىرگەندىن باشلاپ، چېچى چۈشۈرۈلمەيدۇ. ماڭلاي، چېكە چاچ قويۇلۇپ، چېچى يەتتە تالدىن 21 تالغىچە ئۆرۈپ قويۇلىدۇ. چاچنىڭ ئۆششاق ۋە كۆپ ئۆرۈلۈشى ئۇنىڭ تېخى قىز بالا ئىكەنلىكىدىن بېشارەت بېرىدۇ. چاچ تېلىنىڭ ئاز - كۆپلىكى چېچىنىڭ قويۇق ياكى شالاڭلىقىغا قاراپ بولىدۇ. يېشى چوڭراقلىرىنىڭ تال سانى كۆپرەك بولىدۇ. قىزلار تويى بولغانغا قەدەر كىچىك ياغلىقنى ئۈچ بۇرجەك قاتلاپ، كەينىگە چىگىدۇ.

قىز توي قىلغاندىن كېيىن، ماڭلاي چېچى ئىككى تەرىپىگە قايرىلىدۇ، ئۇزۇن سۇمبۇل چېچى جۈپ ئۆرۈلىدۇ ھەم چېكە - سېكىلەك چاچ قۇيۇلىدۇ، چاچنى جۈپ ئۆرۈش ياتلىق بولغانلىقنىڭ يەنى — « بىر جۈپ » ئىكەنلىكىنىڭ بەلگىسى ھېسابلىنىدۇ. ياتلىق قىلىنغان ئايال باللىق بولغاندا بالىچۇق چاچ ( كىچىك ئۆرۈمە چاچ) قويۇلىدۇ، چېكە چاچمۇ بولىدۇ. ئېرىدىن ئاجرىشىپ كەتكەن ياش ئايالار چوكان - سېكىلەك دېيىلىپ ئۇلار چېكە چاچ قويۇش بىلەن بىرگە چېچىنى بەش، يەتتە، توققۇز.... تال قىلىپ تاق ئۆرىدۇ، بۇ تۇللۇق بەلگىسى ھېسابلىنىدۇ. نەۋرىلىك بولغان ئاياللارنىڭ بالىچۇق ۋە چېكە چاچلىرى بولمايدۇ، ئۇزۇن چېچىنى ئىككى تال قىلىپ ئۆرۈپ ئۇنى چاچباغ ( چاچ تەڭگە ) بىلەن جۈپلىشىۋالىدۇ، چېچىنى بىر تال قىلىپ ئۆرۈۋالغان ئاياللار باشقىلارنىڭ نەزىرىدە ئۆزىگە ئەر تەلەپ قىلىپ يۈرگەن ئايال دەپ قارىلىدۇ. دېمەك، ئۇيغۇر قىز - ئاياللارد-

ياللاردا ھەرقېتىم چاچ تارىغاندا چۈشكەن چاچنى كۆرگەنلا يەرگە تاشلىماي، «چاچ خالتىسى» تىكىپ شۇنىڭدا ساقلاش ئادىتى بار ئىدى. چۈنكى يالغان چاچقا باشقىلارنىڭ چېچى ياكى باشقا نەرسىلەر ئارىلىشىپ قالسا، چاچنى يەكلەپ چاچ چۈشۈشكە، سانجىپ باشنى ئاغرىتىشقا سەۋەب بولىدۇ ھەمدە چاچ رەڭگىمۇ ماسلاشمايدۇ، دەپ قارايتتى. ئۇلار چېچىنى ئاسراشقا، چاچلىق بولۇشقا، چېچىنى ئۇزۇن ئۆستۈرۈشكە ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرەتتى.

قىز - ئاياللىرىمىز ئىچىدە چاچ قويۇشتا بىر يۈرۈش ئادەتلەر شەكىللەنگەن بولۇپ، خوتەندىمۇ چاچ قويۇش، چاچ ئۆستۈرۈش - پەرۋىش قىلىش ۋە ئۇنىڭ شەكىللىرى بىر قەدەر ئۆزگىچىلىككە ئىگە. خوتەنلىكلەر پەرزەنتلىرىنىڭ چېچىغا بوۋاق ۋاقتىدىن باشلاپلا ئېتىبار بېرىدۇ. بوۋاق تۇغۇلۇپ، 40 كۈنلۈك بولغاندا «قىرىق چېچى» چۈشۈرۈلىدۇ. بۇ چاچنى چۈشۈرۈشكە ئۆزى ياش، پاكىز ۋە ئۇستا ساتىراش تاللىنىدۇ. چۈشۈرۈپ ئېلىنغان «قىرىق چېچى» نى يەرگە چۈشۈرمەي، تولۇق يىغىۋېلىپ ساقلاپ، بوۋاقنىڭ ئۆزىنى ئىسرىقلاشقا ئاز - ئازدىن ئىشلىتىدۇ. «قىرىق چېچى» چۈشۈرۈلگەندىن كېيىن، بوۋاقنىڭ بېشىغا كۆك ئوسمىنىڭ سۈيىنى سۈۋاپ، چېچىغا پەرۋىش قىلىش باشلىنىدۇ.

قىز بالا ئىككى - ئۈچ ياشقا كىرگىچە چېچى ئۇستىرىدا چۈشۈرۈلۈپ، ئوسما بىلەن پەرۋىش قىلىنىدۇ. ئىككى - ئۈچ ياشقا كىرگەندىن كېيىن، بېشىنىڭ ئالدى قىسمىدىن ماڭلاي (مەڭلەي دېيىلىدۇ) قالدۇرۇلۇپ، قالغان قىسمى چۈشۈرۈۋېتىلىدۇ. بالا بەش - ئالتە ياشقا كىرگەندە، ماڭلايدىن باشقا بېشىنىڭ ئارقا تەرىپى ئۇستى قىسمىدىن ئىككى ئورۇندا پىيالىنىڭ ئېغىزىچىلىك چوڭلۇقتا چاچ قالدۇرۇلۇپ، قالغان قىسمى چۈشۈرۈۋېتىلىدۇ ۋە ئارقا تەرەپتە قالدۇرغان چاچ ئۆستۈرۈلۈپ، ئىككى تال ئۆرۈپ قويۇلىدۇ. بالا ئالتە - يەتتە ياشقا كىرگەندە، چېچىنىڭ ئۇستى قىسمى تولۇق قالدۇرۇلۇپ، ئارقا تۆۋەن تەرىپىلا چۈشۈرۈلىدۇ. ئالدى قىسمىدىن ماڭلاي، ئىككى

يامان بولىدۇ» دەپ قارايدىغان قورقۇم ئادىتى ھەممە ئايالىنىڭ ياكى مۇھەببەتلىشىۋاتقان قىزنىڭ چېچىنى سىلاش ھوقۇقىغا ئىگە كىشى-نىڭ پەقەت ئۇنىڭ ئېرى ياكى سۆيگىنى بولۇشى، چاچنىڭ ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئىپپەت دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

## 4. گىرىم قىلىش - پەردازلىنىش ئادەتلىرى

«تۈركىي تىللار دىۋانى»دا گىرىم قىلىش - پەردازلىنىش ئادەت-لىرىگە دائىر نۇرغۇن ئۇچۇرلار بار. مەسىلەن: ئىردىنى ــــ بەدىنى مەرۋايىتتەك خوتۇن دېگەن مەنىدە (1 - توم 192 - بەت)، ئۇلاس ــــ خۇ-مار كۆز (1 - توم 81 - بەت)، قوزاندى ــــ پەرداز قىلدى - ياساندى - بېزەندى (2 - توم 220 - بەت)، كىرشەتەندى ــــ ئۇپا - ئەڭلىك سۇرت-تى - ئۇپىلاندى (2 - توم 640 - بەت)، قىرتىشلەندى ــــ چىرايلىقلاشتى (2 - توم 396 - بەت)، كۆركەتتى ــــ گۈزەللەشتى (2 - توم 498 - بەت) دې-گەندەكلەردەك. خوتەن رايونىدىمۇ ئاياللارنىڭ چىراي - تۇرق گۈزەل-لىكى بويىچە ئۆزگىچە ئادەتلەر يېتىلگەن. گۈزەللىك ئۆلچىمىدە قە-دىمدىن تارتىپ مەڭزىنىڭ قىزىل بولۇشى ساغلاملىق، گۈزەللىك، نومۇسلۇق ۋە ئۇياتلىقنىڭ ئىپادىسى ھېسابلىنىپ، يۈزىدە قېنى بولمىغان قىز - ئاياللار يامان خاراكتېرلىك كېسەل، دەپ قارالغان. گۈزەل بولۇشنىڭ ئىككىلەمچى ۋاستىسى تەبىئىي نەرسىلەر بىلەن پەرداز ( گىرىم ) قىلىشتا ئىپادىلەنگەن.

ئاياللار قاش گۈزەللىكى ئۈچۈن ئوسما ؛ كۆز گۈزەللىكى ئۈچۈن سۈرمە؛ يۈز گۈزەللىكى ئۈچۈن ئۇپا - ئەڭلىك، يىپ سېلىش، خال چېكىش؛ كۆكرەك گۈزەللىكى ئۈچۈن باغىرداق ( لىپتىك )؛ خۇشبۇي بولۇش ئۈچۈن ئىپار، سەندەل، ئەمبەر قاتارلىقلارنى ئىشلەتكەن. شۇ-نى ئېيتىش لازىمكى، خۇش پۇراقچىلىق مەدەنىيىتىنىڭ ماددىي ئا-ساسلىرىنىڭ بىرى بولغان ئىپار خوتەن نامى بىلەن زىچ باغلانغان بو-لۇپ، « مۇشكى خوتەن » ( خوتەن ئىپارى ) ۋە ئىپار ئېلىنىدىغان

نىڭ چاچ تۇۋىگە ۋە سۇمبۇل چېچىنىڭ جۇپ ياكى تاق ئۆرۈلگەنلىـ ـكىگە قاراپلا ئۇنىڭ قىز، چوكان، جۇۋان، نەۋرىلىك بولغان ئايال، بو ـ يى تاق ـ تۇل ئايال ئىكەنلىكىنى پەرقلەندۈرگىلى بولىدۇ.

ئۇيغۇر قىز ـ ئاياللىرىنىڭ چاچ شەكلى: يۇمىلاق تۈگۈنچەك، ئىككىز تۇرمە چاچ، ئارچا ـ قارىغاي شەكىللىك تۇرمە چاچ، يان ماڭلاي، چېكە ماڭلاي، گىجەك (بۇدۇر) چاچ، ئەشمە چاچ قاتارلىقلار ـ غا بۆلۈنىدۇ. ئۇلار ئۆزىنىڭ ئېستېتىك تاللىشى ۋە يۈز، باش شەك ـ لىنى ئاساس قىلىپ چاچ تۈگۈنچەك شەكلىنى قوللانغان بولۇپ، چاچلىرىنى يۇيۇپ چاچ ئۆرۈمىسى ياكى چاچ تۈگۈنچىسى چىقارغاندا بۇ ئىشنى يەڭگىلىرى، قىزلىرى، ئانىلىرى بىلەن بىرگە ياكى ئۆزى يالغۇز ئايرىم ئۆيدە قىلىدۇ. ئۇنى ئەرلەرگە كۆرسەتمەيدۇ. تارىنىشى ـ نى ئەرلەرگە كۆرسىتىپ ئىشلەشنى هاياسىزلىق دەپ بىلىدۇ. بۇ ئا ـ ياللىرىمىزنىڭ تارىنىش ئادىتىدىكى يەنە بىر خاسلىقتۇر.

سۇمبۇل چاچ مۇھەببەتنىڭ سىمۋولى بولۇپ، ئۇنىڭ ئاشىقلىق سەۋداسىنىڭ مەنبەسى ئىكەنلىكى خەلق قوشاقلىرىدا، مۇھەببەت داستانلىرىدا زوق ـ شوق بىلەن كۈيلەنگەن.

چاچلىق، چېچى قارا، سۇمبۇل چاچلىقلارغا ھەممە كىشىنىڭ مەستلىكى كېلەتتى. تۆۋەندىكى خەلق قوشىقىدىمۇ ئۇزۇن چاچقا بولغان ھېسسىيات ئىپادىلەنگەن:

*چاچىنىڭ ئۇزۇنى سەندە، سوغۇق سۇدا چاچ تاراپ،*
*قاشىنىڭ قارىسى سەندە، چېچى ئۆسمىگەن قىزلار.*
*دەردى يوق دەمسەن مىنى، نادانغا كۆڭۈل بېرىپ،*
*دەردىنىڭ ھەممىسى مەندە. تەۋى ئۆسمىگەن قىزلار.*

يىگىتلەرنىڭ قىزلارنىڭ چېچىنى يېنىدا ساقلايدىغان، قىزنىڭ چېچىغا ئەپسۇن ئوقۇپ، يىگىتكە ئاشىق قىلىدىغان ئادەتلەر شۇنداقلا «چاچنى كۈندىنمۇ كۈنلىگۈلۈك»، «چاچنى كۈنگە كۆرسىتىپ تارىسا

سۇ بىلەن يەڭگىل يۇيىدۇ. يۇيۇلغاندىن كېيىن قاشقا ئىچكەن ئوسما رېڭى ئازراق سۇسلىشىپ، قاشنىڭ كۆك رېڭى تەبىئىيلىشىپ، چىرايىنى گۈزەللەشتۈرىدۇ. ھويلا ـ ئارانلارغا تېرىپ ئۆستۈرۈلىدىغان ئوسمىنىڭ تەبىئىيىتىدىن قارىغاندا، ئۇ يالغۇز قاشنى قارايتىش رولىنى ئويناپلا قالماستىن، يەنە تۈك بېزلىرىگە تەسىر كۆرسىتىپ قاشنى قويۇقلاشتۇرۇش رولىنىمۇ ئوينايدۇ. قىش كۈنلىرى بولسا، تاش ئوسما (شاپتۇل مېغىزى يېغى ۋە ئۆچكە يېغى بىلەن كۆك ئوسما سۈيى ئارىلاشمىسىدىن ھازىرلانغان قاتۇرما) قويىدۇ. بەزى جايلاردا قىزلار ئىككى قېشىنىڭ ئوتتۇرىسى (قوشۇمىسى) غا ئوسمىدا خال (مەڭ) چېكىۋالىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا قاش بوياشمۇ ئوسما قويۇشتىن باشقا بىرخىل قاش پەردىزى بولۇپ ، قەدىمدىن بۇيان داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان بۇ ئىلمىي ئادەتتە : بەزىلەر ئېگىر، ئوسما يىلتىزىدىن قىلىنغان كۆمۈرنى سۈرتىدۇ. بۇ «قاشلىق ئېتىش» دەپ ئاتىلىدۇ. يەنە بەزىلەر ئوتتا يەڭگىل كۆيدۈرۈلگەن بادام ۋە شاپتۇل ئۆچكىسىنىڭ مېغىزىنى تاشقا سۈركەپ مېغىز مېيى ( ياغلىغقارا ) چىقىرىپ قاش بوياش ماتېرىيالى قىلىدۇ . بۇخىل قاش بوياش پەردىزىنى پەقەت چوكانلار، تۇغۇتتىن قوپقان جۇۋانلار قىلىدۇ. ئوسما قويۇش ئادىتىنىڭ بارلىققا كەلگەن ۋاقتى ئۈچ مىڭ يىلدىن ئاشىدۇ. مىڭئۆيلەر تام رەسىملىرىدىكى بەلگىلەرگە ئاساسلانغاندا، بۇ ئادەت بۇددىزم مەدەنىيىتى دەۋرىدىن خېلى بالدۇر بارلىققا كەلگەن.

2) سۈرمە تارتىش. بۇ خوتەندە جۇۋان بولغان ياكى سېكىلەك ئاياللارنىڭ قاش، كۆز، كىرپىكىنى پەردازلاش ئادىتى بولۇپ: قاش قارايتىلىدۇ، كىرپىك ئۆستۈرۈلىدۇ، كۆزنىڭ كۆرۈش قۇۋۋىتى ئاشۇرۇلىدۇ، كىرپىك تۈكلىرىنىڭ ئۆمرىنى ئۇزارتىش مەقسىتىگە يېتىلىدۇ ھەمدە كۆز يوغان، نۇرلۇق كۆرسىتىلىدۇ. ئادەتتە كەچتە سۈرمە تارتىپ، ئەتىسى ئەتىگەندە يۇيۇۋېتىلىدۇ. «سۈرمە تېشى» سۈرمە تارتىشنىڭ ئەتىۋارلىق بويۇمىدۇر. ئۇ ھىندىستاندىن چىقىد-

كېيىك « ئاھۇيى خوتەن » ( خوتەن كېيىكى ) دەپ ئاتالغان. ئايال‌لار - نىڭ ئۆزلىرىنى خۇشبۇي تۇتۇشى ۋە خۇش پۇراق تارقىتىشى ئۈچۈن مۇشكى - ئىپارنى كىچىك خالتىلارغا سېلىپ، تۇمار شەكلىدە تۇ - گۇپ، كىيىملىرىنىڭ ئىچىگە قاداپ ياكى بويىنىغا ئېسىپ يۈرۈشنى ئادەت قىلىشى — يېقىنقى زامانلاردىن بېرى باشلانغان ئەتىر چېچىش ئادىتىنىڭ ئىپتىدائىي باشلىنىشى ئىدى. كىلاسسىك شائىرلاردىن مەشھۇر پارس مۇتەپەككۇرى شەيخ سەئىدىنىڭ « بوستان » ىدا؛ ئۇبۇل - قاسىم فىردەۋسىنىڭ بۈيۈك تارىخىي داستانى « شاھنامە » دە؛ ئۇلۇغ ئالىم، شېئىرىيەت پېشۋاسى ئەلىشىر نەۋايىنىڭ « ھەيرەتۇلئەبرار » ىدا؛ بابارەھىم مەشرەپ، خوجانەزەر ھۇۋەيدا، مۇھەممەت سىدىق زەلىلى، فۇرقەت، مۇھەممەت رەھىم راغىبى، سەدائىي، موللا بىلال نازىمى قاتارلىق ئۇستاز ئەدىبلەرنىڭ ئوتلۇق غەزەللىرىدە « مۇشكى خوتەن » — «ئاھۇيى خوتەن» ئىبارىسى بىلەن ئىنسان قەلبىنىڭ نازۇك ئىچكى ھېسسىياتىنى، يۇرت ھۆرمىتى - سېغىنىشىنى ئىپادە قىلىشقان. بۇلاردىن قارىغاندىمۇ خوتەن ئىپارىنى ئەتىۋارلىق پۇراق ماتېرىيالى سۈپىتىدە ئىشلىتىش ۋە ئىپار ساقلاش ئەڭ قەدىمكى ئەنئەنىۋى ئادەتلىرىمىزنىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

1) ئوسما قويۇش. قىشقا ئوسما قويۇش يۇتكۇل ئۇيغۇر قىز - ئاياللىرى ئىچىدە ئەڭ كەڭ ئومۇملاشقان گىرىم قىلىش ئادىتى بولۇپ، ئۇنى قويۇشتا ھېچقانداق ياش چەكلىمىسى يوق. ھەتتا يېڭى تۇغۇلغان قىز بوۋاقلارنىڭ قېشىغىمۇ ئوسما قويۇش ئادىتى بار. ياز، كۈز كۈنلىرى كۆك ئوسمىنى ئالىقاندا سىقىپ سۈيى چىقىرىلىپ، پاختىدا پەلكۈچ ياساپ، قاشقا خالىغان شەكىلدە سۈركىلىدۇ. ئوسما قويۇش قىز - ئاياللار ئەڭ خۇشال بولىدىغان ئىشنىڭ بىرى. كۆ - جۇم مەھەللىلەردە پات پات قولۇم - قوشنا ئائىلىلەردىكى قىز - چوكانلار بىر ئۆيگە يىغىلىپ، ئوسمىنى ئىككى قول ئالىقىنىغا ئېلىپ چىنە چەپچىكىگە سىقىپ سۈيىنى ئېقىتىپ، پەلكۈچ بىلەن بىر - بىرىنىڭ قېشىغا قويۇشىدۇ، ئوسما سۈيى ئىچىپ قۇرۇغاندا

«ئۇپا ــــ يۈزىگە سۈرتىدىغان ئۈنسىمان ئاق نەرسە.» («تۈركىي تىللار دىۋانى» 1 - توم 156 - بەت ) دەپ ئىزاھلىغان. بۇ مەلۇماتتىن قارىغاندا، ئەڭلىك بىرخىل مەڭزنى قىزارتىدىغان بوياق؛ ئۇپا يۈزنى سىلىقلاشتۇرىدىغان «گىرشەن» دەپ ئاتىلىدىغان ئۈنسىمان نەرسە بولۇپ، ئۇيغۇر قىز - ئاياللىرىنىڭ ئۇپا - ئەڭلىك سۈرتۈش تارىخىنىڭ ناھايىتى ئۇزاق ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ . ئۇنىڭدىن باشقا جۇۋانلار يۈزىدىكى تۇغۇتتىن قېپقالغان داغنى چۈشۈرۈش ئۈچۈن، كاۋاش سۇمۇق (زەمچە) قا ئوخشاش نەرسىلەرنى ئېزىپ يۈزىگە سۈرتىدۇ. بۇ ئارقىلىق داغنى يوقىتىپ يۈزنى پارقىرىتىدۇ.

4) خېنە يېقىش. خېنە، ئۇيغۇر قىز - ئاياللىرى تىرناق گۈزەللىكى بويىچە ئۇزۇن زامانلاردىن بۇيان پايدىلىنىپ كەلگەن تەبىئىي «لاك » تۇر. ئەجدادلىرىمىز ياشاش مۇھىتىنى گۈزەللەشتۈرۈش بويىچمۇ خېنىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان گۈل - گىياھلارنى ئۆستۈرۈپ ئادەتلەنگەن. ئۇلار خېنىنىڭ چىرايلىق چېچەكلىرىدىن ھۇزۇرلىنىشتىن تاشقىرى، ئۇنىڭ يىلتىزىدىن تا غول - قولاقلىرىغىچە پەرداز بۇيۇمى ۋە دورا ئورنىدا پايدىلىنىپ كەلگەن. خېنە يېقىش ئۇسۇلى مۇنداق: ياز كۈنلىرى ئۇنى يۇلۇپ ئېلىپ يىلتىزىنى سۇدا چايقىۋېتىپ، غول - قولاقلىرى بىلەن قوشۇپ سوقىدۇ. ئاندىن مۇۋاپىق مىقداردا زەمچە ئارىلاشتۇرۇپ، خېنە مەلھىمى سۈيىنىڭ ئېقىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ئۇنى ئۇزۇم ، ئەنجۈر ياكى ئۈجمە يوپۇرمىقى ئارىسىغا ئېلىپ يېتىش ئالدىدا ئالىقانغا، تىرناق ئۈستى ۋە پۇت سۆپرىسىغا ئېلىپ يۆگەپ تاشلايدۇ، ئەتىسى يۆگەك ئېلىپ تاشلىنىدۇ . بۇنىڭ بىلەن تىرناق قىزغۇچ سېرىق، پارقىراق ھالەتكە كېلىدۇ. ئۇزۇنغىچە يەنى تىرناق ئۇسۇپ شۇ ھالەت ئۆزلۈكىدىن يوقالمىغىچە رەڭگى ئۆچمەيدۇ. خېنە تىرناقنى گۈزەللەشتۈرۈش بىلەن تەڭ ئالىقان، تاپان قىزىيدىغان، تەرلەيدىغان كېسەلگىمۇ داۋا بولىدۇ.

5) باغىرداق ( لىپتىك ) تاقاش. باغىرداق ( لىپتىك ) توغرىسىدا «تۈركىي تىللار دىۋانى » دا مەلۇمات بېرىلگەن. باغىرداق تەخمىنەن

ـدىغان قارا رەڭلىك مەدەن بولۇپ، ئېزىپ يۇمشىتىلىپ ئىشلىتىلەـ
ـدۇ. سۈرمە يالغۇز گۈزەللىك رولىنى ئويناپلا قالماستىن، ئەڭ مۇـ
ھىمى كۆزنىڭ روشەن ۋە نۇرلۇق بولۇشىغا ياردەم بېرىدۇ، شۇ سەـ
ۋەبتىن بەزى ئەرلەرمۇ كۆزىگە سۈرمە تارتىدۇ (ئەرلەر كېچىسى
ئۇخلاش مەزگىلىدە ئىشلىتىدۇ). ھازىر ئۇيغۇر تېبابىتىدىمۇ سۈرمە
كۆز ياشاڭغىراش، ئاغرىش، كۆز تورلىشىش، يىراقنى كۆرەلمەسلىك
قاتارلىق كېسەللىكلەرگە دورا ئورنىدا ئىشلىتىلىدۇ.

3) يىپ سېلىش (قاش تېرىش) ۋە ئۇپا - ئەڭلىك. يىپ سېلىش چىراي گۈزەللىكى بويىچە قىلىنىدىغان بىرخىل پەردازلىنىشتۇر. «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا: «مەنگدەشتى - يىپ سېلىشتى، ئىككى خوتۇن يىپ سېلىشتى. يەنى يىپ بىلەن بىر - بىرىنىڭ يۈزىدىكى تۈكلەرنى ئېلىشتى» (3 - توم 544 - بەت)، دېگەن بايان بار. يىپ سېلىشتا موچەن ۋە مەشۇت يىپتا يۈز، قاپاق، پېشانىسىدىكى يۇمران سېرىق تۈكلەرنى ئېلىپ يۈز - كۆزنى سىلىقلاش، كۆركەملەشتۈرۈش مەقسەت قىلىنغان بولۇپ، جۇۋانلار بىر - ئىككى بالا تۇغقاندىن كېيىن، يىپ سېلىپ قاش تېرىشنى ئادەت قىلىدۇ. ئۇنىڭدا چېكە ئوتتۇرسى، قاش ئوتتۇـ رسى، ماڭلاي قاش (قۇيرۇق قىسىم) رەتلىنىپ، ئىككى قاش ئوتتۇـ رىسىغا ئۈنگەن قاش - تۈكلەر (قاش ئوتتۇرا قىسمى، ئۈستى ۋە ئاسـ تىنى تومىلاشتۇرۇپ قويغان قاش تۈكلەر) ۋە ماڭلاي تەرەپتىكى قاشنى تومىلاشتۇرۇپ قويغان قاش تۈكلەر يىپ سېلىپ يۇلۇۋېتىلىپ، قاشـ نىڭ باشلىنىش قىسمى توم، ئوتتۇرا قىسمى سەل ئىنچىكە، قۇيرۇق (ماڭلاي) قىسمى ئىنچىكە قىلىپ رەتلىنىدۇ. بۇخىل پەرداز يىلدا 2 ~1 قېتىم ئىشلىنىدۇ. يىپ سېلىش ئۇسۇلىدا 8Cm ~10 لىق بىرتال يىپ تەييارلىنىپ، يىپنىڭ ئوتتۇرا قىسمىنى ئالماپ تۇرۇپ ئەينەككە قاراپ، يۇلۇۋېتىلىدىغان قاش ۋە تۈك دەللەپ يىپ سېلىپ يۇلۇۋېتىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، 8Cm ~ 10 لىق ئۈچى ياپىلاقلاشتۇـ رۇلغان ئىنچىكە موچەن بىلەن قاش تېرىش ئۇسۇلىمۇ بار.

ئۇپا - ئەڭلىك. مەھمۇد كاشغەرىي «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا «ئەڭلىك — خوتۇنلارنىڭ مەڭزىگە سۈرتىدىغان ئاچ قىزىل بوياق»،

«ئۇپا ــ يۈزىگە سۈرتىدىغان ئۇنسىمان ئاق نەرسە.» («تۈركىي تىللار دىۋانى» 1 - توم 156 - بەت ) دەپ ئىزاھلىغان. بۇ مەلۇماتتىن قارىغاندا، ئەڭلىك بىرخىل مەڭزنى قىزارتىدىغان بوياق؛ ئۇپا يۈزنى سىلىقلاشتۇرىدىغان «گىرشەن» دەپ ئاتىلىدىغان ئۇنسىمان نەرسە بولۇپ، ئۇيغۇر قىز - ئاياللىرىنىڭ ئۇپا - ئەڭلىك سۈرتۈش تارىخىنىڭ ناھايىتى ئۇزاق ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ . ئۇنىڭدىن باشقا جۇۋانلار يۈزىدىكى تۇغۇتتىن قېپقالغان داغنى چۈشۈرۈش ئۈچۈن، كاۋاش سۆمۈق (زەمچە) قا ئوخشاش نەرسىلەرنى ئېزىپ يۈزىگە سۈرتىدۇ. بۇ ئارقىلىق داغنى يوقىتىپ يۈزنى پارقىرىتىدۇ.

4) خېنە يېقىش. خېنە، ئۇيغۇر قىز - ئاياللىرى تىرناق گۈزەللىكى بويىچە ئۇزۇن زامانلاردىن بۇيان پايدىلىنىپ كەلگەن تەبىئىي « لاك » تۇر. ئەجدادلىرىمىز ياشاش مۇھىتىنى گۈزەللەشتۈرۈش بويىچىمۇ خېنىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان گۈل - گىياھلارنى ئۆستۈرۈپ ئادەتلەنگەن. ئۇلار خېنىنىڭ چىرايلىق چېچەكلىرىدىن ھوزۇرلىنىشتىن تاشقىرى، ئۇنىڭ يىلتىزىدىن تا غول - قولاقلىرىغىچە پەرداز بۇيۇمى ۋە دورا ئورنىدا پايدىلىنىپ كەلگەن. خېنە يېقىش ئۇسۇلى مۇنداق: ياز كۈنلىرى ئۇنى يۇلۇپ ئېلىپ يىلتىزىنى سۇدا چايقىۋېتىپ، غول - قولاقلىرى بىلەن قوشۇپ سوقىدۇ. ئاندىن مۇۋاپىق مىقداردا زەمچە ئارىلاشتۇرۇپ، خېنە مەلھىمى سۈيىنىڭ ئېقىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ئۇنى ئۇزۇم ، ئەنجۈر ياكى ئۈجمە يوپۇرمىقى ئارىسىغا ئېلىپ يېتىش ئالدىدا ئالىقانغا، تىرناق ئۈستى ۋە پۇت سۆپرىسىغا ئېلىپ يۆگەپ تاشلايدۇ، ئەتىسى يۆگەك ئېلىپ تاشلىنىدۇ . بۇنىڭ بىلەن تىرناق قىزغۇچ سېرىق، پارقىراق ھالەتكە كېلىدۇ. ئۇزۇنغىچە يەنى تىرناق ئۆسۈپ شۇ ھالەت ئۆزلۈكىدىن يوقالمىغىچە رەڭگى ئۆچمەيدۇ. خېنە تىرناقنى گۈزەللەشتۈرۈش بىلەن تەڭ ئالىقان، تاپان قىزىيدىغان، تەرلەيدىغان كېسەلگىمۇ داۋا بولىدۇ.

5) باغىرداق ( لىپتىك ) تاقاش. باغىرداق ( لىپتىك ) توغرىسىدا «تۈركىي تىللار دىۋانى » دا مەلۇمات بېرىلگەن. باغىرداق تەخمىنەن

دىغان قارا رەڭلىك مەدەن بولۇپ، ئېزىپ يۇمشىتىلىپ ئىشلىتىلى-
دۇ. سۈرمە يالغۇز گۈزەللىك رولىنى ئويناپلا قالماستىن، ئەڭ مۇ-
ھىمى كۆزنىڭ روشەن ۋە نۇرلۇق بولۇشىغا ياردەم بېرىدۇ. شۇ سە-
ۋەبتىن بەزى ئەرلەرمۇ كۆزىگە سۈرمە تارتىدۇ ( ئەرلەر كېچىسى
ئۇخلاش مەزگىلىدە ئىشلىتىدۇ). ھازىر ئۇيغۇر تېبابىتىدىمۇ سۈرمە
كۆز ياشاڭغىراش، ئاغرىش، كۆز تورلىشىش، يىراقنى كۆرەلمەسلىك
قاتارلىق كېسەللىكلەرگە دورا ئورنىدا ئىشلىتىلىدۇ .

3) يىپ سېلىش (قاش تېرىش) ۋە ئۇپا ـ ئەڭلىك. يىپ سېلىش چىراي
گۈزەللىكى بويىچە قىلىنىدىغان بىر خىل پەردازلىنىشتۇر. « تۈركىي
تىللار دىۋانى » دا : « مەنىڭدەشتى ـ يىپ سېلىشتى، ئىككى خوتۇن
يىپ سېلىشتى. يەنى يىپ بىلەن بىر ـ بىرىنىڭ يۈزىدىكى تۈكلەرنى
ئېلىشتى » (3 ـ توم 544 ـ بەت )، دېگەن بايان بار. يىپ سېلىشتا موچەن
ۋە مەشۇت يىپتا يۈز، قاپاق، پېشانىسىدىكى يۇمران سېرىق تۈكلەرنى
ئېلىپ يۈز ـ كۆزنى سىلىقلاش، كۆركەملەشتۈرۈش مەقسەت قىلىنغان
بولۇپ، جۇۋانلار بىر ـ ئىككى بالا تۇغقاندىن كېيىن، يىپ سېلىپ
قاش تېرىشنى ئادەت قىلىدۇ . ئۇنىڭدا چېكە ئوتتۇرىسى، قاش ئوتتۇ-
رىسى، ماڭلاي قاش ( قۇيرۇق قىسىم ) رەتلىنىپ، ئىككى قاش ئوتتۇ-
رىسىغا ئۈنگەن قاش ـ تۈكلەر ( قاش ئوتتۇرا قىسمى، ئۈستى ۋە ئاس-
تىنى تومىلاشتۇرۇپ قويغان قاش تۈكلەر ) ۋە ماڭلاي تەرەپتىكى قاشنى
تومىلاشتۇرۇپ قويغان قاش تۈكلەر يىپ سېلىپ يۇلۇۋېتىلىپ ، قاش-
نىڭ باشلىنىش قىسمى توم، ئوتتۇرا قىسمى سەل ئىنچىكە، قۇيرۇق
( ماڭلاي ) قىسمى ئىنچىكە قىلىپ رەتلىنىدۇ. بۇخىل پەرداز يىلدا
2 ~1 قېتىم ئىشلىنىدۇ . يىپ سېلىش ئۇسۇلىدا 8Cm ~10 لىق
بىر تال يىپ تەييارلىنىپ، يىپنىڭ ئوتتۇرا قىسمىنى ئالماپ تۇرۇپ
ئەينەككە قاراپ، يۇلۇۋېتىلىدىغان قاش ۋە تۈك دەللەپ يىپ سېلىپ
يۇلۇۋېتىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، 8Cm ~ 10 لىق ئۇچى ياپىلاقلاشتۇ-
رۇلغان ئىنچىكە موچەن بىلەن قاش تېرىش ئۇسۇلىمۇ بار .

ئۇپا ـ ئەڭلىك. مەھمۇد كاشغەرىي « تۈركىي تىللار دىۋانى »دا
«ئەڭلىك ـــ خوتۇنلارنىڭ مەڭزىگە سۈرتىدىغان ئاچ قىزىل بوياق »،

زۇلمىغان جەسەت بار ئىكەن. بۇرنىدىن قان سىرغىغان پېتى تۇرۇپتۇ. قارىسا بويىنىغا تىزىق ـ تىزىق مارجان ئېسىلغان، قوللىرىدا ئۈزۈك. ئۇلار جەسەتنىڭ مارجان، ئۈزۈكلىرىنى ئېلىۋېلىپ، قايتىشقا تەمشىلىۋاتقاندا، تۇيۇقسىز قاراڭغۇ چۈشۈپ، يۇلتۇزلار چاقناپ، كېچە بولۇپ قاپتۇ. ئۇلار بۇ ئىشتىن قورقۇپ كېتىپ، ئالغان نەرسىلىرىنى دەرھال جەسەتنىڭ بويىنىغا ۋە قولىغا سېلىپ قويغاندىكەن، ئالەم ئاستا ـ ئاستا سۈزۈلۈپ، تاڭ ئېتىپ، قۇياش يېڭىباشتىن چىققانمىش» دېيىلىدۇ. « تۈركىي تىللار دىۋانى »دا زىننەت بۇيۇملىرى كۆپلەپ تىلغا ئېلىنغان. مەسىلەن، ئۆكمەك ــ خوتۇنلار قولىقىغا تاقايدىغان ئالتۇن ياكى كۈمۈش ھالقا، زىرە (1 ـ توم ، 142 ـ بەت ). تولغاغ ــ سۆكە ، ھالقا ، قۇلاققا تاقايدىغان سۆكە. يىنچۇ تولغاغ ــ ئۈنچە ھالقا (2 ـ توم ، 420 ـ بەت ). ساتا ــ مارجان (3 ـ توم، 301 ـ بەت ). باقان ــ بويۇن ھالقا، چەمبەر ، ئالتۇن ۋە ئالتۇنغا ئوخشاش نەرسىلەردىن ياسالغان بويۇن ھالقا، ئالتۇن باقان دېيىلىدۇ (1 ـ توم ، 519 ـ بەت). مونچاق ــ زىننەت ئۈچۈن بويۇنغا ئېسىلىدىغان قىممەتلىك تاشلار(1 ـ توم، 621 ـ بەت). بۈت ــ بىرخىل قىممەتلىك چوڭ يېشىل چەش ( پىروزە ) بولۇپ ئۇلۇغلارنىڭ ئوغۇل ـ قىزلىرى ماڭلىيىغا تاقايدۇ « قىز بۈت تاقىدى، قىز پىروزە تاقىدى » (3 ـ توم ، 166 ـ بەت ). بۈزۈك ــ ئۈزۈك، بارماققا سېلىنىدىغان ئۈزۈك (3 ـ توم ، 22 ـ بەت ). دېمەك، بۇ ئادەت ئۆزىنىڭ قەدىمىيلىكى، ئىلمىيلىكى ۋە ئىستېتىك مەزمۇنىنىڭ چوڭقۇرلىقى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ.

ئۇيغۇر ئاياللىرى ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ قۇلاق، بويۇن، ئۆرۈمە چاچلىرىغا سۆڭەكتىن ياسىغان ھالقا، بويۇن ئاسقۇ، چاچ ئاسقۇلارنى؛ مىس، قاشتېشى، ئالتۇن ـ كۈمۈشتىن ياسالغان ئوتۇغات، ھالقا، ئۈزۈك، چاچ ئاسقۇلارنى؛ كەھرىۋا، مارجان، مەرۋايىتلاردىن ئىشلەنگەن بويۇن ئاسقۇلارنى ئىشلەتكەن. بۇنىڭدىن باشقا بەدەنگە گۈل چېكىشتىن ئىبارەت ئادەتنىڭ بولغانلىقىنى ئىسپاتلايدىغان ئارخېئولوگىيەلىك تېپىلمىلار ئىچىدە، سامپۇل قەبرىستانلىقى

بۇنىڭدىن ئىككى مىڭ يىللار ئىلگىرى بۇددىزم مەدەنىيىتى دەۋرىدە ئۇيغۇر كىيىم ـ كېچەك لايىھەلىگۈچىلىرى تەرىپىدىن كەشىپ قىلىنغان. خوتەن بۇددىزم تەسۋىرىي سەنئىتى رەسساملىقىدا كاتتا شۆھرەت قازانغان ئۇستاز رەسسام ۋېيسارا ئىراساتكانىڭ «كۇسەن قىزى» قاتارلىق رەسىملىرىدە ئاياللارنىڭ كۆكرەك قىسمى ئىككى توپچا شەكلىدە ئالاھىدە كۆزگە چېلىقىدۇ. بۇ دەل باغىرداق ئىشلىتىلىشىنىڭ بىرخىل ئىپادىلىنىشى بولۇپ، نېپىز يىپەك كىيىملەر ئىچىدىن ئاياللارنىڭ ئەمچىكى باغىرداق شەكلى بىلەن كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. ئۇ ئەجدادلىرىمىز (ئاياللىرىمىز)نىڭ بەدەن گۈزەللىكىنى قوغداش ۋە ھايالىق لاتاپىتىنى ساقلاش ئۈچۈن كەشىپ قىلىپ ئىشلەتكەن قوشۇمچە ئىچ كىيىم تۈرىدىكى بۇيۇمى بولۇپ، مەشھۇر «يىپەك يولى مەدەنىيىتى» ئارقىلىق ياۋروپاغا تارقىلىپ، ھازىرقى لىپتىكنىڭ شەكىللىنىشى ۋە ئومۇملىشىشىغا ئاساس سالغان.

## 5. قىز ـ ئاياللارنىڭ زىننەت بۇيۇملىرىنى تاقاش ئادىتى

خوتەن رايونىدىمۇ ئاياللار قەدىمىي دەۋرىدىن باشلاپ باش، قۇلاق، بويۇن، بىلەك، قول بارمىقى ۋە ئۆرۈمە چاچلىرىغا زىننەت بۇيۇملىرىنى تاقاش، سېلىش ئارقىلىق جىنسىي پەرق ئايرىمىسىنى ئىپادىلەش بىلەن بىرگە، گۈزەللىككە ئىنتىلىش، گۈزەللىكنى قوغلىشىش ئادىتىنى شەكىللەندۈرگەن. زىننەت بۇيۇملىرىنى تاقاش ئادىتىنىڭ بەكمۇ قەدىمىي ئىكەنلىكىنى خەلق ئارىسىدىكى ئەپسانە رىۋايەتلەردىنمۇ كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ: مەسىلەن. ھازىرقى كېرىيە ناھىيەسىنىڭ دەريا بويى يېزىسى (بۇ جاي ناھىيە بازىرىغا 290 كىلومېتىر كېلىدۇ)نىڭ شىمالىدا يۇمىلاققۇم، قارا دۆڭ قەدىمكى شەھەر خارابىلىرى بار. بۇ شەھەرلەر توغرىسىدىكى رىۋايەتنىڭ بىرسىدە: «خېلى زامانلار ئىلگىرى ئۈچ يىگىت توشقانزەردىكى كولايمىز دەپ ئەڭ يىراق قۇملۇققا بېرىپ، بىر يەردىن بىر قەبرىنى بايقاپتۇ. ئېچىپ قارىسا، بۇ-

سېلىنىدۇ.

2) ئۈزۈك تاقاش(سېلىش). ئاق قوچقىراق قەدىمىي شەھەر خارابىـ-سىدىن ياقۇت كۆزلۈك ئۈزۈك تېپىلغان. نىيا خارابىسىدىن تېپىلغان ئايال مۇمىياسىنىڭ ئوڭ قول كۆرسەتكۈچ بارمىقىغا بەش پەرە چېچەك گۈللۈك مىس ئۈزۈك سېلىنغان. نىكاھلىنىشنىڭ بەلگىسى بولغان ئۈزۈك، قىز بالا رەسىدە بولۇپ تويى بولغاندا سول قولىنىڭ نامسىز بارمىقىغا سېلىنىدۇ؛ تويىنىڭ ئىككىنچى كۈنى يۈز ئاچقۇ مۇراسىـ-مى ئۆتكۈزگەندە، يىگىتنىڭ ئانىسى يېڭى كېلىنگە ئۈزۈك تۇتىدۇ. يۈزى ئېچىلغان كېلىن قېيىنئانىسىنىڭ تۇتقان ئۈزۈكنى سول قولىنىڭ نامسىز بارمىقىغا سالىدۇ. ئوڭ قولىنىڭ نامسىز بارمىقىـ-غا ئۈزۈك سېلىش ئاياللارنىڭ نىكاھتىن ئاجراشقانلىقىنىڭ ــــ « بېشى بوش » ئىكەنلىكىنىڭ بەلگىسى بولۇپ، نىكاھتىن ئاجراشقان ئاياللار ئوڭ قولىنىڭ نامسىز بارمىقىغا ئۈزۈك سالىدۇ؛ نىكاھلانـ-غاندا ئوڭ قولىنىڭ نامسىز بارمىقىغا سالغان ئۈزۈكنى ئېلىۋېتىپ، سول قولىنىڭ نامسىز بارمىقىغا سالىدۇ. بۇ قايتا نىكاھلانغانلىقىنى بىلدۈرىدىغان ئادەتكە ئايلانغان. ئۈزۈك تاقاشتىكى بۇ ئېستېتىك مەزمۇنلار دۇنياۋى ئادەت بىلەن ئوخشاشلىقى ئىگە.

3) ئوتۇغات تاقاش. تويى بولغان قىزنىڭ بېشىغا توي كۈنى توي مۇراسىمىدا ئوتۇغات ( ئاياللار تاجى ) تاقىلىدۇ. بۇ ئادەت كۆپىنچە خان، ئېلىكخان، خان ئەۋلادلىرى ئىچىدە شەكىللەنگەن ۋە ئادەتكە ئايلانغان. بۇ قىز ـ ئاياللارنىڭ ئۇلۇغلىنىشى، توي ئارقىلىق ئاياللار-نىڭ «شاھ» لىق دەرىجىدە سىمۋوللاشتۇرۇلۇشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ .

4) مارجان ئېسىش. قىز ـ ئاياللارنىڭ بوينىغا مارجان ئېسىشى، ئا-ياللارنىڭ بوينىغا تۇمار ئېسىشتىن تەرەققىي قىلىپ شەكىللەنگەن ئا-دەت. قەدىمكى ۋاقىتلاردا قىز ـ ئاياللارنىڭ بوينىغا بۆرە ئوشۇقىدىن توققۇز دانىسى يىپقا ئۆتكۈزۈلۈپ تۇمار قىلىنغانلىقى مەلۇم. بۇ ئەڭ دەسلەپكى مارجان ئېسىشتۇر. بوۋاق ـ بۆۋەكلەرنىڭ يۆگەككە، بۆشۈ-ككە بۆرە ئوشۇقى قىستۇرۇپ قويىدىغان ئادەتلەر يېقىنقى زامانغىچە

M01 قەبرىدىن بايقالغان باش بارماقنىڭ دۈمبىسىگە گۈل چېكىلـ-گەن بولۇپ، بۇ بارماق مۇمىيادىن ئادەم كۆرۈنۈشىگە ئوخشاپ كېتىـ-دىغان گۈل شەكلىنى پەرقلەندۈرگىلى بولىدۇ. ئۇيغۇرلار ياشىغان جايلاردىكى قەدىمكى قەبرىستانلىقلاردىن تېپىلغان بۇيۇملار ئىچىدە ھايۋان سۆڭىكىدىن نەپىس ياسالغان ھالقا، چاچ ئاسقۇ، بويۇن ئاسـ-قۇ، ئۈزۈك قاتارلىقلار بار. بۇلار ئىپتىدائىي دەۋرگە مەنسۇپ. مەسىـ-لەن، 1984 ـ يىلى سامپۇل قەدىمىي قەبرىستانلىقىنى تەكشۈرۈشتە بايقالغان بىرمۇنچە بۇيۇملاربىلەن بىردانە دەستىلىك مۈڭگۈز تارغاق تېپىلغان. كېيىنكى بىرۇنزا قوراللار دەۋرىگە ئائىت ئارخېئولوگىـ-يەلىك تېپىلمىلار ــ يەنى نىيا خارابىسى، لوپ ناھىيەسىنىڭ جەنۇ-بىدىكى ئاچچىق تاغ قاتارلىق جايلاردىن تېپىلغان ئۇيۇل تۆمۈر، داشقال، تۆمۈر رودىسى قاتارلىقلارغا ئاساسلانغاندا، مىتال تاۋلاشنىڭ بارلىققا كېلىشى، قول ھۈنەرۋەنچىلىكنىڭ تەرەققىياتى ئارقىلىق، ئاياللارنىڭ زىننەت بۇيۇملىرىنىڭ ماتېرىيالى ۋە شەكلىدە ئۆزگىـ-رىش بولۇپ، مىس، تۇچ، كۈمۈش، ئالتۇن ۋە قاشتاشلاردىن ئىشلەنـ-گەن زىننەت بۇيۇملىرىنى تاقاشقا تەرەققىي قىلغان. پەقەت تاۋار ئالماشتۇرۇش سودىسى ۋە شەرق ـ غەرب مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇ-شىدا كەھرىۋا مارجان، مەرۋايىت بويۇن ئاسقۇلار قىز ـ ئاياللىرى-مىزنىڭ زىننەت بۇيۇملىرى تەركىبىگە كىرگەن .

1) ھالقا سېلىش. قىز بالا يەتتە ياشقا كىرگەندە قۇلىقىنى تېشىپ، قۇلىقىغا ھالقا تاقاش ھازىرلىقى قىلىنىدۇ. دەسلەپ قۇلىقى تېشىلـ-گەندە ئامۇت، ياڭاق، ئۆرۈك قاتارلىق مېۋىلىك دەرەخ ياغىچىدىن قۇلاق تۆشۈكىگە مۇۋاپىق قىلىپ تەييارلانغان « ياغاچ ھالقا » غا ماي سۈركىلىپ سېلىنىپ تېشىغا خېمىر چاپلاپ قويۇلىدۇ ( بۇغداي ئۇ-نىدىن قىلىنغان خېمىر تېشىلگەن جاينىڭ ئىششىقىنى ياندۇرىدۇ). قولاق تۆشۈكى يارىسى ساقايغاندىن كېيىن « ياغاچ ھالقا » ئېلىۋې-تىلىپ، مىس ياكى زالتاي ھالقا سېلىنىدۇ. چوڭ بولغاندا ئالتۇن ھالقا، ياقۇت كۆزلۈك ئالتۇن ھالقا، زالتاي ھالقىلاردىن بىرخىلى

6) بىلەزۈك سېلىش. بىلەزۈك (بىلەك ئۈزۈك) نىكاھلىنىشنىڭ ئىككىنچى بىر بەلگىسى. ئۇ توي قىلغانلىقنى ياكى بوينى باغلاقلىق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

خەلقىمىز ئارىسىدا قول بېغىشىغا بىلەزۈك سېلىش، قول بارماقلىرىغا ئۈزۈك تاقاش، بويۇن ئاسقۇ (مارجان) ئېسىش ئادىتىنىڭ بارلىقىغا كېلىشى ۋە ئۇنىڭ شىپالىق، پايدىلىق رولى توغرىسىدا «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا مۇنداق خاتىرە قالدۇرۇلغان: «قاشتېشى ئۈزۈك تاقىۋالسا، سۇسىز چۆلدە ئۈزۈكنى شورىسا ئۇسسۇزلۇقنى قاندۇرىدۇ، چاقماق سوقمايدۇ»، «قاشتېشى بويۇن ئاسقۇ ئاياللارنىڭ بەدىنىگە شىپالىق رول ئوينايدۇ، تېرىسىنى پارقىراق، رەڭدار قىلىدۇ» (دەرۋەقە، كىشىلەر ئارىسىدا «قاشتېشى بويۇمنى يېنىدا ساقلىغان كىشى ھادىسىگە ئۇچرىمايدۇ» دېگەن بىر خىل ئەقىدە بولغاچقا، كۆپلىگەن كىشىلەر ئۆز يېنىدا ئېلىپ يۈرۈشكە ئەپلىك بولغان قاشتېشىدىن ئىشلەنگەن بىرەر بويۇمنى ساقلايدۇ. مەسىلەن، پوتىسىغا ئۆتكۈزۈلگەن غىلاپلىق بويتاسمىسىغا كۆلچىلىك چوڭلۇقتا يۇمىلاق ياسالغان قاشتېشىنى پىچاق بىلەن بىرگە ئېسىپ قويىدۇ. بەزىلىرى ئۈزۈك سېلىۋالىدۇ). شۇڭىمۇ ئاياللار قاشتېشىدىن ئىشلەنگەن بىلەزۈك سېلىپ، قاشتېشى بولاپكا ئېسىشنى ئادەت قىلغان. ئۇنىڭدىن باشقا تېبابەت ئىلمىدە سۈزۈك قاشتېشى يۈرەككە شىپا بولىدۇ، دېيىلگەچكە، نۇرغۇن كىشىلەر ئاياللارنىڭ بولاپكىسىدىن چوڭراق ياسالغان قاشتېشى « تۇمار » نى كۆكرەك قىسمىغا ئېسىۋالغان. بولۇپمۇ كىچىك بوۋاقلارنىڭ ئاتا ـ ئانىلىرى ئۆز پەرزەنتلىرىنىڭ ئەيىبسىز، ساغلام چوڭ بولۇشىنى ئۈمىد قىلىپ، قاشتېشىدىن تۇمار ئېسىپ قويۇشقان. بولاردىن باشقا كەھرىۋا، مەرۋايىت، مارجان بويۇن ئاسقۇلارمۇ شىپالىق رولىغا ئىگە بولۇپ، سېرىق كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش، تەپنى تارتىش رولى بار دەپ قارالغان.

قىز ـ ئاياللاردا شەكىللەنگەن زىننەت بويۇملىرىنى تاقاش ئادى-

داۋاملاشقان. بۇ، قارا باسمايدۇ - جىن چاپلاشمايدۇ دېگەن ئېتىقادنىي چۈشەنچىلەردىن كەلگەن. 1959 - يىلى نىيا خارابىسىدىن بايقالغان ئا-يال مۇمىياسىنىڭ بويىنىغا بىردانە قىسقا تىزىق ۋە بىردانە ئۇزۇن تىزىق مارجان ئېسىلغان. سامپۇل قەبرىستانلىقىنى 1984 - يىلىدىكى قې-زىش تەكشۈرۈشتە جەمئىي 177 تال مارجان تېپىلغان.

5) چاچ ئاسقۇ (چاچ تەڭگە) - گويەك سېلىش. قىز - ئاياللار ئۆرۈمە چاچلىرىغا چاچ ئاسقۇ ئېسىش قەدىمىي ئادەت. بۇ چاچ ئاسقۇلار ئە-جدادىمىز دەسلەپتە بۆرە ئوشۇقىنىڭ چاچ ئاسقۇ ئورنىدا ئىشلىتىلگەن-لىكى مەلۇم. كېيىنكى چاغدا چاچقا كۆپىنچە تۇچ، مىس، كۈمۈشتىن ياسالغان چاچ ئاسقۇلارنى ئىشلەتكەن. چاچ تەڭگە - گويەكلەر قىز - ئاياللارنىڭ لاتاپەتلىك، جازىبىدارلىقىنى ئاشۇرۇش رولىنى ئوينىغان. خوتەن رايونىدىكى هۈنەر - سەنئەت ئۇستىلىرى تەرىپىدىن ياسىلىپ ئېسىش ئادەتلەنگەن چاچ ئاسقۇ - گويەك ماتېرىيال پەرقىگە ئاساسەن ئالتۇن گويەك ۋە كۈمۈش گويەك دەپ ئىككى خىلغا ئايرىلغان. گويەك بېغى، گويەك ۋە پۆپۈكتىن تەركىب تاپقان. يەنى بەش نەختىن ئون نەخكىچە بولغان پىششىق تورلانغان يىپقا ئالتۇن ياكى كۈمۈشتىن ياسالغان تۆشۈك مونچاق، رەڭدار كىچىك مارجان، چوڭ مارجان، ئال-تۇن ياكى كۈمۈش ئالتە پەرە گۈل، ئالتۇن ياكى كۈمۈش گويەك قو-لۇپى رەت تەرتىپى بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن. گويەكنىڭ ئۇزۇنلۇقى 20 سانتىمېتىر ئەتراپىدا بولۇپ، گويەك قۇلۇپىنىڭ ئاستىغا هەرخىل رەڭدىكى پۆپۈك ئورنىتىلغان. پۆپۈك ئۇزۇنلۇقى 15 سانتىمېتىر ئەتراپىدا بولۇپ، گويەكنىڭ باش تەرىپىگە گويەك بېغى چىقىرىلغان. ئالتۇن ياكى كۈمۈش گويەك بولۇشتىن قەتئىينەزەر هەر ئىككى دانىسى بىر يۈرۈش ياسالغان. مونچاق، مارجان، قۇلۇپ قاتارلىقلارنىڭ رەڭگى، چوڭ - كىچىكلىكى، تىزىلىش تەرتىپى ئوخشاش بولغان. (بۇ ئادەت چارۋىچىلىق باسقۇچىدا ئومۇمىي ئادەتكە ئايلانغان بولسىمۇ، هازىر قازاق، قىرغىز خەلقى ئىچىدە مەۋجۇت).

لىرى بولسا بېشىغا سەللە ئورايدۇ، ئۈزۈن تون چاپان كىيىدۇ.

ئومۇمەن، قىرىق ياشتىن ئاشقان ئەرلەر ئۆزىگە لايىق ساقال قويمىسا، كىشىلەر ئارىسىدا سۆز - چۆچەككە قالىدۇ. «سۆز كۆركى ــ ماقال، ئەر كۆركى ــ ساقال» دېگەن تەمسىل مۇشۇ ھالەتكە قارىتىلغان.

يۇقىرىدىكى بەلگىلەرگە قاراپ ئەرلەرنىڭ ياش ئۆلچىمى، تۇرمۇش ئەھۋالىغا باھا بەرگىلى بولىدۇ.

**2) پوتا باغلاش.** خوتەنلىكلەر قەدىمكى دەۋردە كېيىم - كېچەك كىيىشنى بىلىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا بېلىگە پوتا (بەلباغ) باغلاشنى بەرپا قىلغان. بۇنىڭدىن مەلۇمكى، ئىپتىدائىي دەۋردە ئەجدادلار ئوۋ قىلىش، دەرەخلەرگە يامىشىپ مېۋىلەرنى يىغىش جەريانىدا ئەپچىل ھەرىكەت قىلىش ئېھتىياجى بىلەن بېلىگە پوتا باغلاشنى باشلىغان. ئۇلارنىڭ يەر - ئاسمان توغرىسىدىكى ئىپتىدائىي چۈشەنچىلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان تۆتىنچى ئاسمان ئەپسانىسىدە: «ئالەم يەتتە قات يەر، يەتتە قات ئاسمانغا بۆلۈنىدۇ. بىرىنچى قات يەر ئۈستىدە ياشايدىغانلار پوتىنى (بەلباغنى) تىزىدىن، ئىككىنچى قات ئاسمان خەلقى يوتىسىدىن باغلايمىش، يەتتىنچى قات ئاسمان خەلقى كېلىدىن، ئالتىنچى قات ئاسمان خەلقى قولتۇقىدىن باغلايمىش... بىز تۆتىنچى قات ئاسماندا بولغانلىقىمىز ئۈچۈن پوتىنى بېلىمىزدىن باغلايمىشمىز ...» دېيىلىدۇ. بۇ فولكلور بايانىدىن قارىغاندىمۇ پوتا باغلاش ئىپتىدائىي ئەجدادلىرىمىزدىن قالغان ئادەتتۇر. دەسلەپكى پوتا ئوۋلاپ ئۆلتۈرۈلگەن ھايۋانلارنىڭ تېرىسىدىن كېسىۋېلىنغان تاسمىلاردىن قىلىنغان. كېيىن قول ھۈنەرۋەنچىلىكنىڭ بارلىققا كېلىشى بىلەن نەپىس پوتىلارنى ئىشلەپ باغلىغان. شۇڭا پوتا ئەرلەرنىڭ ياسىنىش ئادىتىدە ئالاھىدە رولغا ھەم ئېستېتىك مەنىگە ئىگە. سامپۇل قەدىمكى قەبرىستانلىقى، نىيا خارابىلىقى، يۇمىلاققۇم خارابىلىقى قاتارلىق جايلاردىكى قەدىمكى قەبرىلەردىن مەلۇمكى، ئەجدادلار يۇڭ، يىپەك، پاختا رەختلەرنى توقۇشنى كەشىپ

تى پەقەتلا گۈزەللىك قوغلىشىپ مەيدانغا چىققان بولماستىن، بەل ـ
كى خاسلىقنى گەۋدىلەندۈرۈش، زىننەت بۇيۇملىرىنىڭ شىپالىق
رولى ۋە ئىستېتىك رولىدىن پايدىلىنىشنى ئاساس قىلىنغان .

## 6. ئوغۇللار ۋە ئەرلەرنىڭ ياسىنىش ئادەتلىرى

ئەرلەردە ساقال ـ بۇرۇتنى قىرىپ ياساپ، چېچىنى چۈشۈرۈپ تو ـ
رۇش، يۈزىدىكى سېرىق تۈكلەرنى موچىندا تېرىپ تۇرۇش؛ بېشىغا شا ـ
پاق بۆك، ھەر خىل گۈللۈك دوپپا، تەلپەك، ئۈستىگە ئالدى ئوچۇق ـ
تون ياقىلىق ئۇزۇن كۆڭلەك ياكى يەكتەك، ئىشتان، پۇتىغا ئۆتۈك،
مەسە كىيىپ، بېلىگە بەلباغ باغلاپ، يېنىغا غىلاپلىق پىچاق، ساقال
تارغاق قاپچۇقى، چاقماق، ھەميان ئېسىپ يۈرۈش گۈزەللىك، جەسۇر ـ
لۇقنىڭ بەلگىسى؛ پات ـ پات كىيىم يۆتكەپ، يۇيۇنۇپ تۇرۇش تەبە ـ
ئىيلىكنىڭ بەلگىسى قىلىنغان. ئىسلامىيەتتىن كېيىن دىنىي قائىدە
بويىچە ھەپتىدە بىر قېتىم يۇيۇنۇش، ھەپتە كۈنى كىيىم ئالماشتۇرۇپ
تۇرۇش، ساقال ـ بۇرۇتنى ياستىش دائىملىق ئادەتكە ئايلانغان.

**1) بۇرۇت ۋە ساقال قويۇش.** ئۆيلەنمىگەن يىگىتلەر ساقال ـ بۇرۇ ـ
تىغا تىغ تەگكۈزمەيدۇ. توي قىلغاندىن كېيىن بۇرۇتنى ياستىپ
«چاشقان بۇرۇت» قويىدۇ. ئەمما ساقال قويمايدۇ. ئۆتۈك كىيىدۇ.
خوتۇنىنى قويۇۋەتكەن بويتاق يىگىتلەر بېلىگە سېرىق پوتا
باغلايدۇ. بۇ بويتاق ئىكەنلىكىنىڭ ئىشارىتى.

ئادەتتە باللىق بولغان ئەرلەر كىچىك «كەكە ساقال» (بودەك
ساقالمۇ دېيىلىدۇ) قويۇۋالىدۇ. نەۋرىلىك بولغاندا بۇرۇتى بىلەن
ساقىلىنى تۇتاشتۇرىدىغان «نۇقتىلىق ساقال» قويىدۇ ھەم داقال
(ئاستىن كالپۇك تۈكى) نى قويۇۋېتىدۇ. بېشىغا تەلپەك، بۆك، بادام
دوپپا ياكى باشقا خىلدىكى گۈللۈك دوپپا كىيىدۇ.

ياشانغان ئەرلەر چوڭ ساقال قويۇپ، گۈللۈك دوپپا كىيىمەي قارا
ياكى يېشىل سىدام دوپپا، كەڭ قاسقانلىق تەلپەك كىيىدۇ. تەقۋادار ـ

تېخىمۇ ماتېرىيالى بولغان، ئېتىز ئەمگىكى داۋامىدا زورۇر تېپىلغاندا پوتا باغلانچى قىلىنغان.

خەلقىمىز ئىچىدە پوتا باغلاشنىڭ ئۆزىگە خاس ئېستېتىك چۈشەنچىسى بارلىققا كەلگەن. بىرى، ئۇ ئادەمنى كىيىنىشتە رەتلىك ھەم روھلۇق كۆرسەتسە، يەنە يىگىتلىك باسقۇچىدىكىلەر، نىكاھلانغان ۋە نىكاھتىن ئاجراشقان، يېشى چوڭايغانلارنى ئىپادىلەشتە ئىشلىتىلگەن. يەنى — يىگىتلەر كۆك رەڭلىك رەخت پوتا باغلاپ ئۆزىنىڭ قۇرامىغا يەتكەن يىگىت ئىكەنلىكىنى ئىپادىلىسە، نىكاھتىن ئاجراشقان ئەرلەر سېرىق رەڭلىك پوتا باغلاش بىلەن ئۆزىنىڭ بويتاق ئىكەنلىكىنى، چوڭ ياشتىكىلەر قارا رەڭلىك پوتا باغلاپ ئۆزىنىڭ پېشقەدەم ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەن.

خەلقىمىز، پوتىنى بەل ۋە قورساقنىڭ يوغىناپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، بەل چىم بولۇپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، بۆرەكنى ئىسسىق ساقلاپ، سوۋۇپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش رولىغا ئىگە دەپ قاراپ، پوتا باغلاشقا ئەھمىيەت بەرگەن. ئەرلەر ئالدى ئوچۇق تون شەكلىلىك كۆڭلەك ياكى تون كەيگەندە پوتا يانچۇق رولىنىمۇ ئوينىغان.

خوتەنلىكلەر باغلاپ ئادەتلەنگەن رەخت پوتىنىڭ شەكلى ئىككى خىل بولۇپ، بىرى، بىر گەز كەڭلىكتىكى، بىر مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى رەختتىن كېسىپ تەييارلىنىدىغان ئاددىي پوتا، يەنە بىرى، مەخسۇس تىكىپ كەشتىلەپ تەييارلىنىدىغان پوتا بولۇپ، بۇ ئۇ ئوتتۇرىسىدىن ئۈچ بۆلۈك شەكلىدە كېسىلىپ، ئىككى ئۈچ تەرىپى تار قىلىپ تەييارلانغان. ئۇنى بەلگە باغلىغاندا ئۈچ بۆلۈك تەرىپىنىڭ ئۇچى ئوڭ يان ئارقا تەرەپكە كەلتۈرۈپ باغلىنىپ، چىگىلگەن ئۇچىنىڭ بىر تەرىپى بەلباغقا قىستۇرۇلۇپ، يەنە بىر ئۇچى سول يان تەرەپكە ساڭگىلىتىلغان.

ئۇيغۇر ئائىلىرى ۋە قىز ـ چوكانلىرى تۇرمۇشنى سۆيۈش، گۈزەللىككە ئەھمىيەت بېرىش ئارزۇسىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن، ئوغۇل-

قىلغاندىن كېيىن پوتىنىڭ ماتېرىيالى ۋە شەكلى كۆپ خىل بولۇشقا يۈزلەنگەن. بىرلا ۋاقىتتا تېرە پوتا، يۇڭ پوتا، ئۆرۈم پوتا (قۇر)، يىپەك پوتا ۋە رەخت (بۆز) پوتىلار ئىشلىتىلگەن. بۇ خىل پوتىلارنىڭ ئىشلىتىلىش ئورنى ئايرىلغان: ئەمگەك قىلىش، ئات مىنىش، مال بېقىش، چېلىشىش، ئۇسسۇل ئويناش، دەستىگاھتا ئولتۇرۇپ ئىشلەشتە تاسما پوتا بەدەننى ئاغرىتمايدىغانلىقى ئۈچۈن، رەخت پوتا ئىشلىتىلگەن؛ ئوۋ قىلىش، جەڭ قىلىشلاردا تاسما پوتا باغلانغان. خوتەن رايونىدا بولۇپمۇ قارا قۇرۇم يامزاللىرى، تەسكەي يايلاقلار ۋە تەكلىماكاننىڭ جەنۇبىي گىرۋەكلىرىدىكى ئۆزۈك بوستانلىقلاردا ياشايدىغان قىرانغا يەتكەن ئەرلەر پوتىسىغا ئۆزۈن چۇچىلىق (بوي تاسما) غىلاپلىق پىچاق، بىلەي، مىسۋاك، ساقال تارغىقى قاتارلىق بۇيۇملارنى ئېسىپ يۈرۈشنى ئادەت قىلغان. ھازىرغىچە قىسقا سەپەر، مال بېقىشقا چىقىش، ئېتىزغا چىقىپ ئىشلەشتە پىششىق گۆش، كۆمەچ نان، زاغرا نان، قۇرۇق مېۋىلەرنى پوتىغا تۈگۈۋالىدىغان ئادەت ساقلانغان. قەدىمدە سەركەردە ـ لەشكەرلەر پوتىغا قىلىچ، ئوقدان قاتارلىق ھەربىي لازىمەتلىكلەرنى ئېسىۋېلىپ، ئىككى قولىنى خالىغانچە ئىشقا سالالىغان. يىگىتلەر، شۇنداقلا قاسساپ، ساتىراش قاتارلىق كاسىپلار، باغۋەنلەر ۋە چارۋىچىلار پوتىغا غىلاپلىق پىچاق ئېسىپ، پىچاقتىن خالىغان ۋاقىتتا پايدىلانغان. كىشىلەر دالىدا ئوۋ قىلغان، ئەمگەك قىلغان چاغلىرىدا بەلباغلىق ياكى تو-قۇلما پوتىلىرىنى يەرگە سېلىپ، داستىخان سۈپىتىدە پايدىلانغان. ئۆلىمالار ۋە مويسىپىتلار كۆپىنچە بەلياغلىق باغلىغاچقا، بۇ ئۇلارنىڭ ئەخلىگە زىننەت، ئۆزىگە سۆلەت ـ سالاپەت بېغىشلاپلا قالماستىن، ئۇلار سەپەر ئۈستىدە پوتىنى جايناماز ئورنىدىمۇ ئىشلەتكەن. چېلىشچىلار چوقۇم پوتا باغلاپ مەيدانغا چۈشۈپ ۋە بىر ـ بىرىنىڭ بەلبېغىدىن تۇتۇپ چېلىشىش ئۇدۇم بولغان. «پوتا ئويۇنى»، «مەشرەپ» قاتارلىق ئەنئەنىۋى ئويۇنلاردا پوتا كۆڭۈل ئېچىش قورالى قىلىنغان. جاراھەتلەنگەنلەرنى جىددىي قۇتقۇزۇشقا توغرا كەلگەندە،

قاشتېشى شىرە ۋە چىراغ، ساپال بويۇملار، مىس ۋە تۆچتىن ياسالغان تۇرمۇش بۇيۇملىرى، زىبۇ - زىننەت بۇيۇملىرى؛ قىلىچ، خەنجەر قاتار - لىق جەڭ قوراللىرى؛ بۇتخانا، مەسچىت ۋە گۈلتۇراق ئۆيلەرنىڭ تام - تورۇسلىرى؛ كىيىم - كېچەك؛ ئىشلەپچىقىرىش سايمانلىرىنىڭ ھەممە - مىسىگە ئوخشىمىغان دەرىجىدە ھەر خىل گۈل نۇسخىلىرى سىزىلغان ياكى چېكىلگەن. خوتەن خەلق داستانلىرىدىن «يالپۇزخان»، «زىۋىدە - خان» قاتارلىقلاردا گۈل ساداقىتى زوق - شوق بىلەن كۈيلەنگەن. بۇد - دىزم دەۋرىدىكى «خوتەن ۋەسىقىلىرى» دىن مەلۇم بولۇشىچە، خان ئور - دىلىرىغا گۈل ئۆستۈرۈشنى كەسىپ قىلغان «گۈلچى»لەر تەكلىپ قى - لىنغان. خوتەن يەر - جاي ناملىرى ئىچىدىكى بىر قەدەر قەدىمكى ھېسابلانغان ناملاردىمۇ گۈل ۋە گۈلگە مۇناسىۋەتلىك يەر نامىلىرى بار.

مەسىلەن: «گۈلتېرىغان» (ھازىرقى چىرا ناھىيەسى دامكۇ يې - زىسىنىڭ بىر كەنتى)، «گۈلۋاغ» (خوتەن شەھىرىدە، قاراقاش ناھى - يەسىنىڭ ئاقساراي يېزىسىدا)، «گۈللۈغ ئۆستەڭ» (قاراقاش ناھى - يەسىنىڭ ئۇرچى يېزىسىدا، خوتەن شەھىرىدە)، «گۈلچى كەنتى» (قاراقاش ناھىيەسىنىڭ كۈيا يېزىسىدا)، «چۇڭگۈل مەھەللىسى» (كېرىيە ناھىيەسىنىڭ كۆكيار يېزىسىدا) قاتارلىقلار. «گۈلۋاغ» نا - مىنى ئېلىپ ئېيتساقمۇ يازمىلاردا خاتىرىلىنىشىچە: «ئەلىشىر ھې - كىمبەگ دەۋرىدە ‹لوقمان سانى› دەپ نام ئالغان موللا ئېلىمشاھ ئا - خۇنۇم ئەۋلادلىرىدىن بولغان مۇھەممەد سالىھى ئاخۇنۇم دىگەن تې - ۋىپنى لوپ جىيا يېزىسىدىن ئىلچى شەھىرى ‹گۈجان ئۆستەڭ›بو - يىغا كاتتا ئىمارەت سېلىپ، كۆچۈرۈپ ئەكىرىپتۇ ۋە ئۇنىڭدىن تې - بابەت بىلەن شۇغۇللىنىش، شاگىرت تەربىيەلەشنى ئۆتۈنۈپتۇ. تېبا - بەتچىلىككە ئائىت يەرلىك دورىلارنى تېرىپ ئۆستۈرۈش ئۈچۈن كې - تەرلىك يەر ئاجرىتىپ بېرىپتۇ. بۇ يەردە قىزىلگۈل، گۈلسۆسەن، لەيلىگۈل، رەيھانگۈل قاتارلىق ھەر خىل خاسىيەتلىك گۈللەر، دو - رىلىق ئۆسۈملۈكلەر تېرىلىپتۇ. كېيىنچە بۇ يەر ‹گۈلۋاغ› دەپ ئاتى - لىپتۇ» دېيىلىدۇ.

لىرىنىڭ، يىگىتلىرىنىڭ، ئەرلىرىنىڭ روھلۇق ۋە جاسارەتلىك بو-لۇشىنى، روھىنىڭ ئۇرغۇپ تۇرۇشىنى تىلەپ، يىپەك رەخت ۋە پاخ-تا رەختلەردىن پوتا تەييارلاپ، ئۇنىڭغا گۇل كەشتىلەپ يىگىتلىرى ۋە ئەرلىرىگە تۇتۇش ئادىتىنى بەرپا قىلغان.

پوتىنىڭ يەنە ھازىدارلىقنى بىلدۈرۈش رولى ۋە مەنىسى بولۇپ، ئۆلۈم بولغاندا ئەرلەر بېلىدىكى ھەر خىل رەڭلىك پوتىلىرىنى يې-شىۋېتىپ ئاق پوتا باغلاپ، ئۆزلىرىنىڭ ھازىدار (ئۆلۈملۈك) ئىكەن-لىكىنى ئىپادىلىگەن. ۋاپات بولغۇچىنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر، ئۇ-رۇق - تۇغقانلار، يېقىن، دوست، بۇرادەرلەر بېلىگە ئاق پوتا باغلاپ مېيىت ئۇزاتقان. بىۋاسىتە تۇغقانلار، بالىچاقىلار 40 كۈنگىچە ئاق پوتا باغلاپ مەرھۇمنىڭ ۋاپاتىغا ھازا (تەزىيە) تۇتقان. قىرىق نەزىرد-نى بېرىپ بولغاندىن كېيىن ئاق پوتىنى يېشىۋېتىپ، رەڭلىك پوتا باغلىغان، بۇ خاس ئادەتتۇر.

ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي پەرق ئاستىدا كىشىلەر پوتا ئارقىلىق ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئورنى، كەسپى قاتارلىقلارنىمۇ ئىپادىلى-گەن. خاقانلار، ئاقسۆڭەكلەر، زەردارلار بېلىگە يىپەك، تاۋاردىن ئىشلەنگەن پوتىلارنى، ئەمگەكچىلەر ئاددىي يىپ رەختتىن ئىشلەنگەن پوتىلارنى باغلايدىغان ھالەت شەكىللەنگەن.

## 7. گۈلخۇمارلىق

پۈتكۈل ئۇيغۇر يۇرتلىرىغا ئوخشاش خوتەن رايونىدىمۇ ئەجدادلاردىن بۇيان داۋاملىشىپ كەلگەن گۈزەللىك ئادەتلىرىنىڭ بىرى گۈلنى ياخشى كۆرۈش ۋە گۈلگە بولغان خۇمارلىقتۇر.

خوتەندە گۈلنى ياخشى كۆرۈش ۋە ئۇنىڭغا بولغان زوق - ئىشتى-ياقنىڭ بارغانچە چوڭقۇرلاپ بارغانلىقىنى ئىسپاتلايدىغان ئەپسانە - رىۋايەتلەر، خەلق قوشاقلىرىنىڭ نادىر ئۈلگىلىرى ناھايىتى كۆپ. ئارخېئولوگىيەلىك تېپىلمىلاردىن قارىغاندىمۇ قاشتېشى پەتنۇس،

ئورۇنلىرىغا گۈل تەشتەكلىرىدە ئېچىلغان گۈللەرنى ئەتىۋارلاپ تىزىپ قويۇشى، ھۆپىگەرلەر، چار بازارچىلارنىڭ ھارۋا ـ غالتەكلىك دۇكانلىرىغا گۈللەرنى قاداپ قويۇشلىرى، شۇنداقلا بىناكارلىق ـ نەقىشكەرلىك، كەشتىچىلىك، تۆمۈرچىلىك، مىسكەرچىلىك، قاشتېشى ئويمىچىلىقى ھۈنەر ـ سەنئىتىدە جۈملىدىن خوتەن گىلىمى (خوتەن گىلىمىنىڭ ھازىرغىچە مەلۇم بولغان 21 ئاساسىي نۇسخىسى، 32 قېرىنداش نۇسخىسى، توققۇز بالچۇق نۇسخىسىنىڭ ھەممىسىدە گۈل ۋە كانارا ئۆزئارا گىرەلىشىپ كەتكەن بولۇپ، گىلەم دېمەك گۈل ـــ گۈل دېمەك گىلەم بولۇپ چەمبەرچاس باغلىنىپ كەتكەن، ئەلۋەتتە)، ئەتلەسلىرىدە ئاجايىپ نەپىس ۋە كۆركەم گۈل نۇسخىلىرىنىڭ بولۇشى، مەنىۋى تۇرمۇشىمىزدىكى بۇ گۈزەللىك ئادىتىنىڭ تۇرمۇشىمىزنىڭ ئەڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىغىچە سىڭىپ كەتكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

خوتەندە ھەر خىل گۈللەر: مەسىلەن، قىزىلگۈل(چوڭگۈل)، ئەتىرگۈل، چىمەنگۈل، سەبدەگۈل، تاجىگۈل، رەيھانگۈل، قوناقگۈل، تاۋاگۈل، خېنەگۈل، ئانارگۈل، كېۋەزگۈل، سۆگەتگۈل، ئاشقىپىچەك قاتارلىقلار سورت تاللاش؛ سامان غوللۇق گۈللەرنىڭ ئۇرۇقىنى يېغىپ ساقلاش، تېرىش؛ قىزىلگۈل، ياۋا ئەتىرگۈل قاتارلىقلارنى ۋە ياغاچ غوللۇق گۈللەرنى ئازغانغا ئۇلاش؛ ياغاچ غوللۇق گۈللەرنى كەچ كۈزدىن باش باھارغىچە پاخال بىلەن چۇمكەپ يەڭگىل كۆمۈش ياكى يازلىق غوللارنى كېسىپ تاشلاپ، يىلتىزىنى كۆمۈپ ساقلاش ئۇسۇلى بىلەن ئۆستۈرۈلگەن. گۈل ئۆستۈرۈشتە تەشتەككە كۆچۈرۈش ياكى تەشتەكتە بىخلاندۇرۇش، گۈل ئىتىزلىرى ياكى ھويلا ـ ئاران ئىچىدىكى بوش يەرلەر، دائىرە ـ رېشاتكا ئىچىگە ئېلىنغان كاتەك ئىتىزلىرىغا تېرىش ۋە كۆچۈرۈش ئارقىلىق تۆت پەسىلنىڭ ھەممىسىدە گۈللەر پورەكلەپ ئېچىلىپ، خۇش ھىدىنى تارقاتقان شارائىت يارىتىلغان.

ھەر يىلى 4 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ، خوتەننىڭ شەھەر - يېزىلىرىدا قىزىلگۈل بەس - بەس بىلەن ئېچىلىدۇ. ئېچىلغان قىزىلگۈل ھەر كۆنى سەھەردە تاغار - قاپلارغا قاچىلىنىپ بازار - رەستىلەردە سېتىلىدۇ. گۈلقەنت ياسىغۇچى ئائىلىلەر، گۈل تىجارەتچىلىرى ۋە تېبابەت دورىخانىلىرى بۇ ئايلاردا ناھايىتى ئالدىراش بولۇپ كېتىدۇ. خوتەن شەھىرىنىڭ قەدىمكى كوچا - رەستىلىرىنىڭ بىرى بولغان «قىزىق دەرۋازىسى» دىكى «گۈل بازىرى» مۇ جانلىنىپ، خۇش پۇراقلار بىلەن تولغان قايناق - تاشقىنلىق مەنزىرە ھاسىل بولىدۇ. كېرىيە، قاراقاش قاتارلىق ناھىيە، يېزا - بازارلاردىمۇ «قىزىلگۈل قىزغىنلىقى» ئەۋجىگە چىقىدۇ. دېمەك ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى ئانا ماكانلىرىنىڭ بىرى بولغان خوتەندە قىزىلگۈلنىڭ دورا سۈپىتىدە ئىشلىتىلىپ كېلىنگەنلىكىگە، قىزىلگۈلنى گۈلقەنت ياساشنىڭ بىردىنبىر خام ئەشياسى، قىزىلگۈل يېغى (گۈلىيېغى)، گۈل ئېرقى چىقىرىشنىڭ ئىككىلەمچى مەھسۇلاتى قىلىنغىنىغا ناھايىتى ئۇزاق بولدى.

ئەجدادلىرىمىزدىن تارتىپ بوگۈنكىچە قىزىلگۈلنى (خوتەننىڭ شەرقىي ناھىيەلىرىدە قىزىلگۈلنى «چوڭگۈل» دەپ ئاتايدۇ) ئۇلۇغلاش، ئۇنى خۇشاللىق، بەخت - سائادەت ۋە گۈزەللىكنىڭ سىمۋولى قىلىش، ئۇنى ئاسراش ئادەتكە ئايلانغان. «قىزىلگۈلنى ئوغرىلىقچە ئۈزسە، ياندۇرقى يىلى ئېچىلمايدۇ» دەيدىغان پەرھىز؛ «قىزىلگۈللۈكنى ھارام مال قىغى بىلەن ئوغۇتلىمىغۇلۇق» دېگەندەك ئۆگۈتلەر ساقلانغان. قىزىلگۈل ئېچىلغان پەسىللەردە ئاياللارنىڭ ماڭلىيىغا، مەيدىسىگە، سېكىلەك - جۇۋانلارنىڭ چېچىنىڭ ئارىسىغا ياكى چېكىسىگە گۈل تاقىشى، يىگىتلەرنىڭ ياخشى كۆرۈپ قالغان قىزىغا گۈل سوۋغا قىلىش ئارقىلىق مۇھەببەت ئىزھار قىلىشى، قىزلارنىڭ سۆيگەن يىگىتىگە گۈل چېكىلگەن - كەشتىلەنگەن قول ياغلىق، تاماكا خالتىسى سوۋغا قىلىشى؛دۇكاندارلارنىڭ تىجارەت

ئاجايىپ تەسۋىرىي سۈرەتلەر كەشتىلەنگەن. ئۇنىڭدىن باشقا نىيا قە-
دىمكى شەھەر خارابىسىنى قىدىرىپ تەكشۈرۈش جەريانىدا رەتلەنگەن
59MN0010 نومۇرلۇق ئۇرۇندىن ئادەم، هايۋان، ئۈزۈمنىڭ سۈرىتى
كەشتىلەنگەن رەڭلىك چەكمەن، رومبا شەكىللىك تۇتاش كاتەكچە
ۋە تۆت يوپۇرماقلىق گۈلنىڭ رەسىمى كەشتىلەپ چۈشۈرۈلگەن
چەكمەن قاتارلىق ئۈچ خىل يۇڭ توقۇلما چىققان. شەرقىي خەن
سۇلالىسى دەۋرىگە ئائىت 59MNM001 نومۇرلۇق گۆرگە ئۇڭ، سول
ئىككى تەرەپكە بىر ئەر، بىر ئايالنىڭ جەسىتى قويۇلغان بولۇپ،
بېشى شىمالغا قىلىنىپ ئوڭدىسىغا ياتقۇزۇلغان. ئەر جەسەتنىڭ
ئۈستىگە «ھەممە ئىشلار كۆڭلىڭىزدىكىدەك بولسۇن» دېگەن خەت
كەشتىلەنگەن، تۆگىنىسى يان تەرەپكە ئېتىلىدىغان پاختىلىق كىمخاب
چاپان كىيدۈرۈلگەن. چاپاننىڭ پېشىگە: «ئۇرۇق ـ ئەۋلادىمىزغا ئۇ-
زۇن ئۆمۈر، ئىشلىرىغا ئوڭۇشلۇق تىلەيمىز» دېگەن خەت كەشتى-
لەنگەن كىمخاب لاتا تىكىلگەن. ئىشتىنى رەختتىن تىكىلگەن، پۇ-
تىغا گۈل ـ گىياھ، هايۋانلارنىڭ رەسىمى بار، « ئۇرۇق ـ ئەۋلادلى-
رىغا ئۇزۇن ئۆمۈر، ئىشلىرىغا ئوڭۇشلۇق تىلەيمىز» دېگەن خەت
كەشتىلەنگەن يېشىل كىمخاب پايپاق كىيدۈرۈلگەن. ئىچىگە، ياقى-
سىغا، يېڭىگە، ئىككى مۈرىسىگە هايۋاننىڭ رەسىمى كەشتىلەنگەن
ئۇزۇن، تار دارايىدىن تىكىلگەن ئۇزۇن پەشمەت كىيدۈرۈلگەن. پەش-
مەتنىڭ 10 ~ 20 سانتىمېتىر كەڭلىكتىكى كۆك رەڭلىك جىيەك-
لىرىگە قىزىل، ئاچ كۆك، ساپسېرىق، سۆسۈن، ئاقۇچ يىپەك يىپتا
تورلۇك گۈل ـ گىياھ، قۇشلارنىڭ رەسىمى كەشتىلەنگەن. جەسەتكە
بۇغا، ئەجدىھا، سۇمۇرغ، يولۋاس، ئۆردەك ۋە يىلپىزنىڭ بېشى كەش-
تىلەنگەن ئىشتان، قۇشلارنىڭ رەسىمى كەشتىلەنگەن يوپكا، پۇتىغا
كىمخاب پايپاق، پايپاق ئۈستىگە يۆگىمەچ ئوت، گۈل ۋە رەڭدار يو-
پۇرماقلار كەشتىلەنگەن گۆجەي يۆگەلگەن. بېشىغا ئاق شايىدىن تى-
كىلگەن ئۈستى تۈز، قىرغاقلىرىغا قىزىل شايىدىن جىيەك، ئالدىغا
رومبا شەكىللىك كىمخابتىن گۈل تۇتۇلغان كۆك بۆك كىيدۈرۈل-

*ئەتىرگۈلنى ئۈز دەيدۇ، لەيلىگۈلنىڭ گۈلى ئۈز،*
*چۈڭگۈلۈمگە يەتمەيدۇ. تاجىگۈلنىڭ ئۆزى ئۈز.*
*قاراقاش لېۋەن يارىم، ۋاپادار شۇ يارىمنىڭ،*
*ئەس - يادىمدىن كەتمەيدۇ. قېشى بىلەن كۆزى ئۈز.*

يىراق ئەجدادلىرىمىزدىن بۇيان ئېيتىلىپ كېلىۋاتقان يۇقىرىقىدەك خەلق ناخشىلىرىدىكى گۈل بىلەن يار - جانانىنىڭ گۈزەل لاتاپىتى، خۇشخۇيلۇقى، مېھىر - ۋاپاسىنىڭ سېلىشتۇرمىلىرى؛ قىز - ئاياللار ئىسمىنىڭ ئاخىرىغا ياكى بېشىغا «گۈل» نامىنىڭ قوشۇلۇشى، گۈل خۇمارلىقتىن ئىبارەت بۇ گۈزەللىك ئادىتىنىڭ ئۇدۇم سۈپىتىدە داۋام قىلىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

## 8. كەشتىچىلىك ئادىتى

خوتەنلىكلەرنىڭ ئەنئەنىۋى كەشتىچىلىك ئادەتلىرى ئۇزاق تارىختا ئىگە. بۇنىڭدىن ئىككى - ئۈچ مىڭ يىللار ئىلگىرىكى دەۋرگە تەئەللۇق دەپ قارالغان لوپ ناھىيە سامپۇل قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىن مېيىتلارنىڭ ئاخىرەتلىكى سۈپىتىدە بىرگە دەپنە قىلىنغان بۇيۇملار ئىچىدە گۈل - گىياھ نۇسخىسى كەشتىلەنگەن ئۇيىما ياقىلىق، كەڭ ئېتەكلىك ئۇزۇن كۆڭلەك، پۈرمە كۆڭلەك، بەل پۈرمە گارمون شەكىللىك ئۇزۇن كۆڭلەك، تار ۋە كەڭ پۇچقاقلىق ئىشتانلار، چاقماق يوللۇق، تور شەكلىدە توقۇلغان يۇڭ رەخت، گىلەم قاتارلىق ئاخىرەتلىك بويۇملار قېزىۋېلىندى. تېپىلغان ئىشتانلار ئىچىدە تۈز پۇچقاقلىق، ئېغى كەڭ، بوغما پۇچقاقلىق، رەڭدار يۇڭ ئىشتانلارمۇ بولۇپ، بەزى بوغما پۇچقاقلىق ئىشتانلارغا تەسۋىرىي سۈرەتلەر كەشتىلىنىپ ئالاھىدە ئىشلەنگەن. مەسىلەن، 84HLSSMO - نومۇرلۇق قەبرىدىن قېزىۋېلىنغان پۈرمە پۇچقاقلىق رەڭدار يۇڭ ئىشتاننىڭ ئوڭ پۇچقىقىنىڭ تېگى قارا كۆك رەڭدە بولۇپ، بۇنىڭغا

خىي ئۆزگىرىشلەرگە ئەگىشىپ ئۆزىنىڭ تەسۋىرىي تېمىسىنى ئۆز-گەرتكەن بولسىمۇ، بۇلارنىڭ ھەممىسى رېئال مەۋجۇدىيەتتىن ئايرىپ ھەل قىلىنغان ئەمەس.

يۇقىرىقىلاردىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، كەشتىچىلىك سەنئىتى تارىختىن بۇيان خەلق تۇرمۇشىنىڭ بىر قىسمىغا ئايلىنىپ، قول ھۈنەر - سەنئىتى ۋە تۇرمۇش ئادىتىدە مۇھىم ئورۇن تۇتۇپ كەلگەن. كەشتىچىلىك خەلقىمىزنىڭ ئارزۇ - ئارمانلىرىنى، ئىدىيەسىنى، گۈزەللىككە بولغان ئىنتىلىشىنى ئىپادىلەيدىغان بىر تۈرلۈك ۋاسىتىگە ئايلانغان. ئۇ ھۈنەر - سەنئەت جەھەتتىن يۈكسەك بەدىئىي ئۇسلۇبلارغا، ئىشلىنىش ئۇسۇلى جەھەتتىن ئىركىن ۋە كۆپ قاتلاملىقققا، مەشغۇلاتتا بولسا قاتماللىقتىن خالىي ھالدا قولاي ۋە جانلىقلىققا ئىگە بولۇپ، ئاددىي ۋە ئىخچام، شەرت - شارائىت چەك-لىمىسىگە ئۇچرىمىغان ھالدا ئېلىپ بېرىلغان. كەشتىچىلىكتىن ئىبارەت بۇ ھۈنەر - سەنئەت، تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى قول بىلەن ئاد-دىي مەشغۇلاتلار ئارقىلىق ئائىلىدە ئىشلەپ چىقىشتەك چېۋەر خاراكتېرى بىلەن خەلقىمىزنىڭ سەنئەتخۇمار، ھۈنەرگە باي، ئەقىل-لىق، تىنىم تاپماس روھىنى نامايان قىلغان.

### 9. ئائىلىدە ئەرمەك ھايۋانلار ۋە جانىۋارلارنى بېقىش ئادىتى

قارا قۇرۇم تاغلىرىنىڭ جەنۇبىي، تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ شى-مالىدىكى يۈز نەچچە ئۆزۈك بوستانلىقلاردا ياشىغان ئەجدادلىرىمىز قۇشلارنى ياخشى كۆرۈش - ئاسراش، ياۋايى جانىۋارلار ۋە ھايۋانلارنى كۆندۈرۈپ ئۆگىتىش، ئائىلىدە بېقىشتەك ئادەتنى شەكىللەندۈر-گەن. ئۇلارنىڭ ئىپتىدائىي ئېتىقاد چۈشەنچىلىرىدە قۇشلارنى خارلاش ۋە ئۆلتۈرۈش ئېغىر گۇناھ دەپ قارالغان. خوتەنگە ئىسلام دىنى تارقىلىپ ئومۇملاشقان مىڭ يىللار داۋامىدا ئېتىقاد - چۈشەن-چىلەرنىڭ چوڭقۇرلىشىشى ۋە مۇقەددەسلىشىشىگە ئەگىشىپ، «سە-

گەن. ئايال جەسەتنىڭ يېنىدىن يەنە كەشتىلىك ئەينەك قېپى، كەشتىلىك گىرىم خالتىسى تېپىلغان. ئەينەك قېپىنىڭ تېگى يېشىل، قىرغىقىغا جىگەر رەڭ شايىدا جىيەك تۇتۇلغان، سېرىق، كۆك، سۆسۈن، قارا، قوڭۇر رەڭ يىپەك يىپتا پۇرچاق، يۇمىلاق گۈللەرنىڭ رەسمى كەشتىلەنگەن. بوياق خالتىسىدىكى كەشتىنىڭ تېگى ئاق شايى بولۇپ، يۆگىمەچ ئوت، يېشىل يوپۇرماق ۋە «S» شەكىللىك نۇسخا كەشتىلەنگەن. بۇ تېپىلمىلاردىن، خوتەن رايونىدا بۇددىزم دەۋرى ۋە ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى چارۋىچىلىق ۋە دېھقانچىلىق مەدەنىيىتى بەرپا بولغان ئۇزاق ئەسىرلەردە ئەجدادلىرىمىزدا تەبىئەت بىلەن ئىنسان بىرلىكىنىڭ مەھسۇلى سۈپىتىدە مەيدانغا كەلگەن كەشتىچىلىك ئەندىزىسى ۋە كەشتىچىلىك ئادەت - ئۇدۇملىرىنىڭ ھۈنەر سۈپىتىدە داۋام قىلىپ كەلگەنلىكىنى بىلىۋېلىشقا بولىدۇ. ئاسار ئەتىقىلەردىن مەلۇم بولۇشىچە، خەلقىمىزنىڭ كەشتىچىلىك ئادىتى ئەتلەس ۋە گىلەم نۇسخا گۈللەرنىڭ خىلمۇخىللىقىغا ۋە رەڭدارلىقىغا مۇئەييەن تەسىر كۆرسەتكەن. ئائىلىلەردە كەشتىلەنگەن ئەدىيال (كىيىم ياپقۇچ) كەشتىچىلىكى ئاساسىدا، خوتەن «ئەدىيال نۇسخا» گىلىمى مەيدانغا كەلگەن.

قەدىمقى كەشتىچىلىكتىكى خىلمۇخىل دەل - دەرەخلەرنى؛ سۇمۇرغ، بۇركۇت، كەپتەر، بۇلبۇلغا ئوخشاش ئەپسانىۋى قۇشلارنى؛ تەشتەككە ئېلىنغان ئانارگۈلى، كېۋەز گۈلى، شاپتۇلگۈلىگە ئوخشاش گۈل - گىياھلارنى؛ ئاي - يۇلتۇز، گۇمبەز - مۇنارلارنى كۆپرەك كەشتە ئەندىزىسى قىلىش دەل شامان، مانى، بۇددا ۋە ئىسلام دىنلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى كەشتىچىلىك ئادىتىنىڭ ئۇدۇملۇقى ۋە تەرەققىياتىغا تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنىڭ ئىپادىسى.

ئارخېئولوگىيەلىك قېزىلمىلاردىن قارىغاندا، كەشتە ئىشلەنگەن تىۋىت رومال، يۇڭ پالاس، كاشا، ئېگىر - توقۇم، كىيىم - كېچەكلەرمۇ كۆپ ئۇچرايدۇ. ھالبۇكى، قەدىمكى يىپەك يولىدىكى بىناكارلىق، رەسساملىق، ھەيكەلتىراشلىق، كەشتىچىلىك بولسۇن، تارد-

ۋېچىلىق پەرھىزلىرىگە ئوخشاشلا بىر قاتار ئۇدۇم - پەرھىزلەر ئا-ساسىدا ئومۇمىي ئادەتكە ئايلانغان. تەكلىماكان بويلىرىغا جايلاشقان مەھەللە - ئايماقلاردا كىشىلەرنىڭ چۆل - جەزىرىلەرگە بېرىپ «ئوغلاق باستۇرمىسى» قىلىپ، تۇغۇلغىنىغا بىر - ئىككى سائەتمۇ بولمىغان (ئۈچ - تۆت سائەت ئۆتۈپلا كەتسە تىرىك تۇتۇۋېلىش مۇم-كىن بولمايدۇ) كېيىك ئوغلاقلىرىنى تۇتۇپ، سولاقمىدا ئۆچكىلەرگە ئېمىتىپ بېقىشلىرى؛ ياۋا ئۆردەك، ياۋا غاز تۇخۇملىرىنى ئائىلە-سىدىكى توخۇلارغا باستۇرۇپ چۈجە چىقىرىپ بېقىشلىرىدىن با-لىلارنىڭ توغراقچى، ئاق قۇشقاچ، تۇمۇچۇق، قارا قۇشقاچ، تورغاي قاتارلىق جانىۋارلارنى ئۆزىگە ئۆگىتىپ - پەپىلەپ بېقىپ ئويناش-لىرىغىچە؛ چوڭلارنىڭ كەپتەر، كەكلىك، سېرىق قۇشقاچ، تورغاي، شاتۇتى، كېيىك، توشقان، ئىت، مۈشۈك قاتارلىق ئەرمەك قۇشلار ۋە هايۋانلارنى بېقىشىغىچە بۇ خىل ئادەتنىڭ پۈتكۈل جەمئىيەت ئەزا-لىرىنىڭ ۋۇجۇدىغا سىڭىپ، خۇمار بولۇش - ئىشتىياق باغلاش دە-رىجىسىگىچە يېتىپ بارغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

خوتەندە كەپتەر بېقىشنىڭ قاچاندىن تارتىپ باشلانغانلىقىنى بىلدۈرگۈچى تارىخىي ئىسپاتلار يوق. ئەمما، خەلق ئارىسىدا تارقى-لىپ يازمىلارغا ئېلىنغان مەشھۇر «كەپتەرخانا (قومات پاششىم) رىۋايىتى» دە مۇنداق دېيىلىدۇ: «ئېيتىلىشلارغا قارىغاندا مىلادىيە 10 - ئەسىرنىڭ ئاخىرى قاراخانىيلار قوشۇنلىرى يېكىساردا ئۇلۇغ ئاغىلىق ئۇدۇن قوشۇنلىرىنى يەنە بىر قېتىم مەغلۇپ قىلغاندىن كېيىن، غەلىبىسېرى ئىلگىرىلەپ ئۇدۇنگە باستۇرۇپ كەپتۇ. ئۇدۇن قوشۇنلىرى قومات پاششايىمدا پىستىرما لەشكەر ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ. شاكىر باشلامچىلىقىدىكى ئىسلام قوشۇنلىرى پىستىرمىغا دۈچ كې-لىپ، تەييارلىقسىز ئۇشتۇمتۇت جەڭگە ئاتلىنىپ، پۈتۈن قوشۇنى هالاك بوپتۇ. شاكىر ئۇياقتا دوقۇرۇپ - بۇياقتا دوقۇرۇپ ھېچقانداق قىلىپ جېنىنى ئېلىپ قاچالماي، ئاخىرى يارىلىنىپ ئاتتىن غۇلاپ چۈشۈپتۇ. شاكىر ئۇدۇن قوشۇنلىرىغا ئەسىر بولۇشنى خالىماي،

ۋەبسىز بىرەر جانلىقنىڭ جېنىغا زامىن بولساڭ، ئاخىرەتكە بارغاندا ئۇ سەندىن جان تەلەپ قىلىدۇ، سوراق ـ سوئالىغا قالىسەن» دېگەندەك قاراشلار سەۋەبىدىن ئۇلار خېلى بىر قىسىم قۇشلارنىڭ گۆشىنى يېمەيلا قالماستىن، ئۇۋىسىدىن چۈشۈپ كەتكەن قۇش باللىرىنى قايتىدىن ئۇۋىسىغا سېلىپ قويۇش، يارىلانغان قۇشنى بېقىپ يارىسى ساقايغاندىن كېيىن تەبىئەتكە قويۇۋېتىش، توخۇملىغان، بالا چىقارغان قۇشلارنى تۇتماسلىق، ئۇلارغا ئۇۋا ياساپ بېرىش قاتارلىق ياخشى ئادەتلەرنى يېتىلدۈرگەن. شۇنداقلا كىچىك باللاردىن قۇشلارنىڭ ئۇۋىسىنى بۇزماسلىقنى تەلەپ قىلىپ، قۇش باللىرىنى ئاسراپ ئۇلارغا دان ـ سۇ بېرىشنى ئۆگەتكەن.

خوتەن خەلق ئەپسانە ـ رىۋايەتلىرىدە قۇشلارغا سېغىنىش، ئۇلۇغلاش ھەققىدە سىرلىق ۋە قىزىقارلىق سۇژېتلار بار. خەلق ئىچىدىكى ئەنئەنىۋى قاراشلاردا «قارلىغاچ، خۇدانىڭ ئىنسانلار ئارىسىغا ئەۋەتكەن ئەلچىسى»، «بۇلبۇل ياخشىلىقنىڭ بېشارىتى»، «كاككۇك بىلەن زەينەپ مۇرادىغا يېتەلمىگەن ئاشىق ـ مەشۇقلارنىڭ سىمۋولى»، «ھۆپۈپنىڭ بېشىدىكى سىپەچ ئىلىم كامالىتىنىڭ بەلگىسى»، «ھۇۋقۇش (ھوقسۇپى) ھۇۋلىغان جاي خارابىلىققا ئايلىنىپ كېتىدۇ، ھوۋقۇش شۇملۇق چىللىغۇچى» دېيىلىدۇ. «قارلىغاچ ئۇۋىلىغان ئۆيدە بالا ـ قازا بولمايدۇ»، دېگەن بۇ ئەقىدىمۇ توپان بالاسىدىن كېيىنكى ھاياتلىقنىڭ قايتىدىن پەيدا بولۇشى توغرىسىدىكى ئەپسانە ئاساسىدا بارلىققا كەلگەندىن بۇيان، ساتىملار ۋە پېشايۋانلىق ئۆيلەرگە قارلىغاچنىڭ ئۇۋا سېلىشىنى تىلەش، قارلىغاچنىڭ چاڭگا تىزىپ بالا چىقىرىشىنى ئائىلىگە كەلگەن قوش ئامەت دەپ بىلىش، مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن كېيىنكى باھار مەزگىللىرىدە قارلىغاچ بۇ ئۆيدىن تېزىپ كەتسە، ئائىلە ئەزالىرىنىڭ كۆڭلى يېرىم بولۇپ، ئۇنىڭ قايتىدىن كېلىشىنى تەلەپ ئىسرىق سېلىپ، دۇئا قىلىش ئىزچىل داۋاملىشىپ كەلگەن.

ئەجدادلىرىمىزدا قۇشلارنى، ھايۋانلارنى سۆيۈش ـ ئاسراش، ئۇلارنى ئۆگىتىپ ـ كۆندۈرۈپ ئائىلىدە بېقىش، ئوۋچىلىق ـ چار-

قاتارلىق سۆز ۋە سۆزلەملەر، شۇنداقلا كەپتەر خىللىرى ھەم پەي رەڭلىرىگە قارىتىلغان: «ئەتلىمە» (كەپتەر چۈجىلىرىنىڭ تۇخۇمىدىن يېڭى چىققان تۈكسىز ۋاقتى)، «جوگۇنا» (چىشى كەپتەر)، «توقۇم» (كەپتەرنىڭ قانىتى ۋە قانات پەيلىرى)، «چۇۋادان» (كەپتەرلەرنىڭ تۇتى قۇشىغا ئوخشايدىغان تاجى)، «قالاق» (كۈيلەش مەزگىلىدىكى كەپتەر)، «توغرىقا» (ئويۇنچى، ئۇچقاندا موللاق ئېتىپ، ئويۇن - تاماشا چىقىرىدىغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان)، «ئالا بوغۇز» (بېشىدىن بوغۇزىغىچە ئالا ياكى ئاقراق، قالغان بەدىنى قارا ياكى كۆكۈچ رەڭدىكى كەپتەر)، «گور» («گورا» دەپمۇ ئاتىلىدۇ، قىزغۇچ ۋە گىل رەڭ بولىدۇ. ناۋات رەڭ گور دېگەن ئاچ رەڭدىكى تۈرى بار)، «بۇغۇل» (پۈتۈن بەدىنى چىپار، كىچىك تۇمشۇقلۇق كەپتەر. «تۈرلۈق بوغۇل» ۋە «يىپلىق بوغۇل» دېگەن تۈرى بار)، «پەلەڭ» (بەدىنى قارا، بېشى ئاق كەپتەر، «چار پەلەڭ»، «كۆك پەلەڭ» دېگەن تۈرى بار)، «بىجىنەك» (ئۇزۇن ھەم قىسقا تۇمشۇقلۇق، پۈتۈن بەدىنى ئاق كەپتەر، بەزىلەر بۇنى «ئاقەك» دەپمۇ ئاتايدۇ. كۆزى قارا بولىدۇ)، «رەقشە» (قانىتى كۆكۈچ، بەدىنى ئاق كەپتەر، قانىتى قىزغۇچ، قالغان تۈكلىرى ئاق بولغان «گوروقشە» دېگەن تۈرى بار)، «چېكەن» (بەدىنى قارا، قانىتى ئاقراق، دۇمبىسى چېكىتلىك كەپتەر)، «بالداق» (پەيلىرىدە ئاق ياكى كۈل رەڭگە مايىل بالداق بار كەپتەر، «تۆمۈررەڭ بالداق»، «گور بالداق»، «زاغ بالداق» دېگەن شالغۇت تۈرى بار)، «زاغ» («زاغاق» دەپمۇ ئاتىلىدۇ، پۈتۈن بەدىنى تۇم قارا كەپتەر)، «ماغ» (ئاقۇچ، بۇغىرۇل رەڭ كەپتەر①) قاتارلىق مەخسۇس ئاتالغۇلار؛ «كەپتەرۋاز، كەپتەر بازىرى» قاتارلىق كەسىپ - تىجارەت ئاتالغۇلىرىنىڭ پەيدا بولۇشى، بىر جەھەتتىن تىل بايلىقىمىزنى بېيىتسا، كەپتەر سورتىنى داۋاملىق ياخشىلاپ، تۈرى ۋە سانىنى كۆپەيتىش؛ كەپتەر باچكىلىرىنى كەپتىرى

① يۈسۈپ ئىكەم: «مەدەنىيەت ۋە تىلىمىزدىكى بىر قىسىم كەپتەرۋازلىق مەدەنىيىتى ئاتالغۇلىرى ھەققىدە»، مۇنبەر ژۇرنىلى 2001 - يىللىق 4 - سان.

ئۆز قورسىقىغا قىلىچ تىقىپ ئۆلۈپ، قاراخانىيلار سۇلالىسىغا بول-غان ساداقەتمەنلىكىنى بىلدۈرۈپتۇ. قىلىچنىڭ يەرگە چۈشۈپ كې-تىشى بىلەن تەڭ ئۇنىڭ يۈرىكىدىن بىر مېدە، بىر نە كەپتەر ئۇچۇپ چىقىپ، كېچە ـ كۈندۈز شاكىر شېھىت بولغان جاينى ئايلىنىپ ئۇچۇپ يۈرگەنمىش. مىلادىيە 1006 ـ يىلى ئىسلام قوشۇنلىرى ئۇ-دۇنگە كىرىپ، ئۇدۇن خانلىقىنى ئۇزۇل ـ كېسىل مەغلۇپ قىلغان-دىن كېيىن، شاكىرنىڭ روھىغا ئاتاپ دۇئا ـ تىلاۋەت ئۆتكۈزۈپ، شاكىر ۋە سېھىرلىك بىر جۈپ كەپتەر ئۇچۇن كەپتەرخانا (قوماات پاشايىم) دەپ ئاتىلىدىغان مازارنى بىنا قىلىپ، بىر قۇدۇق كولاپ قويۇپتۇ. كېيىنكى دەۋرلەرگە كەلگەندىمۇ يولۇچىلارنىڭ بۇ يەردىن ئۆتكەندە بۇ مازارغا تاۋاپ قىلىش ۋە سېھىرلىك كەپتەرلەرگە دان، سۇ بېرىپ ئۆتۈشى ئادەتكە ئايلىنىپتۇ. رىۋايەت قىلىنىشچە، «قوماات پاشايىم» مازىرىدىكى خاسىيەتلىك كەپتەرلەر كۈندىن ـ كۈنگە كۆ-پىيىپ، نەچچە يۈز يىلغىچە ئاۋۇغان ئىكەن». «ھەقىقەتىنىڭ سۇنۇق پارچىسى» (خورشىدى دەۋراندىن) بولغان بۇ ئەپسانىدىن قارىغاندىمۇ كەپ-تەر بېقىش ئەنئەنىسى بەكمۇ ئۇزاق تارىخقا ئىگە.

قەدىمكى جەڭلەردە، يىراق سەپەرلەردە كەپتەر خەۋەرچى بولغىنىدەك، بۇ ۋاپادار جانىۋار ئائىلىدە كەم بولسا بولمايدىغان ئەرمەك سۈپىتىدە سايرىشىدىن ھۇزۇر ئېلىش، بوۋاقلارنى ئەرلىشىش دىن سەۋدا كېسىش مەقسىتىگە يېتىلگەن. زامانلاردىن بېرى «خوتەن دەمدىرى» ئۆزىنىڭ سەھەر پەيتىدىكى ئۇزۇن ۋە ئوچۇق ئۈنلىشى، تۇخۇملاش ۋە ئۇۋا چىقىرىشىنىڭ تېز ھەم ئىشەنچلىكلىكى، رەڭگىنىڭ ئوچۇق، پەي بالداقلىرىنىڭ ئېنىقلىقى بىلەن يىراق ـ يېقىنغا داڭ چىقار-غان. خەلق ئىچىدە خۇش ئاۋازلىق ناخشىچىلارنى «خوتەن دەمدىرى» گە ئوخشىتىپ توقۇلغان قوشاقلار كۆپ.

كەپتەر بېقىش ئادىتىدىن كېلىپ چىققان: «كەپتەرخانا، قوما، پە-غەز، كۈۋۈك، ناچى (غۇلڭ قاپاق)، نە، سىياپىلەڭ، ياپپاقلىق، باچكا»

## 10. ئەنئەنىۋى سەيلە ـ ساياھەتچىلىك

تارىخىي مەنبەلەرگە ئاساسلانغاندا بۇنىڭدىن 1360 يىللار ۋە 1600 يىللار بۇرۇن خوتەنگە كەلگەن راھىب فاشيەن ۋە شۈەنزاڭ خوتەندە ھەر يىلى 4 ـ ئايدا كاتتا ۋە داغدۇغىلىق بۇت سەيلىسى ئۆتكۈزۈلىدىغانلىقى توغرىسىدا خاتىرە قالدۇرغان. بۇ يەردە پەقەت ئاتىلىشىلا ئوخشىمايدۇ. خوتەنلىكلەر ھازىرمۇ ساياھەتچىلىكنى «سەيلى ـ تاۋاپ» دەپ ئاتايدۇ. ساياھەت بىلەن سەيلە ـ تاۋاپ مەنىداش. تاۋاپقا سەيلە ـ ساياھەت قوشۇلۇپ كېتىدۇ. سەيلە ـ ساياھەت جەريانىدا تاۋاپ پۇرسىتى بولىدۇ. بۇ خۇددى سىنگاپور، تەيۋەن، شياڭگاڭلاردىن چوڭ قورۇقلۇقتا، جۇملىدىن شىنجاڭغا ساياھەتكە كەلگەنلەرنىڭ خۇاڭدىنىڭ، چىن شىخۇاڭنىڭ قەبرىسىنى يوقلىغىنىغا ئوخشاش ئىش. ئەسلىي مەقسەت ساياھەت ـ كۆڭۈل ئېچىش، تاۋاپ قىلىش بولسا قوشۇمچە.

خوتەن سەيلە ـ ساياھەتچىلىكىنىڭ ئىككى مىڭ يىللاردىن بېرى بەلگىلىك بىر ساياھەت نۇقتىسىدا ئۆتكۈزۈلۈپ كېلىنگەنلىكى دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدۇ. ئالايلۇق، ئاچارىيا شۈەنزاڭ خاتىرىلىگەن، خوتەندە بۇت سەيلىسى ئۆتكۈزۈلىدىغان ئورۇننىڭ جۇغراپىيەۋى جايلىشىشى، بۈگۈنكى لوپ ناھىيە جىيا يېزىسىنىڭ شىمالىدىكى ھازىرقى داڭلىق سەيلىگاھ «ئىمام ئاسىم» نىڭ ئورنىغا دەل توغرا كېلىدۇ. شۇنداقكەن، ئىسلام دىنى ئومۇملاشقان دەۋردە، قانداقچە سىغا بۇ قەدىمكى بۇت سەيلىگاھى ئۆز ئورنىنى ئۆزگەرتمەي ساقلاپ قالدى؟ سەيلە ئورنىنى ئۆزگەرتكۈسى كەلمىگەن خوتەنلىكلەر بۇددا سەيلىگاھىنى ئىسلام ئەقىدىلىرى بىلەن ئۆزلەشتۈرۈپ، ئۇ يەرگە يېڭىچە لىباس ياپتى. بۇتخانىنىڭ ئورنىغا مەقبەرە تۇرغۇزدى. ئاجايىپ ـ غارايىپ رىۋايەتلەر بىلەن ئەسلىدىكى سەيلىگاھنى يېڭىباشتىن ئۇلۇغۋارلىق مەرتىۋىسىگە ئېرىشتۈردى. بۇت سەيلىگاھى

يوقلارغا كەپتەرلىك بولۇپ قېلىشى ئۈچۈن تەقدىم قىلىش؛ باشقىلار-نىڭ كەپتەرلىرىگە دان - سۇ بېرىش،كەپتەرخانىسىغا ئېزىپ كىرىپ قالغان كەپتەرنى ئەسلىي ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بېرىش قاتارلىق ئادەت-لەر ئارقىلىق،يەنە بىر جەھەتتىن كىشىلەر ئۆزئارا مېھرىبانلىق - ئىناقلىقنى كۈچەيتىپ كەلگەن.

كەپتەر بېقىش ئىنسان بىلەن تەبىئەتنى باغلىغۇچى بىر ۋاستە سۇ-پىتىدىلا ئەرمەكلىك رولغا ئىگە بولۇپ قالماستىن، ئەجدادلىرىمىز ئۇ-نىڭ تۇخۇمى ۋە گۆشىنىڭ هالاللىقى، ئوزۇقلۇق قىممىتىنىڭ يۇقىرى-لىقىنى، ئۇنىڭ قىسمەن دائىرىدە بەدەن ئاجىزلىق، ئاشقازان ئاغرىش، يەللىك ئاغرىقلارغا شىپا بولىدىغانلىقىنى تونۇپ يەتكەن (بىزدە هېلى-مۇ دەمدەر گۆشىنى يېيىشكە بولمايدۇ، دەپ قارىلىدۇ). ئۇلار بىر قى-سىم يەرلىكلىق يارىلارغا كەپتەر باچكىسىنىڭ قارنىنى يېرىپ تېڭىپ ئېغىز ئالدۇرغان، كۆك كەپتەر باچكىسىنىڭ قېنىنى تېمىتىپ سۇۋاش ئارقىلىق سوغۇق ئېلىپ كەتكەن بالىلارنى ئۆۋۈلىغان.

كەپتەر بېقىش هويلا - ئاران ئىگىلىكىدە مۇهىم ئورۇن تۇتۇپ، ئىقتىسادىي قىممەت يارىتىپ يارىتىپلا قالماستىن، ئۇنىڭ مايا قىلى-رى شال ئېتىزلىرىنىڭ ئاساسلىق ئوغۇتى، ئۈزۈم - تەك، گۈل ئۆستۈرۈشتىكى ئۈنۈملۈك ئوزۇقلۇق تولۇقلىغۇچى؛ كۆنچىلىك كەسپىدە ئېچىتقۇ بولغان. خوتەندە ئائىلىلەردە ياسىلىدىغان مەيزاپ ئېچىملىكىگە كۆك كەپتەر باچكىسىنى سېلىپ، مەيزاپنىڭ سۈپە-تىنى تېخىمۇ ياخشىلىغان. هازىرقى يېمەك - ئىچمەك مەدەنىيىتىمى-مىزدە گۆشلۈك غىزالار تەركىبىگە باچكا كاۋىپى ۋە باچكا شورپى-سىنىڭ كىرىپ كېلىشى قەدىمدىن قالغان كەپتەر گۆشىنى يېمەس-لىك ئادىتىمىزدىن ياتلىشىپ، پەقەت ئۇنىڭ هالاللىقى ۋە ئوزۇقلۇق تەركىبىنىڭ مول بولغانلىقىنىلا نەزەردە تۇتۇش قاتارلىق ئامىللار بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

(ئابدۇللا سۇلايمان)

ماندانلىق قىلسۇن؟ ئىمامى ئاسىم قانداق بولۇپ ئۇنىڭ قوۋچىقىدا جان ئۈزسۇن؟ مۇلاھىزە قىلىدىغان بولساق، ئىمامى ئاسىم تارىخىي شەخس بولماي رىۋايەت پېرسوناژى بولۇپ چىقىدۇ. بىزنىڭ كۆرگەن ـ بىلگەن دائىرىمىز ئىچىدە ئۇنىڭ تارىختا ياشاپ ئۆتكەن ـ ئۆتمىگەنلىكىگە ھۆكۈم قىلماق تېخىمۇ تەس. ۋاھالەنكى، رىۋايەت تارىخنىڭ غۇۋۋالاشقان كۆلەڭگىسى بولغانلىقتىن، بىز ئۇنى يەنى ئىمامى ئاسىمنى تارىختا ئۆتكەن، خوتەندە بولۇپ ئۆتكەن قىرىق نەچچە يىللىق غازات ئۇرۇشىنىڭ ئىشتىراكچىلىرىدىن بىرى دېيىشكە مايىللىق بىلدۈرىمىز. خوتەنلىكلەرمۇ شۇنىڭغا مايىل. ئۇلار قەدىمكى سەيلىگاھنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن شۇنداق رىۋايەتنىڭ توقۇلۇشىنىڭ زۆرۈرلۈكىگە، ئىمامى ئاسىمدەك شەخسنىڭ خوتەندە ياشاپ ئۆتكەنلىكىگە ئىشىنىدۇ. يېڭى مەزمۇن بېغىشلاش ئېھتىياجى ئاشۇ ئىشىنىشنى ئاپىرىدە قىلىدۇ. شۇنداق بولدى، قەدىمكى سەيلىگاھ، «ئىمامى ئاسىم» مازىرى نامىدا ساقلىنىپ قالدى. بۇ يەردە ھەر يىلى 4 ـ ئاينىڭ باشلىرىدىن 5 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرلىرىغىچە كاتتا سەيلە ـ تاۋاپ ئۆتكۈزۈلىدۇ. ھەر ھەپتىنىڭ پەيشەنبە، جۈمە كۈنلىرى خوتەننىڭ ھەر قايسى ناھىيە ـ يېزىلىرىدىن، ھەتتا يىراق يەكەن، قاغىلىقلاردىن بولۇپ نەچچە مىڭ ئادەم يېغىلىدۇ.

2001 ـ يىلى 5 ـ ئايدا پېقىر «ئىمامى ئاسىم» سەيلىسىگە ئىشتىراك قىلدى. بوستانلىقنىڭ شىمالىي گىرۋىكىگە جايلاشقان ئاشۇ پاكىز قۇملۇق گويا گۈل ـ چېچەكلىك بولۇپ كەتكەن، ئادەملەر مىڭلىغان چۈمۈلىلەردەك مىغىلدايتتى. مەن كىشىلەر ئارىسىدا قىستىلىشىپ يۈرۈپ، «ئىمامى ئاسىم» نىڭ قەبرىسى بولمىش «سۇمە» گە ـــ قۇملۇقنىڭ ئىچكىرىسىگە قاراپ ئىلگىرىلىدىم. كۆرۈمكى، بۇ يەردە پەقەت تاۋاپلا ئۆتكۈزۈلمەيدىكەن. سەيلە ـ ساياھەتمۇ بولىدىكەن، قۇملۇق سەيلىسى! ئادەملەر پاكىز، چاقناق، ئىسسىق

ئىسلام سەيلە ـ تاۋاپ ئورنىغا ئايلاندى.

«بۇنىڭدىن مىڭ يىللار بۇرۇن قەدىمكى ماچىن شەھرىنىڭ سىرتىدا دەھشەتلىك ئۇرۇش بولغانمىش. ئىسلامنى تارقاتقۇچى قوشۇننىڭ سەركەردىسى ئىمام ئاسىم بىلەن بۇددىست خوتەنلىكلەرنىڭ كۆچتۇڭگۈرى سەنسىۋىل يەكمۇ يەك جەڭگە چۈشۈپ قىرىق كېچە ـ كۈندۈز ئېلىشقانمىش. ھېچكىم ـ ھېچكىمنى يېڭەلمىگەنمىش. ئاخىرىدا پەيت تاپقان ئىمام ئاسىم سەنسىۋىلنىڭ بويىنىغا قىلىچ چاپقانمىش. سەنسىۋىلنىڭ قاپلاننىڭكىدەك يوغان بېشى بويىندا ساڭگىلاپ قالغانمىش. شۇنداقتىمۇ جېنى چىڭ بۇ بۇددىست يەنە ئۈچ كېچە ـ كۈندۈز ئۇرۇشقانمىش. بۇگۈنكى ئىمامى ئاسىمنىڭ بېشىغا دۇئا قىلىپ، سەنسىۋىلنىڭ جەسىتى قويۇلغان يەرنى لەنەتلەپ تاھارەت قىلىش ـــ ئەنە شۇ ۋەقەدىن قالغانمىش... ».

رىۋايەت ئەنە شۇ. بۇ رىۋايەت «تۆت ئىمام زەبىيۇللا تەزكىرىسى» دە تىلغا ئېلىنمىغان. «ھەزرىتى ئىمامى جەئفەرى سادىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ تەزكىرىسى» دە قىستۇرۇپ ئۆتۈلگەن. ئەگەر بىز «ئون ئىككى ئىمام» لارنىڭ ئالتىنچىسى ـــ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قىزى زەينەپ، ئۇنىڭ ئوغلى ئىمامى ھۇسەيىن، ئىمامى ھۇسەيىننىڭ ئوغلى ئىمامى زەينىل ئابىدىن، زەينىل ئابىدىننىڭ ئوغلى ئىمامى مۇھەممەد باقىر، مۇھەممەد باقىرنىڭ ئوغلى بولمىش ئىمامى جەئفەرى سادىقنىڭ ھىجرىيەنىڭ 83 ـ يىلى مەدىنىدە تۇغۇلۇپ، ھىجرىيەنىڭ 148 ـ يىلى مەدىنىدە ۋاپات بولغانلىقىنى نەزەرگە ئالساق، ئۇنىڭ خوتەن تەرەپكە كېلىپ باقمىغانلىقى، بۇ يەرگە دەپنە قىلىنمىغانلىقى ئايان بولىدۇ. بۇ يەرگە كېلىپ باقمىغان ئادەم قانداقسىگە ماچىن شەھرىنىڭ سېپىلى سىرتىدىكى جەڭگە قو ـ

خوتەندىكى ئىككىنچى سەيلىگاھ ـــ لوپ ناھىيەسىنىڭ سامپۇل يېزىسىنىڭ جەنۇبىدىكى قاراقۇرۇم تاغلىرى ئىچىگە جايلاشقان «ئۇجمە مازار غوجام» دۇر. بۇ يەردە ـــ «ئاچچىق دەرياسى» نىڭ ئىككى قاسنىقىدا، تاغ باغرىغا چېچىلىپ جايلاشقان «ئاچچىق» دېگەن يۇرت بار. «ئۇجمە مازار غوجام» ئاشۇ «ئاچچىق» كەنتىگە جايلاشقان. ئۇرنى لوپ ناھىيە بازىرىدىن 70 نەچچە كىلومېتىر كېلىدۇ.

رىۋايەت قىلىنىشىچە: «يەھيا ئىسىملىك بىر ئۇلۇغ زات (يەھيا پەيغەمبەرمۇ ياكى ئوخشاش ئىسىملىك باشقا ئىسلام سەركەردىسىمۇ؟) دۈشمەنلەردىن قېچىپ مۇشۇ تاغ ئىچىگە كەلگەندە، دۈشمەنلىرى يېتىشىۋالاي دەپ قاپتۇ. يۇشۇرۇنغىدەك جاي تاپالماپتۇ. ئاسمان يىراق، يەر قاتتىق بوپتۇ. ئاخىرى ئاللاغا ئىلتىجا قىپتۇ. ئۇنىڭ دۇئاسى قوبۇل بولۇپ، ئالدىدىكى بىر تۈپ يوغان ئۈجمە دەرىخى ۋاككىدە يېرىلىپتۇ. يەھياخان غوجام ئۈجمىنىڭ قارنى ئىچىگە كىرىپ پاناھلىنىپتۇ. ئۈجمە دەرىخى يېپىلىپ ئۆز ئەسلىگە قايتىپتۇ....»

«ئۇجمە مازار غوجام» دىكى سەيلە ـ ساياھەت، خوتەن دېھقانچىلىقىنىڭ ئىككىنچى ئارىسالدى مەزگىلىدە ـــ يەنى يازلىق يىغىم ـ تېرىم ئاياغلاشقان مەزگىلدە ئۆتكۈزۈلىدۇ. 6 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرى باشلىنىپ 8 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرىغىچە داۋاملىشىدۇ. «ئۇجمە مازار غوجام» غا بارغان ساياھەتچىلەر ئاشۇ يەردە ئۈچ كۈندىن بىر ھەپتىگىچە تۇرۇپ، سەيلە ـ تاۋاپ بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. «ئىمامى ئاسىم» سەيلىگاھى قۇملۇق سەيلىگاھى بولغاندەك، «ئۇجمە مازار غوجام» سەيلىگاھى تاغ سەيلىگاھىدۇر. ساياھەتچىلەر ئۇ يەردە قاراقۇرۇم تاغلىرىنىڭ ئېگىز ۋە ھەيۋەتلىك مەنزىرىسىنى تاماشا قىلىدۇ. يازنىڭ ئىسسىق ـ تىنچىق كۈنلىرىدە تاغنىڭ سالقىن ھاۋاسىدىن ھۇزۇر ئالىدۇ. ئېتىقاد ۋە ئەقىدىلىرىگە تاغدەك مۇستەھكەملىك، تاغدەك يۈكسەكلىك، تاغ ھاۋاسىدەك پاكلىق تىلەيدۇ.

قۇملۇقنى سەيلە قىلىدىكەن. پاكىز قۇملۇق ئادەملەرنى پاكلىققا ئۈندىگەندەك، پايانسىز، ھەيۋەتلىك قۇم بارخانلىرى ئۇلۇغۋارلىققا ئۈندىگەندەك، قىشتىن كېيىنكى ئىسسىق قۇم ھارارىتى بەدەنلەرگە ئىسسىق ئۆتكۈزگەندەك بولىدىكەن. پايانسىز قۇملۇق كۆك ئاسمانغا، كۆك ئاسمان پايانسىز قۇملۇققا تۇتىشىپ كەتكەندەك تەسىرات قالدۇرىدىكەن. بۇ يەردە سەيلە ـ تاۋاپنىڭ مەزمۇنلىرى بار ئىكەن. مەن ئارىلاپ كېتىۋېتىپ، سودا ـ يەرمەنكە پائالىيىتى، قاتار ـ قاتار سودىگەرلەرنىڭ يايمىسىنى؛ سەنئەت ـ ئەلنەغمە پائالىيىتىنى، مەشھۇر ئەلنەغمىچى شاھ مۇھەممەت راۋاب چېلىۋاتقان سورۇننى، تەمبۇر ـ مۇقام ساداسى ياڭراۋاتقان سورۇننى، سېرك ـ سېھىرگەرلىك كۆرسىتىلىۋاتقان سورۇننى، داستان ـ جەڭنامە سۆزلەش پائالىيىتى ـــ ھالقا ـ ھالقا سورۇنلارنى؛ دۇئا ـ تىلاۋەت قىلىش پائالىيىتىنى ـــ «سۇمە» ئەتراپىدا نەچچە مىڭدەك ئادەم دۇئا ـ تەكبىر قىلىۋېتىپتۇ، بىر بارخان باغرىدا 30 دەك ئادەم بىر ـ بىرىنى يوغان زەنجىرلەر بىلەن قىزىق قۇمغا باغلاپ «گۇناھى ـ كەبىرلەردىن پاكلىنىش» قىلىنىۋېتىپتۇ. سەيلە ـ ساياھەتكە كەلگەن ھەر بىر ئادەم قاتار ـ قاتار ئولتۇرغان تىلەمچىلەرگە سەدىقە بېرىپ ئۆتۈۋېتىپتۇ ـــ «بالا ـ قازانى قوغلاۋېتىپتۇ» ياكى «باشقىلار تىلىگەن بەختكە بالا ـ قازانى تېگىشىپ» ـــ ئايرىۋاشلاۋېتىپتۇ.

ئەمەلىيەتتە «ئىمامى ئاسىم» دىكى پائالىيەت ئۆز ماھىيىتى بىلەن نورۇز بايرىمىغا ئۇلىشىپ كەتكەن قۇم سەيلىسىدۇر. ساياھەتچىلەر قۇم سەيلىسى قىلغاچ ئۆز روھىغا قۇمدەك پاكلىق ئىزدەيدۇ. ئېلىپ ـ سېتىش، سەنئەت ـ ئەلنەغمە، چېلىشىش ـ تەنتەربىيە بىلەن شۇغۇللىنىپ ئۆز كۆڭلىنى ئاچىدۇ. ئەتىيازلىق ئىشلەپچىقىرىشنى تاماملىغاندىن كېيىن، بىر قېتىم چوڭ دەم ئېلىش بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئۇنىڭ تاۋاپ مەزمۇنى بولسا قوشۇمچە.

كۆپ. سودا ـ يەرمەنكە، سەنئەت ـ ئەلنەغمە، چېلىشىش ـ تەنتەربىيە بەك قىزىيدۇ. بەزىدە دارۋازلارمۇ ئويۇن كۆرسىتىدۇ (يېقىنقى يىللاردىن بېرى بۇ يەردە ھەيۋەتلىك قاراقاش دەريا گېلىشىپشى قۇرۇلۇشى، ئاسما كۆۋرۈك، سۇ ئىشلىرى مۇتەخەسسىسى ۋالى ۋېيىنىڭ قەبرىگاھى ۋە مەنزىرە رايونى قاتارلىق زامانىۋى قۇرۇلۇشلار پۈتۈپ، قەدىمكى سەيلىگاھنىڭ ھۆسنىگە يېڭى ھۆسن قوشتى. ھەر يىلى 8 ـ ، 9 ـ ئايلاردا بولىدىغان سەيلە ـ تاماشا، يىلنىڭ ھەر قانداق پەسلىدە داۋام قىلىدىغان سەيلە ـ ساياھەتكە ئايلىنىپ بارماقتا).

خوتەندىكى تۆتىنچى سەيلىگاھنىڭ ئات ـ نامىنى يىغىنچاقلىماق تەس. 4 ـ قېتىملىق سەيلە ـ ساياھەت ئادەتتە كۈزلۈك يىغىم ـ تېرىمدىن كېيىن باشلىنىپ، خوتەن ۋىلايىتىنىڭ ھەممە ناھىيە، يېزىلىرىنى ئارىلاپ ئۇزۇن سەپەر شەكلىدە داۋام قىلىدۇ. بۇنى «يۇرت سەيلىسى» دېگەن تۈزۈك (كىشىلەر بۇرۇنقى چاغلاردا بۇ سەيلىنى پىيادە داۋام ئەتتۈرەتتى. ھازىر ئاپتوبۇسقا ئولتۇرۇپ يۇرت سەيلىسىگە چىقىدىغانلار كۆپەيمەكتە). سەيلە ـ تاۋاپچىلار يۇرت «سەيلىسى» نى قاراقاش ناھىيەسى تەۋەسىدىكى «ئىمامى ئەپتەر» مازىرى، «ئىمامى ئەسكىرى» مازىرىدىن باشلاپ، خوتەن ناھىيە بوزاق يېزىسى تەۋەسىدىكى «ئىمامى مۇساكازىم» مازىرى، لوپ ناھىيەسى تەۋەسىدىكى «قارا ساقال مازارغوجام» (بۇ يەرگە ئىمامى مۇھەممەت تەقيى، ئىمامى مۇھەممەت نەقىيلەر دەپنە قىلىنغانمىش)، «باغدات پاششىم»، چىرا تەۋەسىدىكى «ئىمامى جەئفىرى تەييان» مازىرى، «ئىمامى مەھدى» مازىرى، «تۆت ئىمام» مازىرى (ئىمامى ئەپتەرنىڭ ئوغۇللىرى)، نىيا ناھىيەسى تەۋەسىدىكى «ئىمامى جەئفىرى سادىق پاششايىم» مازىرى ۋە باشقا تالاي مازايى ـ ماشايىخلارنى نىشان قىلىپ، يۇرت ئارىلاپ داۋاملاشتۇرىدۇ. خوتەننىڭ گۈزەل بوستانلىق مەنزىرىسىدىن ۋە كەڭ ـ پايانسىزلىقىدىن

خوتەندىكى ئۈچىنچى سەيلىگاھ، مەشھۇر «كوھمارىم» سەيلىگاھىدۇر. كوھ ـ تاغ، مار ـ يىلان دېمەكتۇر. «كوھمارىم» سەيلىگاھى خوتەن شەھرىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىن 27 كىلومېتىر يىراقلىقتا — قاراقاش دەرياسىنىڭ تاغ ئىچىدىن چىقىدىغان ئېغىزىغا — خوتەن ناھىيە لايقا يېزىسىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان. يىلان تاغنىڭ ئۈستىدە تاغنى تېشىپ ياسالغان ئىستىقامەت ئورنى، ئۇنىڭ يېنىدا مازار بار. قاپاق شەكلىدە قىزىلغان ئاشۇ ئىستىقامەت ئورنىنىڭ بۇددا دىنىغا تەۋە غار تەشمىچىلىكى ئىكەنلىكى ئۆز ـ ئۆزىدىن مەلۇم. ئەمما ئىسلام دىنى مۇھىتىدا، ئۆزلەشتۈرۈشكە ماھىر خوتەنلىكلەر بۇ يەرگىمۇ ئىسلامچە لىباس ـ يوپۇق ياپقان.

«كوھمارىم» سەيلىسىنى خوتەنلىكلەر «شاپتۇل سەيلىسى»، «ئۈزۈم سەيلىسى» دەپمۇ ئاتايدۇ. دېمىسىمۇ، «كوھمارىم» سەيلىسى بوزاق، لايقا، باغچا، ئۈچاتلارنىڭ شېرىن كۆك شاپتۇلى، مەرۋايىتتەك ئۈزۈملىرى راسا مەي باغلاپ پىشقان 8 ـ ئايدا قىزىپ كېتىدۇ. ھەر پەيشەنبە، جۈمە كۈنلىرى «كوھمارىم»غا يىغىلىدىغان ئادەم سانىنى كۆزدە تۇتساق، ئۇ خوتەندىكى ئەڭ چوڭ سەيلىگاھ ھېسابلىنىدۇ. «ئىمامى ئاسىم» سەيلىگاھىنى قۇم سەيلىسى، «ئۇجمە مازار غوجام» سەيلىگاھىنى تاغ سەيلىسى دەپ ئاتىغاندەك، «كوھمارىم» سەيلىگاھىنىمۇ تەبىئەت بىلەن باغلاپ، دەريا ـ سۇ سەيلىسى دېگەن ئەڭ مۇۋاپىق. سەيلە قاراقاش دەرياسىدا كەلكۈن راسا ئەۋجىگە كۆتۈرۈلگەن مەزگىلدە ئۆتكۈزۈلىدۇ. ھەر ھەپتىنىڭ پەيشەنبە، جۈمە كۈنلىرى بەك قىزىيدۇ. كىشىلەر قاراقاش دەرياسىنىڭ ھەيۋەتلىك دولقۇنلىرىنى تاماشا قىلىدۇ. ئانا دەرياغا رەھمەت ئېيتىدۇ. يىلان تاغ ئۈستىدە تۇرۇپ جەنۇبتىكى قاتمۇ قات تاغ چوققىلىرىغا، شىمالىدىكى بىر پارچە جىلۋىگەر خوتەن بوستانلىقىغا نەزەر سالىدۇ. بۇ يەردە، باشقا سەيلىگاھلارغا سېلىشتۇرغاندا، تاۋاپ ئاز، سەيلە ـ تاماشا

## 11. «يېڭىلىق تۇتۇش» ئادىتى

خەلقىمىز تەبىئەتنى ئۇلۇغلاپ ۋە سۆيۈپ كەلگەن. ئۇلار تەبىئەت بىلەن بىللە ياشاش داۋامىدا ئانا تەبىئەتنى چۈشەنگەن، بىلگەن ۋە ئۇنىڭ قوينىغا سىڭىپ هايات كەچۈرگەن. ئۇلار تەبىئەت بىلەن ئىنسان ئورتاقلىقى داۋامىدا ئادەتلەرنى شەكىللەندۈرۈپ ۋە بېيىتىپ كەلگەن. ئۇنىڭ شەكلى تەبىئەتتىكى پەسىللەرنىڭ رىتىملىق ئال-مىششى، ئۇ پەيدا قىلغان ئۆزگىرىش (يېڭىلىق) ۋە كىشىلىرىمىز-نىڭ شۇ خىل ئۆزگىرىشكە ماس هالدىكى روهىي تەلپۈنۈشى ۋە ما-يىللىقى بويىچە ئىپادىلىنىپ بېرىلگەن. بۇلار ئىچىدىن «يېڭىلىق تۇ-تۇش»ئادىتى بىر قەدەر خاراكتېرلىككە ئىگە.

خوتەن رايونىدا «يېڭىلىق تۇتۇش» ئادىتىنىڭ شەكىللىنىشى ئەجدادلىرىمىزنىڭ «كۆك» كە تېۋىنىشىنى چىقىش قىلىپ، كۆك تەڭرىسىگە بولغان سۆيۈنۈشىنى «كۆك ئۆستۈرۈش» بىلەن ئىپادى-لەپ، «كۆك» نى يېڭى يىلنىڭ، يېڭى هاياتنىڭ باشلىنىش بەلگىسى، ئامانلىق، باياشاتلىق تىلەشنىڭ سىمۋولى قىلغانلىقىدىن كېلىپ چىققان ئىككىلەمچى ئادەت دېيىشكە بولىدۇ.

«كۆك» ئادەتتە قىش پەسلىدە ئائىلىلەردە ياپپاق كاسا، ياغاچ ئا-ياق ـ تەخسە قاتارلىقلارنىڭ ئۈستىگە ئازراق توپا تۆكۈپ نەمدىلىپ (ئوسا قىلىنىپ) بۇغداي ئۇرۇقى سېلىنىدىغان ياكى سامساق كۆچۈ-رۈلىدىغان ياكى كۇدە، كەرەپشە ئۇرۇقى تېرىلىدىغان، ئۇرۇق 9 ~ 10 كۈندە مايسا — يەنى كۆك بولىدىغان جەرياندىن ئىبارەت. ئائىلىلەردە «كۆك» ئۆستۈرۈش ئادىتىدىن كېلىپ چىققان «كۆك مەشرىپى» نى ئەجدادلىرىمىز ئالاهىدە ھەشەم ـ دەرەم بىلەن قائىدە ـ تەرتىپ ئىد-چىدە نۆۋەت تالىشىپ ۋە نۆۋەت كۈتۈپ ئۆتكۈزۈپ كەلگەن. بۇ خىل «كۆك ئۆستۈرۈش» يېڭىلىق سۈپىتىدە ئۇنى باشقىلارغا تۇتۇشقا ئۆزگىرىپ بارغان ھەمدە «يېڭىلىق»نىڭ خىلمۇ كۆپەيگەن.

باھار كېلىپ پۈتكۈل يەر ـ جاھان ئىسسىپ، ھەممە مەۋجۇدات

مۇزۇر ئالىدۇ. ئەگەر بىز چوڭقۇرراق ئىزدىنىپ، ئەستايىدىل مۇلاھىزە قىلىپ كۆرىدىغان بولساق، ئاشۇ مازار يوقىلاشنىڭ ئارد-سىغا پىنھانلانغان سىرلىق مۇددىئانى پەرەز قىلالىشىمىز مۇمكىن. ئۇ بولسىمۇ، بىز باشتا قەيت قىلىپ ئۆتكەن يۇرت سەيلىسى. «جىننىڭ قەستى شاپتۇلدا»، سەپەر دېگەننىڭ ئازراق نىشان ـ مەنزىلى بولمىسا ئوڭاي ھاردۇرۇپ قويىدۇ. مازارلارنىڭ نىشان ـ مەنزىل، يۇرت ئارىلاپ سەيلە ـ ساياھەت قىلىشنىڭ ئەسلى مۇددىئا ئىكەنلىكى بەكلا روشەن. دېمىسىمۇ خوتەنلىكلەرنىڭ تۆتىنچى قېتىملىق سەيلە ـ ساياھەت پائالىيىتى ھەقىقەتەنمۇ خوتەننىڭ كۆپلە-گەن ناھىيە، يېزىلىرىنى بېسىپ ئۆتىدۇ. بوستانلىق سەيلىسى، بازار سەيلىسى، تاغ ـ يايلاق سەيلىسى، قۇملۇق سەيلىسى، توغراق ـ ئور-مانلىق سەيلىسى بىللە بارىدۇ. شۇڭا ئۇنى «يۇرت سەيلىسى» دېگەن تۈزۈك. يۇرت سەيلىسى روشەنكى ساياھەتچىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك، يۇرت سۆيۈش تۇيغۇسىنى كۈچەيتىش رولىغا ئىگە.

شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، خوتەننىڭ ئەنئەنىۋى سەيلە ـ سايا-ھەتچىلىكى ئۆزگىچىلىككە ئىگە. يىلبويى داۋاملىشىدۇ. كونكرېت ۋاقىت جەھەتتە خوتەن دېھقانچىلىقىنىڭ ئارىسالدى مەزگىللىرىگە توغرىلانغان بولىدۇ. ھەر مەزگىللىك سەيلە ـ ساياھەت بىر قانچە ھەپتە، ھەتتا بىر ئايدىن ئوشۇق داۋام قىلىدۇ. كونكرېت كۈن ـ ۋاقتى بولىدۇ. ساياھەت نۇقتىسى ئېنىق. ئىككى مىڭ يىللار بۇرۇن نەدە ئۆتكۈزۈلگەن بولسا ھازىرمۇ شۇ يەردە ئۆتكۈزۈلىدۇ. سەيلە ـ تاۋاپ، سودا ـ يەرمەنكە، سەنئەت ـ ئەلنەغمە، چېلىشىش ـ تەنتەربى-يە، داستان ـ جەڭنامە سۆزلەش، دۇئا ـ تىلاۋەت، قەبرە يوقلاش ئارد-لىشىپ كاتتا بايرام ـ مەرىكە مەنزىرىسى شەكىللىنىدۇ.

(نۇرمۇھەممەت توختى)

لىق» تۇتۇشلارغا ئوخشاش ئارزۇ - تەلەپلەر ئورۇندىلىدۇ. ھەر ئىككى تەرەپ خۇش بولۇشىدۇ. يەنە ئۆزۈكلەرنىڭ ئالا بولۇپ پىششى، ئۈزۈمەلەرنىڭ پىششى قاتارلىقلارمۇ «يېڭىلىق» تۇتۇشنىڭ ۋاستىسى قىلىنىدۇ. بۇ خىل ئادەت تەبىئەتنىڭ گۈزەللىكىدىن زوقلىنىش بىلەن بىرگە كۆڭۈل ئىزھار قىلىشنىڭ بىر خىل شەكلى ھېسابلىنىدۇ.

«يېڭىلىق تۇتۇش» ئادىتى تەبىئەت دۇنياسىدىكى يېڭى ئۆزگىرىشلەرنى ۋاستە قىلىدىغان بولغاچقا، ئۇنىڭدا يېڭىلىق تۇتقۇچىنىڭ تەبىئەتنىڭ گۈزەللىكىگە بولغان تەلپۈنۈشى ۋە قىزىقىش ھېسسىياتى ئەكس ئەتكەن بولىدۇ. «يېڭىلىق» قوبۇل قىلغۇچى تەبىئەت دۇنياسىدىكى يېڭى ئۆزگىرىشتىن ھۇزۇرلىنىدۇ. بۇ خىل ئادەت كۆپىنچە ئاكا - سىڭىللار، ئاتا - ئانا ۋە بالىلار، چوڭلار بىلەن كىچىكلەر ئوتتۇرىسىدىكى كۆڭۈل ئىزھار قىلىشنىڭ ئىپادىسىدۇر.

## 12. ناماقۇللۇق - ياراشتۇرۇش چېيى

ناماقۇللۇق - ياراشتۇرۇش چېيى ئادەتتە ئۆزئارا زىددىيەتلىشىپ قالغان ئىككى كىشى، دوست - بۇرادەر، قولۇم - قوشنا، يۇرت - جامائەت ئارىسىدا ئېلىپ بېرىلىدىغان ئاداۋەتنى يۇيۇپ، بۇرۇنقى كۆڭۈلسىزلىكلەرنى ئۇنتۇپ، باشقىدىن دوست - بۇرادەر، قولۇم - قوشنا بولۇپ ئۆتىدىغان، ئىككى تەرەپنى ياراشتۇرۇش مەزمۇنىدا ئېلىپ بېرىلىدىغان چايدىن ئىبارەت. خوتەن رايونىدا بۇ خىل چاي كىچىك دائىرىدە، قەرەلسىز داۋاملىشىپ كەلگەن. بۇنىڭ مەزمۇن ۋە شەكلى تۆۋەندىكىدەك بولىدۇ:

ئىككى كىشى ئارازلىشىپ قالسا، شۇ كىشىلەرگە مۇناسىۋەتلىك ئىككى تەرەپ ئارىسىدا ئارا تۇرالايدىغان بىرەيلەن ئوتتۇرىغا چۈشۈپ، ئالدى بىلەن ئىككى تەرەپنىڭ زىددىيەتلىشىپ قېلىش سەۋەبىنى ئېنىقلاپ، ئۇلارغا ئايرىم داستىخان ھازىرلاپ، ئۈچ تەرەپ بىر يەرگە كېلىپ، ئارازلىشىپ قالغان چاغدىكى ئۆتكەن - كەچكەن ئىشلارنى

قىشلىق ئۇيقۇسىدىن ئويغانغان ۋاقىتتا زېمىندىكى دەل ـ دەرەخ ـ
لەر، كۆكلەم (بېدە)، ئوت ـ چۆپلەر ئۇنۇشكە ۋە كۆكلەشكە باشلاي ـ
دۇ. ئەنە شۇ قىشنىڭ قەھرىتان سوغۇقىنى ئۇزىتىپ، باھار پەسلى ـ
نىڭ ئىللىقلىقىدىن ھۇزۇر ئېلىپ باشقىچە جانلانغان مەۋجۇداتلار
باھار يېڭىلىقلىرى ئارقىلىق ئۆز خۇشاللىقىنى تەنتەنە قىلىشىدۇ.

1) ئەنە شۇ باش باھاردىكى تۇنجى كۆكنى (يېڭىلىقنى) بايقىغۇچى
كىشى ئۇنى ئۆزى خالىغان كىشىسىگە تۇتىدۇ. كۆكنى قوبۇل قىلى ـ
غۇچى، تۇتقۇچى كىشىنىڭ تەلىپى ۋە ئارزۇسىنى ئاڭلىغاندىن كې ـ
يىن، ئۇنىڭ تەلىپىنى شۇ بويىچە قاندۇرىدۇ. بۇنىڭدا ئاساسلىقى
ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان ھەر قانداق نەرسە، ھەر قانداق ئىشنى تەلەپ
قىلسا بولىۋېرىدۇ. كىيىم ـ كېچەك، پۇل ـ پوچەك... دېگەندەك
مەزمۇندا بولىدۇ. ئۇنى ئادەتتە كىچىكلەر چوڭلارغا تۇتىدۇ. رايونى ـ
مىزدا باش باھاردىكى تۇنجى يېڭىلىق كۆك (بېدە) بولغاچقا، باش با ـ
ھاردىكى «يېڭىلىق تۇتۇش» لاردا، بېدە ۋاستە قىلىنىدۇ.

2) باھار كېلىپ ئۇزۇن ئۆتمەي دەل ـ دەرەخلەر، ھەر خىل مې ـ
ۋىلەر چېچەكلەيدىغان بولغاچقا، تۇنجى ئېچىلغان چېچەك «يېڭىلىق»
تۇتۇشنىڭ ۋاستىسى قىلىنىدۇ.

3) باھارنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرى، يەنى ياز باشلانغان دەسلەپكى
مەزگىللەردە بۇغدايلار باشاق چىقىرىشقا باشلايدۇ. بۇنىڭدىمۇ ئەنە شۇ
تۇنجى باشاق ئاتا ـ ئانىغا، يارۇبۇرادەرلەرگە يېڭىلىق سۈپىتىدە تۇتۇ ـ
لۇپ ئارزۇ ـ تىلەكلەر ئېيتىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، مېۋە ـ چېۋىلەر ـ
نىڭ پىشىشىمۇ «يېڭىلىق» تۇتۇشنىڭ ۋاستىسى. مەسىلەن: ياز كى ـ
رىشى بىلەن يېزا ـ سەھرالاردا تۇنجى بولۇپ ئاق ئۈجمىلەر پىشىشقا
باشلايدۇ. ئۈجمىنىڭ پىشىشى يازنىڭ باشلانغانلىقىدىن دېرەك بېرىدى ـ
غان بولغاچقا، سوپىسوپىياڭنىڭ جاراڭلىق ۋە يېقىملىق تۇۋلىشىدىن
ئاندا ـ ساندا ئاقارغان ئۈجمىلەر كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتىدۇ.
كىچىكلەر چوڭلارغا ئاشۇ ئۈجمىلەردىن تېرىپ كېلىپ پاكى «ئۈجمە
باراۋىتى» قىلىپ «يېڭىلىق» تۇتىدۇ. بۇنىڭدىمۇ باش باھاردىكى «يېڭى ـ

سەتمىسىگە بويسۇنمايدىغان ئەھۋال ئاساسەن يوق. ئەگەر ئىككى تەـ رەپ قايىل بولۇشمىسا، بىر قانچە كۈن ئۆتكەندە ھېلىقى ياراشتۇرـ غۇچىدىن ئابرۇيلۇقراق بىرەيلەن ئارىغا چۈشۈپ ناماقۇللۇق چېيى قۇيۇپ ياراشتۇرىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا ناماقۇللۇق مەشرىپى، ئاداۋەتنى يۇيۇش مەشرىپى قاتارلىق مەشرەپلەر بار. ئاداۋەتنى يۇيۇش مەشرىپى ئاداۋەتلىشىپ قالغان ئىككى كىشىنى قاتناشتۇرۇپ ئېلىپ بېرىلىدىغان، ئىككىيـ لەن ئوتتۇرىسىدىكى ئاداۋەتنى يۇيۇشنى مەقسەت قىلغان مەشرەپتىن ئىبارەت. ئاداۋەتلىشىپ قالغان كىشىلەر مەشرەپ سورۇنىدا بىر ـ بىرىگە چاي قۇيۇشۇپ، قايتىدىن كۆرۈشىدۇ ۋە ئاداۋەتنى ئۇنتۇپ، ئۆتكەنگە سالاۋات قىلىشىدۇ. مەشرەپ داۋاملىشىۋېرىدۇ (بىر نەچچە يىلدىن بۇيان، خەلقىمىز ئارىسىدىكى، بولۇپمۇ، ياشلار ئارىسىدىكى ناماـ قۇللۇق ـ ياراشتۇرۇش چېيىدىن ئىبارەت بۇ ئادىتىمىز قىسمەن تاپتىن چىقىپ، ھاراق سورۇنىنى مەركەز قىلىپ داۋام قىلماقتا. ئۆز ئارا ياراشماقچى بولغان ئىككى تەرەپ بىر ـ بىرىگە ھاراق قۇيۇش ئارقىلىق ئاداۋەتنى يۇيۇشىدىغان بولدى).

(مۇتەللىپ ئىقبال)

## 13. تەن سىرتى پەرھىزلىك قاراشلىرى

ئەجدادلىرىمىز ئارىسىدا قەدىمدىن بۇيان داۋام قىلىپ كەلگەن ئادەمگە ئالاقىدار بېشارەتلەر، پەرھىزلىك قاراشلار كۆپ خىل بوـ لۇپ، بۇلار ئاساسلىقى ئىنسان ئېھتىياجلىرىغا مۇمكىنقەدەر كەڭ ھەم ئەقلىي يوسۇندا ماسلىشىشنى تەكىتلەش ئاساسىدا پەيدىنپەي شەكىللەنگەن. مەسىلەن: «ئەسكى چاپاننىڭ ئىچىدىمۇ ئادەم بار؛ سۆز قويماڭ سۆزگە يېتەر، ئەتە قوپۇپ ئۆزگە يېتەر؛ ئىنساننىڭ ھەر قاندىقىغا مال ـ دۇنيا، مەنسەپ ـ مەرتىۋە، ياخشى ھەمراھ ياكى ۋاپادار پەرزەنت، ئەقىل ۋە بىلىم ھەر زامان ئوخشاشلا مەنسۇپ بوـ

بىر قۇر ئەسلىشىدۇ ياكى ياراشتۇرغۇچى ئۇلارنىڭ قىلغان ـ ئەتكەن ـ لىرىنى بىر قۇر سۆزلەپ چىقىدۇ. ئوتتۇرىدا بولۇپ ئۆتكەن ئىشلار ئايدىڭلاشقاندىن كېيىن، ياراشتۇرۇش باشلىنىدۇ. ئىككى تەرەپنىڭ كەتكۈزۈپ قويغان تەرەپلىرى سىلىق ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ. قايسى كى ـ شى بەكرەك كەتكۈزۈپ قويغان بولسا، ئۆز خاتالىقىنى تونۇپ، گۇنا ـ ھىنى ئۈستىگە ئالىدۇ. ياراشتۇرغۇچى ياكى گۇناھى ئېغىر تەرەپ، ئارازلىشىپ قالغان كىشىگە چاي قۇيۇپ، قارشى تەرەپتىن ئەپۇ قى ـ لىشنى ئۆتۈنىدۇ. قارشى تەرەپمۇ ئۆزىدىن ئۆتكەن تەرەپلەرنى سۆزلەپ كەمتەرلىك بىلەن خاتالىقىنى تونۇپ، سۇنغان چاينى قوبۇل قىلىدۇ. ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدىكى ئاداۋەت شۇنىڭ بىلەن تۈگىگەن بولى ـ دۇ. ئىككى كىشى «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم» دەپ قايتىدىن كۆرۈشىدۇ ۋە يارىشىدۇ. كېيىنچە بىر ـ بىرىگە ئاداۋەت ساقلاپ يۈرمەيدۇ. ئادەتتە، ياراشتۇرغۇچىسىز بىرەيلەن يەنە بىرەيلەننى ئۆيىگە چاقىرىپ، چاي قۇيۇپ، ناماقۇللۇق بىلدۈرىدىغان ئەھۋاللارمۇ بار.

قولۇم ـ قوشنا، يۇرت جامائىتى ئوتتۇرىسىدىكى ئاداۋەتنى يۇ ـ يۇش چايلىرىمۇ، يۇرت بىلەن يۇرت كىشىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى مە ـ سىلەن: سۇ، يايلاق، كان قاتارلىقلارنى تالىشىش تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان جېدەل ـ ماجىرالاردىن كېيىنكى ئاداۋەتلەرنى يۇيۇشمۇ يۇ ـ قىرىقىغا ئوخشاش بولىدۇ. پەقەت ئىككى يۇرت تەڭ ھۆرمەتلەيدىغان بىر كىشى ياكى شۇ يۇرتنىڭ ئاقساقال، مۆتىۋەرلىرى ۋە ياكى يۇرت ئىچىدىن ئىككى يۇرت كىشىلىرىگە ۋەكىل بولالىغۇدەك كىشىلەر بولسا بولىدۇ. ئەگەر ئاداۋەت ئىككى يۇرت كىشىلىرى ئارىسىدا ساقلانغان بولۇپ، ۋەكىل كىشىلەر بىر يەرگە كېلىپ گۇناھلىرىنى ئۈستىگە ئېلىشىپ، ناقۇللۇق بىلدۈرۈشسە، ئاداۋەت شۇنىڭ بىلەن تۈگەيدۇ. ئۆزئارا ناماقۇللۇق چېيى قۇيۇش ھاجەتسىز.

ناماقۇللۇق ـ ياراشتۇرۇش چېيى قۇيۇلسا ئىككى كىشى، قولۇم ـ قوشنىلار، يۇرت ئەھلى قاتارلىقلار ئارىسىدىكى ئاداۋەت شۇنىڭ بى ـ لەن تۈگەيدۇ، ئىككى تەرەپ ياراشتۇرغۇچىنىڭ شەرتلىرى ۋە كۆر ـ

تېخىمۇ كۆچەيدى ۋە كونكرېتلاشتى. يەنى، ئەرلەرنىڭ كىندىكىنىڭ ئاستى بىلەن تىزىنىڭ ئارىلىقى؛ قىز ـ ئاياللارنىڭ يۈزى، ئالىقان ۋە تاپانلىرىدىن باشقا تەن قىسىملىرى ئەۋرەت سانالدى، شۇنداقلا كىشىلەرنىڭ يات جىنسلار ئالدىدا ئەۋرەتلىرىنى يېپىشى بىر تۈرلۈك زۆرۈر پەرھىز ھەم ئادەتكە، بولۇپمۇ قىز ـ ئاياللارنىڭ جىنسىي ئەزالىرىنى يېپىشى كەسكىن يوسۇنغا ئايلاندى.

خوتەندە بۇددىزم ھۆكۈم سۈرگەن مىڭ يىللار داۋامىدا ئەرلەرنىڭ ئۇزۇن چاچ قويغانلىقى مەلۇم. بۇنى تارىخىي يازمىلار ۋە يېقىنقى مەزگىللەردىكى ئارخېئولوگىيەلىك تېپىلمىلاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. كېيىنكى دەۋرلەردە بۇ خىل ئادەت ئۆزگەرتىلگەن. خەلقىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى قارىشىدا، چاچ ـ ساقال، تىرناق، بۇرۇت تۈكلىرى، قولتۇق تۈكلىرى ۋە چاچنىڭ ئۆسكىلەڭ، مەينەت، رەتسىز تۇرۇشى بىر خىل كۆرۈمسىزلىك، مەينەتچىلىك ۋە چۈشكۈنلۈكنى ئىپادىلەپ تۇرغاچقا، باش چۈشۈرتكۈزۈش، ساقال ـ بۇرۇت ياساش ۋە باشقا تازىلىق ئىشلىرى قەرەللىك، قەرەلسىز قىلىنىپ، پەرھىز، ئادەتكە ئايلانغان. ئۇلار چاچ ـ ساقال ۋە تىرناقلارنى ئالغاندا خالىغان يەرگە تاشلىماي، مەخسۇس يەرگە (ئىشىك ئۈستى، تام ـ تورۇسلارنىڭ يوچۇقى، تەكچە..) قويۇشنى ئادەت قىلغان. چېچىنى (بولۇپمۇ ئاياللار) ئالاھىدە تۇجۇپلەپ ساقلايدۇ. بۇنداق قىلىش ـ مۇھىت تازىلىقىغا پايدىلىق بولۇپلا قالماستىن، ناۋادا شۇ كىشى پەۋقۇلئاددە قازايى ـ قەدرىگە ئۇچراپ جەسىتىنى تېپىش مۇمكىنچىلىكى بولمىغاندا، تىرناق ياكى چاچلىرىنى ۋاكالىتەن دەپنە قىلىشتىمۇ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە؛ تىرناق ئۇزۇن بولسا، قولنى يۇيغان تەقدىردىمۇ ئۇنىڭ ئاستىدىكى چىقىپ كەتمىگەن كىر مىكروب ساقلاپ، تاماق بىلەن ئېغىزدىن كىرىپ كېتىشى ياكى كېسەللىكلەرنى باشقىلارغا يۇقتۇرۇش ئېھتىماللىقى يۇقىرى بولىدۇ؛ بۇرۇن تۈكلىرى بۇرۇندىن چىقىپ تۇرسا، قارا چىمدەك ياكى «مونچاق ساڭگىلاپ» تۇرغاندەك كۆرۈنىدۇ؛ قولتۇق ۋە ئەۋرەت قىسىملىرى تەر بەزلىرى كۆپ جايلاشقان، يەنە كېلىپ

لۇۋەرمەيدۇ؛ ئىنساننىڭ نەپسى بولۇشىغا قويۇۋېتىلگىنى بىلەن، قۇدرىتى چەكلەنگەن...» ۋە باشقىلار. بۇنىڭغا ياندىشىپ يەنە «ئاق قويمۇ، قارا قويمۇ ئۆزىنىڭ پېيىدە تارتىشىدۇ؛ ھەر كىمنىڭ ھەققى - نېۋىسى، ھايات قىسمىتى ۋە ئۆمرى ئايرىم بولغاچقا، ئادەملەرنى سارالڭ، سەت - كۆرۈمسىز، مېيىپ - مەجرۇھ، يوقسۇل، مەھبۇس، يۇقۇملۇق كېسەل، دۆت - لەقۋا دەپ كەمسىتمىش؛ ئەكسىچە، بىراۋلارنىڭ ئاندا - ساندا سۇلكەت سالاپەتىنىڭ، ئەقىل بىلەن بايلىقىنىڭ، قابىلىيەت ۋە ئىقتىدارىنىڭ نامايەندىلىرىگە قاراپلا تېز ھەسەت قىلىش ياكى مەبۇدە قىلىۋېلىشىنىڭ ھېچقانچە زۆرۈرىيىتى يوق» دەيدىغان ئەنئەنىۋى ئەقىدىلەر ئىنسانىي ھۆرمەت، ئىنسانىي خىسلەتنى تەكىتلەيدىغان، ئادەمنى ئاساس قىلىدىغان ئەنئەنىۋى ئەخلاق مىزانلىرىدىن يەكۈنلەنگەن پەرھىزلىك قاراشلاردۇر. قەدىمدىن خەلقىمىز ئارىسىدا، ئادەملەرنى سىرتقى قىياپىتىگە قاراپلا چوڭ - كىچىك، قېرى - ياش، ئەر - ئايال، يىراق - يېقىن دەپ كەمسىتسە، يامان بولىدۇ؛ غەيۋەتنى قىلسا، «غەيۋەت قىلغۇچىنىڭ تىلىنى كەس، ئاڭلىغۇچىنىڭ قۇلىقىنى كەس؛ غەيۋەت كىشىلەرنى ئۇرغۇن جېدەل - زىددىيەتكە دۇچار قىلىدۇ»، دېيىلىپ كەلگەن.

ئەجدادلىرىمىز ناپاك ئادەملەر، ئىچى تار، ھەسەتخور ئادەملەرنىڭ كۆزىدىن ياكى سۆزىدىن بىر خىل كۆيدۇرگۇچى نۇر، گۇپپاڭچى تېنىقلار ئۇرغۇپ چىقىپ، باشقىلارنىڭ نەپەسلىنىشىگە، ماددا ئالماشتۇرۇشىغا، ھەتتا روھىي ھەرىكەتلىرىگە بەلگىلىك دەرىجىدە زىيان سالىدۇ، دەپ قاراپ: «كۆزى يامانىنىڭ كۆزىدىن، سۆزى يامانىنىڭ سۆزىدىن ساقلىغايسەن» دەپ تېۋىنىدىغان ئادەت داۋاملاشقان.

ئەجدادلىرىمىزنىڭ بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلغان مەزگىللىرىدىلا يۈز ۋە قولىدىن باشقا ئەزالىرىنى يېپىق تۇتقانلىقىنى بىلدۈرگۈچى يازما خاتىرىلەر ۋە رەسىملەر بار. ئۇلار ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغاندىن كېيىن، ئاشكارىلاشقا بولمايدىغان تەن ئەزالىرى «ئەۋرەت» (ئۇياتلىق قىسمى) ھېسابلىنىپ، ئۇنى كىيىم بىلەن يېپىش ئادىتى

قويماسلىق، باشقا، يۈزگە ئۇرماسلىق، پېشانىسىگە نوقۇماسلىق، يۈز ـ كۆزىنى يۇيىدىغان سۇنىڭمۇ ئىچىملىك سۇ تەلپىگە لايىقلىشىشىنى تەلەپ قىلىشتەك پەرھىز ـ ئادەتلەر ئومۇملاشقان. ئۇلار «مەڭ ـ خاللار بىر خىل قۇد ـ ئامەتنىڭ بەلگىسى، ئۇنىڭ بىلەن ھەپىلىشىش كىشىگەياخشى ئاقىۋەت ئېلىپ كەلمەيدۇ» دەپ قاراپ ئۇنىڭ بىلەن ھەپىلەشمىگەن. بولۇپمۇ باش ۋە يۈز قىسمىدىكى مەڭ ـ لەرگە ئالدىراپ چېقىلمىغان. «كىچىك بالا چوڭلارنىڭ ئۇياتلىق يەر ـ لىرىگە قارىسا، كۆزىگە قاپارتقۇ چىقىدۇ» دېگەن قاراشلار مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن. يۇقىرىقىلاردىن باشقا «يىغا، يىغىنى چىللايدۇ» دېگەن قاراش بولۇپ، سەبىيلەرنىڭ دۇم يېتىپ تولا يىغلىشىنى بىر خىل پاجىئەنىڭ ئالامىتى، مېيىتكە تولا يىغلاش مەرھۇمنىڭ روھىنى ئارام تاپقۇزمايدۇ، دەپ قارالغاچقا، مۇسىبەتنىڭ ۋاقتى ئۈچ ـ يەتتە كۈنگىچە بولغىنى ياخشىراق دەپ قارىغان.

خەلقىمىز ئارىسىدا قولاقنىڭ قىزىرىشى، تارتىشىشى، ئۇيۇشۇپ قېلىشى، غۇڭۇلدىشى قاتارلىقلارنى مەلۇم بېشارەتلەر بىلەن باغلاپ، مەسىلەن: ئوڭ قۇلىقى قىزىسا، خەق مېنىڭ ياخشى گېپىمنى قىلىدۇ ـ ۋېتىپتۇ، سول قۇلىقى قىزىسا، يامان گېپىمنى قىلىۋېتىپتۇ، دەپ قارايدىغان ئۇدۇم ـ ئادەتلەرمۇ داۋام قىلىپ كەلگەن.

**(قەيسەر مەمتىمىن)**

## 14. ئىجتىمائىي تۇرمۇشىمىزدىكى بىر قىسىم«يامان بولىدۇ» لار

پۈتكۈل ئۇيغۇرلارغا ئوخشاش خوتەنلىكلەرنىڭ ئىجتىمائىي تۇر ـ مۇشى داۋامىدا، ئۆرپ ـ ئادەت ۋە پەرھىز تۈسىگە ئىگە تۈرلۈك «يا ـ مان بولىدۇ»لار، كىشىلەرنى ناچار ئىللەت، يامان ئىشلاردىن قول ئۈزدۈرۈپ، ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا ئۈندەپ، ئەدەپ ـ ئەخلاقلىق، ئاق كۆڭۈل، سەمىمىي، ۋاپادار، ۋىجدانلىق، ساپالىق بولۇشقا دالالەت قىلىپ كەلدى. گەرچە بۇ خىل «يامان بولىدۇ»لارنىڭ بىر قىسمى

پىنهان ھەم سۈركىلىپ تۇرىدىغان، تەر ئاجرالمىلىرى ئاسان ياكى جىق يىغىلىپ قالىدىغان ئورۇن بولغاچقا، قولتۇق ۋە چاتنىڭ تۈك-لىرىنى 40~50 كۈندە بولسىمۇ بىر قېتىم ئېلىپ تۇرمىسا، شۇ ئورۇندا ئاسان تەرلەش، قىچىشىش، سېسىق پۇراق چىقىش ئەھۋاللى-رى كۆرۈلىدۇ، دەپ قارالغان. ئۇلار يەنە بەك تار كىيىملەر كۆكرەك، قولتۇق ۋە چاتتىكى ئەزالارنىڭ، بەزلەرنىڭ، تېرىنىڭ قان ئايلىنى-شى، ھاۋا ـ نەملىك ئالماشتۇرۇشىغىمۇ زىيانلىق، دەپ ھېسابلىغان. بۇلاردىن تاشقىرى، ھۆرۈن، بىپەرۋا، شەخسىي تازىلىقى ناچار ئادەم-لەردە كۆپ كۆرۈلىدىغان چىشلىرى سارغىيىش، ئېغىز پۇراش؛ ياقا، يەڭ، پايپاقلىرى بەك كىرلىشىپ كېتىش، پۇتى ياكى قولتۇقى پۇراش قاتارلىقلار ناچار تۇرمۇش ئادىتى ھېسابلىنىپ، ئەيىب ئېلىنغان.

ئوخشاش جىنسلىقلارنىڭ بىر ـ بىرىنىڭ تېنىدىكى كەمتۈكلەر-نى مازاق قىلىشماسلىقى ئۈچۈن، ئادەتتە توسۇق يوق يەردە يېقىن ئولتۇرۇپ تەرەت قىلىش، تاھارەت ئېلىش، يۇيۇنۇش ھەمدە بەك يا-لىڭاچلىنىپ بىرگە ئۇخلىشىمۇ ئۇياتلىق ئىش دەپ ھېسابلانغان. يۈزىگە مەڭ چېكىش، ۋاقىتسىز ئاقارغان تۈكلەرنى يۇلۇش، بەدەنگە گۈل چېكىش قاتارلىقلارمۇ هار ئېلىنغان (ئۇنىڭ ئۈستىگە مېيىتنى يۇيغاندا ئۇنىڭ بەدىنىدىكى چېكىلگەن گۈل ۋە باشقا شەكىللەرنى چىقىرىۋېتىشكە توغرا كېلىدۇ، ئەلۋەتتە).

خەلقىمىز «پاكىز يەردىن پەرىشتە، مەينەت يەردىن جىن ـ شايا-تۇن ئەگىپ يۈرىدۇ؛ پاكىزلىق ــ ئىماننىڭ جۈملىسىدۇر» دەپ قا-رىغاچقا، قاچا ـ قۇچا، كىيىم ـ كېچەك ۋە باشقا لازىمەتلىكلەرنى يۇمايلا دۆۋىلەپ قويمىغان. كىر ـ يۇندىلار ۋە ئەخلەتلەرنى ئۆيدە، ئىشىك تۈۋىدە ساقلىمىغان. غەيرىي، بەتبۇي پۇراقلارنىڭ مەنبەسىنى تازىلاپ، هاۋا ئالماشتۇرۇشنى، ئىسرىق سېلىشنى ئادەت قىلغان.

خەلقىمىز ئارىسىدا باشنى چوڭ بىلىش، ئادەمنىڭ بېشىدىن ئات-لىماسلىق، كىشىنىڭ يۈزىگە تۈكۈرمەسلىك، يېنىدىكى ئادەمنىڭ بېشىغا ئايىغىنى قىلىپ ياتماسلىق، ئاياغ كىيىمنى باش تەرىپىدە

ئۆز ئارا ئاداۋەت ساقلىمىغۇلۇق.
قاچىنى ئوڭدا قويمىغۇلۇق.
ھېيت ـ ئايەمدە ئىشىكنى تاقاپ قويۇپ، سىرتقا چىقىپ كەتمىگۈلۈك.
قولنى يۇيۇپ بولۇپ، سىلكىمىگۈلۈك.
تاماقتىن بۇرۇن، تەرەتتىن كېيىن قول يۇغۇلۇق.
سۈپۈرگە بىلەن ئادەم ئۇرسا، پاكار بولۇپ قالىدۇ.
تاماق يېگەندە، قاتتىق كۈلمىگۈلۈك.
قازان بېشىدا ياغلىق ئارتقۇلۇق.
داستىخان سېلىنغاندىن كېيىن، ئورنىدىن تۇرۇپ كەتمىگۈلۈك.
داستىخانغا قول سۇرتمىگۈلۈك.
داستىخاندىن ئاتلىمىغۇلۇق.
كۆلنى سورىسا، كۆنى سورۇلۇپ كېتىدۇ.
تورۇستىكى تورنى سۈپۈرۈپ تۇرغۇلۇق.
ئۆيدە يۇندى ياكى ئەخلەت قونۇپ قالسا يامان بولىدۇ.
چاشقان ئاتلىغان، غاجىلىغان يېمەكلىكنى يېمە، يامان بولىدۇ.
ياستۇق (تەكىيە)دىن ئاتلىسا، ئولتۇرسا ئېغىزى پىچىلىپ كېتىدۇ.
ئۆرە تۇرۇپ ئاش ئىچمىگۈلۈك.
ئېغىلغا تەرەت قىلساڭ مېلىڭ ئاۋۇمايدۇ.
چاچنى قۇرۇق تارىمىغۇلۇق، قاتلىمىغۇلۇق، كەسمىگۈلۈك.
تىرناقنى، چاچنى كۆيدۈرمىگۈلۈك.
ئۆي ـ ھويلىغا قىچا ئۇرۇقى چېچىۋەتسە، جېدەل ـ ماجىرا كۆپىيىپ كېتىدۇ.
ئۆگزىدە ئەخلەت قويمىغۇلۇق.
ھۆل كىيىمنى كىيمىگۈلۈك.
قازاننىڭ قارىسىغا دەسسىمىگۈلۈك.
باشقىلارنىڭ غەيۋىتىنى قىلمىغۇلۇق.
بىراۋغا پۇتىنى قىلىپ ئولتۇرمىغۇلۇق.
تۇغۇتلۇق ئايال بار ئۆيگە ئۇدۇل كىرمىگۈلۈك.
بوۋاقنىڭ كۆرپىسىدە ئولتۇرۇۋالمىغۇلۇق.

خۇراپاتلىق ۋە ئىلمىي ئاساسى بولمىغان ئەمر ـ مەرۇپلار بولسىمۇ، زور كۆپچىلىك «يامان بولىدۇ»لار كىشىلىك مۇناسىۋەت، رېئال تۇرمۇشتىكى ھەق بىلەن ناھەق، ئاق بىلەن قارا، ياخشىلىق بىلەن يامانلىق، توغرا بىلەن خاتانى پەرقلەندۈرۈشتىكى پەرھىز دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلدى. تۆۋەندە خەلق ئىچىگە تارقالغان «يامان بولىدۇ»لارنىڭ بىر قىسمىنى كۆرسىتىمىز.

**1) ئەدەپ ـ ئەخلاق ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشقا دائىر«يامان بولىدۇ» لار:**

ئادەمدىن ئاتلىمىغۇلۇق.

چوڭلار گەپ قىلغاندا، گېپىگە «قوشۇق سالمىغۇلۇق».

چوڭلارنىڭ ئالدىدىن توغرا ئۆتمىگۈلۈك.

باشقىلارغا قول شىلتىپ گەپ قىلمىغۇلۇق.

ئەيىبى بارلارنى دورىمىغۇلۇق.

ئانىسى، قىزى ياكى ئاياللىنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ تۇرۇپ تىللىمىغۇلۇق.

ياشانغانلارنى خورلىمىغۇلۇق.

كىشىنىڭ ھەققىنى يېمىگۈلۈك.

كىچىكلەرنى بوزەك ئەتمىگۈلۈك.

ئاتا ـ ئانىغا گەپ ياندۇرمىغۇلۇق.

مېھماندارچىلىققا بالا ئېلىپ بارمىغۇلۇق.

چوڭلارنىڭ ئالدىدا قولىنى يانچۇققا سېلىپ تۇرسا يامان بولىدۇ.

چوڭلارغا يالغان ئېيتسا يامان بولىدۇ.

ئوينىشىپ بولسىمۇ كىشىلەرگە تىغ تەڭلىمىگۈلۈك.

چوڭلار بىلەن كۆرۈشكەندە، ئىككى قولنى تەڭ ئۇزاتقۇلۇق.

ئاياللارنىڭ كىيىمى ئۇشۇقىنى ياپمىسا يامان بولىدۇ.

ھازىدارلار ئالدىدا كۈلمىگۈلۈك.

كىچىك بالىغا سەت گەپ، سەت قىلىق ئۆگەتمىگۈلۈك.

يۇغان قاچىنى سۇيى بىلەن قويمىغۇلۇق.

قازاننىڭ تۇۋىقىنى ياپمىسا يامان بولىدۇ.

بىراۋ پىچىقىڭنى ئۈچ قېتىم سورىغاندا ئاندىن بەر.
كۆرگەنلا ئادەمگە چۈش ئۆرۈتمىگۈلۈك.
كۈن چىققۇچە ئۇخلىمىغۇلۇق.
ئوغۇل بالا تولا ئەينەك كۆرمىگۈلۈك.
بارماقنى يالاپ تۇرۇپ پۇل سانىمىغۇلۇق.
پۇتنى مىنگەشتۇرۇپ ئولتۇرمىغۇلۇق.
كەكىنىڭ چۈلدىسىنى تىك قويمىغۇلۇق.
قوشنا ھەققىنى يېمىگۈلۈك.
ياغاچ ھەرىسىنى تىك قويمىغۇلۇق.
ئۆينىڭ كۈلۈڭىنى تۇكۇرسەڭ، ئۆيگە پەرىشتە كىرمەيدۇ.
ئوتقا تۈكۈرمىگۈلۈك.
تۇخۇم ئوغرىلىساڭ كۆزۈڭگە ئاق چۈشۈپ قالىدۇ.
ئەخلەتخانىغا تەرەت قىلمىغۇلۇق.
ئوغۇل بالا قازان ـ قومۇچنىڭ يېنىغا تولا بېرىۋالمىغۇلۇق.
ئىت تولا قاۋسا، ئىگىسىنىڭ ئۆلۈمىنى تىلەيدۇ.
يولغا كۈل ـ ئەخلەت تۆكسەڭ، يۇرتنىڭ بەرىكىتى كېتىدۇ.
ئىچ كىيىمنى سىرتقا يايساڭ، ئەيىبىڭ ئاشكارىلىنىپ قالىدۇ.
ئىچ كىيىمنى تەتۈر يايمىغۇلۇق.
ئەخلەت بىلەن كۈلنى بىللە تۆكسە، توي بىلەن ئۆلۈم بىر كۈندە بولۇپ قالىدۇ.
خالاغا تۈكۈرمە، ئېغىزىڭغا چاقا چىقىپ قالىدۇ.
ئېگەكنى تىرەپ ئولتۇرمىغۇلۇق.
بالىنىڭ دۈمبىسىگە ئۇرسا، كېكەچ بولۇپ قالىدۇ.
قىز بالىغا دادىسى قول تەگكۈزسە، بىتەلەي بولۇپ قالىدۇ.
بالىنىڭ بېشىغا ئۇرسا دېۋەڭ بولۇپ قالىدۇ.
چاپاننىڭ بىر يېڭىنى سېپىپ، بىر يېڭىنى ساپمىسا يامان بولىدۇ.
قىز بالا ئۆينى سۈپۈرۈپ ئەخلىتىنى ئالمىسا، كەلگەن ئەلچىلەر يېنىپ كېتىدۇ.

ئۆرە تۇرۇپ ئىشتان كىيمىگۈلۈك.
ئاچقۇچ ئويىنىمىغۇلۇق.
يۈزىنى يۇماي كۈنگە قارىمىغۇلۇق.
سۇغا سىيمىگۈلۈك.
ئاياغنى دۇم قويسا، ئۆلۈمىنى تىلەيدۇ.
ئوت ئايرىپ ئويىنىمىغۇلۇق.
كۆل بىلەن ئەخلەتنى قوشۇپ ئالمىغۇلۇق.
چوغقا سۇ چاچمىغۇلۇق.
پىچاقنىڭ ئۇچىنى ئادەمگە قاراتمىغۇلۇق.
كىشىلەرگە قاراپ چۈشكۈرمىگۈلۈك.
ئادەمگە قاراپ ئەسنىمە، يامان بولىدۇ.
ھاجەت قىلغاندا ئوڭ قولۇڭنى ئىشلەتسەڭ يامان بولىدۇ.
سول قولۇڭدا تاماق يېسەڭ يامان بولىدۇ.
ئامانەتكە خىيانەت قىلمىغۇلۇق.
كېچىدە ئۇچكە چاقمىغۇلۇق.
دۇم يېتىپ سۇ ئىچمىگۈلۈك.
ئاپتاپتا ئىسسىپ قالغان سۇنى ئىچمىگۈلۈك.
كىر سۇيىنى ئېرىققا تۆكمىگۈلۈك.
ھاراق ئىچسەڭ ئەقلىڭ كەمتۈك بولۇپ قالىدۇ.
نەشە چەكسەڭ ئىپلاسقا دوست بولىسەن.
ئۆي ئىچىگە تەرەت قىلمىغۇلۇق.
چىش ئارىسىدا تۇرۇپ قالغان نەرسىنى يۇتۇۋەتسەڭ يامان بولىدۇ.
شامالدا ۋارقىرىمىغۇلۇق.
ئوتۇن ئۇۋاقلىرىغا دەسسىمىگۈلۈك.
قويۇندا ئولتۇرما، قويۇن ئېلىپ قاچىدۇ.
ئەسكى تامنىڭ يېنىدا ئولتۇرمىغۇلۇق.
ياۋىداق ئۇلاغ مىنمىگۈلۈك.
قومچاققا (پاقىغا) دەسسىمە، يامان بولىدۇ.

قىز ـ ئاياللار ئەركەكلەرگە كۆرسىتىپ تارانسا يامان بولىدۇ.
كېچىسى يول ماڭغان ئەرنىڭ، كۈندۈزى يول ماڭغان چاشقاننىڭ ئۆمرى قىسقا بولىدۇ.
زاۋالدا ئىشىك ـ دېرىزىلەرنى ئەتمىسە يامان بولىدۇ.
ئۆلگەن كىشىنىڭ ئۈستىدىن ئاتلىمىغۇلۇق.
مېيىتنى يالغۇز تاشلاپ قويمىغۇلۇق.
**2) يېمەك ـ ئىچمەك جەھەتتىكى «يامان بولىدۇ»لار:**
ھالال ھېسابلانغان، ئەمما، ئۆزى ئۆلۈپ قالغان، كېسەل تەگكەن مالنىڭ گۆشىنى يېمىگۈلۈك.
ھالال ھېسابلانغان، ئەمما، قېنى ئاقمىغان ھايۋاننىڭ گۆشىنى يېمىگۈلۈك.
ئېگىزدىن غۇلاپ چۈشكەن ھايۋاننىڭ گۆشىنى يېمىگۈلۈك.
كۆشىمەيدىغان ھايۋاننىڭ گۆشىنى يېمىگۈلۈك.
سۆڭەكى قاتمىغان مالنىڭ گۆشىنى يېمىگۈلۈك.
بوغاز مالنى ئۆلتۈرمىگۈلۈك.
نانغا دەسسىسەڭ كۆزۈڭ كور بولىدۇ.
نان ئۇۋۇقىنى يەرگە تاشلىمىغۇلۇق.
ناننى سەت دېمىگۈلۈك.
ناننى دۈم قويمىغۇلۇق.
پارچە ناننى تاشلىۋەتمىگۈلۈك.
پارچە نان تۇرۇقلۇق، پۈتۈن ناننى ئۇشتۇمىغۇلۇق.
ناننى پىچاق بىلەن كېسىپ يېمىگۈلۈك.
ناننى كۆيدۈرمىگۈلۈك.
تاماقنى پاكىز يېمىسەڭ، بالاڭ سەت بولۇپ قالىدۇ.
سۆڭەكنى چالا غاجىلىمىغۇلۇق.
تاماقنى ئاشۇرۇپ قويمىغۇلۇق.
گۈرۈچنى چېچىۋەتمىگۈلۈك.

قۇسۇقتا دەسسىمىگۈلۈك.
قەبرىگە قول چىنىمىگۈلۈك.
ئاي نۇرى چۈشكەن جايغا يۈندى تۆكمىگۈلۈك.
ئاسمانغا تۈكۈرمىگۈلۈك.
يالغۇز دەرەخنى كەسمىگۈلۈك.
دەرەخ شاخلىرىغا كىر يايمىغۇلۇق.
ئېرىقتا ئەخلەت تۆكمىگۈلۈك.
ئاياغنىڭ قونچىغا دەسسەپ كىيمىگۈلۈك.
ئوغۇل بالىنىڭ پاچىقىنى تارتسا، بۆرىكى چىقىپ قالىدۇ.
قىز بالا يۇلتۇزلۇق كېچىدە يالاڭباش سىرتقا چىقمىغۇلۇق.
خاماندا ئوت ئوينىمىغۇلۇق.
مېۋىلىك دەرەخكە تاش ئاتمىغۇلۇق.
بېشىغا كىرە سالمىغۇلۇق.
ئىشتاننى ئۆشنىگە ئارتمىغۇلۇق.
يەرگە قايناق سۇ تۆكمىگۈلۈك.
قاراڭغۇدا يول يۈرمىگۈلۈك.
زاۋالدا ياتمىغۇلۇق.
كەچتە تىرناق ئالمىغۇلۇق.
زاۋالدا چاچ تارىمىغۇلۇق.
سۇ بويىدا كىر يۇمىغۇلۇق.
سۇغا تۈكۈرسە، چوڭ ـ كىچىك تەرەت قىلسا گۇناھ بولىدۇ.
كەچتە ئۆي سۈپۈرمىگۈلۈك.
ئاشنا ئوينىسا، زىنا قىلسا يامان بولىدۇ.
جۇنۇپ تۇرۇپ كىشىگە قارىمىغۇلۇق.
كېچىدە يالىڭاچ تەرەتكە چىقمىغۇلۇق.
يالاڭباش تۆشەككە ئۆتمىگۈلۈك.
چاچ ۋە تىرنىقىڭنى ئۆستۈرسەڭ يامان بولىدۇ.

## §2. ھېيت - بايرام ۋە مۇراسىم ئادەتلىرى

خوتەنلىكلەرنىڭ ھېيت - بايراملىرىمۇ پۈتكۈل ئۇيغۇرلارنىڭ ھېيت - بايراملىرىغا ئوخشايدۇ. بۇ بايراملارنىڭ پەيدا بولۇشى دىن بىلەن زىچ باغلىنىشلىق بولسىمۇ، ئۇزاق ئەسىرلەردىن بۇيان ئىجتىمائىي ۋە مەنىۋى ئامىللارنىڭ تەسىرىدە مەزمۇن ۋە شەكىللىرىدە ئۆزگىرىشلەر بولۇپ، ئەنئەنىۋى بايرام - مۇراسىملارغا ئايلاندى. شۇڭا خوتەندە ھېيت - بايرام ئۆتكۈزۈشتە ئىسلام دىنى بايراملىرىنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكى نامايان قىلىنىپلا قالماستىن، بەلكى يەرلىك ئالاھىدىلىكلەرمۇ روشەن ھالدا گەۋدىلىنىپ كەلمەكتە.

### 1. نورۇز بايرىمى

نورۇز ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي قوۋملارنىڭ ئەنئەنىۋى يېڭى يىل بايرىمى. «نورۇز» — يەنى «نەۋ» — يېڭى، تۇنجى؛ «رۇز» — كۈن دېگەننى بىلدۈرىدۇ. «يېڭى كۈن»، «تۇنجى باھار كۈنى» دېگىنى ئەجدادلىرىمىزنىڭ قۇياش كالېندارى (شەمسىيە كالېندارى) بويىچە قىش - زىمىستان ئاخىرلىشىپ (يەر شارىنىڭ شىمالىي ئىللىق بەلباغ ′23°27 بىلەن ′66°34 پاراللېل سىزىقلىرى ئارىسىدىكى جايلاردا)، كۈن بىلەن تۈن تەڭلەشكەن (كۈن توختىغان) كۈنى (مىلادىيە 3 - ئاينىڭ 21 - ، 22 - كۈنلىرى) بولۇپ، باھارنىڭ يەنى، ئەتىياز مەۋسۇمىنىڭ باشلىنىش ۋاقتىسى، ئادەم بىلەن تەبىئەت ئىناقلىقىنىڭ ئەڭ يارقىن پەللىسىدۇر. ئۇ تەبىئەتنىڭ ئىنسانلارغا ئېلىپ كەلگەن شاد - خۇراملىقىدىن تەڭ بەھرىلىنىدىغان تەسىرى زور، تەبىئەتنىسى ئالاھىدە بايرامنىڭ بىرى.

خوتەندە بۇ بايرام «زارا خەتمە» (بەزىلەر ئەسلىي سۆز «سەھرا خەتمە» ئىدى، بۇ كۆچۈم بوستانلىقلارنىڭ يېنىدىكى تۈزلەڭ جايلار —

تاماقتىن قېيدىمىغۇلۇق.
ئۆرە تۇرۇپ ياكى يېتىپ تاماق يېمىگۈلۈك.
3) ھايۋانات ۋە مال ـ چارۋىلارغا ئائىت «يامان بولىدۇ»لار:
قارلىغاچنى تۇتمىغۇلۇق.
مۈشۈكنى ئۆلتۈرمىگۈلۈك.
قوينى تەپمىگۈلۈك.
ھايۋاننىڭ بېشىغا ئۇرمىغۇلۇق.
پادىنى يېرىپ ئۆتمىگۈلۈك.
ھايۋانغا سۇ چاچمىغۇلۇق.
مال باغلىغان ئاغامچىدىن ئاتلىمىغۇلۇق.
قويغا مىنمىگۈلۈك.
قوينى تاياق بىلەن ئۇرمىغۇلۇق.
قۇش چاڭگىسىنى بۇزمىغۇلۇق، بولمىسا قولى تىترەيدىغان بولۇپ قالىدۇ.
ئات ـ ئۇلاغنىڭ بېشىغا ئۇرمىغۇلۇق.
قۇشلارنىڭ تۇخۇمىنى چاقسا، يۈزى سەپكۈنلۈك بولۇپ قالىدۇ.
ئوت ـ خەسنىڭ يېنىغا ئىت باغلىمىغۇلۇق.
قۇش بالىلىرىنى ئوينىساڭ، قولۇڭ تىترەپ قالىدۇ.
ئاتنى سوۋۇتماي تۇرۇپ بوغۇز بەرسە كېسەل بولۇپ قالىدۇ.
ئېشەككە كېپەك بەرمىگۈلۈك.
كالىنى بوغاز ۋاقتىدا سىرتقا سۇغارغىلى ئېلىپ چىقمىغۇلۇق.
سۈت ـ قايماق، قېتىقلارنى يەرگە تۆكمىگۈلۈك.

دېمەك، يۇقىرىقىدەك «يامان بولىدۇ» ئىبارىلىرى خەلقىمىزنىڭ ئەدەپ ـ ئەخلاق قاراشلىرى ۋە ئۆلچىمىنى قىسمەن ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن بولۇپ، بۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپىنىڭ ئىجابىي مەنىسى، كەڭ خەلق ئاممىسى ۋە ياشلارنى يېتەكلىشىدىكى ئىجابىي رولى زور بولۇپ كەلگەن.

ئېلىپ خەتمە ئوقۇيتتى. «يۇرتقا ئامانلىق، نەرخقە ئەرزانلىق، ئابقا (سۇ، يامغۇر) راۋانلىق بەرگەيسەن»، دەپ دۇئا قىلاتتى. جامائەت ئاشۇ ئۈچ جۈملە سۆزنى تەكرارلاپ ئاخۇنۇمغا ئەگىشىپ دۇئا قىلاتتى. ئارقىدىن ئوغلاق تارتىشىش، خوراز چوقۇشتۇرۇش، ئىت تالاشتۇرۇش، قوچقار ئۈسۈشتۇرۇش، دارۋازلىق ماھارىتى كۆرسىتىش، سېھىرگەرلىك... قاتارلىق مۇسابىقىلەر؛ تۇخۇم چېكىشتۇرۇش، چېلىشىش، پوتا تارتىشىش ۋە تۈرلۈك بالىلار ئويۇنلىرى، ئەلنەغمە، ۋائىزلىق قاتارلىق ئاممىۋى پائالىيەتلەر ئېلىپ بېرىلاتتى. تۈرلۈك مۇسابىقىلەردە يەڭگۈچىلەر ۋە ئالاھىدە ماھارەت ئىگىلىرىنى يۇرت كاتتىلىرى، بايلار تارتۇقلايتتى. كەچقۇرۇن جامائەت ئېلىپ چىققان گۈرۈچ، تېرىق، ماش، نوقۇت، قوناق، ئارپا، بۇغداي ئۇنى؛ نان، چامغۇر، سەۋزە ۋە قويلارنىڭ كاللا ـ پاقالچاق، زاسۇيلىرىنى قوشۇپ «نورۇز ئېشى» تەييارلاپ، بالىلار تېرىپ كەلگەن كۆك بېدىنى سېلىپ ھەممىيلەن ئىچىشەتتى. بۇ كۈنى ساخاۋەتلىك ئىشلار يۇتكۇل پائالىيەت مەيداندا جارى بولغاچقا، يېمەك ـ ئىچمەك يۇتۇنلەي ھەقسىز بولاتتى. چۈنكى كۆك تەڭرىگە چوقۇنغان ئەجدادلاردىن قالغان ئەنئەنە بويىچە، بەخت ـ تەلەي كېلىدىغان يەنى ئاققۇزا (ھەمەل) يۇلتۇزىنىڭ كۆرۈنگەن ۋاقتى (مىلادىيە كالېندارى بويىچە 3 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى) دا ئىنسانغا ياخشىلىق قىلىش ئامەت ـ تەلەيلىك قىلىدۇ، دېگەن ئەقىدە ئاساس قىلىناتتى.

ئىسلام دىنى قوبۇل قىلىنغاندىن كېيىنمۇ، زاراخەتمە بارات ئېيىنىڭ 30 ـ كۈنى تۈنەشكە (تۈنەك كېچىسى) ئۆزگەرتىلگەن. ئەمما ئۇنىڭ مەزمۇنىغا دۇئا ـ تىلاۋەت قىلىش قوشۇلۇپ، ئاممىۋى پائالىيەتلەر، تۈرلۈك ئويۇنلار يەنىلا داۋاملاشقان. يۇرتتا قۇرغاقچىلىق يۈز بەرگەندە زاراخەتمە دەريا ـ ئېقىنلارنىڭ بېشىدا ئۆتكۈزۈلۈپ قۇرئان تىلاۋەت قىلىنىپ سۇ تىلەنگەن. يۇرت ئەھلى تىلاۋەتچىلەر ئۈچۈن ھەقسىز ئاش ـ تاماق تەييارلاپ كۈتۈپ تاكى كەلكۈن كەلگىچە ۋە يامغۇر ياققىچە زاراخەتمىنى داۋاملاشتۇرغان.

كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا، نورۇز قەدىمدىن بۇيان 3 ـ ئاينىڭ

يەنى، سەھرادا ئۆتكۈزۈلگەنلىكى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان، دېيىشىدۇ—
يەنە بەزىلەر «زارا خەتمە» — زارا ئاستىرۇ دىنى نامىدىكى «زارا
سۆزىگە «خەتمە» ئوقۇش مەنىسى قوشۇلۇپ «زاراخەتمە» دەپ ئاتالغان
دېيىشىدۇ) ۋە «ساراخەتمە» دەپمۇ ئاتالغان. بۇ كاتتا سورۇن دېڭىزدەك
قەبرىستانلىق يېنىدىكى تۈزلەڭلىكلەردە، يۇرت ئاقساقاللىرى تەرد
پىدىن تەييارلانغان. كېرىيە ناھىيەسىدە 100 يىلدىن ئارتۇق ياشاپ
ئالەمدىن ئۆتكەن مەشھۇر تېۋىپ ئەمەت ھاجىمنىڭ يىراق ئەجدادلى
رىدىن قالغان رىۋايەتلەردىن نەقىل كەلتۈرۈپ ئېيتىشىچە،
«زاراخەتمە» نىڭ شەكلى ۋە پائالىيەت مەزمۇنلىرى مۇنداق ئىكەن:
كىشىلەر نەزىرگە ئاتالغان تۆگە، كالا، قويلارنى دەرياغا قارىتىپ بو-
غۇزلاپ سويۇپ، داش قازانلارغا سالىدىكەن. گۆش پىشقىچە جامائەت
يۈزلىرىنى كۆككە قارىتىپ ساما شەكلىدە بىر پەس سەكرەپ پىر-
قىرىشىدىكەن، بىر پەس دەريا ئېقىنىغا قاراپ چوقۇنىدىكەن. گۆش
تەييار بولغاندا جامائەت ھەرىكەتتىن توختاپ ئاقساقاللارنىڭ سۇ-
يامغۇر تىلەپ تەڭرىگە قىلغان ئىلتىجا ساداسىغا قوشۇلۇپ ۋارقى-
رىشىدىكەن. ئاندىن نەزىر نېمىتىگە ئېغىز تەگكۈزۈپ، گۆشنىڭ
تېرىسى ۋە سۆڭەكلىرىنى دەريا ـ ئېقىنغا، دالاغا چاچىدىكەن. مۇرا-
سىم شۇنىڭ بىلەن ئاخىرلىشىپ، ئەتىسىدىن باشلاپ ھەممە كىشى
تېرىلغۇغا كىرىشىدىكەن.

خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا: خوتەن رايونىدا «زاراخەتمە» كۆجۈم بوس-
تانلىقلاردىن تاكى چاچقۇن مەھەللە ـ ئايماقلارغىچە كەڭ ئومۇملاشقان
بولۇپ، جامائەتنىڭ ئىختىيارلىقى بىلەن ئۆتكۈزۈلىدىغان بۇ بايرامدا
يۇرت ئەھلى ئاتىغىنىنى ئېلىپ پائالىيەت مەيدانىغا باراتتى. بايلار ـ
ساخاۋەتچىلەر زاراخەتمىگە ئاتىغان مال ـ چارۋىلىرىنى قىبلىگە قارى-
تىپ بوغۇزلىتىپ داش قازانلارغا سالاتتى. تەرەپ ـ تەرەپتە ئوچاقلار يا-
سىلىپ قازانلاردا ئۇماچ قاينىتىلاتتى. يۇرت مۆتىۋەللىسى ئارىلاپ يۈرۈپ
پىشۇرۇلغان گۆشتىن ھەر بىر قازانغا تاشلاپ بېرەتتى. غىزا پىشقىچە
چوڭلار قولىغا ئۇششاق تاش (تاش يوق يەردە قوناق ياكى قوي مايىقى)

5) نورۇز ئېشى. نورۇز كۈنلىرىدە، قۇربى يەتكەن ئائىلىلەردە قۇتلۇق كۈننى ئىپادىلەپ، «ق» تاۋۇشى بىلەن باشلانغان يەتتە خىل (ئىسلام دىنىغا كىرىشتىن ئىلگىرى توققۇز خىل) يېمەكلىك تەييارلىناتتى. مەسىلەن، قايماق، قېتىق، قۇرت، قۇيماق، قاتلىما، قۇيرۇق ـ جىگەر، قۇزا گۆشى (تونۇر كاۋاپ ياكى قورداق) دېگەندەك. بۇنداق غىزالارنى تەييارلاش بىلەن نورۇز باشلانغان يېڭى يىلدا «توققۇزى تەل» بولۇشنى تىلەيتتى ياكى بولمىسا، «س» تاۋۇشى بىلەن باشلانغان، مەسىلەن: سىراق ـ باش (كاللا ـ پاچاق)، سۈت، سېرىق ياغ، سۇ يېغى، سۆك ـ تېرىق، ساغۇن، سىركە، سامساق قاتارلىق نەرسىلەردىن ئۆز خۇرۇچىغا لايىق ھەر خىل غىزالارنى تەييارلايتتى. نورۇز ئېشىنى «تۇتماچ» دەيتتى. نورۇزلۇق ئاشلاردىن بىر خىلى مۇنداق ئېتىلەتتى: كالا، قوي گۆشلىرى (قۇيرۇقلىرى بىلەنلا) داسقا سېلىنىپ، بۇغداي يارمىسى قوشۇلاتتى. قازاننىڭ تېگىگە ئۇلتۇرۇپ قالمىسۇن دەپ، قازانغا مۇشتتەك تاشلار سېلىناتتى. يەنە بىر خىل ئاش ـــ سومۇلەك، ھەر خىل دانلار (بولۇپمۇ بۇغداي مايسىلىرى) بىلەن ئېتىلەتتى. توققۇز خىل دان ۋە قوشۇمچە چامغۇر، ھەر خىل تۇرۇپ بىلەن تەييارلىناتتى. بىدە كۆكى ـ نورۇزدا يېيىلىدىغان ئەڭ ئاساسلىق كۆكتات، شۇنداقلا بۇ نورۇز مەۋسۇمىگە ئۇلگۇرۇپ، ئەڭ ئاۋۋال يەردىن ئۇسۇپ چىقىدىغان، نورۇزغا خاس بىر خىل خىسلەتلىك كۆكتات ھېسابلىناتتى.

6) نورۇز سەيلىسى. نورۇز باشلانغان كۈنى يوقلاش پائالىيىتىنى ئاساسەن تاماملاپ بولۇپ، چۈشتىن كېيىن ئۇلۇغ ـ ئۇششاق ھەممىيلەن خامانغا، بوستانلىققا چىقىپ سەيلە ـ تاماشا قىلاتتى. يىگىت ـ قىزلار ئۆز ئارا ياكى ئايرىم ـ ئايرىم ئىككى تەرەپ بولۇپ، قوشاق ئېيتىشىش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزەتتى. قوشاقتا ئۇتتۇرۇپ قويغانلار جازالىناتتى. يەنى ناخشا ياكى لەتىپە ئېيتىپ بېرىش، ئۇسسۇل ئويناش، دوراش ۋە باشقا ھەرىكەتلەرنى ئورۇنلاشقا مەجبۇر ئىدى. بۇنىڭ بىلەنلا قالماستىن، ئۇتتۇرغان تەرەپ ئۇتقۇچى تەرەپكە شۇ ئاخشىمى بەزمە ئۆتكۈزۈپ بېرەتتى. قىز ـ چوكانلار بوستانلىق ـ چىمەنلىكلەردە چاقپەلەك، ئى-

21 ـ كۈنى باشلىنىپ تۆت كۈن ئەتراپىدا داۋام قىلىپ خىلمۇ خىل شەكىللىكى پائالىيەتلەر ئۆتكۈزۈلۈپ كېلىنگەن. ھەممىدە بۇ پائالىيەتلەر تەرتىپ بويىچە «توققۇز توقۇ» (توققۇز مەرىكە ـ مۇراسىم دېيىلگەن. بۇلار تۆۋەندىكىچە:

**1) نورۇز تازىلىقى.** نورۇز ئالدىدا باشلىنىدىغان «ئارىغ توقۇ» (ئېرىغدىنىش ـ تازىلىق ھەرىكىتى) ھارپا كۈنى ئەۋجىگە كۆتۈرۈلەتتى ئېرىق ـ ئۆستەڭ، كۆللەرنى تازىلاش، ئېغىل ۋە ھويلا ـ ئارانلارنى تازىلاش، كوزا ـ ئىدىشلارنى ئوبدان تازىلاپ، پاكىز باھار سۈيى بىلەن توشقۇزۇش، يوللارنى تازىلاش قاتارلىقلار ئېلىپ بېرىلاتتى.

**2) نورۇز ناغرىسى.** نورۇز باشلىنىش ھارپىسىدا شەھەر، يېزا ـ قىشلاقلاردا نورۇز بايرىمى كەلگەنلىكىنى ئاڭلىتىپ، ناغرا ـ سۇناي چېلىناتتى. ئەل ـ يۇرت نورۇزغا جابدۇناتتى. ھەممە يەر تەنتەنىلىك ھېيت ـ بايرام تۈسىنى ئالاتتى.

**3) سوغۇق قوغلاش.** ھارپا ئاخشىمى يىگىتلەر توپ ـ توپ بولۇشۇپ، ساغانغۇ (ياغ قاچىلاپ پىلىك چىقىرىلغان قاپاق) كۆيدۈرۈپ، يۇرت مەھەللىدىن چىققىنىچە سەھرايى ـ قىرلارغا يۈزلىنىپ سوغۇق قوغلايتتى. سوغۇقنى ھەجۋىي قىلىپ قوشاق ـ بېيىت ئېيتىشاتتى. گۈلخان يېقىپ، ئەتراپىدا قويۇن ئۇسسۇلى ئويناپ چۆرگىلەيتتى. بۇنىڭدا بىر ـ بىرىگە تەڭكەش قىلىنغان توققۇز داپ چېلىناتتى. قىزىقچىلىق قىلىشاتتى، باھار قوشىقىنى دورايتتى. تاڭ ئاتقاندا سوغۇق قوغلىغۇچىلار يۇرت ـ مەھەللىگە يانغاندا، ھەر بىر ئۆيلۈك ئۆز ھالىغا يارىشا ھەر خىل غىزالارنى ئېتىپ، ئۆيلىرى ئالدىدا شىرەگە تىزىپ ئۇلارنى كۈتۈۋالاتتى. بۇ، سوغۇق قوغلىغۇچىلارغا بېرىلىدىغان «ھاردۇق ئېشى» دېيىلەتتى.

**4) يوقلاش.** نورۇز كۈنى چۈشكىچە يوقلاش پائالىيىتى بولۇپ، بۇنىڭدا ئۆي ئايرىپ چىقىپ كەتكەن پەرزەنتلەر ئاتا ـ ئانىلىرىنى يوقلاش؛ قەبرە يوقلاش (سىيرىپ ـ سۈپۈرۈپ، خادا يەڭگۈشلەپ، دۇئا قىلىش)؛ ئىگە ـ چاقىسىز، قېرى ـ چۆرى، يېتىم ـ يېسىر، مېيىپلارنى يوقلاش (ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن كۆمەكلىشىش) ئېلىپ بېرىلاتتى.

زىرائەت ـ ئېكىنچىلىكنىڭ مول ھوسۇللۇق بولۇشىنى تىلەش يۈزىسىدىن كوللېكتىپ دۇئا ـ تىلاۋەت قىلىناتتى. قۇرئان سۈرىلىرىدىن بىرنى قىرائەت قىلغاندىن كېيىن مۇناجات ئوقۇلاتتى. ئاندىن تەبىئىي ئاپەتلەرنىڭ بولماسلىقى، ھۆل ـ يېغىننىڭ مۇۋاپىق بولۇشىنى تىلەپ دۇئا قىلىناتتى.

نورۇزنىڭ خاسىيەتلىرى شۇكى: كىشىلەر نورۇزدا ساۋابلىق ئىشلارنى ـــ ئەل جامائەتكە پايدىلىق ـ پاراۋانلىق ئىشلارنى قىلىشنى ئادەتكە ئايلاندۇرغان. مەسىلەن، مەكتەپ سېلىش، كۆۋرۈك سېلىش، ئېرىق ـ ئۆستەڭ ئېلىش، يول ياساش قاتارلىقلار؛

تۇغۇلغان بالىلاغا نورۇزغا ماسلاشتۇرۇپ ئىسىم قويۇش. مەسىلەن، نورۇزدا تۇغۇلغان ئوغۇل بالىلارغا نورۇز، كۈنتۇغدى، ئايتولدى؛ قىز بالىلارغا چىمەن، باھار، گۈلىستان، گۈلباھار قاتارلىقلار؛ نورۇزغا، يۇرت كاتتىلىرىغا ئاتاپ كىتاب يېزىپ ياكى كۆچۈرۈپ تەقدىم قىلىش، مەشھۇر ھەم مۇقەددەس جايلارغا مەڭگۈ ئەسلىمە بولغىدەك بىرەر نەرسە تەقدىم قىلىش، ئابىدە تىكلەش، دوستلىرىغا، يېقىن كىشىلىرىگە ئۆزىنىڭ ئەقىدىسىنى، ۋاپادارلىقىنى، مېھرى ـ مۇھەببىتىنى ئىپادىلەپ بىر نەرسە تەقدىم قىلىش؛ داستان ـ شېئىرلارنى، كۈي ـ نەغمىلەرنى ئىجاد قىلىش ئومۇمىي ئادەتكە ئايلانغان.

نورۇزنىڭ يەنە بىر مۇھىم خاسىيىتى شۇكى، بۇ بىرلىك ـ ئىناقلىق بايرىمى ئىدى. ئۆچ ـ ئاداۋەتلەر، جۇملىدىن ئارىسىغا سوغۇقچىلىق چۈشكەن ئەر ـ خوتۇنلار «ئۆتكەنگە سالاۋات» قىلىپ، قايتىدىن يارىشاتتى ياكى ياراشتۇرۇلاتتى. بۇ كۆپىنچە، يوقلاش پائالىيىتىدە ياكى مەشرەپ ـ سەيلىلەردە،ياكى بولمىسا، «زاراخەتمە» (سەھرا خەتمە) ۋاقتىدا چوقۇم ئادا قىلىناتتى.

20 ـ ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىدىن كېيىن خوتەندە بۇ مۇراسىمنى «زاراخەتمە» دەپ ئاتاشتىن «نورۇز بايرىمى» دەپ ئاتاش قايتىدىن ئومۇملاشتى ھەمدە شىنجاڭنىڭ باشقا جايلىرىغا ئوخشاش مەزمۇن، شەكىل جەھەتتىن تېخىمۇ بېيىدى. ئۇ تەبىئەتنى سۆيۈش، تەبىئەت ئاتا قىلغان نېمەتلەرنى قەدىرلەش، ئىلىم ـ

لەڭگوچ، تەپكوچ، ئوردىكام، «كوچۇلۇك يەتسە ئال» ياكى «قارا قارا قۇش ناچىم»، مۆكۈشمەك قاتارلىق ئويۇنلارنى ئوينايتتى. ئوغۇل باللار نو رۇز ئاخشىمى «باندال» ئويناپ (باندال ـ تاغاق سۆڭەك ياكى تاغاقق ئوخشاش تارىشا ئۇچىغا ئوت يېقىپ، كېچىسى بىر ـ بىرىگە ئېتىشىپ ئوينايدىغان ئويۇن)، «سوغۇقنىڭ چۈپرەندىلىرى»نى قوغلايتتى.

7) نورۇز يارىشى. نورۇزنىڭ ئىككىنچى كۈنى يارىش (مۇسابىقە) ئۆتكۈزۈلەتتى. بۇ ئاساسەن تەنھەرىكەت ئىدى. مەسىلەن، چېلە - شىش، بېيگە، ئوغلاق تارتىشىش، دارۋازلىق، چەۋگەن (ئات ئۈستىدە ئوينىلىدىغان بىر خىل كالتەك توپ ئويۇنى)، قوچقار سوقۇشتۇ - رۇش، خوراز ۋە كەكلىك چوقۇشتۇرۇش، يۇگۈرۈش، سەكرەش، سال - غا تاشلاش، ئوقيا ئېتىش ۋە باشقىلار.

8) نورۇز مەشرىپى. نورۇزنىڭ ئۈچىنچى كۈنى يۇرت ـ مەھەللە بو - يىچە چوڭ مەشرەپ ئۆتكۈزۈلەتتى. بۇنداق مەشرەپنى يۇرتنىڭ چوڭ - لىرى ئۆتكۈزۈپ بېرەتتى ياكى ئەھلىمەھەللەر قۇربى يەتكىنىچە يە - غىش قىلىپ (ھەر كىم ئۆز ھالىغا يارىشا قوي، توپاق، توخۇ، ئۇن ـ گۈرۈچ، نان، ياغ، كۆكتات، قەنت ـ گېزەك قاتارلىق نەرسىلەرنى ئەكېلىپ) داستىخان تەييارلايتتى. مەشرەپ ناھايىتى تەرتىپلىك، كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزۈلەتتى. مەشرەپنىڭ ئۆزى بىر مەكتەپ ئىدى. شۇڭا كونىلار «بالاڭنى مەكتەپكە بەر، مەكتەپ بولمىسا مەشرەپكە بەر» دېگەن. يۇرۇش ـ تۇرۇش، ئەدەپ ـ سۈلكەتنى بىلمەيدىغان كى - شىلەر «مەشرەپ كۆرمىگەن» دېيىلەتتى.

9) نورۇزلۇق تىلەك. نورۇزنىڭ تۆتىنچى كۈنى ئەھلىمەھەللە ئاخۇن ـ مولللارنىڭ باشچىلىقىدا «زاراخەتمە» (سەھرا خەتمە) ئۆت - كۈزەتتى. خەتمە ئەسلىدە قۇرئاننى باشتىن ئوقۇپ تاماملاش مەنى - سىنى بىلدۈرسىمۇ، بارا ـ بارا دۇئا ـ تىلاۋەت ئۆتكۈزۈشنىمۇ «خەت - مە» دېيىلىدىغان بولغان. بۇ پائالىيەتتە، نورۇزنىڭ ياخشى باشلىن - نىپ، مۇراسىمنىڭ شاد ـ خۇراملىق بىلەن ئۆتكۈزۈلگەنلىكىگە ۋە ئۆتكەن يىلقى نېمەتلەرگە شۈكرانىلىق بىلدۈرۈش، شۇنىڭ بىلەن بىللە بۇ يىلنىڭ ئامان ـ ئېسەن، توقچىلىق بىلەن ئۆتۈشىنى، يەنى

چىقىپ، سائىللارغا تارقىتىپ بېرىدۇ. بەزىلەر بارائەتتە قەبرىگە سالاسۇن ئورنىتىدۇ، يېڭى خادا ئالماشتۇرىدۇ.

بارائەت كېچىسى ياشلار ۋە بالىلار ياغ قاپىقى (ياغلىققاپاق) ئىدىگە سامان تىقىپ، ياغ قاپىقىدىن خادا (بادرا) ئۆتكۈزۈپ ئوت يېقىپ مەشئەل قىلىپ كوتۇرۇپ مەھەللىلەرنى ئارىلاپ قوشاق ئېيتىپ تونەيدۇ. بالىلارنىڭ بۇ خىل تونەك كېچىسى پائالىيىتى ــ ناخشا ـ قوشاق ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئويناپ تونەش، گۇلخان يېقىش، قاپاق كۆيدۈرۈشلەر شامان دىنىدىن قالغان ئادەت دەپ قارىلىپ، دىنىي جەھەتتە قارشى ئېلىنمىغان بولسىمۇ، ياشلار ۋە بالىلارنىڭ «بارائەت ئېيتىش» ئادىتى خوتەن رايونىنىڭ چەت يېزا ـ قىشلاقلىرىدا 20 ـ ئەسىرنىڭ 50 ـ يىللىرىغىچە داۋاملاشقان.

## 3. روزا ـ رامىزان

روزا تۇتۇش ئىسلام دىنىدىكى بەش پەرھىزنىڭ بىرىنىڭ ئادا قىلىنىش شەكلى بولۇپ، ھىجرىيە رامىزان ئېيىنىڭ يەنى 9 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۇنىدىن باشلاپ بىر ئاي داۋام قىلىدۇ. «روزا تۇتۇش» دېگەن بۇ سۆز ئەسلىي پارسچە «كۇن» دېگەن مەنىدىكى «روزا» سۆزىگە ئۇيغۇرچە «تۇتۇش» دېگەن ھەرىكەت نامىنىڭ قوشۇلۇشىدىن ياسالغان بولۇپ، ئۇنىڭ مەنتىقىي مەنىسى «پەرھىز ئادا قىلىش كۇنى» دېگەنلىك بولىدۇ. پەرھىز بويىچە ھەر بىر بالاغەتكە يەتكەن مۇسۇلمان، ئەر ياكى ئايال بولۇشىدىن قەتئىينەزەر رامىزان مەزگىلىدە يەنى تاڭ سەھەردىن قاراڭغۇ چۈشكىچە تاماق يېمەيدۇ، سۇ ئىچمەيدۇ، ئەر ـ خوتۇننىڭ جىنسىي تۇرمۇشى مەنئى قىلىنىدۇ. تاماكا چەككۇچىلەر تاماكا تاشلايدۇ. بۇنىڭدىن باشقا رامىزان مەزگىلىدە كىشىلەرنىڭ بارلىق خۇسۇسىي غەرەز، يامان نىيەتلەردىن خالىي بولۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ. رامىزان ئېيى ئىچىدە، ھەر كۇنى تاڭ ئېتىشتىن بۇرۇن، كىشىلەر زولۇق يەيدۇ. كەچتە قاراڭغۇ چۈشكەندىن كېيىن بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا ئىپتار (ئېغىز ئېچىش دەپمۇ ئاتىلىدۇ) قىلىپ، نا ـ

مەرىپەتنى قەدىرلەش ـ ئۇلۇغلاش، ئىتتىپاقلىقنى چىڭىتىش، دوستلۇقنى كۈچەيتىش بايرىمىغا ئايلىنىپ، ئاممىۋى تەنتەربىيە تۈرلىرىنىڭ پائالىيەت سورۇنى؛ مۇقامچىلار، خەلق ئەلنەغمىچىلىرىنىڭ ماھارەت كۆرسىتىش سەھنىسى؛ يەرلىك مەھسۇلاتلار ۋە ھۈنەر ـ سەنئەت بۇيۇملىرىنى يەرمەنكە قىلىش مەيدانى، سودا ـ تىجارەت بازىرى؛ ئەتىيازلىق تېرىلغۇغا تولۇق كىرىشنىڭ تەنتەنىلىك مۇقەددىمىسىگە ئايلاندى.

## 2. بارائەت

ھىجرىيە 8 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى بارائەت بولىدۇ. بارائەت كۈنى ئۆي ـ ئۆيدە قۇيماق ئېتىلىدۇ. بەزىلەر مۇشۇنىڭغا ئاساسەن، ئۇنى «ياغ پۇرىتىش» دەپمۇ ئاتايدۇ. بارائەت كېچىسى كىشىلەر تۈنەپ تائەت ـ ئىبادەت قىلىدۇ. ئۆزلىرىنىڭ بۇ بىر يىلدا ئامەتلىك ئۆتۈشىنى ئاللادىن تىلەيدۇ. قىلغان گۇناھ، سەۋەنلىكلىرىگە تۆۋە قىلىدۇ.

ئەگەر بىرەر ئائىلىدە شۇ يىل ئىچىدە، يەنى بارائەتتىن ئىلگىرى يېقىن ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى ئۆلۈپ كەتكەن بولسا، ئۇرۇق ـ تۇغقان، دوست ـ بۇرادەرلىرى ۋە قوشنا ـ قولۇملىرى بارائەت داۋامىدا شۇ ئۆيگە كېلىپ، بىر ئائىلە كىشىلىرىدىن ھال سورايدۇ. يوقلاپ كەلگۈچىلەر قارىلىق كىيىم كىيىپ كېلىدۇ. يوقلاپ كەلگۈچىلەر ئالدى بىلەن ئاپتۇۋا ـ چىلاپچا تەييارلاپ، شۇ ئائىلە كىشىلىرىنىڭ قولىغا سۇ بېرىدۇ. ئاندىن كېيىن ئېلىپ كەلگەن قۇيماق قاتارلىق نەرسىلەرنى داستىخانغا قويۇپ، ئۆي ئىگىسىنى ئېغىز تېگىشكە تەكلىپ قىلىدۇ. داستىخان ئۈستىدە، ئۆلگۈچىنىڭ ساۋابلىق ئىشلىرى، ياخشى پەزىلەتلىرى ئەسلەپ ئۆتۈلىدۇ. ئۆي ئىگىسىمۇ غىزا ـ مەزە تەييارلاپ، كەلگۈچىلەرنى كۈتۈۋالىدۇ.

بارائەت كۈنى ھەممە كىشىلەر ئۆلۈپ كەتكەن ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنىڭ تۇپراق بېشىغا چىقىدۇ. قۇرئان ساۋاتى بارلارغا قۇرئان ئوقۇتىدۇ. تۇپراق بېشىغا چىققۇچىلار قۇيماق قاتارلىقلارنى ئېلىپ

### 4. روزى ھېيت

بۇ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان مىللەتلەرنىڭ ئورتاق بايرىمى ھېسابلىنىدۇ. روزى ھېيت ئەرەبچە «ئىيدۇل ـ فىتىر» دەپ ئاتىلىدۇ.

روزى ھېيت ھەر يىلى ھىجرىيە كالېندارى بويىچە 10 ـ ئاينىڭ (شەۋۋال ئېيىنىڭ) 1 ـ كۈنى ئۆتكۈزۈلىدۇ. بۇ كۈن، ئەسلىي ئىسلام دىنىدا بەلگىلەنگەن بەش پەرزنىڭ بىرى ــ 30 كۈن روزا تۇتۇش مەجبۇرىيىتىنىڭ ئادا قىلىنغانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆتكۈزۈلىدىغان خاتىرە كۈن. بۇ كۈنى تاڭ سەھەردە مەسچىتلەردە ناغرا چېلىنىشقا باشلايدۇ. كىشىلەر ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ، تاھارەت ئېلىپ بامدات ناماز ئۆتەيدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ۋە ئەرلەر ئادەتتە 11 ياشتىن يۇقىرى ئوغۇللارچوڭ مەسچىتلەرگە جەم بولۇپ، كۈن نەيزە بويى كۆتۈرۈلگەندە ئىككى رەكەت روزى ھېيت نامىزى ئۆتەيدۇ. ھېيت نامىزىغا كىشىلەر كۆپ كەلگەچكە، مەسچىتنىڭ ئىچى ـ تېشى ھەتتا يوللارمۇ جامائەت بىلەن تولۇپ كېتىدۇ. نامازنىڭ ئالدىدا ئىمام جامائەتكە روزى ھېيت نامىزى ئۆتەش قائىدىلىرىنى سۆزلەپ، ناماز ئاياغلاشقاندىن كېيىن ئىمام ياكى يۇرت ئىچىدىكى ئابرۇيلۇق دىنىي ئۆلىمالار قۇرئان، ھەدىس تەپسىر قىلىدۇ. روزى ھېيتنىڭ تارىخى ۋە باشقا ئالاقىدار ئىشلارنى كۆپچىلىككە چۈشەندۈرىدۇ. ناماز ئاياغلاشقاندىن كېيىن، جامائەت مەسچىت ئالدىغا چىقىپ بىر ـ بىرىنىڭ ئايىمىنى قۇتلۇقلايدۇ، غېرىب ـ غۇرۇۋالارغا پۇل سەدىقە قىلىدۇ، مازارلىقىقا بېرىپ ئاتا ـ بوۋىسى، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنىڭ روھىغا ئاتاپ دۇئا قىلىدۇ. پەرزەنتلىرىگە ھېيتلىق بېرىدۇ.

ھېيت يېتىپ كېلىشتىن بۇرۇن ھەممە ئائىلىدە ئومۇميۈزلۈك تازىلىق قىلىنىدۇ. نان ـ توقاچ يېقىپ، ساڭزا سېلىپ تەييارلىق قىلىدۇ، ھەر كىم ئۆزلىرىنىڭ قۇربىغا قاراپ يېڭى ئۇستىباش تەييارلايدۇ، روزى ھېيت كۈنى كىشىلەر يېڭى كىيىم ـ كېچەكلىرىنى

ماز شامنى ئوقۇپ ئاندىن تاماق يەيدۇ. بۇنىڭدىن باشقا كۈندىلىك بەش ۋاق ناماز تەرك ئېتىلمەي ئوقۇلغاندىن تاشقىرى، ناماز خۇپتەندىن كېيىن يەنە «تەرەۋى» (تاراۋىھ) نامىزى قوشۇپ ئوقۇلىدۇ (بەزى جايلاردا ئىككى رەكەت، تۆت رەكەت قىلىپ ئوقۇلىدۇ. ھازىر يىگىرمە رەكەت ئوقۇش ئومۇملىشىپ قالدى). شۇنىڭدەك تەرەۋى نامىزىغا قارىيلار تەكلىپ قىلىنىپ، قۇرئان باشتىن ـ ئاياغ ئوقۇلۇپ (ھەر قېتىملىق تەرەۋى نامىزىدا بىر قانچە پارىدىن ئوقۇپ، بۇ «خەتمە» دەپ ئاتىلىدۇ) تامام قىلىنىدۇ.

يۇقىرىقى پائالىيەتلەر رامىزان ئېيىنىڭ ئاخىرقى كۈنى (ھىجرىيە 10 ـ ئايغا ئۆتىدىغان كۈنى) يېڭى ئاي كۆرۈنۈشى بىلەن ئاخىرلىشىپ، ئەتىسى روزا تۇتۇش پەرزىنىڭ ئادا قىلىنغانلىق تەنتەنىسى سۈپىتىدە روزى ھېيت بولىدۇ. رامىزان ئېيىدا يۇقىرىدا بايان قىلىنغان نوقۇل دىنىي پائالىيەتلەردىن تاشقىرى ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە پائالىيەتلەرمۇ ئۆتكۈزۈلىدۇ. مەسىلەن: ئوتتۇز كۈن روزا ئىچىدە، كىشىلەر كەچقۇرۇنلىرى ئۆز ئارا ئىپتارغا چىللىشىپ، بىر ـ بىرىنى مېھمان قىلىشىپ ھەمسۆھبەتتە بولۇشىدۇ. يېزا بالىلىرى روزىنىڭ ئونىنچى كۈنىدىن كېيىن توپلىشىپ، ئۆيمۇئۆي يۈرۈپ، قوشاق ئېيتىپ، نان، ئۇن، گۈرۈچ قاتارلىقلارنى تىلەپ مەھەللىدىكى ئاجىز، تۇل، مېيىپ، يېتىملەرگە تارقىتىپ بېرىدۇ. بۇ ماھىيەتتە يوقسۇللارنى يۆلەش، ئۇلار ئۈچۈن سەدىقە، زاكات تىلەش ھېسابلىنىدۇ. «رامىزان ئېيتىش» داۋامىدىكى رامىزان قوشاقلىرىدا ئاجىز ـ بىچارىلەرگە خەير ـ ئېھسان قىلىشنىڭ خاسىيىتى ـ ئۇلۇغلىقى بايان قىلىنغان. قوشاقلار ئىچىدە يېمەكلىك تەلەپ قىلىش، جىقراق بەرگەنلەرنى مەدھىيەلەش ۋە ئۇنىڭغا ياخشى تىلەكلەرنى تىلەش؛ ئاز بەرگەن ياكى بەرمىگەنلەرنى ئىزاغا قويۇش مەزمۇنلىرىمۇ ئەكس ئەتكەن. قوشاقلار بىرسىنىڭ باشلىشى بىلەن ئالدىنقى كۇپلېتى ئاھاڭلىق ئوقۇلسا، كېيىنكى كۇپلېتى دېكلاماتسىيە قىلىنىپ كوللېكتىپ ئۈزۈلدۈرمەي ئوقۇلىدۇ. ھەر بىر كۇپلېت قوشاقتىن كېيىن «لاھىمەي، ئىلاھىمەي شۇ رامىزان» ياكى «رەببىمەي، ئىلاھىمەي شۇ رامىزان» سۆزى نەقرات قىلىپ ئېيتىلىدۇ.

ھېيت كۈنى، تاڭ سەھەردە مەسچىت پەشتىقىدا ناغرا ـ سۇناي چېلىنىشقا باشلايدۇ. كىشىلەر ئەتىگەن ئورنىدىن تۇرۇپ، تاھارەت ئالغاندىن كېيىن، بىر ـ بىرلەپ مەسچىتكە يىغىلىدۇ. بىر قىسىم جايلاردا ھېيت نامىزى ئوقۇشقا ماڭغان جامائەت بىر توپ ـ بىر توپ بولۇپ، مەسچىتكە يېتىپ بارغىچىلىك يەتتە ئورۇندا توختاپ، يەتتە قېتىم «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ تەكبىر ئېيتىدۇ ۋە مەسچىتكە كىرىپ ئىمامنىڭ باشچىلىقىدا قۇربان ھېيت نامىزىغا تەييارلىنىدۇ. دىنىي ئۆلىمالار جامائەتكە ھېيت نامىزى ئايەتلىرى ۋە تەرتىپلىرىنى بىر قېتىم ئەسلىتىدۇ، قۇربان ھېيتنىڭ كېلىش تارىخى، ئەھمىيىتى، قۇربان ھېيتتا دىققەت قىلىدىغان ئىشلارنى چۈشەندۈرىدۇ. ھەر قايسى مەسچىتلەردە بىرلا ۋاقىتتا ئوقۇلغان ناماز ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، جامائەت مەسچىت ئالدىدا بىر ـ بىرىنى تەبرىكلەيدۇ. ئاندىن كېيىن ھەممەيلەن ئۆيلىرىگە قايتىپ قۇربانلىق قىلىدۇ. قۇربانلىققا پۇت ـ قولى ساق، ساغلام قوچقار ئۆلتۈرۈش سۈننەت ھېسابلىنىدۇ. قۇربانلىق قوينىڭ تېرىسى مەسچىتكە سەدىقە قىلىنىدۇ ۋە قۇربانلىق قىلالمىغان كىشىلەرگە ئازىراقتىن گۆش، كاللا، پاقالچاق تارقىتىپ بېرىلىدۇ. ئالدى بىلەن بىر قازان گۆش پىشۇرۇلۇپ، ئائىلە ئەزالىرى قۇربانلىق گۆشكە ئېغىز تېگىدۇ. ئايال ساھىبخانا بارلىق ھۈنىرىنى ئىشقا سېلىپ مېھمان ئۈچۈن پىشۇرۇلغان گۆش، ئۆپكە ـ ھېسىپ، پولۇ، ئۈگرە قاتارلىقلارنى تەييارلايدۇ.

قۇربان ھېيت خوتەنلىكلەر ئۈچۈن ئالغاندىمۇ، بىر يىل ئىچىدىكى ئەڭ كاتتا بايرام ھېسابلىنىدۇ. ھېيتتىن بۇرۇن تولۇق تەييارلىق كۆرۈلىدۇ. ئۆي ئىچى ۋە ھويلا ـ ئارانلار پاك ـ پاكىز تازىلىنىدۇ. چوڭ ئادەملەر ۋە كىچىك باللارنىڭ ھەممىسى يېڭى كىيىم كىيىدۇ. ھەممە ئائىلە تاتلىق ـ تۈرۈم سالىدۇ. ھەر خىل پېچىنە ـ پىرەنىك ياسايدۇ. توقاچ ۋە كاكچا ياقىدۇ. يەنە قەنت ـ كېزەك، مېۋە ـ چېۋە، قوغۇن ـ تاۋۇز تەييارلىنىدۇ. داستىخانغا ھەر خىل يېمەكلىكلەر تىزىلغاندىن كېيىن، ئۈستى يەنە داستىخان بىلەن يېپىپ قويۇلىدۇ. ئۆيگە مېھمان كەلگەندىن كېيىن، ئۈستىگە يېپىلغان

كىيىپ خۇشاللىق كەيپىياتى ئىچىدە ھېيت ئۆتكۈزىدۇ. ھېيت مەز ـ گىلىدە ئۆي ئايرىپ چىقىپ كەتكەن پەرزەنتلەر تۇنجى كۈنى ئاتا ـ ئا ـ نىلارنى ھېيتلايدۇ. يېڭى توي قىلغان قىز ـ يىگىتلەر، بولۇپمۇ ئەر ئايالنى ئېلىپ قېيىنئاتىسىنىڭ ئۆيىگە ھېيت پەتىسىگە بارىدۇ. ئۇ ـ لۇملۇك بولغان ئۇرۇق ـ تۇغقانلار، قولۇم ـ قوشنىلار ۋە كېسەل ئازا ـ بى تارتىپ يېتىم ۋاتقانلار پەتىلىنىپ، ئەھۋال سورىلىدۇ. ئۇرۇق ـ تۇغ ـ قان، دوست ـ بۇرادەرلەر بىر ـ بىرىنى ھېيتلايدۇ، بىر ـ بىرىنى ئې ـ سىل تائاملار بىلەن كۈتۈۋالىدۇ. توپلىشىپ ھېيتلىغۇچىلار ئۆي ـ ئۆيلەردە ھېيت نېمەتلىرىگە ئېغىز تەگكۈزۈپ، بىرەر پىيالىدىن چاي ئىچىپ پەتىلىشىدۇ، ئەل ـ ئاغىنىلەر شۇ ئۆيدىكى كىچىك بالىلارغا ھېيتلىق بېرىدۇ. يىراق ـ يېقىندىكى ئۇرۇق ـ تۇغقانلار ۋە كە ـ سىپداشلار ئىككى ـ ئۈچ كۈن ئىچىدە ھېيتلاپ بولالمىغانلىقتىن، پەتىلەش ھېيت ئېيى چىقىپ كەتكىچە داۋاملىشىدۇ.

## 5. قۇربان ھېيت

قۇربان ھېيتمۇ ئىسلام كالېندارى (ھىجرىيە) بويىچە 12 ـ ئاي (زۇل ـ ھەججە) نىڭ 10 ـ كۈنى — روزى ھېيت ئۆتۈپ 70 كۈندىن كېيىن، رامزان ئېيىدىن باشلاپ ھېسابلىغاندا 100 كۈندىن كېيىن ئۆتكۈزۈلىدۇ.

قۇربان ھېيت ئەرەبچە «ئىيدۇل ـ ئەزھا» — چوڭ ھېيت دېگەن مەنىنى بېرىدۇ. قۇربان ھېيت دېگەن سۆزنىڭ ئۆزىدىن بۇ ھېيتتا قۇربانلىق قىلىنىدىغانلىقى چىقىپ تۇرىدۇ. ئۇيغۇرلار ۋە ئىسلام دى ـ نىغا ئېتىقاد قىلىدىغان باشقا مىللەتلەر ئارىسىدا قۇربان ھېيت روزى ھېيتقا قارىغاندا تېخىمۇ قىزغىن، داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلىدۇ.

قۇربان ھېيت كۈنى ھەر بىر ئائىلە بىردىن قوي قۇربانلىق قى ـ لىدۇ. بىر ياكى بىر قانچە ئائىلە بىرلىشىپ بىر كالا قۇربانلىق قىلىسىمۇ بولىدۇ. روزى ھېيتقا ئوخشاش، قۇربان ھېيت مىلادىيە بويىچە ھېسابلىغاندا ھەر يىلى 12 كۈن بالدۇر كېلىدۇ (شۇڭلاشقا، بىر يىلنىڭ ھەممە ئېيىدا قۇربان ھېيت كېلىشى مۇمكىن).

ئۆلتۈرۈپ قۇربانلىق قىلغان. قارۇشتى يېزىقىدىكى بىر ماتېرىيالدا «كەلكۈن كەلگەن مەزگىلدە سۇ باشلايدىغان ئېغىز بېشىدا مال ئۆلتۈ ـ رۈپ نەزىر ـ چىراغ قىلىش تەلەپ قىلىنغانلىقى» يېزىلغان. قۇرباز ـ لىق قىلىشتا ئۆي هايۋانلىرى ئاساس قىلىنىپ، تەڭرىنىڭ مەلۇم بېشارەتلەر ئارقىلىق قوبۇل قىلغان ـ قىلمىغانلىقى كۆزىتىلگەن. يەنە بىرى يادا قىلىش بولۇپ، ئادەتتە سۇ ـ يامغۇر تىلەش ــ يادا قىلىشنىڭ ۋاقتى كۆپىنچە هاللاردا يىل بېشىدا ئېلىپ بېرىلغان. يۇرتتىكى خەلق يېڭى يىل باشلىنىشى بىلەنلا بۇ بىرىيىلدا سۇنىڭ كۆپ بولۇشىنى، مول هوسۇل ئېلىشنى ئارزۇ قىلىشىپ، بىر يەرگە يىغىلىشىپ سۇ ـ يامغۇر تىلەش مۇراسىمى ئۆتكۈزگەن، «يىل بېشى نورۇزدىن» دېگەندەك يىل بېشىدا تولۇپ تاشقان ئۈمىد ـ ئارزۇلار بە ـ لەن تەڭرىگە سېغىنىپ دۇئا قىلىشىپ سۇ، يامغۇرنىڭ كۆپ بولۇپ مول هوسۇلنىڭ ياخشى بولۇشىنى ئۈمىد قىلىشقان.

ئۇلۇغ ئالىم مەهمۇد كاشغەرىي «تۈركى تىللار دىۋانى» دا يادا سۆزىگە تۆۋەندىكىدەك تەبىر بەرگەن: «يادا قىلدۇردى. بەگ (شامال چىقىرىپ، يامغۇر ياغدۇرۇش ئۈچۈن) يادا قىلدۇردى. بۇ تۈرك يۇرت ـ لىرىدا مەشھۇر بىر ئىشتۇر. ئۇلۇغ تەڭرىنىڭ ئىزنى بىلەن، يادا تاشقا ئوقۇش ئارقىلىق شامال، سالقىنلىق ۋە يامغۇر پەيدا قىلىنى ـ دۇ».[①] يۇقىرىقى ئىزاهتىن شۇنى بىلىش مۇمكىنكى، تۈرك ئەللە ـ رىدە شامان دىنى بىلەن مۇناسىۋەتلىك يادا تاشقا سېھىر قىلىپ يام ـ غۇر، شامال تىلەشتەك بۇ خىل ئادەت ئىزچىل مەۋجۇت ئىدى. جۇمە ـ لىدىن بۇددا دىنىنىڭ گۈللەنگەن مەركىزى بولغان خوتەن دىيارىدى ـ مۇ شۇنداق بولۇپ، «ئېغىر قۇرغاقچىلىقتا ئۇچرىغاندا، باخشى تەك ـ لىپ قىلىپ يامغۇر تىلەيدۇ ۋە مازار غوجامغا بېرىپ 41 كۈن كەم قىلماي قۇرئان ئوقۇتىدۇ. يامغۇر تىلەش رەسمى يوسۇندىكى جادۇ قىلىش مەشغۇلاتىدا باخشى ئۆلتۈرۈلگەن مالنىڭ ئۈچىيىدىن تې ـ

① مەهمۇد كاشغەرىي: «تۈركى تىللار دىۋانى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1983 ـ يە ـ لى نەشرى، 2 ـ توم، 519 ـ بەت.

داستىخان ئېلىنىۋېتىلىپ سىنچايدىن كېيىن مېھمانلار غىزاغا تەكـ ـلىپ قىلىنىدۇ. ئارقىدىن گۆش، شورپا، قويۇلغان ئۆپكە ـ ھېسىپ قاتارلىقلار ئېلىپ كېلىنىپ داستىخانغا قويۇلىدۇ.

پەرزەنتلەرنىڭ ئاتا ـ ئانىلىرىدىن ھېيتلىق ئېلىشى ۋە يېڭى كىيىم كىيىشى بۇ ھېيتنىڭ ئەڭ چوڭ خۇشاللىقى بولۇپ، قۇربان ھېيتتا ھېيتلىشىش خېلى ئۇزۇن داۋام قىلىدۇ. ناماز ئوقۇلغان كۈنى چۈشتىن كېيىن پەتىلەش باشلىنىپ، بىرىنچى كۈنى ئاتا ـ ئانىلار، بىتاپ بولۇپ قالغان ئۇرۇق ـ تۇغقان، دوست ـ يارەنلەر؛ قارىلىق بولغان ئۆيلەر، قۇدا ـ باجىلار، يېقىن ئۆتىدىغانلار بىر ـ بىرىنىڭ ئۆيىگە ھېيت پەتىسىگە بارىدۇ. ھېيتنىڭ 3 ـ ، 4 ـ ، 5 ـ كۈنلىرى قوشنىلار، دوستلار، كەسىپداش ـ ئىشداشلار ئۆز ئارا پەتىلىشىدۇ.

روزا ھېيت ياكى قۇربان ھېيت بولسۇن خانىقا ـ مەسچىتلەرنىڭ پەشتاقلىرىدا ناغرا ـ سۇناي چېلىپ، مەيدان ـ رەستىلەردە ساما سېلىش، ھېيت نامىزى ئوقۇلغان مەسچىت ئالدى ۋە تۇزلەڭلىكتە بازار قىزىتىش، تۇخۇم چېكىشتۇرۇش، تۈرلۈك ئاممىۋى تەنتەربىيە پائالىيەتلىرى، مەدداھ ـ داستانچىلار ۋە مۇقامچىلارنىڭ يىغىلىشى، ئوغلاق تارتىشىش ئۆتكۈزۈش، ھېيت مەزگىلىدە توي قىلىش، جاڭـ ـگال يايلاقلىرى بويىدىكى كەنت ـ مەھەللىلەردە قارچىغا قوشلاش، ئوۋ ئوۋلاش قاتارلىقلار ئادەت ئىدى.

(ئابدۇللا سۇلايمان)

## 6. سۇ، يامغۇر تىلەش مۇراسىمى

قەدىمكى خوتەن خارابىلىقلىرىدىن تېپىلغان نۇرغۇنلىغان ئاسارئە ـ تىقىلەر، يازما پاكىتلار ۋە ئېكسپېدىتسىيە خاتىرىلىرىگە ئاساسلانـ ـغاندا، ئەجدادلىرىمىز تەڭرىدىن سۇ، يامغۇر تىلەشتە بىرى دەريا، كۆۋرۈك بېشى، ئېقىن بويلىرىغا چىقىپ كالا، قوي قاتارلىقلارنى

كەتكەن بولغاچقا تاياپچىسىز قالغانىكەن. پادشاھ ئۇنىڭ ئۈچۈن بىر جورا تالاپ بېرىپتۇ. ئېقىن ئەسلىگە قايتىپتۇ. كېيىن بىر ۋەزىر ئاق ئاتقا مىنىپ، ئەجدىھا ئوردىسىغا كىرىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن دەريا سۈيى ئۇ-زۇلمەپتۇ، يۇقىرالار ئۈچۈن بەخت يارىتىلىپتۇ. ئەگەر بۇ رەسىم سىتەيىن ئېيتقاندەك بولسا، شۇەنزاڭ بايان قىلغان ئاشۇ ھېكايىدىكى ئايال دەل ئا-يال ئەجدىھا، ئۇنىڭ يېنىدىكى كىچىك بالا ئۇنىڭ يېڭى ئېرى.»①

ۋاڭ رۇڭ «كوئېنلۇندىكى ئېزىنتقۇ — ئۇدۇن» ناملىق كىتابىدا نىيا توغرىسىدا بايان قىلىپ: «بۇددا پائالىيەتلىرى سۇ بىلەن مۇناسىۋەت-لىك. بۇ دۆلەت ھەريىلى تۆتىنچى ئاينىڭ دەسلىپىدە بۇت يۇيۇش باي-رىمى ئۆتكۈزىدۇ، بايرام ناھايىتى ھەشەمەتلىك بولىدۇ، كىشىلەر سۇ-زۇك سۇلارنى بۇتلارغا چېچىپ، ئىخلاس بىلەن دۇئا قىلىپ تۆۋەندىكى تىلەكلەرنى تىلەيدۇ: ھەر جاي، ھەرۋاقىت، كىيىم - كېچەك، ئوزۇق - تۈلۈكلەر مول بولسۇن، يامغۇر ئىلاھى يامغۇرلارنى مول قىلسۇن، يام-غۇر - يېشىن كۆپ بولۇپ، دەل - دەرەخلەر بولۇق ئۆسسۇن، دانلىق زىرائەتلەر مول ھوسۇل بەرسۇن، خانلىقلار گۈللەنسۇن، ئىلاھ ھەممە جانلىقلارنى پاناھىدا ساقلىسۇن.» «خان سۇ مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، سۇ تەقسىم قىلىشقا ئۆزى ئارىلاشتى. سۇ ئىلاھىدىن سۇ تەلەپ قىلىش ئۈچۈن، بۇ خانلىقتا ھەر يىلى نىيا دەرياسى چوڭ كۆۋرۈكىنىڭ يېنىدا قۇربانلىق قىلىش ئېلىپ بېرىلاتتى. كالىلارنى ئۆلتۈرۈپ كۆۋ-رۈك ئىلاھىغا تەقدىم قىلاتتى. ئەگەر بىرى چۇشىدە كۆۋرۈك ئىلاھى-نىڭ قۇربانلىقنى قوبۇل قىلمىغانلىقىنى كۆرسە يەنە باشقىدىن كالا ئۆلتۈرۈپ قۇربانلىق قىلاتتى»② دەپ يازغان. ئاۋرىل سىتەيىن كۆھما-رىم تېغىدىن ئۆتكەندە خاتىرىسىگە مۇنداق يازغان: «جۇغراپىيەلىك ئالاھىدىلىككە ئاساسەن مەن گېرىنارد (grenard)ۋە دۇترىيۇيل (Dutreuil)، رىنس(Rhins)قاتارلىقلارنىڭ كۆھمارىمنى (شۇەنزاڭ خا-تىرىسىدە بايان قىلىنغان) خوتەندىكى بۇددا دىنىنىڭ مۇقەددەس جايى

②① ۋاڭ رۇڭ (تۈزگەن): «كوئېنلۇندىكى ئېزىنتقۇ — خوتەن»، يۈننەن خەلق نەشرى-ياتى 2002 - يىلى خەنزۇچە نەشرى، 88 - ، 118 - بەتلەر.

يىلغان يادا تاشنى مالنىڭ قېنى ئېلىنغان قاچىغا سېلىپ سۆگەت چىۋىقى بىلەن توختىماي قوچۇيدۇ ۋە ئايەت ئوقۇيدۇ. يامغۇر تىلەش گەرچە ئەل ئىچىدىكى جادۇگەرلىك پائالىيىتى بولسىمۇ، لېكىن ئىسلام مەدەنىيەت تۈسىگە ئىگە بولغان.»①

يامغۇر ـ يېشىن، سۇ تىلەپ قۇربانلىق قىلىش مەيلى ئىسلام دىنىدىن ئىلگىرى بولسۇن، مەيلى كېيىن بولسۇن، باش ئەتىياز پەسلىدە ئېلىپ بېرىلغان. يادا قىلىشتا قايسى پەسىلدە سۇ قىس بولۇپ، يامغۇر ـ يېشىن ئاز ياغسا شۇ چاغدا يۇرتتىكى كىشىلەر يە-غىلىشىپ، يادا تاشقا سېھىر قىلغۇچى كىشىنىڭ يېتەكچىلىكىدە يامغۇر تىلەش پائالىيىتى ئېلىپ بېرىلغان. قۇربانلىق قىلىپ، سۇ تىلەشمۇ بەزى هاللاردا دەريا، كۆللەرنىڭ سۇ مەنبەسى ئاز قالغاندا، زىرائەتلەر ئۇسساپ كەتكەندە قەدىمىي، ئۇلۇغ دەپ قارىلىپ كەلگەن جايلارغا، دەريا ـ ئېقىن باشلىرىغا چىقىپ يامغۇر تىلەنگەن.

خوتەندە يامغۇر تىلەش هەققىدە نۇرغۇنلىغان هېكايەت ۋە ئەپسانىلەر تارقالغان. داڭلىق ئېكسپېدىتسىيەچى ئاۋرېل ستەيىن دەنداناۋىلىق خارابىسىنى قازغاندا كۆلچەكتە يۇيۇنۇۋاتقان بىر ئايالنىڭ سۈرىتى چۈ-شۈرۈلگەن بىر رەسىمنى بايقىغان بولۇپ، هېلىقى ئايالنىڭ يان تەرىپى-دە بىر كىچىك بالا ئايالغا يېقىنلىشىشنى ئويلاۋاتقانلىقىدەك كۆرۈنۈشتە ئىكەنلىكىنى، هەمدە بۇ رەسىمنىڭ هىندىستان ئۇسلۇبىنىڭ روشەن تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقىنى يازغان. ئەمما خەنزۇ تارىخچىلار بۇنى شۈ-ەنزاڭنىڭ «ئۇلۇغ تاڭ دەۋرىدىكى غەربكە ساياهەت» ناملىق كىتابىدىكى «ئەجدىها قىزنىڭ جورا ئىزدىشى» ناملىق هېكايىنىڭ ۋارىيانتى دەپ قارايدۇ. هېكايىدە ئېيتىلىشىچە: «قەدىمكى ئۇدۇننىڭ شەرقىي جەنۇب قىسمىدا بىر دەريا بولۇپ، دەريادا سۇ مەنبەسى ئۈزۈلۈپ قاپتۇ. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا ئەجدىهانىڭ سەۋەبىدىن ئىمىش، پادىشاھ دەريا بو-يىدا نەزىر ـ چىراغ سۇپىسى ياساتقىپتۇ. ئەجدىها قىزنىڭ ئېرى ئۆلۈپ

① «خوتەننىڭ قىسقىچە تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، ئۇيغۇرچە 2005 ـ يىلى نەشرى، 344 ـ بەت.

لۇشى ئۇچۇن ئۇزۇن دۇئا قىلىشقان. خۇدا ئالدىدا ئۆتكۈزۈپ قويغان گۇناھلىرى ئۈچۈن مەغپىرەت تىلىگەن. ھوسۇلنى كۆپ ئېلىش، يۇرت-نىڭ بەرىكىتى ئۈچۈن تىلەكلەر تىلەنگەن.

## 7. يىغىم مۇراسىمى

خوتەنلىكلەرنىڭ يىغىم مۇراسىمىنىڭ شەكلى ئاددىي، مەزمۇنى-مۇ كۆپ ئەمەس، باشقا مۇراسىملاردەك داغدۇغىسى ۋە ئادەت تۈسى بەك قويۇق ئەمەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئائىلە ئەزالىرىلا يىغىلىپ ئۆت-كۈزۈشتەك كوللېكتىپ تۈسىنىڭ سۇس بولۇشى، ئۇنىڭ دائىرىسى-نىڭ كىچىك بولۇشىنى بەلگىلەپ قويغان.

يىغىم مۇراسىمى خاراكتېر جەھەتتىن مول ھوسۇلنىڭ كۆپ بو-لۇشىنى، ئاشلىقنىڭ بەرىكەتلىك بولۇشىنى، بىر ئائىلە كىشىلىرى-نىڭ كېلەر يىلى خامانغا ئۇلاشقىچە توقچىلىق بىلەن ئۆتۈشىنى ئارزۇ ـ تىلەك قىلغان مۇراسىمدۇر. شۇڭلاشقىمۇ ئۇ بۇغداي ـ قو-ناقلارنى يىغىۋېلىپ، خامانلار چەشلەنگەن ۋاقىتتا ئېلىپ بېرىلغان.

بۇ مۇراسىمنىڭ ئورنى ئاساسەن خامان ئېلىنغان ئورۇندا بولۇپ، خامانلار جاپالىق ئەمگەك ئارقىلىق چەشلەنگەندىن كېيىن، ئاشلىقنىڭ كۆپ ـ ئاز چىققىنىدىن قەتئىينەزەر بىر ئائىلە كىشىلىرى يىغىل-غان. چوڭلار، بولۇپمۇ ئانىلار ياغ پۇرىتىش ئۈچۈن تەييارلىق قىلغان. خاماندا ئوچاقلار ياسىلىپ، ئالدىن خېمىردىن زوۋۇلا قىلىپ، قۇيماق ياكى پوشكال قاتارلىقلار سېلىنغان (ئەمما، 20 ـ ئەسىرنىڭ 50 ـ يىللىرىدىن بۇيان ياغنى ئۆيدە پۇرىتىپ، خامانغا قۇيماقلارنى ئېلىپ چىقىدىغان ئادەتكە ئۆزگەردى). بىر ئائىلە كىشىلىرى خامانغا يىغىل-غاندىن كېيىن، قۇيماق ـ پوشكاللارنى يەپ ئۇلۇغلارنىڭ، ئەجدادلى-رىنىڭ روھىغا دۇئا قىلىشقان ھەمدە ئۇلاردىن ئاشلىقنىڭ بەرىكەت-لىك بولۇشىنى، كېلەركى مۇشۇ ۋاقىتقىچە ئۇلىشىشىنى، مول ھو-سۇلنىڭ كۆپ بولۇشىنى تىلىگەن. دۇئا قىلىپ بولغاندىن كېيىن،

دېگەن قارىشىنىڭ توغرىلىقىغا ئىشەندىم. «غەربكە ساياھەت خاتىرى-سى»گە ئاساسلانغاندا، تاغ ئۈستىدە، بىر بۇتخانا سېلىنغان بولۇپ، بۇ جاي ساكيامۇنىنىڭ «تەڭرىلەرنىڭ كىشىلەر ھەققىدە ئېيتقان ئەمر ـ مەرۇپلىرى»، يەتكۈزۈلگەن جاي ئىكەنلىكىنى بىلدۈرەتتى. يېقىن ئەتراپتا كىشىلەر سەجدە قىلىدىغان بىر چوڭ تاش ئۆي بولۇپ، كىشى-لەر ھەقىقىي ئارخاتنىڭ ئاشۇ غار ئىچىدە تۇرۇپ، ئۆزلىرى ئۈچۈن شەپقەت تىلەيدىغانلىقىغا ئىشەنگەن ھەم بۇ رىۋايەت كەڭ تارقالغان. ھازىر بۇ يەر ئەۋلىيالاردىن مۇھسىب خوجىنىڭ مازىرى ئىكەن. ئۇ ئۇلۇڭ قىرغاقتىكى شېغىللىق تىك قىيانىڭ چوققىسىغا جايلاشقان بولۇپ، قەدىمكى بۇددا دىنى مۇقەددەس جايىنىڭ شۆھرىتىگە ۋارىسلىق قى-لىپ، خوتەن مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئالاھىدە تاۋاپ قىلىدىغان ئورنى بولۇپ قالغاندى. ئەينى ۋاقىتتا، دېھقانلار ئاشلىقتىن مول ھوسۇل ئېلىش ـ ئالالماسلىقنى سۇ ئورنىنىڭ كۆتۈرۈلۈش ۋە تۆۋەنلىشى بىلەن مۇناسى-ۋەتلىك دەپ قارىغاچقا، ئەۋلىيالارنىڭ ئۇلارنى قوغدايدىغانلىقىغا ناھا-يىتى ئىشىنەتتى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئامبال بەن دارىن ھۆكۈمەت تەرەپكە ۋاكالىتەن سوۋغا تەقدىم قىلىش شەكلى ئارقىلىق، بۇ جايىنىڭ مۇقەددەس جاي ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلغان ئىكەن.»[①]

خوتەندە داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان سۇ ـ يامغۇر تىلەش مۇراسىمدا قۇرئان خەتمە قىلىش ئاساس قىلىنغان. بۇنىڭدا يىل بېشىدا ياكى قۇرغاقچىلىق يۈز بەرگەن پەسىللەردە مەلۇم بىر يۇرتنىڭ، مەلۇم يېزا ياكى تارماق ئېقىننىڭ سۈيىنى بىللە ئىشلىتىدىغان يۇرتتىكى خەلق-لەر ئۆز ئارا مەسلىھەتلىشىپ، ئاخۇنۇمنىڭ يېتەكچىلىكىدە توپ ـ توپ بولۇپ دەريا ـ ئېقىن باشلىرىغا قۇربانلىق قوي، كالا قاتارلىق ھايۋانلارنى ئېلىپ چىققان. قۇربانلىق ئۆلتۈرۈلۈپ گۆشى قازانغا سې-لىنىپ كىشىلەر ئاخۇنۇمنىڭ يېتەكچىلىكىدە قۇرئان تىلاۋەت قىلغان. جامائەت گۆشلەرنى يەپ يامغۇر ـ يېشىننىڭ، دەريا سۈيىنىڭ كۆپ بو-

① ئاۋرېل ستەيىن: «قۇمغا كۆمۈلگەن خوتەن خارابىلىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىيا-تى 2001 ـ يىلى نەشرى، 231 ـ بەتلەر.

ئۆينىڭ قىبلىسىنى توغرىلاپ بېرىدۇ. ئاندىن كېيىن تامچىلار ياكى خارەتلەر ئىش باشلاپ كېتىدۇ. خوتەنگە ئىسلام دىنى تارقىلىپ كىرىشتىن ئىلگىرى ئۆيلەرنىڭ ئالدى قايسى تەرەپكە قارايدىغانلىقى، ئۇل قويۇش مۇراسىمى ئۆتكۈزىدىغان ـ ئۆتكۈزمەيدىغانلىقى ھەققىدە يازما پاكىتلار يوق. ھۇنلارنىڭ ئۆي سېلىش، چېدىر تىككەلەشتە ئىشىك ـ دەرۋازىسىنى جەنۇب تەرەپكە قارىتىدىغانلىقى ھەققىدە خەنزۇچە تارىخىي مەنبەلەردە يازمىلار ساقلانغان. خوتەنلىكلەر ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن ئۆينىڭ ئىشىك ۋە هويلا دەرۋازىسىنى شەرققە قارىتىدىغان بولدى. بۇنىڭدا ئۆينىڭ قىبلىسىنى مەككە بىلەن ئۇدۇللاش ئاساسىي مەقسەت قىلىنغان.

تامچى، خارەتلەر ئىش باشلىغان ۋاقىتتا ئۆينىڭ قۇرۇلمىسىنى ئاساس قىلىپ تۆت بۇرجىكىگە توخۇ، ئۆردەك قاتارلىقلارنى ئۇلتۇرۇپ قېنى ئېقىتىلىدۇ، بۇ ئادەتتە «قان قىلىش» دەپ ئاتىلىدۇ. قان قىلىنغاندىن كېيىن شۇ مەھەللىدىكى كىشىلەر قۇربانلىقنىڭ گۆشىنى يەپ ئۆينىڭ ئوڭۇشلۇق پۈتۈشى، ئۆي ئىگىسىنىڭ ئۆمرىنىڭ ئۇزۇن بولۇشى ئۈچۈن دۇئا قىلىدۇ. بەزى چاغلاردا «قان قىلىش» تىن كېيىن مەخسۇس قۇرئان تىلاۋەت قىلىدىغان ئىشلارمۇ ئېلىپ بېرىلىدۇ. قىسقىسى، قۇربانلىق قىلىش ئۆيگە بولغان روھىي تەلپۈنۈش ۋە ئۇنىڭ ئوڭۇشلۇق پۈتۈشى ئۈچۈن ھازىرلانغان تەييارلىقتىن ئىبارەت.

خام كېسەكلىك ۋە ياغاچ قۇرۇلمىلىق ئاددىي ئۆيلەرنى سېلىشتا ئۆي ئىگىسى ئاساسەن بىر ئائىلە كىشىلىرى بىلەن ئىش باشلايدۇ، قولۇم ـ قوشنىلار، يۇرت ـ مەھەللىدىكىلەر، ئۇرۇق ـ تۇغقانلار قول ـ قولچە ياردەملىشىدۇ. (ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىدىن بۇيان ئاساسىي جەھەتتىن ھۈنەرۋەنلەرنى تەكلىپ قىلىش ئارقىلىق ئۆي سېلىنىدىغان بولدى). ئۆي پۈتكەندىن كېيىن مۇۋاپىق ئىش ھەققى بىلەن ھۈنەرۋەنلەر رازى قىلىنىدۇ.

ئۆي سېلىشتا ئۆي ئىگىسى مەبلەغ ۋە كۈچ سەرپ قىلىپلا قالماستىن، قولۇم ـ قوشنىلارمۇ ياردىمىنى ئايىمايدۇ. ئادەتتە ياردەم،

چەشلەنگەن ئاشلىقنى تاغارلارغا ئۇسۇشش ئالدىدا ئاشتىن بىر غەل-ۋىر ئېلىپ خامان ئەتراپىغا چېچىۋېتىدىغان ئەھۋاللارمۇ بار. شۇنى تەكىتلەش زۆرۈركى، ياغ پۇرتىپ، مول ھوسۇلنىڭ كۆپ بولۇشنى، ئاشلىقنىڭ بەرىكەتلىك بولۇشنى تىلەش شامان دىنىنىڭ ئەجدادلار-نىڭ روھىغا تېۋىنىش قارىشىدىن كەلگەن بولۇشى مۇمكىن.

تېرىلغۇ يەر، خوتەنلىكلەرنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىدا مۇھىم رول ئويناپ كەلگەن. قۇملۇق بىلەن چەكلىك سۇ مەنبەسىنىڭ بوستانلىق ۋە تېرىلغۇ يەر تالىشىشى ــ خوتەننىڭ قەدىمدىن بۇيانقى ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدىكى ئوبيېكتىپ ھادىسە. يىغىم مۇراسىمى ئارقىلىق مول ھو-سۇلنى تەبرىكلەش، ئاشلىقنىڭ بەرىكەتلىك بولۇشنى تىلەش بىر خىل روھىي مەدەتكارلىق ئىزدەش، كەلگۈسىگە نىسبەتەن ئۈمىد ـ ئارزۇ تىك-لەش، ئېرىشكەن ھوسۇلغا شۈكۈر ـ قانائەت قىلىشتىن ئىبارەت.

### 8. ئۆي سېلىش ــ ئۇل قويۇش مۇراسىمى ۋە ئۆي مەرىكىسى

خوتەنلىكلەرنىڭ ئۆي سېلىش ــ ئۇل قويۇش مۇراسىمى باشقا ئۇيغۇر يۇرتلىرىغا ئوخشىشىپ كېتىسىمۇ، بەزى ئادەتلەر يەنىلا پەرق-لىق. ئۆي سېلىش، ئۇل قويۇش مۇراسىمى تۆۋەندىكى تەرتىپ بويى-چە ئېلىپ بېرىلىدۇ:

1) ئالدى بىلەن ئۆي سېلىنىدىغان ئورۇن مۇۋاپىق ئويلىشىلىدۇ. خوتەن تۇپرىقىنىڭ 97% ى قۇملۇق، 3% ى تېرىم بولغاچقا، ئۆي سالىدىغان ئورۇننى مۇۋاپىق تاللاش مۇھىم. ئادەتتە تۇپرىقى مۇنبەت يۇرتلاردا ئۆيلەرنى بىنەم تۇپراقتا، سۇ، كۆللەرگە يېقىن جايلارغا، يې-شىللىقلارنىڭ چەتلىرىگە، يول بويلىرىغا سېلىشقا؛ قاقاس رايونلاردا بىنەم يەرلەرنى تېرىلغۇغا ئىشلىتىپ، ئۆينى قۇملۇقلارنىڭ ياقىسى، دۆڭلۈك ۋە تۆپىلىكلەر ئۈستىگە سېلىشقا ئادەتلەنگەن.

ئۆي سالىدىغان ئورۇن مۇۋاپىق تەكشىلىنىپ بولغاندىن كېيىن، شۇ يۇرتتىكى چوڭ سانالغان، يۇرت ئاقساقىلى ھېسابلانغان كىشى

باغاق يېزىشىدىغان بولۇپ كەتتى). ئەمما يەنە بىر قىسىم جايلاردا ھېلىغىچە قولۇم ـ قوشنىلار بىر ـ بىرىدىن سوراش، سورۇشتە قىلىش ئارقىلىق ئۆي مەرىكىسىگە قاتنىشىدۇ. ئۆي مەرىكىسى ئۆتكۈزگۈچى ئۇرۇق ـ تۇغقانلارغىلا ئېيتىپ باشقىلارنى ئالاھىدە تەكلىپ قىلمايدۇ. چۈنكى ئۆي مەرىكىسى ئۆتكۈزىدىغانلىقىنى بىلگەنلەر ئىختىيارسىز ئۆي مەرىكىسىگە داخىل بولىدۇ.

ئۆي مەرىكىسى ئۆتكۈزۈلىدىغان كۈنى يېڭى ئۆيگە كۆچۈپ كىرگۈچى مال سويۇپ، چوڭ قازان ئېسىپ تاماق ئېتىدۇ. مەھەللىدىكىلەر، ئۇرۇق ـ تۇغقانلار ئارقا ـ ئارقىدىن كېلىپ داستىخانغا داخىل بولىدۇ. ئۆي ئىگىسى ۋە باشقا ياردەملەشكۈچىلەر ئالدىراشلىق بىلەن مېھمانلارنى كۈتىدۇ ۋە ئۇزىتىدۇ. كەلگەن مېھمانلارمۇ يېڭى ئۆيدىن زوقلانغاچ ئۆي ئىگىسىدىن ھاردۇق سورايدۇ ۋە كۆڭلىنى بىلدۈرىدۇ. ئادەتتە سوۋغاتلىق بۇيۇم ئۆي ئىگىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن ئوخشاش بولمايدۇ. بەزى قولۇم ـ قوشنىلار پۇل، تاۋار ـ دۇردۇن دېگەندەك نەرسىلەرنى؛ بەزىسى ئۆي جاھازىلىرى، يوتقان ـ كۆرپە، كىگىز ـ گىلەم، ئېلېكتىر سايمانلىرى دېگەندەك نەرسىلەرنى سوۋغا قىلىدۇ. ئادەتتەئۆي ئىگىسىنىڭ تۇغقانلىرى كۆپىنچە ھاللاردا يېڭى ئۆيگە كېرەكلىك بولغان تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىنى سوۋغا قىلىشقا ئادەتلەنگەن. بۇنىڭدا «ئۆينىڭ كېمى پۈتۈنلەنمەيدۇ» دېگەندەك، ئۆي ئىگىسى تېخىچە تولۇقلاپ بولالمىغان نەرسىلەرنى بېرىش ئارقىلىق ئىقتىسادىي جەھەتتىن يۆكىنى يەڭگىللىتىش مەقسەت قىلىنغان (تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرى سوۋغا قىلىش كۆڭۈل يېقىنلىقىنى ئىپادىلەيدۇ). داستىخان تارتىلىپ بولغاندىن كېيىن مەشرەپ باشلىنىدۇ. ئۆي مەرىكىسىگە ئۆينى سېلىپ بەرگەن ھۈنەرۋەن ئۇستىلار چوقۇم قاتنىشىدۇ.

ئۆي سېلىش ـــ ئۇل قويۇش ۋە تەبرىكلەش مۇراسىمى (ئۆي مەرىكىسى) ئەنە شۇنداق كوللېكتىپچانلىقنى، ئۇيۇشۇشچانلىقنى ئاساس قىلغان مۇراسىمدۇر.

ئۆزى ئەمگەك قىلىپ بېرىش ۋە ماددىي نەرسىلەر، يەنى خىش، ياغاچ ۋە باشقا لازىمەتلىكلەرنى ياردەم قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. قولۇم - قوشنىلار، يار - بۇرادەرلەر يەنە ئۆز ئۆيلىرىدە تاماق ئېتىپ ئۆي سالغۇچىنىڭ ئۆيىگە ئېلىپ كىرىدۇ ياكى ھۈنەرۋەنلەرنى ئۆيىگە تەكلىپ قىلىپ تاماققا داخىل قىلىدۇ. بۇ ئارقىلىق ئۆي سالغۇچىنىڭ يۈكىنى يەڭگىللىتىش ۋە روھىي جەھەتتىن ئىلھام - مەدەت بېرىش مەقسەت قىلىنىدۇ. يۇقىرىقى ھەمكارلىق ۋە ئۈيۈشۈش پەقەت ئۆي ئىگىسى ئۆز قولى بىلەن ئۆي سېلىشقا تەرەددۇت قىلغاندىلا، ئاندىن ئېلىپ بېرىلىدۇ.

2) ئۆي مەرىكىسى ئۆتكۈزۈش ئۆي ئىگىسىگە نىسبەتەن ئۆينىڭ ئوڭۇشلۇق، ۋاقتىدا پۈتكەنلىكىگە نىسبەتەن خۇشاللىق تۇيغۇسىنى ئىپادىلەيدىغان، ئۆي مەرىكىسىگە تەكلىپ قىلىنغۇچىغا نىسبەتەن ئۆي ئىگىسىنىڭ يېڭى ئۆيىگە كۆچكەنلىكىنى قۇتلۇقلاش ۋە ئۆي ئىگىسىدىن ھاردۇق سوراشنى مەقسەت قىلغان كوللېكتىپ شەكىلدە ئېلىپ بېرىلىدىغان مۇراسىمدۇر. ئادەتتە ئۆي مەرىكىسى، ئۆي پۈتۈپ بىر ئائىلە كىشىلىرى يېڭى ئۆيىگە كۆچۈپ كىرگەندىن كېيىن ئېلىپ بېرىلىدۇ.

خەلقىمىز ئارىسىدا «ئېيىق بولسىمۇ ئېرىڭ بولسۇن، ئۆڭكۈر بولسىمۇ ئۆيۈڭ بولسۇن» دەيدىغان ھېكمەت بار. ئەر بولغۇچىغا نىسبەتەن ئەڭ ئاۋۋال ئۆيگە ئىگە بولۇش ئىنتايىن مۇھىم. ئائىلىدە ئەڭ ئاۋۋال خوتۇنى، بالىلىرىنى پاناھلىنىدىغان شارائىتقا ئىگە قىلىش ئەرنىڭ بۇرچى. ئۆيگە ئىگە بولغاندىن كېيىن ئائىلىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ۋە ساغلام تەرەققىي قىلىشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش ئۇنىڭ قەرزى. شۇنداق بولغانىكەن، پۈتكۈل ئۇيغۇر يۇرتلىرىغا ئوخشاش خوتەندىمۇ بۇرۇندىنلا ئۆي پۈتكەندىن كېيىن، ئاممىۋى پائالىيەت ئېلىپ بېرىپ، قۇتلۇقلاش ئومۇمىي ئادەتكە ئايلانغان.

ئۆي مەرىكىسى، ئۆي ئىگىسىنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىغا قاراپ ئۆتكۈزۈلىدۇ. ئەڭ ئاۋۋال يىراق - يېقىندىكى قولۇم - قوشنا، يارۇ - بۇرادەر، ئۇرۇق - تۇغقان، ھۈنەرۋەن ۋە يۇرت چوڭلىرىغا خەۋەر قىلىنىدۇ. (جەمئىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ ھازىر ئۆز ئارا

كەسىپ ئەسۋابلىرى شاگىرتىغا بىرىشكە يەتمىسە ياكى ئىشلىتىلىدىغان ئەسۋابى چوڭ تېپىتىكى ئەسۋاب بولسا، بازاردىن يېڭىسىنى سېتىۋېلىپ، شاگىرتىغا سوۋغا قىلىدۇ. بۇنداق قىلىش شاگىرتىنىڭ ھېلىقى ئەسۋابلارنى ئۇستىسىنى كۆرگەن كۆزدە كۆرۈپ، ھۈنەر ـ تىجارەت جەريانىدا بەرىكەت تېپىشنى ئۈمىد قىلىشتىن ئىبارەت.

بەزى ۋاقىتتا شاگىرتىنىڭ ئاتا ـ ئانىسى سورۇن تەييارلاپ، مۇراسىم ئۆتكۈزىدۇ. بۇ، شاگىرت ئۇستىسىدىن ھۈنەر ئايرىپ چىققاندىن كېيىن، تىجارەت ۋە ھۈنەر باشلىغان كۈنگە توغرىلىنىدۇ. سورۇنغا يۇرت مۆتىۋەرلىرى ۋە شاگىرتنىڭ ئۇستىسى قاتارلىقلار تەكلىپ قىلىنىدۇ. شاگىرت چىقارغۇچى ئۇستام ئوخشاشلا شاگىرتىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن ھۈنەر ـ كەسىپتە روناق تېپىشنى، گۈللىنىشنى ئۈمىد قىلىپ دۇئا قىلىدۇ. بۇمۇ شاگىرت چىقىرىش مۇراسىمىنىڭ مۇھىم بىر شەكلىدۇر.

شاگىرت ھۈنەر ئايرىپ چىقىپ بولغاندىن كېيىنمۇ بەزى ئەھۋاللاردا، يەنى يېڭىدىن ئىش باشلىغان ئەھۋاللاردا ئۇستىسى بىر نەچچە كۈن شاگىرتىغا بىللە ھەمراھ بولىدۇ. بۇ شاگىرتىنىڭ تەمتىرىمەي دادىللىق بىلەن ئىشلارنى ئۆزى بىر تەرەپ قىلىش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇشنى مەقسەت قىلىدۇ. شاگىرت ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل ئىش باشلايدۇ ۋە يېڭى شاگىرتلارنى قوبۇل قىلىشقا باشلايدۇ. شاگىرت چىقىرىش — شاگىرت قوبۇل قىلىش ئۆدۈمى ئەنە شۇنداق شەكىلدە داۋاملىشىدۇ.

شاگىرت ھۈنەر ئايرىپ چىقىپ كېتىپ بولغاندىن كېيىن، ھېيت ـ ئايەم ۋە باشقا ۋاقىتلاردا ئۇستىسىنى پات ـ پات يوقلاپ، ئۇستىسىغا كىيىم ـ كېچەك تۈرىدىكى سوۋغاتلارنى قويىدۇ، ھېيتلىشىدۇ. باشقىلارنىڭ ئالدىدا ئۇستىسىنىڭ يامان گېپىنى قىلمايدۇ. ئۇستىسىنىڭ ئالدىدا ئۇستاتلىق قىلمايدۇ. ھۈنەر جەريانىدا ھەل قىلالمىغان مەسىلىلەر بولسا، قىيىنچىلىققا يولۇقسا ئۇستىسىنىڭ

## 9. شاگىرت چىقىرىش مۇراسىمى

شاگىرت چىقىرىش مۇراسىمى ـــ خوتەن رايونىدا بىر قەدەر ئىزچىللىققا ئىگە ئادەتلەرنىڭ بىرى. ئۇ تۆۋەندىكىدەك شەكىلدە ئې-لىپ بېرىلىدۇ.

شاگىرت چىقىرىش مۇراسىمى شاگىرتنىڭ شۇ ھۈنەرنى تولۇق ئىگىلەپ بولغانلىقىنى ئىپادىلەيدىغان مۇراسىم بولغاچقا، شاگىرت ئۆزى تىلىدىغان كۈن ئالاھىدە بەلگىلىنىدۇ. بۇ كۈنى شاگىرت ۋە شاگىرتنىڭ ئاتا ـ ئانىسى، قولۇم ـ قوشنىلاردىن بىر نەچچەيلەن ئۇستىسىنىڭ ئۆيىگە تەكلىپ قىلىنىدۇ. شاگىرت چىقارغۇچى ئۇس-تام بۇ كۈنى ئالاھىدە تاماقلار بىلەن داستىخان تەييارلايدۇ. تاماقلار تارتىلىپ يېيىلىپ بولغاندىن كېيىن، شاگىرت چىقارغۇچى ئۇستام شاگىرتنىڭ ئىلگىرىكى بىر نەچچە يىلدا ھۈنەرنى قېتىرقىنىپ ئۆگەنگەنلىكىنى، ھۈنەردە كامالەتكە يەتكەنلىكىنى، ئۆز ئالدىغا ھۈ-نەر قىلىش ئىقتىدارىنىڭ ھازىرلانغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ ھەمدە شاگىرتنىڭ ئاتا ـ ئانىسىدىن رازىلىق تىلەيدۇ. شاگىرتنىڭ ئاتا ـ ئانىسىمۇ بالىنىڭ ھۈنەر ئۆگىنىش جەريانىدا گەپ ئاڭلىماي قويغان، ھۈنەرنى كۆڭۈل قويۇپ ئۆگەنمەي قويغان يەرلەر بولسا ئەپۇ قىلىشنى ئۆتۈنىدۇ. ئاندىن شاگىرت چىقارغۇچى ئۇستام شاگىرتى-نىڭ بۇنىڭدىن كېيىن ھۈنەر ـ كەسپتە بەرىكەت تېپىشىنى، ئۇتۇق قازىنىشىنى تىلەپ دۇئاغا قول كۆتۈرىدۇ. شاگىرتنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئۇستامغا كىيىم ـ كېچەك قاتارلىقلارنى سوۋغا قىلىدۇ. داستىخان يىغىلغاندىن كېيىن ئۇستا شاگىرتىغا ئۆزىنىڭ ھۈنەر قىلىش جەر-يانىدا ئىشلىتىدىغان ئەسۋابلىرىدىن بىر يۈرۈشتىن بېرىدۇ. بۇ شا-گىرتنىڭ ئۆز ئالدىغا ھۈنەر قىلىش جەريانىدا ئىشلىتىلىش ئۈچۈن بېرىلگەن سايماندۇر. ئەگەر شاگىرت چىقارغۇچى ئۇستامدا ھۈنەر ـ

تىياجىنىڭ قامدىلىشى ئەمەس. ئۇنىڭغا بىر مىللەتنىڭ روھىيەت ئېلمېنېتلىرى، پسىخىكا ئادەتلىرى، مەدەنىيەت تەركىبلىرى سىڭىپ كەتكەن بولىدۇ. شۇ ۋەجىدىن ئۇيغۇرلار ھېلىغىچە سودا ـ تىجارەتلەرگە مۇناسىۋەتلىك ھەر خىل ئادەتلەرنى، پەرز ـ قاراشلارنى ساقلاپ كەلگەن. ئۇيغۇرلاردىكى تىجارەت باشلاش مۇراسىمىمۇ شۇنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

تىجارەت باشلاش مۇراسىمى، شۇ تىجارەت بىلەن شۇغۇللانغۇچى كىشى تىجارىتىنىڭ روناق تېپىشىنى، گۈللىنىشىنى، ئىستىقباللىق بولۇشىنى، ئۆزىگىمۇ ۋە باشقىلارغىمۇ پايدا ـ مەنپەئەت ئېلىپ كېلىشىنى ئارزۇ ـ ئۈمىد قىلىش مەقسىتىدە ئېلىپ بارىدىغان مۇراسىمدۇر. ئۇيغۇرلاردىكى بۇ مۇراسىم ئەنئەنە ۋە ئېتىقاد تۈسىنىڭ قويۇقلۇقى بىلەن باشقا مۇراسىملاردىن، باشقا مىللەتلەرنىڭ ئوخشاش تۈردىكى مۇراسىمدىن پەرقلىنىدۇ. مەسىلەن: خەنزۇلار تىجارەت باشلىغاندا تىجارەت قىلىدىغان ئورۇندا مېھمانلارنى چاقىرىپ زىياپەت بېرىدۇ ياكى پوجاڭزىلارنى خېلى ئۇزۇنغىچە ئاتىدۇ. ئادەتتە تىجارەت كاساتلىشىپ قالغان ئەھۋاللاردىمۇ شۇنداق قىلىدىغان ئادەت بار. گەرچە تىجارەت باشلاش مۇراسىمى باشقا مىللەتلەرگىمۇ ئورتاق بولسىمۇ، ئەمما ئېلىپ بېرىلىش شەكلى ئوخشاش ئەمەس.تۆۋەندە تىجارەت باشلاش مۇراسىمىنىڭ خوتەن رايونىدىكى جەريانى ھەققىدە ئازغىنە ئۇچۇر بېرىلىدۇ:

1) ئالدى بىلەن تىجارەت باشلىنىدىغان كۈن مۇۋاپىق تاللىنىدۇ. بۇنىڭدا بىر جەھەتتىن تىجارەت باشلاش شەرت ـ شارائىتىنىڭ تولۇق پىشىپ يېتىلىشىنى، يەنە بىر جەھەتتىن تىجارەتنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇشىنى ئۈمىد قىلىش كۆزدە تۇتۇلىدۇ. تىجارەت باشلايدىغان كۈننى قۇتلۇق كۈنلەرگە ئورۇنلاشتۇرىدۇ. مەسىلەن: دۈشەنبە (ئالەمنىڭ بىنا بولۇشقا باشلىغان بىرىنچى كۈنى دەپ قارىلىدۇ)، چارشەنبە، پەيشەنبە كۈنلىرى تىجارەت باشلايدۇ. شەنبە كۈندە ھەرگىز

يېنىغا كېلىپ مەسلىھەت سورايدۇ. چوڭراق ئىشلارغا تۇتۇش قىلسا، ئۇستىسىنى باش بولۇپ بېرىشكە تەكلىپ قىلىدۇ.

ئەگەر شاگىرت ئۆز ئالدىغا ئىش باشلاشنى خالىمىسا ياكى شارائىت يار بەرمىسە ئۇستىسىنىڭ يېنىدا تۇرۇپ داۋاملىق ئىشلەۋەرسە بولىدۇ. ئۇستىسى ھۈنەر ئايرىپ بەرگەندىن كېيىنمۇ، ئۆزىدىن ئايرىلمىغان شاگىرتىنى ئىش ھەققى بېرىش ئارقىلىق ئىشلىتىدۇ. ئۇستىسىنىڭ ھۈنەر ـ ئوقىتى راۋاجلىنىپ، ئورۇن ۋە كۆلەم جەھەتتىن كېڭەيسە، تارماق ھۈنەر ـ كەسىپ ئورۇنلىرىغا ھېلىقى شاگىرتىنى ئەۋەتىدۇ، ئۆزىگە ۋاكالىتەن ئىش بېجىرىدۇ.

ئادەتتە ھۈنەر ئۆگەنگۈچى شۇ ھۈنەرنىڭ قىيىن ـ ئاسانلىقىغا ئاساسەن مەلۇم مۇددەت ئىچىدە ئۆگىنىپ بولىدۇ. ھۈنەر ئۆگىنەلمەي، ياكى يېرىم يولدا رايى قايتىپ، ھۈنەر ئۆگىنىشتىن ۋاز كېچىدىغان ئەھۋاللارمۇ بولىدۇ. بەزىدە ئۇستىلار شاگىرتى ھۈنەر ئۆگىنىپ بولسىمۇ ھۈنەر ئايرىپ بەرمەيدىغان، شاگىرتىدىن داۋاملىق نەپ ئېلىشنى كۆزلەيدىغان ئەھۋاللارمۇ بولىدۇ.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، شاگىرت چىقىرىش مۇراسىمى ھۈنەر ئايرىپ بېرىشنى شەكىل قىلغان، خاسلىق تۈسى قويۇق ئادەتلەرنىڭ بىرى. ئۇنىڭدا ھۈنەر ئۆگەتكۈچى تولۇق ھۆرمەت قىلىنىدۇ. ئۇستىسىنىڭ شاگىرت ئالدىدا ئۆتەشكە تېگىشلىك بۇرچىمۇ شۇنىڭ بىلەن ئاخىرلاشقان بولىدۇ.

## 10. تىجارەت باشلاش مۇراسىمى

بىر مىللەتنىڭ سودا ـ تىجارەتكە مۇناسىۋەتلىك ئەخلاقىي قاراشلىرى، مۇراسىم ـ ئادەتلىرى شۇ مىللەتنىڭ ئۆزىگىلا خاس بولىدۇ. بۇ مەنىدە سودا ـ تىجارەت نوقۇل ھالدىكى مال ۋە تاۋارنىڭ ئالماشتۇرۇلۇشى، پۇلنىڭ ئوبوروت قىلىنىشى، تەمىنلەش ۋە ئېھـ-

ئۇلارنى خېلى بىر يەرگىچە ئۆزىتىپ چىقىدىغان ئادەت بولغان.
تىجارەت باشلاش مۇراسىمىنىڭ رەسمىي هالدا جەمئىيەت هادىسىسى، ئىجتىمائىي مۇراسىم سۈپىتىدە ئومۇملىشىشى كىشىلەرنىڭ سودا - تىجارەت هەققىدىكى قارىشىنىڭ چوڭقۇرلاشقانلىقىنىڭ مەهسۇلى. هۈنەر - كەسىپ ۋە تىجارەت بىلەن شۇغۇللانغۇچى تىجارەت ئۈچۈن كۆپ مەبلەغ سالغان بولۇشى، هەتتا ئۆي - مۈلۈك، بىساتلىرىنى تەۋەككۇل قىلغان بولۇشى مۇمكىن، ياكى ئۆزىنىڭ ئىقتىسادى ئاجىز كېلىپ باشقىلاردىن قەرز ئالغان بولۇشى مۇمكىن ۋە ياكى بۇ هۈنەر - كەسىپ ئۇنىڭ جان بېقىش، كۈن ئۆتكۈزۈشتىكى بىردىنبىر ۋاسىتىسى بولۇشى، ئۇنىڭ قولىدا هۈنەردىن باشقا نەرسە بولماسلىقى مۇمكىن. مۇشۇنداق سەۋەب دەل تىجارەت باشلاش مۇراسىمىنى بىر قەدەر سىرلىق تۈسكە ئىگە قىلغان. هۈنەر - تىجارەت قىلغۇچى بۇ مۇراسىم ئارقىلىق نىجاتلىق تېپىشنى مەقسەت قىلغان. دېمەك، بۇ مۇراسىمغا خەلقىمىزنىڭ روهىيىتى، ئېتىقادىي قاراشلىرى سىڭىپ كەتكەن.
2) خوتەندە يەنە تىجارەت - سودا بىلەن شۇغۇللانغۇچى پات پات تىجارىتىنىڭ تېخىمۇ روناق تېپىشى ئۈچۈن، كىچىك كۆلەمدە جاماەتنىڭ دۇئاسىنى ئالىدىغان ئادەت بار. بەزىدە خەتمە قۇرئان قىلىپ بولغاندىن كېيىن، قان قىلىپ (قوي، توخۇ دېگەندەك ئۆي هايۋانلىرىنى ئۆلتۈرۈپ) جامائەتكە نەزىر بېرىلىدۇ. بۇ ئارقىلىقمۇ يەنە تىجارىتىنىڭ بەرىكەتلىك بولۇشى، روناق تېپىشى، هالاللىق بىلەن بېيىشى مەقسەت قىلىنىدۇ.
ئۇنىڭدىن باشقا، تىجارەت باشلاشتىن ئىلگىرى شۇ مەهەللە - يۇرتتىكى ئاجىز، مېيىپ، يېتىم - يېسىرلارغا ئىقتىسادىي جەهەتتىن ياردەم قىلىپ، ئۇلارنىڭ غەم ۋە يوقىنى يەڭگىللىتىدىغان ئەهۋاللارمۇ بار. تىجارەت باشلىغان كۈنى ئەگەر ئۇلار چاي - نەزىرگە كېلەلمىسە، مەخسۇس كىشى ئارقىلىق ئۇلارغا گۆش - تائام يەتكۈزۈپ بېرىلىدۇ.

(مۇتەللىپ ئىقبال)

ھۈنەر - كەسىپ، سودا - تىجارەت باشلانمايدۇ. چۈنكى بۇ كۈندە باشلىغان تىجارەت خەيرلىك بولمايدۇ. يەنى سودا - تىجارەت ئاقمايدۇ، دەپ قارىلىدۇ.

تىجارەت باشلايدىغان كۈن تاللانغاندىن كېيىن، ئوبدان تەييارلىق قىلىنىدۇ (قوي - كالىلار ئۆلتۈرۈلۈپ قۇربانلىق قىلىنىدۇ). بۇ كۈندە ئالدى بىلەن مەھەللە - يۇرت جامائىتى، شۇ يۇرتتىكى ئابرۇيلۇق كىشىلەر، مۆتىۋەرلەر، تىجارەت قىلىشقا يول كۆرسەتكەن - قوللىغان كىشىلەر ۋە شۇ كەسىپتىكى پىشقان كەسىپ ئىگىلىرى تەكلىپ قىلىنىدۇ. چوڭ قازاندا تاماقلار ئېتىلىپ، مېھمانلار غىزالاندۇرۇلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن شۇ كەسىپ - تىجارەت بىلەن شۇغۇللانغۇچى مېھمانلارنىڭ دۇئاسىنى ئالىدۇ. مېھمانلار بىردەك ھۈنەر - تىجارەتنىڭ ئۇتۇقلۇق بولۇشىنى، ھالال پۇل تېپىشىنى، شۇ كەسىپ - تىجارەت بىلەن شۇ كىشىنىڭ ئىككى دۇنيا بەخت - سائادەتلىك بولۇشىنى تىلەيدۇ. سورۇن ئاخىرلاشقاندىن كېيىن مېھمانلار تارقىشىدۇ. يۇرتقا ئاش بېرىش كۆپىنچە ئەتىگەندە، كىشىلەر بامدات نامىزىدىن يانغاندا ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئەگەر ھۈنەر، تىجارەت بىلەن شۇغۇللانغۇچىنىڭ ئىقتىسادى ئاجىز بولسا، مەھەللىسىدىكى بىر نەچچە كىشى ۋە قولۇم - قوشنىلىرىنىلا چاقىرىپ، ئاددىي داستىخان تەييارلاپ، ئۇلارنىڭ دۇئاسىنى ئالىدۇ. ساھىبخانا جامائەتنىڭ دۇئاسى بەرىكەتلىك، دەپ قارايدۇ.

تىجارەت باشلاش مۇراسىمىنى نوقۇل ھالدا سودا - تىجارەت بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار ئۆتكۈزمەستىن، مەلۇم ھۈنەر - كەسىپتە پىشىپ، ئۇستىسىدىن ھۈنەر ئايرىغان ۋە ئۇزۇن مەزگىلگىچە ئەسلىي ھۈنەر - كەسىپى بىلەن شۇغۇللىنالماي، قايتىدىن ھۈنەر - كەسىپنى باشلىغانلارمۇ ئۆتكۈزىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا قەدىمدە كارۋان تارتىپ سودا - تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار يۇرتىدىن ئايرىلىدىغان ۋاقتىدا جامائەتكە ئاش تارتىپ، ئۇلارنىڭ دۇئاسىنى ئېلىپ ماڭىدىغان، يۇرت - مەھەللىدىكى ئۇرۇق - تۇغقان، دوست - بۇرادەرلەر

قىڭىزغا دېگىنىم «قۇرئان» نى تەپسىر قىلغىنىم؛ ئاللا سىزگە ئى-
سىم ئاتا قىلدى، بۇنىڭدىن كېيىن ئىسمىڭىز×× بولىدۇ، دەيدۇ.

ئىسىم ئۈچ قېتىم تەكرارلانغاندىن كېيىن، بوۋاق جايناماز ئۈس-
تىدە دومۇلىتىلىدۇ. دومىلاتقاندا زاكىدىكى بوۋاق قورقۇپ يىغلايدۇ.
بوۋاقنىڭ يىغىسى بىلەن سۈكۈتتە تۇرغانلارنىڭ سۈرلۈك چىرايىنى
خۇشاللىق ئالامىتى قاپلايدۇ. ئالدى بىلەن، سورۇندىكى يېشى چوڭراق
بىرى مەسلەن، بوۋاقنىڭ بوۋىسى قاتارلىقلار دەرھال بالىنى قۇچى-
قىغا ئېلىپ (ئەمەلىيەتتە ئىسىم قويغۇچى ئاخۇنۇم بوۋاقنى شۇ كى-
شىگە قارىتىپ يۇمىلىتىلىدۇ)، ھەقىقىي ئىسمىنى ئېيتىپ بوۋاقنى
پەپىلەپ، تىلەكلىرىنى بىلدۈرۈپ بەخت ـ سائادەت تىلىگەندىن كې-
يىن، يەنە بىر ھۆرمەتلىك كىشىنىڭ قولىغا سۇنۇپ بېرىدۇ، يەنى
بوغۇن پەرقى ۋە يېشىنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكىگە ئاساسەن، بوۋاق
تەرتىپ بويىچە يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە سۇنۇپ بېرىلىدۇ، بوۋاقنىڭ
دادىسى بوۋاقنى ئانىسىنىڭ قۇچىقىغا يەتكۈزۈپ بەرگەندىلا ئىسىم
قويۇش مۇراسىمى ئاخىرلاشقان بولىدۇ. مۇراسىمنىڭ پۈتكۈل جەريا-
نى، ئەمەلىيەتتە بوۋاقنىڭ دىلىغا ئىسلام دىنىغا بولغان ئېتىقاد ئې-
ڭى ۋە روھىنى سىڭدۈرىدىغان بىر خىل سىمۋوللۇق ئەھمىيەتكە
ئىگە تەقلىدىي ھەرىكەت ھېسابلىنىدۇ.

پېشقەدەملەرنىڭ ئېيتىشىچە خوتەن شەھىرى، قاراقاش قاتارلىق
بىر قىسىم رايونلاردا بوۋاققا ئىسىم قويۇش ئاخىرلاشقاندا، ئۇنىڭغا
تىلەك تىلەش ئادىتىمۇ يېقىنقى زامانلارغىچە داۋاملىشىپ كەلگەن.
بۇنىڭدا بالىنىڭ (بوۋاقنىڭ) دادىسى ئىسىم قويغۇچى مويسىپىت
ئاقساقالنىڭ چاپىنى ياكى تونىنىڭ ئوڭ پېشىنى تۇتۇۋېلىپ «تەق-
سىر، مالال كۆرمىسىلە، سىلىنى ئاۋارە قىلىدىغان بولدۇم، سىلى-
دىن بىر نەرسە تىلەيمەن، ياق دېمەي بەرسىلە» دەيدۇ. مويسىپىت
كىشى «ماقۇل بېرەي، تارتىنماي تىلەڭ» دېگەندىن كېيىن بالىنىڭ
(بوۋاقنىڭ) دادىسى «يورۇق دۇنياغا يېڭىدىن كۆز ئاچقان مۇشۇ
بالامغا ياشلىرىنى بەرسىلە، ئىلىم ـ بىلىمدە دانىشلىقنى بەرسىلە،

## §3. توي ـ تۆكۈن ئادەتلىرى

### 1. ئىسىم قويۇش مۇراسىمى (ئات قويدىسى)

خوتەنلىكلەرگىلا ئەمەس پۈتكۈل ئۇيغۇرلاردا كەڭ تارقالغان ئى- سىم قويۇش ئادىتى، جامائەتنىڭ قوبۇل قىلىشى ۋە ئېتىراپ قىلى- شى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان رەسمىيەتتۇر.

ئادەتتە بوۋاق تۇغۇلۇپ يەتتىنچى ياكى توققۇزىنچى كۈنى يەنى بوۋاقنىڭ كىندىكى چۈشكەندىن كېيىن ئىسىم قويۇش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلىدۇ. مۇراسىمدىن ئىلگىرى بوۋاقنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئىمام ئاخۇنۇم ۋە باشقا مېھمانلارنى مېھمان قىلىش ئۈچۈن تەييارلىق قىلىدۇ؛ مۇراسىمغا رىياسەتچىلىك قىلغۇچىنى تاللايدۇ ۋە تەكلىپ قىلىدۇ. بۇلاردىن مۇراسىم باشقۇرغۇچىنى تاللاشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدۇ، ئۇلار ئىسىم قويۇش مۇراسىمغا رىياسەتچىلىك قىلغۇچىنىڭ ئائىلىسىنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى ياخشى، ئەر ـ خوتۇن ئىناق ، كۆپ ئوغۇل ـ قىزلىق، بىلىملىك مول، ئىشلىرى مۇۋەپپەقىيەتلىك ، ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگەن مويسىپىت بولۇش قاتارلىق تەرەپلىرىگە قارايدۇ.

ئىسىم قويۇش مۇراسىمى باشلانغاندا، تاھارەت ئېلىپ تەييارلانغان موپسىپىت ئۆي ئىگىسى سېلىپ بەرگەن جايىنامازدا يۈكۈنۈپ ئولتۇ- رۇپ، ئاۋۋال سۈرە فاتىھە ئوقۇپ دۇئا قىلىدۇ. ئاندىن پاكىز، چىرايلىق كۆرپىگە زاكىدالغان بوۋاقنى ئىككى قولى بىلەن قۇچى- قىغا ئېلىپ، بوۋاقنىڭ چىرايىغا قاراپ تۇرۇپ، بىر قولىنىڭ باش- مالتىقى بىلەن قۇلىقىنى ئېتىپ تۇرۇپ، بالىنىڭ قۇلىقىغا ئەزان چىللايدۇ. سورۇندىكى مېھمانلار بۇ ئاۋازنى ئاڭلاپلا دۇئا قىلىپ سۈ- كۈتتە تۇرىدۇ. ئارقىدىن بوۋاقنىڭ قۇلىقىنى ئاستا تۇتۇپ تۇرۇپ: ئۇڭ قولىقىڭىزغا دېگىنىم سىزنى نامازغا چاقىرغىنىم، سول قۇلى-

ئولتۇرۇشتى. داستىخان قويىدىغانلار ساتما سىرتىغىچە تىزىلىپ كەتتى. باشقا تۇغقانلارمۇ 30 ـ 50 يۈەندىن پۇل ياكى بىرەر كىيىملىكتىن رەخت قويۇشتى. ئاخىرىدا باشقا توي ئەھلى بەش يۈەندىن 30 يۈەنگىچە «شوكۇم» قىلدى. مەنمۇ مەمتىلى قاسىمنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى قاتارىدا 50 يۈەن «شوكۇم» قىلدىم. داستىخانلار قويۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، ساھىبخانا تەرەپ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ مېھمانلارغا قايتىدىن رەھمەت ئېيتىشىپ، ئوتتۇرىغا دۆۋىلىنىپ كەتكەن سوۋغاتلىق بويۇملارنى يىغىشتۇردى.».

نىيا، كېرىيە، چاقىلىق، چەرچەن قاتارلىق جايلاردا بۇ خىلدىكى مۇراسىمنىڭ يەنە مۇنداق داۋامى بار: بوۋاق دادىسىنىڭ قولىغا سۇنۇلغاندىن كېيىن، ئانىسىغا تاپشۇرۇپ بېرىش بىلەن ئىش پۈتمەيدۇ، بوۋاق ئىشىك سىرتىدا ساقلاپ تۇرغان بىر ياش يىگىتكە بېرىلىدۇ. يىگىت ئالايىتەن تاللانغان بولىدۇ (ئۇ ساغلام، كېلىشكەن، ئەقىللىق ۋە ئىقتىدارلىق، كىشىلەرنىڭ نەزىرىدىكى غايىلىك ياشلارنىڭ ئۈلگىسىدۇر). بۇ ياش بوۋاقنى قولىغا ئېلىپلا يىراققا قاراپ يۈگۈرەيدۇ، قانچە تېز ۋە قانچە يىراققا يۈگۈرسە شۇنچە ياخشى بولىدۇ، ئەمما «كەينىگە يېنىش» قا، يەنى ئەسلىدىكى ماڭغان يول بىلەن قايتىپ كېلىشكە، يۈگۈرۈپ كېتىۋېتىپ يىقىلىپ چۈشۈشكە بولمايدۇ، بولمىسا بۇ يامانلىقنىڭ بېشارىتى دەپ قارىلىدۇ. بۇ ياش بار كۈچى بىلەن ئەڭ تېز سۈرئەتتە يۈگۈرۈپ كەتتىنى بىر ئايلانغاندىن كېيىن، بوۋاقنى ئالدىن تەييارلاپ قويۇلغان چوڭ غەلۋىرگە سېلىپ ئاشلىق تاسقىغاندەك تاسقىغاندىن كېيىن، ئاندىن ئۆيگە ئەكىرىپ بېرىدۇ. بۇ «كىشىلىك تۇرمۇش» قا تەقلىد قىلىش ۋە ئۇنى سىمۋوللاشتۇرۇش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ياش يىگىتتىن تېز يۈگۈرۈش، يىراققا يۈگۈرۈش، ئۇچقۇشلۇق يۈگۈرۈشنى تەلەپ قىلىشمۇ تەبىئىي ھالدا «ئۇچقۇشلۇق»، «چاپسان» قاتارلىق مەنىلەرنى ئىپادىلەپ، بوۋاقنىڭ ئىستىقبالىنىڭ پارلاق بولىدىغانلىقىنى يوشۇرۇن بىلدۈرىدۇ. بەزى جايلاردا ياش يىگىت بوۋاقنى كۆتۈرۈپ يۈگۈرگەندە يەنە بىر ياش ئۇ-

كاتتا ھۆرمەت ـ ئىززەتلىرىنى بەرسىلە، ياخشى ئەخلاق ـ پەزىلەت ـ لىرىنى بەرسىلە» دەپ شۇ مويسىپىت كىشىدە بار بولغان بارلىق ئېسىل خۇي ـ خۇسۇسىيەتلەرنى تىلەيدۇ. مەزكۇر مويسىپىت كىشى «بولىدۇ، تىلىگەنلىرىنى رازى ـ رىزالىقىم بىلەن بەردىم» دېگەندىن كېيىنلا بالىنىڭ دادىسى تۇتۇۋالغان چاپان ياكى تونىنىڭ پېشىنى قويۇۋېتىپ، قايتىدىن داستىخان راسلاپ، ئىسىم قويغۇچىنى ئىززەت بىلەن كۈتۈپ رازى قىلىپ، يولغا سالىدۇ.

ئىسىم قويۇش (ئات قويدىسى) مۇراسىمىنىڭ ئەنئەنىسىنى ھا ـ زىرغىچە بىر قەدەر ئەينەن ساقلاپ كېلىۋاتقان كېرىيە دەريا بويى يېزىسىدىكى بىر قېتىملىق ئىسىم قويۇش مۇراسىمىغا قاتناشقان فولكلورشۇناس، ياش ئالىم ئۆمەرجان ئىمىن ئۆزىنىڭ «تارىمنىڭ يۇرىكىدىكى ئوت» (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2006 ـ يىلى 10 ـ ئاي 1 ـ نەشرى 135 ـ بەت) ناملىق كىتابىدا مۇنداق بايان قىلىدۇ: «مەمتىلى قاسىم ـ نىڭ مەسچىتىدە پېشىن نامىزى ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، دەريا بويىدىكى ئەڭ چوڭ ئۆلىما ھۆسەيىن قارىم چىرايلىق يۆگەككە يۆ ـ گەلگەن بوۋاقنى يازلىق ساتمىدىكى سۇپىغا سېلىنغان جايناماز دا يۆملىتىپ تۇرۇپ ئىسمىنى قويدى. بالىنىڭ ئىسمى ‹ئابدۇل ئې ـ زىز› بولدى، ئارقىدىنلا تېرىم كەنتىنىڭ باشلىقى دامان قاسىمنىڭ چېۋەرلىكى، سۆزمەنلىكى بىلەن ھەممىنى ئاغزىغا قارىتىدىغان 40 ياشلاردىكى ئاقسۇزۇك ئايالى رېھىمخان ساھىبخانا تەرەپنى ساتمىـ ـنىڭ تۆرىگە ئولتۇرغۇزۇپ داستىخان قويۇشنى باشلىۋەتتى. ئالدى بىلەن ئوغۇل تەرەپ قىزنىڭ تۇغۇتىدىن ساق ـ سالامەت قوپقانلىـ ـقىنى مۇبارەكلەپ 400 يۈەن قىممىتىدىكى بەش قۇر كىيىمنى ۋە بوۋاققا تەييارلانغان بەزى لازىمەتلىكلەرنى سورۇندىن ئۆتكۈزدى. ئارقىدىن مەمتىلى قاسىم ئەر ـ ئايالنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى ئات تويىغا ئاتاپ ئەكەلگەن پاقلان ـ ئوغلاقلىرىنى، يۇڭ ئەديال، كىـ ـگىزلەرنى سورۇندىن ئۆتكۈزدى. رېھىمخان ھەر بىر سوۋغاتنى ئېلان قىلغاندا ساھىبخانا تەرەپ رەھمەت ـ ھەشقاللىلىرىنى بىلدۈرۈپ

توشقان كۈنى ياكى ئۇنىڭدىن بىر نەچچە كۈن كېيىن ئۆتكۈزۈلىدۇ. مۇراسىمغا ئۇدۇم ئېلىش مەقسىتىدە كۆپ بالىنى قاتارغا قوشقان پېشقەدەم ئايال (بۇ «قىرىقى ئانىسى، بۆشۈك ئانىسى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ) ۋە شۇ مەھەللىدىكى ئالتە ـ يەتتە ياشلىق ئەقىللىق، تۈزگۈن، پاكىز باللاردىن بىر نەچچىسى تەكلىپ قىلىنىدۇ. ئالدى بىلەن بىر نەپەر قولى يېنىك، ئۆزى ياۋاش پېشقەدەم ساتىراش تەكلىپ قىلىنىپ يېڭى ئۇستىرا بىلەن بوۋاقنىڭ قىرىقى چېچى چۈشۈرۈلىدۇ. بۇ «چاچ چۈشۈرگە» دەپ ئاتىلىدۇ.

ئىككىنچى قەدەمدە باللارغا بوۋاقنىڭ ئىسمىنى تەكرارلىتىپ ئۇنىڭ يېنىدىن ئۆتكۈزۈلىدۇ ھەمدە قىرىقى ئانىسىنىڭ ساھىبخانىلىقىدا ئۇلارغا «تاتلىق ـ تۈرۈملۈك چاي» بېرىلىپ، سوۋغاتلىق تارقىتىلىدۇ، ئۇلار مەھەللە ـ كويغا، ئاتا ـ ئانىلىرىغا بوۋاقنىڭ ئىسمىنى تارقىتىدۇ. ئۈچىنچى قەدەمدە تەڭنىگە بوۋاقنىڭ ئانىسىنىڭ ئالتۇن جابدۇقلىرى سېلىنىپ مەخسۇس تەييارلانغان ئىلمان سۇدا يۇيۇندۇرۇلۇپ، تەڭنە بىلەن تەۋرىتىلىدۇ. ئاندىن زاكىداپ يېڭى كىيىملىرىنى كىيدۈرۈپ، بۆشۈككە ئادراسمان بىلەن ئىسرىق سېلىپ، «بۆشۈك ئانىسى» بۆشۈكنىڭ ئۈستى ـ ئاستىدىن توققۇز قېتىم ئايلاندۇرۇپ ۋە ئۆتكۈزۈپ، بوۋاقنىڭ بەدەنلىرىنى سىلاپ تەكبىر ئېيتىپ: «بۇ مېنىڭ قولۇم ئەمەس، بۇۋى پاتىمە ئانامنىڭ قولى، ئۇيقۇمىنى ساڭا بەردىم، يىغاڭنى ماڭا بەر، بېشىڭ باش بولسۇن، ئايىغىڭ تاش بولسۇن، كۆل ئالساڭ كۆمۈش بولسۇن، توپا ئالساڭ ئالتۇن بولسۇن، نوھ ئەلەيھىسسالامنىڭ يېشىنى بەرسۇن» دېگەندەك ئارزۇ ـ تىلەكلەر بىلەن قىبلىگە قارىتىپ قويۇلغان بۆشۈككە سالىدۇ.

ئوغۇل تەرەپمۇ مەخسۇس تەييارلىق كۆرۈپ مۇراسىمغا قاتنىشىدۇ، مۇراسىم پائالىيەتلىرى ئاخىرلاشقاندا كېلىنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئالدىغا داستىخان قويۇپ مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ، كېلىن بىلەن نەۋرىسىنى ئېلىپ قايتىدۇ. بۆشۈكنى ھويلىدىن چىقارغاندا ئۇنىڭغا ئىسرىق سالىدۇ. كېلىن بىلەن بوۋاقنىڭ بېشىدىن ئىسرىق ئۆرۈيدۇ.

نى قوغلاشقا ئالايىتەن ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇلىدۇ. قوغلىغۇچى «توختا» دەپ توۋلىغاچ، كۈچەپ قوغلىسىمۇ «يېتىشىۋالمايدۇ». كىشىلەر بۇنى بوۋاقنىڭ «ئالغا ئىلگىرىلەش» تىكى جاسارىتى ۋە «مۇۋەپپەقىيەت» يولىنى ھېچكىمنىڭ توسۇۋالالمايدىغانلىقىغا سىمۋول قىلغان. ئىنىقكى بوۋاقنى غىلۋىرگە سېلىپ سامان تاسقىغاندەك تاسقاشتىن ئىبارەت بۇ تەقلىدىي ھەرىكەتنىڭ مۇددىئاسى ۋە مەقسىتى بالىنىڭ مېڭىسىدىكى «ناچار نەرسىلەرنى تاسقىۋېتىپ»، ئۇنىڭ مېڭىسى سەگەك، تەپەككۇرى ئېنىق، ئەقىللىق ئادەم بولۇشىنى ئۈمىد قىلىشتۇر.

## 2. بۆشۈك توي

خەلقىمىز ئادىتىدە، تۇنجى بالا ئۇچۇن بۆشۈك توي قىلىدۇ. چۈنكى قىزلار ياتلىق قىلىنغاندىن كېيىن، تۇنجى تۇغۇتىدا ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئۆيىدە يەڭگىيدۇ. شۇڭا قىزنىڭ ئاتا ـ ئانىسى قىزىنىڭ سالامەت پەرزەنت يۈزى كۆرگەنلىكى، ئۆزلىرىنىڭ نەۋرە كۆرگەنلىك خۇشاللىقلىرىنى ئىپادىلەش ۋە نەۋرىسى بىلەن قىزىنى ئۇزىتىپ قويۇش يۈزىسىدىن ئالاھىدە تەييارلىق كۆرۈپ مۇراسىم ئۆتكۈزىدۇ. مۇراسىم ئۆتكۈزۈلۈشتىن بۇرۇن يېڭى بۆشۈك ۋە ئۇۋۇدا (بۆشۈك ئىچىگە سېلىنىدىغان، ئىچىگە پاختا ياكى يۇمشاق سامان ئېلىپ كۆلتۈك تۆشۈكىگە توغرىلاپ تۆشەكلىك قىلىپ تىكىلگەن كۆرپە — «ئۇۋۇدا» دەپمۇ ئاتىلىدۇ)، كۆلتۈك (بوۋاقنىڭ تەرىتى چۈشىدىغان قاپاق ياكى شېشە قاچا)، ئىككى دانە پاختىلىق كۆرپە، قولتاتقۇ، يۆگەك، تېزلىق،كىچىك ياستۇق، يوپۇق، شۇمەك، جوغا قاتارلىق بۆشۈك جابدۇقلىرى ھازىرلىنىدۇ.

بەزىلەر ئۇدۇم قىلىپ باشقىلارنىڭ بىر نەچچە بالىنى بۆلەپ چوڭ قىلغان بۆشۈكىنى مەخسۇس تىلەپ ئېلىپ كېلىپ، ئۇنىڭغا ھازىرلىغان يېڭى جابدۇقلارنى ئىشلىتىدۇ. مۇراسىم بوۋاقنىڭ قىرىقى

«خەتنە» سىنى قىلىش ۋاقتىنى (يېشىنى) يەتتە ياش قىلىپ بېكىتـ-
كەن. تۇنجى ئوغۇلنىڭ «خەتنە» سىنى قىلىدىغان چاغدا بىرەر ئىشـ-
تا نەتىجە قازانغان، خۇشال بولغان، ئارزۇسىغا يەتكەن پەيتنى
تاللاپ، ئەر قوشنىلىرى ۋە دوستلىرىدىن 15 ~ 10 كىشىنى چاـ-
قىرىپ، داستىخان تەييارلاپ، خۇشاللىقتىن تەڭ بەھرىمەن بولۇش
ۋە شۇنىڭغا بىرلەشتۈرۈپ ئوغلىنىڭ «خەتنە» سىنى قىلىشتەك خاس
ئادەتنى يېتىلدۈرگەن. ئىككىنچى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئوغۇللىدـ-
رىنىڭ «خەتنە» سىنى قىلىش تۇنجى ئوغۇلنىڭ «خەتنە» سىنى قىدـ-
لىشتىن ئاددىيراق بولۇپ، مېھمان تەكلىپ قىلىپ ياكى تەكلىپ
قىلمىلا بېجىرىلىۋەرگەن.

خەتنە قىلىش ئادەتتە سالقىن ئالتۇن كۈز پەسلى ياكى ھاۋا
ئىسسىقى باشلىنىغان باش باھار پەسلىدە ئۆتكۈزۈلىدۇ.كۆپىنچە كىدـ-
شىلەر ئۆرۈك راسا چېچەكلىگەن چاغ، خەتنە قىلىشنىڭ ئەڭ ياخشى
ۋاقتى دەپ قارايدۇ.

«خەتنە توي» دېگەن سۆز ئەرەب تىلىدىن ئۇيغۇرچىغا ئۆزلەشكەن
سۆز بولۇپ، ئوغۇللارنىڭ ئۆسمۈر ۋاقتىدا خەتنىلىكىنى كېسىۋېـ-
تىشنى تۈپ ئالاھىدىلىك قىلىدىغان مۇراسىم ئادىتىنى كۆرسىتىدـ-
دۇ، ئوتتۇرا ئەسىردىن باشلاپ، ئىقتىسادىي ئەھۋالى بىر قەدەر ياخـ-
شى ئائىلىلەر ئوغۇل پەرزەنتىنىڭ خەتنىسىنى قىلىشتىن بىر كۈن
بۇرۇن، خەتنە قىلىنغۇچى بالا يېڭى ئۇستىباشلىرىنى كىيىپ، مەـ-
ھەللىدىكى تەڭتۇشلىرى بىلەن بىرلىكتە مەھەللە ۋە ئۇرۇق ـ تۇغـ-
قانلىرىنىڭ ئۆيىنى ئارىلاپ ئوينايتتى. بەزى جايلاردا بولسا، خەتنە
قىلىنغۇچى ئۆز تەڭتۇشلىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا مەخسۇس ئات مىدـ-
نىپ (ئۆزىنىڭ ياكى ھەمراھلىرىنىڭ ئېتى بولمىغان تەقدىردە
ئىلاجى قىلىپ بىر ياۋاش ئات ئارىيەت ئېلىنىدۇ)، مەھەللە ۋە تۇغـ-
قانلىرىنى ئارىلايتتى. بالا مىنگەن ئاتنىڭ يۈگەن، ئېگەر ـ يوپۇقـ-
لىرى چىرايلىق بېزىلەتتى. بالا مەھەللە ئىچىنى ئارىلاپ ئۆتكەندە
مەھەللە بالىلىرىنىڭ باشلامچىسى بالىلارغا ۋاكالىتەن بالىنىڭ بېـ-

قىسقىسى «بۆشۈك توي» نىڭ ماھىيىتى سالامەت يەڭگىۋالغان كې-
لىننى ئۆز ئۆيىگە يۆتكەپ كېلىدىغان بىر خىل مۇراسىمدۇر.
شۇنى ئالاھىدە ئەسكەرتىش لازىمكى، قەدىمكى خوتەندە مەيلى ئو-
غۇل، قىز بولسۇن بوۋاقنىڭ چۈشۈرۈلگەن قىرىقى چېچى يەرگە چۈ-
شۈرۈلمەي پاكىز يىغىۋېلىنىپ، چاچنىڭ ئېغىرلىق ۋەزنى باراۋىرىدە
ساتىراشقا كۈمۈش بېرىلگەن (كېيىنكى كۈنلەردە مۇۋاپىق مىقداردا پۇل
بېرىلىدىغان بولدى). ھاللىقراق ئائىلىلەردە بولسا، بوۋاق چېچى چۈ-
شۈرۈلۈپ بولۇشىغا مال سويۇپ، ئۇنى يەتتە پارچە قىلىپ يەتتە نەپەر
غېرىب ـ غۇرۋاغا ياكى مەھەللىدىكى قول ـ ئىلكى قىسقا يەتتە ئائى-
لىگە خام تاراج قىلىپ بېرىپ كەلگەن. شۇنىڭدەك چاچ يېڭى لاتىغا
ئورۇلۇپ تامنىڭ ئېگىز يېرىدىكى تۆشۈككە تىقىپ قويۇلغان ياكى دۇ-
خاۋا، تاۋاردا تۇمار تىكىپ ئىچىگە سېلىپ ساقلىنىپ كەلگەن.

## 3. خەتنە قىلىش ۋە خەتنە ـــ سۈننەت توي

«خەتنە قىلىش»نى كىشىلەر ئادەتتە «ياتقۇزۇش» دەپمۇ ئاتايدۇ.
بۇ مۇسۇلمانلار چوقۇم ئادا قىلىشقا تېگىشلىك بولغان سۈننەتلەرنىڭ
بىرسىدۇر. شۇڭا «سۈننەت توي» دەپمۇ ئاتالغان. كىشىلىك تۇرمۇش
قائىدىسىنىڭ پۈتۈن جەريانىدىن قارىغاندا، ئۇ، ئىبراھىم ئەلەيھىس-
سالامنىڭ ئون سۈننىتى (تۇرمۇشتا ئادەتلەنگەن ئىش ـ ھەرىكىتى)
نىڭ (ئەۋرەت، قولتۇق، بۇرۇننىڭ تۈكىنى ئېلىش، تىرناق ئېلىش،
ساقال ـ بۇرۇتنى ئېلىش، تاھارەت بىلەن يۇرۇش، يۇيۇنۇش، ئۆزىنى
خۇشبۇي تۇتۇش،خەتنە قىلىش، كىچىك چوڭغا سالام بېرىش، ئاز
گەپ قىلىش قاتارلىقلار) بىرى ئىدى. ئۇنىڭ ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ
كىرىشىگە ئەگىشىپ خوتەنگە كىرگىنىگە مىڭ يىللاردىن ئاشتى.
ئەجدادلىرىمىز «خەتنە» قىلىشنى قوبۇل قىلغاندا، گۈزەللىكنى
سۆيۈش، قىلغان ئىشنىڭ خەيرلىك بولۇشىنى تىلەش قارىشىغا ئا-
ساسەن، «خاسىيەتلىك يەتتە» سان ئۇقۇمى بويىچە، ئوغۇل بالىنىڭ

بالا تۇخۇمنى چايناش بىلەن قېلىپ، قورقۇش ۋە ئاغرىشتىن خالىي بولىدۇ. سورۇندا بولغۇچىلار بالىنى مۇبارەكلەپ پۇل تۇتقۇزۇپ قويىدۇ. خەتنىچى موللامغا بىر كىيىملىك رەخت ياكى مەلۇم مىقداردا پۇل قويۇپ ئۇزىتىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن خەتنە ـ سۈننەت ئاخىرلىشىدۇ.

سۈننەت قىلىنغۇچى بالا ئورنىدىن تۇرغىچە ئۇ ياتقان ئۆينىڭ هارارىتى نورمال، هاۋاسى ساپ، تازىلىقى ياخشى بولۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ. خەتنە قىلىنغان بالا پىشۇرۇلغان تۇخۇمنى كۆپرەك يەيدۇ. بالىنى يوقلاپ كەلگەن ئۇرۇق ـ تۇغقان ۋە دوست ـ بۇرادەرلەرمۇ دېگۈدەك تۇخۇم ئەكىلىدۇ.

ئېنىقكى، ئارتۇق خەتنىلىكنى كېسىۋېتىش ــ هازىرقى زامان تېبابەتچىلىكىدە مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن ياخشى ئادەت(چۈنكى مېدىتسىنا ساهەسىدىكىلەر خەتنە قىلىدىغان مىللەتلەردە ئەرلەر جىنسىي راك كېسەللىكىنىڭ يوقلىقى ياكى ئىنتايىن ئاز كۆرۈلىدىغانلىقىنى بايقىدى. هازىر بەزى دوختۇرخانىلارنىڭ تاشقى كېسەللىكلەر بۆلۈمىدە هەر مىللەت بالىلىرىنى خەتنە قىلىدىغان كەسىپ تۈرى تەسىس قىلىندى ۋە ئاتا ـ ئانىلار ئوقۇش يىلىنىڭ تەتىل مەزگىلىگە توغرىلاپ، بالىلىرىنىڭ خەتنىسىنى قىلدىغان بولدى).

## 4. قىزلارنىڭ قۇلىقىنى تېشىش ئادىتى

بۇ توي ـ مۇراسىم شەكلىنى ئالمىغان، ئەمما ئاتا ـ ئانا قىز پەرزەنتى ئۈچۈن ئورۇنلاش زۆرۈر بولغان قەرزنىڭ بىرى بولۇپ، خوتەن رايونىدىكى ئاهالىلەر قىز بالىنىڭ قۇلىقىنى يەتتە ياشقا كىرگەندە، ئەتىيازنىڭ ئۆرۈك چېچەكلىگەن ۋاقتىغا توغرىلاپ تېشىشكە ئادەتلەنگەن. تەكشۈرۈشكە ئاساسلانغاندا، ئۇنىڭدا بىر مۇنچە سىر بار ئىكەن. بىرىنچىسى، قىز بالىنىڭ قۇلىقىنى يەتتە ياشقا كىرگەندە تېشىشتە، مۇقەددەس يەتتە چۈشەنچىسى رول ئوينىغان؛ ئىككىنچىسى، يەتتە ياشتىن

لىنگە پوتا ۋە ئاتلارنىڭ بېشىغا رەڭدار لاتا پارچىلىرىنى ئېسىپ قو-ياتتى. بالىنىڭ يېزا ئارىلاپ ئوينىشى بىرىنچىدىن، سۈننەت قىلىد-نىپ ئورنىدىن تۇرغىچە قانغۇدەك ئوينىۋېلىشىنى مەقسەت قىلسا، ئىككىنچىدىن، «ئەتە مېنىڭ سۈننەت تويۇم، ئەھلىمەھەللە سىلەرنى تەكلىپ» دېگەن بېشارەت ئىدى. ئەمما بىر قىسىم چەت يېزا-قىشلاقلاردا، ھال ـ ئەھۋالى تۆۋەنرەك ئائىلىلەردە خەتنە قىلىشتا داۋراڭ سېلىنمايتتى، پەقەت قۇربىنىڭ يېتىشىچە بىر قازان ياخشى تاماق ئېتىپ، ئائىلىسىدىكىلەر ۋە خەتنىسىنى قىلغان ئاخۇنۇم بىد-لەن غىزالانسىلا خەتنە قىلىش ئاخىرلىشاتتى. خەتنە قىلغانلىق خە-ۋىرىنى ئاڭلىغان بەزى ئۇرۇق ـ تۇغقان ۋە دوست ـ بۇرادەرلىرى بىر نەچچە تۇخۇم ياكى بىرەر قاچا تەملىك تاماق ئەكېلىپ بالىنى يوقلاپ تەبرىكلەيتتى ۋە ياخشى تىلەكلەرنى بىلدۈرەتتى.

كۆجۇم يۇرت ـ ئايماقلاردا ئۆتكۈزۈلىدىغان خەتنە ـ سۈننەت جەريانى تۆۋەندىكىدەك داۋاملىشىپ كەلگەن: ئالدى بىلەن مېھمانلار-غا زىياپەت بېرىلىدۇ. زىياپەت ئاخىرلىشىپ مېھمانلار سوۋغاتلىرىنى قويۇپ ئۇزىغاندىن كېيىن، بالا چوڭ ـ كىچىك تەرەت قىلدۇرۇپ ئورنى سېلىنىپ (بالىغا يېڭى يوتقان ـ كۆرپە، ياستۇق تەييارلىنىد-دۇ ـ ئەلۋەتتە) ئوڭدىسىغا ياتقۇزۇپ بالىنىڭ تاغىسى، يېقىن ئادىمى قۇچىقىدا تۇتۇپ ئىشتىنى سالدۇرۇلىدۇ. ئالاھىدە تەكلىپ قىلىنغان خەتنىچى موللام جابدۇقلىرىنى يوشۇرۇن ئېلىپ بالىنىڭ قېشىغا كېلىپ ئولتۇرىدۇ. بالىغا ھېچ ئىش يوقلۇقىنى جېكىپ بىر قولىدا بالىنىڭ جىنسىي ئەزاسىنىڭ ئۇچىنىڭ تېرىسىنى سىلاپ تۇرۇپ نا-ھايىتى چەبدەسلىك بىلەن چوكا ئۇزۇنلۇقىدىكى بىر جۈپ چىغ ياكى يېرىلغان قومۇش ئارىسىغا ئېلىپ قىسىدۇ ـ دە، ئۈستىرىدا شارت قىلىپ كېسىپ تاشلايدۇ ۋە قان توختىتىش ئۈچۈن كۆيدۈرۈلگەن پاكىز پاختا كۈلىنى كېسىلگەن جايغا بېسىپ قويىدۇ. بۇنىڭ بىلەن قانمۇ توختايدۇ، كېسىش ۋاقتىدا بالا قورقۇش ۋە ئاغرىشتىن يىغ-لىغان ھامان ئاقلاپ تەييارلانغان تۇخۇم ئاغزىغا كەپلەپ قويۇلىدۇ.

نىكاھ ئىككى جىنس ئوتتۇرىسىدىكى ئەڭ گۈزەل ۋە ئەڭ مۇھىم مۇناسىۋەتنى ئىشقا ئاشۇرۇش چارىسى، ئاۋام تىلى بويىچە ئېيتقاندا «ئۆمۈر سودىسى» دۇر.

نىكاھنىڭ مەيدانغا كېلىشى ۋە مۇقىملىشىشىدا دىنىنىڭ ئوينىغان رولى چوڭ ھەم نىكاھ ئادىتى بىلەن باغلىنىشلىقى ئىنتايىن زىچ. ئەجدادلىرىمىز ئېتىقاد قىلغان قەدىمكى دىنلاردا ئانىغا تېۋىنىش (ئاياللارغا تېۋىنىش، ئاياللارنى ئىلاھلاشتۇرۇش) چۈشەنچىسى ئاخىرقى ھېسابتا «نىكاھ» مۇقەددەس، ئەر بىلەن ئايالنىڭ جۈپلىشىشى تەڭرىنىڭ ئىلتىپاتى، ئەر بىلەن ئايالنىڭ نىكاھلىنىشى پانىي ۋە باقىي ئالەم — ئىككى دۇنيالىق جۈپلىشىش دېگەن قاراشنى ئىلگىرى سۈرگەن. بۇ خىل «نىكاھ» قارىشى پۈتكۈل ئۇيغۇرلارغا ئوخشاشلا خوتەنلىكلەر نىكاھ ئادىتىنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى بولغان.

**1) لايىق تاللاش دائىرىسى، بالدۇر توي قىلىش ئادىتى ۋە لايىق تاللاش ئۇسۇلى**

لايىق تاللاش دائىرىسى: بىرىنچىدىن، تۇغقانلارنى بىر - بىرىگە چېتىش يەنى ئۇرۇق - جەمەتى ئىچىدىن لايىق ئىزدەش (بۇ قەدىمدىن 20 - ئەسىرنىڭ 50 - يىللىرىغىچە مەۋجۇت ئىدى)؛

ئىككىنچىدىن، نەسىل - نەسەبتە تەڭ بولۇش. نامرات ئائىلىلەر ئوغلى ئۈچۈن باي ئائىلىنىڭ قىزىغا ئەلچى ئەۋەتىپ توي تەلەپ قويۇپ، ئېگىز ئوقۇرغا ئېسىلىشنى خالىمايدۇ. ئۇلار ئاساسلىقى بۇرنىغا يەپ قېلىشتىن، ئازار يېيىشتىن قورقىدۇ، شۇنداقلا قىزىنىمۇ باي ئائىلىگە ياتلىق قىلىشنى خالىمايدۇ، ئۇلار ئاساسلىقى قىزىنىڭ خارلىنىپ قېلىشى، ھەتتا ئېرى تەرىپىدىن تاشلىنىپ قېلىشتەك قىسمەتكە ئۇچراپ قېلىشتىن قورقىدۇ؛

ئۈچىنچىدىن، بالدۇر ئەلچى ئەۋەتىش، بالدۇر چاي ئىچۈرۈش، بالدۇر توي قىلىش، بالدۇر پەرزەنتلىك بولۇش. بۇ خەلق ئىچىدە بولۇپمۇ چەت - يىراق رايونلاردا بىر قەدەر كۆپرەك ساقلىنىپ قېلىۋاتقان بىر خىل ئادەت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ؛

ئىلگىرى قولاقنى تەشكەندە ئاسانلا پۇتۇپ قالىدۇ. سەككىز ياشتىن كېيىن تەشكەندە قولاق يۇمشىقى قېلىنلاپ، قولاقنى تېشىش قىيىن بولىدۇ ھەم ساقىيىشى تەسكە توختايدۇ. ئەتىيازنىڭ ئۆرۈك چېچەكلىگەن ۋاقتى ھاۋا سوغۇقمۇ ئەمەس، ئىسسىقمۇ ئەمەس، بارلىق جانلىق، ئۆسۈملۈك ياشىرىش ـ بىخلىنىش ھالىتىگە كىرگەن ۋاقىت بولۇپ، ئەڭ مۇۋاپىق پەيت ھېسابلىنىدۇ. قولاق تېشىلگەندىن كېيىن قولىقى تېشىلگەن قىز بالىنىڭ غورا يېيىشى چەكلىنىدۇ. غورا يەپ قويسا، قولىقى غورا قولاق (قولاق يۇمشىقى توم) بولۇپ قالىدۇ، دەپ قارالغان. ئۇچىنچىسى، قىز بالا يەتتە ياشقا كىرگەندە قولىقىنى تېشىش قىزلارنىڭ فىزىيولوگىيەلىك تەرەققىياتىغا مۇۋاپىق ھېسابلانغان. بۇ ياشتا قولاق تېشىلگەندە قىزلارنىڭ بەدەن تەرەققىياتى نورمال بولىدۇ، دەپ قارالغان.

قىزلارنىڭ قولىقىنى تېشىپ ھالقا تاقاش — ئايال جىنسىنى ئەرلەردىن پەرقلەندۈرۈش، ئاياللارنىڭ گۈزەللىكىنى ئاشۇرۇشتىن بارلىققا كەلگەن قەدىمكى ئادەتنىڭ بىرى. ھازىرقى نىيا ناھىيەسى تەۋەلىكىدىكى ئاق قوچقىراق قەدىمكى شەھەر خارابىسىدىن تېپىلغان مىس ۋە ئالتۇن ھالقا؛ سامپۇل قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىن تېپىلغان تاش ھالقا ۋە بويۇن ئاسقۇلار بۇ ئادەتنىڭ قەدىمكىلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

## 5. نىكاھ ۋە تويلىشىش ئادەتلىرى①

خوتەندىمۇ نىكاھ ئادىتى، تويلىشىش قائىدە ـ يوسۇنلىرى بارلىق ئۆرپ ـ ئادەت ئىچىدە مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. «نىكاھ» ئەرەب تىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا ئۆزلەشكەن ئاتالغۇ. ئۇ «ئەر ـ ئايال جۈپلەشمەك»، «ئەر ـ ئايالنى جۈپ قىلىپ باغلىماق» دېگەنلىك بولىدۇ. نىكاھ يىگىت بىلەن قىز (ئەر بىلەن ئايال) نىڭ بەلگىلىك رەسمىيەت ۋە قانۇنىي شەكىل ئارقىلىق جۈپلىشىپ ئائىلە قۇرۇشى دېمەكتۇر.

① يۇقىرىقى ماۋزۇلار ئاستىدىكى (1 ـ دىن 5 ـ گىچە) بايانلار يۈەن جىگۇاڭ، يۈەن نايۇننىڭ «خوتەننىڭ قىسقىچە تارىخى» (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2005 ـ يىلى 10 ـ ئاي 1 ـ نەشرى) ناملىق كىتابتىكى (731 ـ 741 ـ بەتلەر) ماقالىسى ئاساسىدا تۈزۈلدى.

ئۇسۇل قوللىنىلىدۇ:
(1) ئاتا ـ ئانا ئالدى بىلەن ئەھلىمەھەللە، قولۇم ـ قوشنا، يارۇ ـ بۇرادەر، ئۇرۇق ـ تۇغقانلار ئىچىدىن، ئاندىن قالسا، يات يېزا ـ قىشلاقلاردىن ئۆز پەرزەنتى (ئوغلى) ئۈچۈن لايىق كۆزىتىدۇ. ئاتا ـ ئانىنىڭ پىكرى بىر يەرگە كەلگەندىن كېيىن، باشقىلار ئارقىلىق ئوغلىغا بېشارەت بېرىلىدۇ ياكى ئوغلىنىڭ رايىغا بېقىلىدۇ. ئوغۇلدا باشقا ئىنكاس بولمىسا، ئاتا ـ ئانا كۆزىتىپ تاللىغان لايىق نىشانلىنىدۇ. ئەگەر ئوغلىنىڭ ياقتۇرۇپ سۆزلىشىپ يۈرگەن لايىقى بولۇپ، بۇ لايىق ئاتا ـ ئانىغىمۇ مۇناسىپ كۆرۈلسە، ئاخىرقى ھېسابتا شۇ لايىق نىشانلىنىدۇ. ئادەتتە ئاتا ـ ئانىنىڭ پىكرى ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ. ئوغۇل بىلەن قىز بىر ـ بىرىنى ياقتۇرۇپ قالغان بولسا، ئارزۇلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ سىمۋولى قىلىپ ئۆز ئارا خاتىرە قالدۇرۇشىدۇ. ئوغۇللار ئادەتتە، كۆمۈش ئۈزۈك (ھاللىق ئائىلىدىكىلەر ئالتۇن ئۈزۈك)، بويۇنتۇمار؛ قىزلار ئۆزى گۈل چېكىپ ئىشلىگەن قول ياغلىق، تاماكا خالتىسى قاتارلىق بۇيۇملارنى تەقدىم قىلىشىدۇ.
(2) بەزى ئائىلىلەر مەلۇم بىرىنىڭ ئوغلىنى (قىزىنى) كىچىكىدىن ياخشى كۆرۈپ كەلگەن بولسا، ھەر خىل سورۇن ـ پۇرسەتلەردىن پايدىلىنىپ «بالا قىلىۋالىمەن»، «ئوبدان بالا بولدى» دېگەندەك سۆز ـ ئىبارىلەر بىلەن ئوغلىغا (قىزغا) جۈملىدىن ئوغۇل (قىز) نىڭ ئاتا ـ ئانىسىغا بېشارەت بېرىپ تۇرىدۇ. ئەگەر ئوغۇل (قىز) دا جۈملىدىن،ئوغۇل (قىز) نىڭ ئاتا ـ ئانىسىدا بۇ بېشارەتكە مۇناسىپ بىرەر ئىپادە كۆرۈلسە، ئوغۇل (قىز) تەرەپ تۇغقان، يارۇبۇرادەرلىرى ئارقىلىق ئۆز ئىستەكلىرىنى بىلدۈرۈشىدۇ. ئىككى تەرەپ رەسمىي مۇناسىپ كۆرۈشسە، ئاندىن قۇدىلىشىش تەدبىرلىرىنى كۆرىدۇ.
(3) بەزى ئائىلىلەر، بولۇپمۇ كۆپ قىزلىق ئائىلىلەر ياۋاش، تىرىشچان، ئاتىسىز ياكى ئانىسىز قارا يېتىم بالىلارنى ئۆزلىرى بىۋاستە تاللاپ قىزلىرىدىن بىرىنى ئۇنىڭغا چېتىپ قويىدۇ. ئۇ

تۆتىنچىدىن، مۇسۇلمان بولمىغان مىللەتلەر بىلەن توي قىلماسلىق؛

بەشىنچىدىن، خوتەن رايونىنىڭ ئالاھىدە جۇغراپىيەلىك ئەھۋالى، ئۇرۇش مالىمانچىلىقى، ئاغرىق ـ سىلاق، مىراس ۋە پەرزەنتلەرنى يېتىم قىلماسلىق قاتارلىق سەۋەبلەر بىلەن بىر ئائىلىدىكى ئوغۇل پەرزەنتلەر ئىچىدە ئاكىسى ۋاپات بولۇپ كەتسە، ئىنىسى يەڭگىسىنى نىكاھىغا ئالىدىغان ئادەتنىڭ بولۇشى قاتارلىقلار.

20 ـ ئەسىرنىڭ 40 ـ يىللىرىغىچە خوتەننىڭ شەھەر ئىچى ۋە بىر قىسىم جايلىرىدىلا ئەرلەر ئەرلىك ھوقۇق ـ ئىمتىيازىدىن پايدىلىنىپ ئىككى، ھەتتا ئۈچ ـ تۆت خوتۇن ئالىدىغان ئەھۋالمۇ مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن. مۇنداق ئەھۋال ئومۇمىيۈزلۈك بولمىسىمۇ، ئۇنىڭ شەكىللىنىشىگە مۇنداق ئەھۋاللار سەۋەب بولغان: بىرى ئوتتۇرىدا پەرزەنت بولماسلىقى ياكى ئايالىنىڭ تۇغۇت ئىقتىدارى بولماسلىقى سەۋەبى بىلەن ئەر، خوتۇن ئۈستىگە يەنە بىر خوتۇن ئالاتتى. مۇنداق سەۋەب زۆرۈرىيىتى تۇغۇلغاندا، ئەر ـ خوتۇن رازىلىشىش ئاساسىدا ئىش كۆرۈلەتتى. كۆپىنچە ھاللاردا ئايال تەرەپ تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىپ لايىق تاللايتتى ۋە توي ئىشىغا ئۆزى رىياسەتچىلىك قىلاتتى. مۇنداق بىر ئەرلىك ئىككى خوتۇن «چوڭ خوتۇن»، «كىچىك خوتۇن» دەپ، كىچىك خوتۇن ئادەتتە «توقال» دەپمۇ ئاتىلاتتى. يەنە بىرى، تىجارەت بىلەن ياكى باشقا ئىشلار بىلەن سىرتتا ئۇزۇن مۇددەت تۇرۇپ قېلىشقا توغرا كەلگەندە ئەر يەنە بىر خوتۇن ئېلىشقا بولاتتى. بەزى ئەرلەر ئەرلىك ھوقۇق ئىمتىيازى، جەمئىيەتتىكى نوپۇزى، بايلىقى، ھوقۇق ئىمتىيازىغا تايىنىپ توقال ئالاتتى.

يۇقىرىقىدەك ئەھۋال تەدرىجىي تۈگىتىلگەن بولسىمۇ، نىكاھقا چات كېرىشىلىش ئەھۋاللىرى يەنىلا مەۋجۇت (ئەمما، مۇۋاپىق ياشتا توي قىلىش ۋە ئەركىن مۇھەببەتلىشىپ توي قىلىش بىر خىل ئومۇمىي يۈزلىنىشتۇر).

ئومۇملاشتۇرغاندا خوتەندە لايىق تاللاشتا، ئادەتتە تۆۋەندىكىدەك

ئەۋەتىش ئادەت شەكلى مۇنداق: ئالدى بىلەن ئورۇق ـ تۇغقان ياكى قوشنا ـ قولۇملار ئىچىدىن بىر نەچچە ئايال ھاۋالە بويىچە قىز تەرەپنىڭ ئۆيىگە گەپ ئېلىش ئۈچۈن بېرىپ دارىتمىلاپ گەپ قىلىپ، قارشى تەرەپنىڭ مۇددىئاسىنى بىلىدۇ، سوۋغات ئېلىپ بېرىلمايدۇ. ئۆزگىچە بولغىنى شۇكى، كىشىلەر بۇ ئۇسۇلنى ئوبرازلاشتۇرۇپ «قولاقلىشىش»، «تومۇر تۇتۇش» دەپ ئاتايدۇ. ئادەتتە، ئوغۇل تەرەپنىڭ ئاتا ـ ئانىسى قىز تەرەپنىڭ بۇ توي ئىشى توغرىسىدا ئويلىشىپ بېقىشنى خالايدىغانلىقىنى ئۇققاندىن كېيىن، ئاندىن قىزنىڭ ئۆيىگە ئۆزى بېرىپ قۇدىلىشىشنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. قۇدىلىشىشقا گۇۋاھچى بولۇش ئۈچۈن تەقۋادار ۋە يۈزلۈك كىشىدىن بىر ـ ئىككىسى تەكلىپ قىلىنىدۇ. ئوغۇلنىڭ ئاتا ـ ئانىسى بارغاندا ئادەت بويىچە بىر قۇر كىيىم ياكى رەخت قاتارلىق چاي ئىچۈرىدىغان سوۋغاتلارنى ئېلىپ بارىدۇ، قۇربى يەتكەنلەر ئالتۇن ھالقا، بىلەزۈك، خۇرۇم ئاياغ قاتارلىقلارنىمۇ ئېلىپ بارىدۇ. بۇ نەرسىلەر شۇ ئائىلىنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىغا قاراپ ئېلىنىدۇ، ئادەتتە بۇ نەرسىلەر تويلۇقنىڭ ئۈچتىن بىرىنى ئىگىلەيدۇ.

چاي ئىچۈرۈش «گۈل قويدى» ياكى سالامغا بېرىش ـــ «ھەشقاللا ئېيتىش» (سۆز سالدۇرۇش) دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ قارشى تەرەپنىڭ قىزنى ئۆز ئوغلىغا ياتلىق قىلىشنى خالايدىغانلىقىغا رەھمەت ئېيتىشنى بىلدۈرىدۇ (ئىلگىرى كالا، قوي ئاساسلىق تويلۇق ئىدى. كىشىلەرنىڭ قىزنى ياتلىق قىلىش ئارقىلىق بايلىققا ئىگە بولۇۋېلىش ئېڭى ئاجىز ھەمدە بۇ جەھەتتىكى ئۆرپ ـ ئادەتلەر ئاددىي بولۇپ، بۇگۈنكىدەك ئاشكارا باھا تالىشىش ئەھۋاللىرى يوق ئىدى).

ئەركىن مۇھەببەتلەشكەن ئىككى تەرەپنىڭ مۇناسىۋىتى بېكىتىلگەندىن كېيىن، ئادەتتە يىگىت تەرەپنىڭ ئاتا ـ ئانىسى قۇدىلىشىشنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئوتتۇرىغا قويىدۇ. شۇڭا قايتا «مەسلىھەت چېيى» ئۆتكۈزۈشنىڭ زۆرۈرىيىتى بولمىغاچقا، بەزىدە چاي ئىچۈرۈلگەندە توي ۋاقتى بېكىتىلىدۇ. تويلۇقنىڭ مىقدا-

شۇ ئۆينىڭ ئوغلى ھېسابىدا بولىدۇ. بۇ ئادەتتە «ئوغۇلچىلاپ ئەكە-رىش (كىرىش)»، دەپ ئاتىلىدۇ.

(4) مەخسۇس ئادەم ئارقىلىق تاللاش. خوتەندىمۇ ياش ئوغۇل ـ قىزلارغا، جۈملىدىن، ئوتتۇرا ياشلىق بويتاق ياكى سويتاق (تۇل ئا-يال) لارغا لايىق تونۇشتۇرۇشنى كەسىپ قىلغان ئاياللار بولۇپ كەل-گەن. بۇنداق ئايال «دەللال» دەپ ئاتالغان. بەزى ئائىلىلەر ئۆز ئوغ-لى، (قىز) لىرى ئۈچۈن جۈملىدىن ئوتتۇرا ياشلىق بويتاق ـ سوي-تاقلار ئۆزلىرى ئۈچۈن، شۇنداق ئاياللار ئارقىلىق لايىق تاپقان ۋە تاللاتقۇزغان(بۇنداق ئاياللار ھازىرقى «لايىق تونۇشتۇرۇش ئورنى» نىڭ رولىنى ئويناپ كەلگەن).

مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، قەدىمكى ئەجدادلىرىمىز مۇقەددەس سان ئۆلچىمى بويىچە ئوغۇللارنىڭ نىكاھلىنىشىدا ئىككى «توققۇز» ياشنى، قىزلارنى ياتلىق قىلىشنى خاسىيەتلىك سان ئىككى «يەتتە»نى بىرلىك قىلغان بولسىمۇ، كېيىنكى دەۋرلەردە ئوغۇللارنى 15~16 ياشتا ئۆيلەپ قويۇش، قىزلارنى 14~15 ياشتا ياتلىق قىلىش ئومۇ-مىي ئادەتكە ئايلانغان. بەزى يۇرتلاردا «قىز بالا تەلپەك بىلەن ئۇرسا يىقىلىپ كەتمىسىلا، ياتلىق قىلىشقا بولىدۇ» دەپ قارالغان.

2) تويلىشىش ئادەتلىرى

خوتەنلىكلەرنىڭ تويلىشىش ئادىتى ئومۇمەن: ئەلچى ئەۋەتىش، چاي ئىچۈرۈش، مەسلىھەت چېيى، نىكاھ قاتارلىق تۆت باسقۇچتىن تەركىب تاپقان. ھەر بىر باسقۇچنىڭ كونكرېت قەدەم ـ باسقۇچى، لەھجىسى قاتارلىقلار ناھىيە بىلەن يېزىلاردا ئوخشىمىغان دەرىجىدە پەرقلىنىدۇ. تويلىشىش ئادىتى جەھەتتىكى پەرق ئىنتايىن روشەن ۋە گەۋدىلىك بولىدۇ. قاراقاش ناھىيەسىدىلا ئانچە پەرقلىنىپ كەت-مەيدىغان ئۈچ خىل تويلىشىش شەكلى بار. مەسىلەن، ئىككى كۆڭ-لۈك توي، بىر كۆڭلۈك توي دېگەندەك. بۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۆ-زىگە خاس ئالاھىدىلىكى بار.

(1) ئەلچى ئەۋەتىش، چاي ئىچۈرۈش (سۆز سالدۇرۇش) ئادىتى. ئەلچى

باردىغان مېھمان سانى كېلىشىلىدۇ. بېكىتىشكە تېگىشلىك ھەر بىر تۇر، ھەر بىر سان، ھەر بىر ھالقا ئۇستىدە باش قاتۇرۇلۇپ، قىزنى نېمىدە يۆتكەش ۋە داستىخانغا چىقىرىلىدىغان تاماق توردىن تارتىپ، ناغرا ـ سۇناي چېلىش ـ چالماسلىق مەسىلىسىگىچە مەسىلىھەت قىلىنىدۇ. كۆپىنچە ئەھۋاللاردا، قىز تەرەپ ناغرا ـ سۇناي چېلىپ، توينى راسا قىزىتىشتا چىڭ تۇرىدۇ. ئەمما، تۆۋەندىكى بىر نەچچە خىل ئەھۋالدا ئىككى تەرەپ مۇرەسسە قىلىشالايدۇ: بىرىنچى، كەنتتە، بولۇپمۇ قوشنا ـ قولۇملار ئىچىدە يېقىن ئارىدا ئۆلۈم ـ يېتىم ئىشلىرى يۈز بەرگەن بولسا؛ ئىككىنچى، كەنتتىكى ئاخۇنۇم ئەنئەنچى، ناھايىتى مۇتەئەسسىپ بولۇپ، ناغرا ـ سۇناي چېلىشقا قارشى تۇرىدىغان، مۇزىكا ئاۋازىنى «ئالۋاستىنىڭ ئاۋازى» دەپ قارايدىغان كىشى بولسا (قاراقاشتا ناغرا ـ سۇناي چېلىنمىغان توي گاچا توي دېيىلىدۇ)؛ ئۈچىنچى، نۇرغۇنلىغان چاقىرىلمىغان مېھمانلارنىڭ كېلىپ، قالايمىقانچىلىق تۇغدۇرۇشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ناغرا ـ سۇناي چېلىنمايدۇ؛ تۆتىنچى، چىقىمنى تېجەش ئۈچۈن چېلىنمايدۇ.

توي بولغىچە ئارىلىقتا ھېيت كېلىپ قالسا، ھېيتنىڭ بىرىنچى ياكى ئىككىنچى كۈنى يىگىت تەرەپ قىز تەرەپكە «ھېيت تەزىم» گە بارىدۇ. قىز تەرەپ يىگىتكە ھېيتلىق كىيىم ـ كېچەك سوۋغا قىلىدۇ. يىگىت تەرەپ قىز تەرەپنى ھېيتلاپ بېرىشقا تەكلىپ قىلىدۇ. قىز تەرەپ يىگىت تەرەپكە ھېيتلاپ بارغاندا، يىگىت تەرەپ قىزغا ھېيتلىق كىيىم ـ كېچەك سوۋغا قىلىدۇ. ھېيت كەلمىسە، يىگىت تەرەپ قىز تەرەپنى مېھمانغا چاقىرىپ «قېيىن ـ بۇيان چېيى» بېرىدۇ. قىز تەرەپمۇ جاۋابەن يىگىت تەرەپنى مېھمانغا چاقىرىپ چاي بېرىدۇ.

تويغا ئىككى كۈن قالغاندا، قىزنىڭ يېقىن ئاداشلىرى قىز تەييارلىغان ئائىلە جابدۇقلىرى (ئىشىك ـ دېرىزە پەردىلىرى، كارىۋات ئايىغى، كىيىم ياپقۇچ، كارىۋات ـ كىرىسلو ياپقۇچ.. دېگەندەك) نەرسىلەرنى ئېلىپ، يىگىتنىڭ ئۆيىگە «ئۆي جابدۇش» قا كېلىدۇ ۋە

رى، قىممىتى ۋە باشقا مۇناسىۋەتلىك ئىشلار كېڭىشىش ئارقىلىق بېكىتىلىدۇ.

**(2) تويدىن ئىلگىرى قىز ـ يىگىتنىڭ تۇرمۇش ئىقتىدارىنى سىناش ئادەتلىرى.** كۇيۇئوغۇلنى سىناپ بېقىش ئۇسۇلى ئادەتتە مۇنداق ئىككى خىل:

بىرىنچىدىن، پالتا بىلەن كۆتەك يارغۇزۇش. توي ۋاقتى يېقىنلاپ قالغاندا، قىزنىڭ ئاتا ـ ئانىسى بولغۇسى كۇيۇئوغلىنى مەلۇم باھانىلەر بىلەن ئوتۇن يېرىشقا ياردەملىشىپ بېرىشكە ئۆيىگە چاقىرىدۇ (بۇ ئادەت دېھقانچىلىق رايونلىرىدا تارقالغان. يارىدىغان دەرەخ كۆتىكى بەكلا يىلتىزلىق، چالا قۇرۇغان چوڭ چۇقاتماقلىق بولىدۇ).

ئىككىنچىدىن، قوي بوغۇزلىتىش (بۇ ئادەت چارۋىچىلىق رايونلىرىدا بار).

كېلىننىڭ تۇرمۇش ئىقتىدارىنى سىناش ئۇسۇلىنىڭ بىرى، ئۇنىڭغا گىلەم ـ پالاس ئۈستىدە قازان ـ قومۇش يۇدۇرۇپ بېقىش، ئۇنىڭ قاچا يۇغان ۋاقىتتا قايسىسىنى بۇرۇن، قايسىسىنى كېيىن يۇغانلىقى، ھەربىكىتىنىڭ سىلىق بولغان ـ بولمىغانلىقىغا قاراپ ئۇنىڭ ئىشچان ۋە چاققانلىقىغا باھا بېرىلىدۇ. يەنە بىرى، قوناق ئۇنىدا يۇبدان ئەتكۈزۈلىدۇ. شەك ـ شۈبھىسىزكى، بۇلارنىڭ ھەممىسى «توي سىنىقى» دىن قېپقالغان ئادەتلەردۇر (ھازىر بۇ ئادەتلەر مۇتلەق كۆپ ساندىكى رايونلاردا ياشانغانلارنىڭ قىزىقارلىق ئەسلىمىسىگىلا ئايلىنىپ قالدى).

**(3) مەسلىھەت چېيى.** توي ئىشى توغرىسىدا مەسلىھەتلىشىشنى يەنى «تويلۇق سېلىش» ـــ تويلۇقنى بېكىتىش ۋە قاراقاشلىقلار ئېيتقاندەك، قانچە ئۆيلۈك مېھمان چاقىرىش توغرىسىدا مەسلىھەتلىشىش مەنىسىدە بولۇپ، ئەمەلىيەتتە مەسلىھەت چېيىغا ئىككى تەرەپنىڭ ئائىلىسى ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىدۇ. ئادەتتە ئىككى تەرەپنىڭ ئاتا ـ ئانىسى، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى ۋە قوشنا ـ قولۇملىرى قاتنىشىدۇ. تەرتىپ بويىچە، قىزغا تويلۇق ئۈچۈن بېرىلىدىغان پۇل تاپشۇرۇلىدۇ. توي كۈنى بېكىتىلىدۇ، قىز يۆتكەش ۋە قىزغا ئەگىشىپ

كە ئەۋەتىش قاتارلىق ئىشلارنى ئورۇنلايدۇ. كۆپىنچە ئەھۋالدا، كىچىك چاينىڭ ئەتىسى ھەر ئىككى تەرەپتە توي ئۆتكۈزۈلىدۇ.

(5)نىكاھ ئوقۇش. نىكاھ ئوقۇش «پاتىھە ئوقۇش» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. نىكاھ ئادەتتە توي مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلىدىغان كۈنى ئەتىگەنلىكى قىز تەرەپتە ئوقۇلىدۇ. بۇ كۈنى ئەتىگەندە يىگىت دادىسى تەيىنلىگەن ۋەكىل ۋە يىگىت قولداشلىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا نىكاھ ئوقۇيدىغان ئىمام ياكى مەزىننى بىللە ئېلىپ قىز تەرەپكە كېلىدۇ. قىزنىڭ دادىسى ئۈچ ـ تۆت نەپەر قوشنىسىنىڭ ھەمراھلىقىدا ئىشىك ئالدىغا چىقىپ ئۇلارنى قارشى ئېلىپ ئۆيگە باشلايدۇ ۋە داستىخان سېلىپ چىرايلىق كۈتىدۇ. داستىخان يىغىلغاندىن كېيىن نىكاھ ئوقۇش تەييارلىقى ئارىلىقىدا قىز بىر ـ ئىككى نەپەر ئايال تۇغقىنى ۋە قولداش ـ تەڭتۇشلىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا باش، كۆزىگە رومال يۆركەنگەن ھالدا ئىشىك تۈۋىدە ھازىر بولىدۇ. يىگىت، قولدىشى بەلەن قول قوشتۇرۇپ ئۆرە تۇرىدۇ. نىكاھ ئوقۇغۇچى بەلگىلەنگەن ئايەتنى تاماملاپ، ئالدى بىلەن قىزنىڭ ئاتىسىدىن «قىزلىرى××× نى××× ئاخۇننىڭ ئوغلى××× گە بەردىلىمۇ؟» دەپ سوراپ، ئۇنىڭ رازىلىقىنى ئالغاندىن كېيىن، يىگىتكە قاراپ: «××× ئاخۇن ××× ئاخۇننىڭ قىزى××× خاننى رازى ـ رىزالىقىڭىز بىلەن قىيامەتلىك ھالال جۈپلۈككە ئۆز ئەمرىڭىزگە ئالدىڭىزمۇ؟» دەپ سورايدۇ. يىگىت چوڭلار ئالدىدا خىجىللىق ھېس قىلىپ دەرھال جاۋاب بەرمەي، پەقەت ئۈچىنچى قېتىم سورالغاندا «ئالدىم» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ئاندىن قىز تەرەپكە قاراپ:

«×××خان××× ئاخۇننىڭ ئوغلى××× ئاخۇنغا رازى ـ رىزالىقىڭىز بىلەن قىيامەتلىك ھالال جۈپلۈككە ئۆزىڭىزنى قوبۇل قىلدىڭىزمۇ؟» دەپ ئۈچ قېتىم سورايدۇ. ئەمما قىز تېخىمۇ جاۋاب بەرمەي، پەقەت، يېنىدا تۇرغانلار ئاڭلىغۇدەك پىچىرلاپ ماقۇللۇق بىلدۈرىدۇ. بۇنىڭغا يېنىدا تۇرغانلار گۇۋاھلىق بېرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ھەممە ئورنىدىن تۇرۇپ، قىز ئاتىسىنىڭ باشلىشى بىلەن دۇئا قى

ئېلىپ كەلگەن نەرسىلەر بىلەن يىگىت تەييارلىغان ئۆينى جابدۇيدۇ. يىگىت تەرەپ ئۇلارغا تاماق تەييارلاپ مېھمان قىلىدۇ ۋە ئۆي جابدۇشقا كەلگەن قىزلارغا ئايرىم ـ ئايرىم سوۋغا (كۆپىنچە يۈز سوپۇنى، لۇڭگە، قول ياغلىق قاتارلىقلار) تەقدىم قىلىدۇ.

شۇنى ئالاھىدە ئېيتىش لازىمكى، خوتەنلىكلەردە قەدىمدىن بۇيان «قىز ئېلىپ قاچىدىغان» ئادەت يوق. ئىككى تەرەپ ئاتا ـ ئانىلار بولۇپمۇ ئوغۇل ۋە ئوغۇلنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ماقۇل كۆرمىگەن تويلىشىش، كىشىلىك ئىجتىمائىي ئەخلاق ۋە جامائەتچىلىكنىڭ ئەيىبلىشى سەۋەبىدىن ئەمەلگە ئاشمىغان.

(4)كىچىك چاي. «پارچە توي» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇنى ئوغۇلنىڭ ئۆيىدىكىلەر تويىنىڭ ئالدىدا ئۆتكۈزىدۇ. ئۈچ نەپەر توي بېشى بېكىتىلىدۇ. توي بېشىلىقنى بالاغەتكە يەتكەن بىر ئەر، بالاغەتكە يەتكەن بىر ئايال ۋە بىر ياش ئۈستىگە ئالىدۇ. ئۇلار جامائەت ئارىسىدا ئابرۇيلۇق بولۇپ، باشقىلار گېپىنى ئاڭلايدىغان، سورۇننى باشقۇرالايدىغان بولۇش؛ تويىنىڭ ئادەتلىنىپ كەتكەن تەرتىپلىرىنى پىششىق بىلىدىغان، ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلالايدىغان، مەلۇم تەشكىللەش ئىقتىدارى بار بولۇش؛ ئۆي ـ پىكرى ئېنىق، ئاغزى ئىتتىك، تەجرىبىلىك، باشقۇرۇش ئىقتىدارى بولۇش قاتارلىق شەرتلەرنى ھازىرلىغان بولۇشى كېرەك. ئۇلار بىردىن ئىشقا باشچىلىق قىلىدۇ. ھەر بىر ئادەمنىڭ قول ئاستىدا كونكرېت ئىش تەقسىم قىلىنغان ياردەمچىلىرى بولىدۇ.

ياردەمچىلەر «نىكاھ» ئوقۇيدىغان ئاخۇنۇمنى تەكلىپ قىلىش ۋەزىپىسىنى كونكرېت ئادەمگىچە ئەمەلىيلەشتۈرىدۇ. ياردەمچىلەر ئوغۇل تەرەپنىڭ قىز كۆچۈرۈشكە بارىدىغان ئادەم سانىغا ئاساسەن، يېتەرلىك نەرسىلەرنى ئالدىن تەييارلاپ بىر كۈن بۇرۇن قىز تەرەپكە ئاپىرىپ بېرىدۇ، نەرسە ـ كېرەك ۋە ئۇنى بېجىرگۈچىلەر ئەمەلىيلەشتۈرۈلىدۇ. ئەگەر قارشى تەرەپنىڭ ئادەملىرى يېتىشمىسە ياكى ۋاقىت يېتىشمىسە، تۇغقانلار ئىچىدىن قولى چاققان كىشىلەر تاللىنىپ ياردەملىشىش-

قىز قولدىشى ۋە بىر نەچچە ئايال تاتلىق ـ تۇرۇم ۋە قۇرۇق يېمىش ـ لەر بىلەن تولدۇرۇلغان پەتنۇس كۆتۈرۈپ چىقىدۇ(يېزا ـ كەنتلەر ـ دىمۇ بۇ خىل ئەنئەنىۋى توي ئادەتلىرى ھازىرغىچە ساقلىنىپ كەل ـ مەكتە).

(2)قىزنى ئالدىرتىش ئادىتى: نىكاھ ئوقۇلۇپ دۇئادىن كېيىنلا، يە ـ گىت تەرەپتىكى بىر توپ ياشلار ئىچىدىن ئالتە ـ يەتتىسى ئىشىك سىرتىدا بىر ـ بىرىنىڭ بوينىدىن گىرە سېلىشىپ يۇمىلاق چەمبەر شەكىللەندۇرۇپ، بېشىنى بىر ـ بىرىگە يېقىن ئەكېلىپ تەڭ ئاۋازدا «مۇبارەك بولسۇن» دەپ توۋلايدۇ. تۆت ياش قىزنى گىلەمگە سېلىپ تۆت تەرىپىنى كۆتۈرۈپ ئېلىپ چىقىدۇ. قىز گىلەمگە ئولتۇرۇپ يىغلايدۇ، ئەگىشىپ چىققان قىزنىڭ ئانىسى ۋە باشقا ئاياللارمۇ كۆز يېشى قىلىدۇ. يىگىتلەر قىزنى كۆتۈرگىنىچە ئۇدۇل ئالدىن تەي ـ يارلاپ قويۇلغان ئاتنىڭ يېنىغا ئاپىرىدۇ. قورۇ ـ ھويلا ئالدىغا چىققان توي جامائىتى قىز ئاتىسىنىڭ دۇئاغا قول كۆتۈرۈشى بىـ ـ لەن، ھەممەيلەن دۇئا قىلىپ، قىزنى ئۇزىتىپ قويىدۇ.

(3)تۇغقانلار بىلەن خوشلىشىش ۋە قىزنى يۆتكەش: ئەنئەنىۋى توي ئا ـ دىتىدە قىزنىڭ ئاتا ـ ئانىسى بىلەن خوشلىشىشى كىشىنى ھەقىقە ـ تەن ھاياجانلاندۇرىدۇ. قىز ئۆزىنىڭ ئاپىسى ۋە ئاچا ـ سىڭىللىرى بىلەن قۇچاقلىشىپ قاتتىق يىغلاپ بىر ـ بىرلەپ خوشلىشىدۇ. ئۇ ـ نىڭ ئۇستىگە سورۇندىكىلەردىن بىر مۇنچىلىرىمۇ ياش تۆكىدۇ، قىز تاكى يېڭى ئۆيىگىچە يىغلاپ بارىدۇ. چۈنكى، ئەينى ۋاقىتتا بال ـ دۇر توي قىلىش ئادىتى بولغاچقا، قىز توققۇز ياشقا توشقاندىلا يەنى «تەلپەك بىلەن ئۇرسا يىقىلىپ كەتمىسىلا ياتلىق قىلسا بولىدۇ» دەپ قارىلايتتى. قىز كىچىك تۇرۇپلا ئاتا ـ ئانىسى ۋە تۇغقانلىرىدىن، كۆنۈپ قالغان تۇرمۇش مۇھىتىدىن ئايرىلغاچقا، ئۇنىڭ ئۇستىگە ياتلىق بولسا نېمە ئىش بولىدىغانلىقىنى بىلمىگەچكە، ئۇنىڭ ئىنتا ـ يىن قورقۇپ، قاتتىق يىغلىشى تۇرغان گەپ ئىدى. ھازىر قىز يېـ ـ شىغا توشۇپ توي قىلغاچقا، تويىنىڭ خۇشاللىق ئىش ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ ئۇستىگە بەك يىراق جايغا كەتمەيدىغانلىقىنى ئېنىق بىل ـ

لىپ، ئىككى ياشنى تەبرىكلەيدۇ. شۇ ئەسنادا قىز قولدىشى بىلەن يىگىت قولدىشى داستىخاندىكى تۇز سۇيىگە چىلانغان چىنىگە ئېتىدلىدۇ. كىم چاققان كەلسە ئالدى بىلەن ئۇز دوستىغا تۇزغا چىلانغان ناننى بۇرۇن يېگۈزىدۇ. بۇ ئەمەلدە يىگىت بىلەن قىزنىڭ كۆپچىلىك ئالدىدا: «بۇگۈندىن ئېتىبارەن قىيامەتلىك جۈپ بولدۇق، تۇزكورلۇق قىلماي مەڭگۈ سادىق ئۆتىمىز» دەپ بەرگەن قەسىمى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ (خوتەننىڭ بىر قىسىم رايونلىرىدا نىكاھ توي كۈنى ئەتىگەندە قىزنىڭ ئۆيىدە ئەمەس، بەلكى، ئوغۇل تەرەپ قىز يۆتكىگىلى بارغان توي ئۇستىدە ـ جامائەتچىلىكنىڭ كۆز ئالدىدا، تويلۇقلار ئېچىلغان مەيداندا ئوقۇلىدۇ).

تويلۇق ئېچىش بىر قىسىم يۇرتلاردا ئالاھىدە تەنتەنە بىلەن ئېلىپ بېرىلىدۇ. يىگىت تەرەپتىن بەلگىلەنگەن تويلۇق ئاچقۇچى ئايال سۆزمەن ۋە خۇش چاقچاق بولۇپ، قىزنىڭ ھەر بىر تويلۇق كىيىمىنى ئالاھىدە سۈپەتلەپ بىر ـ بىرلەپ توي ئەھلىگە كۆرسەتكەندىن كېيىن، قىزغا بىر قىسىم تاشقى كىيىملەرنى يەڭگىلەرنى ياردىمى بىلەن كىيگۈزىدۇ. ئۆتۈك ياكى بەتىنكە «قىزنىڭ پۇتىغا پاتمايدۇ.» قىز قولداشلىرى يىگىت تەرەپكە ياكى تويلۇق ئاچقۇچىغا ئۆتۈك ياكى بەتىنكە قونچىغا پۇل سالسا ئاندىن «پاتىدۇ»دىگەندەك تەلەپلەرنى قويىدۇ. يىگىت تەرەپ دەرھال مەردلىك بىلەن ئاياغ قونچىغا پۇل سالغاندىن كېيىن، تويلۇق ئاياغ قىزنىڭ پۇتىغا «پاتىدۇ.»

**3) توي مۇراسىمى ئادىتى**

توي مۇراسىمى سىجىللىقتا ئىگە مۇرەككەپ بىرىكمە جەريان بولۇپ، ئۇنىڭ تۈزۈملەشكەن تەرتىپى ئومۇمەن تۆۋەندىكىچە:

**(1) قىز كۆچۈرۈش ئادىتى:** (ئىلگىرى قىز كۆچۈرۈشكە كۆپ ئادەم بارمايتتى، پەقەت يىگىت ۋە ئۇنىڭ قۇرداشلىرى، يىگىتنىڭ ئاتا ـ ئانىسى، نىكاھ ئوقۇيدىغان ئىمام ئاخۇنۇم ۋە بىر نەچچە توي بېشى قاتارلىقلار باراتتى) قىز كۆچۈرۈشكە بارغانلار قىزنىڭ ئىشىك ئالدىغا كەلگەندە قىزنىڭ ئۆيىدىكىلەر ئالدىغا چىقىپ كۇتۇۋالىدۇ،

يانداز» سېلىنىپ، قىز يەرگە دەسسىتىلمەي، ئۆيگە ئەكىرىلىدۇ. بەزى جايلاردا تويى بولغان قىز ـ يىگىتنىڭ ئۆيىنىڭ بوسۇغىسىغا چىراغ ياكى بىر تال شام يېقىپ، قىزنى ئۇنىڭ ئۈستىدىن ئاتلىتىپ ئاندىن ئۆيگە ئەكىرىدۇ. قىز ماشىنا بىلەن يۆتكەلگەن بولسا، توي پىكاپى يىگىتنىڭ ئۆيى ئالدىغا كەلگەندە، ئىشىك ئالدىغا ھېچ نەرسە سېلىنمايدۇ. قىز پىكاپتىن چۈشكەندىن كېيىن، ئىككى يەڭگىنىڭ قولتۇقلىشى بىلەن يېڭى ئۆيگە ئېلىپ كىرىلىدۇ، يەڭگە ئادەتتە قىزنىڭ ئاكىسىنىڭ ياكى يېقىن تۇغقانلاردىن بىرىنىڭ ئايالىدۇر. توي كېچىسى قىزغا ئىككى چوكان «ھەمراھ بولىدۇ.»

(4)يىگىت بىلەن قىز ئائىلىسىنىڭ «ئۇستۇنلۇك» تالىشىش ئادىتى: توي كۆچۈرۈلۈپ يىگىتنىڭ ئۆيى ئالدىغا كەلگەندە، يىگىت قىز مىنگەن ئاتنىڭ ساغرىسىغا دەسسەپ سەكرەپ چۈشۈشى كېرەك. كىشىلەرنىڭ قارىشىچە، بۇنداق قىلغاندىلا يىگىت قىزنى ئۆزىگە قارىتىپ، كېيىنكى ئائىلە تۇرمۇشىدا ئۈستۈن ئورۇندا تۇرالايدىكەن. تويى بولغان يىگىت بىلەن قىز ئوتتۇرىسىدىكى بۇ خىل يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا نوپۇز تالىشىش ئادىتى توينىڭ ھەر بىر مۇھىم جەريانىغا سىڭگەن بولىدۇ.

يەنە مۇنداق ئادەتلەرمۇ بار: بىرىنچى، قىز يىگىتنىڭ ئۆيىگە ئېلىپ كېلىنىپ، ئىككىيلەن يېڭى ئۆيىنىڭ بوسۇغىسىدىن ئاتلىغان چاغدا، ئىشىكنىڭ كەينىگە يوشۇرۇنۇۋالغان قىز قولىدىشى ياكى قىزنىڭ باشقا دوستلىرى يىگىتنىڭ بوينىنى ئېگىپ بېقىشقا ئۇرۇنىدۇ. ئەگەر ئەگدۈرەلىسە بۇ تەقلىدىي ھەرىكەت ئارقىلىق قىزنىڭ كەلگۈسى ئائىلىسىدە تەشەببۇسكارلىق ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرەلەيدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ، ئىككىنچى، قىز ئۆيگە كىرىپ ئولتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن يىگىت باھانە كۆرسىتىپ ئۆيىنىڭ ئۆگزىسىگە چىقىپ، قىزنىڭ بېشىدىن ئاتلىۋەتسە ئائىلىسىدىكى ئۇستۇنلۇكنى قولغا كەلتۈرەلەيدۇ، دەپ قارىلىدۇ. ئۈچىنچى، توي كۈنى قوينىڭ بىر پارچە قۇيرۇق مېيىنى يىگىتنىڭ بەدىنىگە تەگكۈزۈۋېلىپ، ئاندىن ئۇنىڭ بىلەن قىيمىلىق نان ئېتىپ يىگىتكە يېگۈزۈۋەتسە، بۇ

گەچكە، كۆپ ھاللاردا يىغلايمەن دەپمۇ يىغلىيالمايدۇ. قىزنىڭ قولداشلىرى ئۇنى يالغان يىغلاشقا دەۋەت قىلىدۇ،بەزىدە قىزنى يوشۇرۇنچە چىمدايدۇ.

يىگىت قولداشلىرى قىزنى يۆلەپ ئاتقا مىندۈرۈپ قويىدۇ. يىگىتمۇ ئاتقا مىنىدۇ. ھەر ئىككىلىسىنىڭ ئېتىنى بىردىن ئادەم يېتىلەپ ماڭىدۇ. قىز ئالدىدا،يىگىت كەينىدە، يىگىت قولدىشى، قىز قولدىشى ۋە باشقا مېھمانلارنىڭ ھەمراھلىقىدا ئوغۇلنىڭ ئۆيىگە قاراپ ماڭىدۇ (ئەنئەنىۋى توي ئادىتىدە، ئىككى ئاتنىڭ رەڭگى پۈتۈنلەي ئوخشاش بولۇشى، ھەرگىز ئالىچىپار بولۇپ قالماسلىقىغا دىققەت قىلىناتتى، بولمىسا يامان بولىدۇ، يەنى ئىككى تەرەپتىن بىرىنىڭ مۇھەببەتكە ئالا كۆڭۈللۈك قىلىشى بىلەن ئائىلىسى بۇزۇلىدۇ، دەپ قارىلىپ، رەڭگى ئوخشاش ئات تېپىلماي قالسا، قىز يىگىتنىڭ كەينىگە مىندۈرۈلەتتى). جەمئىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، 20 ـ ئەسىرنىڭ 80 ~ 70 ـ يىللىرىدا ئاتقا مىندۈرۈپ يۆتكەش، ئات ھارۋىسىدا يۆتكەشكە ئۆزگەردى، ھازىر پىكاپقا ئۆزگەردى. قىزنىڭ ياسىنىشىدىمۇ ناھايىتى كۆپ ئۆزگىرىشلەر بولدى (ئىلگىرى قىز يۈزىنى گاز ياغلىق بىلەن ئەمەس بەلكى چۈمبەل بىلەن يۆگەيتتى).

قىز كۆچۈرۈش داۋامىدا يىگىتلەر توۋلىشىپ ماڭىدۇ، ناغرا ـ سۇنايلار ئارام ئالغان ۋاقىتتا ئۇلار راسا توۋلىشىدۇ. ئەمما، مەزمۇنى قىزنى كۆتۈرۈپ ئۆيدىن ئاچىققان ۋاقىتتىكى: «ئاللا، ئاللا، قىز ئاخىرى چىقتى. قىزنى چىقىرىپ بەردىڭلار ھەشقاللا، ھەشقاللا» دېيىشتىن، «يىغلىماڭ قىز، يىغلىماڭ قىز،/ تويىڭىز بولدى،/ يېڭى ئۆيىڭىز بولدى،/ گۈلىڭىز ئېچىلدى»، دېيىشكە ئۆزگەردى. ئەمەلىيەتتە بۇ جەمئىيەتكە توي بولغانلىقىنى جاكارلاشنى مەقسەت قىلىدۇ.

قىز يىگىتنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىنگەندە، قىز ئاۋۋال گۈلخاننى يەتتە قېتىم ئايلانغاندۇرۇلغاندىن كېيىن ئاندىن ئاتتىن چۈشۈرۈلىدۇ. ئاتتىن چۈشكەندە يەرگە گۈللۈك كىگىز ياكى «پا-

قىز يۆتكىگەندە، يىگىتنىڭ دوستلىرى قىزنىڭ ئۆيىدىن تامدىكى مىخ، ئىشىكتىكى قۇلۇپ، پىيالە قاتارلىق نەرسىلەرنى «ئوغرىلاپ» يىگىتنىڭ ئۆيىگە ئېلىپ كېلىدۇ (ئەگەر ئۆي ئىگىسى بايقاپ قالسا، شۇ ھامان قايتۇرۇپ بېرىلىدۇ. بايقالمىسا مىختىن باشقا نەرسىلەر بىرنەچچە كۈندىن كېيىن قايتۇرۇپ بېرىلىدۇ). قۇلۇپ «ئوغرىلاش» — قىزنى يېڭى ئۆيگە سولىۋەتكەنلىكىنى، قاچا «ئوغرىلاش» قىزنىڭ «رىزقى»، يەنى بىر كىشىلىك بەختى ئېكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ (بۇ ئادەتلەر شەھەر - بازارلاردا ئازلاپ قالدى، يوقاپ كەتتى ياكى قىزىقچىلىققا ئايلىنىپ قالدى). بەشىنچى، كېرىيە قاتارلىق جايلارنىڭ توي ئادىتىدە قىزنىڭ ئاق ياكى سېرىق رەڭلىك توي كىيىمى كىيىشىنى يامان كۆرىدۇ. ئۇلار بۇنى يامانلىقتىن بېشارەت بېرىدۇ، يىگىتنى قارغىغانلىق دەپ قارايدۇ. تويدىن كېيىن يىگىت تاسادىپىي ئاغرىپ قالسا ياكى بىرەر كېلىشمەسلىك يۈز بەرسە، كۆپىنچە، قىزنىڭ ئۆيىدىكىلەرنى قىزىغا ئاق رەڭلىك كىيىم كىيدۈرگەنلىكتىن كېلىپ چىقتى، دەپ ئەيىبلەيدۇ. ئالتىنچى، بەزى رايونلاردا كۆرپىنىڭ ئۈستىگە قوي تېرىسىدىن تىكىلگەن جۇۋا سېلىپ، ئۈستىدە يۆنكەپ كېلىنگەن قىزنى ئولتۇرغۇزىدۇ، بۇ «ئىللىقلىق»قا سىمۋول قىلىنغان. كىشىلەر ئاشۇنداق قىلغاندا بىر جۈپ ياشنىڭ ئائىلە تۇرمۇشى «جۇۋا ئىچىدىكى تەن» دەك ئىسسىق ۋە بەختلىك ئۆتىدۇ، ئەر - خوتۇن بىر - بىرىگە كۆيۈمچان بولىدۇ، دەپ قارىشىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا جۇۋا ئاستىغا تاش قويۇپ جۇۋا ئۈستىدە ئولتۇرغۇزۇشتىمۇ «تاشتەك ئېغىر بولۇپ، ئاخىرغىچە مۇشۇ ئائىلىدە ئولتۇرۇپ قالغاي»، دېگەن تىلەك ئىپادىلىنىدۇ.

(6)قىزنىڭ چۈمبىلىنى ( ياكى يۈزىنى يۆگىگەن ياغلىقنى) نوغۇچ بىلەن قايرىپ ئېچىش ۋە ئېلىۋېتىش ئادىتى: خوتەننىڭ بەزى رايونلىرىدا بۇ ئادەت «يۈز ئاچقۇ» ياكى «چاچ تاراش» دېيىلىدۇ. ئوخشىمىغان جايلاردا بۇ خىل ئادەت ئۇسۇلىمۇ ئاز - تولا پەرق قىلىدۇ: بەزى جايلاردا يى-

تېخىمۇ ئۇنۇملۇك بولىدۇ ۋەھاكازالار.

(5) خەيرلىك تىلەش ئادىتى: قىزنى ھۇجرىسىغا كۆتۈرۈپ ئەكىرگەن يىگىتلەر يىگىت تەرەپنىڭ بولسا، بوسۇغىدىن ئۆتكەندە قىزنى بو-سۇغىدا ئازراق ئولتۇرغۇزۇپ قويىدۇ. بۇ، مۇشۇ ئۆيدە بىر ئۆمۈر «ئولتۇرۇپ قېلىش»، شۇنداقلا «بۇنىڭدىن كېيىنكى ئائىلىڭىز مۇ-شۇ» دېگەن بېشارەتنى بىلدۈرىدۇ. شۇڭىمۇ، يىگىت تەرەپنىڭ دوست-لىرى، كۆپىنچە ئەھۋالدا قىزنى كۆتۈرۈش ھوقۇقىنى ھەممىدىن ئاۋۋال قولغا كەلتۈرۈۋالىدۇ. قىز سۆپىغا قويۇلغاندىن كېيىن نەچ-چە قات سېلىنغان كۆرپىدە ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىنىدۇ. بۇ قىز-نى ئالاھىدە «كۆتۈۋالغانلىق» نى ئىپادىلەيدۇ. كۆرپىنىڭ ئاستىغا تاش، پالتا قاتارلىق ئېغىر نەرسىلەر قويۇلۇپ قىزنىڭ بۇ ئائىلىدە يىلتىز تارتىپ ماكانلىشىپ قېلىشىغا بېشارەت قىلىنىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا يەنە تۆۋەندىكىچە خەيرلىك تىلەش ئۇسۇللىرى بار: بىرىنچى، قىز ـ يىگىت ئولتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، يىگىت قولىدىكى بىلەن قىز قولىدىكىغا بىر قاچىدىن بوتقا ئېشى بېرىلىدۇ، يىگىت بىلەن قىزغا پەقەت بىر قاچىلا بېرىلىپ قوشۇق بېرىلمەيدۇ. ئۇلار ئاشنى سۈمۈرۈپ ئىچىدۇ. بۇ ئاش ھەم قىزنىڭ، ھەم «يېپىش-قاق» بولغاچقا، يىگىت بىلەن ئۆمۈرلۈك ياخشى ھەمراھلاردىن بولۇپ قالىدۇ دېگەنگە ئىشىنىدۇ. ئىككىنچى، ئوغۇل ـ قىزى، ئىناق ئائى-لىسى بار، ياشانغان بىر ئايال ئازراق سېرىناقنى (يىپەك) يېشىپ، بىر ئۇچىنى قىزنىڭ بويىنىغا، يەنە بىر ئۇچىنى يىگىتنىڭ بوينىغا چىگىپ قويىدۇ. بۇ ئۇلارنىڭ تەقدىرىنىڭ بىرلەشكەنلىكىگە ئوخ-شىتىلغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ مەڭگۈ ئايرىلماسلىقىغا بولغان ئۈمىدى-نى ئىپادىلەيدۇ. ئۈچىنچى، قىزنىڭ كەينىدىكى تامغا بىر مىخ قې-قىپ قويۇلىدۇ. بۇ قىزنىڭ مۇشۇ ئۆيگە بىر ئۆمۈر قېقىلغانلىقىغا سىمۋول قىلىنغان. مىخ كۆپىنچە قىزنىڭ ئۆيىدىن «ئوغرىلاپ» كې-لىنىدۇ. ئۇ ئۆيدىن ئەكېلىپ بۇ ئۆيگە قېقىشنىڭ سىمۋوللۇق ئەھ-مىيىتى ۋە ئۇنىڭدىكى مۇددىئا ئۆز ـ ئۆزىدىنلا مەلۇم. تۆتىنچى،

غۇلۇپ قالىدىغانلىقى قاتارلىقلارنى سۆزلەپ بېرىدۇ).

كېرىيە، نىيا ۋە چىرا ناھىيەسىنىڭ دامىكو،گۇلاخما يېزىلىرى-نىڭ توي ئادىتىدە يەنە بەزى ئۆزگىرىشلەر بار. مەسىلەن: توي ئې-شىنى سەھەردىلا پىشۇرۇپ تەييارلايدۇ، تويدا پولو ئېتىدۇ. ئەرلەر ئەتىگەندە بېرىپ مېھمان بولۇپ قايتىپ كېلىدۇ، چۈشتە ئاياللار ۋە باللار بېرىپ مېھمان بولۇشىدۇ ھەمدە «شۆكۈم» (يەنى تويغا ئاتىغان سوۋغات) قويۇشىدۇ. ئاياللار بىرەر خون (دەستە يەنى — بەش ياكى يەتتە) كاكچا ناننى داستىخانغا يۆگەپ تويغا بارىدۇ (ئەلۋەتتە دەستە نان ئۈستىدە ئەن رەخت، ئۆي بېزەكلىرى ياكى پۇل بولىدۇ) ۋە ئۇنى ساھىبخانىغا تاپشۇرىدۇ. ئاياللارغا ئاش تارتىلغاندىن كېيىن، ئاز بىر قىسمىنى داستىخاندا يەيدۇ. قالغىنىنى توي ئىگىسى ئۇنىڭ ئۆز يېسىستۇڭكىسىغا (يەنى لىگەنگە) زەللە (تويغا كەلگەنلەر ئۆز ئۆيلىد-رىگە ئېلىپ كېتىدىغان پولو) قىلىپ يۆگەپ بېرىدۇ. قىز كۆچۈ-رۇش چۈشتىن كېيىن بولىدۇ. قىز كۆچۈرۈشكە كەلگەن ئوغۇل تە-رەپ مېھمانلىرىنىڭ ئالدىغا قىز تەرەپ مېھمانلىرى ئالدىراپ چىق-ماستىن، ئۆز ئۆيىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا تۇرۇۋالىدۇ. ئوغۇل تەرەپ-تىن قىز كۆچۈرۈشكە كەلگەن ئاياللار 15 ~ 20 قەدەم نېرىدا توختاپ ئۆيگە يېقىنلاشماي تۇرۇۋالىدۇ. ئاندىن ئىككى تەرەپ ئايال-لىرى ئوتتۇرىسىدا دىيالوگ باشلىنىدۇ:

قىز تەرەپ: ئالغىلى كەلگەن بولسىلا تۇجا (مەرت، كەڭ قورساق مەنىسىدە) بولۇپ يېقىنراق كەلسىلە.

ئوغۇل تەرەپ: بىز يىراقتىن كەلدۇق. ئۆزلىرىمۇ تۇجابولۇپ ئالدىمىزغا چىقسىلا.

مۇشۇ تەرىقىدە سۆز تاشلىشىپ تويىنى قىزىتىدۇ. ئاندىن ئىككى تەرەپ ئالدىغا ئاز - ئازدىن يۈرۈشۈپ يېقىنلىشىدۇ ۋە كۆرۈشىدۇ. ئاياللار ئۆز ئارا سالاملاشقاندىن كېيىن ۋە باشقاجايلاردىكىدەك قول ئې-لىشماي مەڭزىنى يېقىپ كۆرۈشىدۇ، قىز يۆتكەشكە كەلگەن يىگىت-لەرنىڭ ئالدىغا بىر دەستە ناننىڭ ئۈستىگە قەنت - گېزەك كۆتۈرۈپ

گىتىنىڭ ئاپىسى ئۇسسۇل ئوينىغاچ چۆرگىلەپ كېلىپ چوكا بىلەن قىزنىڭ يۈزىنى ئاچىدۇ. ھەر بىر قېتىم ئاچقاندا، قىز قولدىشى قىزنىڭ يۈزىنى دەرھال يۆگەپ قويىدۇ، بۇ ھەرىكەت ئۇدا ئۈچ قېتىم تەكرارلىنىدۇ. بەزى جايلاردا يىگىتنىڭ ئانىسى ياكى ئۇلارغا يېقىن تۇغقان كېلىدىغان ئوتتۇرا ياشلىق بىر ئايال قىزنىڭ ئالدىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ، نوغۇچ بىلەن قىزنىڭ يۈزىنى ئاچىدۇ. ئىلگىرى قىزنىڭ يۈزىدىكى ياغلىقنى ئېلىۋەتكەندىن كېيىن، يەڭگە بولغۇچى قىز بىلەن يىگىتنى بىر - بىرىگە تونۇشتۇراتتى. تونۇشتۇرۇش ئۇسۇلىمۇ ئىنتايىن ئۆزگىچە ئىدى. يەڭگە بولغۇچى ناھايىتى ھەيران قالغان قىياپەت ۋە تەلەپپۇزدا: «پاھ ! بۇنچە چىرايلىق كىمدۇ بۇ؟» دېسە، كۆپچىلىكمۇ ئوخشاشلا ھەيرانلىق بىلەن بۇ گەپنى تەكرارلايتتى. ئارقىدىنلا جاۋابەن: « ھە، بۈگۈنكى كېلىنكەنغۇ!» دەيتتى. چۈنكى، ئۇ چاغلاردا يىگىت بىلەن قىزنىڭ تويدىن ئىلگىرى كۆرۈشۈشىگە پۇرسەت بولمىغاچقا، بۇ تۇنجى قېتىملىق كۆرۈشۈش ھېسابلىناتتى. قىزنىڭ يۈزى ئېچىۋېتىلگەندىن كېيىن: «سىز ئەمدى بىزنىڭ بالىمىز بولۇپ قالدىڭىز، يۈزىڭىزنى يۆگىۋالمىسىڭىزمۇ بولىدۇ» دەيتتى. بۇ ۋاقىتتا، ئىككى «يەڭگە» يىگىتتىن قەستەن: «يوتقان - كۆرپە ۋە ياستۇقنىڭ قەيەردىلىكىنى بىلەمسىز؟ بىلمەيسىز - ھە، شۇنداقمۇ!» دەپ سورايتتى. ئۇلارغا ئورۇن راسلاپ بېرىپ بولغاندىن كېيىن، «بولدى، بەك كەچ بولۇپ قالدى، ئۇخلاپ قېلىڭلار» دەپ قويۇپ باشقىلار بىلەن ھۇجرىدىن چىقىپ كېتەتتى. خوتەننىڭ بەزى رايونلىرىدا ياشلارنىڭ توي كېچىسى ئىشىكنىڭ سىرتىدىن ياكى تۈڭلۈكتىن «شەپە تىڭشاش» ئادىتى داۋاملىشىپ كەلگەن. سەھەردە، ئىككى يەڭگە يېڭى توي قىلغان ئەر - خوتۇنغا سۇ ئىسسىتىپ بېرىپ، قىزغا قانداق غۇسۇل قىلىشنى ئۆگىتىپ قويىدۇ ھەمدە ئۇلارغا غۇسۇل قىلىشنىڭ پايدىلىق تەرەپلىرىنى ئېيتىپ بېرىدۇ (مەسىلەن، ئەر - خوتۇن بىرگە بولغاندىن كېيىن، ۋاقتىدا غۇسۇل قىلمىسا بالىسىنىڭ گاس - گاچا ياكى غەيرىي تۇ-

كىرىپ، بىلىنۋېلىشقا تىگىلىشىك ئىشلارنى ھەم غۇسۇل تاھارەت ئې-لىش ئۇسۇللىرىنى يەنە بىر قېتىم ئۆگىتىپ قويۇپ، ياتىدىغان ئۇ-رۇنى راسلاپ، كۆرپىسىنىڭ ئۇستىگە بىر پارچە قىزلىق ئاق رەخت سېلىپ قويۇپ چىقىپ كېتىدۇ. ئوغۇلغىمۇ «قىز تېخى كىچىك، قورقۇتماي، كۆيۈنۈپ سىلىق مۇئامىلە قىلىڭ، ئۇ ئەمدى مەڭگۈلۈك سىزنىڭ» دەپ سۆزلەپ قويۇپ چىقىپ كېتىدۇ ياكى قىز بەك كىـ-چىك بولسا، قىز بىلەن بىرگە يېتىپ، ئۇنى «كۆندۈرۈپ» قويۇپ، «سىرتقا چىقىپ كىرەي» دەپ كېتىپ قالىدۇ. قىز ئۇ كۈنى ئىككى ئىشتان كىيىپ، ئىشتانبېغىنى بىر نەچچە قات باغلىۋالىدۇ ھەم قىزلىق پىچاقنى ئېرىگە تاپشۇرۇپ بېرىپ، ئۆزىنىڭ ئىپپەتلىك ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. توينىڭ ئەتىسى ئوغۇل ئاتا ـ ئانىسىنىڭ چىرايىغا قاراشتىن خىجىل بولۇپ، ئورنىدىن سەھەر تۇرۇپ يۇيۇ-نۇپ، سىرتقا چىقىپ كېتىدۇ. كېلىنمۇ چوڭلاردىن خىجىل بولۇپ ئۆيدىن سىرتقا چىقىشلى ئۇنىمايدۇ. ئەتىگەن يەڭگىسى كېلىپ چوڭلارنىڭ ئالدىغا ئاچىقىدۇ. ئوغۇلنى ئاداشلىرى تېپىپ ئۆيگە باشلاپ ئەكېلىدۇ.

(7) توي خاتىمىسى: بىرىنچى، توينىڭ ئەتىسى ئەتىگەندە قىزنىڭ ئۆيىدىكىلەر قىز ـ يىگىتكە ئەتىگەنلىك «ئىسسىقلىق» ئەكېلىدۇ. بەزى ئائىلىلەر ئۇدا ئۈچ كۈن پېتىرمانتا، گۆش باسقان پولۇ، قىيما كۆمەچ قاتارلىق ئوزۇقلۇق قىممىتى مول تاماقلارنى ئېتىپ ئاپىرىپ بېرىدۇ. توينىڭ ئەتىسى «يوقلاق» بولىدۇ. 3 ـ كۈنى يىگىتنىڭ ئۆ-يىدىكىلەر يىگىت بىلەن قىزنى ئېلىپ قۇدىسىنىڭ ئۆيىدە مېھمان بولىدۇ. ئەگەر قىز يۈزى ئېچىلمىغان قىز بولسا، يىگىتنىڭ ئانىسى ئەكەلگەن داستىخاندىكى ناندا بىر تال گۈل بولىدۇ (ھازىر كۆپىنچە سۇنئىي گۈل قويۇلىدىغان بولدى، بولۇپمۇ گۈل ئېچىلمايدىغان پە-سىللەردە تېخىمۇ شۇنداق). يىگىتنىڭ ئانىسى گۈلنى قىزنىڭ ئانى-سىغا سوۋغا قىلىپ: «گۈلدەك ئۈز قىزلىرىنى بىزگە بەرگەنلىرىگە رەھمەت» دەيدۇ. بۇنىڭدىن قىزنىڭ ئاتا ـ ئانىسى يۈزىمىز يورۇق

بىرەيلەننى تۇرغۇزۇپ قويىدۇ. يىگىت قولداشلىرى بۇنى پۈت بىلەن تېپىپ پارە ـ پارە قىلىپ تاشلىشى لازىمدۇر. لېكىن قىز تەرەپ نان، قەنت ـ گېزەك كۆتۈرگۈچىنى تاللىغاندا بۇيى ئېگىزرەك، چاققان، سەزگۈر ئادەمنى تاللايدۇ. يىگىت تەرەپمۇ چەپدەس، زېرەك يىگىتلەرنى تېپىشكە ئورۇنلاشتۇرىدۇ. يىگىتلەر قەنت ـ گېزەكلەرنى تېپىپ چۇۋۇپ تاشلىيالمىسا خىجالەت تارتىدۇ. قىز تەرەپ مەغرۇرلۇق بىلەن غادىيىۋالىدۇ. بۇ ئىشلار بىردەمدىلا تۈگەيدۇ.

تولا هاللاردا، قىز تەرەپنىڭ ئۆيىدە پولۇدىن باشقا سوقتا كۆمەچ (ئىچىگە گۆش قىيمىسى سېلىپ، قازاندا سارغايتىپ پىشۇرۇلىدىغان نان) ئېتىدۇ. بۇ خىل نان، تويى بولغان يىگىت ۋە يىگىت قولداشلىرىغا بېرىلىدۇ. نىكاھ ئوقۇلۇشتىن ئىلگىرى يىگىتلەرنىڭ «كۆمەچ تالىشىش» تاماشاسى بولىدۇ. قىز كۆچۈرۈشكە كەلگەن يىگىتلەر شوخلۇق قىلىشىپ قىز تەرەپنىڭ لېگەن، پىيالىلىرىنى تىقىۋالىدۇ (بۇرۇنقى ۋاقىتلاردا پىچاق بىلەن گىلەملەرنى كېسىدىكەن). قىزنى يۆتكەپ ماڭغاندا، يىگىتلەر ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ يول بويى: «ئاللا ئاللا.. بەرگەنلىرىگە هەشقاللا.. !» دەپ توۋلاپ ماڭىدۇ. بۇ،توي خۇشاللىقى ۋە قىز ئىگىسىگە ئېيتىلغان رەھمەت ـ تەشەككۇر بولۇپ هېسابلىنىدۇ.

بۇ يۇرتلاردا توي بىر كۈنلا ئۆتكۈزۈلىدۇ، «ناشتىلىق ئاپىرىش» ۋە يوقلىشىشلار ئەتىسى ئۆز ئىچىدىلا ئېلىپ بېرىلىدۇ. قالغان ئادەتلەر مەسىلەن، توي يۆتكىگەندە ئارغامچا تارتىش، ئۇسسۇل ئوينىتىش، قىزنى جۇۋا ئاستىدىكى تاش ئۈستىدە ئولتۇرغۇزۇش، قىز چۇمبىلىنى نوغۇچتا قايرىپ ئېچىش... ئادەتلىرى خوتەننىڭ باشقا جايلىرى بىلەن ئاساسەن ئوخشاش.

بىر قىسىم جايلاردا توي ئاخىرلىشىپ، مېھمانلار ئۇزىتىلىپ بولغاندىن كېيىن، كەچ بولغاندا، قىزنىڭ يەڭگىسى (قىز تەرەپتىن دىنىي قائىدە ھەم ئۆرپ ـ ئادەتكە پىششىق، شۇدلۇغ، گەپدان بىر ئاتال تاللىنىدۇ) ئوغۇل ئۈچۈن تەييارلانغان هۇجرىغا قىزنى ئېلىپ

گە بېرىپ يوقلاپ كېلىشنى كۆرسىتىدۇ. جۈمە كۈنى سەھەردە ئەر غۇسۇل قىلىپ پاكىزلىنىپ، جۈمەگە بېرىشنىڭ تەييارلىقىنى قىلسا، ئايال ئازنىلاپ بېرىشنىڭ تەييارلىقىنى قىلىدۇ. ئۇ ھەر ئازنە كۈنى ئەتىگەن ئازنىلايدىغانلىقىنى ئېرىگە دەپ قويۇپ، قېيىنئانىسىنىڭ ماقۇللىقىنى ئالىدۇ. قېيىنئانىسى قوشۇلسا، قورۇق يولغا سالماي داستىخان يۆگەپ ئېرى بىلەن بىرگە يولغا سالىدۇ. ئۇلار خوتۇنىنىڭ ئائىلە ئىشلىرى بولسا قىلىشىپ بەرگەچ بىر كۈن تۇرۇپ قايتىپ كېلىدۇ. ئەگەر ئېرىنىڭ ئىشى بولسا ياكى ئۆيدە بولمىسا، قېيىنئانىسى قوشۇلغاندىن كېيىن، ئەقلىگە كەلگەن بالىلىرى بولسا بالىسى بىلەن بىرگە يولغا سالىدۇ. بالىسى بولمىسا، ئېرىنىڭ سىڭلىسى ياكى ئاچىسىنى قوشۇپ بىرگە يولغا سالىدۇ. قېيىنئانىسى قوشۇلمىسا، كېلىن ئۆز بېشىمچىلىق قىلىپ ئازنىلاپ بارمايدۇ.

(2) بىلەكلىك. بۇ، ياش ئەر ـ خوتۇننىڭ چوڭ ئۆيدىن ئايرىلىپ چىقىپ، ئايرىم بىر ئائىلە بولۇپ ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل تۇرمۇشنى باشلايدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ، ياش ئەر ـ خوتۇننىڭ بىر ئۆيدە ئولتۇرۇپ قېلىش ئېھتىماللىقى مۇقىملاشقاندىن كېيىن، ئوغۇلنىڭ ئاتا ـ ئانىسى «بالىلىرىمىز خىزمىتىمىزنى يېتەرلىك قىلدى، ئەمدى ئۇلارمۇ ئايرىم ئۆي تۇتۇپ، ئۆزىنىڭ قازىنىنى ئۆزى قىزىتسۇن» دىگەن ئويغا كەلگەندە ئۆتكۈزۈلىدۇ. بەزى ئاتا ـ ئانىلار بالىلىرىنى بىر نەچچە يىلغىچە بىلەك قويمىسا، «بىزنى بىلەك قويۇپ قويسۇن» دەپ ئەلچى كىرگۈزىدۇ، بۇ بالىلارنىڭ مۇستەقىل ياشىغۇسى بارلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

بىلەكلىكنى قىلىشتىن ئىلگىرى، ئوغۇلنىڭ دادىسى ئوغلىغا ئايرىم ئۆي سېلىپ، كېرەكلىك ئائىلە جابدۇقلىرىنى تەييارلاپ، يېتەرلىك ئاشلىق، قازان، قاچا ـ قۇچىلارغىچە ئايرىپ كۆچۈرۈپ: «ئەمدى كۈنۈڭلارنى ئۆزۈڭلار ئېلىڭلار» دەيدۇ ھەم مۇۋاپىق كۈننى بېكىتىپ، بىلەكلىكنى قىلىدىغانلىقىنى قىز تەرەپكە ئۇقتۇرىدۇ. ئىككى تەرەپ ئۇرۇق ـ تۇغقان، قۇدىلار ۋە قولۇم ـ قوشنىلىرىغا خەۋەر قىلىپ، تەييارلىق قىلىدۇ. بىلەكلىك بولىدىغان كۈنى ئوغۇل

بولدى دەپ شادلىنىدۇ ھەم ئىككى ئائىلە ئۆز ئارا سوۋغات بېرىشىپ يېقىنلىقنى ئىپادىلەيدۇ؛ ئىككىنچى، ھاردۇق چېيى — چىللاق تويدىن كېيىنكى بىر ئايدىن ئۆچ ئايغىچە بولغان ئارىلىقتا قىزنىڭ ئۆيىدە ئۆتكۈزۈلىدۇ، يىگىتنىڭ ئۆيىدىكىلەر ئوبدان سوۋ-غا ـ سالاملارنى ئېلىپ بارىدۇ، ئاساسلىقى تويدا ئىككى ئۆي ئارىلى-قىدا ئەلچى بولغانلار ۋە تويدا كۆپ كۈچ چىقارغان ئۇرۇق ـ تۇغقان، دوست ـ بۇرادەرلەر چاقىرىلىدۇ. ئادەت بويىچە، قىزنىڭ ئۆيىدىكى-لەر كۆپچىلىكنى ئۈچ خىل تاماق بىلەن ئۇزىتىدۇ. ئەگەر باي ئائىلە بولسا قىزنىڭچى، سەنئەتكارلارنى تەكلىپ قىلىپ كۆڭۈل ئاچتۇرۇپ، كۆپچىلىكنىڭ قىزغىن ياردەم بەرگەنلىكىگە رەھمەت ئېيتىدۇ.

ھازىر خوتەن شەھرى ۋە بىر قىسىم ناھىيە بازارلىرىدا بۇ خىل-دىكى چىللاق، قۇدا ـ باجىلار ۋە ئىككى تەرەپنىڭ ئاساسلىق تۇغقان-لىرىنىڭ جەم بولۇپ تونۇشتۇرۇش ۋە تونۇشۇش ئاساس قىلىنىپ، تويغا كۆچ چىقارغانلارنىمۇ بىرگە قوشۇپ رېستوراندا تويدىن بىر ياكى ئىككى كۈن كېيىنلا ئۆتكۈزۈلىدىغان، رىياسەتچى بەلگىلە-نىپ، يىغىلىش تەرتىپلىرى بىر ـ بىرلەپ ئىجرا قىلىنىدىغان، قىز ـ يىگىت ئالدى بىلەن ئۇسسۇلغا تەكلىپ قىلىنىپ، بىر ـ ئىككى پەدىدىن كېيىن قۇدا ـ باجا ۋە باشقىلار ئۇسسۇلغا تەكلىپ قىلىنىدىغان شەكىللەر بىلەن ئۆتكۈزۈلىدىغان بولدى.

توي بولۇپ 3 ~ 4 ئاي ياكى يېرىم يىلدىن كېيىن «كىچىك يوقلاش» بولىدۇ. قىز تەرەپ ۋە يىگىت تەرەپ توي قىلغان پەرزەنت-لىرىگە يوتقان ـ كۆرپە، قاچا ـ قۇچا، قازان ـ قومۇچ دېگەندەك تۇرمۇش بۇيۇملىرى سوۋغا قىلىشىدۇ. (ھازىر شەھەردە كىچىك يوقلاش ئەرتىسىدىكى «ناشتىلىق ئاپىرىش» بىلەن بىرلەشتۈرۈۋې-تىلدى، يېزىلاردا يەنىلا ئايرىم ئېلىپ بېرىلىدۇ).

4) تويدىن كېيىنكى بىر قىسىم ئادەتلەر

(1) ئازنىلاش (جۈمەلەش). بۇ، قىز توي قىلىپ ئوغۇلنىڭ ئۆيىگە كەلگەندىن كېيىن، ھەپتىنىڭ ئازنە (جۈمە) كۈنى ئانىسىنىڭ ئۆيە-

خورلۇققا ئۇچراش؛ (7) ئادەتتىكى ئائىلە ماجىرالىرى ياكى خوتۇنى ئۈستىگە خوتۇن ئېلىش قاتارلىقلار. مۇشۇ سەۋەبلەرنىڭ بىرەرى كۆرۈلگەندە، شۇنىڭدەك مۇناسىۋەتلىك ئادەملەرنىڭ كېلىشتۈرۈشى، نەسىھەتلىرى ئۈنۈم بەرمىگەندە نىكاھتىن ئاجرىشىش تەلىپى قويۇلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئەر تەرەپ «ئەرگە تەگ» ياكى «تالاق» دەپ لەۋزى قىلسا، نىكاھتىن ئاجرىشىش ھېسابلىنىپ، ئەر - ئايال بىرگە ئۆتۈشكە بولمايدۇ. بۇرۇن مۇنداق نىكاھتىن ئاجرىشىش توغرا كەلگەندە باشقا قانۇني رەسمىيەتلەر ئۆتەلمەيتتى، قولۇم - قوشنا ۋە مەھەللە جامائەتچىلىكىگە بىلىپ قېلىشى بىلەن كۇپايىلىنەتتى. ئۆي مۈلكى ئوتتۇردا تەڭ بۆلۈنەتتى (ئۆي مۈلكىدىن پۈتۈنلەي ۋاز كېچىدىغان ئەرلەر، ئاياللارمۇ ئۇچرايدۇ). ئەگەر ئوتتۇردا بالا بولغان تەقدىردە بالىنى ئىختىيار قىلغان تەرەپ ئېلىپ قالاتتى ياكى ئىككى تەرەپ كېلىشىپ بۆلۈشىۋالاتتى. بالا ۋە مۈلۈك مەسىلىسىدە ئىككى تەرەپ كېلىشەلمىسە، ئاندىن شەرئىي مەھكىمىنىڭ بىر تەرەپ قىلىپ بېرىدىشىگە ئىلتىماس قىلىناتتى ۋە شەرئىي مەھكىمىنىڭ چىقارغان ھۆكۈمىگە بويسۇناتتى.

نىكاھتىن ئاجراشقان ئايال ياتلىق بولماقچى بولسا، تۆت ئاي ئون كۈن ئىدەت تۇتۇش بەلگىلەنگەن. چۈنكى بۇ جەرياندا ئايالنىڭ ھامىلىدار ياكى ئەمەسلىكى ئېنىقلىنىدۇ. ئەگەر ھامىلىدارلىقى ئېنىقلانسا، تۇغۇلغان بالا، ئادەتتە ئەر تەرەپكە تەۋە بولىدۇ. بالىنىڭ راسخوتىنىڭ مەلۇم قىسمىنى ئەر تەرەپ ئۈز ئۈستىگە ئالىدۇ. مۇنداق ئەھۋال ئاستىدا تۇغۇلغۇسى بالىنىڭ دادىلىق ھوقۇقىدىن ئىختىيارىي ۋاز كېچىپ، ئايالنىڭ بولغۇسى ئېرىگە بېرىۋېتىدىغانلارمۇ ئۇچرايدۇ.

يېنىشىش: نىكاھتىن ئاجرىشىش شارائىتىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ يېنىشىش ئۇسۇلىمۇ ئوخشىمايدۇ. ئادەتتىكى ئائىلە ماجىراسى ئۈستىدە ئەر ئاچچىقىنى باسالماي يېنىكلىك قىلىپ «تالاق» دەپ لەۋزى قىلىپ تاشلىغان بولسىمۇ، ئىككى تەرەپ يېنىشىشنى ئىستىسە ياكى ئاتا - ئانا، جامائەت ئارىغا كىرىپ ئىتتىپاقلاشتۇرسا،

تەرەپ ئۆزىنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ يوقىرىسى مال سويۇپ، ئوغلىنىڭ ئۆيىدە قازان ئېسىپ سەۋزىلىك شوللە، ئوگرە ياكى پولۇ ئېتىپ تەييارلىق قىلىدۇ. ئىككى تەرەپنىڭ مېھمانلىرى كېلىپ بولغاندىن كېيىن، داستىخان سېلىپ مەزە تارتىلىدۇ. مەزەدىن كېيىن، قىزنىڭ ئانىسى مېھمانلارنىڭ ئالدىدا كۈيئوغلىنىڭ ئانىسىغا: «قىزىم ھەر قايسىلىرىنىڭ قولىغا كىچىك چۈشكەن، ئېغىر ـ يېنىكى بولسا كۆ-تۈرۈپ، تەربىيەلەپ كېلىن قىلىۋېلىشتىلا، قىزىممۇ ھەربىرلىرىنىڭ خىزمىتىنى قىلىپ بالىلىق مېھرىنى يەتكۈزىدى، بىزمۇ قېرىپ قال-دۇق، جان بار يەردە قازا بار، كۆزىمىزنىڭ ئوچۇقلۇقىدا ئۇلارنى بىر ئۆيگە سولاپ قويغىنىمىز ياخشى بولدى، ئۇلارنىڭ ئۆيى ئايرىم بول-سىمۇ يەنىلا ھەر قايسىلىرىنىڭ خىزمەتلىرىدە بولىدۇ» دەپ ئېلىپ كەلگەن يوتقان ـ كۆرپە، كىگىز ـ گىلەم، قازان ـ قومۇچ، سۇپىرا ـ تاختا قاتارلىق ئائىلىدە قىزىغا كېرەكلىك بولىدىغان بىلەكلىك شو-كۇمنى قويىدۇ. ئوغۇلنىڭ ئانىسىمۇ: «بىزگە ئۇبدان قىز چوڭئۇتۇپ بەرگەنلىرىگە رەھمەت، ئۆزىمىزنىڭ قىزىدەكلا بولۇپ قالدى» دەپ ئۇلارمۇ مال ـ چارۋا شوكۇم قىلىپ، «بىرى ئون، ئونى مىڭ بولسۇن بالىلىرىم» دەيدۇ ھەم باشقا مېھمانلارمۇ ئاتىغىنىنى قويۇپ، بىلەك بولۇپ مۇستەقىل تۇرمۇشنى باشلىغانلىقىنى مۇبارەكلەيدۇ.

## 6. نىكاھتىن ئاجرىشىش ۋە يېنىشىش

نىكاھتىن ئاجرىشىش ئۇيغۇر جەمئىيىتىگە ئوخشاشلا خوتەندىمۇ كۆپ ئۇچرايدىغان بىر خىل ئىجتىمائىي ھادىسە. ئۇنىڭ سەۋەبلىرى كۆپ. مۇھىملىرى: (1) ئوتتۇردا پەرزەنت بولماسلىق؛ (2) ئەرنىڭ ئايالغا ياكى ئايالنىڭ ئەرگە كۆڭلى چۈشمەسلىك؛ (3) ئەر ـ ئايالنىڭ مىجە-زىدە تەدرىجىي پەيدا بولغان ئۆزگىرىشلەر ئارقىسىدا دەسلەپكى مۇ-ھەببەت ئاساسىنىڭ بۇزۇلۇشى؛ (4) ئۆز ئارا ساداقەتسىزلىك؛ (5) ئۈچىنچى بىر تەرەپ ئارىلىشىش؛ (6) ئايال تەرەپ ھەددىدىن زىيادە

غان ئايالنىڭ چېچىنى تاراپ قويىدۇ، يەنى ئىلگىرىكى چۇشۇرۇۋالـ-
ـدىغان ماڭلاي چېچى ۋە ئىككى قۇلىقىنىڭ يېنىدىكى چېكە چاچلىرى
ئىككى ئۆرۈم چېچىغا قوشۇۋېتىلىپ، يۈزىدىكى تەر تۈكچىلىرى يىپ
بىلەن پاكىز ئېلىۋېتىلىدۇ. مانا بۇ «يۈز يىپلاش» دېيىلىدۇ. ئىك-
كىنچى قەدەمدە ئايالنىڭ دادىسى ۋە ئېرى ئۇنىڭغا بىر يۈرۈش كىـ-
يىم ۋە ئالتۇن ياكى كۈمۈشتىن سوقۇلغان زىبۇ ـ زىنتەت سوۋغات
قىلىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە دوپپا، ئاق ياغلىق، پەرىجە، كىچىك تەلپەك،
ئۆتۈك ئەڭ ئەقەللىي سوۋغاتلار بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. جۇۋان بولغۇ-
چىغا جۇۋانلىق بەلگىلىرى بولغان كىيىملەر كىيدۈرۈلگەندىن كې-
يىن، مېھمانلار كېلىشتىن بۇرۇن چىرايلىق زاكىلانغان بالىسى بە-
لەن ئايۋاننىڭ مەخسۇس تەييارلانغان سۇپىسىغا ياتقۇزۇلىدۇ. تويغا
ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىدىن، دوست ـ بۇرادەرلىرىدىن بىر نەچچە كىشى
ۋە سازەندىلەر چاقىرىلىدۇ. مېھمانلارغا چاي تۇتۇلۇپ، ئىككى ـ ئۈچ
خىل تاماق تارتىلىپ داستىخان سېلىنىدۇ. جۇۋان بولغۇچى تۈرلۈك
يارشىملىق كىيىملەرنى كىيىپ، مېھمانلارغا كۆرۈنۈش قىلىدۇ.
ھەر قېتىم كۆرۈنۈش قىلغاندا «ئەسسالام! مانا بۇ ئانام تىككۈزگەن
كىيىم» دەيدۇ. مېھمانلار «مۇبارەك بولسۇن!» دېيىشىدۇ. جۇۋان بول-
غۇچى كىرىپ كېتىپ، كىيىم ئالماشتۇرۇپ چىقىپ «ئەسسالام! مانا
بۇ بالىلىرىمنىڭ دادىسى تىككۈزۈپ بەرگەن كىيىم» دەيدۇ. مۇرا-
سىم ئەھلى مۇبارەكلەيدۇ، ئارقىدىن سورۇن تۈزۈپ داپ، دۇتار، راۋاپ
چېلىنىپ ناخشىغا تەڭكەش قىلىنىپ مەشرەپ باشلىنىدۇ. ناخشىلار
بىلەن بىرلىكتە چىلىم تۇتۇش، پۇتا ئويۇنى، چاقچاق، كۇلدۈرگە،
تېپىشماق قاتارلىق قىزىق ئويۇنلاردىن بىر قانچىلىرى ئورۇنلىنىـ-
دۇ. مەشرەپ قىزىپ ئەۋجىگە چىققاندىن كېيىن جۇۋان توي قىلغان
ئايال ئۇسسۇلغا چۈشۈپ ئوينايدۇ. توي بولغۇچى ئايال ھەر قېتىم
ئۇسسۇلغا چۈشكەندە ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى، يېقىن دوست، تونۇش ـ
بىلىشلىرى شۇ ئايالنىڭ چېكىسىگە ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن پۇل
قىستۇرۇپ قويىدۇ. تۈردە ئولتۇرغانلار چاۋاك چېلىپ ھۆرمەت بىلد-

مەزىن ياكى نىكاھ ئوقۇشنى بىلىدىغان مەھەللىدىكى بىرەر كىشىگە قايتا نىكاھ ئوقۇتۇپ ئەر ـ خوتۇنلۇق مۇناسىۋەت ئەسلىگە كەلتۈ-رۈلىدۇ ۋە ئەر تەرەپ بىرەر قۇر تويلۇق ئېلىپ قايتىدىن ئاددىي يا-رىشش تويى ئۆتكۈزۈلىدۇ؛ ئەگەر ئەرنىڭ ئاغزىدىن «ئۈچ تالاق» سۆزى چىقىپ كەتكەن بولسا، قايتا يېنىششقا مۇمكىن بولمايدۇ. چۈنكى يېنىششقا توغرا كەلسە، ئايال باشقا بىر ئەرگە نىكاھلىنىق بولۇپ ئاجراشقاندىن كېيىن يېنىششقا بولىدۇ.

## 7. جۇۋان (چاچباغ) توي ئادەتلىرى

قىزلار توي قىلىپ بىر ـ ئىككى بالىلىق بولغاندىن كېيىن، يېشى 30 لاردىن ئاشقاندا، ئۇلارنىڭ ئەسلىدىكى زىلۋا بەدىنى تولۇپ، تېخى-مۇ گۈزەللىشىپ كېتىدۇ. ئېرىنى كۈتۈش، قېيىن ـ بويان (قۇدا ـ باجا) لار مۇناسىۋىتى ۋە قېيىنئانا ـ قېيىنئاتىلارغا ھۆرمەت قىلىش، باللارنى پەرۋىش قىلىش، ئائىلە ئىشلىرىنى يۈرۈشلەشتۈرۈش جە-ھەتلەردە تەجرىبىگە ئىگە بولىدۇ. كىشىلەر توي قىلىپ 30 ياشلارغا كىرىپمۇ تۇغمىغان ئاياللارنى «سېكىلەك» دەپ ئاتىسا، يۇقىرىدىكى سۈپەت ۋە لاياقەتكە ئىگە بولغان ئاياللارنى «جۇۋان» ياكى «چوكان» دەپمۇ ئاتايدۇ. چوكان ئەسلىدە، باش باھاردا يېڭى يوپۇرماق چىقارغان سۆگەت شېخى دېگەن مەنىدە بولۇپ، سۆگەت شېخىنىڭ باھار شامى-لىدا ئىرغاڭلاپ تۇرغان ھالىتى ئايال كىشىگە ئوخشىتىلغان. بۇ خىل تويىنى تولا ھاللاردا ئانىلار قىزلىرى ئۈچۈن ئۆتكۈزۈپ بېرىدۇ. ئانىسى بولمىسا ئەر ئۆزىنىڭ ئامراق ئايالىغا، يەنى يۇقىرىقىدەك شەرتلەرنى ھازىرلىغان خوتۇنىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىدۇ.

جۇۋان (چاچباغ) توي (تارىخىي مەنبەلەرگە قارىغاندا چاچۋاغ توي ۋە جۇۋان توي ئايرىم ـ ئايرىم ئۆتكۈزۈلىدىغان مۇراسىملار بولۇپ، كېيىنچە ئىككى توي بىرلەشتۈرۈۋېتىلگەن) مۇراسىمىدا ئادەت بو-يىچە، ئالدى بىلەن بىر جەمەتتىكى ئاياللار يىغىلىپ جۇۋان بولىدى-

ئەتراپتىكى جامائەت: «مۇبارەك بولسۇن!» دېيىشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن جۇۋان بولۇش رەسمىيىتى ئادا بولغان ھېسابلىنىپ، نۇرغۇن چىقىم تېجەپ قېلىنىدۇ.

جۇۋان تويىنىڭ پۈتۈن جەريانىغا خۇشاللىق كەيپىياتى سىڭگەن بولسىمۇ، ئەمما يەنە ئۇنىڭغا «ياشلىقى بىلەن خوشلىشىش»، «يىغلىغۇسى كەلسىمۇ زورىغا كۈلۈمسىرەش»دەك كەيپىيات سىڭگەن بولىدۇ. خەلق ئىچىدە: «ئۇننى بۇزماي دېسەڭ كۆمەچ قىل، قىزنى بۇزماي دېسەڭ بۇرۇنراق جۇۋان قىل» دەيدىغان ماقال بار، بۇنىڭغا ياشلىق گۈلىنىڭ تېزلا توزۇپ كېتىدىغانلىقىغا ئەپسۇسلىنىش ھېسسىياتى سىڭگەن. تۆۋەندىكى خەلق قوشىقىدىمۇ:

*كەچ بولدى، زاۋال بولدى،*
*يارىمغا ئۇۋال بولدى.*
*چېچىنى ئۆزۈن قويۇپ،*
*قۇنىيىتتا①جۇۋان بولدى.*

دېيىلىپ ياشلىق - شاشلىق بىلەن قىيالماستىن خوشلىشىشتەك مۇرەككەپ ئىچكى ھېسسىيات ئىپادىلەنگەن.

ئۇنىڭدىن باشقا بەزى بالىلىق ئاياللار بەختكە قارشى جۇۋان تويى ئۆتكۈزۈشتىن بۇرۇن ئۆلۈپ كەتسە، بۇ «رەسمىيەت» مېيىت ئۈزدىتىشتا تولۇقلىنىپ ئۆتكۈزۈپ بېرىلىدۇ، دەپنە مۇراسىمىدا قۇرامىغا يەتكەن ئايالنىڭ كىيىم - كېچەكلىرى مېيىتقا كىيدۈرۈلىدۇ ۋە زىبۇ - زىننەتلىرى ئېلىۋېتىلىپ، قۇرامىغا يەتكەنلەرنىڭ دەپنە ئادىتى بويىچە دەپنە مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلىدۇ.

## §4. ئۆلۈم - يېتىم ئادەتلىرى

ئۆلۈم ئىنسان ھاياتىنىڭ ئاخىرلاشقانلىقى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

① قۇنىيىت — قۇربان ھېيت

دۇرىدۇ. بۇ توي بولغان ئايالنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلگەنلىكىنىڭ، قەدىرلەنگەنلىكىنىڭ بىشارىتى بولىدۇ.

شۇ كۈندىن باشلاپ بۇ ئايال چېچىنى ئىككى تال ئۆرۈۋالىدۇ. ئىراقى (بىر خىل كەشتە گۈللۈك، ئۇزۇن گالىستۇك)، پەرىجە، چۇمبەل، غىجىم رومال، جۇۋانچە تەلپەك ـــ كىچىك تەلپەك، جۇۋانچە كۆڭلەك قاتارلىقلار جۇۋان بولغانلىقىنىڭ ئاساسىي بەلگىسى ھېسابلىنىپ، بۇ خىل كىيىملەر جۇۋان توي مۇراسىمىدىن بۇرۇن ياكى بىر قىسمى تويدىن كېيىن تولۇقلىنىدۇ. ئەگەر شارائىت بولسا، جۇۋان بولغۇچى ئايال ياسىنىپ، تارىنىپ، چىرايلىق كىيىم ـ كېچەكلىرىنى كىيىپ، زىبۇ ـ زىننەت بۇيۇملىرىنى سېلىپ ۋە تاقىغاندىن كېيىن، ئاياللارنىڭ ھەمراھلىقىدا ئات ھارۋىسىغا ئولتۇرۇپ، چوڭ مازارغا بېرىپ، شەيخلەرگە ۋە ئاجىز تۇل خوتۇنلارغا پۇل ۋە كىيىم ـ كېچەك سەدىقە قىلىپ «گۇناھىغا تۇۋا» قىلغاچ، ئەتراپنى بىر ئايلىنىپ تەبرىكلەيدۇ. بۇ ئادەت كېرىيە، چىرا، نىيا، چەرچەنلەردە ئومۇملاشقان.

جۇۋان تويىنىڭ يەنە ئاددىيراق بولغان بىر خىل شەرتىمۇ بار. جۇۋان توي ئۆتكۈزۈشكە ئىقتىسادىي جەھەتتىن قۇربى يەتمەيدىغان ئەرلەر ئاياللىرىغا بىر قۇر كىيىم، يەنە جۇۋانچە پەرىجە، ياغلىق، جۇۋانچە تەلپەك، چۇمبەل ئېلىپ بېرىدۇ. روزى ھېيت ياكى قۇربان ھېيتنىڭ ھارپا كېچىسى جۇۋان بولىدىغان ئاياللار جۇۋانچە كىيىنىپ، باشقا ئاياللار بىلەن بىرلىكتە ھېيت نامىزى ئوقۇلىدىغان چوڭ مەسچىتلەرنىڭ ئەتراپىدىكى ئېتىكاپخانا ياكى دۇئاخانا قاتارلىق ئۆيلەردە خەتمە، ھۆكمەت ئۇقۇپ تۈنەپ چىقىدۇ. ھېيت ئەتىگىنى ئەرلەر ھېيت نامىزىدىن يانغان پەيتتە جۇۋان بولغۇچىنىڭ ئېرى ئايالنى جۇۋانچە كىيىنگەن، چۇمبەل تارتقان ھالەتتە ياخشى جابدۇلغان ئاتقا مىندۈرۈپ، ئاتنىڭ تىزگىنىنى ئۆزى تۇتۇپ 40 ~ 60 قەدەم يەرگە يېتىلەپ بارىدۇ (ئاتنى ئارىيەت ئالىدىغانلارمۇ بار).

لىنغان ئوقدان قويۇلغان، پاختىلىق چاپان، پاختىلىق ئىشتان، پاي-پاق، پەلەي قاتارلىقلار كىيگۈزۈلگەندىن كېيىن ئۈستىگە يىپەك يو-پۇق يېپىلغان، باشقا قەبرىلەرگە بۇددا ھەيكەللىرىنى ئاساس قىلغان نەرسىلەر قوشۇپ كۆمۈلگەن.»

خوتەندە شامانىزم ئېتىقادى ئەۋج ئالغان دەۋرلەردە مېيىتنى كۆيدۈرۈش ئۇسۇلى بولغان. مەلۇمكى، شامان دىنىنىڭ ئېتىقاد قى-لىدىغان مۇھىم نەرسىلىرىنىڭ بىرى ئوت بولۇپ، ئۇ ئەڭ مۇقەد-دەس، شۇنداقلا ئەڭ پاك نەرسە ھېسابلىناتتى. بۇ ۋاقىتتىكى دەپنە مۇراسىم ئادەتلىرى بۇ ئامىلدىن خالىي بولمىدى. ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركىي خەلقلىرىگە كەڭ تارقالغان پىرچەڭگى رىۋايىتى بولسا مۇشۇ قاراشنىڭ ئەڭ ۋەكىللىك ئىسپاتى بولالايدۇ:

«قەدىمكى دەۋردە پىرچەڭگى ئىسىملىك بىر ناخشا ـ قوشاق پى-رى ئۆتكەن ئىكەن. كۈنلەردىن بىر كۈنى پىرچەڭگى قەبرىستانلىققا چىقىپ، بىر قەبرە ئالدىدا سوكۇتتە ئولتۇرسا، قايىقتىندۇر داد ـ پەرياد ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ. پىرچەڭگى بىر ھازا تىڭشىغاندىن كېيىن بۇ ئاۋازلارنىڭ پەرىشتىلەر ئازابىغا چىدىيالمىغان گۆردىكى ئۆلۈك-لەرنىڭ ئاۋازى ئىكەنلىكىنى بىلىپتۇ. ئۆلۈكلەرنىڭ نالە ـ زارى پىر-چەڭگىنىڭ قەلبىنى ئازابلاپتۇ. بىر ھازادىن كېيىن ئۇ ئاستا ناخشا ئېيتىشقا باشلاپتۇ. ناخشا سادالىرىنىڭ تارقىلىشىغا ئەگىشىپ ھې-لىقى داد ـ پەرياد ئاۋازلىرى يوقاپ كېتىپتۇ. چۈنكى، پەرىشتىلەر ناخشا ئاۋازى بار جايدا تۇرالمايدىكەن. پەرىشتىلەر پىرچەڭگىنىڭ ناخشا ئاۋازى بىلەن تەڭ، قەبرىستانلىقنى تاشلاپ قېچىپ كېتىپتۇ. گۆردىكى ئۆلۈكلەر پىرچەڭگى ئېيتقان ناخشا ـ قوشاقلارنىڭ شارا-پىتىدىن پەرىشتىلەرنىڭ ئازابىدىن قۇتۇلۇپ، ئۇنىڭغا تەشەككۈر ئېيتىپتۇ ۋە ھۇزۇرلانغانلىقىنى بىلدۈرۈپتۇ. شۇنىڭ بىلەن پىر-چەڭگى بۇ دۇنيادىكى ھايات كىشىلەرگە ناخشا ئېيتىپ بېرىشنى شاگىرتلىرىغا تاپشۇرۇپ، ئۆزى قەبرىستانلىقلارنى ئارىلاپ ئۇ دۇنيا-دىكى ئادەملەرگە ناخشا ئېيتىپ بېرىش بىلەن شۇغۇللىنىپتۇ.» دې-مەك «قەدىمكى دەۋرلەردە ناخشا ـ قوشاق ئۆلۈكلەرنىڭ ئازابىنى

شۇنىڭ ئۈچۈن كىشىلەر ئۆلۈمنى ئىنسان ھاياتىدىكى ئىزىغا كەل-تۈرگىلى بولمايدىغان ئەڭ زور يوقىتىش، ئەڭ قايغۇ ـ ھەسرەتلىك ۋەقە سۈپىتىدە قاراپ ئاخىرقى قېتىم ئۆلگۈچىنىڭ ئىنسانلىق ئىززەت ـ ئابرۇيىنى، ئىنسانلار بىلەن مەڭگۈ جۇدالاشقانلىقىنى ئە-پادىلەش يۈزىسىدىن مەخسۇس مۇراسىم ئۆتكۈزۈپ ئۇنىڭ بىلەن ۋىدالىشىشنى ئادەت قىلغان. بۇ، ھەممە مىللەتكە ئورتاق ئادەت. ئۇيغۇرلاردا دەپنە مۇراسىم خەلق ئىچىدە «ئۇزىتىش» دەپ ئاتىلىدۇ.

خوتەندە قەدىمدە ئۆلۈپ كەتكەنلەرنىڭ جەسىتى (مېيىت) نى مەخ-سۇس تاختاي ئۈستىگە ئېلىپ يېشىندۈرۈپ، يۇيغاندىن كېيىن پاكىز كىيىندۈرۈپ ئاخىرەتلىك بۇيۇملار بىلەن قوشۇپ دەپنە قىلىنغان.

تەتقىقاتچىلار ۋە ئارخېئولوگلارنىڭ ئىسپاتلاشلىرىغا ئاساسلان-غاندا، قەدىمدە دەپنە ئىشلىرىدا مېيىت يۆگىلىپ كىيىندۈرۈلگەن. ئاندىن قامان، راھىبلار ئۆز دىنىي قائىدىلىرىنى بېجىرگەندىن كې-يىن مېيىت يەرلىككە قويۇلغان؛ مەرھۇم ئۇ دۇنياغا بارغاندا ئىشلە-تىدىغان، ھەمراھ بولىدىغان بۇيۇملار، جانىۋارلار بىرگە كۆمۈلگەن. سامپۇل قەدىمكى قەبرىستانلىقى، نىيا خارابىسى قەبرىستانلىقى قا-تارلىق قەدىمكى گۆرلەردىن قېزىۋېلىنغان جەسەتلەرنىڭ ئۈچىسىدا يۇڭ، كەندىر، پاختا توقۇلمىلىرىدىن تىكىلگەن كىيىملەر ۋە بىرگە كۆمۈلگەن بۇغداي دېنى، نان، مېۋە ـ چېۋە، ئوقيا، ھەر خىل زىننەت بۇيۇملىرى، پەرداز بۇيۇملىرى، ساپال قاچىلار، ئات، قوي سۆڭەكلە-رى قاتارلىقلار بار. مەسىلەن: 1959 ـ يىلى نىيا خارابىلىقىدىن تې-پىلغان پادىشاھ قەبرىسىدە پادىشاھ ۋە خانىش بىر تاۋۇتقا سېلىنى-غان. مۇمىيالانغان جەسەتلەر كۆرپە ئۈستىگە ياتقۇزۇلغان. بېشىغا ياستۇق قويۇلغان. ئەر ئوڭ تەرەپتە، ئايال سول تەرەپتە ياتقان (پادى-شاھ ۋە خانىشنىڭ بىرلا ۋاقىتتا ئۆلگەن بولۇشى ناتايىن، بەلكى پا-دىشاھ ئۆلگەندە خانىشمۇ بىللە كۆمۈلگەن بولسا كېرەك. — ئا). «ئايالنىڭ باش تەرىپىدىكى توقۇلما سېۋەتكە ھەر خىل گىرىم بۇ-يۇملىرى سېلىنغان. ئەرنىڭ ئۈستىگە بىر تال يا، تۆت تال ئوق سې-

## 1. سەكرات دەقىقىلىرىدىكى ئادەتلەر

بىر كىشى قېرىپ، هايات مۇساپىسىنى بېسىپ تۈگىتىپ، ئەجەلى توشقاندا بولسۇن، ياكى كېسەللىك بىلەن ئېلىشىپ جېنى ھەلقۇمىغا كەلگەندە بولسۇن، ئۆلۈم ئالدىدا جان تالىشىپ سەكراتقا چۈشىدۇ. بۇ چاغدا سەكراتقا چۈشكەن كىشىنىڭ خوتۇن ـ بالىلىرى قاتارلىق يېقىن ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى (تاسادىپىي ئۆلۈم ۋە ئۆيىدىكىلەر خەۋەرسىز قالغانلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا)، سەكراتقا چۈشكەن كىشى بىلەن ۋىدالىشىدۇ، ئۇنىڭ ۋەسىيىتىنى ئاڭلايدۇ ھەم رازىلىق بېرىدۇ. ئىقتىسادىي باردى ـ كەلدى ئىشلار توغرىسىدا رازىلىشىدۇ. مال ـ مۈلۈك ۋارىسلىقى توغرىسىدىكى ۋەسىيەتنامىگە شاھىتلىق ئۈچۈن جامائەت مۆتىۋەرلىرىدىن بىر ـ ئىككىسى قول قويىدۇ. سەكراتقا چۈشكۈچىنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىغا قالدۇرغان ۋەسىيىتىدە، ئۆتنە ـ يېرىم ئىشلىرىنى ئېنىقلاش جەھەتتىكى مەزمۇنلار كۆپرەك بولىدۇ. ئەل ئىچىدە «گۇناھ يۇدۇۋېلىش» تىن قورقىدىغان بۇنداق تۇيغۇ ئومۇمىيۈزلۈك پىسخىكىلىق ھالەت بولۇپ، ھەممە يەردە ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ.

سەكراتقا چۈشكۈچىنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى، سەكراتقا چۈشكۈچى بىلەن ۋىدالىشىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، تەكلىپ قىلىنغان ئىمام ئاخۇنۇم ئايەت ئوقۇپ دېمىدە قىلغان سۇ سەكراتقا چۈشكۈچىنىڭ ئېغىزىغا ياغاچ قوشۇق بىلەن تېمىتىلىدۇ. ئەگەر سەكراتقا چۈشكۈچى ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگەن مويسىپىت بولسا، ئۇنىڭ پەرزەنتلىرى يەنە سۇپرىنى مويسىپىتنىڭ يېنىدا ئېچىپ، مويسىپىتنىڭ ئالقىنىنى سۇپرىغا بېسىپ، ئۇنىڭ ئالقىنىنىڭ ئىزىنى قالدۇرىدۇ. بۇنداق قىلىنسا، ئەجدادلارنىڭ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈش ئالاھىدىلىكى ئەۋلادلىرىغا قالىدۇ، دەپ قارىلىدۇ.

يەڭگىلىلىتىدۇ، ئوت بولسا ئۇنىڭ روھىنى ئېلىپ كېتىدۇ، دېگەن قاراش بولغاچقا، ئۆلۈكنى كۆيدۈرۈپ ئۆزىتىش ۋە ئۇنىڭغا ناخشا ـ ئۇسسۇل، مۇزىكا بىلەن جور بولۇش قاتارلىق ئادەتلەر تۈركىي قوۋملىرىدە ئۇزۇن زامان ساقلانغان.» موللا ئىسمىتۇللابىننى موللا ـ نېمىتۇللا مۆجىزى «تەۋارىخىي مۇسىقىيۇن» ناملىق ئەسەردە مۇنداق مەلۇمات بېرىدۇ: «ئول زامانلاردا ئاتا ـ ئانىسى، بالىلىرى ئۆلگەندە، مۇسىبەت ماتەمدە تەمبۇر چېلىپ يىغلاپ، ئۆلۈكنى كۆيدۈرۈۋېتىش رەسمى بار ئېردى»، «بۇ ۋاقىتلاردىكى ئوتتا كۆيدۈرۈپ دەپنە قىلىش، ئاۋۋال كۆيدۈرۈپ ئاندىن دەپنە قىلىش ۋە ئاۋۋال دەپنە قىلىۋېلىپ ئاندىن كۆيدۈرۈش قاتارلىق ئىككى خىل شەكىلگە ئىگە ئىدى.»

كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئەجدادلىرىمىز ئوتقا چوقۇنغان ئاشۇ دەۋردە ئۆلارنىڭ دەپنە مۇراسىم ئادىتى ئوت ۋە ناخشا، مۇزىكا بىلەن بىرىكىپ كەتكەنىدى.

بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلغان دەۋرلەردە بۇ ئادەت ئومۇملاشقان ھەم مۇكەممەللەشكەن. خەنزۇ سەيياھى خۇي سېڭنىڭ دېيىشىچە: «خوتەن بۇددىستلىرى ئۆلگۈچىنى كۆيدۈرۈپ، كۈلىنى كومزەككە قاچىلاپ يەرگە كۆمىدىكەن. خاتىرىلەپ تۇرۇش ئۈچۈن يېنىغا بۇت ئورنىتىدىكەن. ئۆلگۈچىنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى چېچىنى قىرقىپ، يۈزىنى مورلاپ ھازا بىلدۈرىدىكەن. پادىشاھنىڭ جەسىتىلا كۆيدۈرۈلمەي تا ـ ۋۇتقا سېلىنىپ، يىراق دالىغا دەپنە قىلىنىدىكەن. كىشىلەرنىڭ دائىم يوقلاپ تۇرۇشى ئۈچۈن، قەبرە يېنىغا بۇتخانا سېلىنىدىكەن.»

ھازىرقى ئۆلۈم ـ يېتىم ئادەتلىرى ئاساسەن ئىسلام مەدەنىيە ـ تىگە خاس ئادەتلەردۇر. بۇ، خوتەنلىكلەر ئىسلام دىنىغا كىرگەندىن كېيىنكى مىڭ يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان ئىسلام دىنىنىڭ ئالاقىدار كىتابلىرىنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە قېلىپلاشقان ئۇسۇل ۋە شەكىللەر بولۇپ، بۇنىڭدىمۇ قەدىمىيلىك ساقلاپ قېلىنغان ۋە ئۇلارغا ۋارىسلىق قىلىنغان.

يەرگە ئۇرۇپ، چەكسىز قايغۇ ـ ھەسرىتىنى ئىپادىلەيدۇ. مۇسىبەت ـ لىك ئائىلە يەنە ئېغىلدىكى چىشى چارۋىلارنى بالىلىرىدىن ئايرىۋې ـ تىدۇ، بۇنىڭ بىلەن چوڭ ـ كىچىك چارۋىلار مۆرىشىپ، مەرەپ چەكسىز قايغۇلۇق كەيپىيات پەيدا قىلىدۇ.

ئىسلام دىنىنىڭ خوتەنگە كىرىشى ۋە ئومۇملىشىشى بىلەن قات ـ تىق يىغا ـ زار قىلىپ ھازا ئېچىش چەكلەنگەن، ئۆلگۈچىنىڭ ئا ـ ئىلە ئەزالىرى ۋە ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنىڭ يۈزلىرىنى تىلىپ، چاچ ـ لىرىنى يۇلۇپ، قولاقلىرىنى كېسىپ قان ئېقىتىپ يىغا ـ زار قى ـ لىشى ئەمەلدىن قالغان بولسىمۇ، يەنىلا ھازا ئاچقاندا قاتتىق يىغلاش «ئۆلۈمنىڭ ھۆرمىتىنى قىلغانلىق» دەپ قارىلىپ، يىغا ـ زار ۋە ھازا قوشىقى ئوقۇش ئادەت سۈپىتىدە داۋاملىشىپ كەلگەن.

ھازا قوشىقى دېگىنىمىز، ھازا سورۇنىدا، ھازىچى ۋاپات بولغۇ ـ چىنىڭ ھايات ۋاقتىدىكى ھەر خىل ياخشىلىقلىرىنى ۋە ئۇنىڭ ۋاپا ـ تىغا بولغان چەكسىز قايغۇ ـ ھەسرىتىنى يىغا ـ زار قىلغان ھالدا بايان قىلىدىغان، شۇنداقلا ئۇنىڭ ئۆلۈمى تۈپەيلى ئۆزلىرى ئۇچراي ـ دىغان مۇشكۇلاتلار مەزمۇن قىلىنغان مەرسىيەنى كۆرسىتىدۇ، ئۇ ـ نىڭ ئاھاڭى ئىنتايىن قايغۇلۇق ۋە ھەسرەتلىك بولىدۇ. ھازا قوشاق ـ لىرىنىڭ تېكىستى ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنىڭ ۋاپات بولغۇچى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىگە قاراپ ھەر خىل بولىدۇ. ۋاپات بولغۇچى دادى ـ سى بولسا، ئۇنىڭ پەرزەنتلىرى ئادەتتە مۇنداق ھازا ئاچىدۇ:

*ۋاي دادام! ۋاي دادام!*
*ئاھ بىچارە دادام!*
*ئاھ، باغرى يۇمشاق دادام!*
*بىزنى كىمگە تاشلاپ كەتتىڭىز دادام!*
*ۋاي دادام! ۋاي دادام!*
*سىز بولمىسىڭىز بۇ جاھان بىزگە شۇنچە چۆل دادام!*
*سىز بولمىسىڭىز بۇ جاھان بىزگە شۇنچە تار دادام!*
*سىز ياندۇرغان چىراغ ئۆچەرمۇ دادام!*

سەكراتقا چۈشكۈچىنىڭ نەپسى توختىغاندا، ئاخۇنۇم ئۇنىڭ پۇت ـ قولىنى دەرھال تۈزلەيدۇ ھەم ئۇنىڭ زاڭقىنىڭ ئاجراپ كې-تىپ، كۆزى ئوچۇق، ئېغىزىنى يۇمالمىغان ھالەتتە كېتىپ قالماس-لىقى ئۈچۈن، ئېڭىكىنى تەييارلاپ قويغان ئاق رەخت بىلەن تېڭىپ قويىدۇ. ئۇنىڭ بىر پۇتىنىڭ يەنە بىر پۇتى ئۈستىگە مىنگىشىپ، كىرىشىپ قېلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن كىيىملىرى سالدۇرۇلۇپ، ئىككى پۇتىنىڭ چوڭ بارمىقىنى بىر ـ بىرىگە چېتىپ قويىدۇ.

بۇ رەسمىيەتلەر ئورۇندىلىپ بولغاندىن كېيىن دەرھال ئۇرۇق ـ تۇغقان، يار ـ بۇرادەرلەرگە خەۋەر بېرىلىدۇ. ئەگەر ئۆلگۈچى يېرىم كېچىدە جان ئۈزگەن بولسا، كېچىنى كېچە دېمەي ئۆز ۋاقتىدا خە-ۋەر بېرىلىدۇ. قولۇم ـ قوشنىلار يىغا ئاۋازىنى ئاڭلاش بىلەن (كې-چە بولسا كېچىدە) ئارقا ـ ئارقىدىن پەتە قىلىپ كىرىپ، ھا-زىدارلارغا تەسەللى بېرىدۇ. ئاياللار كېچىچە ئۇخلىماي، شېغىل تاشلارنى تەلە تېشى قىلىپ تەلە ـ تەرەۋە ئوقۇيدۇ.

## 2. ھازا ئېچىش ۋە ھازا قوشىقى

ھازا ئېچىش يەنى يىغا ـ زار قىلىش، مۇسىبەت بولغانلىقىنىڭ بىرىنچى بەلگىسى. خوتەنلىكلەرمۇ ئائىلىدە بىر كىشى ۋاپات بولغان ھامان (ياكى ئائىلە ئەزالىرىدىن بىرەرى باشقا جايدا ھەر خىل سە-ۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئۆلۈپ كەتكەندە، ئۆلۈم خەۋىرى كەلگەن ھامان) پۈتۈن ئائىلە ئەزالىرى جۇدالىق ھەسرىتىدە يىغا ـ زار قىلىشىدۇ.

ۋاپات بولغۇچىنىڭ يېقىن تۇغقانلىرى بوغۇن پەرقى ۋە مەلۇم تەرتىپ بويىچە، ئىشىك ئالدىدا ئەر ـ ئايال ئىككى رەت بولۇپ تى-زىلىپ (ياشانغانلىرى ھاسا تايانغان ھالدا)، پەتىگە كەلگەن يۇرتداش-لىرىنى كۈتۈۋالىدۇ. ئاياللارنىڭ ئارىسىدا ھازىچى بولىدۇ. ھازىچى پەتىگە كېلىۋاتقانلارنى يىراقتىن كۆرۈپلا يىغا ـ زار قىلىپ ھازا قوشىقى ئوقۇيدۇ، باشقىلار ئۇنىڭغا جور بولىدۇ. ھازىچى ھاسىسىنى

*سىز كەتتىڭىز ئۇ ئالەمگە، نەدىن تاپىمەن قېرىندىشىم!*
*ئاسماندىن ئىزدەي دېسەم ئاسمان يىراق قېرىندىشىم!*
*يەر ئاستىدىن ئىزدەي دېسەم بەك قاتتىقكەن قېرىندىشىم...!*

ئەگەر ۋاپات بولغۇچى ئەر بولسا، خوتۇنى ئوقۇيدىغان ھازا قوشىقى ئادەتتىن تاشقىرى مۇڭلۇق، ھەسرەتلىك بولۇپ، يۈرەكنى ئېزىپ، كىشىلەرنى قاتتىق پىغانغا سالىدۇ:

*ۋاي مۇرەببىم! ۋاي مۇرەببىم!*
*ئۇچسام قاناتىم ئىدىڭىز،*
*ۋاي مۇرەببىم! ۋاي مۇرەببىم!*
*ئاپتاپتا سايىۋەنىم ئىدىڭىز!*
*ۋاي مۇرەببىم! ۋاي مۇرەببىم!*
*بىزنى چايان چاقماقچى بولسا،*
*چاياندىن كىم ساقلار؟ مۇرەببىم!*
*بېشىمىزغا كۈن چۈشسە،*
*بېشىمىزنى كىم سىلار؟ مۇرەببىم!*
*ۋاي مۇرەببىم! ۋاي مۇرەببىم!*
*قىش ـ زىمىستاندا سوغۇقتىن ساقلايتتىڭىز ھەر دائىم،*
*كۆيۈپ ـ پىشىپ ئاش ـ ئوزۇق غەملەيتتىڭىز مۇرەببىم!*
*بازسا ـ كەلمەسكە كېتىپ، بىزنى داغدا قويدىڭىز،*
*سىز كېتىپ تاغدەك يۆلەكتىن مەھرۇم بولدۇق مۇرەببىم!*
*بالىلىرىڭىز قالدى كىچىك، ئاجىزەڭىزگە مۇرەببىم!*
*چوڭ قىلىشتا ئۇششاقلارنى كىمگە تاپىنارمىز، مۇرەببىم...!*

ھەر بىر مەھەللىدە دېگۈدەك ھازا ئېچىشقا ئۇستا ئاياللار بولىدۇ. ئۇلار تەسەللى بېرىشكە ۋە ھازا ئېچىشقا ماھىر بولۇپلا قالماي، بەلكى دەپنە قائىدە ـ يوسۇنلىرىنى پىششىق بىلىدۇ. قايسى ئۆيدە ئۆلۈم ـ يېتىم بولسا، ئۇلار خەۋەر تېپىپلا يېتىپ كېلىدۇ، دەپنە ئىشلىرىغا ياردەملىشىدۇ ھەم ھازا قوشىقىنى باشلاپ بېرىدۇ. ئۇلارنىڭ ھازا قوشىقىنىڭ تېكىستى قاپىيەلىك بولىدۇ. مەسىلەن:

*يېتىمچىلىك بىزگە كۆچەرمۇ دادام...!*

ۋاپات بولغۇچى ئانىسى بولسا، پەرزەنتلىرى مۇنداق هازا ئاچىدۇ:

*ۋاي ئانام، ۋاي ئانام!*
*ئاها! بىچارە ئانام!*
*ئاها! باغرى يۇمشاق ئانام!*
*ئۆزىڭىز ئاچ ـ توق يۈرۈپ،*
*بىزنى توق باققان ئانام!*
*ئۆزىڭىز هۆل يەردە يېتىپ،*
*بىزنى قۇرۇقداپ باققان ئانام...!*

ئانىنىڭ جىنازىسى ئۆيدىن ـ هويلىدىن مەسچىتكە ياكى قەبرىستانلىققا ئېلىپ مېڭىلغاندا:

*سۈرە ياسىنىنى ئىچكەندە ئانام،*
*سىنچاي ئىچتى دەپتىمەن، ئانام.*
*ئېڭىكىڭىزنى چاتقاندا ئانام،*
*لېچەك سالدى دەپتىمەن، ئانام.*
*قارا كۆزىڭىز يۇمۇلغاندا ئانام،*
*ئۇخلاپ قالدى دەپتىمەن، ئانام.*
*يەرلىكىڭىزنى كولىغاندا ئانام،*
*ئوچاق كولىدى دەپتىمەن، ئانام...*
*جىنازىغا سالغاندا ئانام،*
*مەپىگە چىقتى دەپتىمەن، ئانام.*
*يەرلىكىڭىزگە كۆمگەندە، ئانام*
*چامغۇر كۆمدۇق دەپتىمەن، ئانام...*

ۋاپات بولغۇچى ئاكا ـ ئۇكا ياكى هەدە ـ سىڭىللىرى بولسا، مۇنداق هازا ئاچىدۇ:

*دەل ـ دەرەخ قۇرۇپ كەتسە قايتا سالغىلى بولار قېرىندىشىم!*
*كىچىك بالا ئۆلۈپ كەتسە يەنە تۇغۇلار قېرىندىشىم!*
*ۋاي ئاكا (ئاچا) جانجىگەر قېرىندىشىم!*

پىت تۇغقانلىرىدىن بىرەرى هازىر بولىدۇ. سۇغا ئېلىش ئالدىدا مې-يىتنىڭ ئۈستىگە رەخت يېپىلىدۇ. مېيىتنىڭ ئەۋرەتلىك يەرلىرىگە قاراشتىن ھەزەر قىلىنىدۇ. مېيىتنى يۇيۇپ - تارايدىغانلارنىڭ ئىش تەقسىماتى ئېنىق بەلگىلەنگەن بولۇپ، بەدىنىنىڭ يۇقىرى قىسمىنى بىرى، تۆۋەن قىسمىنى بىرى يۇيىدۇ. قالغان ئىككىيلەن سۇ قۇيۇپ بېرىدۇ. مېيىتنى ئىمكانقەدەر يەرلىك سوپۇن بىلەن يۇيۇپ - تارايدۇ. يۇيۇشقا ئاق لەيلى گۈلىنىڭ بەرگى چىلانغان پۇراقلىق سۇ ئىشلىتى-لىدۇ. بەدەننىڭ ھەر بىر قىسمى مۇئەييەن تەرتىپ بويىچە ئۈچ قېتىم يۇيۇلىدۇ. مېيىتنى يۇغاندا بىر ئاخۇنۇم يېنىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ، قۇرئاننىڭ مەخسۇس پارىلىرىنى ئوقۇيدۇ. مېيىت يۇيۇلۇپ، سۈرتۈلۈپ قۇرۇتۇلغاندىن كېيىن ئىككى ئالىقان، ئىككى تىز، ئىككى پۇتنىڭ ئۇچى، پېشانە قاتارلىق يەتتە يېرىگە خۇش پۇراق سۇيۇقلۇق چېچىلى-دۇ. ئارقىدىن مېيىت كېپەنگە (ئاخىرەتتونلۇققا) ئېلىنىدۇ. كېپەن سىمۇۋللۇق كىيىم بولۇپ، ئاددىي (خوتەن رايونىدا ياشانغان كىشىلەر كۆپىنچە ئۆزلىرى ھايات ۋاقتىدىلا «ئاخىرەتتونلۇقى»نى تەييارلاپ قو-يىدۇ. ئۇلار ئامالىنىڭ بارىچە بۆزچىلەر تەرىپىدىن توقۇلغان خامدا «ئاخىرەتتونلۇق»تەييارلاشنى ياخشى كۆرىدۇ) ئاق پاختا رەختتىن تەي-يارلىنىدۇ. ئەر مېيىتكە كىيدۈرۈلىدىغان كېپەن بىر پارچە رەخت ئىككى قات قىلىپ قاتلىنىپ، ئىككى ئۇچى پەسكە قارىتىلىدۇ. پۇ-تىنىڭ ئاياغ تەرىپىنى بوغۇپ قويۇشقا ئاسان بولسۇن ئۈچۈن، رەخت ۋاپات بولغۇچىنىڭ ئېگىزلىكىدىن سەل ئۇزۇنراق بولىدۇ. رەختنىڭ ئۈستى تەرىپىدىكى قاتلانغان يېرىدىن بىر تۆشۈك ئېچىلىپ، مېيىت-نىڭ بېشىدىن ئۆتكۈزۈلۈپ، ئۇنىڭغا كىيدۈرۈلىدۇ، ئۇنىڭ ئىككى تە-رىپى سۆڭەك يىڭنە بىلەن يۆمەپ قويۇلىدۇ، پولات يىڭنە ئىشلىتىشكە بولمايدۇ، ئۇنىڭغا يەنە شۇ رەختتىن سۇغۇرۇپ ئېلىنغان يىپ ئىشلى-تىلىدۇ. كېپەنلىكنىڭ ئاستى تەرىپى خالتىغا ئوخشايدۇ، ئۈستى تە-رىپى يەڭسىز، ياقىسىز، ئىككى تەرىپى تىكىلمىگەن كەمزۇلغا ئوخ-شايدۇ. ئەر مېيىتكە ئۈچ قات، ئايال مېيىتكە بەش قات مۇشۇنداق

*كەتتىڭىز ۋاي قېرىنداشىمىز كۆلدۈرۈپ شۇم دۈشمەننى،*
*داغدا قويۇپ كەتتىڭىز ئاۋام، ئۇرۇق ـ تۇغقاننى.*
*ئى خالايىق كۆلمەڭلار بېشىغا كۈن چۈشكەندىن،*
*خالىي ئەمەس ھېچ ئىنسان بۇنداق ئەجەل ـ قىسمەتتىن.*
*ئاھ قېرىنداشىمىز! كەتتىڭىز بىزنى قويۇپ پىغانغا،*
*ماتەم تۇتۇپ قوي ـ كالىلار كەلدى بۇندا زۇۋانغا.*
*ئاھ قېرىنداشىمىز! كەتتىڭىز بىزنى قويۇپ پىغانغا،*
*كۆز يېشىمىز سەل بولۇپ، يۈرەك تولدى زەرداپقا.*
*مۇنكىر ـ نەكىر سوئالىغا توغرا جاۋاب بەرگەيسىز،*
*ئاخىرەتتە جەننەتتىن مەڭگۇ ئورۇن ئالغايسىز!*

خەۋەر تېپىپ كەلگەن پەتچىلەر يىغىسىنى بېسىپ، ھازىدارلارغا تەسەللى بەرگەچ دوپپا، تەلپەك ـ تۇماق ئاق رومال ياكى 1.5 مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى داكىنى مۇسىبەتلىك مويسىپىتنىڭ بېشىغا كەيدۈرۈپ، چەگدۈرۈپ ياكى ئۇنىڭ بېلىگە باغلاپ قويىدۇ، ئاندىن سەپنىڭ ئاخىرىغا بېرىپ تۇرىدۇ. پەتچىلەر سېپى كىشىلەرنىڭ ئاۋۇشىغا ئەگىشىپ، ئىشىكتىن تارتىپ خېلى ئۇزۇنغا سوزۇلىدۇ. بەزى جايلاردا تەزىيە بىلدۈرىدىغان ئاق خەسە ياكى داكىنى ھازىدارلار ئۆزى تەييارلاپ، تەزىيەگە كەلگەن ئۇرۇق ـ تۇغقانلارنىڭ بېلىگە باغلاپ قويىدۇ.

## 3. مېيىتنى يۇيۇپ، تاراش ۋە كېپەنلەش

مېيىت دەپنە قىلىشتىن بۇرۇن ئىلمان، پاكىز سۇدا ئۈچ قېتىم يۇيۇلىدۇ. بۇ «سۇغا ئېلىش» دەپ ئاتىلىدۇ. سۇغا ئېلىشقا ئادەتتە، مەھەللىدىكى ئۆزىنى توختاتقان تەجرىبىلىك ئۈچ ـ تۆت كىشى (بۇنىڭ ئىچىدە بەزىدە مەھەللىنىڭ مەزىنىمۇ بار) تەكلىپ قىلىنىدۇ. كۆز يۇمغۇچى ئايال بولسا، ياشانغان ئاياللار ياكى بۇۋىملەر تەكلىپ قىلىنىدۇ. ئەگەر كۆز يۇمغۇچى بالا بولسا، ئوخشاشلا ئەر ياكى ئايال يۇسا بولىۋېرىدۇ. مېيىتنى سۇغا ئېلىشتا كۆز يۇمغۇچىنىڭ مويسىـ-

ئاشۇ ئىككى خىل ئەھۋال ئاستىدا كۆز يۇمغۇچىنىڭ يىراق ـ يې-
قىندىكى مۇھىم ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى ۋاقتىدا يېتىپ كېلەلمىسە،
بىر كۈن ساقلاپ دەپنە قىلىنىدۇ.

## 4. مېيىت ئۇزىتىش، ناماز چۈشۈرۈش

مېيىت جىنازىغا سېلىنىپ، ئېلىپ مېڭىشنىڭ ئالدىدا كۆز
يۇمغۇچىنىڭ باللىچاقىلىرى كۆز يۇمغۇچى بىلەن ۋىدالىشىدۇ. مې-
يىت نامىزىنى چۈشۈرۈشكە ئېلىپ ماڭغاندا كۆز يۇمغۇچىنىڭ ئائى-
لە ئىقتىسادىغا قاراپ جىنازا ئۈستىگە يىپەك گىلەم ياكى يۇڭ ئەدى-
يال ياكى پاكىز، كۆركەم يىپ ئەديىال يېپىپ قويۇلىدۇ. ۋاپات بول-
غۇچى ئەر بولسا جىنازىنىڭ ئالدى تەرىپىدىكى ئەگمىنىڭ ئۈستىگە
سەللە، تەلپەك ياكى دوپپا كىيگۈزۈپ قويۇلىدۇ، ئەگەر ئايال بولسا،
ئايالچە دوپپا كىيگۈزۈپ ياكى ياغلىق ئارتىپ قويۇلىدۇ. ئاندىن جى-
نازا شۇ ئەتراپتىكى مەسچىتكە (ئەگەر ۋاپات بولغۇچى يۇرت ئىچىدە
ھۆرمەتكە سازاۋەر ئادەم بولسا شۇ يەردىكى ئەڭ چوڭ مەسچىتكە ياكى
تۇزلەڭلىككە) ئېلىپ بېرىلىدۇ. مېيىتنى يۆتكەپ ماڭغاندا تەزىيەگە
كەلگەن جامائەتنىڭ جىنازىنى كۆتۈرۈپ مېڭىش قىزغىنلىقى ناھا-
يىتى يۇقىرى بولىدۇ، بولۇپمۇ ياشلار جىنازىنى تالىشىپ بەس ـ
بەس بىلەن كۆتۈرۈپ ماڭىدۇ، كىشىلەر، بۇ گۇناھنى يۇيۇپ پەزىلەت-
لىك بولۇشنىڭ ياخشى پۇرسىتى، دەپ قارايدۇ. جىنازا كۆتۈرۈش قا-
ئىدىسى مۇنداق: ئاۋۋال ئالدى تەرەپ ئوڭ مۈرىگە ئېلىنىدۇ. ئاندىن
كەينى تەرەپمۇ ئوڭ مۈرىگە ئېلىنىدۇ، ئاندىن ئالدىدىكىلەر سول
مۈرىسىگە يۆتكەيدۇ، ئارقىدىكىلەرمۇ سول مۈرىسىگە يۆتكەيدۇ، ئان-
دىن ماڭىدۇ. ئەركەكلەر ۋە بالاغەتكە يەتمىگەن قىز ھازىدارلار تاۋۇت
يېنىدا «ۋاي دادام (ئانام)، ۋاي قېرىندىشىم» دەپ ئۈن سېلىپ يىغلاپ
ماڭىدۇ. جامائەت تاۋۇت كەينىدىن ماڭىدۇ. مېيىت مەسچىت سەي-
ناسىغا قويۇلۇپ، بامدات (ياكى جۈمە، پېشىن) نامىزىنىڭ ئاخىرلى-
شىشى كۈتۈلۈپ، مېيىت نامىزىغا كەلگەنلەر، مېيىتنىڭ ئۇرۇق ـ

كېپەن كىيدۈرۈلىدۇ. بىرىنچى قېتى «لىپاپە» (تاش كېپەن) دەپ ئاتىلىدۇ؛ ئىككىنچى قېتى مېيىتنىڭ ئۇزۇنلۇقىغا تەڭ بولۇپ، «ئىزار» (تاش كىيىم) دەپ ئاتىلىدۇ؛ ئۈچىنچى قېتى مېيىتنىڭ بويىنىدىن پۇتىنىڭ ئۇچىغىچە يەڭسىز، ياقىسىز بولۇپ، «قىمىس» (كۆڭلەك) دەپ ئاتىلىدۇ؛ تۆتىنچى قېتى قولتۇقتىن كىندىككىچە بولۇپ، ئاياللارنىڭ ئىچ كىيىمىگە ئوخشايدۇ، بەزىلىرى تىزىغىچە كېلىدۇ، بۇ «سىنبەل» دەپ ئاتىلىدۇ؛ بەشىنچى قېتى باش ۋە يۈز يۆركەنجىسى بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 60 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 40 سانتىمېتىر بولۇپ، «خىملا» دەپ ئاتىلىدۇ. ئەر مېيىتكە ئالدىنقى ئۈچ قېتىملا ئورۇلىدۇ، كېپەنگە ئېلىش جەريانىدا، مېيىتنىڭ ئاستى ئېگىكى، ئىككى قولى ۋە ئىككى تىزى چېتىپ قويۇلىدۇ. ئادەتتە كېپەنگە ئېلىنىپ بولغاندىن كېيىن، ئۈستىگە قىزىلگۈلنىڭ بەرگى چىلانغان گۇلاپ سۈيى ياكى ئۆيدە ساقلانغان زەمزەم سۈيى سېپىلىدۇ. ئارقىدىنلا ۋاپات بولغۇچىنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى مېيىت بىلەن ۋىدالىشىدۇ (بۇ يەردە ئالاھىدە ئىزاھلاپ قويۇشقا تېگىشلىكى شۇكى، ۋاپات بولغۇچى ئەر بولسا، خوتۇنى مېيىتنىڭ چىرايىغا قاراپ ۋىدالىشالمايدۇ. چۈنكى كىشىلەر ئەر ـ خوتۇندىن بىرى ۋاپات بولسا، ئۇلار ئىككى ئالەمنىڭ ئادىمىگە ئايلىنىدۇ، بۇ ئۇلارنىڭ نىكاھ مۇناسىۋىتى تەبىئىي ھالدا ئۈزۈلدى دېگەنلىكتۇر، ھايات قالغان كىشى يەنە ئۆيلىنىشى ياكى قايتا ياتلىق بولۇشى مۇمكىن، نىكاھ مۇناسىۋەتى ئۈزۈلگەن ئەھۋالدا ئەر ـ خوتۇن كۆرۈشسە «نامەھرەم» بولىدۇ، دەپ قارايدۇ). ۋىدالىشىپ بولغاندىن كېيىن، مېيىت ئاق كىگىزگە ئورىلىپ جىنازىغا سېلىنىدۇ.

ئادەتتە مېيىت ئۆيدە ئۇزۇن تۇرغۇزۇلمايدۇ، مۇمكىن قەدەر تېز دەپنە قىلىنىدۇ. ئەگەر كۆز يۇمغۇچى كەچ تەرەپتە ياكى كېچىدە جان ئۈزگەن بولسا، ئىككىنچى كۈنى سەھەردە جامائەت ناماز بامداتتىن يېنىشىغا نامىزى چۈشۈرۈلۈپ دەپنە قىلىنىدۇ. ئەگەر ئەتىگەندە جان ئۈزگەن بولسا، پېشىن نامىزىدىن كېيىن دەپنە قىلىنىدۇ. ئەگەر

مەسچىتتە مېيىت نامىزى ئوقۇلىدۇ (نامىزى چۈشۈرۈلمەي دەپنە قىلىش، ۋاپات بولغۇچى ئۈچۈنمۇ ۋە ئائىلىسىدىكىلەر ئۈچۈنمۇ ئەڭ قاتتىق ھار ئېلىنىدىغان روھىي كەيپىيات بولۇپ، جامائەتچىلىكنىڭ نەزىرىدە مۇنداق مەرھۇم ياكى مەرھۇمە ئىمانسىز كەتكەن ھېسابلىنىدۇ). نامىزى ئوقۇلغاندىن كېيىن، مېيىت مازارغا ئېلىپ بېرىلىپ دەپنە مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلىدۇ (ھازىر شەھەر رايونلاردا ماشىنىغا سېلىپ ئېلىپ چىقىدىغان بولدى). ئادەتتە، نامازغا قاتناشقان جامائەتنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك قەبرىستانلىققا چىقىدۇ.

## 5. مېيىتنى يەرلىكتە قويۇش[1]

مېيىت مەسچىتتىن قەبرىستانلىققا كۆتۈرۈپ كېلىنگەندىن كېيىن، يەرلىككە قويۇلۇپ، ئۇنىڭ ئەر ـ ئوغۇل پەرزەنتلىرى گۆر ئىچىگە ئېڭىشىپ كىرىپ مېيىت بىلەن ئەڭ ئاخىرقى قېتىم ۋىدالىشىدۇ. ئاندىن ئىچ يەرلىكنىڭ ئاغزى ئېتىلىپ ئۆلگۈچىنىڭ جەمەتلىرىدىن بىرى گۆرگە يەتتە كەتمەن توپا تاشلايدۇ. كىشىلەر: مېيىتنى يەرلىككە قويۇپ، گۆرگە يەتتە كەتمەن توپا تاشلىغاندا، دەپنە قىلىنغان كىشى تىرىلىدۇ ھەم ئىككى قولىنى يەرگە تىرەپ ئولتۇرۇپ، مۇنكىر ـ نەكىرلەرنىڭ سوئال ـ سوراقلىرىغا جاۋاب بېرىدۇ؛ سوئال ـ سوراقلارغا توغرا جاۋاب بېرەلىسە، لەھەت ئىچىدە ئازاب ـ ئوقۇبەتلەر ئازىيىپ، جەننەتتە راھەت ـ پاراغەتلەردىن بالدۇرراق بەھرىمەن بولىدۇ، دېگەنگە ئىشىنىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا: «پەرۋەردىگارىم (ياراتقۇچىم) ـــ ئاللاھ ـ تائالا، دىنىم ـــ ئىسلام، پەيغەمبىرىم ـــ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام، ئېتىقادىم ـــ قۇرئان، كۈندىلىك مۇقەددەس ھەرىكىتىم ـــ بەش ۋاق ناماز» دەپ بېرىلگەن جاۋاب، توغرا جاۋاب بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مۇشۇ ئېتىقادقا ئاساسەن،

① §4 ـ نىڭ 1 ـ ماۋزۇسىدىن 5 ـ ماۋزۇسىغىچە تۈزۈلگەن بايانلاردا، يۈەن جىڭگۇاڭ، يۈەن نايۈلارنىڭ «خوتەننىڭ قىسقىچە تارىخى» (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2005 ـ يىلى 10 ـ ئاي 1 ـ نەشرى 744 ـ 762 ـ بەتلەر) ناملىق كىتابتىكى ماقالىسى ئاساس قىلىندى.

تۇغقانلىرى ۋە جامائەت ئۆز ئارا بىر ـ بىرلەپ كۆرۈشۈپ چىقىدۇ. ناماز ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، مېيىت نامىزى ئوقۇلۇش ئالدىدا تۆۋەندىكىدەك قائىدە ـ يوسۇنلار ئورۇندىلىدۇ:

بىرىنچى، بىر مويسىپىت كىشى هازىدار ئائىلىسىدىكىلەردىن ۋاپات بولغۇچىنىڭ تەخمىنىي تۇغۇلغان كۈنىنى سوراپ، ۋاپات بولغۇچىنىڭ ئەمەلىي يېشىنى شۇنىڭغا ئاساسەن هېسابلاپ چىقىدۇ ھەم جامائەتكە ئېلان قىلىدۇ.

ئىككىنچى، ۋاپات بولغۇچىنىڭ چوڭ ئوغلى ياكى بىر يېقىن تۇغقىنى ئىمام ئاخۇنۇمدىن: «مەرھۇم دادام ياكى XXX قانداقراق ئادەم ئىدى» دەپ سورايدۇ. ئىمام ئاخۇنۇن بىر قاتار تەكەللۇپ سۆزلەر بىلەن باھا بېرىدۇ. بەزى جايلاردا ئىمام ئاخۇنۇم جامائەتتىن «ۋاپات بولغۇچى قانداق ئادەم ئىدى» دەپ سورايدۇ. بىرى ئۇنى، بىرى بۇنى دەپ باھا بېرىپ، ۋاپات بولغۇچىنىڭ پەزىلەت ۋە ئىش ـ ئىزلىرىنى سۆزلەپ گۇۋاھلىق بېرىدۇ. ئۇنىڭ تەقۋادار مۇسۇلمان ئىكەنلىكى ياكى ئەمەسلىكىنى چۈشەندۈرۈش، دېيىلگەن سۆزلەرنىڭ يادروسى هېسابلىنىدۇ.

ئۈچىنچى، مېيىت نامىزى ئۆتەيدىغان ئاخۇنۇم ياكى ۋاپات بولغۇچىنىڭ ئوغلى ۋە ياكى باشقا ئەر ئۇرۇق ـ تۇغقىنى جامائەتنىڭ ۋاپات بولغۇچىنىڭ ئۆمرىدە كىشىلەرگە روھىي جەھەتتىن ئازار بەرگەن، جامائەتكە هۆرمەت ۋە سالام ـ سەھەت قىلالمىغان... تەرەپلىرى بولسا، ھەممەيلەننىڭ ئەپۇ قىلىشىنى سورايدۇ. هازىدار ئائىلىنىڭ چوڭ ئوغلى، باشقا ۋەكىلى ياكى ناماز چۈشۈرگەن ئىمام كۆپچىلىكتىن: «ۋاپات بولغۇچىدا ھەققىياتىڭلار بولسا دېسەڭلەر، تۆلەپ بېرىمىز» دەپ سورايدۇ. ئادەتتە كۆپچىلىك بىردەك «ھەققىياتىمىز يوق»، دەپ رازىلىق بېرىدۇ. بەزىدە ۋاپات بولغۇچىدا ھەققىياتى بارلىقىنى ئېيتىدىغانلارمۇ چىقىدۇ. ئەمما، مەيلى قانداقلا بولسۇن، بىرەرى ھەققىياتى بارلىقىنى دېسە، هازىدار ئائىلە نەق مەيداندا قايتۇرىدۇ ياكى شۇ يەردىلا ئېنىق ۋەدە بېرىدۇ.

كولىنىدۇ، ئاندىن يان تەرىپىدىن ئىچ يەرلىك كولىنىدۇ، ئۇنىڭ ئىچى چوڭ، ئاغزى كىچىك، تۆت چاسا شەكىلدە بولىدۇ. ئېگىزلىكى بىر ئادەم ئولتۇرۇپ مەشغۇلات قىلالىغۇدەك بولىدۇ، چۈنكى لەھەت ئىچىدە لەھەتنىڭ تېگىدىن ئېگىزرەك، جەنۇب ـ شىمال يۆنىلىشلىك بىر تۈز تەكچە چىقىرىلىدۇ، مېيىت ئەنە شۇ تەكچىگە ياتقۇزۇپ قويۇلىدۇ، قولى، تىزى ۋە ئېگىكىگە چىگىپ قويۇلغان رەخت پارچىسى يېشىۋېتىلىدۇ ھەم بېشى ئوڭ تەرەپكە، يەنى قىبلە ــ مۇقەددەس جاي مەككە تەرەپكە قارىتىپ قويۇلىدۇ (تەكچىگە بىر قانچە كىچىك ئېرىقچە چىقىرىلىدۇ، بۇنىڭدا مېيىتتىن چىققان سۇلار ئاشۇ ئېرىقچىلاردىن ئېقىپ چۈشۈپ، مېيىتنىڭ ئاستى قۇرۇق تۇرۇشى كۆزدە تۇتۇلغان). ھەر بىر مەھەللىدە جامائەت تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنغان بىر قانچە گۆركار بولۇپ، كىمنىڭ ئۆيىدە ئۆلۈم ـ يېتىم ئىشلىرى بولۇپ قالسا، چاقىرغان ھامان يېتىپ كېلىپ، ۋاپات بولغۇچىغا گۆر كولاپ بېرىدۇ (بىرلىكتە گۆر كولايدىغانلار كۆپىنچە مېيىتنى يۇيۇپ ـ تاراش ئىشلىرىنىمۇ قىلىدۇ). مېيىتنى يەرلىكىدە قويۇشمۇ ئۇلارنىڭ ۋەزىپىسى ھېسابلىنىدۇ.

بەزى جايلاردا بىر قىسىم كىشلەر، ئەگەر ۋاپات بولغۇچىنىڭ ئۆزىنىڭ كېپىنىنى «چىشلىۋالغان» ياكى پۇتى كىرىشىپ قالغانلىقى بايقالمايلا دەپنە قىلىنىپ كەتسە، ۋاپات بولغۇچى دۇچ كەلگەن ئۆلۈم ئاپىتى بۇ ئالەمدىكى ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىغا كېڭىيىپ، ئۇلارمۇ چېتىلىپ قالىدۇ، دەپمۇ قارايدۇ. شۇڭا مېيىت لەھەتكە ياتقۇزۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، ۋاپات بولغۇچىنىڭ كېپەنىنى چىشلەپ سالغان ـ سالمىغانلىقى «تەكشۈرۈلىدۇ» ھەم پۇتلىرىنىڭ كىرىشىپ قالماسلىقى ئۈچۈن ۋاپات بولغۇچىنىڭ ئىككى پۇتىنىڭ ئارىسىغا بىر دانە كېسەك قويۇپ قويۇلىدۇ.

كېرىيە ناھىيە دەريا بويى يېزىسىنىڭ جۇغراپىيەلىك يەر شارائىتى سەۋەبىدىن، دەپنە مۇراسىمىدىكى بەزى ئادەتلەر ئۆزگىچە تۈس ئالغان. دەريا بويى يېزىسىدا ئادەم ئاز، ئاھالە ئىنتايىن تارقاق

بەزى جايلاردا دەپنە ئادىتى بويىچە مېيىتنى يەرلىككە ئەكىرگەندە، ئىمام ئاخۇنۇم ئۆلچەملىك جاۋابنى يەتتە قېتىم تەكرارلاپ، دەپنە قىلىنغۇچىنىڭ «قۇلىقى» غا سۆزلەيدۇ. بەزى جايلاردا، «ئۆلچەملىك جاۋاب» قەغەزگە پۈتۈلۈپ ۋاپات بولغۇچىنىڭ مەيدىسىگە قويۇپ قويۇلىدۇ ياكى قەغەزگە كىچىك دەستە بېكىتىلىپ، ئۇ خۇددى بىر بايراقتەك قىلىنىپ لەھەتنىڭ قىبلە تېمىغا قاداپ قويۇلىدۇ.

ئارقىدىنلا جامائەت ئىچىدىن ئىمام ياكى ئۆلىما كىشى قۇرئان تىلاۋەت قىلىدۇ. بۇ چاغدا جامائەت بىر سىقىمدىن توپا ياكى يەتتە تال تاش ئېلىپ، ئايەت ئوقۇپ ئۇنىڭغا سۈپكۈچلەپ ئۇنى يىغقىلى كەلگەن ئادەمنىڭ ئېتىكىگە سېلىپ بېرىدۇ. ئۇ ئادەم ئۇنى گۆرگە تاشلايدۇ. بۇنىڭدا ئۆلگۈچىنىڭ ياخشى ئادەم ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىش ۋە ئۇنىڭغا جەننەت مەقبۇل بولۇشىنى تىلەش مەقسەت قىلىنىدۇ.

## 6. يەرلىكتە قويۇش قائىدە - يوسۇنى

خوتەندە جۇغراپىيەلىك مۇھىت ۋە تۇپراق شارائىتىغا ئاساسەن گۆر ئىككى خىل بولىدۇ: بىر خىلى، ئۆڭكۈر شەكىللىك گۆر بولۇپ، شامگۆر دەپ ئاتىلىدۇ. شامگۆر بىر جەمەت ئائىلە ئاساسىدا ھازىرلىنىپ، شۇ جەمەتتىن ۋاپات بولغانلار شۇنىڭغا قويۇلىدۇ. ئەگەر كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئىچ يەرلىك يېتىشمەي قالسا، بۇرۇن قويۇلغان مېيىتنىڭ ئۇستىخانلىرىنى يىغىپ ئويۇق - تەكچىلەرگە ئېلىپ قويۇپ ئۇنىڭ ئورنىغا يېڭى مېيىت قويۇلىدۇ. يەنە بىر خىلى، ئىچكىرى - تاشقىرى ئۆي شەكىللىك گۆر بولۇپ، لەھەت دەپ ئاتىلىدۇ. كېيىنكى خىلى بىر قەدەر ئومۇمىيۈزلۈك ۋە تىپىك ھېسابلىنىدۇ. ئالدىنقىسى تېيىزلىقتىن - چوڭقۇرلۇققا قاراپ كولىنىپ، ئۆڭكۈر تېشىلىدۇ، ئاندىن مېيىت ئۆڭكۈردىكى لەھەت سۈپىسىغا ئايىغى شىمال تەرەپكە، يۈزى قىبلىگە قارىتىپ قويۇلۇپ، گۆر ئېغىزى ئېتىلىدۇ. كېيىنكىسىدە ئالدى بىلەن ئىككى مېتىر چوڭقۇرلۇقتا تىك تۆت چاسا يەرلىك

چىراغلاردا شارائىتى بارلار پولۇ ئېتىدۇ. شارائىتى يوقلار كۆمەچ كۆمۈپ، شورپا سېلىپ ئۆتكۈزىدۇ.

كېرىيە ناھىيەسىنىڭ قارقىي، شىۋول؛ چىرا ناھىيەسىنىڭ گۇلاخما، دامىكۇ؛ خوتەن ناھىيەسىنىڭ تەۋەككۇل قاتارلىق يېزىلىرىنىڭ تۇپرىقى قۇمساڭغۇ ھەم زەيكەش بولۇپ، يەرنى بىر - ئىككى مېتىر كولىسىلا سۇ چىقىپ كېتىدۇ، شۇڭا بۇ يېزىلاردا زەرەتگاھلىق دۆڭ ئۈستىگە جايلاشتۇرۇلۇپ، شامگۆر ياسىلىپ دەپنە قىلىنىدۇ، شامگۆر يەر ئۈستىگە ئۇزۇنلۇقى ئىككى مېتىر، كەڭلىكى 70cm ~ 100cm، ئېگىزلىكى بىر مېتىر ئەتراپىدا بولىدۇ. خام كېسەكتىن ياكى يۇلغۇن، قومۇش قاتارلىقلاردا چىتلاش ئارقىلىق تۆت ئەتراپى چاسا شەكىللىك ئېتىلىپ، ئۈستى ئەگمە چىقىرىلىپ يېپىلىپ، سېغىز لاي چاپلاپ، سۇۋاپ ياسىلىدۇ. بىر بېشىدىن ئېغىز قويۇلۇپ، ئىچىگە مېيىت سېلىنىپ بولغاندىن كېيىن ئېتىۋېتىلىدۇ.

قاراقاش ناھىيەسىنىڭ بىر قىسىم يېزىلىرىدا تۇپراق شارائىتىنىڭ زەيكەش ۋە سۇلۇق بولۇشىدەك ئالاھىدە ئەھۋالىغا قاراپ، مېيىت كېپەنلىنىپ مەخسۇس تاۋۇت - ساندۇق ئىچىگە ياتقۇزۇلۇپ ئېغىزى مىخلانغاندىن كېيىن، تېيىزرەك كولانغان يەرلىككە قويۇلىدۇ.

خوتەن ۋىلايىتى تەۋەسىدىكى بىر قانچە قېتىملىق ئارخېئولوگىيەلىك قېزىپ تەكشۈرۈش ئەھۋاللىرىغا ئاساسەن، ئىسلام دىنى خوتەنگە كىرىشتىن بۇرۇنقى لەھەت شەكلى، تاۋۇت شەكلى ۋە دەپنە قىلىش شەكلىدىمۇ قەدىمكىلىكنىڭ داۋام قىلىنغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

لەھەت (گۆر) شەكلىدە: ئاچ (ئەگمە) بۇلۇڭلۇق چاسا شەكىللىك لەھەت، ئۇزۇنچاق چاسا شەكىللىك لەھەت كۆپرەك ئۇچرايدۇ. بۇلارنىڭ بىر تەرىپىدىن قوغاچ ئېغىزى چىقىرىلغان. لەھەت ئەتراپىغا تۈۋرۈك، قوزۇقلار قويۇلۇپ، ئۈستى ياغاچ، شاخ - شۇمبىلار بىلەن يېپىلغان، بۇ ئەمەلىيەتتە گەمە لەھەتتۇر. يەنە لەھەتخانا چىقىرىلماي (ئىچى يەرلىك يوق)، تاۋۇتنى قويۇپلا كۆمۈلگەن لەھەتلەرمۇ بار. مەسىلەن: يۇ-

جايلاشقاچقا، ئاھالىلەرنىڭ يىغىلىشى تەس. شۇڭا مېيىت نىسبەتەن ئۇزۇنراق ساقلىنىپ، «يېقىن» ھېسابلانغان قوشنىلار تولۇق يىغىلىپ بولغاندا ناماز چۈشۈرۈلىدۇ، جىنازا (تاۋۇت) يوق. بار بولسىمۇ «تام ئېلىشما» ھېسابلىنىدىغان قوشنىلارنىڭ ئۆي ئارىلىقى نەچچە كىلومېتىر بولغاچقا، جىنازىنى ئۆلۈم چىققان ئۆيگە يۆتكەش قىيىن. شۇڭا مېيىت نامىزىغا كەلگەنلەر ھۆل توغراق شېخىدا بىر قېتىملىق جىنازا توقۇپ ياساپ ئىشلىتىدۇ. بۇ جاينىڭ تۇپرىقى قۇم توپراق بولغاچقا گۆر كولاش ئىمكانىيىتى يوق. شۇڭا، ئالدى بىلەن يوغان قېرى توغراقنىڭ غولى كېسىۋېلىنىپ، بىر تەرىپىدىن ئادەم گەۋدىسى پاتقۇچىلىك كەڭلىكتە ئېچىلىپ، ئىچىدىكى پور (غول ياغاچنىڭ قېرىپ، چىرىپ كەتكەن قىسمى) ئېلىۋېتىلىپ، تەڭنە ـ ئۇلاق شەكىللىك كۆكتەي تاۋۇت ياسىلىدۇ. ئىككى بېشىغا تاختاي مىخلىنىدۇ (بۇ خىل تاۋۇت بىلەن دەپنە قىلىش ئادىتىنى سامپۇل قەدىمكى قەبرىستانلىقى ( 2290 يىللار ئىلگىرى) ، گۇما ئېرىغىل قەدىمكى قەبرىستانلىقى (2000 يىللار ئىلگىرىكى) ، يۇ-ملاققۇم قەدىمكى شەھەر خارابىسى (2135 يىللار ئىلگىرىكى) قا-تارلىقلاردىن قېزىۋېلىنغان جەسەتلەردىنمۇ كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ). ئىسلام دىنى دەپنە قائىدىسى بويىچە، ئالدى بىلەن «تاش يەرلىك» ئېچىلىدۇ، ئارقىدىن «ئىچ يەرلىك» سۇپا شەكىللىك قىلىپ ئېچىلىدۇ. ئاندىن تەڭنە ـ ئۇلاق تاۋۇتقا كېپەنلەنگەن مېيىت ياتقۇزۇلۇپ ئۈستىگە ياپقۇ يېپىلىدۇ. ئارقىدىن يەتتە كەتمەن توپا تاشلىنىپ، خەتمە قۇرئان قىلىنغاندىن كېيىن تاۋۇت كۆمۈلۈپ، تۇپراق شەكىللەندۈرۈلۈپ، خادا قويۇلىدۇ.

پارىسى (ئۈچ نەزىرىسى) ناماز كۈنى بېرىۋېتىلىدۇ. نامازغا كەل-گەنلەر كېلەلمىگەنلەرگە يېزىلغان يەتتە نەزىر بىسىنىڭ باغىقىنى ئې-لىپ كېتىپ تارقىتىدۇ. باشقا نەزىر ـ چىراغلار ۋە ئادەتلەر كېرىيەدىكى بىلەن ئوخشاش. لېكىن، قارا ئۇشتۇش نەزىر ـ چىراغ كۈنى نەزىر ـ چىراغ ئېلىپ بېرىلىدىغان ئۆيدە بولىدۇ. نەزىر ـ

ىتىگە رەڭدار گېئومېتىرىيەلىك گۈل نۇسخىلار چېقىرىلغان. قەبرى ـ لەرنىڭ ھەر بىرىگە بىر ـ ئىككىدىن ساپال قاچا قويۇلغاندىن باشقا، ئاز مىقداردىكى تاش ئۇرچۇق، ياغاچ ئۇرچۇق، ياغاچ تارغاق، كىچىك تىپتىكى مىس ۋە تۆمۈردىن ياسالغان بېزەك بۇيۇملار، مارجان قاتار ـ لىق ھەمدەپنە بۇيۇملار قويۇلغان.

تاۋۇت شەكلىدە: ساندۇق تاۋۇت، نو تاۋۇت، ئۆلاق تاۋۇت، كارىۋات تاۋۇت قاتارلىقلارمۇ، شۇنىڭدەك تاۋۇتقا سالماي كىگىزگە، جاۋا گە ـ لەمگە، بورىغا ئوراپ دەپنە قىلىنغان ياكى ئاخىرەتلىك كىيىمى بى ـ لەنلا دەپنە قىلىنغان (يېنىغا ھەمدەپنە بۇيۇملاردىن ئوقيا، جەڭ ئې ـ تى بىللە كۆمۈلگەن) جەسەتلەرمۇ بار.

دەپنە قىلىش شەكلىدە: يالغۇز دەپنە قىلىش، قوش دەپنە قىلىش (نىيا خارابىسىدىكى MNM0059 نومۇرلۇق قەبرىدىن چىققان ساندۇق تاۋۇتقا، ئەر ـ ئايال ئىككى جەسەت سېلىنىپ دەپنە قىلىنغان)، كۆپ دەپنە قىلىش (بىر لەھەتكە بىر قانچە تاۋۇتقا سېلىنغان ياكى كىگىز قاتارلىقلارغا ئورالغان بىر قانچە مېيىتنى دەپنە قىلىش ئۇسۇلى)، توپ دەپنە قىلىش (بۇ خىل دەپنە قىلىش شەكلى 1984 ـ يىلى سام ـ پۇل قەبرىستانلىقىدا ئېلىپ بېرىلغان قېزىپ تەكشۈرۈشتە بايقالغان بولۇپ، بۇ يەردىكى M01 نومۇرلۇق لەھەتكە 331 مېيىت، M02 نو ـ مۇرلۇق لەھەتكە 641 مېيىت دەپنە قىلىنغان. ھەر ئىككى لەھەتلىك ـ تە ياشانغانلار، قېرىلار، ئوتتۇرا ياشلىقلار، ياشلار ۋە باللارنىڭ مې ـ يىتلىرى بولۇپ، ئەرلەرمۇ ـ ئاياللارمۇ بار) ۋە مېيىتلارنى شىمال ـ جەنۇب، شەرق ياكى غەربكە قارىتىپ قويۇش، نۇقۇل بىر تەرەپكە قا ـ رىتىپ قويماسلىق قاتارلىق شەكىللىرى ئۇچرايدۇ.

2001 ـ يىلى جۇڭگو ـ فىرانسىيە ئارخېئولوگىيە خادىملىرى، يۇمىلاققۇم قەدىمكى شەھىرىدىكى قەبرىلەرنى قازغاندا، توغراق شاخلىرىدىن ياسالغان تاۋۇتتا دەپنە قىلىش، تىك ئۆرەك شەكلىدىكى شاخ تاۋۇتتا دەپنە قىلىش، تىك ئۆرەككە دەپنە قىلىش، ياغاچ تاۋۇتتا

مىلاقتۇم قەدىمكى شەھىرىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 400 مېتىر كېلىدىغان يەردە، غەربىي شىمالغا 700 مېتىر كېلىدىغان دائىرىدە، شەرقىي شىمالغا بىر كىلومېتىر كېلىدىغان جايدا ھەم شەھەر مەركىزىنىڭ تۆت ـ بەش كىلومېتىر غەربىي شىمالىي ۋە 12 كىلومېتىر شىمالىدىكى جايلاردا جەمئىي ئالتە قەبرىستانلىق ئورۇنلاشقان. قەبرىلەرنىڭ بەزىلىرى ياخشى ساقلىنىپ قالغان بولسىمۇ، كۆپ ساندىكىسى شامالدا يېمىرىلگەندىن كېيىن، ئۇزاق ۋاقىت كۈنگە قاقلىنىپ تۇرۇۋېرىپ چىرىپ كەتكەن. «جۇڭگو ـ فىرانسىيە بىرلەشمە ئارخېئولوگىيە ئەترىتى» خادىملىرى 1996 ـ يىلىدىكى تەكشۈرۈشتە، مۇشۇ ئالتە ئورۇندىكى قەبرىستانلىقتىن 20 قەبرىنى تاللاپ قازغان. جەسەتلەر «ئۇلاقتا دەپنە قىلىش ئۇسۇلى» (توغراق غولىنىڭ ئوتتۇرىسىنى ئويۇپ كاۋاك قىلىش ئارقىلىق ياسالغان كۆكتەي تاۋۇتقا دەپنە قىلىش)، «تىك ئازگاللىق لەھەتكە ئۇلاق بىلەن دەپنە قىلىش ئۇسۇلى» (جەنۇبتىن شىمالغا ئۇزۇنچاق چاسا شەكلىدە كولانغان توپا لەھەت) ۋە «ياغاچ قورۇلملىق قەبرىلەرگە دەپنە قىلىش ئۇسۇلى» (قۇم ئازگالغا توغراق ياغاچلىرىنى تىك ئورنىتىش ئارقىلىق، ئۇزۇنچاق، چاسا شەكىلدىكى ياغاچ قورۇلما شەكىللەندۈرۈلۈپ، ئۇنىڭ ئۈستىدىكى ئاچىلارغا توغراق بادرىلىرىنى قويۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ۋە تىك ئورنىتىلغان توغراق ياغاچلىرىنىڭ سىرتىغا قومۇش ياتقۇزۇلۇپ ھاسىل قىلىنغان قەبرە)دىن ئىبارەت تۆت خىل شەكىلدە دەپنە قىلىنغان.

جەسەتلەرنىڭ كۆپ قىسمى چىرىپ كەتكەن بولسىمۇ، ياخشىراق ساقلانغانلىرى ئورا كۆز، قاڭشارلىق، كۆپ ئۆرۈملۈك ئۇزۇن قوڭۇر چاچلىق بولۇپ، ئىچىگە يىرىك، سىپتا توقۇلغان يۇڭ توقۇلما كىيىملەر، سىرتىغا تېرە چاپانلار كىيىندۈرۈلگەن. بەزىلىرىنىڭ باش كىيىمى بىلەن بەلباغلىرىمۇ ساقلىنىپ قالغان. توقۇلملار تۈز يوللۇق ۋە قىيپاش يوللۇقتىن ئىبارەت ئىككى خىل بولۇپ، ئۈس

## 7. ئىسقات تارقىتىش

ئىسقاد ئەرەبچە سۆز بولۇپ، پاكىزلىنىش، ساقىت بولۇش، خالاس بولۇش قاتارلىق مەنىلەرگە ئىگە. ئۇ قەرزدىن خالاس بولۇشنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ئىككى قىسىمدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، بىرىنچى قىسمى «ناماز ھەققى» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ مېيىت نامىزىغا رىياسەتچىلىك قىلغان ئىمام ئاخۇنۇم ۋە باشقىلارنى رازى قىلىشنى كۆرسىتىدۇ، بۇ جامائەت ئالدىدا بېرىلىدۇ. ئادەتتە سەللە قاتارلىق نەرسىلەر بېرىلىدۇ؛ ئىككىنچى قىسمى «پىدىيە ئىسقاد» دەپ ئاتىلىدۇ، ئۇ خالاس بولۇش دېگەن مەنىدىكى سۆز بولۇپ، ئاساسەن ۋاپات بولغۇچى ھايات ۋاقتىدا بەندىچىلىكتە قىلالمىغان ئىش ـ ئەمەللىرى ئۈچۈن بېرىلىدىغان كاپارەتنى كۆرسىتىدۇ. بۇنى تۆلەش ئۇسۇلى مۇنداق: ۋاپات بولغۇچى ئايال بولسا، ئۇنىڭ يېشىدىن توققۇز ياش، ئەر بولسا، ئۇنىڭ يېشىدىن 12 ياش ئۆسمۈرلۈك يېشى چىقىرىۋېتىلىدۇ. ئاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئائىلە ئەھۋالىغا قاراپ، يىلىغا بىر يۈەن ياكى ئىككى يۈەندىن ھېسابلاپ نامازغا كەلگەن بىر قىسىم جامائەتكە شۇ يەردىلا تارقىتىپ بېرىلىدۇ. قالغان ئەر كىشىلەرگە سەرەڭگە، قۇرۇق يەل ـ يېمىش قاتارلىق نەرسىلەر، ئاياللارغا يىپ ـ يىڭنە، چاچ يېپىلىمى، قول ياغلىق قاتارلىق نەرسىلەر تارقىتىپ بېرىلىدۇ، بۇ «چاشكا» دەپ ئاتىلىدۇ. ئىسقاد تارقىتىلىپ بولغاندىن كېيىن، جامائەت يەنە بىر قېتىم دۇئا قىلىپ تارقىلىپ كېتىدۇ، دەپنە ئىشلىرى شۇنىڭ بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. تۇپراق بېشىدا مەخسۇس ياسالغان، يۆتكەشكە بولىدىغان ياغاچ ئۆي ياكى ۋاقىتلىق ياسالغان قونالغۇدا قۇرئان ئوقۇيدىغان ئىككى ـ ئۈچ كىشى نۆۋەت بىلەن ئۈچ كېچە ـ كۈندۈز قۇرئان ئوقۇيدۇ. شۇنىڭدىن تارتىپ ھازىدار ئائىلىدىكىلەرنىڭ ئاش ـ تامىقىنى قوشنا ـ قولۇملىرى ئەكىرىپ بېرىدۇ. مۇشۇ ۋاقىت ئىچىدە باشقىلار ھازىدار ئائىلىگە بېرىپ غىزالانسا ياكى ئۇسسۇزلۇق ئىچسە ھارام ھېسابلىنىدۇ.

دەپنە قىلىش قاتارلىق دەپنە شەكىللىرىدىكى قەبرىلەرنى قازغان.

يېقىنقى زاماندىكى دەپنە قىلىش ئادەتلىرىگە كەلسەك: ئادەتتە خوتەندە قەبرىستانلىق مەھەللە سىرتىدىكى يول بويلىرىغا يېقىن، قۇرغاق، ئېگىز جايلارغا قىلىنىدۇ. ئۆينىڭ ئالدى ـ كەينىگە، ئېتىز بېشىغا، مەسچىتلەرنىڭ يانلىرى، خانىقالارنىڭ ھويلىلىرىغا قەبرە قىلىنمايدۇ، قەبرىستانلىق بار يەردىن ئۆتكەندە (ئۇلاغلىق بولسا، ئۇلاغتىن چۈشۈپ ياكى ئۇلاغنى توختىتىپ تۇرۇپ) توختاپ، ياتقانلارنىڭ روھىغا دۇئا قىلىپ ئۆتۈش ئادەت قىلىنغان. ئۇنىڭدىن باشقا قەبرىستانلىقتا قول شىلتىپ سۆزلەش، قەبرىستانلىقتا قالايمىقان چاقچاق قىلىش، ناخشا ئېيتىش يامان بولىدۇ، دەپ قارىلىدۇ. قەبرىستانلىق يېنىدا ئىسپىرتلىق ئىچىملىكلەرنى ئىچمىشتىن، تاماكا چېكىشتىن، قەبرىستانلىقتا ئۆز ئارا سوقۇشۇپ تىللىشىشتىن، قەبرىگە قاراپ سىيىشتىن، تۈكۈرۈپ ـ مىشقىرىشتىن پەرھىز قىلىنىدۇ. مۇساپىر، ئىگە ـ چاقىسىز كىشى جان ئۈزسە، شۇ جايدىكى مەسچىت جامائىتى ئۇنىڭ جەسىتىنى سۇغا ئېلىش، كېپەنلەش، نامىزىنى چۈشۈرۈش رەسمىيەتلىرىنى ئورۇنداپ خالىس دەپنە قىلىپ قويىدۇ.

تۇپراق بېشىدىن يانغان جامائەت ھازىدارنىڭ ئۆيىگە يېتىلەپ كېرىدۇ. بىر قىسىم جايلاردا ھازىدارلارغا تەسەللى بەرگىلى كەلگەنلەرگە ئاش تارتىلىدۇ.ۋاپات بولغۇچى ئائىلە باشلىقى بولسا، ئۇ دەپنە قىلىنغاندىن كېيىن، ئادەتتە مېيىت ياتقۇزۇلغان ئۆيدە شۇ كېچىدىن باشلاپ ئۈچ كېچە، بەزى ئائىلىلەردە بولسا، يەتتە كېچە تاڭ ئاتقۇچە چىراغ ياندۇرۇلىدۇ. بۇنىڭدا ۋارىسلارنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنى، ئۆينى يورۇتۇپ كەلگەن چىراغقا سىمۋول قىلىپ ئۇنى ئەسلەش، ئۇنىڭ روھىدىن مەدەت تىلەش مەقسەت قىلىنغان. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ھازىدارلار ھازا قوشاقلىرىدا «چىرىغىڭنى ئۆچۈرمەيمىز دادا (ئانا)» دەپ يىغلايدۇ.

ئېتىقاد قىلغان دەۋردە راھىبلار، يۇرت چوڭلىرى ئۈچۈن ياسالغان.

5) ياغاچ قۇرۇلمىلىق قەبرە. بۇ خىل قەبرىلەر مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 3 ـ ئەسىردىن باشلاپ ياسالغان.

6) ياغاچتىن ياسالغان ئۆي شەكىللىك قەبرە. بۇ خىل قەبرىلەرگە تارىخىي شەخسلەر، يۇرت چوڭلىرى دەپنە قىلىنغان. ئۆي شەكىللىك بۇنداق قەبرە پەنجىرىلەر بىلەن ئورالغان بولۇپ، ئىچىگە قەبرە ئىشلەنگەن.

7) بۆشۈك شەكىللىك قەبرە. ئۇيغۇرلار بەرپا قىلغان قەبرە شەكىللىرى ئىچىدە ئومۇملاشقان خاس قەبرە شەكلى. قەبرىنى بۆشۈك شەكلىدە ياساش تۇغۇلغاندا بۆشۈكتە ياتقاندەك، ئۆلگەندىمۇ «بۆشۈكتە يېتىش»نى ئىپادىلىگەن. قەبرىنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكى دەپنە قىلىنغان مېيىتنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكىگە قاراپ ياسىلىدۇ. ئادەتتە قەبرىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 200 ~ 160 سانتىمېتىر ئەتراپىدا، كەڭلىكى 100 ~ 80 سانتىمېتىر ئەتراپىدا بولىدۇ. كىچىك بالىلارنىڭ قەبرىسى بالىلارنىڭ بويىغا تەڭلەشتۇرۇلۇپ ياسىلىدۇ.

بۆشۈك شەكىللىك قەبرە، قەبرە سۇپىسى ئوتتۇرىسىغا قوپۇرۇلىدىغان تولۇقسىمان بۆشۈك شەكلى ئاساسىدا ياسىلىدۇ. ئەر ـ ئاياللارنىڭ قەبرە سۇپىسىدا سۇپا قاتلىمى پەرقى بولىدۇ. ئۇ ئەر ـ ئايالنىڭ ئىش ـ ئەمگەك تەقسىماتى ئايرىمىسىنى ئىپادىلەپ، ئەرلەرنىڭ قەبرە سۇپىسى خامان، تولۇقنى گەۋدىلەندۇرۇش ئۈچۈن ئىككى پەلەمپەيلىك، ئاياللارنىڭ قەبرە سۇپىسى سۇپرا (ئاش يايىدىغان)، نوغۇچ، خېمىرنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ئۈچ پەلەمپەيلىك چىقىرىلىدۇ. بۆشۈك شەكلىنى ئىپادىلەيدىغان تولۇقسىمان قىسمى سۇپىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدا 80 ~ 60 سانتىمېتىر ئېگىزلىكتە ياسىلىدۇ. قەبرە سۇپىسىدىكى سۇپا قاتلىمىغا قاراپ ئەر ـ ئايال قەبرىسى پەرقلىنىدۇ.

8) گۈمبەزلىك قەبرە. گۈمبەزلىك قەبرە ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغاندىن كېيىن بارلىققا كەلگەن قەبرە شەكلى. ئۇنىڭدا ئىسلام بىناكارلىق شەكلى بويىچە گۈمبەز ئاساسىي گەۋدە قىلىنىپ، ئۆي چوڭلۇقىدا ياكى ئۆيدىنمۇ چوڭ ئېگىزلىكتىكى قۇرۇلۇش ياسى-

## 8. قەدىمكى ۋە ھازىرقى قەبرە شەكىللىرى①

خوتەندە ۋاپات بولغانلارنى دەپنە قىلغان (كۆمگەن) گۆر ئۈستىگە «قەبرە» چىقىرىپ، گۆرنى قوغداش، ۋاپات بولغانلارنىڭ ياتقان جايىنى بەلگە قىلىش، خاتىرىلەش ئادىتى شەكىللەنگەن بولۇپ؛ قەبرە شەكلىدە، قەبرە تۈرلىرىدە ۋە قەبرە ئۈستىگە ئورناتقان خاتىرىلەش بۇيۇملىرىدا ئەجدادلارنىڭ توتېمى، تەبىئەت قارىشى ۋە دىنىي ئېتىقادى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

قەبرىلەر يەر شارائىتىگە ئاساسەن ياسالغان. ئۇنىڭ قەدىمدىن ھازىرغىچە شەكىللەنگەن تۈرلىرىدىن تۆۋەندىكىلەر بار:

**1) تاش ـ تۇپراق دۆۋىلەنگەن قەبرە.** بۇ خىل قەبرە ئەڭ ئىپتىدائىي شەكىل بولۇپ، ئاددىي دۆۋىلەنگەن تاش ـ تۇپراق دۆۋىسى ئارقىلىق ئادەم جەسىتى كۆمۈلگەن جاي ئىكەنلىكى ئىپادىلىنىدۇ.

**2) بالبال ئورنىتىلغان قەبرە.** ئۇ يونۇپ ئادەم شەكلى چىقىرىلغان تاش بولۇپ، گۆر ئۈستىگە تىكلەپ قويۇلىدۇ. بۇ خىل قەبرىلەر ئوتتۇرا ۋە يېڭى تاش قوراللار دەۋرىدە بارلىققا كەلگەن بولۇپ، ئەجدادلارنىڭ جەڭلەردە كۆرسەتكەن باتۇرلۇقىنى ئەسلەش مەقسىتىدە گۆر ئۈستىگە تىكلەنگەن. بۇ خىل قەبرىلەر قەدىمكى خارابىلاردا بايقالغان.

**3) سىنتاشلىق قەبرە.** سىنتاشلىق قەبرە بالباللىق قەبرىلەرنىڭ ئىككىنچى بىر خىل شەكلى. ئۇ بالبالغا قارىغاندا ئاددىي ۋە كىچىك بولىدۇ. گۆر ئۈستىگە كىچىك ھەجىمدىكى ئادەم شەكلى يونۇپ چىقىرىلغان بىر قانچە سىنتاشلار تىكلىنىدۇ. ئۇ مەرھۇمنىڭ ھايات ۋاقتىدا ئۆلتۈرگەن دۈشمىنىنىڭ ئاز ـ كۆپلۈكىنى ئاساس قىلىپ تىكلىنىپ، مەرھۇم خاتىرىلەنگەن.

**4) مۇنار شەكىللىك قەبرە.** بۇ خىل قەبرىلەر ئەجدادلار بۇددا دىنىغا

---

① بۇ ماۋزۇ ئاستىدىكى بايانلارنى تۈزۈشتە ئەنۋەر تۇرسۇن ئەپەندىنىڭ «ئۇيغۇر ئۆرپ ـ ئادەتلىرىدىن ئۆرنەكلەر» (شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2007 ـ يىلى 3 ـ ئاي 1 ـ نەشرى 252 ـ 256 ـ بەتلەر) ناملىق كىتابى ئاساس قىلىندى.

كىشىلەر ھەر يىلى روزى - رامىزان، ھېيت، بايراملاردا، پەيشەنبىلەردە ئۇلارنىڭ قەبرىسىگە بېرىپ، ئۇلارنىڭ روھىغا دۇئا قىلىپ قايتىدۇ. توغ كونىراپ قالسا يېڭىدىن ياساپ قادايدۇ.

قەبرىگە توغ - ئەلەم قاداش ئەسلىدە ئەجدادلارنىڭ قەدىمكى دەۋرىدە ئۇرۇق، قەبىلە ئۇرۇشلىرىدا توغ - ئەلەم كۆتۈرۈپ ئۇرۇش قىلىپ ئۇرۇشتا قازا قىلغانلارنى دەپنە قىلغاندا، ئۇنىڭ ئۆلتۈرگەن دۈشمەن سانىغا قاراپ قەبرىگە توغ قاداشتىن كەلگەن ئادەت. ئۇ ۋاپات بولغانلارنىڭ جىنسى، ياش قۇرامى قاتارلىقلارنى پەرقلەندۈرۈپ خاتىرىلەيدىغان مەزمۇن ۋە شەكىلگە ئايلانغان.

شۇنى ئالاھىدە ئېيتىپ ئۆتۈش لازىمكى: ئۆلۈمگە تەييارلىنىش خوتەن رايونىدىمۇ ئالاھىدە تەرتىپ - قائىدە ۋە ئىلاھىي تۈسكە ئىگە بولۇپ، ئالدىنئالا يەرلىك ئىگىلەش ۋە گۆر ۋە شامگۆرنىڭ ئۆزىگە ماس كەلگەن - كەلمىگەنلىكىنى سىناپ بېقىش قەدىمدىن قالغان ئادەت - ئۆدۈم سۈپىتىدە داۋاملىشىپ كەلمەكتە. كىشىلەر يېشىنىڭ چوڭىيىشىغا ياكى ئاتا - ئانىسىنىڭ ئارقا - ئارقىدىن قازا قىلغانلىقىغا قاراپ، ئۆزلىرى ئۈچۈن ئاتا - ئانىسى يېنىدىن، ئۇلۇغ كىشىلەر ياتقان جاينىڭ يېنىدىن تۇپرىقى ۋە ئورنى ياخشى بولغان جاي ئىگىلەپ قويۇشنى ياكى سېتىۋېلىپ تەييارلاپ قويۇشنى ئادەت قىلغان. بولمىغاندىمۇ قەيەردە يېتىش، نامىزىنى كىمنىڭ چۈشۈرۈشنى ئائىلىسىدىكىلەرگە ۋەسىيەت قىلغان. بىر قىسىم مويسىپىتلارنىڭ ئۆزى ئۈچۈن قېزىلغان گۆر ئىچىگە كىرىپ يېتىپ بېقىشى ۋە ئۆزىگە ماس كەلگەن - كەلمىگەنلىكىنى سىناپ بېقىشنى ئادەت قىلىشىمۇ ئۆلۈمگە تەييارلىنىش — ئىككى ئالەم چۈشەنچىسىنى ئېڭىدىن تولۇق ئۆتكۈزگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

بەزى جايلاردا ۋاپات بولغۇچىنى دەپنە قىلىپ بولغاندىن كېيىن، قەبرە ئۈستىگە بۇغداي قاتارلىق دانلارنى چېچىپ قويىدىغان ئادەتمۇ بار، ئۇلار بۇ ساۋاپلىق ئىش، داننى ئۇچار قاناتلار يېسە مەرھۇمنىڭ گۇناھى يېنىكلەيدۇ، دەپ قارايدۇ.

لىپ، گۇمبەزنىڭ ئىچىگە گۆر كولىنىپ مېيىت قويۇلىدۇ، گۆر ئۈستىگە قەبرە چىقىرىلىدۇ. گۇمبەزنىڭ سىرتقى قىسمى يېشىل رەڭلىك چاقچۇق بىلەن قاپلىنىدۇ ياكى كاكىل لاي بىلەن سۇۋىلىدۇ.

گۇمبەزلىك قەبرىلەرنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكى ئوخشاش بولمايدۇ. بەزىلىرىنىڭ ئىچىگە بىر ياكى بىر قانچە مېيىت قويغىلى، بەزىلىرىگە بىر قانچە ئون مېيىت دەپنە قىلغىلى بولىدۇ.

9) تەقىي دوپپا شەكىللىك قەبرە. بۇ ئاساسەن شامگۆر ئۈستىگە ياسىلىدىغان قەبرە شەكلى.

10) سالاسۇنلۇق، خادا قويۇلغان قەبرە. سالاسۇن ياكى دەرەبجىل (رېشاتكا) ئوتتۇرىسىدا قەبرە دۇمبىلى ياكى تاش ـ تۇپراق دۆۋىلەنگەن بولىدۇ. سالاسۇن ئورنىتىلسا، قەبرىنىڭ ئۈستىگە دەسسەش ياكى تۇزلىنىپ كەتمەسلىكى جەھەتتە رولى بولۇپ، يەنە سالاسۇن ۋە خادىلارغا ھەر خىل خاتىرىلەش بۇيۇملىرى، ئارقار باش مۈڭگۈزى، قوچقار باش مۈڭگۈزى ياكى ئات بېشى سۆڭىكى قاتارلىقلار ئېسىپ قويۇلىدۇ. يەنە بىر قىسىمىغا تۇغئەلەم، شەددە قادىلىدۇ.

ھايۋاناتنىڭ باش، مۈڭگۈزى قاتارلىقلارنى خادا، سالاسۇنغا بېكىتىپ قويۇش ئەجدادلارنىڭ ھاياتلىقىدا قوۋم، قەبىلە ئۈچۈن زور تۆھپە قوشقان باتۇرلار، يۇرت ئاقساقاللىرى ۋە تۇغقانلىرىنى خاتىرىلەش، قەبرىسىنى پەرقلەندۈرۈشتە قوللانغان ئۇسۇلى.

پەرىزىمىزچە تۇغ ـ شەددە قاداشنىڭ بىر قانچە مەزمۇنى بار:

ئاق رەڭلىك تۇغ، ئادەتتە ياشىنىپ ۋاپات بولغان پېشقەدەملەرنىڭ قەبرىسىگە قادىلىدۇ.

قىزىل رەڭلىك تۇغ، تۇغۇتتا قازا قىلغان ئاياللارنىڭ قەبرىسىگە قادىلىدۇ.

كۆك رەڭلىك تۇغ، يىگىتلىك باسقۇچىغا يېتىپ ياكى يىگىت بولۇپ ئۆلۈپ كەتكەنلەرنىڭ قەبرىسىگە قادىلىدۇ.

سېرىق رەڭلىك تۇغ، قىز بالا ۋە رەسىدە بولغان قىزلارنىڭ قەبرىسىگە قادىلىدۇ.

سىپىت ھازىدار ئائىلىدىكى ئەر ـ ئاياللارغا سەۋر قىلىش توغرىسىدا نەسىھەت قىلىپ، ھازىدار ئەرنىڭ بېلىدىكى ئاق بەلباغ ۋە ھازىدار ئاياللارنىڭ بېشىدىكى ئاق لېچەكنى ئېلىۋېتىدۇ. 40 نەزىر تۈگىگەندىن كېيىن ئەرلەر چاچ ـ ساقاللىرىنى ئالدۇرىدۇ، ئاياللار يۇيۇنۇپ، تارىنىدۇ. ئاكا ـ ئۇكا، ھەدە ـ سىڭىللار بىر ـ بىرىگە يېڭى كىيىم ياكى كىيىملىك رەخت تەقدىم قىلىدۇ، بۇ ئادەتتە «قارىسىنى ئۆشتۈش» دەپ ئاتىلىدۇ. بەزىدە ۋاپات بولغۇچىنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى ئۆزلىرى قارىسىنى ئۆشتۈش مۇراسىمى ئۆتكۈزىدۇ.

يەتتە كۈندىن ئارتۇق قارا تۇتقانلارنىڭ قارىسىنى ئۆشتۈگەندا، شۇ كىشىنىڭ قارا تۇتمىغان يېقىن ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى ۋە قولۇم ـ قوشنا، يېقىن ـ يورۇقلىرى داستىخان يۆگەپ، سوۋغات (ھال سوراش بۇيۇمى، ئاساسلىقى كىيىم ـ كېچەك) ئېلىپ كېلىپ، قارىسىنى ئۆشتۈپ قويىدۇ. ئىلگىرى قارىسىنى ئۆشتۈش نەزىر ـ چىراغ كۈنلىرىدە ئېلىپ بېرىلاتتى. كېيىنرەك نەزىر ـ چىراغ ئىشلىرىدىن كېيىن قارىسىنى ئۆشتۈش، قارا تۇتقۇچىنىڭ ئۆيىدە ئېلىپ بېرىلىدىغان بولدى.

بەزى جايلاردا، بەزى ئائىلىلەردە ۋاپات بولغۇچى دادىسى ياكى ئانىسى بولۇپ، ئائىلىدىكىلەرنىڭ ئۇنىڭغا بولغان مۇھەببىتى پەۋقۇلئاددە چوڭقۇر بولسا، قارىسىنى ئۆشتۈش مۇراسىمى يىل نەزىرىسىدىن كېيىن ئاندىن ئۆتكۈزۈلىدۇ.

تۇل قالغان ئاياللار بىر يىلغىچە ياتلىق بولمايدۇ. ئەرلەر ئۈچ ئايغىچە ئۆيلەنمەيدۇ.

## 10. تۇپراق بېشىغا دەرەخ سىلىش ئادىتى

ئۆلۈم ـ يېتىم دەپنە ئادىتىدە يەنە قەبرە بېشىغا تېرەك، ئۈجمە، سېدە قاتارلىق دەرەخلەرنى سالىدىغان، قەبرە ئۈستىگە زىرائەت ۋە گۈل ئۇرۇقلىرىنى چېچىپ ئۈندۈرىدىغان ئادەت بار. قۇربى يەتكەنلەر چارۋا ماللارنىڭ دەرەخنى غاجىلىۋېتىشى ۋە قەبرىگە دەسسىشىدىن ساقلىنىش

## 9. قارىلىق تۇتۇش ۋە قارىسىنى ئۇشتۇش

ۋاپات بولغۇچىنىڭ بىۋاسىتە تۇغقانلىرىدىن ئاياللار بىر يىلغىچە، ئەرلەر قىرىق كۈنگىچە قارا تۇتىدۇ. يېقىن تۇغقانلار مۇناسىۋەتنىڭ يېقىن ـ يىراقلىقىغا قاراپ 40 كۈن، 20 كۈن، يەتتە كۈن، ئۈچ كۈن قارا تۇتىدۇ. قولۇم ـ قوشنىلارمۇ هازىدار بىلەن مۇناسىۋەتى ئالاھىدە يېقىن بولسا يەتتە كۈن، بولمىسا ئۈچ كۈن قارا تۇتىدۇ.

قارىسىنى ئۇشتۇشتىن ئىلگىرى، ئەرلەر چاچ ـ ساقاللىرىنى ئالدۇرۇشتىن، ئاياللار يۇيۇنۇپ ـ تارىنىپ ۋە پەرداز قىلىشتىن پەرھىز قىلغاندىن باشقا، ئۇلارنىڭ ھەر قانداق شەكىلدىكى تەبرىكلەش ۋە كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىگە قاتنىشىشىمۇ ئەيىب ئېلىنىدۇ. توي ـ تۆكۈنلەرنىڭ ۋاقتىمۇ كېچىكتۈرۈلىدۇ. هازىدار ئائىلىدىكىلەر شۇنداق قىلىپلا قالماي، هازىدار ئائىلىگە بولغان هۆرمەت ۋە ھېسداشلىق يۈزىسىدىن قوشنا ـ قولۇملىرى ۋە شۇ مەھەللىدىكىلەرمۇ شۇنداق قىلىدۇ. ئەگەر پەۋقۇلئاددە سەۋەبتىن توي مۇراسىمى ئۆتكۈزمىسە بولمايدىغان ئىش بولسا، توي ئىگىسى هازىدار ئائىلىنى خەۋەرلەندۈرۈپ، ئۇ ئائىلىدىكىلەر چۈشىنىش ھاسىل قىلغان ۋە قوشۇلغاندىن كېيىن، ئاندىن توي مۇراسىمى ئۆتكۈزىدۇ. ئۆلگۈچىنىڭ بىۋاسىتە ئەر تۇغقانلىرى 40 كۈنگىچە ھەر كۈنى ئەتىگەن مەسچىتتىن يېنىپ، بىر يىلغىچە ھەر جۈمە كۈنى جۈمە نامىزىدىن يېنىپ ياكى ھەر پەيشەنبە كۈنى ئەتىگەندە مەسچىتتىن يېنىپ تۇپراق بېشىغا بېرىپ، خەتمە قۇرئان قىلىپ تۇپراق بېشىنى يوقلاپ تۇرىدۇ. بارائەت ئېيىدا خادا يەڭگۈشلىنىدۇ. ئاياللار ئۆيىدە ياغ پۇرىتىپ قۇيماق سېلىپ، سېلىنغان قۇيماقلارنى يۆگەپ تۇپراق بېشىغا بېرىپ، شەيخ ياكى قارىي ـ قۇرئان كىشىلەرگە بېرىپ، تۇپراق بېشىدا خەتمە قۇرئان قىلغۇزۇپ، دۇئا قىلىپ قايتىپ كېلىدۇ.

ئادەتتە يەتتە نەزىر كۈنى بىر ئەر مويسىپىت ۋە بىر ئايال موي-

لىنىپ، غىزادىن كېيىن دۇئا قىلىنىدۇ ھەم ۋاپات بولغۇچىنىڭ ئا-ئىلە تاۋابىئاتلىرىدىن ھال سورىلىدۇ. شەھەرلەردە داستىخان ياكى ئۇستەللەرگە پولۇدىن باشقا يەنە قەنت ـ ناۋات، قورۇق يەل ـ يې-مىش، پېچىنە ـ پىرەنىك قاتارلىق نازۇنېمەتلەر قويۇلىدۇ، نەزىرىدە ھاراق ئىچىشكە، ئۇنلۇك پاراڭ سېلىشقا، كۈلۈشكە، مۇزىكا قويۇشقا بولمايدۇ، پۇتكۈل سورۇن جىمجىت ۋە سۇرلۇك بولىدۇ. يىل نەزى-رىدىن كېيىن، ئادەتتە نەزىر ئۆتكۈزۈلمەيدۇ.

نەزىر ـ چىراغ ئادىتى ئىچىدە يەنە بىر قىسىم ياشانغان كىشىلەر-نىڭ ھايات چېغىدىلا ئۆز نەزىرىسىنى بېرىشى؛ كىنىدىك قېنى تامغان يۇرتىغا ئاخىرقى قېتىم كېلىپ كەتكۈچى بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ يۇرت ـ جامائەتكە ئاخىرەتلىك خوشلىشىش (رىزالىق) نەزىرىسى بې-رىشى؛ ھەج تاۋاپقا ۋە يىراق جايلارغا مەزگىللىك سەپەر قىلغان يا-شانغان كىشىلەرنىڭ ئالدىن نەزىر بېرىشمۇ، خوتەن رايونىدىكى نە-زىر ـ چىراغ ئادەتلىرى ئىچىدە قىسمەنلىككە ئىگە ئادەت ھېسابلى-نىدۇ.

دېمەك، نەزىر ئۆتكۈزۈش خەلقىمىز ئارىسىدا قەدىمدىن بۇيان داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئادەتتۇر. تارىخىي خاتىرىلەرنىڭ ئىسپاتلى-شى، پېشقەدەملەرنىڭ گۇۋاھلىق بېرىشىچە، نەزىرنى ھەر كىم ئۆز ھالىغا بېقىپ تېگىشلىك جايلاردا بېرىپ كەلگەن.

خوتەندە داۋاملىشىپ كەلگەن نەزىر ئادەتلىرىنى ئومۇمەن مېيىت ئۆزىتىش بىلەن مۇناسىۋەتلىك نەزىرلەر ۋە باشقا نەزىرلەر دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈش مۇمكىن:

1) ئاق ئاش نەزىرىسى. بۇ، بەزى رايونلاردا «ناماز زولى نەزىرىسى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئادەمنىڭ نەپىسى ئۆتكەندىن كېيىن، مېيىت نامىزى چۈشۈرۈشكە ئەل ـ جامائەت تەكلىپ قىلىنىدۇ. يىراق مۇساپىنى بې-سىپ كەلگەن جامائەتنىڭ ھەم ۋاپات بولغۇچىنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن، ۋاپات بولغۇچىنىڭ قولۇم ـ قوشنىلىرى ئۆيىدە قازان ئېسىپ، يىراقتىن كەلگەن كىشىلەر ناشتا قىلدۇرۇلىدۇ. بۇ نەزىر بىر جەھەت-

ئۇچۇن، سالاسۇن ئورنىتىدۇ، يەنە ھەر پەيشەنبە ياكى ئازنە كۈنى ياكى ھەپتىدە بىر نەچچە قېتىم تۇپراق بېشىغا چىقىپ ۋاپات بولغۇچىنىڭ روھىغا ئاتاپ دۇئا قىلىشتىن باشقا، چۆگۈن ياكى قاپاقتا سۇ ئالغاچ كېلىپ، دەرەخنى سۇغىرىپ تۇرىدۇ. كىشىلەر دەرەخنىڭ تۇتۇپ يىلـ. تىزلىشىنى ئۇمىد قىلىدۇ، ئەمما ئۇنىڭدىن تۇتىدىغانلىرى ئاز بولىدۇ. يەنە ھەر يىلى دەرەخ سېلىنىپ تۇرىدۇ، ھېيت ـ ئايەم كۈنلىرى ئەتىـ. گەندە، كىشىلەر ھېيت نامىزىنى ئۆتەپ بولۇپ، مەسچىتتىن ئۇدۇل قەبرىستانلىققا بارىدىغان ۋاقىت خادا ئالماشتۇرۇشنىڭ خاسىيەتلىك ۋاقتى ھېسابلىنىدۇ. قەبرە ئۈستىدىكى خادىلارنىڭ ئۇچىغا ئېسىلغان تۇغ ـ ئەلەم، لاتا پارچىلىرى بوران، ھۆل ـ يېغىن ۋە ئاپتاپنىڭ تەـ. سىرىدىن ئۆڭۈپ، يىرتىلىپ شامالدا لەپىلدەپ تۇرىدۇ، بەزى خادىلارغا يەنە ياغاچتىن ئويۇپ ياسالغان ياكى رەخت پارچىلىرىدىن تىكىلگەن ئۇچ بۇرجەك تۇمارلار ۋە قوتاز قۇيرۇقى، سامان تولدۇرۇلغان تۇلۇم قاـ. تارلىقلار ئېسىپ قويۇلغان بولۇپ، ئۇلارمۇ شامالدا تەۋرەپ مازارنى سۈرلۈك ۋە سىرلىق تۇسكە كىرگۈزىدۇ.

(ئابدۇللا سۇلايمان)

## 11. نەزىر ـ چىراغ ئادەتلىرى

ۋاپات بولغۇچىنىڭ روھىنى ئەسلەش تاپقۇزۇپ، ھاياتلارنىڭ قايـ. غۇسىغا تەسەللى بولىدىغان تەزىيە ـــ يوسۇن ـ ئادەت ئەل ئىچىدە بىردەك «نەزىر ـ چىراغ» دەپ ئاتىلىدۇ. نەزىر ـ چىراغ ئۆلۈم ـ يېتىم يوسۇنى ئىچىدە ۋاپات بولغۇچىغا تەزىيە بىلدۈرۈلىدىغان ئاـ. ساسلىق پائالىيەت ھېسابلىنىدۇ.

جايلاردا ئۆتكۈزۈلىدىغان نەزىر ـ چىراغلارنىڭ قېتىم سانىمۇ دېگەندەك ئوخشاش ئەمەس. بارلىق نەزىر ـ چىراغ پائالىيەتلىرى ئىچىدە يىل نەزىرى ئەڭ چوڭ بولىدۇ. پاشانغانلارنىڭ نەزىرى ياشلارنىڭكىدىن چوڭ بولىدۇ. غىزانىڭ ئالدىدا قۇرئان تىلاۋەت قىـ.

تۇرلۇك نەرسە - كېرەك، پۇل - پۇچەكلەر بىلەن رازى قىلىنىدۇ. بەزى رايونلاردا ئۈچ نەزىرسى چوڭ ئۆتكۈزۈلىدۇ. بەزى رايونلاردا ئەل - جامائەتلەر چاقىرىلىدۇ. بەزى رايونلاردا قەبرە بېشىدىكى خادىغا تۇمار ۋە ئايەت يېزىلغان تاختاي ئېسىلىدۇ.

4) يەتتە نەزىرسى. يەتتە كۈن بولغاندا ۋاپات بولغۇچىنىڭ ئائىلىسى ئالاھىدە تەييارلىق قىلىپ، جامائەتنى تەكلىپ قىلىپ يەتتە نەزىر ئۆتكۈزىدۇ. بۇ ئادەتتە «پەيشەنبىسى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ خىل نەزىر ۋاپات بولغۇچىغا تولۇق يەتتە كۈن بولغاندا بېرىلىدۇ. نەزىر ئېشى يېيىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئىمام باشچىلىقىدىكى جامائەت ۋاپات بولغۇچىنىڭ ئاخىرەتلىك ئىشلىرىنىڭ ياخشى بولۇشى ئۈچۈن فاتىھە ئوقۇپ دۇئا قىلىدۇ. نەزىرگە قانچە كۆپ ئادەم كەلسە شۇنچە ياخشى، ساۋابلىق ئىش دەپ قارىلىدۇ. نەزىرگە كەلگەن ئاياللار ئۆز لايىقىدا داستىخان تەييارلاپ كېلىدۇ. يەتتە نەزىر ئاخىرلاشقاندا تەكلىپ بىلەن ئەرلەرنىڭ بېلىدىكى ئاق بەلباغ، ئاياللارنىڭ بېشىدىكى ئاق رومال ئېلىپ تاشلىنىدۇ. ۋاپات بولغۇچىنىڭ بىۋاسىتە ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنى ئۇلارنىڭ قوشنىلىرى ۋە باشقا تۇغقانلىرى ئۆز ئۆيىگە ئاپىرىپ قويىدۇ.

5) يىگىرمە نەزىرسى. مېيىت نامىزى ئوقۇلۇپ 19،18 كۈن بولغاندا 20 نەزىرسى بېرىلىدۇ. قازان ئېسىلىپ يۇرتتىكى ئەل - جامائەت چاقىرىلىدۇ. بەزى رايونلاردا 20 نەزىرسى چوڭ ئۆتكۈزۈلىدۇ. نەزىرگە داخىل بولغانلار تۇرلۇك سوۋغا - سالام ئېلىپ كېلىپ، ۋاپات بولغۇچىنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرىغا تەسەللى بېرىدۇ.

6) قىرىق نەزىرسى. ۋاپات بولغۇچىغا قىرىق كۈن بولغاندا «قىرىق نەزىر» ئۆتكۈزۈلىدۇ. قىرىق نەزىرىدە ئۆيدە قۇرئان ئوقۇلۇپ تىلاۋەت قىلىنىدۇ. ۋاپات بولغۇچىنىڭ قىرىق نەزىرىسىمۇ دەل قىرىق كۈن بولغاندا بېرىلمەستىن، بەلكى بىر - ئىككى كۈن بۇرۇن بېرىلىدۇ. ئىقتىسادى ياخشى ئائىلىلەر قوي - كالا قان قىلىپ نەزىر بېرىدۇ.

تىن يىراقتىن كەلگەن كىشىلەر مېيىت نامىزىغا ئۈلگۈرىمىز دەپ سەھەر تۇرۇپ ناشتا قىلماي كەلگەنلىكى ئۈچۈن ئۆتكۈزۈلسە، يەنە بىر جەھەتتىن ۋاپات بولغۇچىنىڭ گۇناھىنىڭ مەغپىرەت بولۇشىنى مەقسەت قىلىدۇ. بەزى يۇرتلاردا ھاللىق كىشىلەر ۋاپات بولغۇچى ئۈ- چۈن قازان ئېسىپ نەزىر بېرىدۇ. مېيىت ئۈزىغان ئائىلىدە كىچىك باللار كۆپ، نامرات بولسا نەزىر بېرىشى تەلەپ قىلىنمايدۇ.

بەزى جايلاردا مېيىت ئۈزىتىلىپ ئەتىسى بامداتتىن كېيىن «سېدە قەبرە» (تاڭنا ناماز) دەپ ئاتىلىدىغان — ئائىلىدىكى ئەرلەر، نامازخانلار ۋە ئەل - جامائەت تۇپراق بېشىغا چىقىدىغان بىر ئادەت بولۇپ، جامائەت مەرھۇمنىڭ قەبرىسى ئۈستىدە تىلاۋەت قىلىپ، تەبلىغ ئاڭلىغاندىن كېيىن مېيىت ئۈزىغان ئائىلىگە كىرىپ، مەر- ھۇمنىڭ ھەققىگە دۇئا قىلىپ، پەرزەنتلىرىنى يوقلاپ، تارتىلغان نەزىر ئېشىنى يەپ قايتىدۇ. بەزى جايلاردا بۇ خىل يوقلاش «ئۈچىنى بېرىش (ئۈچ نەزىرىسى) » دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

2) ناماز ئۈلىسى نەزىرىسى («ناماز ھويلا» — ھويلىدا ئوقۇلىدىغان ناماز). مېيىتنى ئۈزىتىپ بولغاندىن كېيىن يەتتە كۈندىن 10 كۈنگىچە ھەر كۈنى كەچلىكى مېيىت چىققان ئۆيدە ۋاپات بولغۇ- چىغا ئاتاپ ئەل - جامائەتنى چاقىرىپ نەزىر بېرىلىدۇ. بۇ «ناماز ئۈلىسى نەزىرىسى» دېيىلىدۇ. ئەل - جامائەت بۇ ئۆيدە ناماز ئوقۇي- دۇ، قۇرئان تىلاۋەت قىلىدۇ. ۋاپات بولغۇچىنىڭ گۇناھىنىڭ مەغ- پىرەت بولۇشىنى تىلەيدۇ.

3) ئۈچ نەزىرىسى. مېيىت ئۈزىتىلىپ ئۈچىنچى كۈنى ۋاپات بول- غۇچىنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە ئۇرۇق - تۇغقانلىرى جەم بولۇپ، چوڭ قازان ئېسىپ ئەل - جامائەتكە نەزىر بېرىدۇ. تاماق تارتىلىپ قۇرئان - تىلاۋەت ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، مېيىتنى يۇيۇشقا قات- ناشقانلارغا ۋاپات بولغۇچىنىڭ كىيىم - كېچەكلىرىنىڭ بەزىلىرى يۇيۇپ دەزماللىنىپ سوۋغا قىلىنىدۇ. گۆر قېزىشقا قاتناشقانلار

لىپ تون يېرىم بولغاندا قوي ياكى توخۇ قان قىلىنىپ ۋاپات بولـ ـ غۇچىنىڭ نامىغا ئاتاپ دۇئا ـ تەكبىر ئۆتكۈزۈلىدۇ. ئادەتتە ۋاپات بولغان ئادەمگە دەل 71 كۈن بولغاندا مەرھۇمنىڭ جەسىدى بوغۇم ـ بوغۇملاردىن، ئۇگە ـ ئۇگىلىرىدىن ئاجرايدىغان بولغاچقا، ۋاپات بولغۇچى شۇ كۈنى «قاتتىق ئازاب تارتىدۇ»، شۇنىڭ ئۈچۈن روھىغا نەزىر قىلىنىپ، دۇئا ـ تەكبىر قىلىنسا خۇدا ئاسانلىقنى بېرىدۇ، دېگەن قاراشنىڭ تۈرتكىسىدە بىر كېچە ئۇخلىماي دۇئا ـ تەكبىر ئۆتكۈزۈلۈپ نەزىر بىرىلىدۇ.

**9)** يىل نەزىرىسى. مەرھۇم (مەرھۇمە)نىڭ ۋاپاتىغا بىر يىل توشـ ـ قاندا «يىل نەزىرىسى» ئۆتكۈزۈلىدۇ. يىل نەزىرىسىمۇ ئۆلگۈچىگە تولۇق بىر يىل بولغاندا بېرىلمەستىن، بەلكى، بىر ئايدىن 15 كۈنـ ـ گىچە بۇرۇن بېرىلىدۇ. بۇنىڭغىمۇ ئەل ـ جامائەت تەكلىپ قىلىنىدـ ـ دۇ. يىل نەزىرىسى ئارقىلىق ئۆلگۈچىنىڭ بارلىق مۇراسىملىرى ئاـ ـ خىرلىشىدىغان بولغاچقا، قۇرئان تىلاۋەت قىلىنىپ، قوي قان قىلىدـ ـ نىدۇ. ۋاپات بولغۇچىنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنىڭ قارىسى ئۈزۈل ـ كېسىل سۇندۇرۇلىدۇ. يىل نەزىرىسى ئۆتكۈزۈلۈپ بولغانـ ـ دىن كېيىن، شۇ ئائىلىدە، شۇ جەمەتتە توي مۇراسىملىرى ئۆتكۈـ ـ زۈشكە بولىدۇ (بۇ بىر يىلغىچە قولۇم ـ قوشنىلارنىڭ، ئۇرۇق ـ تۇغقانلارنىڭ ئۆيىدە توي بولماقچى بولسا، يۇرت ـ مەھەللىدىكى ئۆلـ ـ لىمالار، يۇرت چوڭلىرى مېيىت ئۆزىغان ئائىلىگە كىرىپ، ھايات كىشىلەردىن زۆرۈرىيەتنى چۈشەندۈرۈپ رۇخسەت ئېلىنغاندىن كېـ ـ يىن، توي مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلىدۇ).

**10)** بارائەت نەزىرىسى. ۋاپات بولغۇچى ئۈچۈن ئۆتكۈزۈلىدىغان نەزىر ـ چىراغلار ئىچىدە بارائەت نەزىرىسىمۇ مۇھىم دەپ قاردـ ـ لىدۇ. بارائەت نەزىرىسى ھىجرىيە كالېندارىدىكى بارائەت ئېيىدـ ـ نىڭ 13 ـ ، 14 ـ 15 ـ كۈنلىرى ئۆتكۈزۈلۈشكە باشلايدۇ. ۋاپات

ئادەتتىكى ئائىلىلەر توخۇ قان قىلىپ بولسىمۇ ئەل ـ جامائەتكە نەزىر بېرىدۇ.

ئادەتتە قىرىق نەزىردە باغاق تارقىتىلىپ بىر ئائىلىدىكى ئەر ـ خوتۇن ھەر ئىككىسى چاقىرىلىدۇ، ئەمما ۋاقىت جەھەتتە ئەرلەر بالدۇر، ئاياللار بىر ـ ئىككى سائەت كېيىنكە ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ (تەكلىپ قىلىنغان ئايال شۇ كۈنى ئاغرىپ قېلىپ ياكى باشقا جىددىي ئىش بىلەن بارالماي قالسا، نەزىردىن كېيىن داستىخان تەييارلاپ ئالايىتەن بېرىپ كېلىدۇ). مېھمانلار سوۋغات، يەنى بىر داستىخانغا نان يۆگەپ كېلىدۇ، بۇ ئەل ئىچىدە بىر خون نان دەپ ئاتىلىدۇ. داستىخانغا ئادەتتە يەتتىدىن ئارتۇق كاكچا، كېسەك چاي، چاقماق قەنت، ئاق رەخت قاتارلىقلار يۆگىلىدۇ. سوۋغاتنى ئاياللار تەييارلايدۇ، ئەكېلىدۇ ۋە ئۆي ئىگىسىگە بېرىدۇ، سوۋغاتنى ئۆي ئىگىسى ئايال قوبۇل قىلىدۇ.

7) 51 ـ كېچىسى نەزىرىسى (تەرەۋە ئوقۇش). مېيىت ئۆزىتىلىپ 51 كۈن بولغان كۈنى كېچىسى مېيىت ئۆزاتقۇچىنىڭ ئائىلىسىدىكى ئاياللار، ياشتا چوڭراق بۇۋىلەرنى چاقىرىپ قازان ئېسىپ نەزىر بېرىدۇ. ئاياللار، سەبىي قىزلار بىر يەرگە يىغىلىپ چەمبەر شەكلىدە ئولتۇرۇپ ئۇششاق تاشلارنى قولدىن قولغا ئۆتكۈزۈپ تەرەۋە ئوقۇيدۇ. ئۇششاق تاش دۇئالىرى بىر قېتىم تاماملانغاندىن كېيىن، قان قىلىنىدۇ. بۇۋىلەرگە ماددىي بۇيۇم قويۇلىدۇ. بامدات نامىزىدىن كېيىن ئەرلەر قەبرە بېشىغا بېرىپ، قەبرە توپىسى ئۈستىگە تەرەۋە ئوقۇلغان تاشنى تەكشى يېيىلدۇرىدۇ. 51 ـ كېچىسى نەزىرىسى پەقەت خوتەن ۋىلايىتىدىكى بىر قىسىم جايلاردا ئۆتكۈزۈلىدۇ. بۇ نەزىر ئومۇمىيۈزلۈك ئەمەس.

8) 71 ـ كېچىسى. ۋاپات بولغۇچىغا دەل 71 كۈن بولغان كېچىدە ۋاپات بولغۇچىنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى، قولۇم ـ قوشنىلىرى ۋە مەھەللىدىكى مويسىپىتلەر يىغىلىپ بىر كېچە خەتمە ـ قۇرئان قى-

جاكارلىغانلىقى بولۇپ، شۇ ئارقىلىق كەلگۈ جامائەتچىلىكنىڭ ئۆزد-
ىنىڭ تىجارىتىنى قوللىشىنى ئۈمىد قىلىشى ۋە روناق تېپىشىنى
تىلىشى ھېسابلىنىدۇ.

15) ھاياتلىق نەزىرىسى. بۇ خىل نەزىر 70، 80 ياشلىق ئادەملەر-
نىڭ تېخىمۇ ساغلام ھەمدە تېخىمۇ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشى ئۈچۈن
بېرىلىدىغان نەزىردۇر.

16) شىپالىق نەزىرىسى. بۇ ئېغىر كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ، خېلى
بىر مەزگىل ئۇرۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغان كېسەل كىشىنىڭ تېزراق
ساقىيىشى، سالامەتلىكىنىڭ تېزراق ئەسلىگە كېلىشى ئۈچۈن، كې-
سەل كىشىنىڭ يېنىدا قۇرئان قىرائەت قىلىپ، دۇئا قىلىنىدىغان،
ئاللادىن ئۇنىڭغا شىپالىق بېرىشنى تىلەيدىغان، يۇرت ـ مەھەللى-
دىكى ئەل ـ جامائەتكە ئاش تارتىلىدىغان نەزىردۇر.

17) مول ھوسۇل نەزىرىسى. كىشىلەر زىرائەتلەردىن مول ھوسۇل
ئالغان، شۇغۇللىنىۋاتقان تىجارەتتىن پايدا ئالغان ۋاقىتتا، بۇنىڭدىن
كېيىن ھەر خىل ئاپەتلەرگە ئۇچرىماسلىقى، تېخىمۇ ياخشى مول
ھوسۇل ئېلىش ئۈچۈن ئاللاغا سېغىنىپ، ئاللانى يات ئېتىپ بېرد-
ىغان نەزىردۇر.

18) ئاپەتتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن بېرىلىدىغان نەزىر. بەزى ئائىلىلەرگە
مەلۇم ۋاقىت ئىچىدە ئۇزۇلمەي بالا ـ قازا كېلىۋەرگەندە بۇ ئائى-
لە شۇ بالا ـ قازانىڭ كۆتۈرۈلۈپ كېتىشىنى خۇدادىن تىلەشنى
مەزمۇن قىلىپ يېتىم ـ يېسىر، ئاجىز ـ مېيىپلارغا خەير ـ
ساخاۋەت قىلىش ئۈچۈن، چوڭ قازان ئېسىپ بىر ۋاق تاماقتا
ئۇلارنى چاقىرىۋالىدۇ. ئۆلىمالارنى چاقىرىپ دۇئا ـ تىلاۋەت قىد-
لىپ، ئۆز ئەھۋالىغا قاراپ قوي ياكى توخۇ ئۆلتۈرۈپ قان قىلىپ
جامائەتكە نەزىر بېرىدۇ. بەزى ۋاقىتلاردا يامان چۈش كۆرۈپ قال-
غاندىمۇ ئەل ـ جامائەتكە نەزىر بېرىلىدۇ.

(ئابدۇسەمەت روزىباقى)

بولغۇچىنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى ياغ پۇرىتىپ، قۇيماق سېلىپ يۇرت مۆتىۋەرلىرىدىن سوراپ خەيرلىك بىر كۈننى بېكىتىپ قازان ئېسىپ، تاماق ئېتىپ نەزىر بېرىلىدۇ.

11) ئىپتار نەزىرىسى. بۇ، مېيىت چىققان ئائىلە كىشىلىرى رامىزان ئېيىنىڭ مەلۇم بىر كۈنلىكى مەسچىت جامائەتلىرىنى، قولۇم ـ قوشنا، ئۇرۇق ـ تۇغقان، قۇدا ـ باجىلارنى ئىپتارغا چاقىرىپ بېرىلىدىغان نەزىردۇر. رامىزان ئېيىنىڭ 7 ـ ، 17 ـ ، 27 ـ كۈنلىرى بېرىلىدىغان بۇ نەزىردە توخۇ ياكى قوي قان قىلىنىدۇ.

12) ئۆي كۆچۈش نەزىرىسى. بۇ يېزا ـ سەھرالاردا ئائىلىلەر يېڭى ئۆيگە كۆچكەندە ئۆتكۈزۈلىدىغان نەزىر. يېڭى ئۆي سېلىنىپ كۆچۈپ بولغاندىن كېيىن ئۇرۇق ـ تۇغقان، قوشنىلارغا ئاش بېرىلىدۇ. جامائەت دۇئاسىدا، ئۆي ئىگىسىنىڭ تېنىنىڭ سالامەت، ئىشلىرىنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇشىنى تىلەيدۇ، يېڭى ئۆيگە بەرىكەت، ئامەت تىلەيدۇ.

13) سەپەر نەزىرىسى. بۇ ئادەتتە «ھەج نەزىرىسى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ھەج قىلغۇچى سەپەرگە چىقىشتىن بىر كۈن بۇرۇن ئۆلىمالارنى ئۆيگە تەكلىپ قىلىپ قۇرئاننى بىر قېتىم ئوقۇتىدۇ، دۇئا تىلاۋەت قىلدۇرىدۇ. ئەتىسى ئەتىگەندە تەۋەلىكىدىكى مەسچىت جامائەتلىرىنى چاقىرىپ، ئەتىگەنلىك داستىخان سالىدۇ. داستىخان يىغىلىپ دۇئادىن كېيىن جامائەت ئالدىدا سەپەرگە ئاتلىنىدۇ. يۇرت ـ جامائەت تەرىپىدىن شۇ كىشىنىڭ سەپىرىگە ئاق يول، تېنىگە ئامان ـ ئېسەنلىك تىلىنىدۇ.

14) تىجارەت باشلاش نەزىرىسى. بۇ، ئادەتتە «قان قىلىنىش» دېيىلىپ، تىجارەتكە يېڭى كىرىشكەنلەر تىجارەتنى باشلىغان كۈنى سەھەردە ئەل ـ جامائەتكە بېرىدىغان نەزىرنى كۆرسىتىدۇ. بۇ، نەزىر بەرگۈچىنىڭ ئەل ـ جامائەتكە ئۆزىنىڭ تىجارەت باشلىغانلىقىنى

ئۇسۇللىرىمىزدا مەۋجۇت بولۇپ كېلىۋاتقانلىقىنى بىلەلەيمىز.

ئەجدادلىرىمىز ئىجتىمائىي تۇرمۇشى داۋامىدا بۆرىنى توتېم قىلغان. روھنى ئۇلۇغلىغان. قۇياشقا ـ كۆككە تېۋىنغان. تاش ئۆڭ ـ كۈرلەرنى، ئېگىز تاغلارنى يۇكسەك بىلگەن. ئۇلارنىڭ ساددا تەسەۋ ـ ۋۇرىدا ھەممىلا جايدا جىن ـ ئەرۋاھ بولۇپ، ھەر قانداق ئىشنى باشلاشتىن بۇرۇن نەزىر ـ چىراغ ئۆتكۈزگەن. ئىسرىق ـ بۇي سې ـ لىنغان ياكى پال ئاچقان. ئۇچۇقداش، پېرە ئوينىتىش قاتارلىق ئۇ ـ سۇللار ئارقىلىق «جىن ـ ئەرۋاھلارنى قوغلىغان». جىن ـ ئەرۋاھلارنىڭ ئۆلگۈچىنىڭ روھى سۈپىتىدە ئىشلىرىغا ئارىلىشىپ، تەسلىك كەلتۈرمەسلىكىنى ئۈمىد قىلىشقان.

ئەزەلدىنلا تارىم بويلىرىدا ماكانلىشىپ ياشىغان بۇ كوللېكتىپ ئۆزلىرىنى تەبىئەت بىلەن باغلاپ ئوت، ھاۋا، سۇ، تۇپراق چۈشەنچە ـ لىرىنى ئاسمان، يەر، شامال ـ بوران، يامغۇر ـ يېشىن، دەل ـ دە ـ رەخ ۋە ئۇچار قاناتلار بىلەن بىرىكتۈرۈپ، تۇرمۇشى ـــ كۈندىلىك ئىستېمالىدا بىۋاستە رول ئويناۋاتقان ئۆسۈملۈك، ھايۋانلارنى ئۇ ـ لۇغلاپ (چوڭ دەرەخلەرنى شىپالىق بىلىپ، قوي، كالىنى قەدىرلەپ، ئاتقا تېۋىنىپ)، تەبىئەت ـ ئىلاھىيەت قارىشى، تەڭرى بىلەن ئىنسا ـ نىيەت ئېڭىنى «قارا قۇرۇم رىۋايىتى»، «قاشتېشى رىۋايىتى»، «يەر تەۋرەش ھەققىدىكى ئەپسانە»، «تۆتىنچى ئاسمان ئەپسانىسى»، «يام ـ غۇر ۋە بوران ئەپسانىسى» قاتارلىق مول فولكلور مەزمۇنلىرىدا ئەكس ئەتتۈرگەن. گەرچە فولكلورىمىزنىڭ ئىپتىدائىي ئېتىقاد چۈشەنچىلىرىگە ئائىت بۇ خىلدىكى ئەسەرلەر ئېينى دەۋرنىڭ ئىج ـ تىمائىي تۇرمۇشىنى ئۆزىگە ئاساس ۋە مەنبە قىلسىمۇ، ئەجدادلىرى ـ مىزدا «بەكمۇ كىچىك توپ (كوللېكتىپ) ئىچىدە كىشىلىك خاراك ـ تېرىنىڭ تەرەققىي قىلىش ئىمكانىيىتى ناھايىتى ئاز بولغان. تاشقى مۇھىتمۇ پەرقسىز بولغاچقا، ئەپسانىلەر قىلچە ئۆزگەرمىگەن، ھەم ـ مىسى ئۈزۈكسىز تەكرارلانغان. مۇراسىملارمۇ قايتا ـ قايتا تەكرار ـ لىنىۋاتقان ئارغىنە كۆرۈنۈشلەردىن تۈزۈلگەن. مەيلى كۆپچىلىكنىڭ

# §5. ئىپتىدائىي ئېتىقاد ـ ئىشەنچ ئادەتلىرى

## 1. بىرقىسىم تېۋىنىش قاراشلىرى

يېڭى تاش قوراللار دەۋرلىرىدىن كېيىن بىرونزا قوراللار دەۋرىدە ئىنسانىيەتنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىياتىدا زور ئىلگىرىلەشلەر بولدى. «ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە تارىم ئويمانلىقىغا جايلاشقان ساك، ئارىيان ۋە باشقا ئۇرۇق ـ قەبىلىلەر بولسا، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ھەر خىل باسقۇچلىرىدا تۇرغان، ئۇلارنىڭ دەريا ۋە كۆللەرنىڭ ئەتراپلىرىدا ياشايدىغانلىرى ئاللىقاچان ئولتۇراقلاشقان دېھقانچىلىق تۇرمۇشىغا ئۆتكەن، مەدەنىيەت جەھەتتىن خېلى راۋاجلانغان، تاغ ۋە يايلاقلاردا ياشايدىغان بەزى قەبىلىلەر يەنىلا ئوۋچىلىق، كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان باسقۇچتا، ھەتتا بەزىلىرى باشلانغۇچ جامائەت تۈزۈمىنىڭ ئانا جەمەت ئۇرۇقداشلىق جەمئىيىتى باسقۇچىدا، بەزىلىرى بولسا بۇ جەمئىيەتنىڭ ئەڭ ئاخىرقى باسقۇچلىرىدا تۇراتتى.»①

تارىختىن بۇرۇنقى ناھايىتى ئۇزاق زامانلارنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن ئەنە شۇ ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدا شەيئىلەرنى بىلىش ۋە چۈشىنىش شەكلى خىيالىغا ئاساسلىنىش بولۇپ، بىزگىچە يېتىپ كەلگەن ئەپسانە ـ رىۋايەتلەر، قىيا تاش سۈرەتلىرى ۋە بىر قىسىم ئارخېئولوگىيەلىك تېپىلمىلاردىن ئۇلارنىڭ ساددا تەپەككۇرى ۋە ئۇيـ ـ خىياللىرىدىن جۇغلانغان ئىپتىدائىي ئېتىقاد ـ چۈشەنچىلەرنى بايقايمىز ھەمدە بۇ چۈشەنچە ـ قاراشلارنىڭ بىر قىسمىنىڭ خىلمۇ خىل ۋارىيانتلار، ئۇخشىمىغان شەكىللەردە تۇرمۇش ئادىتىمىز، تەپەككۇر

①ئەنۋەر بايتۇر، خەيرنىسا سىدىق: «شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخى» ئۈيغۇرچە، مىللەتلەر نەشرىياتى 1991 ـ يىلى 1 ـ نەشرى، 68 ـ 70 ـ بەتلەر.

قەبرىستانلىقنى ئارخېئولوگىيەلىك قېزىش داۋامىدا شۇلار ئايان بولدىكى، قېزىلغان بىر قىسىم قەبرىلەرگە مېيىت كىگىزگە، تېرىدەلەرگە ۋە رەختلەرگە ئورىلىپ، پۈتۈن ھالەتتە، ئەزالىرىنى پارچىلاپ ياكى باشنىلا دەپنە قىلىش ئۇسۇلى بىلەن؛ تۈز ھالەتتە ئوڭدا ياتقۇزۇپ، دۈم قىلىپ تۈز ياتقۇزۇپ ياكى تىزىنى پۈكلەپ ياتقۇزۇپ قوشۇش شەكلى بىلەن دەپنە قىلىنغان. ئۆلگەنلەر سانىنىڭ ئاز ـ كۆپلۈكىگە ئاساسەن ئايرىم دەپنە قىلىش، بىر نەچچە ھەتتا ئون نەچچە مېيىتنى (سامپۇل قەبرىستانلىقى M01 ـ نومۇرلۇق لەھەتلىككە 133 مېيىت، M02 ـ نومۇرلۇق لەھەتلىككە 146 مېيىت قاتارلاشتۇرۇپ قويۇلغان) يىغىپ دەپنە قىلىش ئادىتى، ئانا ـ بالىنى بىرگە دەپنە قىلىش ۋە ئالاھىدە دەپنە قىلىش ئۇسۇللىرى قوللىنىلغان.

پېرىخونلۇق، ئۇچۇتۇش، بۇي ـ ئىسرىق سېلىش، نەزىر ـ چىراغ مۇراسىملىرى كىشىلەرنىڭ ياشاش ئېھتىياجى، روھنى چاقىرىش، جىن ـ ئەرۋاھلارنى قوغلاش ئارزۇسىنى ئاساس قىلغىنىدەك، لەھەتلىك تەييارلاش، تاۋۇت ياساش، مېيىتنى ئۇزىتىش شەكلى ۋە ئۇسۇللىرى ئۆلگۈچىنىڭ روھىي ئېھتىياجى دەپ قارالغان. ئۇلار روھنى ئۇلۇغلاشنىڭ كونكرېت ئىپادىلىنىشى تۈسىدە ھەمدەپنە بۇيۇملارنى مېيىت بىلەن بىرگە قوشۇپ دەپنە قىلىشنىمۇ بېجىرىپ كەلگەن. ئۇلار روھ ئۆلمىگەچكە مېيىت يەرلىكتە بۇ خىلدىكى نەرسىلەرنى ئىشلىتىدۇ، ئىستېمال قىلىدۇ، دەپ قارىغان. سامپۇل قەبرىستانلىقىدىكى بىر قىسىم لەھەتلەرنى قازغاندا مېيىت يېنىدىكى ھەمدەپنىلىكلەردىن سۆڭەكتىن، ياغاچتىن، تۆمۈردىن، مىستىن ياسالغان ئەسۋابلار؛ تۇرلۇك فارفۇر بۇيۇملار، تېرە، يىپەك توقۇلمىلىق تۇرمۇش بۇيۇملىرى ۋە ھەرخىل ئەسۋابلار ئۇچرىتىلغان. قېزىلغان لەھەتلىكتىن نان، يۇلغۇن زىخىغا ئۆتكۈزۈلگەن كاۋاپ؛ تېرىق، بۇغداي، شال دانلىرى؛ دورا بۇيۇملىرى، قوي، ئات ئۇستىخانلىرى، ھەتتا مېيىتقا ياندىشتۇرۇلۇپ قويۇلغان ئېگەر ـ يۈگەنلىك ئات قاتارلىقلار بايقالغان بولۇپ، بۇلاردىن قەدىمكىلەرنىڭ روھنى

تەسەۋۋۇرى بولسۇن ياكى كاھىنلارنىڭ تەسەۋۋۇرى بولسۇن، ئۇلار تەسەۋۋۇرلىرىنى چەككىلەپ چىقىشقا ۋە ئۇنى دىنىي ئىدىيە ھەم دىنىي ئەقىدىنىڭ دەسلەپكى گەۋدىسىگە ئايلاندۇرۇشقا ۋاقىت چىقىرالمىغان ۋە شۇنداق قىلىشنىڭ ئۇسۇلىنى تاپالمىغان.»[1]

تارىختىن بۇرۇن خوتەندە ياشىغان ئىنسانلارنىڭ ئىپتىدائىي ئېتىقاد ـ چۈشەنچىلىرىدىن بىر قەدەر گەۋدىلىك بولغانلىرىنى تۆۋەندىكىچە كۆرسىتىش مۇمكىن:

**1) روھقا ۋە ئەجدادلارغا تېۋىنىش قارىشى**

دەسلەپكى ئىنسانلار «ئويغاق تۇرغان چاغدىكى خىيالىي سەزگۈنى توغرا پەرقلەندۈرەلمىگەنلىكتىن، روھنى تەندىن ئايرىۋېتىپ، روھ تەننىڭ سىرتىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، دەپ قارىغان.»[2] ئۇلار ئادەم چۈش كۆرگەندە ياكى كېسەل بولۇپ يېتىپ قالغاندا، روھ تەندىن چىقىپ كېتىدۇ، ئادەمنىڭ ئۆلۈپ كېتىشى تەننىڭ ئۆلۈشى بولۇپ، روھى ئۇستىخانلىرىدا ساقلىنىپ قالىدۇ، دەپ ئىشەنگەن. ئۆلۈپ كەتكەن چوڭلار ياكى بالىلارنىڭ روھى ساقلىنىدىغان ئۇستىخانلىرىنى (مېيىتنى) توغراق غولىدىن چوڭ ـ كىچىك تەڭنە شەكىللىك تاۋۇتلارنى، ئوخشاش بولمىغان كوزا ـ ئىدىشلارنى تەييارلاپ، ئۇلارغا تۆشۈك ئېچىپ دەپنە قىلىپ، روھلار ئاشۇ تۆشۈكلەر ئارقىلىق ئەركىن چىقىپ ـ كىرىپ تۇرىدۇ، دەپ قارىغان (دەرۋەقە كوزا ـ ئىدىشلارغا دەپنە قىلىنغان مېيىت كۆيدۈرۈلگەندىن كېيىنكى جەسەت كۈلى بولسىمۇ، ئۇنىڭدا ئوخشاشلا روھ بولىدۇ دەپ قارالغاچقا، ئىككىنچى قېتىم دەپنە قىلىش مېيىت ئۇزىتىش ئادەتلىرىنىڭ مۇھىم جەريانىغا ئايلانغان).

روھقا تېۋىنىش ئالامەتلىرىنى دەپنە شەكلى ۋە ئۇسۇللىرىدىنمۇ كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. ھازىرقى لوپ ناھىيەسىنىڭ سامپۇل قەدىمكى

---

①ئەمىر قورغان: «دىنىي تۇرمۇشنىڭ ئاساسىي شەكلى»، شاڭخەي خەلق نەشرىياتى 1999 ـ يىلى 1 ـ ئاي نەشرى 6 ـ بەت.

② سۇڭ جاۋلىن، لى جافاڭ، دو خۇيشى: «جۇڭگونىڭ ئىپتىدائىي جەمئىيەت تارىخى»، مەدەنىي يادىكارلىقلار نەشرىياتى 1983 ـ يىلى 3 ـ نەشرى 475 ـ بەت.

ساس قىلغان ئۇرۇق باشلىقى بولۇپ، ئەمگەك، ئولجا تەقسىملەش (بارىنى تەڭ كۆرۈش)، جەمەت قەبرىستانلىقىنى بېكىتىش ۋە مۇھاپىزەت قىلىش قاتارلىقلاردا جامائەت بىردەك ئۇرۇق باشلىقىنىڭ دېگىنى بويىچە ئىش كۆرگەن.

ئايال ئەجدادلارغا تېۋىنىش يەنە بىر جەھەتتىن تارىختىن بۇرۇنقى ئىنسانلار ئارىسىدا تۇغۇلۇپ قاتارغا قوشۇلۇشتىن ئۆلۈش نىسبىتىنىڭ كۆپ بولۇشىمۇ، شۇنىڭدەك كىشىلەردە: «مۇقەددەس زېمىننى ئىلاھ ياراتقان، زېمىندا زىرائەت ۋە باشقا مەۋجۇدات ئۆسىدۇ دەيدىغان قاراشلار سەۋەبىدىن، ئىپتىدائىي تېرىقچىلىق جەمئىيىتىدە زېمىننىڭ مۇنبەتلىكى بىلەن ئاياللارنىڭ نەسىل قالدۇرۇشچانلىقى كۆپ ھاللاردا ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈلۈپ، زېمىن بىلەن بالىياتقۇنى مۇناسىۋەتلىك قىلىپ كۆرسىتىدىغان خاھىش بارلىققا كەلگەچكە، زېمىننىڭ دائىم ئىپتىدائىي ئانا ئىلاھ قىلىنغان»① لىقىمۇ سەۋەب بولغان.

خوتەن رايونىدىن ئاتىلىق ئۇرۇقداشلىق دەۋرلىرىگە ئائىت تىپىك تېپىلمىلار بايقالمىغان بولسىمۇ، «بۇنىڭدىن تەخمىنەن ئالتە ـ يەتتە مىڭ يىل ئىلگىرىكى ۋاقىتلاردا يېڭى تاش قورال دەۋرىگە قەدەم قويغان خوتەندە » دېھقانچىلىق ئاساسلىق ئورۇنغا ئۆتۈپ، ئولتۇراق چارۋىچىلىق ۋە قول ھۈنەرۋەنچىلىك راۋاجلىنىپ، شەھەرلىشىش تۈرمۇش شەكلى پەيدا بولۇپ، مەھسۇلات ئالماشتۇرۇش مەيدانغا كەلگەن. بۇ ھالەت ئېنىقكى ئاتىلىق ئۇرۇقداشلىق جەمئىيىتىنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكلىرى بولۇپ، بۇ دەۋرلەردە كىشىلەر ئەر ئەجدادلارغا تېۋىنغان. سانجۇ ۋە كېيەز (ھازىرقى گۇما ناھىيەسىگە تەۋە) قىيا تاش سۈرەتلىرىدىكى ئوقيا ئېتىۋاتقان، مال بېقىۋاتقانلارنىڭ، ئاتلىق چەۋەندازلارنىڭ ئەرلەر ئىكەنلىكى؛ سامپۇل خارابىلىد-

① «پىلىغانوق تاللانما ئەسەرلىرى»، سەنلىيەن نەشرىياتى 1962 ـ يىلى نەشرى 396 ـ بەت.

ئۆزىتىش قارىشىنى بىلەلەيمىز.

تارىختىن بۇرۇنقى كىشىلەرنىڭ ئەجدادلارغا تېۋىنىش قارىشى تېخىمۇ ئۆزگىچىلىككە ئىگە بولۇپ، بۇنداق تېۋىنىش ــ جىن ـ ئەرۋاھلاردىن قورقۇش ـ ئەيمىنىش ۋە ئۇلارنىڭ پېشكەلچىلىكىدىن قوتۇلۇشنىڭ قارىشىسىدىكى جەمەتكە سېغىنىشى ـ ئەسلىشى ۋە ھۆرمەتتىدىن كېلىپ چىققان. «ئانا جەمەت ئۇرۇقداشلىق جەمئىيە-تىدە ئانىلار (ئاياللار) ھۆكۈمران ئورۇننى ئىگىلىگەن بولۇپ، جۈپ نىكاھ تۈزۈمى راۋاجلانغان ئىدى. شۇڭا بىر ئانىدىن تۇغۇلغان ياكى بىر ئانا بوغۇندىن پەيدا بولغان ئەۋلادلار بىر ئۇرۇق بولۇپ ئۇيۇش-تى.»[①] قەدىمكى ئۇدۇن خانلىقىنىڭ مەيدانىغا كېلىشى توغرىسىدىكى «يەر ئەمچىكى رىۋايىتى»نىڭ مەنبەسى ئايال جىنسقا تېۋىنىشتىن كەلگەن بولۇپ، ئۇنىڭدا زېمىن ئانىنىڭ ئەمچىكى بىلەن بېقىلغان ئۇدۇن پادىشاھىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى بايان قىلىنىدۇ. گەرچە بۇ رىۋايەت بۇددا ھېكايىسىغا ئايلاندۇرۇلغان بولسىمۇ، خوتەن رايونىدىن قېزىۋېلىنغان يادىكارلىقلار ئىچىدە ساپال بۇتلارنىڭ شەكلىدە يۈز-لىرىنىڭ سېمىز، گەۋدىسىنىڭ يۇقىرى تەرىپىنىڭ كومزەكتەك يۇ-ملاق، ئەمچەكلىرىنىڭ بەكمۇ يوغان بولۇشى، يەنى ــ «ئاياللارنىڭ سىغدۇرۇش، مۇھاپىزەت قىلىش، تۇغۇش ۋە تەربىيەلەشتىن ئىبارەت ئاساسلىق ئالاھىدىلىكى»[②] «يەر ئەمچىكى رىۋايىتى» بىلەن ئوخشاش-لىقىقا ئىگە. «يەر ئەمچىكى رىۋايىتى» ۋە «غەربكە كېلىپ ئۇمايغا ئىلتىجا قىلىش» قاتارلىق ئەپسانىلەر بارلىققا كەلگەن دەۋرلەردىكى ئىنسانلار توپىدا ئەڭ دەسلەپكى ئىش تەقسىماتى مەيدانىغا كېلىپ، ئائىلە ئىشلىرى، پىششىقلاپ ئىشلەش، بالا تەربىيەلەشلەرگە ئانىلار: ئوۋچىلىق ۋە تۈرلۈك ئاپەتلەردىن، ۋەھشىلەردىن ساقلىنىشقا ئا-تىلار مەسئۇل بولغان. ھەر قايسى ئۇرۇق ـ جەمەتلەردە ئانىنى ئا-

① ئەنۋەر بايتۇر، خەيرىنسا سىدىق: «شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخى» ئۇيغۇرچە، مىللەتلەر نەشرىياتى 1991 ـ يىلى 1 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 8 ـ بەت.

② ئېرلىچ رويمان: «بۇزرۇكۋار ئانا ئىلاھى ــ تىپ تەھلىلى» شەرق نەشرىياتى، 1998 ـ يىلى 9 ـ ئاي نەشرى 11 ـ بەت.

پەرھادنىڭ مۇھەببەت يولىدىكى دىشۋارچىلىقلىرى، چوڭ قۇملۇقنىڭ ئوتتۇرىسىغا ھەيۋەتلىك تاش قەلئە قۇرغانلىقى؛ رەزىل كۈچلەرنىڭ توسقۇنلۇقى ۋە ئېغىر شەرتلەرنى قويۇشلىرىغا پىسەنت قىلماي قۇملۇقنى كېسىپ ئۆتىدىغان ئۆستەڭ قېزىپ، يۇرتقا سۇ كەلتۈرگەنلىكى... قاتارلىقلار بايان قىلىنىدۇ. مەيلى «تەكلىماكان ئەپسانىسى» بولسۇن ياكى يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئىككى ئەپسانە بولسۇن (بۇ ئەپسانىلەرنىڭ تولۇق تېكىستى مۇشۇ يۈرۈشلۈك كىتابلارنىڭ 8 - تومى 5 - ،9 - بەتلىرىدە)، بۇلار ئەجدادلارنىڭ نەزىرىدىكى قەھرىمانلار. بۇ كىشىلەر ئۆزىدە تەبىئەتتىن ھالقىغان سېھرىي كۈچ ۋە ئەقىل - پاراسەتكە ئىگە بولغانلىقى بىلەن، ئىنساننىڭ قولىدىن كەلمەيدىغان، قۇدرىتى يەتمەيدىغان ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقارغۇچىلاردۇر.

«چىن ۋە ماچىن ئەپسانىسى»دىكى چىن بىنىنى ياپەس، «تىلسىملىق قەلئە ئەپسانىسى»دىكى پەرھاد، «چاشتانى ئىلىگ بەگ داستانى» (بۇ داستاندىكى «چاشتانا» نامى قەدىمكى خوتەننىڭ «قۇستانا، چاشتانا، گوستانا، كوستانا، قۇستان، كىھوستان»... دېگەندەك ئاتىلىشى، قەدىمكى خوتەن تىلى، پىراكرىت مەنبەلىرىدىكى نامى بولۇپ، بەزى تەتقىقاتچىلار بۇ داستاننى قەدىمكى خوتەندە بارلىققا كەلگەن دەپ قارايدۇ)دىكى ئىلىگ بەگ قاتارلىقلاردىن، ئەجدادلىرىمىزنىڭ يۇرتىنى قوغداش، قوۋملىرىنىڭ تۇرار جايلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش ئارزۇسىنى ئاشۇ كىشىلەرنىڭ روھىغا باغلاپ، ئۇلارنىڭ روھىدىن مەدەت ئېلىپ، جەڭگىۋارلىق، ئۇيۇشچانلىق ھېسسىياتىنى پەيدىنپەي شەكىللەندۈرگەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ (بۇلارنىڭ ئەلۋەتتە سىياسىي ۋە ھۆكۈمرانلىق ئېڭى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى نەزەردىن ساقىت قىلىشقا بولمايدۇ).

ئالاھىدە دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغان بىر نۇقتا شۇكى: ئەجدادلىرىمىزنىڭ قەھرىمانلار، سەركەردىلەر ۋە باتۇر شەخسلەرگە تېۋىنىش قارىشى ئاساسىدا يارىتىلغان بۇ ئەپسانىۋى ئوبرازلار ھەرىكەت قىلغان تەبىئىي مۇھىت (بۇ رايوندا «پەرھاد بەگ خارابىلىقى» دېگەن

قى، نىيا خارابىلىقى ۋە باشقا قەدىمىي ئىزلاردىن تېپىلغان ساپال ھەيكەللەرنىڭ پادىشاھ ۋە باشقا ئەر ئادەملەرنىڭ ھەيكەللىرى ئىكەنـ ـلىكىدىن، تارىختىن بۇرۇنقى مەزگىللەردە روھقا ۋە ئەجدادلارغا تېـ ـۋىنىش قارىشىنىڭ مەۋجۇدلىقى قىياسلىنىدۇ. ئەينى چاغلاردىكى ئەجدادلارغا تېۋىنىش رەسمىيەتلىرىنىڭ قانداق ئىكەنلىكى توغرىـ ـسىدا مەلۇماتلار بولمىسىمۇ، بۇ خىلدىكى ھەيكەللەر «ئاتىلىق ھوـ ـقوقى تۈزۈمىدىكى ئائىلىلەرنىڭ ئىلاھىي ـــ ئەجدادلارنىڭ روھى ئىدى. چۈنكى بۇنداق ئائىلە ئەزالىرى ئۆزلىرىنىڭ ئائىلە باشلىقىغا بولغان تۇغقانچىلىق ـ يېقىنچىلىق مۇھەببىتىنى ئەجدادلىرىنىڭ روھىغا يۆتكىگەنىدى.»①

قەدىمكى خوتەندە ئاتىلىق ئۇرۇقداشلىقىدا ئۇيۇشقان قەبىلىلەر ئاقساقاللىرى ۋە كېيىنكى دەۋرلەردىكى ھۆكۈمرانلارمۇ «مۇقەددەس كىشىلەر» دەپ قارىلىپ، ئۇلارنىڭ ھايات ۋاقتىدىكى ۋەز ـ نەسىـ ـھەتلىرى، چاقىرىق ـ ئىلتىجالىرى ئەۋلادلىرى، ئۇرۇق ـ بوغۇنلىـ ـرى تەرىپىدىن ئالاھىدە ئەتىۋارلىنىپ ئەمر ـ مەرۇپ دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن. ئۇلار ئاتا ئۇرۇقىنىڭ تېۋىنغۇچىسى دەپ قارىغان بۇ كىشىلەرنىڭ قەبرىلىرىنى ئالاھىدە ياساپ، بالىبال ئورنىتىپ، روـ ـھىغا نەزىر ـ چىراغ ئۆتكۈزۈپ، ياغ پۇرىتىپ، قەبرە ـ گۈمبەزلىرى ئۈستىگە تۇغ ـ ئەلەم تىكلەپ، ئات، قوتاز، قوچقار كاللىسى ۋە مۈڭگۈزلىرىنى ئېسىپ؛ مۇقەددەس كىشىلەرنىڭ روھىنىڭ يۇرت ـ ئاۋام ئىچىنى كېزىپ، ئۆزلىرىنى ھەر خىل تەبىئىي ئاپەتلەردىن، دۈشمەنلىرىنىڭ پاراكەندىچىلىكىدىن ساقلىشىنى ئۈمىد قىلىشقان.

روھقا ۋە ئەجدادلارغا تېۋىنىش قارىشىنىڭ يەنە بىر ئىپادىسى قوۋملىرى ئىچىدىن چىققان باتۇر سەركەردىلەر ۋە قەھرىمانلارغا تېـ ـۋىنىش بولۇپ، بىزگىچە يېتىپ كەلگەن ئەپسانىلەردە، مەسىلەن: «پەرھاد ئۈستىكى ئەپسانىسى» ۋە «تىلسىملىق قەلئە ئەپسانىسى»دا

---

① ۋاڭ شياۋلەن: «جۇڭگونىڭ ئەپسانە دۇنياسى»، جۇڭگو يازغۇچىلار نەشرىياتى 1991 ـ يىلى 8 ـ ئاي نەشرى 171 ـ بەت.

قوزۇپ تۇرغاچقا، كۈن، ئاي، يۇلتۇز، تاش ـ تۇپراق، تاغ ـ دەريا،
چاقماق ـ گۈلدۈرماما قاتارلىقلار مەلۇم تەرەپلەردىن ئۆزلىرىگە ياردەم
بېرىپ، ھاياتلىقىدا مۇشكۈلاتلىرىنى ئاسان قىلسا، ئۇ دۇنياغا سەپەر
قىلغاندا روھىنى ئازابتىن خالاس قىلىدىغانلىقىغا ئىشەنگەن. ئارخې-
ئولوگىيەلىك تېپىلمىلار ۋە ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئۆرپ
ـ ئادەتلىرىمىزدىن قارىغاندا: قىيا تاش سۈرەتلىرىدىكى يۇملاق ھال-
قا، ئىپتىدائىي دەۋرلەرگە مەنسۇپ دەپ قارالغان قاشتېشى بىلەزۈك-
نىڭ نۇر چەمبىرىكى، قەدىمكى باش كىيىملىرىمىزدىن سالۋا تەلپەك
ۋە كىچىك تەلپەك تۆپىلىكىنىڭ كىرېست بەلگىلىك تۆت تالالىق بو-
لۇشى، نانلىرىمىز ۋە ھاۋا چاقلىرىنىڭ يۇملاقلىقى، تۇرالغۇ ئۆيلەر
ئىشىكىنىڭ كۈنچىقىشقا قاراپ ئېچىلىشى، يۇملاققۇم قەدىمكى شە-
ھىرى خارابىلىقىدىكى قەبرىلەرنىڭ نۇر چېچىپ تۇرغان قۇياشقا تەق-
لىد قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇلغانلىقى قاتارلىقلار؛ كېسەل كىشىلەرنى
ئېسرىق ـ بۇي سېلىپ، ئوت ئۇچۇرتۇپ، چوغ چايقاپ ئىچكۈزۈپ
داۋالاش؛ ئىپتىدائىي دەپنە ئادەتلىرى ئىچىدىكى مېيىتنى كۆيدۈرۈپ
دەپنە قىلىش، مېيىت كۆيدۈرۈلگەن گۈلخاننى چۆرىدەپ مۇراسىم
ناخشىلىرىنى ئوقۇش؛ تويى بولغان قىزنى ئوتتىن ئاتلىتىش، ئۆيلەر ـ
گەمىلەر ۋە قونالغۇلاردا چوغ ساقلاش ـ ئوتنى ئۆچۈرمەسلىك قاتار-
لىقلار؛ چاقماق چېقىپ گۈلدۈرمامىلىق بوران كۆتۈرۈلگەندە «ئۆتكۈن
ئۆتتى»، «قىرىق چىلتەن غەزەپلىنىپ جەڭگە چىقتى» دەپ قاراش؛ ئۆز-
لىرىنىڭ تەلەيلىك ـ تەلەيسىزلىكىنى ئاي ـ يۇلتۇز بىلەن سىناش،
شۇنداقلا ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەر قايسى تەرەپلىرىگە ئۇلارنىڭ
ئايلىنىش ۋە كۈرۈنىشىنى باغلاش قاتارلىقلار؛ قۇرغاقچىلىق مەزگى-
لىلىرىدا يادا قىلىپ (تاش ئەڭ خاسىيەتلىك ماددا ھېسابلىنىدۇ) يامغۇر
ـ يېشىن تىلەش، ھۆل ـ يېغىنىنىڭ ھەددىدىن زىيادە كۆپ ۋە كەلكۈن
پەسىللىرىدە نەزىر ـ چىراغ ئۆتكۈزۈپ ئۇنىڭ توختىشى ۋە تارتىلىشى-
نى تىلەش قاتارلىقلاردىن تەبىئەتكە تېۋىنىش قارىشىنىڭ ئۇدۇم سۈپى-
تىدە ناھايىتى ئۇزاق داۋام قىلغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

قەدىمكى خارابىلىق بار)، مەشغۇل بولغان مۇشكۇلاتلارنىڭ بۇ رايوننىڭ جۇغراپىيەلىك مۇھىتى ۋە ئەزەلدىن سۇ مەسىلىسىنىڭ بۇ رايوندىكى بىردىنبىر مۇھىم مەسىلە بولۇپ كەلگەنلىكى بىلەن بىردەك بولۇشى؛ ئىپتىدائىي تېۋىنىش قاراشلىرى ئىچىدىكى «جىن ـ ئالۋاستىلار بار، نىجىسلىقلارنىڭ ھەممىسى شۇلاردىن كېلىدۇ» دېگەن قورقۇم ـ ئەندىشىلىرىگە كۆرە، بۇ قەھرىمانلارنىڭ جىن ـ ئالۋاستىلار بىلەن، جادۇگەر ـ كەمپىرلەر بىلەن جەڭ قىلىشى قاتارلىقلار روھقا، ئەجدادلارغا بولۇپمۇ ئەجدادلار ئىچىدىكى مۇقەددەس كىشىلەر (يۇقىرى تەبىقە ھۆكۈمرانلىرى)، قەھرىمان ـ سەركەردىلەرگە تېۋىنىشنى تېخىمۇ چىڭلىقتا، يېقىنلىقتا، تېخىمۇ مۇقەددەسلىككە ئىگە قىلغان.

2) تەبىئەتكە ۋە خىسلەتلىك نەرسىلەرگە تېۋىنىش قارىشى

تارىم بوستانلىقىدىكى ئىنسانلارنىڭ ئەڭ قەدىمكى تېۋىنىش قارىشىنىڭ يەنە تەبىئەتكە، خىسلەتلىك نەرسىلەرگە تېۋىنىشمۇ روشەن ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشى بىلەن زىچ ئالاقىسى ۋە پايدا ـ زىيان مۇناسىۋىتى بولغان تەبىئەت ھادىسىلىرى، تەبىئەت كۈچلىرى ۋە تەبىئەت ماددىلىرىنى، مەسىلەن: كۈن، ئاي، يۇلتۇز، زېمىن، تاغ ـ دەريا، چاقماق ـ گۈلدۈرماما، بوران ـ يامغۇر؛ قوي، كالا، ئات؛ دەل ـ دەرەخ قاتارلىقلارنى ئۇلۇغلىغان، ئۇلارغا ئىلاھىي تۈس بېرىپ، ئۇلاردىن مەدەت تىلىگەن. بىر قەدەر تېپىكرەك بولغان بۇ خىل تېۋىنىش تۆۋەندىكى جەھەتلەردە ئەكس ئېتىدۇ:

(1) تەبىئەتكە تېۋىنىش. قەدىمكى ئەجدادلىرىمىز ئوۋچىلىق، چارۋىچىلىق ۋە تېرىقچىلىق قىلىش؛ ئىجتىمائىي ئالاقە؛ يېيىش، كىيىنىش، تۇرالغۇ بىنا قىلىش داۋامىدا تەبىئەتتىكى ھادىسىلەر، مەۋجۇداتتا جان بار دەپ قاراپ، ئۇلارنى ھەم ئۆزلىرىگە تەققاسلىغان ھەم ئۇلاردىن ئەيمىنىش، قورقۇش ھېسسىياتىدا بولۇشقان. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە ھەر خىل مەۋجۇدات ۋە ھادىسىلەر مەلۇم ۋەزىپىلەرنى ئارتـ

نى ئازايتىش ۋە ئالدىنى ئېلىشقا بولغان خام خىيالى، ساددا تەپەك-كۇرىدا ئورمانزارلىق غايەت زور دەرەخلەر تۈسىدە ئەكس ئەتكەن. ئۇلاردا ئەڭ كۈچتۈنگىر، بەتهەيۋەت مەخلۇق دىۋە، ئۆزگىرەلەيدىغان، كۆندۈزدىن كۆرە كېچىسى ھەرىكەت قىلىدىغان مەخلۇقات جىن ـ شاياتۇن دەپ قارالغىنىدەك، غايەت ئېگىز ئۆسكەن تېرەك، توغراق، جىگدە قاتارلىق دەرەخلەر زوقلىنىش، ھەيران قېلىش، ئەيمىنىش ـ قورقۇش ھېسسىياتىنى پەيدا قىلغان. مەۋجۇدىيەت ئالىمىدىكى كۈن، ئاي، يۇلتۇز؛ تاغ ـ ئۆڭكۈر ۋە تۈرلۈك تەبىئەت ھادىسىلىرى-دىن شامال ـ بوران، يامغۇر ـ يېشىن، چاقماق ـ گۈلدۈرماملار ئىنسانلار تەرىپىدىن ئىلاھلاشتۇرۇلۇپ، بۇ ئىلاھلارنىڭ ھەر بىرى مەلۇم ۋەزىپىلەرنى ئۆز ئۈستىگە ئالغانلىقىغا ئىشەنچ تۇرغۇزۇلغى-نىدەك، دەل ـ دەرەخلەرنىڭمۇ مەلۇم روھقا ۋەكىل ـ مۇئەككەل بو-لۇپ، ئۆزلىرى ئۇچرىغان مۈشكۈلاتنى ئاسان قىلىدىغانلىقىغا، تى-لىگەن ـ ئۈمىد قىلغان نەرسىلىرىنى بېرىدىغانلىقىغا ئىشەنگەن. بۇ جەھەتتە تۆۋەندىكى پاكىتلارنى كەلتۈرۈشكە بولىدۇ:

ھازىرقى لوپ ناھىيەسىنىڭ ئاچچىق تاغ رايونىدا «ئۈجمە مازار غوجام» دەپ ئاتىلىدىغان بىر مازار بولۇپ (بۇ يەردىكى غايەت زور ئۈجمە دەرىخى بىلەن زىچ باغلانغان بىر رىۋايەتمۇ بار)، بۇ جايدا چوڭ دەرەخلەر ۋە ئازغان قاتارلىق ئۆسۈملۈكلەردىن شەكىللەنگەن يېشىل كارىدور ۋە گىمىلەر ساقلانغان. كىشىلەر بۇ يەرگە كېلىپ قەبرىدى-كى خادىلارغا، ئازغان شاخلىرىغا تۇغ باغلاپ ئەرسىز ئاياللار ئەر، ئا-يالسىز ئەرلەر ئايال جورا تىلىگەن؛ قاراقاش ناھىيەسىنىڭ «يالغۇز ئوغۇل پاششىم» مازىرىدىكى بىر تۈپ چوڭ دەرەخنى «خىسلەتلىك دەرەخ» دەپ قاراپ، پەرزەنتلىك بولالمىغانلار ئۇنىڭغا تۇغ باغلاپ، ئارزۇ ـ تىلەكلىرىنى ئىپادىلىگەن (بۇ خىل ئادەت 20 ـ ئەسىرنىڭ 60 ـ 70، ـ يىللىرىغىچە داۋام قىلغان). خوتەن شەھىرى جىيا يې-زىسىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان «ئىمامى ئاسىم مازىرى» ئەتراپىدىكى يوغان توغراقمۇ «خىسلەتلىك دەرەخ» ھېسابلىنىپ، تۇغماس ئاياللار

كۆرسىتىپ ئۆتۈلگىنىدەك، مەشھۇر «يەر ئەمچىكى ئەپسانىسى» ئۇدۇن پادىشاھلىقىنىڭ قۇرۇلۇشى تېما قىلىنغان، ئانىمىزىم چۈ-شەنچىسىنى ئاساس قىلغان ئەپسانە بولسىمۇ، ماھىيەتتە ئۇ زېمىنغا ـــ تۇپراققا تېۋىنىشنىڭ بۇددىزىم پەردىسىگە ئورالغان ھالەتتىكى ئىپا-دىلىنىشى ئىدى. «ئۇلۇغ ئاتا رىۋايىتى»دىن قالغان «ئۇلۇغ ئاتا داۋ-نى» نامى، كۆھمارىم سەيلىگاھىدىكى «مۇقەددەس ئۆڭكۈر»، قارا قۇ-رۇم تاغلىرىدىكى «تامغا تاش»، «ئادەمتاش» قاتارلىقلار، شۇنىڭدەك خوتەن رايونىدىكى بىر قىسىم يەر ناملىرىدا تەبىئەت مەۋجۇدات ۋە ھادىسىلىرىنى بىۋاسىتە ئىپادىلەيدىغان نامالارنىڭ بولۇشى، ئەجداد-لىرىمىزنىڭ ئېكولوگىيەلىك سېزىم ۋە دەسلەپكى ئېكولوگىيەلىك تەجرىبىلىرىگە ـــ يەنى ساددا تەپەككۇرىغا تايىنىپ مەۋجۇدات ۋە تۈرلۈك تەبىئەت ھادىسىلىرىگە تېۋىنىپ كەلگەنلىكىنى فولكلور نۇقتىسىدىن ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. بۇنداق تېۋىنىش قارىشىنىڭ پەيدا بولۇشى «ئىنسانلار تەبىئەت ئالدىدا مۇنداق ئىككى ياقلىمىلىققا ئىـ-گە بولغان. بىرى، ئۇلار كۈرەش قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولغاچقا، تەبىئەت دۇنياسىنى بويسۇندۇرۇش ئارقىلىق ئۆز ھاياتىنى ساقلاپ قالالىغان؛ يەنە بىرى، يۆلىنىۋالىدىغان پاسسىپلىقىنى ئىپادىلەپ، پەرەز، خام خىيال قىلىش ۋە تىلەش ئارقىلىق تەبىئەت كۈچلىرىنىڭ ئىلتىپاتىغا ئېرىشىشنى ئۈمىد قىلغانلىقتىن كېلىپ چىققان»[①] دەپ يەكۈنلەش مۇمكىن.

(2) مۇقەددەس دەل ـ دەرەخلەرگە تېۋىنىش. ئەجدادلىرىمىز تە-بىئەتتىكى بارلىق نەرسىلەردە جان بار دەپ قارىغاچقا، جانلىقلاردىن تاشقىرى دەل ـ دەرەخ، ئۆسۈملۈكلەرگە تېۋىنىشمۇ مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن. خوتەن رايونىدىكى قۇرغاق مۇھىت ۋە ياشاش داۋامىدىكى يېشىللىققا بولغان ئىنتىلىش، ئۇلارنىڭ قۇم ـ بوراننىڭ تەھدىتىـ-

① سوڭ جاۋلىن قاتارلىقلار تۈزگەن: «جۇڭگونىڭ ئىجتىمائىي جەمئىيەت تارىخى»، مەدەنىيەت يادىكارلىق نەشرىياتى 1983 ـ يىلى نەشرى 461 ـ بەت.

قى جەنۇبتىن شىمالغا 50 مېتىر، شەرقتىن غەربكە كەڭلىكى 30 مېتىر — يەنى 1500 كۋادرات مېتىر يەرنى ئىگىلىگەن توققۇز رەتتىن تەركىب تاپقان، ئىككى مىڭ يىللار ئىلگىرىكى ئۈزۈمزارلىق. يەنە كىشىلەر تەرىپىدىن «ئۈزۈم پادىشاھى» دەپ ئاتالغان بىر تۈپ ئاينۇق مۇناقى ئۈزۈم تېلى لوپ ناھىيە هاڭگىيا يېزا ئۆستەڭئۈچى كەنتىدە بولۇپ، 231 كۋادرات مېتىر دائىرىنى ئىگىلىگەن)؛ «ياڭاق پادىشاھى» (خوتەن ناھىيە باغچى بازىرى قالىغاچ كەنتىدىكى ئېگىزلىكى 18 مېتىر 80 سانتىمېتىر. ئېگىزلىكتىكى غول ئايلانمىسى 5.5 مېتىر، شاخ تاجىسى 300 كۋادرات مېتىر يەرگە يېيىلغان، تىكىلگىنىگە 850 يىلدىن ئاشتى دېيىلىۋاتقان قەدىمىي دەرەخ)؛ «قەدىمىي ئەنجۈر دەرىخى» (خوتەن ناھىيە لايقا يېزىلىق هۆكۈمەتنىڭ ئارقا هويلىسىدا، غول ئايلانمىسى يېرىم مېتىردىن ئاشىدىغان، شاخ يېيىلمىسى 250 كۋادرات مېتىر يەرنى ئىگىلەيدىغان، يىلىغا 15 مىڭ دانىدىن مېۋە بېرىدىغان، كىشىلەر تەرىپىدىن «ئەنجۈر پادىشاھى» دەپ تەرىپلىنىدىغان «خىسلەتلىك دەرەخ»)؛ «قەدىمىي ئەرمەدۇن» (نىيا ناھىيە ئەندىر چارۋىچىلىق مەيدانى دائىرىسىدىكى ئېگىزلىكى 20 مېتىر، ئايلانمىسى ئۈچ مېتىر كېلىدىغان، تىكىلگىنىگە 400 يىلدىن ئاشقان دەرەخ)؛ «قەدىمىي چىنار» (قاراقاش ناھىيە ئاقساراي يېزا گۈلباغ كەنتىدىكى ئېگىزلىكى 35 مېتىر، غول ئايلانمىسى توققۇز مېتىر، ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 840 كۋادرات مېتىر بولغان، يەتتە پۇتاقلىق «چىنار شاھى» دەپ ئاتالغان دەرەخ) قاتارلىقلار؛ شۇنىڭدەك نىيا ناھىيەسىنىڭ نىيا يېزىسىدىكى، چىرا ناھىيەسىنىڭ نۇرى يېزىسىدىكى (550 يىللىق، 320 يىللىق) 30 مېتىردىن ئارتۇق ئۆسكەن تېرەكلەر؛ نىيا ناھىيە ئەندىر چارۋىچىلىق مەيدانى دائىرىسىدىكى مىڭ يىلدىن ئارتۇق تارىخقا ئىگە، 35 مېتىر ئېگىزلىكتىكى قەدىمىي توغراق قاتارلىق دەرەخلەرنىڭ ھەر بىرسىگە ئائىت ئەپسانە - رىۋايەتلەر، ئۇلارنىڭ «خاسىيەتلىرى» توغرىسىدىكى ئۆگۈتلەر، قورقۇم ئادەتلىرى ساقلانغان.

«شەرتنى ئادا قىلىش» ئۆگۈتى بويىچە، ئوغۇل ئارزۇلىسا توغراق غو ـ لىغا پىچاق، قىز ئارزۇلىسا يىڭنە سانجىپ، مەلۇم ئايەتلەرنى ئوقۇپ تىلەك تىلەپ، توغراق ئالدىدا «شەرتنى ئادا قىلغان». بەزىلىرى ئىپ ـ گىز قۇم بارخىنى ئۈستىدىن توغراق تۈۋىگە دومىلاپ ـ سىيرىلىپ چۈشۈپ تىلەك تىلىگەن. چىرا ناھىيەسىنىڭ چىرا يېزا ماخمال كەنتىدە بىر تۈپ غايەت زور ئۆسكەن «قولاق تېرىكى» بولۇپ (1959 ـ يىلى كېسىۋېتىلگەن)، قولاق كېسەللىكلىرىدىن ساقىيالمىغان كى ـ شىلەر بۇ يەرگە كېلىپ، شەيخنىڭ بېجىرىشى بىلەن چوغدانىغا چوغ ئېلىپ ئۈستىگە سەندەل، كېپەك قاتارلىقلارنى سېلىپ، ئىس ئۆر ـ لىتىپ بۇي سالدىغان، تىلەك دۇئاسى بىلەن ئىس ـ بۇي بىمارنىڭ قولاقلىرىغا ھورۇلۇپ، شىپا تاپىدىغان ئادەت بولغان. چىرا ناھىيە ـ سى ھاشى دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىنىدىكى «قىزىلىيول مازار» ئەترا ـ پىدىكى «كۆز بۇلىقى» دەپ ئاتىلىدىغان 360 كۆزدىن ئارتۇق بۇلاق سۈيىنىمۇ كىشىلەر قەدىمدىن بۇيان «خىسلەتلىك سۇ» دەپ قاراپ ئە ـ تىۋارلاپ كۆزىگە تارتقان. كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭ سۈيىنى ئىچىپ، «كۆز ئاغرىقلىرىدىن شىپاھ تاپقانلىقى» توغرىسىدا رىۋايەتلەر بار.

«يالغۇز دەرەخنى كەسمىگۈلۈك»، «چوڭ دەرەخ يۇرتنى قوغدايدۇ، يۇرتقا ئامەت ئېلىپ كېلىدۇ» دېگەندەك ئەقلىيە ـ ئۆگۈتلەر قەدىمدىن ھازىرغىچە ئاۋام ئارىسىدا ساقلىنىپ كەلگەچكە، بۇ رايوندىكى ئۇزۇك بوستانلىقلاردا چوڭ دەرەخلەر ئىلاھىي ۋە سېھرىي تۈسكە ئىگە قىلى ـ نىپ، موھتاجلىق، مۇشكۇلاتنى يېڭىشتىكى روھىي تۈۋرۈكلا ئە ـ مەس، بەلكى، بەخت ـ ئامەت، ئىپتىخارلىق، ئۈيۈشچانلىقنىڭ قۇت بەلگىسى — سىمۋولىغا ئايلانغان. مەسىلەن: «قەدىمكى ئۈجمە دەرەخ ـ لىرى» (نىيا خارابىلىقىدىكى ئىككى مىڭ يىللار ئىلگىرى تىكىل ـ گەن، ئېگىزلىكى تۆت ـ بەش مېتىر، غول ئايلانمىسى 30 ـ 40 سانتىمېتىر كېلىدىغان، يول ۋە كۆل بويلىرىنى چۆرىدىگەن)؛ «قە ـ دىمكى ئۈزۈملۈك ۋە ئۈزۈم پادىشاھى» (نىيا خارابىلىقىدىكى ئۈزۈملۈ ـ

قاراشلىرى ئىچىدە مازارلارغا تېۋىنىش بەكمۇ قەدىمىيلىككە ئىگە. روھقا تېۋىنىش قارىشىنىڭ تېخىمۇ سېھرىي تۈسكە ۋە كونكرېتلىققا ئىگە بولۇشىدا، مازارلارنىڭ ئۆلۈپ كەتكەن ئۇرۇق - قەبىلە ئاقساقاللىرىنىڭ، قەبىلە - ئۇلۇسلار ئارا يۈز بەرگەن توقۇنۇشلاردا باتۇرلۇق كۆرسىتىپ قۇربان بولغان سەركەردىلەر ۋە يولباشچىلارنىڭ روھى بىلەن تىرىكلەرنى باغلاپ تۇرۇش رولى ناھايىتى زور ھېسابلانغان. خوتەن رايونىدا ئانىلىق ۋە ئاتىلىق ئۇرۇقداشلىق دەۋرلىرىگە مەنسۇپ بولغان مازارلارنىڭ يەر ئۈستى خارابىلىقى بايقالمىغان ياكى بۇ ھەقتە يازما مەنبەلەر قالدۇرۇلمىغان بولسىمۇ، سامپۇل قەدىمىي قەبرىستانلىقى ۋە يۇمىلاققۇم، قارادۆڭ خارابىلىقى قاتارلىق ئورۇنلاردىكى كەڭ كەتكەن قەبرىلەر توپىدىن بۇ جايلارنىڭ خوتەنلىكلەر بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىشتىن ئىلگىرىكى مازارلىقلار ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈرۈشكە بولىدۇ. بۇ قەبرىلەردىكى ئەر - ئايالنىڭ بىر لەھەتكە دەپنە قىلىنىشى، يېنىغا ھەمدەپنە بۇيۇملارنىڭ قويۇلۇشى، بىر قىسىم لەھەتكە ئېگەر - يۈگەنلىك ئات، ئوقيا ۋە باشقا قوراللارنىڭ بىللە قويۇلۇشىدىن شۇنداقلا قېزىلغان ھەممە قەبرىلەردە بۇ خىل دەپنە ئادەتلىرىنىڭ بولماسلىقى، مازار ئېتىقادچىلىقىدىكى «قۇتقۇزغۇچى روھ»، «مەدەت، قۇت - ئامەت كەلتۈرگۈچى ئىلاھ» قارىشىنىڭ پەيدىنپەي شەكىللىنىشكە باشلىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 242 - يىلى قۇرۇلغان ئۇدۇن خانلىقىنىڭ بۇددىزم ئېتىقادى بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان سىياسىي، ئىجتىمائىي تارىخىدا مازارلارغا تېۋىنىش يوسۇن - ئادەت تۈسىدىن ئەمر - مەرۇپ تۈسىگە ئىگە بولغانلىقى، بۇ خانلىقتا بۇددىزم ئەقىدىسىنىڭ پادىشاھتىن تارتىپ ئاۋامغىچە ئومۇملىشىشىدا مۇھىم ئورۇن تۇتقان. شۈەنزاڭ «غەربىي يۇرت ساياھەت خاتىرىسى» دە بايان قىلىنغان، بۇ ئەلدە ھەر يىلى 4 - ئاينىڭ بېشىدىن 15 - كۈنلىرىگىچە ئۆتكۈزىدىغان بۇت سەيلىسى ۋە تاۋاپ پائالىيىتى شەھەردىن باشلىنىپ، شەھەر سىرتىغا سېلىنغان ئىبادەتخانىلاردا ئاخىرلىشىپ،

دېمەك، دەل ـ دەرەخلەرنى، ئۆسۈملۈكلەرنى ئۇلۇغلاش ۋە مۇقەددەس بىلىش — ئۇدۇن خانلىقىنىڭ قۇرۇلۇشىغا دائىر ئەپسانىلەردىكى «دەرەخ كاۋىكىدىن تۇغۇلغان بوۋاق» ۋارىيانتلىق ئەپسانىدىن باشلانغان بۇ خىل مۇقەددەملىك، كېيىنكى دەۋرلەردىمۇ ئەجدادلىرىمىزنىڭ مۇقەددەس دەرەخلەرگە بولغان تېۋىنىشىنى ئۈزۈكسىز كۈچەيتكەن. چۆچەكلەردىكى «خاسىيەتلىك ئالما»، «ساقال چىقىرىپ قويىدىغان شاپتۇل»، «مۈڭگۈز چىقىرىپ قويىدىغان نەشپۈت» قاتارلىقلارنىمۇ، مۇقەددەس دەل ـ دەرەخلەرگە سېھرىي تۈس بېرىپ، ئۇنىڭغا تېۋىنىشنى ئېغىز ئەدەبىياتى ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈرگەنلىكىنىڭ ئىپادىسى دېيىشكە بولىدۇ.

شۇنىسى قىزىقكى، «يالغۇز دەرەخنى كەسمىگۈلۈك»، «مېۋىلىك ھەم مېۋىسىز ياش نوتىنى ئۇشتۇمىغۇلۇق» دېگەن ئۆگۈتنىڭ ئەكسىچە ئەجدادلىرىمىز «شاخ يېرىش» دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل روھىي تەسەللى پائالىيىتى بىلەنمۇ مەشغۇل بولغان. ئۇلار باغجانلاپ ئۆسكەن، ماندا قاتارلىق پېلەكلىك ئۆسۈملۈكلەر غول ـ شاخلىرىنى چىرماپ، كىشى ئەيمىنگېدەك بۈكلۈك ھالەتكە كەلگەن جىگدە ۋە يۇلغۇن شاخلىرىنى يېرىپ ـ سۇندۇرۇپ، ئۇنىڭغا ئايەتلىك تۇمار، لاتا ـ پۇتىلارنى ئېسىپ، ئۆزلىرىگە زىيانكەشلىك قىلغان، ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن ئازابلىغان كىشىنىڭ ئۆلۈمىنى (قاچانكى جىگدە ياكى يۇلغۇننىڭ ئۇشتۇلغان شېخىدىن بىر تېمىم سۇ يەرگە تامسا، قارغىغان كىشى ئۆلىدۇ، دەپ قارالغان)، يەتتە ئەۋلادىنىڭ خورلۇقتا ئۆتۈشىنى تىلەشنى ئادەت قىلغان. بۇ گەرچە دەرەخلەرنى ئۇلۇغلاش ـ مۇقەددەسلەشنىڭ، ئۇلارغا قول ئۇزاتماسلىقنىڭ قارشىسىدىكى ئىش بولسىمۇ، ماھىيەتتە يەنىلا ئۆزلىرى تېۋىنغان ئاشۇ دەرەختىن روھىي مەدەت تىلەش ئىدى.

3) مازارلارغا تېۋىنىش

يىراق ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىپتىدائىي تېۋىنىش قاراشلىرى ۋە شامان دىنى، زارا ئاستىرو دىنى مۇھىتىدىكى ئىجتىمائىي، ئەخلاقىي

رىنىڭ مۇشكۇلاتلىرىنى ئاسان قىلىشنى، ئۆتكۈزگەن گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلىشنى تىلەپ، ئۇلارنىڭ روھىغا تېۋىنغان.

## 2. كىشىلەرنىڭ قىياپىتى توغرىسىدىكى قاراشلار

قەدىمكى خوتەنلىكلەرنىڭ ئىپتىدائىي ئېتىقاد ـ چۈشەنچىلىرى ئىچىدە، كىشىلەرنىڭ قىياپىتى توغرىسىدىكى قاراش ـ چۈشەنچىلەر ئادەت ئومۇمىيلىقىغا ۋە بىر قىسىملىرى پەرھىز ـ ئۇدۇملۇققا ئىگە بولغان هالدا ئېتىقاد فولكلورىنىڭ مەزمۇنىنى بېيىتقان ھەم تولۇلەندۇرگەن. ئۇلاردىكى شەمسىيە كالېندارچىلىقى، نۇجۇمخۇنلۇق، پېرىخۇنلۇق ۋە پال سېلىش مەزمۇنلىرىغا، شەكلىگە، ئۇسۇلىغا قىياپەت ۋە پاراسەت ھەققىدىكى ئىزدىنىشلەر قوشۇلغان. تەكلىماكان بويلىرىدىكى ئۆزۈك بوستانلىقلارنى بەرپا قىلغان ۋە يېشىللىقلارنى ساقلاپ كەلگەن ئەجدادلىرىمىز ئالەم، يارىلىش، تەبىئەت ۋە ئىنسان چۈشەنچىلىرىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرغان ئاساستا ئىنسان خاراكتېرى بىلەن نەسلىنىڭ مۇناسىۋىتى، ئىنسان خاراكتېرى بىلەن قىياپەتنىڭ مۇناسىۋىتى ھەققىدە خىلمۇ خىل ئەپسانە ـ رىۋايەتلەرنى، ماقال ـ تەمسىللەرنى ئىجاد قىلغان. بۇددىزم دەۋرىدە كىشىلەرنىڭ قىياپىتى توغرىسىدىكى ئىزدىنىشلەردە ئىلگىرىلەشلەر بولۇپ، بۇددىزم ئەقىدىلىرى ئاساسىدا يېڭى مەزمۇنلار ۋە قاراشلار مەيدانغا كەلگەن. كىشىنىڭ قىياپىتىگە قاراپ قىسمىتىگە، مىجەزىگە ۋە ئىش ـ ھەرىكىتىگە باها بېرىش ئاساس قىلىنغان بۇ قاراشتا، ھەر قانداق ئىشنىڭ ئوتتۇراھال بولۇشىنى ياخشى، ئوتتۇراھاللىق ھەر قانداق ئىشنى خەيرلىككە يەتكۈزىدۇ، دەپ تونۇلغان.

ئەجدادلىرىمىزنىڭ كىشىلەرنىڭ قىياپىتى توغرىسىدىكى قاراشلىرى كىلاسسىك ئەسەرلەر ئارقىلىق بىزگىچە يېتىپ كەلگەن. بۈيۈك مۇتەپەككۇر يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» ناملىق ئەسىرىدە كىشىلەرنىڭ قىياپىتىگە ئالاھىدە ئورۇن بېرىلگەن. ئۇ ـ

ئىبادەتخانىلارنىڭ يېنىدىكى مازارلارغا تېۋىنىپ، ئۇلۇغلار روھىدىن مەدەت تىلىگەنلىكى، بۇ سەيلە ـ تاۋاپ پائالىيىتىنىڭ پادىشاھنىڭ بىۋاستە ئىشتىراكى بىلەن ئېلىپ بېرىلىدىغانلىقى، ئېپتىدائىي ئېتىقاد ئادەتلىرىنىڭ بۇ دەۋرلەردە ئىجتىمائىيلىشىپ خانلىقنىڭ مەنىۋى بايلىقىغا ئايلانغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

ئەپسانە ـ رىۋايەتلەردىن بىلىنگەن ئۇچۇرلاردىن قارىغاندا خوتەندىكىلەر ئارىسىدا مىڭ يىللار داۋام قىلغان بۇددىزىم ئېتىقادى دەۋرلىرىدىكى مازارلار، كېيىنكى ئىسلام دىنى ئېتىقادىغا ئۆتكەن10 ـ ئەسىرلەردە ئىسلام ئەقىدىسى بويىچە توقۇلغان، پۈتۈلگەن ۋە تارقالغان قىسسە ـ جەڭنامىلەر، تەزكىرىلەردە ئۇلارغا يېڭى لىباس كىيدۈرۈلۈپ، يېڭى چۈشەنچە ـ تەدبىرلەر ئاساسىدىكى ۋەز ـ تەرغىباتلارنىڭ تەسىرىدە ئىسلام مۇرىتلىرىنىڭ تاۋاپگاھىغا ئايلانغان. قاراخانىيلار بىلەن خوتەن بۇددىستلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئاشۇ ئۇزۇنغا سوزۇلغان دىنىي ئۇرۇشلاردا جېنىدىن جۇدا بولغان يۈز مىڭلىغان كىشىلەرنىڭ يەرلىكىدىن پەيدا بولغان نەچچە يۈزلىگەن مازارلار، ئەجدادلىرىمىزنىڭ تېۋىنىدىغان، ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئالىدىغان، دائىمىي يوقلاپ تۇرىدىغان مۇقەددەس جايىغا ئايلىنىپلا قالماستىن، بۇ رايونغا قەدەم باسىدىغان، «دىنىي غازات» ئۇرۇشلىرىغا قاتناشمىغان بىر قىسىم ئەرەب سەركەردىلىرى ۋە ئۆلىمالىرىنىڭ مۇشۇ زېمىندىكى تۇپراققا دەپنە قىلىنغانلىقىغا تولۇق ئىشىنىپ، ئۇلارنىڭ نامىغا يېڭىدىن بىر قانچە مازارلارنى بەرپا قىلىشقان. «پىر»، «ئۇلۇغ» كىشىلەرنىڭ نامىغا مازار بىنا قىلىپ، ئۇلارغا تېۋىنىش ئىسلام شەرىئىتى ۋە تەرىقىتىگە مۇخالىپ بولسىمۇ، ئوتتۇرا ئەسىرلەردە «شېھىدانە خوتەن» دەپمۇ ئاتالغان بۇ ئۇزۇن بوستانلىقلاردىكى خەلقىمىز مازارلارغا تېۋىنىشنى «تاۋاپ قىلىش» شەكلى بىلەن يۇقىرى قىزغىنلىققا، ئادا قىلىدىغان روھىي قەرىز دەرىجىسىگە كۆتۈرگەن. مازارلارنىڭ يېنىغا مەسجىت ـ ئېتىكاپخانىلارنى بىنا قىلىپ، خەتمە قۇرئان قىلىش، تائەت ـ ئىبادەت ۋە زارا خەتمە ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق، بۇ مازارلاردىكى «شېھىت»لەر ـ يەنى «ئۇلۇغلار»دىن ئۆزلە-

ئالامەتلىرىگە ئاساسەن، ئاجىز، جۇرئەتسىز كىشىلەرنىمۇ قىزغىن ۋە سەممىي مۇئامىلىسىدىن مەھرۇم قىلمىغان.

ئۇلارنىڭ كىشىلەرنىڭ قىياپىتى توغرىسىدىكى قاراشلىرى كىشىلىك تۇرمۇش تەجرىبىلىرىنىڭ يەكۈنلىنىشى ۋە ھايات ھەققىدىكى ئىزدىنىشلىرىنىڭ ئۈزۈكسىز داۋاملىششى بولۇپ، كىشىلەرنىڭ خاراكتېرلىك ئالامەتلىرىنى نەزەرگە ئېلىپ مۇئامىلە قىلىش ئارقىلىق ئىجتىمائىي جەمئىيەتتە ئۇچرايدىغان تۈرلۈك ئوڭۇشسىزلىقلار، تۇرمۇش دۇقاللىرىدا ناچار كىشىلەرنىڭ ئالداشلىرى، زىيادىكەشلىكلىرى ۋە تۈرلۈك خېيىم ـ خەتەرلەردىن ھوشيار بولۇش، ساقلىنىش ھەمدە ئىجتىمائىي توپنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى ساقلاپ قېلىشنى نەزەردە تۇتقان.

ئەجدادلىرىمىزنىڭ كىشىلەر قىياپىتى ھەققىدىكى قاراشلىرى گەرچە كېيىنكى مەزگىللەردە «خۇراپاتلىق، ئىدېئالىزم» دەپ قارالغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئاساسىي قىسمى يەنىلا «ئادەملەردىكى خاراكتېر، خۇسۇسىيەتلەر ئۆزگەرمەيدىغان بولماستىن، تەربىيەلىنىش جەريانىدا يامان خۇسۇسىيەتلەر ياخشى خۇسۇسىيەتكە ئايلىنىدۇ» دېگەندەك ماتېرىيالىستىك پەلسەپىۋى قاراشلار ئورۇن ئالغاچقا، يەنە كېلىپ، بۇلار ساددا تەپەككۇر ۋە ئىپتىدائىي ئېتىقاد ـ قاراشلارنىڭ مەھسۇلى (مېغىزى بىلەن شاكىلى ئايرىلىشىپ كەتكەچكە) بولغاچقا، ئۇنىڭغا ئادەت فولكلورى سۈپىتىدە قارايمىز، ئەلۋەتتە.

تۆۋەندە خوتەن رايونىدا ئاۋام ئىچىگە تارقىلىپ، رىسالە قىلىنىپ پۈتۈلگەن «قىياپەتۇل بەشەر»[①]گە نەزەر ئاغدۇرايلى:

*«كىشىنىڭ بېشى چوڭ، يۇمىلاق، چاچلىرى قېلىن، يىرىك بولسا، ئول كىشى ئاقىل ۋە پەم ـ پاراسەتلىك، ھىممەتلىك ۋە ساخاۋەتلىك بولماقىغا دەلىلدۇر.*

*ھەر كىشىنىڭ بېشى كىچىك، سوقا، چاچلىرى شالاڭ، يۇمشاق بولسا، ئۇ كىشى ئەخمەق، جاھىل، زېھنى پەس، ئەقىلسىز بولماقىغا*

---

① بۇ شۇ ناملىق قول يازما بولۇپ، «مىراس» ژۇرنىلى (2001 ـ يىلى 2 ـ سان)دا مەتتۇرسۇن نەمىتۇللانىڭ تەييارلىشىدا ئېلان قىلغىنى بويىچە ئېلىندى.

نىڭدا دۆلەت ئىشلىرىغا ئادەم قويۇشتا نەسلى ئېسىل ۋە ئېرىغ (پا-
كىز، ساپ) بولۇشى كېرەك، دەپ يېزىلغان. ئۇنىڭدىكى: «چىرايلىق
ئادەمنىڭ قىلىقىمۇ چىرايلىق بولىدۇ. بۇنداق كىشىدىن ئەلگە نەپ
تېگىدۇ. كىمنىڭ ھۆسنى ـ جامالى چىرايلىق بولسا، ئىچكى دۇنيا-
سىمۇ چىرايلىق بولىدۇ. بۇ جەھەتتە كۆپ ئەمەلىيەتنى ئۆتكۈزگەن،
سىناپ بىلگەن ئاقىللار: ئادەمنىڭ تاشقى كۆركى ئىچكى دۇنياسى بى-
لەن ھەمراھ، ھۆسن ـ جامالى ئىش ـ ھەرىكىتىگە گۇۋاھ، تېشىنى
كۆرۈپ ئىچىنى پەرەز قىل. ئىچى تېشىدەك، تېشى ئىچىدەك بولى-
دۇ،دېگەن» بايانلاردىن قارىغاندىمۇ، شەرق ئەللىرىدە ئاممىۋى ئا-
ساسقا ئىگە بولغان كىشىلەر قىياپىتى ئۇستىدىكى ئىزدىنىشلەر
چوڭقۇر ئىجتىمائىي ۋە تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشكە ئىگە ئىدى.

خوتەن رايونىدىكى يىراق ئەجدادلىرىنىڭ ۋەز ـ نەسىھەتلىرىنى
ئاتا ـ ئانىلىرىدىن ئاڭلىغان پېشقەدەملەرنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا:
قىياپەت بىلەن مىجەز ـ خاراكتېرنىڭ مۇناسىۋىتى كىشىلىك تۇر-
مۇشنىڭ ھەر بىر ھالقىلىرىغىچە، ئىجتىمائىي ئەخلاقنىڭ باشلانغۇچ
تەلەپلىرىگىچە سىڭىپ كەتكەن. كېيىنكى مەزگىللەردە ھەر قايسى
يۇرتلاردا «قىياپەتۇل بەشەر» نامى بىلەن ئاتالغان رىسالىلەر پۈتۈلگەن
ۋە بىر قىسىم قۇرئە سالغۇچىلار ئاشۇ رىسالىلەرگە قاراپ، ھاجەتمەن-
لەرنىڭ قىسمىتىدىن ئىشارەت بەرگەن. بۇ رىسالىلەردىكى كىشىنىڭ
قىياپىتىدىكى بىر قانچە ئون ئالامەت توغرىسىدىكى بايانلاردا بەزىلى-
رى ياخشى خاراكتېرگە، بەزىلىرى يامان خاراكتېرگە ئىگە قىلىنغان
ئىشارە بولسىمۇ، بارلىق ياخشى ئالامەتلەرنىڭ ھەممىسى بىرلا كىشى-
گە ياكى رىسالىدە كۆرسىتىلگەن بارلىق يامان ئالامەتلەر بىرلا كىشى-
گە جۇغلىنىپ قالىدىغان ئەھۋال بولمىغاچقا، قىياپەتتىكى ياخشى ـ
يامان ئالامەتلەر تەڭپۇڭلۇق ھاسىل قىلىپ، يامان ئالامەتلەر ياخشى
ئالامەتلەرنىڭ رول ئوينىشى بىلەن ياخشى تەرەپكە ئېلىپ بېرىش
مۇمكىنچىلىكى چەتكە قېقىلمىغان. شۇڭا ئەجدادلىرىمىز كىشىلەر
قىياپىتىگە قاراپ ئۇنىڭ قىسمىتىگە باھا بەرگەندە ھەر تەرەپلىمە

كىشىنىڭ قاش مويى ئۇزۇن بولسا، ئۇ كىشىنىڭ ھەممەتلىك، شىجائەتلىك، ئاچچىقى يامان، جېدەلخور بولماقىغا دەلىلدۇر.

كىشىنىڭ كۆزى يوغان، قارا بولسا، ئۇ كىشى غەيرەتسىز، ھورۇن بولغاي.

كىشىنىڭ كۆزى كىچىك بولسا يەڭگىل، پەمسىز بولۇر. ئەمما چوڭ - كىچىكلىكى ئوتتۇراھال بولسا، ھايالىق، ۋاپادار بولۇر.

كىشىنىڭ كۆزى چوڭقۇر بولسا، ئۇ كىشى كىشىلەرنىڭ ھەققىدىن قورقمايدىغان، ھارامخور بولغاي.

كىشىنىڭ كۆزى پولتاي كۆز بولسا، ئۇ كىشى ھاياسىز، بېخىل بولغاي؛ كىشىنىڭ كۆزى چىمچىق بولسا، ئۇ كىشى ئالدامچى بولغاي.

كىشىنىڭ كۆزى يوغان، قىزىل، غۇبارسىز بولسا، ئۇ كىشىنىڭ ئۆمرى ئۇزۇن، ئۆزى كۈچلۈك بولغاي. كۆزى چېقىر بولسا ھاياسىز، ھەممەتسىز بولغاي.

كۆزى كىچىك بولسا، كۆك بولسا، ھىيلىگەر، ئالدامچى، شەھۋەتپەرەس بولغاي.

كۆزى مۈشۈكنىڭ كۆزىدەك يۇمىلاق بولسا، سائادەتمەن بولغاي.

كۆزنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى، قارا - قىزىللىقى ئوتتۇراھال بولسا، ياخشى خۇيلۇق، ياخشى ئادەتلىك بولغاي.

كۆز ئېقىدا قىزىل تومۇرلىرى بولسا، ئۇ كىشى شەھۋەتپەرەس بولغاي.

كىشىنىڭ بۇرنى ئىنچىكە بولسا، يەڭگىل، كەم ئەقىل بولغاي.

بۇرنى يوغان بولسا، قۇۋۋەتلىك، ئاچچىقى يامان بولغاي.

كىشىنىڭ بۇرنى ئەگرى بولسا، گۇناھ يولىغا تولا ماڭىدىغان، ئىككى يۈزلۈك بولغاي.

بۇرنى چوڭ، ئۇزۇن، ئۇچى ئەگمەچ بولسا، ئۇ كىشى كەمبەغەل بولغاي، چوڭ - كىچىكلىكىدە ئوتتۇراھال بولسا، پەملىك ۋە ئەقىل - پاراسەتلىك بولغاي.

كىشىنىڭ بۇرنى ئوتتۇرىسى پەس، ئىككى تەرىپى ئېگىز بولسا، كەمبەغەل ۋە قاششاق بولغاي.

دەلىلدۇر.

كىشىنىڭ پېشانىسى كەڭ، سىزىقى تۈز بولسا (باشقا نىشانىسى بولمىسا)، ئۇ كىشى ئاداۋەت ساقلايدىغان، يالغانچى ۋە ئالدامچى، ھاكاۋۇر، ھاۋايى ـ ھەۋەسلىك بولماقلىقىغا دەلىلدۇر.

كىشىنىڭ پېشانىسى ئوتتۇراھال، سىزىقلىرى بولسا، ئۇ كىشى راسىت سۆزلەيدىغان، دوستىغا سادىق، ئەقىللىق، مەسلىھەتدان، بەخت ـ دۆلەتلىك بولماقلىقىغا دەلىلدۇر.

كىشىنىڭ پېشانىسى تار بولسا، ئۇ كىشى ھاياسىز، نادان، قور- قۇنچاق، پالاكەتتۇر.

كىشىنىڭ باش تەرىپىگە يۈزلەنگەن تىك سىزىقى بولسا، ئۇ كى- شى ئاچچىقى تېز كېلىدىغان، ئۇرۇشقاق، دائىم خاپىلىقتا ئۇچراپ تۇرغاي.

كىشىنىڭ پېشانىسىدىكى ھەربىر سىزىق ئون يىللىق ئۆمرىگە ئىشارەتتۇر.

كىشىنىڭ قېشى ئۇزۇن، موي‌لىرى قېلىن بولسا، ئۇ كىشى دورامچۇق، بەختسىز، خۇيى يامان بولغاي.

كىشىنىڭ قېشى قوشۇمىقاش بولسا، باغرى يۇمشاق، مېھرى - شەپقەتلىك بولماقلىقىغا دەلىلدۇر.

ئەگەر ئەر كىشى ئۇنداق بولسا، خوتۇن كىشىنى تولىمۇ ياخشى كۆرىدىغان بولۇر.

ئەگەر خوتۇن كىشى ئۇنداق بولسا، جىمانى كۆپ خالايدىغان بولۇر. كىشى قېشىنىڭ ئۇزۇن ـ قىسقىلىقىدا، قارىلىقتا ئوتتۇراھال بولسا، ئۇ كىشى خۇش تەبىئەتلىك، دىيانەتلىك، باغرى يۇمشاق بول- ماقلىقىغا دەلىلدۇر.

ئەگەر كىشىنىڭ قېشىنىڭ يۇقىرى تەرىپى توم، قۇيرۇق تەرىپى ئىنچىكە بولسا، ئۇ كىشى ئۇششاق سۆزلۈك، ئۇرۇشقاق بولۇر.

كىشىنىڭ قېشىنىڭ باشتىن ـ ئاخىرى ئوخشاش توم بولسا، ئۇ كىشىنىڭ ئەقلى كەم، ھاكاۋۇر بولۇر.

بار مەسلىھەت بولغاي.

بويىندا بىر سىزىقى بولسا، ئۆمرى ئۇزۇن بولغاي، ئىككى سىزىقى بولسا، پەرزكار بولغاي، ئۈچ سىزىقى بولسا، بەختسىز بولغاي.

كىشىنىڭ يۈزى سېمىز، گۆشلۈك بولسا، غەيرەتسىز، ئۇنتۇتقاق، نادان، بەتخۇي بولغاي.

يۈزى ياغاق بولسا، ئۇ كىشى يامان نىيەتلىك ۋە گۇمانخور بولغاي، ئوتتۇراھال بولسا، خۇشخۇي بولغاي.

كىشىنىڭ رەڭگى سېرىق بولسا، يامان نىيەتلىك بولغاي.

كىشىنىڭ ساقىلى ئاز بولسا، ھوشيار، ئەقىللىق، پەملىك بولغاي.

ئۆچكە ساقال بولسا، سەبر قىلغۇچى ۋە ئەندىشىلىك بولغاي.

ساقىلى ئۇزۇن بولسا، ئەخمەق بولغاي.

ساقىلى كۆپ، قېلىن بولسا، پەمسىز بولغاي.

كىشىنىڭ بىلىكى ئۇزۇن، قولتۇقى سېمىز بولسا، بەختلىك ۋە رىزقى كەڭ بولغاي.

بىلىكى كالتە، قولتۇقى ئورۇق بولسا، كەمبەغەل بولغاي.

كىشىنىڭ كۆكرىكى كەڭ، سېمىز بولسا، بەختلىك بولغاي.

كۆكرىكى تار، ئورۇق بولسا، بەختسىزلىكنىڭ ئالامىتىدۇر.

كىشىنىڭ ئەمچىكى چوڭ بولسا، دۆلەتمەن، پەرزەنتلىرى كۆپ بولغاي.

كىشىنىڭ قورسىقى يوغان بولسا، ئەخمەق بولغاي. ئەگەر ئوتتۇراھال بولسا بار مەسلىھەت، ئەقلى كامىل، ھوشيار بولغاي.

قورسىقىدا بىر جىجىقى بولسا، ئاۋۋال كىشى تىغى بىلەن ئۆلگەي، ئىككى جىجىقى بولسا، خوتۇن كىشىلەر بىلەن كۆپرەك مەسلىھەتتە بولغاي. ئۈچ جىجىقى بولسا، ئاقىل، ھوشيار، موللا بولغاي. جىجىقى بولمىسا، ئۇ كىشى بەختلىك، ئىقباللىق بولغاي.

ھەر كىشىنىڭ كىندىكى يوغان، يۇملاق بولسا، دۆلەتمەن بولغاي.

كىشىنىڭ ئۇچىسى يوغان بولسا، قۇدرەتلىك، شىجائەتلىك، روھلۇق بولغاي.

كىشىنىڭ بېلى يوغان بولسا، پەس تەبىئەتلىك بولغاي. ئوتتۇرا-

كىشىنىڭ لېۋى سېمىز، دورداي كالپۇك بولسا، ئۇ كىشى ئەخـ ـ مەق، كىشىلەرگە ئاداۋەت ساقلايدىغان بولغاي. لېۋى نېپىز بولسا، خۇش پېئىل، تەبىئىتى نازۇك بولۇر.

لېۋى قارا ياكى كۆك بولسا، بەت نەس بولغاي.

لېۋى قىزىل بولسا، سائادەتمەن بولۇر.

لېۋى سېرىق بولسا، ئۇ تولا كېسەل بولغاي.

كىشىنىڭ ئاغزى يوغان بولسا، يۈرەكلىك، قۇۋۋەتلىك بولغاي.

ئاغزى كىچىك بولسا، يۈرەكسىز، قورقۇنچاق بولۇر. ئەگەر ئايال كىشىنىڭ ئاغزى يوغان بولسا، ئۇنى ئەسلا ھارغۇزۇپ بولماس.

كىشىنىڭ چىشى يوغان، بىر- بىرىگە يېقىن بولسا، ئۇ كىشى شارارەتلىك بولغاي.

چىشى ئۇششاق، بىر- بىرىدىن ئاجرىغان بولسا، ئول كىشىنىڭ تەن سالامەتلىكى ياخشى بولغاي.

چىشى ئەگرى، باراۋەر بولمىسا، ئالدامچى، خىيانەتكار بولغاي.

چىشلىرىنىڭ ئارىلىرى ئوچۇق، چوڭ ـ كىچىكلىكى ئوتتۇراھال بولسا، سائادەتمەن، ئادالەتلىك، ئىنساپلىق، راستچىل بولغاي.

چىشى ئوتتۇز ياكى ئوتتۇزدىن كۆپ بولسا، ئۇ كىشى ھوشيار، زېرەك بولغاي.

كىشىنىڭ تىلى قىزىل بولسا، ئۇ كىشى سائادەتمەن، خۇشخۇي بولغاي. كىشىنىڭ تىلى قارامتۇل، كۆك ياكى سېرىق بولسا، نىجىس تەبىئەتلىك بولغاي.

كىشىنىڭ جۇغى ئاتىنىڭ جۇغىغا ئوخشاش ئورۇق بولسا، ئۇ كىـ ـ شى خۇشخۇي بولغاي. سېمىز بولسا، نادان، تەكەببۇر بولغاي. ئوتـ ـ تۇراھال بولسا، ئەقىل ـ پاراسەتلىك، پەرزكار بولغاي.

كىشىنىڭ بوينى قىسقا بولسا، ھىيلىگەر، ئالدامچى بولغاي.

كىشىنىڭ بوينى ئۇزۇن، ئىنچىكە بولسا، ئۇ كىشى قورقۇنچاق، ئەخمەق بولغاي.

بوينى سېمىز، يوغان بولسا، راست سۆزلەيدىغان، ئىنساپلىق،

كىشى كۆلگەندە قاتتىق ئاۋاز بىلەن كۈلسە، ئەدەپسىز بولغاي، كۈلگەندە پەس ئاۋاز بىلەن كۈلسە، ئۇ كىشى خۇش خۇلقلۇق، تەمكىن بولغاي.

كىشى ئېگىز بويلۇق بولسا، ئۇ كىشى پەمسىز بولغاي. ئەگەر بو-يى پاكار بولسا، ئۇششاق سۆزلۈك بولغاي. ئوتتۇرا بوي بولسا، ھىمە-مەتلىك، دانا، دىلى ساپ بولغاي.

كىشىنىڭ پەنجىلىرى ئۇزۇن بولسا، ئۆمرى ئۇزۇن بولغاي. پەن-جىلىرى ئىنچىكە بولسا، بەختسىزلىكنىڭ ئالامىتىدۇر. يۇملاق، قاتتىق بولسا، بەتبەخلىكنىڭ ئالامىتىدۇر. پەنجىلىرى ئوچۇق بول-سا، كەمبەغەل بولغاي. ئەگەر يۇمغاندا ھەم تۇرسا دۆلەتمەن بولغاي.

كىشىنىڭ تىرناقلىرى قىزىل بولسا، ئۆلىما، سېخىي بولغاي.

كىشىنىڭ سانى گۆشلۈك بولسا، ئۇ كىشى كۆپرەك خوتۇن كى-شىلەر بىلەن سۆھبەت قىلغاي. ئەگەر قاتتىق بولۇپ، مويلىرى ئاز بولسا، كەمبەغەل بولغاي.

پۇتى يوغان بولسا، ئۇمۇر بويى پىيادە بولغاي.

پۇتى ئۇزۇن بولسا، تەكەببۇر، ھەسەتخور بولغاي. ئوتتۇراھال بولسا شىجائەتلىك بولغاي.

كىشىنىڭ ئوشۇقى سېمىز بولسا، دۆلەتسىز، پەرزەنتى ئاز بولغاي.

ئوشۇقى كىچىك، يۇملاق بولسا، دۆلەتمەن بولغاي.

كىشىنىڭ سونجىقى كىچىك، يۇمشاق بولسا دۆلەتمەن بولغاي، سونجىقى كەڭ بولسا، كەمبەغەل بولغاي.

سونجىقى سېمىز بولسا، يول ماڭغاندا يانغا ئېزى چۈشىدىغان بولسا، ئۇ كىشى ئوغرى بولغاي.

كىشىنىڭ تاپىنى يۇملاق، تۈكسىز بولسا، سائادەتمەن بولغاي.

ئەگەر سوقا يانپاش بولسا، بەختسىز بولغاي.

ئەگەر تاپىنىنىڭ ئاستى سېرىق ۋە قارا بولسا، پەرزەنتى ئاز بولغاي. ئەگەر تاپىنىنىڭ ئاستى سېمىز بولسا، پىيادە يۈرگۈچى بولغاي. قىزىق، يۇمشاق بولسا، ئەقىللىق، دۆلەتمەن بولغاي.

ھال بولسا، سائادەتمەن، بەختلىك بولغاي.

ھەر كىشىنىڭ رەڭگى ئانارنىڭ دانىسىدەك قىزىل بولسا، ئۇ كىشى خاپاغان بولغاي.

كىشىنىڭ رەڭگى ئاق بولسا، خۇش تەبىئەتلىك بولغاي.

كىشىنىڭ رەڭگى سېرىق بولسا، نىيىتى يامان بولغاي.

كىشىنىڭ رەڭگى قىزىل بولسا، يامان سۇپەت بولغاي.

رەڭگى بۇغداي ئۆڭ بولسا، ئەقىللىق، خۇشخۇي، پاراسەتلىك بولغاي.

كىشىنىڭ بەدىنى يۇمشاق بولسا، پەملىك، ئىرادىلىك، كۆڭلى يۇمشاق بولغاي.

بەدىنى قاتتىق بولسا، كۈچسىز، پەمسىز بولغاي.

تېرىسى نېپىز بولسا، ياخشى ئىقباللىق بولغاي.

كىشىنىڭ بەدىنىنىڭ موي‌لىرى يىرىك بولسا، شىجائەتلىك، باـ ھادىر بولغاي. يۇمشاق بولسا، قورقۇنچاق بولغاي.

كۆكرىكىدە موي‌لىرى كۆپ بولسا، ئۇ كىشى ئەخلاقسىز بولغاي. موي‌لىرى ئاز بولسا، لاتاپەتلىك ۋە ئەقلى زىيادە بولغاي.

موي‌لىرى سېرىق بولسا، ئەخمەق بولغاي. قىزىل بولسا، پالۋان بولغاي. قارا ۋە يىرىكلىكتە ئوتتۇراھال بولسا، ئەقىل ـ پاراسەتـ لىك، باغرى يۇمشاق بولغاي.

كىشىنىڭ بەدىنىدىكى بىر تۆشۈكتىن بىر موي چىقسا دۆلەتمەن بولغاي، ئىككى موي چىقسا ھۈنەرۋەن بولغاي، ئۈچ موي چىقسا، تۇـ لۇق ئىبادەتمەن بولغاي، تۆت موي چىقسا، كەمبەغەل، قاشاڭ بولـ غاي، ئەگەر موي‌لىرى ئىنچىكە بولسا، بەتھەرىكەتلىك بولغاي.

كىشىنىڭ ئاۋازى يوغان بولسا، پاۋان بولغاي. ئەگەر ئاۋازى مۇلاـ يىم، ئىنچىكە بولسا، خۇيى ياخشى بولۇر.

دىمىقىدا سۆزلەيدىغان بولسا، تەكەببۇر، ھارامزادە بولغاي. ئەگەر كىشىنىڭ ئاۋازى سەت بولسا، ئەخمەق بولغاي. مۇلايىم، يۇمشاق سۆزلەيدىغان كىشى ئەقىللىق، دانا بولغاي. قولى بىلەن ئىشارەت قىلىپ سۆزلەيدىغان كىشى ھوشيار، ئەقىل ـ پاراسەتلىك بولغاي.

لىشى ۋە تەسىرات - چۈشەنچىلىرىنى ئاسمان جىسىملىرىنىڭ قانۇنىيەتلىك ھەرىكىتىگە - يەنى قۇياش، ئاي، يەر شارى ۋە باشقا يۇلتۇزلار تۈركۈمىنىڭ ئورنىنى قانۇنىيەتلىك ئۆزگەرتىپ تۇرۇشىغا تەتبىقلىغان. سەييارىلەرنىڭ دەۋرىيلىك ئايلىنىشىدىن مەيدانغا كەلگەن پەسىللەر ئۆزگىرىشى، كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ ئالمىشىشى قاتارلىقلار ئۇلاردا ۋاقىت ئۇقۇمى ۋە ۋاقىت چۈشەنچىسىنى بارلىققا كەلتۈرگەن. ئۇلارنىڭ ئىپتىدائىي تۇرمۇشى، يايلاق چارۋىچىلىقى ۋە ئولتۇراقلىشىش - شەھەر - قەلئەلىشىش مەدەنىيىتىگە كىرىش باسقۇچلىرىغا، تەبىئەت ئاتا قىلغان چەكسىز نېمەتلەر ۋە ئىمكانىيەتلەر مۇھىم رول ئوينىغان بولسىمۇ، چەكسىز ۋاقىت دەۋرلىكى ۋە ئاشۇ ئىمكانىيەتلەر جەريانىدا نۇرغۇن ئوڭۇشسىزلىقلارغا ئۇچرىغان. «بىر ئوڭۇشسىزلىقتىن بىر ئەقىل تېپىپتۇ» دېگەندەك ئۇلارنىڭ بەخت ۋە بەختسىزلىك چۈشەنچىلىرى — ياخشى كۈن، ياخشى ئاي، ياخشى يىل قاراشلىرى دەسلەپكى قەدەمدە جۇغلانغان. ئۇلاردىكى ۋاقىت كەڭلىكىدە مەيدانغا كەلگەن تۇرمۇش ۋە تەبىئەت چۈشەنچىلىرىنىڭ چوڭقۇرلىشىشى، ئاسمان جىسىملىرىغا بولغان كۆزىتىشى ۋە تەجرىبىسىنىڭ كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ، كالېندارچىلىق بارلىققا كەلگەن. بۇ «يۇلتۇز كالېندارى» يەنى يېزىقسىز ۋاقىت كالېندارى بولۇپ، ئۇنىڭدا ئاسمان جىسىملىرىنىڭ بۇرجلىق ۋاقتى (يىللىق ھەرىكەت دەۋرى) مەلۇم ئېنىقلىق بىلەن ھېسابلىنىپ سەييارىلەرنىڭ ھەر 12 يىلدىكى بىر قېتىملىق دەۋرلىكىنى بىر «مۇچەل» دەپ ئاتاپ، ئۆزلىرىنى تەبىئەت دۇنياسى ۋە ئاسمان جىسىملىرى بىلەن مۇئەييەن باغلىنىشقا ئىگە، دەپ قارىغان.

ئەجدادلىرىمىز تەبىئەت ھادىسىلىرى ۋە تۈرلۈك ئىجتىمائىي ھادىسىلەرنىڭ يۈز بېرىشىنى؛ چارۋىچىلىق، دېھقانچىلىق ۋە باشقا تۈرلۈك ئىشلارنى باشلاش ۋە ئاخىرلاشتۇرۇش ۋاقتىنىڭ خەيرلىك ياكى نەسلىك ئالامەتلىرىنى قۇياشنى مەركەز قىلغان سەييارىلەرنىڭ سۈپەتلىرى بىلەن باغلاپ چۈشەنگەن ۋە چۈشەندۈرگەن. ئۇكەر يۇلتۇزنىغا

*كىشىنىڭ پۇت پەنجىسى ئىنچىكە بولسا، پەملىك بولغاي. كالتە، يوغان بولسا، زېھنى پەس بولغاي. ئەگەر پەنجىلىرى بىر ـ بىرىگە يېقىن بولسا، ياخشىلىقىنىڭ ئالامىتىدۇر. يىراق بولسا، پەرىشانلىقىنىڭ ئالامىتىدۇر. ئەگەر باش بارماقتىن ئىككىنچى بارماق يوغان بولسا، بەختلىك، مالدار، كۆپ خوتۇنلۇق بولغاي. خوتۇنى ئۆز ھوزۇرىدا ئۆلگەي. پەنجىسى كالتە بولسا، خوتۇنىدىن ئىلگىرى ئۆلگەي، پەنجىسى كىچىك بولسا، ئۇ كىشى يامان سۆپەتلىك بولغاي. باش بارمىقى يوغان، كالتە بولسا، جاھانكەزدى بولغاي، پەنجىسى سېرىق، كالتە بولسا، ئەيىبدار بولغاي. ئەگەر قىزىل، چىرايلىق بولسا، پەرزەنتمەن بولغاي.*

*بۇ قىياپەت ئىلمى ھەرىكىتىدە يامان ئالامەت كۆپ، ياخشى سۆپەتلەرگە دالالەت قىلىدىغان سۆپەت كەم بولسا، ئۇ كىشى يامانلىق تەرەپكە ئېغىپ ئەتكەي. ئەگەر ياخشى سۆپەتلەرگە دالالەت قىلىدىغان ئالامەت كۆپ بولسا، ياخشىلىق تەرەپكە نېسىپ ئەتكەي، ھەر ئىككىسى باراۋەر بولسا، ئىككىدە ئوخشاش بولغاي. يۇقىرىدا زىكرى قىلىنغان ئالامەتلەرنىڭ ھەممىسى ئەر ـ خوتۇنلارغا ئورتاقتۇر.»*

دېمەك، خەلق ئارىسىدا قول يازما ۋە ئاغزاكى ھالدا ساقلىنىپ كېلىۋاتقان، كىشىلەرنىڭ تاشقى قىياپىتى، يەنى ئىنسان ئەزالىرىنىڭ ھالەتلىرىدىن ئۇنىڭ ماھىيىتىگە قارىتا يۈرگۈزۈلگەن يۇقىرىدىكى ساددا تەپەككۇر ھەم خۇلق ـ مىجەز، نىيەت ـ ئىقبال توغرىسىدىكى قىياسىي تەبىرلەر ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىنساننى، ھاياتلىقنى چۈشىنىش داۋامىدىكى ئىزدىنىشلىرىنىڭ، ئىپتىدائىي ئېتىقاد-چۈشەنچىلىرىنىڭ مەلۇم تەرەپلىرىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

## 3. يۇلتۇز كالېندارچىلىقى

قەدىمكى خوتەنلىكلەر ئۆزلىرىنىڭ ھاياتلىق ئېھتىياجىنى چىقىش قىلىپ، تەبىئەتنىڭ تۈرلۈك سىرلىق ھادىسىلىرىگە قارىتا بە-

تىنچى ئورۇندىكى ياشىق (قۇياش)، ئۇ جاھاننى يورۇتقۇچىدۇر. ئۇنىڭغا يېقىن تۇرغان ۋە ئۇدۇللانغانلار ئۇنىڭدىن يورۇقلۇق ئالىدۇ. بەشىنچىسى سۆيۈملۈك سەۋەتتۇر (زوھرا - ۋېنېرا)، ئۇ ساڭا سۆيۈپ باقسا خۇشاللىققا ئېرىشىسەن، ئۇنىڭدىن كېيىن تىلىگەن ئارزۇلىرىڭنى ئېلىپ، ئارزۇ (ئاتارۇت - مېركورىي) كېلىدۇ. ئۇنىڭغا يېقىنلاشقان ئادەم تىلىكىگە يېتىدۇ. بۇلارنىڭ ئەڭ تۆۋەندە بالچىق (ئاي) يورىدۇ. ئۇ قۇياشقا ئۇدۇل باققاندا تولۇن بولىدۇ.»

قەدىمكى ئەجدادلىرىمىز سەكەنتىر (زۇھەل) يۇلتۇز تۇركۇمىنى «تۇپراق يۇلتۇز» دەپ ئاتاپ، ئۇنى ياخشىلىق ۋە خۇشاللىققا نىسبەتلەشتۇرسە؛ ئۇڭاي (مۇشتەرى) يۇلتۇزىنى «ئوت يۇلتۇز» دەپ ئاتاپ، ئۇنى بەخت - سائادەتكە؛ مېررىخ يۇلتۇز تۇركۇمىنى «شامال يۇلتۇز» دەپ ئاتاپ، ئۇنى پالاكەت ۋە مالامەتكە نىسبەتلەشتۇرگەن. ئۇلار ئاسمان بوشلۇقىدىكى سەييارىلەر ۋە يۇلتۇز تۇركۇملىرىنىڭ نامىنى بىر يىل ئىچىدىكى ئون ئىككى ئاينىڭ نامى قىلىپ قوللانغان. مەسىلەن: «بىرىنچى ئاي زۇھەل، ئىككىنچى ئاي مۇشتەرى، ئۈچىنچى ئاي مېررىخ، تۆتىنچى ئاي شەمس، بەشىنچى ئاي زۆھرە، ئالتىنچى ئاي ئەتارۇت، يەتتىنچى ئاي قەمەر، سەككىزىنچى ئاي زۇھەل، توققۇزىنچى ئاي مۇشتەرى، ئونىنچى ئاي مېررىخ، ئون بىرىنچى ئاي شەمس، ئون ئىككىنچى ئاي زۆھرە①» دېگەندەك.

پۈتكۈل ئۇيغۇرلارغا ئوخشاشلا قەدىمكى خوتەنلىكلەر ئون ئىككى خىل ھايۋاننىڭ ئىسمى ئېلىنىپ، ئون ئىككى يىلغا قويۇلغان يىل نامىلىرىنى قوللىنىپ، ئىسمى ئېلىنغان ھايۋانلارنىڭ بەزى خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن يىللارنىڭ نامىنى باغلاپ، ئۇلارنىڭ ھەر بىرىدە بىر خاسىيەت بار دەپ تەخمىن قىلىشقان. مەسىلەن: چاشقان يىلىدا

① مۇھەممەد ئەۋەز قاراقاشى: «مەجمەتۇل ئەھكام» قول يازما 4 - بەت. بۇ يەردە يۇلتۇزلار نامى بىلەن ئاتالغان ئايلار 8 - ئايدىن كېيىنلا يەنە بېشىدىكى ئايلارنىڭ نامى بىلەن تەكرارلانغان. بۇ ئاپتورنىڭ سەھۋەنلىكىمۇ ياكى كۆچۈرگۈچىلەرنىڭ سەھۋەنلىكىمۇ؟ بۇنى بىلىشكە مۇۋەپپەق بولالمىدۇق.

قاراپ رەتلەنگەن ۋە مۇشۇ ئاساستا سۈپەتلەنگەن يۇلتۇز تۈركۈملىرىنىڭ ھەرىكەت يۆنىلىشى، پەسىللىك ئۆزگىرىشىنى مۇشۇ پەسىللەردىكى تۇرلۇك ئىشلارنىڭ ياخشى ـ يامان بولۇشىنىڭ بېشارىتى دەپ؛ ئۈكەر يۇلتۇزى كۆپىيىپ چوڭ كۆرۈنسە ھاۋا كىلىمات ئۆزگىرىدۇ، ئۈكەر يۇلتۇزى ئايغا يېقىنلاشسا بوران ـ چاپقۇن ئاز بولىدۇ، يەرگە يېقىنلاشسا كۆكلەم يېتىپ كېلىدۇ، ئۈكەر يۇلتۇزى سۇغا يېقىنلاشسا ھۆل ـ يېغىن كۆپ بولىدۇ، تاغقا يېقىنلاشسا قاتتىق ئىسسىق بولىدۇ، دەپ قارىغان. ئۈكەر يۇلتۇزى كۆرۈنمىگەن مەزگىلنى «ئۈكەر يەرگە چۈشتى» دەپ بىلىپ، «ئۈكەر يەرگە چۈشمىگىچە يەر قىزىمايدۇ» دېگەن يەكۈننى چىقارغان. ئۇلار «قۇتۇپ يۇلتۇزى» ئارقىلىق تۆت تەرەپنى بەلگىلەپ، كېيىنكىلەر ۋېنېرا دەپ ئاتىغان ھەممىدىن روشەن ۋە چىرايلىق يۇلتۇزنى «چولپان» دەپ ئاتاپ، ئۇنى بەخت ۋە شاد ـ خۇراملىق كەلتۈرگۈچى دەپ قارىغان. ئۇلار ئەڭ ئۈستۈن تۇرىدىغان زوھەل (ساتۇرن) يۇلتۇز تۈركۈمىنى «ئاقار يۇلتۇز — تارازا يۇلتۇز» دەپ ئاتاپ، ئۇنىڭ ھەرىكەت ئۆزگىرىشىگە ئالاھىدە دىققەت قىلغان. يەنى چىللە (7 ـ ئاي) نىڭ ئاخىرىدىكى «تارازا يۇلتۇزى» نىڭ روشەن كۆرۈنۈش مەزگىلىنى تومۇز ئىسسىقنىڭ قايتىش پەيتلىرى دەپ بىلىپ، «تارازا تۇغسا تاڭ سالقىنى بولىدۇ، ئارپا، بۇغداي پىشىدۇ» دەپ ھېسابلىغان.

ئەجدادلىرىمىزنىڭ يۇلتۇزلار ۋە ئاسمان جىسىملىرى توغرىسىدىكى بىلىش نەتىجىلىرى «قۇتادغۇبىلىك» تە مۇنداق ئەكس ئەتكەن: «يۇلتۇزلارنىڭ بەزىسى بېزەك، بەزىسى يول كۆرسەتكۈچ، بەزىسى خەۋەرچىدۇر. بەزىسى خالايىققا يورۇقلۇق بەرسە، بەزىسى يولدىن ئازغانلارغا يول كۆرسىتىدۇ. ئۇلارنىڭ بىر قىسمى ئۈستىدە، بىر قىسمى تۆۋەندە، بەزىسى يورۇقراق، بەزىسى خىرەرەك، ئۇلارنىڭ ئەڭ يۇقىرىدىسىدا سەكەنتىر (زوھەل-ساتۇرن) يۈرۈيدۇ. ئىككى يىل، سەككىز ئاي بىر ئۆي (بۇرج) دە قالىدۇ. ئىككىنچى ئورۇندا ئۈڭاي (مۇشتەرى يۇلتۇزى يەنى يۇپىتېر) يۈرىدۇ. ئۇ بىر ئۆي (بۇرج) دە، دەل ئون ئىككى ئاي تۇرىدۇ. ئۈچىنچى بولۇپ قەھىر بىلەن تەڭ ھەرىكەت قىلىپ كورود يۈرىدۇ. ئۇ قاياققا باقسا ياشارغان نەرسىلەرنى قۇرۇتىۋېتىدۇ. تۆ-

ناسلىق)نى مەنبە قىلىپ، قۇرئەچىلىك (پالچىلىق) بىلەن باغلىنىپ، كۈندىلىك تۇرمۇش، چارۋىچىلىك ۋە دېھقانچىلىق، لەشكىرىي ئىشلار، سودا ـ سېتىق، سەپەرگە چىقىش ۋە سەپەردىن قايتىش، ھېيت ـ بايرام، تۈرلۈك مۇراسىملار ھەتتا پەرزەنت كۆرۈش، پەرزەنت تەربىيەلەش قاتارلىقلارغىچە سىڭىپ كىرىپ، مەنىۋى تۇرمۇشنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمىغا ئايلانغان. خوتەنلىك شائىر، تارىخچى، ماتېماتىك، ئاسترونوم مۇھەممەد ئېۋەز سەددىرىدىن قاراقاشىنىڭ مىلادىيە 1716 ـ يىللىرى يازغان «مەجمۇئەتۇل ئەھكام» (ھۆكۈملەر مەجمۇئەسى) ناملىق ئەسىرىدە ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئەنە شۇ بىر قاتار ئاسترونومىيەلىك بىلىش نەتىجىلىرى ھەم ۋاقىت قارىشى تۇرمۇشنىڭ كونكرېت تەرەپلىرىگە تەتبىقلىنىپ چۈشەندۈرۈلگەن. «مەجمۇئەتۇل ئەھكام»نىڭ ئون بىرىنچى بابى يەنى «ستارە سەكرىنىڭ بايانى» (سەكرى يۇلتۇز ھەققىدە) دە: «بىلىڭلاركى، تارازا يۇلتۇزى، زۆھەل ۋە مىررىخ يۇلتۇزلىرى ئون ئىككى كۈندە پەلەكنى بىر ئايلىنىپ چىقىدۇ ھەم ئاسمان بىلەن يەرنىڭ ئارىسىدا، بېشىڭىزغا ئۇدۇل كېلىدۇ. ئادەم بىر ئىشنى قىلماقچى بولسا، يەنى يا سەپەرگە چىقماقچى بولسا، يا جەڭگە ئاتلانماقچى بولسا ۋە ياكى ئوق ئېتىشقا ئوخشاش ھەر قانداق بىر ھاجەت ئۈچۈن تەييارلانغاندا يۈزىنى ستارە سەكرى يۇلتۇزىغا قاراتمىسۇن، بولمىسا ھەممە ئىشلىرى كېرەكسىز نەرسىگە ئايلىنىدۇ. ئەگەر سەكرى يۇلتۇزىغا كەينىنى قىلسا، ھەممە ئىشلىرى ئوڭۇشلۇق بولىدۇ. مۇجاھىد (تىرىشىش، كۈرەش...) ۋاقتىدىمۇ بۇنى ئويلىنىش كېرەك. بۇ قائىدىلەرنى ئويلانمىغاندا، تۇغۇلغان بالا زالىم، سۆرۈن تەلەت ۋە پاسىق بولۇر. كىشىلەر مۇشۇنداق ئىشلارنى بىلىۋېلىشى ۋە تېگىشلىك نەرسىلەردىن پەرھىز قىلىشى لازىم[1] »دېيىلگەن.

قەدىمكى خوتەندە يېزىقنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە «يۇلتۇز كالېندارى» ـــ يەنى يېزىقسىز ۋاقىت كالېندارىنىڭ ئۇزۇن مۇكەممەللىشىپ ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەر قايسى قاتلاملىرىغىچە سىڭىپ كىرىشىگە ئەگىشىپ، يازما كالېندار ئومۇملاشقان. بۇ ھەقتە ئۇزۇن يىل جاپالىق ئىزدىنىش ۋە تەتقىقاتلار ئارقىلىق «خوتەن تېكىستلىرى»ناملىق بەش توم ئەسەر ئېلان

[1] «قىياپەتنامە ۋە سائەتنامە»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2003 ـ يىلى 1 ـ نەشرى 129 ـ بەت.

مەمۇرچىلىق بولىدۇ. چۈنكى چاشقان ھەرقانداق ئېتىز ۋە ئۆيگە كىرىپ خالىغان نەرسىنى يەيدۇ. چاشقان يىلىدا كىشىلەرنىڭ رىزقى كەڭ بولىدۇ؛ لەھەڭ (تىمساھ) يىلى كىرسە ھۆل ـ يېغىن كۆپىيىپ ئاشلىق ئوخشايدۇ، چۈنكى لەھەڭ سۇدا ياشايدۇ. ئۇي (كالا) بىر ـ بىرى بىلەن كۆپ ئۇسۇشىدىغان ھايۋان بولۇپ، ئۇي يىلىدا ئۇرۇش، جەڭگى ـ جېدەل كۆپىيىدۇ، سوغۇق قاتتىق بولىدۇ. توخۇ يىلىدا ئاش ـ ئوزۇق كۆپىيىپ، كىشىلەرنىڭ رىزقى كەڭ بولىسمۇ، ئۇلار غەم ـ ئەندىشىلىك بولىدۇ. چۈنكى توخۇ دان تېپىپ يېيىش ئۈچۈن ئەخلەت ـ چاۋارلارنى تاتىلاپ چېچىۋېتىدۇ...دېگەندەك.

ئەجدادلىرىمىز ئون ئىككى ئايغا ئون ئىككى ھايۋاننىڭ ئىسمىنى ئات قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا يۇرتتا ئۆتكەن چوڭ ۋەقەلەر، تەبىئىي ۋە سۇنئىي ئاپەتلەر، تارىخىي شەخسلەرنىڭ تۇغۇلۇشى ۋە ئالەمدىن ئۆتۈشى قاتارلىقلارنىڭ يىل، ئاي، ۋاقىتلىرىنى شۇ يۇلتۇز تۇركۈمىنىڭ نامى بىلەن كۆڭۈللىرىدە خاتىرىلەپ ماڭغان. سەييارىلەر ھەرىكىتىنىڭ ئۆز ـ لىرى بۆلگەن پەسىل، ئايلاردىكى ئۆزگىرىشلىرى بىلەن شۇ مەزگىلدە تۇغۇلغانلارنىڭ يىل ـ ئايلىرىنى ھېسابلاپ چىقىرىپلا قالماستىن، ئۇلارنىڭ قانداق خاراكتېر ـ مىجەزلىك بولىدىغانلىقىنىمۇ تەخمىن قى ـ لىشقان. ئۇلار تەبىئەت دۇنياسى بىلەن سەييارىلەر ھەرىكىتىنىڭ ماس قەدەملىك مۇناسىۋىتىگە ئاساسەن ھەر ئۈچ ئاينى بىر پەسىلگە، بىر ئاي ـ نى ئىككى مەۋسۇمغا، بىر كېچە ـ كۈندۈزنى ئىككى چاغقا ــــ يەنى يە ـ گىرمە تۆت ۋاقىتقا، ئون ئىككى ئاينى بىر مۇچەلگە بۆلگەن. ئۇلارنىڭ ۋاقىت چۈشەنچىسى تۇرلۇك تىرىكچىلىك پائالىيەتلىرى بىلەن زىچ باغ ـ لىنىپ كەتكەن بولۇپ، تەبىئەت قانۇنىيەتلىرىگە ھۆرمەت قىلىپ، ئۇلار ـ نىڭ بېشارەتلىرىنى قوبۇل قىلىپ، «ھەر قانداق ئىشنىڭ ۋاقتى ـ سا ـ ئىتى بولىدۇ، ھېچقانداق ئىش ئۆز ۋاقتىدىن بۇرۇن ياكى كېيىن يۈز بەرمەيدۇ» (يۈسۈپ خاس ھاجىپ) دەپ قاراپ، ئاسترونومىيەلىك بى ـ لىش ھەم ۋاقىت ھەققىدىكى چۈشەنچىلىرىنى تېخىمۇ ئىلمىيلاشتۇر ـ غان.

پۈتكۈل ئۇيغۇرلارغا ئوخشاشلا قەدىمكى خوتەنلىكلەرنىڭ «يۇلتۇز كا ـ لېندارچىلىقى» ــــ يېزىقسىز ۋاقىت كالېندارى مۇنەججىملىك (يۇلتۇزشۇ ـ

سىيە يەنى قۇياش كالېندارچىلىقى بولۇپ، ئىپتىدائىي قاراشلار، شامانىزم، زارۇ ئاستىرۇ، بۇددا دىنلىرى مۇھىتىدا خەلقىمىزنىڭ تەبىئەت دۇنياسىدىن، سەييارىلەر ھەرىكىتىدىن ئالغان، بىلگەن چۈشەنچىلىرى بىلەن پەيدىنپەي بېيىپ كەلگەن، كېيىنكى ئىسلام دىنى ئەقىدىلىرى ئاساسىدا، «قەمەرىيە كالېندارى» يولغا قويۇلغان. خەلقىمىزنىڭ «يۇلتۇز كالېندارچىلىقى» ئەنئەنىسىنىڭ داۋامى سۈپىتىدە مۇنەججىملەرنىڭ قورئە سېلىشى، چەت - يىراق رايونلاردا ھېلىھەم پېشقەدەملەرنىڭ 12 مۇچەل بويىچە تۇغۇلغان ۋە ۋاپات بولغان يىلىنى ھېسابلاشنى داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتقانلىقى؛ سودا - سېتىق، ئورمان تىكىش، مال بوغۇزلاش، توي قىلىش، سەپەرگە چىقىش قاتارلىقلاردا قۇتلۇق كۈن (پەيت) ۋە نەس كۈنلەرنى تاللىشى؛ «قۇياش»، «شەمس»، «قەمەر»، «قەمەرىددىن»، «ئايگۈل»، «زۆھرە»، «ئايزۆھرە»، «چولپان» قاتارلىقلارنىڭ ھېلىھەم كەڭ ئۇچرايدىغان ئادەم ئىسىملىرى سۈپىتىدە ساقلىنىۋاتقانلىقى؛ «ئەلياتقۇ مەھەلدە ئۇكەر تىكلەنسە، سوغۇق تاڭ - تاڭغا چىقۇر، ئەلياتقۇدا ئۇكەر پېشىندىن قايرىلسا، سوغۇقنىڭ جېنى چىقۇر»، «ئۇكەر چۈش بولسا قىشقا تەۋە، قۇماق گەدەنگە يەتسە تازغا تەۋە» دېگەندەك ماقال - تەمسىللەرنىڭ دېھقانلار ئارىسىدا ھېلىھەم كۆپ ئىشلىتىلىدىغانلىقى، بەزى پېشقەدەم دېھقانلارنىڭ ھەر قانداق ئىشنى باشلاش ۋاقتىدا «بىسمىللاھى رەھمانىر رەھىم، يا ئون ئىككى ۋاخ يىگىرمە تۆت سائەت»، دەپ باشلاشقا ئادەتلەنگەنلىكى قاتارلىقلار بۇ ئەنئەنىنىڭ ئۆرپ - ئادەت سۈپىتىدە داۋام قىلىپ كەلگەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

(ئابدۇللا سۇلايمان)

## 4. پىرىخونلۇق

خوتەندە ھازىرغىچە ساقلىنىپ قالغان قىيا تاش سۈرەتلىرى، غار ئۆڭكۈرلەر ۋە بەزى قەدىمكى قەبرىلەردىن قېزىۋېلىنغان ماددىي بۇ-

قىلغان شۆھرەتلىك ئالىم بايلېي 4 - توم ئەسىرىنىڭ كىرىش سۆزىدە: «خوتەنلىكلەرنىڭ يەرلىك كالېندارى بولغان ئايلارنىڭ ناملىرى ھازىرغا قەدەر مۇستەقىل ھالدا ساقلىنىپ كەلگەن. ئەڭ دەسلەپ قارۇشتىچە ھۆججەتلەردە، كېيىن تۇركلەردە 12 ھايۋان نامىنى ئايلانما بىرلىك قىلغان يىل ھېسابلاش ھادىسىسىنى بايقايمىز»، دەپ يازغان[1] ئارخېئولوگلارنىڭ ئىسپاتلىشىچە،ھازىرقى لوپ ناھىيەسى تەۋەلىكىدىكى «ئاقسىپىل قەدىمكى شەھرى» خارابىسىدىكى سېپىل تاملىرىغا ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئاسترونومىيەگە دائىر سىزىق - بەلگىلىرى، يېزىقلار چۈشۈرۈلگەن. پىروفېسسور خۇاڭ شىڭفا ئەپەندىنىڭ قەدىمكى خوتەن يېزىقى ھەققىدىكى تەتقىقاتىغا قارىغاندا، بۇ زېمىندا خېلى بۇرۇنلا يازما كالېندار قوللىنىلغان. ئۇنىڭ ئېينى ۋاقىتتىكى خوتەن يېزىقىدا يېزىلىشى مۇنداق:

| قەدىمكى خوتەن تىلىدا | | ھازىرقى ئۇيغۇر تىلىدا |
|---|---|---|
| (گاتاجى) | Gataji | 1 - ئاي (ئەتىياز ئېيى) |
| (كاجا) | kaja | 2 - ئاي (ئەتىياز ئېيى) |
| (خامارىجي) | hamariji | 3 - ئاي (ئەتىياز ئېيى) |
| (سىمىجىسىمجا) | simijsimji | 4 - ئاي (ياز ئېيى) |
| (خاماجىيا) | hamajiya | 5 - ئاي (ياز ئېيى) |
| (رارويا) | raruya | 6 - ئاي (ياز ئېيى) |
| (تۇمراجا) | tumraja | 7 - ئاي (كۈز ئېيى) |
| (بىراكخايسدا) | brakhaysda | 8 - ئاي (كۈز ئېيى) |
| (مۇتساسى) | mutcaci | 9 - ئاي (كۈز ئېيى) |
| (مۇنامجا) | munamja | 10 - ئاي (قىش ئېيى) |
| (سكارخىۋار) | skarhvar | 11 - ئاي (قىش ئېيى) |
| (رراخاجا) | rrahaja | 12 - ئاي (قىش ئېيى[2] |

دېمەك، قەدىمكى خوتەندە يۈرگۈزۈلگەن «يۇلتۇز كالېندارچىلىقى» شەمـ-

① «دۇنيادا بىرلا خوتەن بار — چەت ئەللىكلەر نەزىرىدىكى خوتەن»، شىنجاڭ ئونىـ- ۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2006 - يىلى 5 - ئاي 1 - نەشرى 219 - بەت.

② ئا. مۇھەممەد سايرامى: «ئۇيغۇرلاردا كالېندارچىلىق» ناملىق ماقالىسىدىن ئېلىندى.

غاندىن كېيىن، يېڭى كىيىملەر كىيدۈرۈلىدۇ.

خوتەن ناھىيە لايقا يېزىسىغا جايلاشقان «كۆھمارىم سەيلىگاھى» ۋە ئۇ يەردىكى سىرلىق ئۆڭكۈرلەر ئەڭ قەدىمكى دەۋرلەردە، شامان دىنىنىڭ مۇ ـ قەددەس مۇراسىمگاھى بولغان. سۇ تىلەش، يامغۇر تىلەش مۇراسىملىرى پېرىخۇنىنىڭ يېتەكچىلىكىدە مۇشۇ يەردە ئۆتكۈزۈلەتتى. خوتەنگە بۇددا دىنى تارقالغاندىن كېيىن، ئۇدۇن خانلىقىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى بۇددا ئىبادەتخانى ـ سى بولغان «گوماتى ئىبادەتخانىسى» مۇشۇ يەردە بىنا قىلىنغان ۋە يىلدا بىر قېتىم ئۆتكۈزۈلىدىغان كاتتا بۇت سەيلىسى مۇشۇ يەردە ئۆتكۈزۈلۈشكە باشلىغان. 10 ـ ئەسىردە ئىسلام دىنى خوتەنگە كىرگەندىن كېيىن، بۇ يەر يەنىلا ئىسلام تاۋاپچىلىرىنىڭ مۇقەددەس جايى بولۇپ قالغان. بۇ يەر تىوغ ـ رىسىدا خەلق ئارىسىدا مەزمۇن جەھەتتىن شامان، بۇددا، ئىسلامدىن ئىبا ـ رەت ئۈچ دىنىنىڭ ئىدىيە ئېلېمېنتلىرى ئۆز ئارا بىرلىشىپ كەتكەن بىر نەچچە خىل رىۋايەت ساقلىنىپ قالغان. بۇ يەردە ھېلىمۇ ھەر يىلى 8 ـ ، 9 ـ ئايلاردا سەيلە ـ تاۋاپ پائالىيىتى ئېلىپ بېرىلىۋاتىدۇ.

قەدىمكى دەۋرلەردە بىر يېتىشكەن پېرىخۇن (قام) بولۇش ئۈچۈن ئۈچ يىلدىن بەش يىلغىچە بىرەر پىرنىڭ كەينىدە شاگىرت بولۇپ، تەر ـ بىيەلىنىشى، تەبىئەتنى بىلىشى يەنى ئاسترونومىيە(ئىلمىي نۇجۇم يە ـ نى كائىناتتىكى بارلىق تەبىئەت ھادىسىلىرى)، ئاسترولوگىيە(يۇلتۇز ھەرىكىتىنى كۆزىتىش)، مېترولوگىيە(ھاۋا رايى)ئىلىملىرىدىن خە ـ ۋەردار بولۇشى، تېبابەتنى بىلىشى، تارىخ ۋە جۇغراپىيەنى بىلىشى، پسىخولوگىيەنى ـــ يەنى روھ ۋە ئۇنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى بىلىشى تەلەپ قىلىناتتى. مۇشۇ شەرتلەرنى ھازىرلاپ «قام» لىق مەرتىۋىسىنى ئالغان ـ دىن كېيىن ئاندىن مۇراسىملارنى ئۇيۇشتۇرۇپ، يېتەكلەش سالاھىيىتىد ـ گە ئىگە بولاتتى. كېيىنكى دەۋرلەرگە كەلگەندە، بولۇپمۇ سىنىپىي جەم ـ ئىيەتكە قەدەم قويغاندىن كېيىن، قاملارنىڭ ئورنىنى دۆلەتنىڭ ئالىي ھوقۇقلۇق خانلىرى ئىگىلىگەن. ئۇنىڭدىن كېيىنكى دەۋرلەردە بولسا ،

يۇملاردىن خوتەنلىكلەرنىڭ ئەجدادلىرى بۇنىڭدىن ئۈچ ـ تۆت مىڭ يىللار ئىلگىرىلا شامان دىنىغا ئېتىقاد قىلغانلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ. قىيا تاش سۈرەتلىرى ۋە ئۇنىڭدا ئىپادىلەنگەن ئۇۋچىلىق، چارۋىچىلىق تۇرمۇشىغا دائىر سۈرەتلەر، يۇلتۇز كۆتۈرۈپ تۇرغان ئادەم سۈرىتى ۋە يۇ-مىلاق، چاسا پاراللېل گېئومېتىرىيەلىك سىزىق ـ بەلگىلەر خوتەنلىكلەر-نىڭ يېزىق پەيدا بولۇشتىن ئىلگىرىكى تەسۋىرىي يېزىقى، ھاياتىي پائالى-يەت تارىخى بولۇپلا قالماي، بەلكى سۈرەت جايلاشقان يەر شامان مۇرىتلى-رىنىڭ مۇراسىم پائالىيەت سورۇنى بولغان. سامپۇل قەدىمكى قەبرىلىرىدىن قېزىۋېلىنغان بۇيۇملار، قەبرىنىڭ شەكلى، دەپنە قىلىش ئادەتلىرى شامان دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان خوتەنلىكلەرنىڭ تىپىك مەدەنىيەت ئىزنالىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

شامان دىنى تەبىئەتكە چوقۇنۇش، توتېمغا چوقۇنۇش ھەمدە ئەجدادلارغا چوقۇنۇش ئاساسىدا شەكىللەنگەن پىرىمىتىپلىق دىنىدۇر. ئۇ ئۇزۇن ئىچىگە ئالغان بىر قاتار چوقۇنۇش مەزمۇنلىرى كۆپ خىل ئىشەنچلەر، كۆز قاراش (تەلىمات) ۋە مۇراسىملارنىڭ ئۇنىۋېرسال گەۋدىسىدىن ئىبارەت. ئۇنىڭ پەيدا بولۇش تارىخىنى ئارخېئولوگىيە-لىك ماتېرىياللار، تارىخىي خاتىرىلەر ۋە خەلق ئارىسىدىكى ئەپسانە ـ رىۋايەتلەردىن ئېنىق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

گۇما ناھىيەسىنىڭ قوشتاغ يېزىسىدىكى تاغ ئۈستىگە جايلاشقان تۈشۈك تاش، شامان دىنىنىڭ ئايال جىنسقا تېۋىنىش ئەنئەنىسىنىڭ سىمۋوللۇق ئىپادىسى. كىشىلەر ھېلىمۇ بۇ يەرنى ئۇلۇغلايدۇ. كە-چىك باللارنىڭ كىيىمىنى سالدۇرۇپ يالىڭاچلاپ بۇ تۈشۈكتىن (يۇقىرىدىن تۆۋەنگە) ئۆتكۈزۈلسە، بۇ بالا بىر ئۆمۈر بالايىئاپەتتىن خالاس بولۇپ، ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرىدۇ؛ چوڭلار بولۇپمۇ بېشىغا كۈن چۈشكەن، دەرد ـ ئەلەمگە مۇپتىلا بولغانلار بۇ تۈشۈكتىن ئۆتسە، قايتىدىن ئالەمگە تۇغۇلغاندەك بولىدۇ، ھەممە گۇناھلىرىدىن، دەرد ـ ئەلەملىرىدىن پاك بولىدۇ دەپ قارىلىدۇ. تۈشۈكتىن ئۆتۈپ بول-

ئىرلىرى، قۇلخۇاجە ئەھمەد شېئىرلىرى، نەۋايى غەزەللىرى، مەشرەپ غەـ
زەللىرى ئوقۇلىدۇ) ؛ ھالقا بولۇپ ئۇسسۇلغا چۈشىدۇ (شەكلى ئاساسەن
ساما ئۇسسۇلىغا، تازا قىزىپ جىددىي ھالغا ئۆتكەندە دىسكو ئۇسسۇلىغا
ئوخشاپ قالىدۇ). بۇ پائالىيەت بىر كېچە تاڭ ئاتقۇچە داۋاملىشىدۇ.

(4) جۇدە قىلىش (جادۇ قىلىش، يادا قىلىش دېگەن سۆزنىڭ ئۆز-
گەرگەن شەكلى). بۇ بىر خىل روھنى بەند قىلىش ھەرىكىتى بولۇپ،
جۇدە قىلماقچى بولغان كىشىنىڭ روھى پېرىخون تەرىپىدىن تۆمۈر
مىخ، تۆمۈر ياكى لاتا قوچاق ياكى باشقا جانسىز نەرسىلەرگە بەنت قى-
لىنىپ، جۇدە قىلىنغۇچىنىڭ ئۆيىنىڭ بوسۇغىسىغا ياكى تام تۈۋىگە
كۆمۈلىدۇ ۋە ياكى ئېقىن سۇغا قويۇپ بېرىلىدۇ. پېرىخۇنلار: مىخ سې-
سىپ تۇگىگەندە ياكى قوچاق چىرىگەندە جۇدە قىلىنغۇچىمۇ ئۆلىدۇ.
جۇدىنى دەفئىي قىلغۇچىلارمۇ يەنە شۇ نەرسىلەرنى يەر ئاستىدىن تې-
پىپ، ئۆزىنىڭ دەفئىي قىلىش ئايىتىنى ئوقۇسا ياكى دەفئىي ئايىتى
پۈتۈلگەن باغاقچىنى ئېقىن سۇغا قويۇۋەتسە، جۇدە قىلىنغۇچى خەتەر-
دىن قۇتۇلىدۇ، دەپ قارايدۇ(بۇ ئىلىم - پەننىڭ تەرەققىياتىغا ئەگە-
شىپ، داۋاملىق ئۆزگىرىپ بارماقتا. مەسىلەن، ئىلگىرى مەلۇم سىمـ
ۋوللۇق قوچاق ياكى سىزما رەسىم يەنى جۇدە قىلىنغۇچىنىڭ سۈرىتى
ئىشلىتىلگەن بولسا، ھازىر فوتو سۈرەت ئىشلىتىلىدىغان بولدى).

2) پېرىخۇنلۇقتىكى «پېرە ئويناش» مۇراسىمىنىڭ جەريانى

بۇ خىل «پېرە ئويناش»، كېسەل قوغلاشنى مەقسەت قىلىپ، 20 ـ
ئەسىرنىڭ 70 ـ يىللىرىغىچە خوتەن رايونىدا داۋاملىشىپ كەلگەن.
«پېرە ئويناپ» كېسەل قوغلاش مۇراسىمىنىڭ تەييارلىقى ئۈچ قە-
دەمگە بۆلۈپ ئېلىپ بېرىلىدۇ.

بىرىنچى قەدەم: ئادەتتىكى ۋاقىتتا يەتتە نەپەر داپچى تەكلىپ قىلىنىدۇ.
ھەر بىر داپچى بىر قولىدا بىردىن داپنى تۇتۇپ تۇرىدۇ. پېرىخون يەنە
شەمشەر، تۆت تەرەپكە بىردىن ئەينەك، كەتمەن، ئارغامچا، قامچا ۋە شەد-
دە تۇۋرۇك قاتارلىق «ئىلاھىي» سايمانلارنى كەلتۈرىدۇ.«ئىلاھىي كىيىم»
يەنى ئاق چاپان ، ئاق قالپاق كىيىدۇ. كېسەلنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا

تۇرلۇك دىنلارنىڭ ئورۇن ئالماشتۇرۇشى، بىر ىكىشى داۋامىدا شامان دە-
ىنىنىڭ ئەسلىدىكى قارىشى ۋە مۇراسىم ئەنئەنىسىدە شالغۇتلىشىش
ئەھۋاللىرى ئېغىر بولدى. خوتەنگە ئىسلام دىنى كىرگەندىن كېيىن،
ئىسلام دىنىنىڭ سۇپى ـ ئىشانلىق مەزھىپى يېگىچە ئىدىيە ۋە يېگىچە
شەكىل بىلەن مەيدانغا چىقتى. پېرىخونلۇق پائالىيىتىنى ئۇيۇشتۇرغۇ-
چى ئەرلەر «پېرىخون» ، «باخشى» دەپ، ئاياللىرى «بۇۋى»دەپ ئاتالدى.
ئىلگىرىكى «قام» ، «قامان» ئاتالغۇلىرى ئىستېمالدىن چۈشۈپ قالدى.

1) بىر قىسىم پېرىخونلۇق پائالىيەتلىرى

خوتەندە ساقلىنىپ قالغان پېرىخونلۇق پائالىيەتلىرىدىن جىن قوغلاپ
كېسەل داۋالاشنى مەقسەت قىلغان مۇكەممەل بىر يۇرۇش شەكىل ۋە مەز-
مۇنغا ئىگە «پېرە ئويناش» (پېرە مەشرىپى دەپمۇ ئاتىلىدۇ) مۇراسىمدىن
باشقا، يەنە شەكلى ئاددىي بولغان تۆۋەندىكىدەك پائالىيەتلىرى بار:

(1) ئاسمان جىسىملىرىغا، ئۇلارنىڭ تۇرلۇك ھالەتلىرىگە
قاراپ، ھازىر ۋە كەلگۈسىگە ھۆكۈم قىلىش. مەسىلەن، «مەجمۇئەتۇل
ئەھكام» ئەنە شۇ مەزمۇندىكى ئەسەر.

(2) چىراغقا قاراپ پال سېلىش. بۇنىڭدا پېرىخون ھاجەتمەننى
ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ، بىر دانە جىنچىراغ ياكى شامنى ئەينەك
ئالدىغا ياندۇرۇپ، ئەينەككە قاراپ تۇرۇپ ئۇنىڭ كېسەللىككە ياكى
باشقا دەردكە مۇپتىلا بولۇش سەۋەبلىرى ۋە ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش
تەدبىرلىرىنى ئېيتىپ بېرىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، روھلار ئەينەك
يۈزىدە كۆرۈنۈپ، بارلىق يوشۇرۇن سىرلارنى ئېيتىپ بېرەرمىش.

(3) قازا قىلغۇچىغا ئاتاپ دۇئا ـ تەلەپ قىلىش. بۇنىڭدا ئاساسەن ئايال
بۇۋىلەر تەكلىپ قىلىنىدۇ. مەھەللىدىكى قوشنىلار ياكى قازا قىلغۇچىنىڭ
ئايال تۇغقانلىرى بۇۋىلەرنىڭ يېتەكچىلىكىدە ھالقا بولۇپ ئولتۇرۇپ زىكرى
(مەلۇم بىر ئىسىمنى تەكرارلاش) قىلىنىدۇ، ھۆكمەت ئوقۇيدۇ(ئاھاڭغا سې-
لىنغان دىنى مەزمۇندىكى شېئىر ـ قوشاقلار، ئاساسلىقى سوپىئاللايار شې-

گە يىغىش. بىمار پېرىخۇننىڭ يېتەكلىشى بويىچە «ئىلاھىي ئارغامچا»نىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ ئولتۇرىدۇ. پېرىخۇن بىر قاچا پاكىزە سۇغا ئەپسۇن ئوقۇپ، ئۇنى بىمارغا ئىچكۈزىدۇ. پېرىخۇن ئىككى قولىدا شەمشەرنى پاراللېل تۇتۇپ، بىمارنىڭ بوغۇزىغا شىلتىپ ئەپسۇن ئوقۇپ روھلارنى چاقىرىدۇ. ئەپسۇن ئوقۇش ئىككى قىسىمغا بۆلۈنىدۇ. ئالدىنقى يېرىمى «قۇرئان» دىكى سۈرە ـ ئايەتلەر ، كېيىنكى يېرىمى ئۇيغۇرچە بولىدۇ. ئەپسۇننىڭ تەخمىنى مەنىسى : مەن ئۇلۇغ ئاللانىڭ ئەمرى بىلەن، سىلەرنى يىغىلىشقا بۇيرۇيمەن! سىلەر مەيلى ئالتۇن باش روھ بولۇڭلار يا ـ كى كۈمۈش باش روھ (ئەرۋاھ) بولۇڭلار، ھەممىڭلار كېلىڭلار، كېلىپ بىمارنىڭ كېسەللىك ئاسارەتلىرىنى ئېلىپ كېتىڭلار، يەنە ئۇنىڭ (بى ـ مارنىڭ) روھىنى قايتۇرۇپ كېلىڭلار ! ئەگەر سىلەر مېنىڭ بۇيرۇقۇمغا بويسۇنمىساڭلار، ئەپسۇنلىرىم بىلەن سىلەرنى جازالايمەن.قولۇمدىكى ئىلاھىي شەمشەر بىلەن سىلەرنى ئۆلتۈرىمەن. ئىلاھىي قامچام بىلەن سىلەرنى ساۋايمەن. ئوت بىلەن سىلەرنى كۆيدۈرىمەن ...

ئەپسۇن ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، داپچىلار داپ چېلىپ ناخشا ئوقۇشقا باشلايدۇ. ناخشا مەزمۇنىدا ئاللانىڭ بۈيۈكلىكى مەدھىيىلە ـ نىدۇ. بۇنىڭدا يەنە قەدىمكى شامان دىنى تەركىپلىرى ناھايىتى قو ـ يۇق بولىدۇ. مەسىلەن: پېرىخۇن بۆركۈتنى دوراپ ، خۇدادىن كۈچ ـ قۇۋۋەت ئاتا قىلىشنى تىلەيدۇ.

*ـ ئى خۇدا، سەن بولساڭ كېپەزنىڭ غولى،*
*مەن بولسام پەقەت توشقان يەيدىغان ئۇششاق ئوت ـ خەس.*
*مېنى جىسمىڭغا ياماشتۇرغىن.*
*مېنى شاخلىرىڭ ئۇچىدا تۇرغۇزغىن.*
گويا بۆركۈتتەك ئۇنى تۇتقۇزغىن...

داپچىلار بىر تەرەپتىن ناخشا توۋلىغاچ ئاغامچىنى بىر قېتىم ئايلىنىپ ئەسلىدىكى ئورنىغا كېلىپ ناخشا ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرى ـ دۇ. پېرىخۇن ئەپسۇن ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرىدۇ.

ئىككىنچى مەيدان ـــ روھلارغا ئۇسسۇل ئويناش. پېرىخۇن بىمار ـ

قىزىل، قارا، ئاق، كۆك تۆت خىل رەڭدىكى رەختتىن 50cm ئەتراپىدا ئەكەلدۇرۇپ، «ئىلاھىي تۇغ ـ ئەلەم» ياسايدۇ. يەنە ئاق رەختتىن بەش مېتىر ئەتراپىدا تەييارلاپ، ئۇنىڭدا «ئىلاھىي ئارغامچا» تەييارلايدۇ. يەنە يەتتە ئائىلىلىكتىن 40 پارچە رەخت پارچىسى تېرىپ ئەكېلىدۇ. بىر چوڭ ئاق خوراز تەييارلىنىدۇ ۋە كۆپ تىكەنلىك جىگدە شېخى، ئۇزۇنلىقى 8cm كەلگۈدەك 40 دانە ياغاچ يىڭچە تەييارلىنىدۇ. پېرىخۇننىڭ يېتەكچىلىكىدە پاختا پىلىك ۋە دۇمبە يېغىدا «ئىلاھىي چىراغ» ياسىلىدۇ، بىر قاچا ئۇسۇملۇك مېيى، بىر پارچە دۇمبە ماي تەييارلىنىدۇ.

ئىككىنچى قەدەم: تۇغ چىقىرىش (تۇغ تىكلەش). شاپتۇل ياغىچىدىن تەييارلانغان شەددە تۇۋرۇك، ئۆينىڭ تېگىگە ياكى سۇپىنىڭ ئوتتۇرىسىغا قېقىلىدۇ. بەش مېتىر ئاق رەختتىن ئېشىپ تەييارلانغان ئاغامچا تورۇسقا — خەنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئايلاندۇرۇپ ھېلىقى خادىنىڭ ئۇچىغا باغلىنىدۇ. جىگدە شېخى ئارغامچىنىڭ تورۇستىكى ئۇچىغا ئىلدۇرۇپ قويۇلىدۇ. يەنە تۆت پارچە رەڭلىك رەخت ۋە 40 تال رەخت پارچىسى جىگدە شېخىغا يەنى ئاق رەخت شەرق تەرەپكە، كۆك رەخت جەنۇب تەرەپكە ، قىزىل رەخت غەرب تەرەپكە، قارا رەخت شىمال تەرەپكە ئېسىلىدۇ. ئەڭ ئاخىرىدا چوڭ ئاق خوراز ئاغامچىنىڭ ئېگىزدىكى ئۇچىغا باغلىنىدۇ. بۇ خىل قۇرۇلما — «تۇغ تىكلەش» دېيىلىدۇ.

ئۈچىنچى قەدەم: قۇرئە سېلىش. قۇرئە سېلىشتا قۇرئان ئايەتلىرى بىلەن قۇر سېلىش ئۇسۇلى قوللىنىلىدۇ. مەقسەت كېسەلگە (بىمارغا) قايسى جىننىڭ چاپلاشقانلىقىنى، نەچچە مەيدان ئويۇن بىلەن جىننى قوغلىغىلى بولىدىغانلىقىنى بېكىتىشتىن ئىبارەت. تولا ھاللاردا قۇرئە سېلىشنىڭ نەتىجىسى غەيرىي دىندىكى ئەرۋاھنىڭ قولى بىمارنى چىرمىۋالغانلىقى ، يەتتە مەيدان كۆچىگەندە جىننىڭ قولىنى ئاجراتقىلى بولىدىغانلىقى بېكىتىلىدۇ. ئويۇننىڭ مەيدان سانى كۆپىنچە تاق سان بويىچە، مەسىلەن 15،13،11.9،7،5...ئەڭ كۆپ بولغاندا 17 مەيدان بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بارلىق تەييارلىق تاماملانغان بولىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇسسۇل باشلىنىدۇ.

بىرىنچى مەيدان — ھەر قايسى يول (مەزھەپ) دىكى روھلارنى بىر يەر-

يۇمىلاقلانغان پاختىنى ئېلىپ، قوي دۇمبە يېغىغا چىلىغاندىن كېيىن ئوت ياقىدۇ ۋە بىمارنىڭ چوققىسى ـ بەدىنىنى ئايلاندۇرۇپ، «مۇقەددەس ئوت» بىلەن «يامان روھلارنى ۋە كېسەللىك ئاسارىتىنى يوقىتىدۇ».

ئالتىنچى مەيدان ـــ روھقا قان نەزىر قىلىپ ئىلاھقا رەھمەت ئېيتىش، روھنى ئۇزىتىش. بىمار ھالسىزلىنىپ «ئىلاھى ئارغامچا» ئالدىغا يىقىلىدۇ. پېرىخۇن بىمارنىڭ ئەتراپىغا كىچىك چىراغلارنى يېقىپ، تۆت تەرەپتىكى «ئىلاھ ئەينىكى»نى بىمارنىڭ تۆت تەرىپىگە قويىدۇ. ئاق خورازنى چۇشۇرۇپ شەمشەرنى توخۇنىڭ ئېغىزىدىن سانچىپ قان چۇشۇرۇپ، بىمارنىڭ بەدىنىگە تېمىتىدۇ ھەمدە توخۇنى بىمارنىڭ باش قىسمى ۋە ئىككى ئېگىنىگە تاڭىدۇ. كېيىن توخۇنى ئادەملەر سىرتقا تاشلىۋېتىدۇ.

يەتتىنچى مەيدان ـــ «جىننى باغلاش». پېرىخون بىر ئاق رەڭلىك ئىنچىكە ئارغامچىنى ئېلىپ، بىمارغا ئۇنىڭ بىر ئۇچىنى چىشلىتىپ، يەنە بىر ئۇچىنى ئۆز قولىدا تۇتۇپ، ئەپسۇن ئوقۇپ، ئىككى قولى بىلەن ئارغامچىنى سىلىكىپ، جىننى باغلىغاندەك ـــ يەنى جىننى باغلاپ ئارغامچىنىڭ ئۇچىغا چىقارغاندەك تەقلىدىي ھەرىكەت قىلىدۇ. ئەپسۇنمۇ داۋاملىشىدۇ. ئارقىدىن رەخت بىلەن بىمارنىڭ بېشىنى چىڭ يۆگەيدۇ. ئاندىن كېيىن پېرىخون يالىڭىتىپ قىزدۇرۇلغان كەتمەنگە يالاڭ ئاياغ دەسسەپ، پۇتىنى بىمارنىڭ بېلىگە تەگكۈزۈپ، بەل ئاغرىقىنى داۋالايدۇ. بىمار قىزىقلىقتا چىدىماي ۋارقىراپ كېتىدۇ. پېرىخوننىڭ پۇتى قىلچە كۆيمەيدۇ. ئەڭ ئاخىرىدا، پېرىخون بىمارنى ئالدىلىسىدىكىلەرگە تاپشۇرۇپ، يەتتە كۈن ياتقۇزۇشنى، شامالداپ قالماسلىقنى تاپىلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن پۇتكۇل مۇراسىم تاماملىنىدۇ.

## 5. سېھىرگەرلىك

«جۇڭنامە،50 ـ جىلد، ياتلار تەزكىرىسى» دە: «قەدىمكى تۈركلەر-

نى«ئىلاھىي ئاغامچا» دىن ئايلاندۇرىدۇ. ناخشىچىلار ناخشا ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرىدۇ. ناخشىدا بىمارنى گۈزەل قىزغا ئوخشىتىپ، پۈتۈن ئۆيدىكىلەرنىڭ بىمارغا بولغان غەمخورلۇقىنى ۋە كۆيۈنۈشىنى ئىپادىلەيدۇ. ناخشىنىڭ مەزمۇنىدا بىمار ئەسلىي روھىي ھالىتىنى يوقاتقاچقا جانسىزلىنىۋاتقانلىقى، ئائىلىسىدىكەرنىڭ مۇھەببىتى بىلەن غەمخورلۇقى قاتارلىقلار بىلدۇرۇلۇپ، ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ غەم ـ ئەندىشە بىلەن تولغان مېھرى ـ مۇھەببىتى ھېس قىلدۇرۇلىدۇ.

ئۈچىنچى مەيدان ـــ روھلارغا يول كۆرسىتىش. ھەر تەرەپتىكى روھلارنىڭ ھەممىسى «چاقىرىلىپ» بولىدۇ. پېرىخۇن 40 دانە «ئىلاھىي چىراغ» قا ئوت يېقىپ، بىمارنىڭ يېنىدىن باشلاپ يەرگە ئىككى قاتار قىلىپ تىزىپ، روھلارغا «يول ئاچىدۇ».

تۆتىنچى مەيدان ـــ يامان روھلار بىلەن ئېلىشىش. بۇ پۈتۈن مۇراسىمدىكى ئەڭ جىددىي، جۇشقۇن، ئەڭ مۇھىم بىر مەيدان. ئەپسۇن ئوقۇيدۇ. داپچىلار داپ چېلىپ ناخشا ئېيتىشنى داۋاملاشتۇرىدۇ. داپنىڭ ئاۋازى جىددىي، جۇشقۇن بولىدۇ. ناخشا ئاۋازى بىلەن ئەپسۇن ئۆزئارا بىرلىشىپ كېتىدۇ. بىمار «روھلىنىپ» ۋۇجۇدىنى جىددىيلىك قاپلاپ، پېرىخۇنغا ئەگىشىپ ئۇسسۇل ئوينايدۇ. پېرىخۇن شەمشەرنى شىلتىپ، قامچا ئوينىتىپ سىمۋوللۇق ھەرىكەتلەر بىلەن بىمارغا دېۋىيلەپ، ئۇنىڭ بەدىنىگە چاپلىشىۋالغان رەزىل روھلار بىلەن ئېلىشقانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. ئۇسسۇل بارغانچە تېزلىشىدۇ، بارغانسېرى جىددىيلىشىدۇ. بىمارنىڭ پۈتۈن بەدىنى تەرگە چۈمۈلگەنگە قەدەر داۋاملاشتۇرۇلىدۇ. كېيىن ناخشىچىلار ناخشا ئاۋازىنى ئۆزگەرتىپ، ناخشا ئاۋازى بىلەن خۇدادىن بىمارنى ساقايتىشنى تەلەپ: «ھەممىگە قادىر ئىگەم، سەن كىسەل ئازابى تارتقۇچىلارنى قۇتقۇزۇشقا تەييارلىنىۋاتىسەن، سەن بارلىق مېھرىبان ھەمراھلارنى بۈيۈك زېمىننىڭ قوينىغا قايتۇرۇپ كەل...» دەپ مۇناجات ئوقۇيدۇ.

بەشىنچى مەيدان ـــ «جىننى كۆيدۈرۈپ»، ئاسارەتنى چىقىرىش. پېرىخۇن

بولۇپ، رەڭگى بىر خىل ئەمەس. بۇ تاش ئۆي ـ يىلقىنىڭ قار ـ نىدا شەكىللىنىدىكەن، بەزىلىرى كەسلەنچۈكنىڭ قۇيرۇقى ۋە توڭ ـ گۇزنىڭ كاللىسىدىمۇ بولىدىكەن. ئۆي ـ يىلقىنىڭ قارنىدا شەكىل ـ لەنگىنى ئېسىل بولىدىكەن. ئۇيغۇرلار يامغۇر تىلىگەندە، سۆگەتنىڭ چىۋىقى بىلەن تاشنى باغلاپ پاكىز سۇغا پاتۇرسا يامغۇر ياغىدىكەن. بوران تىلىگەندە تاشنى توسۇن ئاتنىڭ قۇيرۇقىغا ئاسىدىكەن. تومان تىلىگەندە تاشنى ئاتنىڭ بېلىگە تاڭىدىكەن. ھەرقانداق بىر ئىشنى تىلەيدىغان ئەپسۇنى ئايرىم بولىدىكەن. كارامەت بولماي قالمايدى ـ كەن، ئۇيغۇرلار بىلەن تۇيغۇنلار كۆپىنچە يازدا سەپەرگە چىققاندا سالقىنداش ئۈچۈن ئىشلىتىدىكەن. ئىشلەتكۈچىلەر ‹يادا سالدۇق› دېيدىكەن. لامالار يادا سالسا كارامىتى بەك تېز كۆرۈلىدىكەن» دەپ خاتىرىلىگەن.

بۇگۈنكى زامانغىچە يادىچىلىق سېھىرگەرلىكىنىڭ داۋاملىشىپ تۇرۇۋاتقانلىقى توغرىسىدا مۇنداق بىر مەلۇمات بار:

«گۇما ناھىيە قوشتاغ يېزا ئىسمىسالاھ كەنتىنىڭ غەربىي جەنۇ ـ بىيدىكى ‹ئۇلۇغ تېكىن› دەپ ئاتىلىدىغان تاغ باغرىدىكى مازار يېنىدا ئۇزۇنلۇقى بىر مېتىرچە كېلىدىغان، شەكلى توخۇمغا ئوخشايدىغان سۇترەڭ بىر تاش بار. كىشىلەر بۇ تاشنى ‹يادا تاش› دەپ ئاتىشىدۇ. بۇ تاش توغرىسىدا نۇرغۇنلىغان رىۋايەتلەر ۋە قوشاقلار تارقالغان.

پېشقەدەملەرنىڭ ئېيتىشىچە، بۇرۇن ھەر يىلى ئەتىيازدا تاغدىن سۇ كەلمەي، قاتتىق قۇرغاقچىلىق بولۇپ كەتكەندە، موكۇيلا، قاراتاغىز، كۆكتېرەك، گۇما بازىرى، پىشنا قاتارلىق يۇرتلاردىن نەچچە مىڭ كى ـ شى ئىختىيارىي ھالدا ئىسمىسالاھنىڭ بۇ يادا تاش ئەتراپىدىكى ئۆس ـ تەڭ بويىغا يىغىلىپ قارا ئات، بوتىلاقلىق ھىنگان، تايلىق بايتال، موزايلىق ئىنەك، قوزىلىق قوي، چۈجىلىك توخۇلارنى ئېلىپ كېلىپ دۇئا ـ تەكبىر ئوقۇپ، قان قىلىدىكەن ھەمدە يادىچى جامائەت بىلەن بىرلىكتە ناماز ئوقۇپ، ئاندىن بىر قولىدا يادا تاشقا يەنە بىر يادا تاشنى سۈركەپ تۇرۇپ تۆۋەندىكىدەك مۇناجاتنى ئوقۇيدىكەن:

نىڭ ئەجدادلىرىدا ئاجايىپ بىر كارامەت بولۇپ، بوران، يامغۇرنى چىللاپ كېلەلەيدىكەن...» دەپ خاتىرىلەنگەن.

ئەرەب تارىخچىسى تەبەرى بىر ئىپتالىت پىرىخۇنىنىڭ تەھلىكىسى ھەققىدە مۇنداق بىر خاتىرىنى قالدۇرغان: «بۇ بىر بەھەيۋەت توخار ئىدى، ئۇزۇن قىزىل قوڭۇر رەڭلىك ساقال ـ بۇرۇتلىرى ۋە كۆك كۆزلىرى بار ئىدى. بۇ ھەقىقەتەن يامغۇر ياغدۇرغۇچى سېھىرگەر بولۇپ، قولىدا يادا تاشنى كۆتۈرۈۋالغان...پېرسىيە ساسانىيلار پادىشاھى فىرۇزنىڭ لەشكەر-لىرىنىڭ بېشىغا بىردىنلا قار ياغدۇرۇپ،پادىشاھنى تۈركىستاندىن ۋاز كەچتۈرگەن، ھەممە نەرسىسىنى ئىپتالىتلارغا بەرگۈزۈۋەتكۈزگەن...»[①]

مەھمۇد كاشغەرىي «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا «يات» دېگەن ئاتالغۇنى چۈشەندۈرگەندە: «يات ـــ يادا. يامغۇر ياغدۇرۇش ۋە شامال چىقىرىش ئۈچۈن يادا تېشى بىلەن قىلىنغان كاھىنلىق؛ ياتلاتتى،يادا قىلدۇر-دى،بەگ ياتلاتتى ـــ بەگ(شامال چىقىرىپ يامغۇر ياغدۇرۇش ئۈچۈن) يادا قىلدۇردى. بۇ تۈرك يۇرتلىرىدا مەشھۇر بىر ئىشتۇر. ئۇلۇغ تەڭرىنىڭ ئىزنى يادا تاشقا ئۇقۇش ئارقىلىق شامال، سالقىنلىق ۋە يامغۇر پەيدا قىلىنىدۇ... يات، يادا ـــ بۇ بىر خىل سېھىرگەرلىك بولۇپ، يامغۇر، شامال ۋە باشقىلارنى تىلەش ئۈچۈن مەخسۇس تاشلارنىڭ ياردىمى بىلەن سېھىر قىلىنىدۇ. بۇ ئادەت ئۇلارنىڭ ئارىسىدا كەڭ تارقالغان. مەن بۇنى ياغمىلاردا ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم. ئۇ يەردە بىر يانغىن بولغاندا، يانغىننى ئۆچۈرۈش ئۈچۈن شۇنداق قىلىنغانىدى، تەڭرى-نىڭ ئەمرى بىلەن يازدا قار ياغدى. كۆز ئالدىمدا ئوت ئۆچۈرۈلدى» دەپ خاتىرە قالدۇرغان.

مانجۇ مۇئەللىپ چۈن يۈەن «غەربىي يۇرتتا كۆرگەن ـ ئاڭ-لىغانلىرىمدىن خاتىرە»(1777 ـ يىلى) ناملىق كىتابىدا : «يادا چىڭلىقتا تاشتەك، كۆك، سېرىق، قىزىل، ئاق، يېشىل ۋە قارا

① ئەلى مازاخېرى (فىرانسىيە): «يىپەك يولى»، جۇڭخۇا نەشرىياتى 1996 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، بېيجىڭ، 272 ـ بەت

*قورام تاشنى يېرىپ كەل.*
*ئول مۇستەفا ھۆرمىتىدىن،*
*بۇلۇتلۇرۇم كەلگەيسەن.*
*ساتۇغ بۇغرا ھۆرمىتىدىن،*
*مۆلدۈرلىرىم چۈشكەيسەن.*
*مەن غايىپتىن تىلەيمەن،*
*بۇلۇتلۇرۇم كەلگەيسەن.*
*شاماللارنى كەلتۈرۈپ،*
*بۇلۇتلارنى پۈرقىتىپ،*
*جىمى ئالەم ئوت بولسا،*
*بۇلۇتلۇرۇم سۇ بولۇپ ،*
*ئېقىپ ـ ئېقىپ كەلگەيسەن.*[1]

يۇقىرىقىدەك مۇناجات قوشاقلىرى ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، «قۇرئان»دىكى بىر قىسىم ئايەتلەر ئوقۇلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئات بوغۇزلىنىپ، يادا تېشىغا قان تېمىتىلىدۇ. قۇربانلىق قىلىنغان ئاتنىڭ كاللىسى ئېقىن سۇغا سېلىنىپ، سۇ يىلىنى ئاتنىڭ كاللىسىغا باغلىنىدۇ ھەمدە قۇزا، ئوغلاقلار ئانىسىدىن ئايرىۋېتىلىپ مەرىتىلىدۇ، موزايلار مۆرىتىلىدۇ، بوتىلاقلار بوزلىتىلىدۇ، تايلار كىشنىتىلىدۇ، بوۋاقلار يىغلىتىلىدۇ. بۇ چاغدا ئىمام ئاخۇنلار بىلەن يادىچىبەگ بىرلىكتە: « ئەي ئۇلۇغ ئىگىمىز! بىزنىڭ قىلغان گۇناھىمىزنى كەچۈرۈپ، بۇ تىلسىزلارنى ئوتسىز، سۇتسىز، بىزنى نانسىز قويمىغايسەن!» دەپ دۇئا قىلىپ، ھەر بىر كىشى يەتتە تالدىن تاشقا دېمىدە قىلىپ سۇغا تاشلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن سۇ يىلىنى كۆككە قاراپ ئاغزىنى چاكىلدىتىدۇ. شۇنىڭدىن كىيىن يامغۇر ياغىدۇ، دەپ قارىلىدۇ.

(مەتكېرىم ئىسمايىل)

[1] ئابدۇللا سۇلايمان (تۈزگەن): «دۇنيادا بىرلا خوتەن بار» 7 ـ توم، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2006 ـ يىلى 5 ـ ئاي 1 ـ نەشرى 47 ـ 48 ـ بەت.

ئەللاھۇمما ئەسقىنا،
تازغۇننى سەل باسقىنا.
گۈمىدىن سۇ تاشقىنا،
قۇت نۇرىنى ساچقىنا.
بوۋىخاندىن ئەسسىنا،
مەن تەڭرىمدىن تىلەيمەن،
ئۇچۇپ كەلگىن بولۇتۇم.
«قۇرئان»ىمدىن تىلەيمەن،
يۈگۈرۈپ كەلگىن بولۇتۇم.
«ئىنجىل»ىمدىن تىلەيمەن،
سەكرەپ كەلگىن بولۇتۇم.
«زەبۇر»ۇمدىن تىلەيمەن،
گۈلدۈرلىگىن بولۇتۇم.
«تەۋرات»ىمدىن تىلەيمەن،
كۆچكىن قارا بولۇتۇم.
ئۇچۇپ كەلگىن بولۇتۇم،
چۆچۈپ كەلگىن بولۇتۇم.
يەتتە ئىقلىم بولۇڭدىن
سۇ ئېلىپ كەل بولۇتۇم.
توشۇپ كەتسۇن سۇلارغا،
ئېقىن ـ دەريا، كۆللۈكۈم.
قارا قۇرۇمدىن چىقىپ كەل،
تاغ ـ داۋاننى ئېشىپ كەل.
مۆلجەر تاغنى يالاپ كەل،
ھىنگان تاغنى بويلاپ كەل.
بويناق چالنى چەنلەپ كەل،
جىن ـ شەيتاننى قوغلاپ كەل.
دەريا سۇدىن چىقىپ كەل،

شىش)، داۋالىنىش، بىرەر نەرسىنى ئىشلەپچىقىرىش ياكى يېزىش، سودا قىلىش قاتارلىق تۈرلۈك - تۈمەن كونكرېت ئىشلارنىڭ نەتىجىسى شۇ ئىشنى قىلماقچى بولغان ئادەمنىڭ يۇلتۇزى بىلەن قۇياشنىڭ ئورنىنىڭ ئۆز ئارا ماس ياكى ئۇيغۇن ھالەتتە، ياكى قارىمۇ قارشى، ياكى زىت ھالەتتە تۇرغانلىقىغا باغلىق بولىدۇ. ئەگەر بۇرج، يۇلتۇزلار بىلەن پەسىل، مەۋسۇم، كۈن، سائەتلەر ماس، ئۇيغۇن ھالەتتە بولغاندا، ئىشلار سائەتكە (خەيرلىككە، ئوڭغا)تارتىدۇ، ئەكسىچە بولغاندا نەسلىككە (پېشكەللىككە) تارتىدۇ، دەپ قارىلىدۇ.

خەلق ئىچىدە خېلى كەڭ تارقالغان «بىر كېچە - كۈندۈز 12 ۋاخ (ۋاقىت)، 24 سائەتتۇر. بۇنىڭ 12سى سائەت (خەيرلىك)، 12سى نەس (پېشكەل)دۇر» دېگەن قاراشلار ۋە بىرەر ئىشنى باشلاش ۋاقتىدا «يا 12ۋاخ (ۋاقىت) 24 سائەت، خۇدايىمنىڭ ئەمرى، پىرىمنىڭ ئەمرى» دەپ باشلايدىغان ئىدىيوم سۆزلەر؛ «پەيشەنبە كۈنى تۇپراق بېشىنى يوقلىغۇلۇق»، «جۈمە كۈنى سەپەرگە يول بولمايدۇ»، «يەكشەنبە كۈنى ئۆي - ئىمارەت سېلىشنى باشلاشنىڭ سائەت ۋاقتى» دېگەندەك نۇرغۇن ئادەت سۆزلىرى مۇشۇ ئاساستا شەكىللەنگەن.

نۇجۇمخونلۇق بىلەن كېسەل داۋالاش، بىر نەچچە باسقۇچلۇق مۇرەككەپ تەركىبلەر بىلەن ھېسابلاش ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىدۇ.

**يۇلتۇزنى تېپىش:** بىمارنىڭ ئىسمى ۋە ئانىسىنىڭ ئىسمى (ئاخۇن، خان دېگەن سۈپەت سۆزلەر مۇستەسنا قىلىنىپ) ئۆلچەملىك يېزىلىدۇ. بۇ ئىككى ئىسمىدىكى بارلىق ھەرپلەر ئەرەب يېزىقىنىڭ ئەبجەد ھېسابى بويىچە سانلىق مىقدارلارغا ئايلاندۇرۇلۇپ ئومۇمىي سانلىق مىقدار كەلتۈرۈپ چىقىرىلىدۇ. ئاندىن بۇ سانلىق مىقدارغا ئاساسلىنىپ مەلۇم قائىدىلەر بويىچە (تەپسىلاتى ئېنىق ئەمەس) ھېسابلىنىپ، بىمارنىڭ نېمە يۇلتۇزلۇق ئىكەنلىكى تېپىپ چىقىلىدۇ.

**داۋالاش لايىھەسىنى ئەبجەد ھېسابىغا ئايلاندۇرۇش:** مۇنداق كېسەلگە مۇنداق ئايەت، مۇنداق دۇرۇت، مۇنداق دۇئالارنى مانچە مەرتىۋە ئوقۇش شىپادۇر دېيىلىدىغان ئېتىقاد ئەقىدىلىرىگە ئاساسەن، ئوقۇلماقچى

## 6. نۇجۇمخونلۇق

«نۇجۇم» ــ يۇلتۇزلار ئىلمى، ئاسمان جىسىملىرى ئىلمى دېگەنلىك بولۇپ، نۇجۇمخونلۇق ــ مۇشۇ ئىلىم بىلەن شۇغۇللىنىش دېگەنلىكتۇر. خوتەن رايونىدا 20 ـ ئەسىرنىڭ 50 ـ يىللىرىغا قەدەر نۇجۇمخونلۇق بىلەن مەشغۇل بولغان كىشىلەر ئۆتكەن. ئۇلار يىراق ئەجدادلىرىنىڭ بۇ ئۇدۇمىغا ۋارىسلىق قىلىپ، كىشىلەرنىڭ ئىقبال ـ تەلىيىگە پال ئاچقان، كېسەل داۋالاشنى ئادەت قىلغان.

نۇجۇمخونلۇق خېلى مۇرەككەپ بىر ئىش بولۇپ، ئۇنى ئادەتتىكى كىشىلەرنىڭ چۈشىنىپ كېتەلىشى قىيىن. بۇنىڭدا ئومۇمەن جانلىقلار (جۈملىدىن ئىنسانلار)، شامال (ھاۋا)، ئوت، سۇ، تۇپراقتىن ئىبارەت تۆت ئاناسىر(تۆت ئاساسىي ماددا)دىن تۈزۈلگەن ھەم بۇلارنىڭ ئىچىدە بىرسى غالىب ئورۇندا تۇرىدۇ، غالىب ئورۇندا تۇرغۇچى ماددا شۇ كىشىنىڭ يۇلتۇزى بولىدۇ، شۇڭا كىشىلەر شامال يۇلتۇزلۇق، ئوت يۇلتۇزلۇق، سۇ يۇلتۇزلۇق ياكى تۇپراق يۇلتۇزلۇق دەپ ئايرىلىدۇ، ھەر بىر كىشى شۇ تۆتىنىڭ بىرىگە مەنسۇپ بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. شۇنداقلا يۇلتۇزلار بىلەن سەيلانى شەمسى (قۇياشنىڭ ئاسمان بوشلۇقىدىكى ئۆزگىرىشچان ھەرىكىتى) مەلۇم ئىچكى باغلىنىشقا ئىگە، ئاسمان بوشلۇقى تۆت پەسىل، 12 بۇرج (بۇرجەك ياكى نۇقتا)غا بۆلۈنىدۇ، قۇياش بىلەن تۆت خىل يۇلتۇزنىڭ ئوخشاش بۇرجىدا بولۇشى ياكى پەرقلىق بۇرجدا بولۇشى يۇلتۇزلىرى ئوخشاش بولمىغان كىشىلەرنىڭ ئىش ـ ھەرىكەتلىرىنىڭ نەتىجىلىك ياكى نەتىجىسىز بولۇشىغا زور تەسىر كۆرسىتىدۇ، شۇڭا، ۋاقىتلار (پەسىللەر، مەۋسۇملار، كۈنلەر، سائەتلەر) دە ھەر بىر كونكرېت ئىشلارغا ۋە ئوخشاش بولمىغان يۇلتۇزلۇق كىشىلەرگە قارىتا سائەت (خەيرلىك) ۋە نەسلىك (پېشكەللىك) ئىپادىلىنىدۇ؛ سەپەرگە چىقىش، تېرىلغۇ باشلاش، ئوقۇشقا كىرىش، ئۆيلىنىش (مۇھەببەتلە-

زىلغان (توشقۇزۇلغان) رەقەملىك مىقدارلار بىر - بىرىگە ئوخشىمايدۇ، شۇنداقلا تەكرارلانمايدۇ. ئەمما، ھەر بىر تىك قاتار ۋە ھەر بىر توغرا قاتاردىكى سانلارنى قوشۇپ قۇر ئاخىرىغا جەمئىيلەپ كۆرگەندە، ھەممە قۇرنىڭ قوشۇلما قىممەتلىرى ئوخشاش چىقىدۇ. ئاندىن جەدۋەلنىڭ تۆت تەرىپىدىكى ھەر بىر قاتاردىكى قوشۇلما قىممەتلەرنى قوشۇپ كۆرگەندە، نەتىجىسى ئوخشاش بىر رەقەملىك ئىپادە بولىدۇ (ئەسلى نۇجۇمخۇنلۇقتا جەدۋەل سىرتىغا قوشۇلما يېزىلمايدۇ. پەقەت بارلىق ئۆيلەرگە ئوخشىمىغان رەقەملەرلا توشقۇزۇلىدۇ. بۇ يەردە، مەسىلىنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈنلا بۇلار مىسال قىلىندى).

دېمەك، قايسى خىل شەكىل ۋە قانچە ئۆيلۈك شەكىل بولسۇن، ئۇلاردىكى ھەر بىر ئۆيگە توشقۇزۇلغان سانلار پەرقلىق بولسىمۇ، شەكىلنىڭ تۆت تەرىپىدىكى قوشۇلما تەڭ قىممەتتە بولىدۇ. مۇنداقچە ئېيتقاندا، غەرب، جەنۇب، شەرق، شىمالدىن ئىبارەت تۆت تەرەپ تەڭ قىممەتكە ئىگە بولىدۇ. تېخىمۇ ئوچۇق ئېيتقاندا، شامال (ھاۋا)، ئوت، سۇ، تۇپراقتىن ئىبارەت تۆت ئاناسىر تەڭ قىممەتلىك مۇۋازىنەتكە ئىگە بولىدۇ. بۇ تۆت ئاناسىرنىڭ مۇۋازىنەتكە ئىگە بولۇشى، كىشىلەردىكى تۆت مىزاج، تۆت خىلتنىڭ تەڭپۇڭ بولۇشى يەنى تەننىڭ ساغلام بولۇشىنىڭ ئالدىنقى شەرتىدۇر.

بىمارنىڭ يۇلتۇزىغا ئاساسەن سائەت (خەيرلىك) ۋاقتنى ھېسابلاش: يۇقىرىقى تەرتىپلەر ئورۇنلانغاندىن كېيىن، نۇجۇمخۇنلۇقتىكى پالانى يۇلتۇزلۇق بولسا، قۇياش پالانى - پۇستانى بۇرجىغا كىرگەندە كېسەللىككە ئامال قىلىنسا سائەت (خەيرلىك) بولغاي دېگەن شەرتلەرگە ئاساسەن، شۇ بىمارنىڭ يۇلتۇزى (شامال يۇلتۇزلۇق، ئوت يۇلتۇزلۇق.... دېگەندەك) بىلەن، قۇياش قايسى بۇرجىغا كىرگەندە ئۆز ئارا ماسلىققا ئىگە بولىدىغانلىقى ئېنىقلاپ چىقىلىدۇ. بۇنى ھېسابلاپ چىقىشتا نۇجۇم يىلنامىسى (يەنى قۇياش كالېندارى) بويىچە، ھۇت، ھەمەل، سەۋر ئايلىرى باھار پەسلى؛ جەۋزا، سەرەتان، ئەسەد ئايلىرى ياز پەسلى؛ سۇنبۇلە، مىزان، ئەقرەب ئايلىرى كۈز پەسلى؛ قەۋس،

بولغان ئايەت، دۇرۇت، دۇئالار ئۆلچەملىك يېزىلىپ ھەر بىر ھەرپ ئەبجەد رەقىمىگە ئايلاندۇرۇلىدۇ. بارلىق رەقەملەر قوشۇلۇپ ئومۇمىي سانلىق مىقدار كەلتۈرۈپ چىقىرىلىدۇ. ئاندىن ئۇنى مانچە مەرتىۋە (مەسىلەن، 7، 15، 33، 71، 3300، 33 مىڭ، 71 مىڭ، 125 مىڭ، 171مىڭ مەرتىۋە ئوقۇش دېگەندەك) ئوقۇش دېگەن شەرت بويىچە ئومۇمىي مىقدار مەرتىۋە سانىغا كۆپەيتىلىپ، جۇغلانما سانلىق مىقدار كەلتۈرۈپ چىقىرىلىدۇ. بۇنداق سانلىق مىقدارلار ئاز بولغاندا، نەچچە مىليون، كۆپ بولغاندا نەچچە يۈز مىليونغا قەدەر بولىدۇ.

شەكىل تاللاش ۋە سىزىش: نۇجۇمخونلۇقتىكى پالانى كېسەللىككە پالانى شەكىل ئىشلىتىلگەي دېگەن تەلەپ بويىچە شەكىل تاللىنىدۇ. شەكىل دېگەنلىك چاقماق كاتەكچىلىك جەدۋەل دېگەنلىك بولۇپ، بۇنداق شەكىللەر ئۈچ دەر ئۈچتىن ئون دەرغىچە سەككىز خىل بولىدۇ. بۇنىڭدىكى «دەر» دېگەن سۆز تىك قاتاردا قانچە كاتەكچە بولسا، توغرا قاتاردىمۇ شۇنچە كاتەكچە بولغان گىرافىك دېگەنلىك بولۇپ، ھازىرقى چۈشەنچە بويىچە «كەررە» دېگەنلىكتۇر. كونكرېت قىلغاندا ئۈچ دەر ئۈچ شەكىل تىك ۋە توغرا قاتار بويىچە ئۈچتىن جەمئىي توققۇز كاتەكچىلىك جەدۋەل، يەتتە دەر بولسا 49 كاتەكچىلىك جەدۋەل، ئون دەر بولسا 100 كاتەكچىلىك جەدۋەل دېگەنلىكتۇر. بۇنداق جەدۋەللەردىكى كاتەكچىلەر نۇجۇمخونلۇقتا «ئۆي» دېيىلىدۇ.

جۇغلانما ئەبجەد ئەددىنى (سانىنى) ئۆيلەرگە بۆلۈپ توشقۇزۇش: شەكىل تاللانغاندىن كېيىن ئومۇمىي ئەبجەد ئەددىتى شەكىلدىكى ئۆي (كاتەكچە) سانىغا بۆلۈپ ئورتاق سان چىقىرىلىدۇ. پۈتۈن بۆلۈنمەي ئېشىپ قالغان كەسىر سان «زاكات»قا قالدۇرۇلىدۇ. ئاندىن پۈتۈن بۆلۈنگەن بۆلۈنمە سان تىك ۋە توغرا قاتارلاردىكى ھەر بىر ئۆيگە پەرقلىق مىقداردا تەقسىملەپ توشقۇزۇلىدۇ. زاكاتقا قالغان كەسىر سان بىر خانىلىق بولسا پالانى ئۆيگە، ئىككى خانىلىق بولسا پالانى ئۆيگە، ئۈچ خانىلىق بولسا پالانى ئۆيگە... يېزىلغاي دېگەن شەرتلەر بويىچە كۆرسىتىلگەن ئۆيدىكى ئەسلىي سانىغا قوشۇپ يېزىلىدۇ. ھەر بىر ئۆيگە يې-

بولۇپ، رايونىمىزدا ھازىر بۇنى پىششىق بىلىدىغان كىشىلەر يوق. يۇ- قىرىدا بايان قىلىنغانلىرى نۇجۇمخونلۇقنىڭ ئاۋام تېبابىتىگە مۇنا- سىۋەتلىك بولغان، شۇنداقلا نۇجۇمخونلۇقتىن ئاز ـ تولا خەۋىرى بار كىشىلەر ۋە ئۇلار ئارقىلىق ناھايىتى يۈزەكى چۈشىنىلگەن ئاز بىر قىسمى بولۇپ، ھازىر نۇجۇمخونلۇق ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ كېسەل داۋالاش ئادىتى مەۋجۇتلۇقىنى يوقىتىپ بارماقتا.

(مۇھەممەتئىمىن سابىر)

## 7. « ئوك » نى ئۇلۇغلاش ئادىتى

پۈتكۈل ئۇيغۇرلارغا ئوخشاش خوتەنلىكلەرنىڭ قارىشىدىمۇ «ئوك» سۆزى پەقەت تەرەپنى بىلدۈرىدىغان ئاددىيلا بىر سۆز بول- ماستىن، بەلكى ھۆرمەت ۋە مۇقەددەسلىك تۈيغۇسى سىڭگەن ئۇقۇم- دۇر. ئەجدادلىرىمىز «ئوك»غا ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن قاراپ، ھەر بىر ئىشنى ئوك قەدەم، ئوك قولدىن باشلاپ كەلگەن. ھېلىھەم رېئال تۇرمۇشقا نەزەر سالىدىغان بولساق، «ئوك»نى مۇقەددەس ھېسابلاي- دىغان، مەسىلەن: ئىشىكتىن چىققاندا ئوك پۇتنى بۇرۇن ئېلىش، ئوك قولدا تاماق يېيىش، ئوك قولدا خەت يېزىش، كىيىمنى ئوك يېڭىدىن باشلاپ كىيىش، يول ماڭغاندا ئوك تەرەپتىن مېڭىش، بىر- رەر نەرسىنى ئوك قولدا باشقىلارغا سۇنۇش، مېھمان تۆر (ئوك تە- رەپ)دىن باشلاپ چوڭدىن كىچىككە قاراپ تەرتىپ بويىچە ئولتۇرۇش قاتارلىقلارنى كۆرسىتىش مۇمكىن.

ئەرلەرنىڭ ئەنئەنىۋى سالاملىشىش قائىدىسىدىن ئېلىپ ئېيت- قاندا، سالام بەرگۈچى ئوك قولىنى سول كۆكسىگە ئېلىپ «ئەسسالا- مۇ ئەلەيكۇم!» دېيىش، قارشى تەرەپمۇ جاۋابەن يۇقىرىقى شەكىل بى- لەن «ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام!» دەپ جاۋاب قايتۇرۇشقا ئادەتلەنگەن. ئا- ياللار كۆرۈشكەندە، ئىككى قولىنىڭ پەنجىسىنى كۆكرەك ئۈستىدىن ئالماشتۇرۇپ (ئوك قولىنى سول قولىنىڭ ئۈستىگە ئېلىپ)،

جەددە، دەلۋە ئايلىرى قىش پەسلى ھېسابلىنىدۇ. ئەتىيازلىق كۈن ـ تۈن تەڭلىشىش (مىلادىيە بويىچە 21 ـ مارت كۈنلىرى)دە قۇياش ھەمەل بۇرجىغا كېلىدۇ. بۇ بىر يىلدىكى 12 بۇرجنىڭ بىرىنچىسى ھېسابلىنىدۇ («ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» 1146 ـ بەت). ئۇنىڭدىن كېيىنكى بۇرجلار ئايلارنىڭ تەرتىپى بويىچە ئالمىشىپ كېلىدۇ. نۇجۇم ئىلمىدىكى يۇلتۇزلار بىلەن قۇياش بۇرجىنىڭ ماسلىق مۇناسىۋەتلىرىگە ئاساسەن، كېسەلگە قارشى تەدبىر قوللىنىشنىڭ مۇۋاپىق ۋاقتى (سائەت ۋاقتى) تېپىپ چىقىلىدۇ.

بىمارغا داۋالاش تەدبىرىنى قوللىنىش: ھېسابلاپ چىقىلغان سائەت ۋاقتى كەلگەندە، يۇقىرىقى ئۇسۇللار بويىچە تاللانغان شەكىل زەپەر بىلەن گۇلابتا ئىشلەنگەن قىزىل سىياھ ئارقىلىق پاكىز ياغاچ لېگەن، فار فۇر تەخسە ياكى چىنىگە سىزىلىپ، ئۆيلەرگە (كاتەكچىلەرگە) يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئۇسۇلدا ھېسابلاپ چىقىلغان (ئايەت شىپا) رەقەملىرى يېزىلىدۇ. ئەدەت بويىچە تولۇق يېزىلىپ بولغاندا، سىل سوۋۇغان قايناقسۇ قۇيۇپ چايقاپ بىمارغا ئىچكۈزۈلىدۇ.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغانلىرى نۇجۇمخونلۇقنىڭ پەقەت كېسەل داۋالاش جەھەتتىكى بىرلا خىل ئۇسۇلىدۇر. ئۇنىڭ يەنە ھاجەتكە ئاساسەن ئىشلىتىلىدىغان يۇملاق (چەمبەر) شەكىللىك، ھالقىلانما چەمبەر شەكىللىك، سىرتى چاسا ياكى ئۈزۈن چاسا كانارىلىق، ئىچى چەمبەر چاچما شەكىللىك، بۆلمە شەكىللىك دېگەندەك نۇرغۇن شەكىل ئۆزگىرىشلىرى بار. بۇ شەكىللەردىكى ئۆيلەرگە (كاتەكچىلەرگە) مۇناسىپ رەقەملەر تولدۇرۇلغان، ئۆيلەر سىرتىغا ياكى بۆلمەلەرگە ئايەت ياكى دۇئا پۈتۈلگەن نۇسخىلىرى بار. بۇلارنىڭ بەزىسىنى ياندا، ئۆيدە ياكى دۇكاندا ساقلاش ئۇسۇلى قوللىنىلسا، بەزىسىنى ئۇلۇغ سۇغا قويۇپ بېرىش، مەلۇم يەرلەرگە كۆمۈش دېگەندەك ئۇسۇللار بىلەن بىر تەرەپ قىلىنىدۇ.

ئومۇمەن، نۇجۇمخونلۇق ناھايىتى مۇرەككەپ تەرتىپلەر ۋە نۇرغۇن ماتېماتىكىلىق ھېسابلاش ئۇسۇللىرى بىلەن ئېلىپ بېرىلىدىغان ئىش

قوپ ئاندىن پىچاق سۇرىدۇ. ئۇخلاش ئۇچۇن ياتقاندا، كارىۋاتقىمۇ ئوك تەرەپتىن چىقىدۇ، ئوك قاپىقى تارتسا ياخشى دەپ قارايدۇ (ئا-يالللار ئەكسىچە بولۇپ، سول قاپىقى تارتسا ياخشى دەپ قارايدۇ). تۇ-غۇتلۇق ئايالللار يېڭى تۇغۇلغان بوۋاقنى قولىغا ئالغاندا ياكى كۆرپى-گە قويغاندا، ئوك قولىنى بوۋاقنىڭ بېشىنىڭ ئاستىغا قويىدۇ، بۆ-شۈككە بۆلىگەندە ياكى بۆشۈكتىن ئالغاندىمۇ، ئوك تەرەپتىن سال-دۇ ھەم ئوك تەرەپتىن ئالىدۇ.

قىزلار ئۇسما قويغاندا، ئوك قېشىغا بۇرۇن قويىدۇ، چاچ تارد-غاندا بولسا، ئاۋۋال ئوڭدىن تارايدۇ. ئۇندىن باشقا چوڭلار ياكى ھۆرمەتكە سازاۋەر ئۇستازلار بىلەن بىللە ماڭغاندا، ئۇلارنى ئوك تە-رەپتە ماڭغۇزۇپ، ئۆزى ئۇلارنىڭ بىر ـ ئىككى قەدەم ئارقىسىدا ماڭىدىغان ئادەت بار. قىز ـ يىگىت، باللار بىلەن چوڭلار بىللە ماڭغاندا تەبىئىي ھالدا قىز يىگىتنىڭ ئوك تەرىپىدە، كىچىك با-لىلار چوڭلارنىڭ ئوك تەرىپىدە ماڭىدۇ. بۇ بىر تەرەپتىن، خەلقى-مىزدىكى ئوڭنى ئۇلۇغلاش قارىشىنىڭ تەسىرىدىن بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، بىخەتەرلىك تۇيغۇسىمۇ كۆزدە تۇتۇلغان.

خوتەنلىكلەر ئارىسىدا ئوڭنى چوك بىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، «سول»نى يات كۆرىدىغان بىر قاتار «يامان بولىدۇ»لار مەيدانغا كەل-گەن. مەسىلەن:

سول قولدا تاماق يېسە يامان بولىدۇ./ كۆرۈشكەندە سول قولىنى ئۇزاتسا يامان بولىدۇ./ ئاياغنىڭ سول پېيىنى بۇرۇن كىيسە يامان بولىدۇ./ سول قولدا تاماق ئۇسسا، تاماق بەرىكەتسىز بولۇپ قالى-دۇ... دېگەندەك.

ئۇلار بىرەر نەرسىنى ئوك قويۇشقىمۇ ئالاھىدە ئەھمىيەت بەر-گەن. مەسىلەن: داستىخاننى تەتۈر سالسا يامان بولىدۇ./ ئىشەككە تەتۈر مىنسە يامان بولىدۇ./ ناننى دۈم قويسا يامان بولىدۇ (ئەل ـ جامائەت ئالدىدا يۈزى يورۇق بولمايدۇ دەپ قارايدۇ)./ ئاياغنى دۈم

«ئەسسالام» دەپ سالاملىشىش ئادىتى بار. چوڭ ئاياللار كىچىك قىزلارنىڭ مەڭزىگە سۆيۈپ كۆرۈشكەندە «پېشانىڭىز ئوڭ بولسۇن»، دەپ مەڭزىگە سۆيۈپ قويىدىغان ئادەتمۇ بار.

سالام ـ سەھەت سۆزلىرىدە «ئىشلىرىڭىز ئوڭغا تارتسۇن»، «تەلىيىڭىز ئوڭدىن كەلسۇن»، دېگەن ئىبارىلەر كۆپ ئىشلىتىلىدۇ. بىرەرسىگە بىراۋغا ياخشى مۇئامىلە قىلىشنى ئۆتۈنگەندە، «ئوڭ كۆزدە قاراپ قويارسىز» دەپ ئەسكەرتىلىدۇ. چۆچەكلەردە، پادىشاھنىڭ ئوڭ قول ۋەزىرىنىڭ سول قول ۋەزىرىدىن ھوقۇقى چوڭ، دانا، ئاق كۆڭۈل، رولى مۇھىم قىلىپ تەسۋىرلىنىدۇ، مانا بۇمۇ ئەجدادلىرىمىزنىڭ قەدىمدىن تارتىپ «ئوڭ»نى مۇقەددەس، خەيرلىك، ياخشى ھېسابلايدىغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.

مېھماندارچىلىق سورۇنلىرىدا، مېھمانلارنىڭ ئولتۇرۇش تەرتىپىمۇ ئوخشىمايدۇ. خوتەنلىكلەردە ئادەتتە ئۆينىڭ ئوڭ تەرىپى تۆر، سول تەرىپى پەگا (پالتۇك) دەپ قارىلىدۇ. شۇڭا ياشتا چوڭ، ئەزىز مېھمانلار ئۆينىڭ ئوڭ تەرىپىگە ھەم يۇقىرىغا باشلىنىدۇ. ئۆيگە كەلگەن ھەر قانداق مېھماننىڭ قولىغا سۇ بېرىش ئومۇمىي ئادەت بولۇپ، ساھىبخانا مۇرىسىگە لۆڭگە ئارتىپ، ئوڭ قولىدا ئاپتۇۋا، سول قولىدا چىلاپچا كۆتۈرۈپ، مېھمانلارنىڭ كەينى تەرىپىدىن كېلىپ، مېھمانلارنىڭ قولىغا سۇ بېرىدۇ، مېھمانلار ئۆزرە ئېيتىشىپ «ئاۋۋال ئوڭدىن كەلسۇن» دېگەچ ئوڭ تەرەپتىكىلەردىن باشلاپ، قولىنى يۇيىدۇ.

مېھماندارچىلىق سورۇنلىرىدا ئاياللار «ئوڭ»غا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدۇ. مەسىلەن، چەينەكنى پەتنۇسنىڭ ئوڭ تەرىپىگە قويىدۇ، مېھماننى ئۆينىڭ ئوڭ تەرىپىدىن باشلاپ كۆرپە سېلىپ كۇتۇپ، چاينى پىيالىنىڭ ئوڭ تەرەپ بۇرجىكىدىن باشلاپ قۇيىدۇ،پەتنۇستىكى چاينى ياكى تاماقنى ئوڭ تەرەپتىن باشلاپ تۇتىدۇ.

ئەرلەر مال بوغۇزلىغاندا، ئوڭ قولىغا پىچاق ئېلىپ، سۇرە ئوقۇ-

ئۆرپ ـ ئادەتلىرى بىلەن ئوخشىمايدۇ. مەسىلەن:
خەنزۇلار ئاۋۋال سولنى، ئاندىن ئوڭنى دەيدۇ. سول ـ ئوڭ 左/右،
ياردەمچى左膀右臂، /ئەتراپقا نەزەر سالماق 左顾右盼، /قولۇم ـ
قوشنىلار 左邻右舍، / مۇشكۇل ئەھۋالدا قالماق 左右为难 قا-
تارلىقلار.
خەلقىمىز ئەزەلدىن ئوڭنى ئۇلۇغلىغانلىقتىن، ماقال ـ تەمسىل
ۋە ئەقلىيەلىك سۆز ـ ئىبارىلەردە: ئاۋۋال ئوڭ قولۇم، سول قو-
لۇم ـ ھەر ئىككىلىسى ئۆز قولۇم.
ئەر ئەلنىڭ ئوڭ يېنىغا يۆلەك، سول يېنىغا تىرەك.
ئوڭ ـ سولغا قارىساڭ تارتىسەن تەڭلىك،
ئالدىڭغا قارىساڭ تاپىسەن كەڭلىك.
ئوڭ قولۇڭنىڭ ئاچچىقى كەلسە، سول قولۇڭ بىلەن تۇتۇۋال.
ئوڭ يۈزۈڭگە سالغانغا، سول يۈزۈڭنى تۇتۇپ بەر.
ھەممە ئىشنى ئوڭ قول قىلسا، ئالتۇن ئۈزۈكنى سول قول تاقار.
پادىشاھنىڭ ئوڭ تەرىپىدە ئوڭ قول ۋەزىرى، سول تەرىپىدە سول
قول ۋەزىرى ئولتۇراتتى (ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىدىن).

*ئوڭ يانىغا تاشلاپ ئوينىسۇن،*
*سول يانىغا تاشلاپ ئوينىسۇن.*
*چاچىغا ئاسقان لېنتىسىنى،*
*يانىغا تاشلاپ ئوينىسۇن.*

*ئوڭغىمۇ ئۆتەلمىسۇن،*
*سولغىمۇ ئۆتەلمىسۇن.*
*بىزنى يامان دېگەنلەر،*
*ياخشى كۈن كۆرەلمىسۇن.*

ئۇ ئوڭ قولىدا سومكا، سول قولىدا كۈنلۈك كۆتۈرۈۋالغانىدى

قويسا يامان بولىدۇ (ئىگىسىنىڭ ئۆلۈمىنى تىلەيدۇ دەيدىغان گەپ بار)./ دۇم يېتىپ ئۇخلىسا يامان بولىدۇ (يامان چۈش كۆرۈپ قالىدۇ)، دەپ قارايدۇ.

خەلقىمىزدە پۇت ۋە قولغا ئالاقىدار بەزى پەرھىزلىك ئادەتلەر مەۋجۇت بولۇپ، ئۇلار پۇت ۋە قولنىڭ ھەرىكىتى، ئوڭ ۋە سول تەرەپلەرنىڭ ئايرىم ئىشلىتىلىشى قاتارلىق تەرەپلەرگە چېتىلىدۇ. نۇرغۇن ئىشلاردا ئوڭ قول بىلەن سول قولنى پەرقلىق ئىشلىتىدۇ. خەلقىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى قارىشىدا ئوڭ تەرەپ ۋە ئوڭ قول مۇقەددەس، سول تەرەپ ۋە سول قول ئۇنىڭ ئەكسىچە دەپ قارىلىدۇ. ئومۇمەن، كىيىم كىيىش، ئاياغ كىيىش، كىيىم سېلىش، كۆزنى ئۇۋۇلاش، تىرناق ئېلىش، ساقال ياساش، چاچ ياساش، تاماق يېيىش، سۇ ئىچىش، قول ئېلىشىش، نەرسە تاپشۇرۇش ۋە ئېلىش، سەپەرگە چىقىش ۋە ئۆيدىن سىرتقا مېڭىش قاتارلىقلاردا بىر دەك ئاۋۋال ئوڭ قولنى ۋە ئوڭ پۇتنى ئىشلىتىش؛ بۇرۇننى تازىلاش ۋە پاكىزلاش، ئەۋرەتنى يۇيۇش، پاسكىنا نەرسىلەرنى تۇتۇش قاتارلىقلاردا ئاۋۋال سول قولنى ئىشلىتىش كېرەك، دەپ قارىلىدۇ. دېمەك، ئوڭ قول بىلەن پاسكىنا نەرسىلەرنى تۇتۇشتىن پەرھىز قىلىدۇ.

ئولتۇرغاندا ياكى تۇرغاندا ئوڭ قولىنى سول قولىنىڭ ئۈستىگە قويۇپ ئولتۇرىدۇ، تۇرىدۇ. بىراق، سول قولىنى ئوڭ قولىنىڭ ئۈستىگە قويۇپ ئولتۇرۇشتىن ۋە ياكى قول بارماقلىرىنى كىرىشتۈرۈپ ئولتۇرۇشتىن پەرھىز قىلىدۇ. خەلق ئارىسىدا «پۇتىنى مىنگەشتۈرۈپ ئولتۇرسا يامان بولىدۇ» دەيدىغان گەپ بار، ئەگەر ئولتۇرغان تەقدىردىمۇ تەبىئىي ھالدا ئوڭ پۇتىنى سول پۇتىنىڭ ئۈستىگە ئېلىپ ئولتۇرىدۇ.

خەلقىمىزنىڭ ئەنئەنە سۈپىتىدە داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن ئوڭنى ئۇلۇغلاش ئادىتى ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە، قويۇق ئۆرپ ـ ئادەت تۈسىگە ھەم مىللىي تۈسكە ئىگە بولۇپ، باشقا مىللەت خەلقلىرىنىڭ

جەھەتتە كۆرۈلىدۇ:

1) خەلقىمىز ئوڭ قاپاق تارتسا ياخشىلىقتىن بىشارەت، سول قاپاق تارتسا پېشكەللىكتىن بىشارەت، دەپ قارايدۇ. شۇڭا، تارتىۋاتقان سول قاپاقنى داۋاملىق تارتقۇزماسلىق ئۈچۈن، ئۇنىڭغا سامان پارچىسى ياكى كىچىك قەغەز پارچىسىنى چاپلاپ قويىدۇ ياكى تۇكۇرۇك بىلەن قولىنى ھۆللەپ، تارتىۋاتقان سول قاپاقنى سىلاپ قويىدۇ.

2) بىراۋنىڭ ئۆيىگە كىرگەندە ياكى ئۆز ئۆيىدىن چىققاندا ۋە ياكى ئۆيىگە كىرگەندە، بوسۇغىدىن ئوڭ پۇتىنى ئېلىپ كىرىدۇ، ياكى چىقىدۇ. بۇ ھەقتە يۇسۇپ خاس ھاجىپ مۇنداق دەپ يازىدۇ:

*كىشىكتىن كىرورده كىر ئوڭ پۇت بىلەن،*

*ئەمر قىلسا ئالغلا، پاراسەت بىلەن.*

3) بىر قىسىم كىشىلەر كېچىسى ياتقاندا سول يانىنى بېسىپ ياتسا «يامان بولىدۇ»، دەپ قاراپ، ئوڭ يانىنى بېسىپ ياتىدۇ. سول يانىنى بېسىپ يېتىپ كېچىسى قارا بېسىپ قېلىپ مىجەزى چۈشلەشىپ قالسا، باشقىلار ئۇنى «بۈگۈن ئوڭدىن قوپماي، سولدىن قوپقان ئوخشايدۇ»دەيدىغان؛ كىشى بىرەر ئامەتكە، مۇۋەپپەقىيەتكە ياكى ئوڭۇشلۇق ئىشلارغا يولۇقسا، «ئىشىم ئوڭدىن كەلدى» ياكى «ئىشىم ئوڭغا تارتتى»، «پېشانەم ئوڭ ئىكەن» دېگەندەك ئىبارىلەرنى قوللىنىدىغان قاراش ۋە ئادەتلەر داۋاملىشىپ كەلگەن.

مەلۇمكى، ئادەم ھەرىكەتلەنگەندە ھامان ئوڭ قول، ئوڭ پۇت ئەپچىل، يېنىك ھەرىكەتلىنىدۇ، بەدەندىكى كۈچ سالمىقىمۇ ئوڭ قول، ئوڭ پۇتتا ئارتۇق بولىدۇ. بۇ ھال ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئوڭ، چەپ قارىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان بولۇشى مۇمكىن. بۇ جەھەتتە بۈگۈنگىچە داۋام قىلىپ كەلگەن «ئوڭ» ۋە «سول» قاراشلىرىمىزدىن يەنە: ئۆيگە كىرىشتە ئالدى بىلەن ئوڭ پۇتىنى كۆتۈرۈپ، بوسۇغىدىن ئۆتىمىز، ئات ـ ئۇلاغقا مىنگەندە ئالدى بىلەن ئوڭ پۇتىنى ئارتىلدۇرۇپ ئاندىن مىنىمىز، كىيىم كىيگەندە ئالدى بىلەن ئوڭ پۇتقا ئوڭ پۇچقاق سېپىلىدۇ، ئاياغ كىيگەندىمۇ شۇنداق، ھەتتا بىرەرسىنىڭ ئىشتا

(ئاۋۋال ئوڭ، ئاندىن سول).
ئەسكەرلەر ئوڭ ۋە سول تەرەپتىن قايتۇرما زەربە بەردى (ئاۋۋال ئوڭ، ئاندىن سول).
«ئالمىخان» دېگەن خەلق ناخشىسىغا قارايدىغان بولساق:

*ئالمىخاننىڭ بېغى بار،*
*باغ ئىچىدە چېچەك①بار.*
*ئالمىخانغا سەپسېلىڭلار،*
*ئوڭ قېشىدا مېڭى بار.*

بۇنىڭدىن مەڭىنىڭ سول قاشتا بولماي ئوڭ قاشتا بولسا، سول قاشقا قارىغاندا تېخىمۇ گۈزەل، جازىبىدار، مەپتۇن قىلارلىق بولىدىغانلىقى ئىپادىلىنىدۇ. دېمەك، بۇ خەلق ناخشىسىغىمۇ ئوڭنى ئۇلۇغلاش يوشۇرۇن هالدا سىڭدۈرۈلگەن.
خەلقىمىز «ئوڭ» بىلەن «سول»غا ئالاهىدە مۇئامىلە قىلىدۇ. بۇ ئوخشىمىغان مۇئامىلە، ئوڭ ۋە سولنىڭ كۈچ ۋە ئەپچىللىك جەھەتتىن پەرقلىنىدىغانلىقى ئۈچۈنلا ئەمەس. مۇھىمى، بۇنىڭغا خەلقىمىز ئۇزاق ئەسىرلىك قويۇق ئۆرپ ـ ئادەت تۈسى سىڭگەنلىكى ئۈچۈندۇر. بۇنى ئۇلۇغ ئەسەر «قۇتادغۇبىلىك»تىكى مۇنۇ قۇرلار بىلەن ئىسپاتلىغىلى بولىدۇ:

*ئېرۇر ياخشىلىق ئوڭ، يامانلىق ئۇ، سول،*
*جەھەننەم سولۇڭدا، بېهىش ئوڭدا بول.*

بۇ مىسال خەلقىمىزنىڭ «ئوڭ» غا بولغان ئەقىدىسىنىڭ ناهايىتى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.
خەلقىمىزدىكى «ئوڭ» بىلەن «سول»قارىشى تۆۋەندىكى بىر قانچە

①(چاڭ ئەسلىي خەنزۇ تىلىدىكى چۇاڭ بولۇپ، «كارىۋات» دېگەن مەنىدە)

توققۇزىنچى باب

# تىل - ئادەتلىرى، ئويۇن - مەشرەپلەر ۋە خەلق تەنتەربىيەسى

## §1. تىل ئادىتى

تەكلىماكاننى چۆرىدەپ جايلاشقان بوستانلىقلاردا تارىختا بىر قانچە خىل دىن ۋە تارىم مەدەنىيىتى ئاساسىغا بىر قانچە خىل مەدەنىيەت ئۇچراشقىنىدەك، بىر قانچە خىل تىل ۋە يېزىقلارنىڭمۇ ئۇچرىشىش ۋە ئارىلىشىش ۋاقىتلىرى بولغانلىقى مەلۇم ... خوتەن بوستانلىقلىرىدا مانا مۇشۇنداق ئۇچرىشىش قاتلاممۇقاتلام يۈز بەرگەن. خوتەن دىيالېكتىدا بولۇپمۇ ئۇنىڭ لېكسىكا قىسمىدا ئىپادىلىنىپ تۇرغان بىر قىسىم ئالاھىدىلىكلەرنى مانا شۇنداق ئارىلىشىشلارنىڭ ئىزلىرى دېيىشكە بولىدۇ.

تىل ئادىتى جەھەتتە خەلقىمىزنىڭ جانلىق تىلىدا، بولۇپمۇ فونېتىكا، گىراماتىكا ۋە لېكسىكا جەھەتتىن خېلى بىر قىسىم ئۆزگىچىلىكلەرگە ئىگە خوتەن دىيالېكتى، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئاكتىپ، ئىجابىي تەسىرى ئارقىلىق بىر ئەسىرگە يېقىن ۋاقىتتىن بۇيان پەيدىنپەي ئەدەبىي تىل نورمىسىغا چۈشكەن ۋە چۈشۈۋاتقان بولسىمۇ، ھېلىھەم بەزى چەت يېزا - كەنتلەر، تاغلىق رايونلاردىكى ئاھالىلەرنىڭ جانلىق تىلى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىل نورمىسىدىن (فونېتىكا، لېكسىكا جەھەتتىن) قىسمەن پەرقلىنىپ تۇرماقتا.

يەملىكلىكى، مىجەز ـ خۇلقىنىڭ يېقىملىقلىقى ــ ئوڭلۇق ئىبارە-
سى بىلەن تەرىپلىنىدۇ. بىر ئىشنىڭ ئوڭۇشلۇق بولغان، بولمىغانلى-
قى، ياتقاندا قارا بېسىش، بەزى كۆڭۈلسىزلىكلەرنىڭ ئۆرلەپ قېلى-
شى قاتارلىقلارمۇ ئوڭ، چەپ قارىشىغا باغلىنىدۇ. مەسىلەن، «ئىشى-
مىز (تەلىيىمىز) ئوڭغا تارتىپ (ئوڭدىن كېلىپ) يۈرۈشۈپ كەتتى»؛
«ئىشىمىز چەپكە تارتىپ ئىلگىرى باسمىدى»، «سول تەرىپىمنى بې-
سىپ ياتقانىكەنمەن، قارا بېسىپ كەتتى»، «سول ياننى بېسىپ ياتقاچ-
قا، قاپاقلىرى چۈشۈپ كېتىپتىغۇ»... دېگەنلەرگە ئوخشاش. بۇندىن
باشقا ئادەتتە «ئوڭ گەپ قىلغىن»، «توغىمەنمۇ ئوڭ چۈرگىلەيدۇ» دې-
گەندەك تەمسىل سۆزلەرمۇ كۆپ ئىستېمال قىلىنىدۇ، باشقا مىللەت-
لەردىكىدەك بىزدىمۇ خوتۇن كىشى «ئادەمنىڭ سول قوۋۇرغىسىدىن
يارالغان» دەپ كەمسىتىدىغان ئادەت بار. بۇمۇ خەلقىمىزنىڭ «ئوڭ»
نى ئۇلۇغلاش ئېڭى بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

«ئوڭ» سۆزى تۇرمۇشىمىزدا كىشىلەرنىڭ ھەر بىر سۆز، ئىش ـ
ھەرىكەت، كىشىلىك تۇرمۇشىدىكى ئالاقە، ئادەم بولۇش مىزانلىرى
قاتارلىقلارغا سىڭىپ كەتكەن بولۇپ، رېئال تۇرمۇشىمىزدا بەلگىلىك
ئەھمىيەتكە ئىگە.

**(مۇنەۋۋەر ئۇبۇلھەسەن)**

«ئۇ»تاۋۇشى «ئۇ»دەپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. مەسىلەن: جۇپ ← جوپ، گۆش ← گوش، گۆل ← گۇل ... دېگەندەك.

بەزى سۆزلەرنىڭ بېشىدىكى «ھ»ئۈزۈك تاۋۇشى چۈشۈپ قېلىپ، ئەدەبىي تىلدىكى «ھ»ئۈزۈك تاۋۇشى بىلەن باشلانغان سۆزلەرنى سوزۇق تاۋۇش بىلەن باشلانغان سۆزگە ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ. مەسىلەن: ھوشيار ← ئوشىا، ھەشقاللا ← ئەشقاللا، ھۆل ← ئۆل ... دېگەندەك.

بۇخىل تاۋۇش ئۆزگىرىشىگە، بەزى سۆزلەرنىڭ تەركىبىدە كېلىدىغان «ئا»تاۋۇشىنىڭ مۇئەييەن شەرت ئاستىدا ئۈزۈك تاۋۇشقا (مەسىلەن: بارىدىكەن ← بارتكەن، ئالىدىكەن ← ئاتكەن...) ئايلىنىشى؛ سۆزلەر ھەرخىل شەخسلەر بىلەن تۈرلەنگەندە، شۇ سۆزدىكى ئۈچ شەخس قوشۇمچىسىنىڭ ئالدىدا كەلگەن بىر ئۈزۈك تاۋۇشنىڭ «ت»تاۋۇشىغا (مەسىلەن: قىلىمەن ← قىتمە، كېلىدۇ ← كىتۇ...) نۆۋەتلىشىشىنى كۆرسىتىش مۇمكىن.

تۈرلىنىشى ۋە ھېچقانداق گىراماتىكىلىق باغلىنىشى بولمىسىمۇ، بىر قىسىم سۆزلەردىكى بىرىنچى سوزۇق تاۋۇشنىڭ ئۆزئارا ئۆزگىرىشى، خوتەن دىيالېكتىدىكى فونېتىكىلىق ھادىسىدۇر. بۇ جەھەتتە: «ئۇ»تاۋۇشىنىڭ «ئە»بولۇپ كېلىشى؛ «د»تاۋۇشىنىڭ «ت»بولۇپ (مەسىلەن: ئوقۇيدۇئوقۇيتۇ، ئىشلەيدۇئىشلىتۇ...) كېلىشى؛ «ھ»تاۋۇشىنىڭ «ي»بولۇپ (مەسىلەن: ھېساب يىساب، ھېكايە يېكايە...) كېلىشى؛ «ئا»تاۋۇشىنىڭ «ئە»بولۇپ (مەسىلەن: ئادەم ئەدەم، لاسىدە لەسىدە...) كېلىشى؛ «ئې» تاۋۇشىنىڭ «ئى»بولۇپ (مەسىلەن: كېچە كىچە...) كېلىشى؛ تۈپ سۆزلەردە بوغۇم ئاخىرىدا كەلگەن «چ»تاۋۇشىنىڭ «ش»بولۇپ (مەسىلەن: قىزغۇچ قىزغۇش، ئاچقۇچ ئاچقۇش...) كېلىشى قاتارلىقلارنى كۆرسىتىشكە بولىدۇ.

بۇ دىيالېكتتا ئايرىم سۆزلەردە كېلىدىغان «ر»تاۋۇشى «ي»تاۋۇشىغا (مەسىلەن: ئۆيگە كىرىڭ ئۆيگە كىيىڭ، ئۆيگە سۇ كىرىپتۇ ئۆيگە سۇ كىيىپتۇ...) نۆۋەتلىشىدۇ. بىراق، بەزى سۆزلەرنىڭ ئا-

تىلشۇناسلار تەرىپىدىن ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئۈچ چوڭ دىيالېكتىنىڭ بىرى دېيىلگەن خوتەن دىيالېكتى رايونىدا يەنە فونېتىكا، گىراماتىكا بولۇپمۇ لېكسىكا جەھەتتىن بەزى پەرقلەرنى ساقلاپ كەلگەن «گۇما شېۋىسى»، «قاراقاش شېۋىسى»، «ئىلچى شېۋىسى»، «لوپ شېۋىسى»، «كېرىيە شېۋىسى»(چىرا، كېرىيە، نىيا، چەرچەن، چاقىلىق ناھىيەلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) بولۇپ، بۇلار خوتەن دىيالېكتىنىڭ شېۋە رايونلىرىدۇر. بۇ شېۋىلەر خوتەن دىيالېكتىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىياتىغا زور تەسىرلەرنى كۆرسەتكەن. مەيلى خوتەن دىيالېكتى ياكى خوتەن دىيالېكتىنىڭ يۇقىرىقى بەش شېۋە قاتلىمى بولسۇن، ئۇلارنىڭ ئۇيغۇر تىلىنىڭ باشقا دىيالېكتلىرى بىلەن بولغان پەرق ـ ئۆزگىچىلىكلىرى پەقەت تىل تاۋۇشلىرى سىستېمىسى ۋە لۇغەت تەركىبىدە كۆرۈلۈپ، گىراماتىكىلىق قۇرۇلۇش ۋە ئاساسىي لۇغەت تەركىبىدە پەرقلەر يوق دېيەرلىك.

## 1. خوتەن دىيالېكتىنىڭ بەزى ئالاھىدىكلىرى

### 1) خوتەن دىيالېكتىنىڭ فونېتىكا جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكى

خوتەن دىيالېكتىدىكى فونېتىكىلىق ئالاھىدىلىكلەر تاۋۇش ئۆزگىرىشى، ئاجىزلىششى، چۈشۈپ قېلىشى، كۆپىيىپ قېلىشى ۋە تاۋۇش ئاسسىمىلياتسىيەسى قاتارلىقلاردا كۆرۈلىدۇ.

#### (1) تاۋۇش ئۆزگىرىشى جەھەتتە

بۇ دىيالېكتتا سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئاھاڭداشلىق قانۇنىيىتى ئاساسەن بۇزۇلغان بولۇپ، لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ماسلىششى بىر قەدەر ئاجىز. مەسىلەن: كۆزۈك ← كۆزەك، ئويۇن ← ئويان، ئۆلۈم ← ئۆلەم، ئۆتۈك ← ئۆتەك، توكۇر ← توكا، قولۇم ← قولام … دېگەنلەردەك.

ئەدەبىي تىلدىكى لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشلاردىن سۆزنىڭ بىرىنچى بوغۇمىدا كەلگەن «ئۆ»تاۋۇشى بۇ دىيالېكتتا «ئو»دەپ؛

ئى»لارنىڭ ئاخىرىغا ئۇلىنىپ كەلگەندە (مەسىلەن: كىرپە كىپە، گىردە گىدە...)؛ «ي»تاۋۇشى كۆپ بوغۇملۇق پېئىللاردا «ر//ق»تاۋۇشلىرىنىڭ ئالدىدا كەلگەندە (مەسىلەن: سايرىماق سارىماق، ئايرىلماق ئارىلماق...)؛ «ي»تاۋۇشى مەلۇم سۆزلەردە «س//چ»تاۋۇشلىرىنىڭ ئالدىدا كەلگەندە (مەسىلەن: قايچا قاچا، قايسى قاسى...)؛ بوغۇم بېشى بولۇپ كەلگەن «ھ»تاۋۇشى بەزى كۆپ بوغۇملۇق سۆزلەرنىڭ بىرىنچى بوغۇمىدا بوغۇم بېشى ياكى بوغۇم ئاخىرى بولۇپ كەلگەندە (مەسىلەن: مەسلىھەت مەسلەت، ئەھۋال ئەۋال...) چۈشۈپ قېلىشىنى كۆرستىشكە بولىدۇ.

(4) تاۋۇشلارنىڭ كۆپىيىپ قېلىشى

ئەدەبىي تىلدىكى ئۇزۇك تاۋۇش بىلەن باشلانغان بەزى سۆزلەرنىڭ ئالدىغا، بۇ دىيالېكتتا بىر سوزۇق تاۋۇشنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن تاۋۇش ئاجىزلىشىپ، شۇ سۆزدە بىر بوغۇم كۆپىيىپ قالىدۇ. مەسىلەن: ھاك ئاھاك، ھېكى ئاھىكى... دېگەنلەردەك.

يەنە قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا ئوخشاش ئىسىملارنىڭ 3ـشەخس قوشۇمچىسى بىلەن تۇرلەنگەن ئورۇننى، تەرەپنى بىلدۈرىدىغان «ئاستى//ئۇستى...»دېگەندەك رەۋىشلەر كېلىشلەر بىلەن تۇرلەنگەندە، كېلىش قوشۇمچىلىرىنىڭ ئالدىدىكى بىر «ن»تاۋۇشى كۆپىيىپ قالىدۇ. مەسىلەن: ئۇستىدە ئۇستىنىدە، ئاستىنىڭ ئاستىنىنىڭ ··· دېگەندەك.

(5) ئۇزۇك تاۋۇشلارنىڭ ئاسسىمىلياتسىيەلىنىشى

خوتەن دىيالېكتىدىكى مۇھىم فونېتىكىلىق ئالاھىدىلىكنىڭ يەنە بىرى، تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىشى بىلەن ئۇزۇك تاۋۇشلارنىڭ ئاسسىمىلياتسىيەلىنىشى، بولۇپمۇ سۆزلەرگە ھەرخىل قوشۇمچىلار ئۇلانغان ئەھۋالدىكى تەتۈر ئاسسىمىلياتسىيەلىنىشنىڭ كۆپرەك كۆرۈلۈشىدۇر. بۇ جەھەتتە: «چ//ش»تاۋۇشى بىلەن ئاخىرلاشقان سۆزلەرگە «س»بىلەن باشلانغان قوشۇمچىلار ئۇلىنىپ، توپ سۆز ئا-

خىرىغا كېلىدىغان «ق // ك // پ»تاۋۇشلىرى شۇ سۆزلەرگە ئۇلانغاندا «غ // گ // ۋ»تاۋۇشلىرىغا ئۆزگىرىپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ.

(2) تاۋۇشلارنىڭ ئاجىزلىشىشى

خوتەن دىيالېكتىدا بەزى بىر بوغۇملۇق سۆزلەرگە قوشۇمچىلار ئۇلىنىپ، بىرىنچى بوغۇمى ئوچۇق بوغۇم ھالىتىدە كەلگەندە تاۋۇش ئاجىزلىشىدۇ. مەسىلەن:

گەپ + ئىم = گېپىم گىپىم، بەل + ئىم = بېلىم بىلىم ··· ۋە باشقىلار.

ئەدەبىي تىلدا «يە // دە»دېگەنگە ئوخشاش بىر ئوچۇق بوغۇمدىن تۈزۈلگەن پېئىللارغا قوشۇمچىلار ئۇلانغاندىن كېيىن ئوچۇق بوغۇم ئۆزگەرسە، شۇ سۆزدىكى سوزۇق تاۋۇش ئاجىزلاشمايدۇ. بىراق، بۇ دىيالېكتتا بىر قىسىم سۆزلەردىكى بوغۇم ئۆزگىرىشى تۈپەيلىدىن تاۋۇش ئاجىزلىشىدۇ. مەسىلەن:

دەيلى دېيلى، دەيمىز دېتۇ، قىلايلى قېتىمىز ··· دېگەنلەر - دەك.

بۇ دىيالېكتتا مەلۇم كونكرېت شارائىتتا جاراڭلىق ۋە جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇشلار ئالمىشىپ، تاۋۇشلارنىڭ ئاجىزلىشىشى يۈز بېرىدۇ. مەسىلەن:

پىياز پىشاز، يۆتەل ھۆتە، يىپ شىپ، يىك شىك، يىلىك ھىلىگ

(3) تاۋۇشلارنىڭ چۈشۈپ قېلىشى

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىغا سېلىشتۇرغاندا، خوتەن دىيالېكتىدا ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ چۈشۈپ قېلىشى خېلى كۆپ كۆرۈ - لىدۇ. بۇلارغا: «ر»تاۋۇشى ساناق سانلار تەركىبىدە كەلگەندە (مەسە - لەن: قىرىق قىخ، بىر بىي...)؛ «ر»تاۋۇشى ئىسىم، پېئىل سۆزلە - رىنىڭ ئاخىرىدا كەلگەندە (مەسىلەن: ھارۋا ھايۋا، بارىمەن بايتمە، رادىيو يادىيو...)؛ «ر»تاۋۇشى تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇش «ئە //

2) خوتەن دىيالېكتىنىڭ لېكسىكا جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكى

كۆرسىتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، كۆپ قاتلام، كۆپ خىل ئامىل، جۇغراپىيەلىك جايلىشىش، ئىشلەپچىقىرىش، ئىجتىمائىيەت، ھۈنەر-سەنئەت جەھەتلەردىكى ئۆزگىچىلىكلەر تۈپەيلىدىن خوتەن دىيالېكت رايونىدا ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدا تەڭدىشى يوق نۇرغۇن سۆز-ئاتالغۇ، ئۇقۇملار ھەم ئەدەبىي تىلدىكى سۆزلەرنىڭ كۆپلىگەن ۋارىيانتلىرى بار. بۇ مۇستەقىل سۆزلەر ئىچىدە ئىسىملار كۆپرەك، ياردەمچى سۆزلەر ئىچىدە ئىملىق، ئۇندەش، ئۇلانمىلار كۆپرەك كۆرۈلىدۇ. بۇخىل لېكسىكىلىق ئالاھىدىلىكنى تۆۋەندىكىدەك (ئىلاۋە: دىيالېكت شېۋە سۆزلۈكلىرى ھەرپ تەرتىپى بويىچە مەخسۇس سەھىپىدە كۆرسىتىلگەچكە، بۇ يەردە پەقەت زۆرۈرىيەت ۋەجىدىن ئازلا مىسال ئېلىنىدۇ) كۆرسىتىشكە بولىدۇ:

(1) بىر قىسىم يەر-جاي ناملىرى، ھۈنەر-سەنئەت، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ۋە باشقا جەھەتلەردىكى مۇشۇ رايونغا خاس بولغان سۆزلەر خېلى كۆپ ئۇچرايدۇ.

(2) بۇ دىئالېكتتىكى قىسمەن سۆزلەرنىڭ ئەدەبىي تىلدىكى مەنە دائىرىسى ۋە ئىشلىتىلىش ئورنى ئوخشمايدۇ ياكى پەرقلىنىدۇ. مەسىلەن: «كادالڭ» سۆزى ئەدەبىي تىلدا «تەجرىبىلىك، پىشقان ئادەم...» دېگەندەك مەنىلەرگە ئىگە بولسىمۇ، بۇ دىيالېكتتا «ھاكاۋۇر، مەنمەنچى...» دېگەندەك مەنىدە؛ «گاداي» سۆزى ئەدەبىي تىلدا «نامرات، يوقسۇل» دېگەن مەنىلەرگە ئىگە بولسىمۇ، بۇ دىيالېكتتا «ياشانغان، قېرى كىشى...» دېگەندەك مەنىدە؛ «يامان» سۆزى ئەدەبىي تىلدا «ئەسكى» مەنىسىنى بىلدۈرسە، بۇ دىيالېكتتا دەرىجە رەۋىشى ئورنىدا كېلىپ، «ناھايىتى، ئىنتايىن» دېگەن مەنىدە (بۇ ئادەم يامان كۆچلۈككەن...) قوللىنىلىدۇ.

(3) بۇ دىيالېكتتا قىسمەن سۆزلەرنىڭ مەنىسى ئەدەبىي تىلغا ئوخشاش بولسىمۇ، فونېتىكىلىق شەكلى ئوخشمايدۇ. مەسىلەن:

خىرىدىكى «چ //ش»تاۋۇشلىرىنىڭ «س»تاۋۇشىغا (مەسىلەن: چۈش-سەم چۈسسەم، كەچسەم كەسسەم...) ئۆزگىرىشىنى؛ «ت»تاۋۇشى بىلەن ئاخىرلاشقان سۆزلەرگە «س»تاۋۇشى بىلەن باشلانغان قوشۇم-چىلار ئۇلانغاندا، تۈپ سۆز ئاخىرىدىكى «ت»تاۋۇشىنىڭ «س»تاۋۇشى-غا (مەسىلەن: كەتسۇن كەسسۇن، ساۋاتسىز ساۋاسسىز...) ئۆزگە-رىشىنى؛ «ت»تاۋۇشى بىلەن ئاخىرلاشقان قىسمەن سۆزلەرگە «چ»تا-ۋۇشى بىلەن باشلانغان قوشۇمچىلار ئۇلانغاندا، تۈپ سۆز ئاخىرىدىكى «ت»تاۋۇشىنىڭ «چ»تاۋۇشىغا (مەسىلەن: سائەتچى سائەچچى، سەن-ئەتچى سەنەچچى...) ئۆزگىرىشىنى كۆرسىتىشكە بولىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا، «ز»تاۋۇشى بىلەن «س»تاۋۇشىنىڭ، «ن»تاۋۇشى بىلەن «ل»تاۋۇشىنىڭ (مەسىلەن: قانلىق قاللىق، جانلىق جال-لىق...) ئاسسىمىلياتسىيەلىنىشى كۆرۈلىدۇ ھەمدە بۇخىل تاۋۇش ئاسسىمىلياتسىيەلىنىشى سەۋەبىدىن بەزى سۆزلەرنىڭ كۆپ خىل ۋارىيانتلىرى ھاسىل بولىدۇ. مەسىلەن: ئەجەب ھەجەب / ھېجە-پي، ھەشقىپىچەك ئەشقىپىچەك / ئاشقىپىچەك... دېگەنلەردەك.

بۇ دىيالېكتتا يەنە «ت» تاۋۇشى كۆپرەك ئۇچرايدۇ. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدا تىل ئۇچى ئۇزۇك تاۋۇش بولغان «ت» قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى «دۇرۇر //تۇرۇر // ئۇرۇر»لارنىڭ ئۆزگە-رىشىنىڭ نەتىجىسى بولۇپ، بۇلار لوپنۇر دىيالېكتىدا بىر «د»شەك-لىدە ساقلىنىپ كەلگىنىدەك، بۇ دىيالېكتتىمۇ بىر «ت» شەكلىدە ساقلىنىپ كەلگەن. مەسىلەن:

| خوتەن دىيالېكتىدا | چاغاتاي تىلىدا | قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا: |
| --- | --- | --- |
| كېتىمىز | كەلەدۇرمىز | كەلىپ تۇرۇرمىز |
| ئېيتتىمە | ئەتەدۇرمەن | ئېتە تۇرۇرمەن |
| يانتىمىز | يانادۇرمىز | يان تۇرۇرمىز |

| خوتەن دىيالېكتىدا: | خاقانىيە تىلىدا: | ئەدەبىي تىلدا: |
|---|---|---|
| ئېرىخ | ئېرىخ | پاكىز، ساپ |
| بىچاغ | بىچاغ | كۆپ، بەك |
| ئالتىن | ئالتىن | ئاستىن |
| ھاللاڭ | ھاللاڭ | ئوچۇق |
| شاپ | شاپ | تېز، چاپسان |
| مانجۇ | مانجۇ | ئىش ھەققى |
| تونۇك | تۈنۈك | تۈڭلۈك |

دېگەنلەردەك.

(9) تارىخىي، ئىجتىمائىي، جۇغراپىيىۋى ئامىللار ۋە تىل تەرەققىياتى ئېھتىياجىدىن خەنزۇ، ئەرەب، پارس تىللىرىدىن بۇ دىئالېكتقا كىرىپ ئۆزلەشكەن سۆزلەرمۇ بار. مەسىلەن: ساي (ھازىر)، ساخۇ (گومۇش)، سەيپۇڭ (كىيىم تىككۈچى)، ئەمبەل (ئاشتاختا)، جۇسەي (كۆدە)، تىڭشا (ئاڭلا)، جا (ساختا)، خارەت (ياغاچچى)، كالپۇك (لەۋ)، زەدەك (سەۋزە)، سەگ (ئىت)، چەپ (سول)، زەدا (باي، پۇللۇق، زەردار)... دېگەنلەردەك.

(10) بۇ دىيالېكتتا ئەدەبىي تىلدىكى ئۇلانمىلار (مۇ//چۇ//غۇ//قۇ//زە//يۇ//ئا//ئە//دە//لا//ھ قاتارلىقلار) بىلەن تەڭداش مۇناسىۋەتتە بولغان ۋە تەڭداش مۇناسىۋەتتە بولمىغان «ھاما//ھەدە//ھاما-ھاما//ھەدە-ھەدە//ھەدەڭ-ھەدەڭ//ھېچپىي//ھەكىۋاتو//ھاسىنوي//ھازنوي//ھەربادى ...» قاتارلىق ئۇلانمىلار ئېغىز تىلىدا كۆپ قوللىنىلىدۇ. ئۇلار جۈملىلەرگە ئۇلىنىپ كېلىپ، ئۆزى ئۇلانغان جۈملىلەرگە تەكىتلەش، سوراق، يېلىنىش، ئۆتۈنۈش، جېكىلەش، بەزلەش قاتارلىق مەنىۋى تۈسلەرنى بېرىپ، گىراماتىكىلىق مەنە ئىپادىلەيدۇ.

(11) بۇ دىيالېكتتا ئەدەبىي تىلدا بولمىغان قىسمەن ئىملىق سۆزلەر بار. مەسىلەن: ھام//ھەئىئە//ھىئىئى//ھۆم//ھەھ...ھەھ... دېگەنلەردەك. ئۇلار مۇستەقىل مەنە بىلدۈرمىسىمۇ، جۈملىلەرگە

مۇت بىكار، ھەقسىز / ئۆمىلاقمان ھەمىشە، دائىم / تەممەت مۇتلەق، پۈتۈنلەي / تەدان قۇۋ، ھىيلىگەر / پەلتەڭ ئەپكەش ··· دېگەندەك.

(4) بۇ دىيالېكتتا ھەم ئەدەبىي تىلدىكى سۆزنى ھەم دىيالېكت ـ شېۋە سۆزلىرىنى ئالماشتۇرۇپ قوللىنىش ئەھۋاللىرى بار. مەسىلەن: زادى زادى / غولى، راستتىنلا راستىنلا / چىمپىش ـ شىغ، قاۋۇل قاۋۇل / گەۋرى... دېگەنلەردەك.

(5)بۇ دىيالېكتتا قىسمەن سۆزلەر ئەدەبىي تىلغا ياندىشىپ مەنداش سۆز گورۇپپىسى ھاسىل قىلىدۇ. ئەمما، خەلق ھەر ئىككىسىنى چۈشەنسىمۇ، ئۆز شېۋىسى بولغىنىنى كۆپرەك قوللىنىدۇ. مەسىلەن: گال پوكان / قوچۇش مالتىلاش / چىرايلىق ئۇز / جىق ئاۋۇن / دۆت دېۋەڭ... دېگەنلەردەك.

(6) بۇ دىيالېكتتا قانۇنىيەتلىك تاۋۇش ئۆزگىرىشى ياكى ئالمىشىش ھادىسىلىرىگە ئوخشىمايدىغان، ئەمما، مەنە، تەلەپپۇز جەھەتتىن ئەدەبىي تىلدىكىگە ئوخشايدىغان سۆزلەر بار. مەسىلەن: ئابرۇي ئاۋۇي / ئىتتىك يىتتىگ / ھۆپۈپ ھۆپەپ / مۇ ـ شۇك مىش / كارىۋات كاتۇ / چويلا چالۇ... دېگەنلەردەك.

(7) بۇ دىيالېكتتا ئەدەبىي تىلدىكى ئاتالغۇلارنىڭ بىرقانچە خىل ئاتىلىشى بار. مەسىلەن: «تۇغۇش» دېگەن ئاتالغۇنى ئالساق، ئەدەبىي تىلدا «توخۇ تۇغدى، قوي تۇغدى...» دېگەندەك ھەممىسىگە «تۇغدى» سۆزى قوللىنىلسا، بۇ دىيالېكتتا «قوي قوزىلىدى، توخۇ تۇخۇم قويدى، كالا موزايلىدى، ئات تايلىدى، ئەچكۇ ئوغلاقلىدى...» دەپ قوللىنىلىدۇ.

(8) بۇ دىيالېكتتا قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى لېكسىكىلىق تەركىبلىرى ھازىرغىچە داۋاملاشقان بولۇپ، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆزلەردىن ئىزچىل قوللىنىلىپ كېلىۋاتقانلىرى خېلى كۆپ. مەسىلەن:

چىلارنى قوشۇش ئارقىلىق يېڭى ئىسىملار ياسىلىدۇ. مەسىلەن:
ھۆللۈمەن+لىك=ھۆللۈمەنلىك // خارەت+چىلىك=خارەتچىلىك... دېگەندەك.

(2) سۈپەت جەھەتتە:

سۈپەتلەرنىڭ ئوخشىتىش قوشۇمچىسى «دەك//تەك»بۇ دىئالېكتتا «دەي//تەي»بىلەن ئىپادە قىلىنىدۇ. مەسىلەن: پاختىدەك پاختىدەي // مۈشۈكتەك مۈشۈكتەي... دېگەندەك.

بۇ دىيالېكتتا ئەدەبىي تىلدىكى سۈپەت ياسىغۇچى «لىق//لىك// لۇق//لۈك»قوشۇمچىسى ئوخشاشلا قوللىنىلىش بىلەن بىرگە، يەنە «لىگ//لەگ//لىخ//لۇغ»قاتارلىق جاراڭلىق تاۋۇشلار بىلەن ئاخىرلاشقان شەكىللىرىمۇ قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن: زەيلىك زەيلىگ // كۆزلۈك كۆزلەگ // ئۇتۇقلۇق ئۇتۇغلۇق // ئەقىل- لىق ئېقىللىخ // ئۆلۈك ئۆلەگ... دېگەندەك.

ئەدەبىي تىلدىكى سۈپەت ياسىغۇچى «ق//ئىق» قوشۇمچىلىرىنىڭ بۇ دىيالېكتتا «غ//ئىخ» بولۇپ (مەسىلەن: قايناق قاي- ناغ // قاتتىق قاتتىخ) كېلىشىمۇ ئۇچرايدۇ.

كېلىدىغان زامان سۈپەتداش ئەدەبىي تىلىمىزدا «غا» مورفېمىسى ئارقىلىق ياسالسا، بۇ دىيالېكتتا «قان» مورفېمىسى ئارقىلىق ياسى- لىدۇ (بۇ، قەدىمكى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى بەزى فونېتىكىلىق ئا- مىللارنىڭ بۇ دىيالېكتتا ساقلىنىشى، تاۋۇشلارنىڭ ئۆزئارا ماسلى- شىشىنىڭ نەتىجىسىدۇر). مەسىلەن:

يانىدىغان يانىتقان // كېتىدىغان كېتىتقان // ئالىدى- غان ئاتقان // بارىدىغان بارتقان... دېگەنلەردەك.

بۇ دىيالېكتقا خاس بولغان سۈپەت ياسىغۇچى قوشۇمچىلارنى قوشۇش ياكى ئانالىتىك يول ئارقىلىق يېڭى سۈپەتلەر ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

بەك+ئۆز=بەكئۆز // ھېۋەت+خور=ھېۋەتخور... دېگەندەك.

قوشۇلۇپ كېلىپ، كونكرېت نۇتۇق شارائىتىدا جۈملىلەرگە گىرام-ماتىكىلىق مەنە يۈكلەپ، ئۇقۇمنىڭ ئېنىقلىقىنى ئاشۇرىدۇ.

(12) بۇ دىيالېكتتا كۆپرەك قوللىنىلىدىغان «ھېجېن//ھېلىق //ھوجون//ئۇجۇن-ئۇجۇن//ھۇي//هاي ···» دېگەندەك ئىملىق ۋە ئۈندەشلەر بولۇپ، ئادەتتە تەلەپپۇزدا جۈملىلەرگە قوشۇلۇپ كېلىپ، كەمسىتىش، يىرگىنىش، ھەيرانلىق، ئۆتۈنۈش، قورقۇش قاتارلىق ئىچكى ھېسسىياتنى ئىپادىلەپ، جۈملىلەرگە گىراماتىكىلىق تۈس بېرىدۇ.

بۇ ئىملىق ۋە ئۈندەشلەرنىڭ سېمانتىكىلىق مەنىسى، گىراما-تىكىلىق خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى ئاساسەن ئەدەبىي تىلدىكى ئۈندەشلەر بىلەن ئوخشاش ئورۇندا تۇرىدۇ.

3)خوتەن دىيالېكتىنىڭ گىراماتىكىلىق ئالاھىدىلىكى

بۇ دىيالېكتىنىڭ گىراماتىكىلىق ئالاھىدىلىكى ئاساسەن فونې-تىكىلىق ئۆزگىرىشلەر ئاساسىدا كېلىپ چىققان بولۇپ، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدىن خېلىلا پەرقلىق.

(1) ئىسىم جەھەتتە:

ئەدەبىي تىلدا ئىسىملارنىڭ ئىگىلىك شەخس قوشۇمچىلىرىنىڭ 1-، 2-شەخستە سۆزلەرگە ئۇلىنىدىغانلىرى «ئىم//ئۇم//ئىڭ//ئۇڭ» شەكلىدە كەلسە، بۇ دىيالېكتتا «ئام//ئەم//ئاڭ//ئەڭ» شەك-لىدە ئۇلىنىپ كېلىدۇ. مەسىلەن: پۇت-پۇتۇم پۇتام // قول-قولۇڭ قولاڭ // كۆڭلەك-كۆڭلىكىم كۆينىكەم // كۆز-كۆزۈڭ كۆزەڭ // قۇلاق-قۇلىقىم قولىقام ... دېگەنلەردەك.

بەزىدە «ئۇ//ئۈ» سوزۇق تاۋۇشى بىلەن ياسالغان بىر بوغۇملۇق سۆزلەرگە 3-شەخس قوشۇمچىلىرى بۇ دىيالېكتتا «ئىسى//سى» شەكلىدىلا ئۇلىنىدۇ. مەسىلەن:

ئۇن-ئۇنى ئۇنىسى // پۇل-پۇلى پۇلىسى //ئۆي-ئۆيى ئۆيىد-سى... دېگەنلەردەك.

بۇ دىيالېكتقا خاس بولغان ئىسىملارغا سۆز ياسىغۇچى قوشۇم-

تېگورىيەلەر ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن. مەسىلەن: ئۆتكۈزگۈلۈك (ئۆتكۈزۈش لازىم) // ئىشلەتكۈلۈك (ئىشلەتمىش كېرەك) // بارغۇلۇق (بېرىش لازىم) // قوققۇلۇق (قورقۇش كېرەك)...

«ئۈزگۈلۈك ئاينى، چىقىپ يەتتە قات كۆك قەرىدىن // سوزگۇلۇك تاشپاقىنى ئوكيان ـ دېڭىزلار تەكتىدىن»(ماۋزېدۇڭ «جىڭگاڭشەنگە قايتا چىقىش»تىن).

«غۇلۇق // قۇلۇق // گۈلۈك // كۈلۈك» قوشۇمچىلىرىنىڭ ئىسىملارغا بىۋاستە ئېنىقلىغۇچى بولمايدىغان؛ ئۆتكەن ھەرىكەتنى بىلدۈرمەيدىغان؛ ھەرىكەتناملاردەك ئىسمىنىڭ سان، شەخس كاتېگورىيەسى ۋە كېلىش شەكىللىرى بىلەن تۈرلەنمەيدىغان؛ تىركەلمىلەر بىلەن بىرىكمەيدىغان ئالاھىدىلىكلىرى بار. گەرچە خاھىش، بۇيرۇق، زۆرۈرىيەتنى ئىپادىلەيدىغان بۇ شەكىل قىسمەن ھاللاردا سۈپەتلەرگە ئوخشاش بىۋاستە ئېنىقلىغۇچى (مەسىلەن: دېگۈلۈكنى دېدىڭ، يېگۈلۈكنى يېدىڭ...) بولۇپ كەلسىمۇ، جۈملىدە ئىگە، خەۋەر، تولدۇرغۇچى ۋە ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كېلىشىنى ئومۇمىي ئەھۋال دەپ قاراشقا بولمايدۇ.

خوتەن دىيالېكتىنىڭ پېئىللاردىكى روشەن ئالاھىدىلىكى ھېسابلىنىدىغان بۇ شەكىلدە، تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشلۇق سۆزلەرنىڭ ئاخىرىغا «گۈلۈك // كۈلۈك»؛ تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇشلۇق سۆزلەرنىڭ ئاخىرىغا «غۇلۇق // قۇلۇق»ئۇلىنىپ كېلىپ يەنە «يا» ئۇلىنىدۇ. مەسىلەن: كۈلەيلى كۈلگۈلۈك(يا) // كۆرەيلى كۆگۈلۈك(يا) // بارايلى باغۇلۇق(يا) // ياپايلى ياپقۇلۇق (يا) ··· دېگەنلەردەك.

پېئىل يىلتىزلىرىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى ئېلىپ ئېيتساق، «گەك // غاق»قوشۇمچىلىرىنىڭ ئۇلىنىشى بىلەن (مەسىلەن: بېرىدىغان بەگەك // ئالىدىغان ئاغاق) سۈپەتداشلارنىڭ ياسىلىشىنى؛ 1ـ شەخس بۇيرۇق رايىدىكى پېئىل يىلتىزىغا 1ـ شەخس قوشۇمچىسىنىڭ «ئى»شەكلىدە (مەسىلەن: بارايلى بارىلى // كەتمەيلى كەتمىلى...)؛ «دا // تە»شەكلىدە (مەسىلەن: ئۆستۈردۈم ئۆستەدىم //

**(3) سان جەھەتتە:**

ئەدەبىي تىلدا دەرىجە سانىنى بىلدۈرۈشتە «چى» قوشۇمچىسى ئۇلانسا، بۇ دىيالېكتتا «جى» ئۇلىنىدۇ. مەسىلەن: ئىككىنچى ئىك- كىنجى // بەشىنچى بەشىنجى... دېگەنلەردەك.

**(4) رەۋىش جەھەتتە:**

«پ // ىپ // ۇپ»لەر ئەدەبىي تىلدىكى رەۋىشداش ياسىغۇچى مورفېما بولۇپ، بۇ دىيالېكتتا بۇلاردىن «پ // ىپ»لا بار. لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ شەكلى بولمىغاچقا، «ۇپ // ۇپ» ئورنىدا «ئاپ // ئەپ» كېلىدۇ. مەسىلەن: ئوقۇپ ئوقاپ // سۆيۈپ سۆيەپ // قونۇپ قوناپ // كۆيۈپ كۆيەپ دېگەنلەردەك.

بۇ دىيالېكتتا مەقسەت رەۋىشى ياردەمچى پېئىل «قوپ» بىلەن كەلسە، كەلگۈسى زامان بولۇشلۇق شەكلىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن: بارماقچى بولدۇم باغىلى قوپتام // مېڭىشقا تەييارلاندىم ماڭغىلى قوپتام // قىلماقچى بولۇۋاتىمەن قىلغىلى قوپتام ... دېگەنلەردەك.

بۇ دىيالېكتتا خاس رەۋىشلەردىن مورفولوگىيەلىك ئۇسۇل ئار- قىلىق يېڭى رەۋىشلەر ياسىلىدۇ. مەسىلەن: هونناق+تەك= هونناق- تەك // هېقىي(لار)+چە=هېقىلارچە... دېگەندەك.

بۇ دىيالېكتتا ئەدەبىي تىلدىكى رەۋىشلەر قوللىنىلىش بىلەن تەڭ، شۇ رەۋىشكە مەنىداش كېلىدىغان شېۋىلەرمۇ قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن: دائىم هىلاڭ // ھەرگىز هۆددەس // هازىر ساي // بىكار ھەقسىز مۇت // ··· دېگەندەك.

**(5) پېئىل جەھەتتە:**

خوتەن دىيالېكتىدا پېئىلنىڭ ئۆزىدىكى تۈرلەنگەن شەكلى ئار- قىلىق سۆزلىگۈچىنىڭ پوزىتسىيەسىنى بىلدۈرىدىغان «غۇلۇق // قۇلۇق // گۇلۇك // كۇلۇك»تىن ئىبارەت زۆرۈرىيەت رايى بار. مۇئەي- يەن گىراماتىكىلىق شەكىلگە ۋە گىراماتىكىلىق مەنىگە ئىگە بۇ شەخسسىز قوشۇمچىلار پېئىلنىڭ ئۆزەك قىسمىدا ئىپادىلىنىدىغان دەرىجە، بولۇشلۇق، بولۇشسىز، تۇس قاتارلىق گىراماتىكىلىق كا-

نى ھەمدە بۇ دىيالېكتقا خاس بولغان پېئىللاردىن سىنتاكسىسلىق ئۇسۇل ئارقىلىق يېڭى پېئىللارنىڭ ياسىلىدىغانلىقىنى، بۇ دىيالېكتنىڭ پېئىللاردىكى خۇسۇسىيەتلىرى دەپ كۆرسىتىشكە بولىدۇ.

(6) ئۈلانمىلار جەھەتتە:

خوتەن دىيالېكتىدىكى ئۈلانمىلارنىڭ ئەدەبىي تىلدىن قايسى جەھەتلەردە پەرقلىنىدىغانلىقىنى تۆۋەندىكىدەك كۆرسىتىشكە بولىدۇ.

1) ئەدەبىي تىلدىكى ئۈلانمىلار پەقەت بىرلا بوغۇمدىن تۈزۈلگەن، ئەمما، بۇ دىيالېكتتىكى ئۈلانمىلار ئىككى ياكى كۆپ بوغۇملۇق. ئەدەبىي تىلدىكى ئۈلانمىلارنىڭ قانداق تىل ھادىسىسىدىن كېلىپ چىققانلىقىنى ئېنىقلاش قىيىن بولسا، بۇ دىيالېكتتىكى ئۈلانمىلار لېكسىكىلىق مەنە بېرىدىغان سۆزلەرنىڭ فونېتىكىلىق ئۆزگىرىش ياسىشى بىلەن ئۈلانمىغا ئايلىنىپ قالغان (مەسىلەن: ھەئە دېگىن ھە دېگىن ھەدە // ھەئە دەڭ ھەدەڭ...)

2) ئەدەبىي تىلدىكى ئۈلانمىلار ئومۇمەن جۈملە ئاخىرىغا ئۇلانسا، بۇ دىيالېكتتىكى ئۈلانمىلارنىڭ قوللىنىلىشى بىر قەدەر ئەركىن بولۇپ، جۈملە بېشىدىمۇ، ئوتتۇرىسىدىمۇ، ئاخىرىسىدىمۇ (ئادەتتە يەككە ئۈلانمىلار جۈملە ئاخىرىدا، قوشما ئۈلانمىلار جۈملە بېشىدا) كېلىدۇ.

3) ئەدەبىي تىلدىكى ئۈلانمىلارنىڭ تەكرار شەكلى يوق. ئەمما، بۇ دىيالېكتتىكى ئۈلانمىلار تەكرارلىنىپ قوشما ئۈلانمىلارنى ھاسىل قىلىدۇ. بۇ قوشما ئۈلانمىلارنىڭ گىراماتىكىلىق مەنىسى ئاددىي ئۈلانمىلارنىڭكىدىن كۈچلۈك بولىدۇ.

4) ئەدەبىي تىلدىكى ئۈلانمىلار كونتېكىستتا قاراتما سۆز بولۇپ كەلمەيدۇ. ئەمما، بۇ دىيالېكتتا ئۈلانمىلار قاراتما سۆز بولۇپ كېلىدۇ. يەنى بۇ ئۈلانمىلار ئېلىنىۋېتىلسە، جۈملىنىڭ مەنىسى ئۆزگەرمەيدۇ. قوشۇلۇپ كەلسە، جۈملىدىكى ئوي-پىكىر ياكى ئىش-ھەرىكەتنىڭ كىمگە قارىتىلغانلىقى ئېنىق ئىپادىلىنىدۇ.

(ئابدۇللا سۇلايمان)

بولدۇردۇم بولدادىم...) ئۆلىنىپ كېلىشىنى كۆرسىتىشكە بولىدۇ.

بۇ دىيالېكتتا ئېنىق ئۆتكەن زامان پېئىلىغا ئۇزۇك تاۋۇشلاردىن كېيىن «تام // تەم»؛ بولۇشسىز ئېنىق ئۆتكەن زامان پېئىلىدىن كېيىن «دام // دەم» قوشۇمچىلىرى ئۇلىنىپ، ئەدەبىي تىلدىكى ئېنىق ئۆتكەن زامان شەخس قوشۇمچىلىرى «دۇم // تۇم // دۇق // تۇق» ئۆلىنىپ كېلىدىغان شەكىلدىن پەرقلىنىدۇ. مەسىلەن: قوشتۇم قوشتام // ئورمىدىم ئومىدام // كۆرمىدىم كۆمىدەم // ئۆتتۇك ئۆتتەك... ۋە باشقىلار.

بولۇشلۇق-بولۇشسىز، هازىرقى زامان خەۋەر رايىنىڭ ئاخىرىغا ئۇلىنىپ كېلىدىغان پېئىلدا دائىم قوللىنىلىدىغان ياردەمچى پېئىل «تۇر» قوشۇلۇپ، ئەدەبىي تىلدىكى ياردەمچى پېئىل «ۋات» شەكلىنى هاسىل قىلىسمۇ، لېكىن، بۇ دىيالېكتتا «يات» شەكلى بويىچە قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن: سۆزلەۋاتىدۇ سۆزلەپ تۇرتۇ // ئالمايۋا- تىدۇ ئامايياتتۇ // كېلىۋاتىدۇ كېلىپياتتۇ... دېگەنلەردەك.

ئۇنىڭدىن باشقا، ئۆتكەن زامان باغلىغۇچى خەۋەر پېئىلىدا رە- ۋىشداشلارنىڭ ئاخىرىغا «دىم // دىك» قاتارلىق قوشۇمچىلارنىڭ، ئاز- دىن «پ» قوشۇمچىسىنىڭ (مەسىلەن: قىلىۋىدىم قىلىپتىم // مېڭىۋىدى مېڭىپتى // ياساۋىدىم ياساپتىم...) ئۇلىنىشىنى؛ گۇ- مانىي سوراق شەكلىدىكى 1ـشەخس «ت»نىڭ سۆز تۇرلىگۇچى قو- شۇمچە بىلەنمۇ (مەسىلەن: يازمامدىمەن يازمامتىمەن // بارمامدى- مەن بامامتىمەن // كۆرمەمدىمەن كۆمەمدىمەن...) ياسىلىشىنى؛ «سال» ياردەمچى پېئىلىنىڭ بىرەر ئىش-هەرىكەتنىڭ ئۇشتۇمتۇت بولۇۋاتقانلىقىنى (مەسىلەن: دەپ تاشلىدى دەپ سالدى // تىللاپ تاشلىدى تىللاپ سالدى // ئۆرۈپ تاشلىدى ئۆرۈپ سالدى...) ئىپادىلىشىنى؛ «بوغاي» پېئىلىنىڭ سۇپەتداشنىڭ ئاخىرىغا كېلىپ گۇمانىنى بىلدۈرىدىغان (مەسىلەن: كۆرگەندۇ كۆرسە كۆرگەن بوغاي // ئالسا ئالغاندۇ ئاسا ئاغان بولغاي...) پېئىللارنى ياسايدىغانلىقى-

2) خوتەنلىكلەر يېقىنلىرىغا تەسەللى بەرگەندە ئىمكانقەدەر سىدىلىق، مۇلايىملىق ئىپادىلەيدىغان گەپ ـ سۆزلەرنى تاللايدۇ. سىز قاراڭغۇدا ئالدىراپ كېتىۋېتىپ پۇتلىشىپ يىقىلىپ چۈشتىڭىز. بۇ سەۋەبتىن بىرەر يېرىڭىز زەخىملەندى. سىز بۇ ئەھۋالنى يېقىن كىشىلىرىڭىزدىن بىرىگە سۆزلەپ بەرسىڭىز:

ـــ نېمە قىلاتتىڭىز قاراڭغۇدا يول مېڭىپ؟ نېمىگە ئۇنداق ئالدىراپ؟ دېگەندەك يىرىك، قوپال تەنبىھلەرنى ئەمەس، «قاراڭغۇدا يول ماڭمىغۇلۇقتى»، «ئالدىرىمىسىڭىزمۇ بولاپتىكەن» دېگەندەك ياغلاش ـ سىلىق تەسەللى گەپلەرنى ئاڭلايسىز. بۇنداق سۆزلەمىلەردىن يەنە: «ئەتمىگۇلۇك/ قىلمىغۇلۇق (قىلمىغۇلۇقتى) / بارمىغۇلۇق/ يانمىغۇلۇق/ ئالمىغۇلۇق (ئالمىغۇلۇقتى)...» قاتارلىقلار بار.

3) خوتەنلىكلەر باشقىلارنىڭ ئىلتىپات ـ ياردەملىرىگە يېتەرلىك رەھمەت ئىپادىلەيدۇ. بىر كىشى سىزدىن قەرز سورىدى. سىز ئۇنىڭ ھاجىتىنى ھەل قىلدىڭىز. ئۇ سىزگە رەھمەت بىلدۈرۈپ:

ـــ ئىلتىپاتلىرىغا باريكاللا ، ـــ دەيدۇ. شۇنداق رەھمەت ئىپادىلەيدىغان ئىبارىلەردىن يەنە «مەقسەتلىرىگە يەتكەيلا»، «دۆلەتلىرى زىيادە بولغاي» قاتارلىقلار بار.

4) ساھىبخانىلار مېھمانلارنىڭ خاھىشى ـ رايىغا ھۆرمەت قىلىپ، رايىشلىق بىلەن ماسلىشىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. خوتەنلىك بىر سودىگەر شىمالدىن كەلگەن كەسپدىشىنى:

ـــ بۈگۈن ئاخشام بىزنىڭ ئۆيىمىزدە قوناپ بەرگەيلا ، ـــ دېدى.

ـــ رەھمەت، چىرايلىق يۈز كۆرۈشتۇققۇ ، ـــ دېدى مېھمان.

ـــ يوقسۇ، مەن ھەرگىز ئۇنىمايمەن ، ـــ دېدى تەكلىپ قىلغۇچى،

ـــ تاغ ـ دەريالاردىن ئاتلاپ كەپلا، بىزنىڭ بوسۇغىمىزدىن ئاتلاپ بەرمىسىلە بولماس؟

ـــ ماقۇل. سىلىنىڭكىدە قونىلى ، ـــ دېدى مېھمان، ـــ ئەمما، بىزنى پولۇ ـ مانتىلارغا زورلىماي يەرلىك غىزالارغا داخىل قىلغايلا.

**2. تارماق شىۋە رايونلىرىدىكى ئاھالىلەرنىڭ تىل ئىشلىتىشىدىن ئۆرنەكلەر**

خوتەنلىكلەرنىڭ ئوي ـ پىكىر ئىپادىلىشى بىلەن قوشنا ۋىلايەت ۋە باشقا ۋىلايەت ـ ئوبلاستلاردىكى قېرىنداشلارنىڭ ئوي ـ پىكرىنى ئىپادىلىشى ئوتتۇرىسىدا ئوخشاشلىق بولغاندىن تاشقىرى قىسمەن خاسلىقمۇ بار.

1) خوتەنلىكلەرنىڭ قارشى تەرەپنىڭ كۆڭلىنى ئاۋايلاشقا، رەنجىتمەسلىككە ئىشلىتىدىغان مەخسۇس سۆز ـ ئىبارىلىرى بار.

1950 ـ يىللىرى خوتەن ناھىيەسىگە ھاكىم بولغان سادىق ئەسىملىك كىشى (قومۇل ئارا تۇرۇكلىك) مالىيە بۆلۈمىنىڭ باشلىقىغا:

— ئۈچىنچى رايوننىڭ ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقى ئېغىركەن، ئۈچ مىڭ كوي بېرىشكە قوشۇلدۇم، ئەمەلىيلەشتۇرۇپ بېرىڭ بولامدۇ؟ — دەپتۇ. مالىيە بۆلۈم باشلىقى:

— بوشراق بولار، — دەپتۇ. ئىككى ھەپتىدىن كېيىن ھاكىم ئۇنىڭغا دەپتۇ:

— مەن تاپشۇرغان ئىشنى ئەمەلىيلەشتۇرمەپسىزغۇ؟

— ھېسابتا ئاران ئۈچ مىڭ كوي پۇل بار ئىدى. ئۇنى چىقىم قىلىۋەتسەم ھەر بىرلىرى مىنىدىغان ئات ـ ئېشەكلەرنى باققىلى بولمايتتى — دەپتۇ، مالىيە بۆلۈم باشلىقى.

— بوشراق بولا دېگەنتىڭىزغۇ؟

— يۈزلىرىگە قاراپ تۇرۇپ، بولمايدۇ دېگىلى تىلىم بارمىدى. ئۇنداق دېسەم كۆڭۈللىرى رەنجىيتتى، شۇڭلاشقا «بوشراق بولار» دېگەنتىم — دەپتۇ، مالىيە بۆلۈم باشلىقى. بۇ يەردىكى «بوشراق بولار» نىڭ تېگىدە «بولمايدۇ» دېگەن مەنە بار. بۇنىڭغا ئوخشايدىغان ئىبارىلەردىن يەنە «تەس بولارمىكىن»، «ئاسان ئەمەس»، «ئىمكانىيەت بولسىلا» قاتارلىقلار بار.

ــ ساتاملا بۇ تازنى؟
ــ ساتامە دەپ ئەكىيدىم.
ــ مال تۇنىيالاتكەنلا، مېنى دېگۈزمەي ئۆزلىي چاغلاپ.... ــ
ــ ئىگىسى سىلىمۇ يا؟
ــ بۇ يانچاقنى(باغلانجا، تانا، شوينا) مەن تۇتقاندىكىن، ئىگىسى مەنتىمە.
ــ دېسىلە ئەمىسە نەچچە پۇلغا بىيىتلا؟
ــ ئۆزلىينىڭ نەچچە پۇلغا ئاغىلىي با؟
ــ ھە، نەق گەپنى دېسىلە.
ــ باشقىلىغا دېگەننى سىلىگە دېسەم بومايتۇ، ئۈچ يۈز ئەللىك كوي بەسىلە ئەمىسى.
ــ ۋۇيجۇن، مۇشۇ كىچىك باقىنى غۇنجىنىڭ نەقىدە ساتاملا؟
ــ قاغىنىغا سىلىمۇ بىي نىمە دېمەملا؟
ــ ماندا ئاسمانغا ئاتسىلا ئالامىغىدەيمە.
ــ يىسىقى با خىيدا ئاتۇ.
ــ باشقىدىن دېسىلە نەقىنى.
ــ ھە ـ ماقۇل، ھاجى سۇپەت ئەدەمكەنلا، ئۇن كوي تاشلىۋىدى. ـ تاي، ئۈچ يۈز قىخنى بەسىلە ئەمىسى.
ــ كام سوسام بەمىللە، ئىككى يۈز كوي بىييا.
ــ ....
ــ گەپ قىلغىلىي كەمىي ئىگغا قالاپ تۇللىيا، بەك كام سوغان چىغىمبا.
ــ مۇت بەسىلە دېمىي پۇلغا ئالاي دېلله ھەنىم بولسا.
ــ بەسىلە بوتتى.
ـ پاقلان ئالدىلىيدا تۇيتۇ، مالغا قالاپ بىينىمە دېسىلە كام سوماي.
ــ چىشىنى كۆمەپتىمە تېخى.
ــ كۆسىلە ـ كۆمىسىلە ئەممە تېخى.
ــ ئەمىسى سىلىنى ئەممىي، ئانىسىنى ئىمپتۇ، بەدىم دېسىلە.

— خوش، ئۇبدان. ئۆزلىرى نېمە دېسىلە شۇ ، — دېدى تەكلىپ قىلغۇ-
چى.

5) ئاغرىقلار يوقلىغۇچىلارغا خاتىرجەملىك بېغىشلايدىغان جاۋابلارنى بېرىدۇ. بىز يېقىن كىشىلىرىمىزدىن بىرىنىڭ دوختۇرخانىدا يېتىپ قالغانلىقىنى ئاڭلىساق، ئۇنى يوقلاپ بېرىپ:
— ئەھۋاللىرى قانداقراق؟ دورا ـ ئوكۇللار پايدا قىلىۋاتامدۇ؟ ـ دەپ سورايمىز. ئۇ بىزگە:
— ئەھۋالىم خېلى ياخشى، دورا ـ ئوكۇللارنىڭ ئۈنۈمى ئۇبدان بولۇۋاتىدۇ — ، دەپ جاۋاب بېرىدۇ. بىز ئۇنىڭ كەيپىياتىغا قاراپ راستىنلا شۇنداقلىقىنى ياكى بىزنى خاتىرجەم قىلىش ئۈچۈن ئەتەي شۇنداق دېگەنلىكىنى بىلەلەيمىز.

6) ساتقۇچىلار خېرىدارلارنى قاچۇرمايدىغان، ئۆزىگە يېقىنلاشتۇرىدىغان گەپلەرنى ئىشلىتىدۇ. بۇلار ئىچىدە ساتقۇچىنىڭ كۆڭلىدە ئېنىقلىق سان يوقلىقىدىن ئەمەس، بەلكى خېرىدارغا ئاۋۋال يول قويۇش، بارا ـ بارا كۆڭلىدىكى باھاغا يېقىنلاشتۇرۇش ئۈچۈن، ساتقۇچى تەرىپىدىن دېيىلىدىغان «كام بولا» ئىبارىسى ئادەت خاراكتېرلىكتۇر. ئاشلىق، ياغاچ، گىلەم، كۆكتات بازارلىرىدىمۇ ساتقۇچىلارنىڭ «كام بولار» دېگىنىنى ئاڭلىغىلى بولىدۇ. «كام بولار» دېگەن بۇ ئىبارىنىڭ تىرىكچىلىكتىن ساقلىنىش، باھانى ئىككى تەرەپنىڭ كۆڭلىدىكىگە يېقىنلاشتۇرۇش، سودىنى ئىككى تەرەپ رازى بولغۇدەك ئاخىرلاشتۇرۇشتا بەلگىلىك يېتەكچى رولى بار. بۇ جەھەتتە تۆۋەندىكى مىسالغا نەزەر ئاغدۇرايلى (بۇ مىسالدىكى تىل شېۋىسى هازىرقى خانئېرىق، يېڭىئېرىق، ئىلچى ۋە لوپ رايونلىرى ئاھالىلىرىگە تەۋە بولۇپ، بۇ جەھەتتە خوتەن شەھىرىگە قاراشلىق يېزا ـ كەنتلەر، خوتەن ناھىيەسىنىڭ لايقا، بۇزاق يېزىلىرى تىپىك ئالاھىدىلىككە ئىگە. بىراق، 20 ـ ئەسىرنىڭ 50 ـ يىللىرىدىن بۇيان بۇ خىل قويۇق شېۋە ئالاھىدىلىكى پەيدىنپەي ئورتاق تىلغا ئۆزگىرىپ، پەرق دېگۇدەك قالمىدى):

**كام بولا** (چارۋا مال بازىرىدىكى دىيالوگ) [ئۆرنەك 1 ]

ـــ بۇلاپتۇ، قىيمەت ئىپسە دەپ ئاچچىغلايتقان دادام، ئانام يوق. يەنە قاتاي بەشكوي، ئاچىسلا ئالقانلىيىنى.
ـــ كام بۇلا.
ـــ شەيتاننى ھىدنۇپتىپ سانىسلا ما پۇلنى.
ـــ كام بۇلا.
ـــ قانچىلىك كام، دىسلە ئەمىسى.
ـــ ئۆزلىيى بىلەلا.
ـــ ھەي بەندە، ئەدەمنىڭ كىمى ئۆلگەندە توگىيتۇ.
ـــ ئۇغۇ شۇ.
ـــ بەدىم دىسلە تاش چىشلەپ تۇرۋاماي ئەمدى.
ـــ مىنى قىستىمىسلا، ئۆيىمىزگە چىققان بوسنلىغۇ بۇنچىلىك بىنەمنى پۇل ئاماي ئالدىلىيىغا سىپ بىيتمە، بازاغا ئەكىپ قىپتىمە ئەمدى.
ـــ مۇشۇ ئۆز گەپلىيىگە چىدىماي يەنە بەشكوي قاتتىم. ماۋۇ قاياپ توغانلا ئاڭلاپ قالدى، گىپىمدىن يىنىۋامايتمە.
ـــ بەسلە ئەمدى.
ـــ بىيەمتىمە، بەمەمتىمە ئۆزەم بىلمتىمە، دالتەك بوماي يولدىڭىزغا مىڭىۋىيىڭە سىز.
ـــ خاپ بومىسلا، خاپ بومىسلا، سالاچى بومىسا سودا قىلماق تەس. ئىبايا مەنما يەنە قوشسلا دىگەن سالاچىغا ئاچچىغلاپ قامىدىم. سىلە بەدىم دىگەندە بوتۇ سودا دىگەن. يەنە كاما؟
ـــ بەمىگەن يىيىم با.
ـــ نەچچە پۇلغا بەمەپلە؟
ـــ ئىككى يۈز يەتمىشكە.
ـــ بازا دىگەندە ئاشۇندا ئالا ـ چىپا ئەدەملە با. ئامايتقان ھالىغا قايىماي ئاسماندا گەپ قىتۇ. بىيى دىسە ئۆيدىن پۇل ئەكىلىي، بەمىگە بىيىۋاتمىسلا دەپ قۇياپ يوقاپ كىتىتۇ. ئاشۇندا ئالا ـ چىپادىن بىسى ئۇچۇيۇپتۇ سىلىنى.
ـــ ئۇچۇمىغان، چىم ـ پىششىغ تالاشقان.
ـــ ئەمىسى ئاشۇنىڭغا بەگولۇككەن.

ــ كام بۇلا.
ــ هە بولاپتۇ، ئەممىلىكىگە بەشكوي قاتتىم. ئەمدىغۇ بوغانتۇ.
ــ گەپ بەشكويدا بۇلا بولسا، ئابايا بىۋىتمىتتىم.
ــ يېيىشى كام ئەمەستۇ ـ هە؟
ــ يېمەس مالنىڭ قوسىقى ماندا تومپىيامتا؟ «خوتۇنۇڭ يېيىش-لىنگ بوسا ئۇدى خۇدا، مېلىڭ يېيىشلىگ بوسا بەدى خۇدا» دېگەن گەپ با. بىي كالىنىڭ ئىشتىيى با بۇ پاقلاندا. هە مۇشۇندا هەممە يىينى كۆيەپ تۇتۇپ باقغانلىيى ئابدان بولدى. بۇنداغ بىجىيىم مال-نى باقسىلىي ئەجىلىي يانتۇ.
ــ بايىقى دېگىنىمگە ماقۇل دېسىلە، سىلىدىن خوش بولاي.
ــ ماڭا يالۋۇمۇسىلىمۇ بوتۇ، مال ئونۇمايتۇ.
ــ هە بولاپتۇ، يېيىشلىگ بولغىنىغا بەشكوي قاتتىم.
ــ كام بولا.
ــ كېمى يوق ئىككى يۈز ئونكوي دىدىميا.
ــ كام بولا.
ــ بەگىلىي كەمىدى هاما.
ــ مېنىڭ بەگىم كەلدى، سىلىنىڭ ئاغىلىي كەمىدى.
ــ ماڭقالىسىلا، يۈزلىيىگە قايىسام كۆز ـ قانى خېلى توق ئە-دەمكەنلا، بەسىلە ما تازنى.
ــ كام بۇلا.
ــ كېمىنى خۇدايىم بىيە.
ــ .....
ــ بۇلاپتۇ، سىلە چىدىمىسىلا مەن چىداي، پۈتۈنلىۋىتىيا، بولدىما؟
ــ ئىككى يۈز يىگىمىما؟
ــ ئىككى يۈز ئونبەش، ما پۇلنى سانىسىلا.
ــ خېلىۋەك كام تېخى.
ــ مالنىڭ نەقىگە يەتكىنىنى بىلەمىللە.
ــ بازانى مەن قىيمەت قىپ بولامايتمە، سىلى ئەزان قىپ بۇلامايتلا، بازا نەقىدە ئاسىلا.

ئۇچىنى كالاپ چوغ ئېلىپ ئىشلىتىلىدىكەن. ھەبى ئۆيلەك ئۆز توقۇ-يىدىكى توغراقلىنى، مال ـ چارۋىلىرىنى قانداق پەۋىشلىسە، يەگە كۆمگەن ئوتنىمۇ شۇنداق ئاسرايتقان گەپكەن. بۇنى چوك ئوت دەي-دىكەن. يەنە بىرى، ئولتۇرقىدىن بىرە ئاي ئۆپچۆرستە ئاجاپ كې-تىشكە توغرا كەگەندە، ئوچاقتا ئازراق چوغ قالدۇرۇپ، تۇپىسكە توغرا پورى سېلىپ، كۈل بىلەن كۆمىۋېتىپ ماڭىدىكەن.يېنىپ كە-گۇچە ئوت ئۆچمەي تۇرىدىكەن. كىچىك ئوت دېگىنى مۇشۇكەن. چوك ئوتنىمۇ، كىچىك ئوتنىمۇ ئۆچرەپ قويغانلا ئوچاق ئاستىنى چۇقۇ كالاپ قولى بىلەن ئىدىتلاپ باقىتكەن. بارماق كۆيگىدەي قىزىغ بو-سا، توغراق پورىنى شۇ جايغا تەككۇزەپ تۇرۇپ، پۇدەپ يۇرۇپ ئوت تۇتاشتۇرىۋالىتكەن. ئۇنىڭدىنمۇ ئوتقا ئېرىشەلمىگەنلە باشقا توقايغا ئوت سوراپ بارتقان گەپكەن. ئوت سوراپ باغۇچىلا ياشلاك ئىرەكتە-لە بوغاچقا، ئۆي ئىگىسىنىڭ قىز بالا ۋاقىلىرى بىلەن ئىچ ـ پەش تاتىشىپ قالىتقان، كېيىنچە يۇرتقا ئاش بېرىپ، بى تەكىيگە باش قويتقان ئەۋاللىمۇ بولىدىكەن. ھەتتا، قىز ـ ئوغۇللار ئارىستا بى ـ بىسگە ئوت سوغا قىلىتقان ئىشلىمۇ بولاپتىكەن. ئوت ئاشۇنداق خاسىيەتلىك بوغاچقا، كىمنىك ساقلىغان ئوتى كونا بوسا، شۇنىڭ يۈزى يورۇق، گېپى چوك بولىتقان گەپكەن.»

## 3. مەدداھلىق ۋە سەيلە ـ ساياھەت ۋائىزلىقى

مەدداھلىق خوتەندە كەڭ ئاممىۋى ئاساسقا، چوڭقۇر ئىجتىمائىي يىلتىزغا، ئۇزاق تارىخىي مەنبەگە ئىگە بولغان سۆزمەنلىك (ناتىق-لىق) سەنئىتىدۇر.

مەدداھلىق ئەسلىدىلا خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا مەنسۇپ بولۇپ، ئىنسانىيەت سۆزلەشنى بىلگەندىن باشلاپ پەيدا بولغان. ئۇ چاغلاردا كىشىلەر چوڭ تارىخىي ۋەقەلەردىن، يىرتقۇچ ھايۋانلارنىڭ ھۇجۇم-

— بۇ پاقلاننى ئاتمە دەپ جىق لەۋزى قىلىلا، لەۋزىلىرىڭگە يازى بوسىلا ماقىما.

— لەۋزىمنى ئاملىلا ئەينا.

— لەۋزىلىرىنى مىڭ كويغا ئاسامۇ قىيمەت ئەمەس، شۇندا بوسمۇ....

— بەسىلە بوماستا ئەمىسى؟

— خاپ بومىسىلا، بازادا خىيدا يالغۇز سىلى ئەمەس.

— مال ساتقىلى كىيگەنلىمۇ يالغۇز سىلى ئەمەسكەن ئەينا.

— نەچچە پۇلغا چىقلىكى؟

— ئىككى يۈز يىگمە بەشكە چىقتىم. ماۋۇ پۇلنى سانىۋىلىپ، ئەكەسىلە بۇ يانچاقنى ماڭا بەسىلە.

— خاپا بوماي بازانى چۆگىلەپ كەسىلە، مەنمۇ بىدەم بازانى دەڭسەپ باقاي. بەگىدەك يىيى بولسا ھىلى كەگەنلىيدە بىيەمە.

— ئەمىسى ساتقىلى ئالدىيمىسىلا.

— ئابدان.

كىرىيە قاتارلىق خوتەن شەرقىي ناھىيەلىرى تىل شىۋىسىدىن [ئۈرنەك 2 ]

«— ئۇتنى بىر قالىۋالغانچە بىر قانچە يىل ئۈچۈرمەي ساقلاش ئوڭاي ئەمەستە، قانداقمۇ ساقلىغان بولغىيتى؟

— مەن 60 ـ يىللىرىنىڭ باشلىرىدا مال بىقىپ يار چۇشكەنگە باغاندا توخسۇنداملىنىڭ دادىسى رۇستەمدامنىڭ ساتمىستا بى كىچە قونغان. ئۇ چاغدا رەمتىنىڭ يىشى يۈزگە يىقىنلاپ قاغانتى. ئۇنىڭ دەپ بىرىشىچە، بالدۇقىلا ئوتنى مۇنداق بى نەچچە خىل يول بىلەن ساقلامىشكەن. بىرى، قۇرۇپ قاقشال بولاپ كەتكەن يوغان توغرا يا-غىچىنى توپىغا كۆمەپ، بىر ئۇچىغا ئوت تۇتاشتۇرۇپ قويتكەن. توغراق يا بەك كۆيەپ كەتمەي، يا ئۆچەپ قاماي دىگۇدەك بى باشتىن كۆيەپ تۇرتكەن. ھەپتە ئون كۇندە بى قىتىم تەكشۇرەپ تۇرىتكەن. بى توغراق كۆيەپ تۇگەش ئالدىدا، يەنە بى توغراق كۆتىكى كۆمە-لەپ، ئوت ئۇنىڭغا تۇتاشتۇرىلىتكەن. ئوت لازىم بوسا، كۆيۈۋاتقان

لىقىنى، ئارزۇ ـ ئىستەكلىرىنى ئىپادىلىدى.
تاۋۇشى ئېنىق بولۇش، بايانى راۋان بولۇش، ۋەقەلىكنى پىششىق بىلىش، گاھىدا تەسىرلىك، گاھىدا يۇمۇرلۇق قىلىپ سۆزلەپ، ئاڭلىغۇچىلارنى ئۆز ھېسسىياتىغا ئەگەشتۈرۈشنى بىلىش ــ مەدداھلار (ۋائىزلار) ئۆزىدە يېتىلدۈرۈش زۆرۈر بولغان باشلانغۇچ ئىقتىدار ھېسابلىناتتى.
مەدداھلىق ھويلا ـ ئارانلاردىمۇ، يول ـ ئېرىز بويلىرىدىمۇ، سەيلىگاھلاردىمۇ، بازارلارنىڭ دوقمۇشلىرىدىمۇ، ئىش قىلىپ ئادەملەر توپلىنالايدىغان ھەرقانداق جايدا ئورۇنلىنىۋېرەتتى. بۈگۈنگىچە مەدداھلىق سەيلى ـ ساياھەت، باراۋەت سورۇنلىرىدا كەم بولسا بولمايدىغان مەنىۋى پائالىيەتلەرنىڭ بىر تۈرى بولۇپ كەلدى. قاراقاشنىڭ يەكشەنبە بازىرى، خوتەن ناھىيەسى لايقا يېزىسىنىڭ پەيشەنبە بازىرى (بۇ بازار يېزىنىڭ ئۈستى تەرىپىدىكى كۆھمارىم سەيلىگاھىغا چىقىدىغان تاغ باغرىدا قىزىيدۇ)، يۇرۇڭقاشنىڭ چارشەنبە بازىرى قاتارلىق ناھىيە، يېزا ـ بازارلىرىدا، ئىمام ئاسىم سەيلىگاھى، خوتەن شەھىرى ھېيتگاھ جامائەسىنىڭ ئالدى تەرەپلىرىدە مەدداھلىق سورۇنلىرىنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ. مەدداھلار ئېيتقان ھېكايە ـ قىسسەلەرنى ئاڭلاش بازارغا كەلگەن دېھقان ئاممىسىنىڭ مۇھىم پائالىيەتلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، بازار كۈنلىرىدىكى مەدداھلىق پائالىيىتى ئادەتتە بىر ـ ئىككى سائەت داۋاملىشىدۇ. مەدداھلارنىڭ پائالىيىتى ئاياغلاشقاندا، تېڭشىغۇچىلار ئاتىغانلىرىنى بېرىشىدۇ. مەدداھلارمۇ بەرگەن پۇلنىڭ ئاز ـ كۆپلۈكىگە قارىماي، جامائەتتىن بەرىكەت تىلەيدۇ ۋە دۇئا قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر مەيدان مەدداھلىق پائالىيىتى ئاخىرلىشىدۇ، ئاڭلىغۇچىلارمۇ ئاستا ـ ئاستا تارقايدۇ.
ھەممە ئائىلىلەردە رادىيو ـ تېلېۋىزىيە ئومۇملاشقان، بارلىق كەنتلەردە كىنو، سەنئەت نومۇرلىرى قويۇلۇۋاتقان ھازىرقى كۈندە مەدداھلىق سەنئىتىنىڭ يۈت تىرەپ تۇرالىشىدىكى ئاساسلىق سەۋەب

نى چېكىندۈرۈشكە باشلامچىلىق قىلغان قەھرىمانلارنىڭ كۆمۈلمەس قەدەم ئىزلىرىدىن، قەبىلىلەر ئوتتۇرىسىدىكى قانلىق جەڭ جەرياد. لىرىدىن ھېكايە ـ قىسسەلەرنى مەيدانغا كەلتۈرگەن. مەدداھلار ئە. نە شۇ ھېكايەت ـ داستانلارنى ئاغزاكى بايان قىلىپ، كىشىلەرنى با. تۇرلۇققا، بىرلىك ـ ئىتتىپاقلىققا، توپتىن ئايرىلماسلىققا؛ چوڭلارنى ھۆرمەتلەپ، كىچىكلەرنى، قىز ـ ئاياللارنى، كېسەل ـ مەجرۇھلارنى ئاسراشقا؛ يۇرت ـ ماكان بەرپا قىلىش ۋە ئۇنى قوغداشقا چاقىرىدىغان پەند ـ نەسىھەتچىلەر بولۇپ قالغان.

يېزىق پەيدا بولغاندىن كېيىن، مەدداھلار باشقىلار تەرىپىدىن يېزىلغان جەڭنامىلەرنى باشقىلارغا ئوقۇتۇپ ئاڭلاپ، يادقا ئېلىپ، ئۇنىڭغا ناتىقلىق سەنئىتى (چىراي ئىپادە، ھەرىكەت ـ مىمىكا) قوشۇپ سۆزلەشنى ئاساس قىلدى. ئۇنىڭ مەنبەسى كۆپىنچە قەدىم. كى قىسسەلەر، تارىخىي ۋەقەلەر، ئەپسانە ـ رىۋايەتلەر، خەلق داستانلىرى، قىزىقارلىق ھېكايە ـ چۆچەكلەر ۋە بەزى كىلاسسىك ئەسەرلەر بولۇپ، مەدداھلىقنىڭ شەكلىمۇ بىرلا ئادەم بايان قىلىش. تىن ئىككى ياكى ئۈچ ئادەم تالىشىپ سۆزلەشنى، سۆزلەپ تۇرغان مەدداھقا ھەمراھلىرى دوست تارتىشىپ بېرىشنى؛ سۆز بىلەنلا بايان قىلىشتىن راۋاب ياكى تەمبۇر ۋە ياكى دۇتارنى تەڭكەش قىلىپ بايان قىلىشنى ئادەت قىلدى. كېيىنكى زامانلاردا مەدداھلىقنىڭ مەزمۇنى. غا رەھىمسىز ئەمەلدارلارنى، ئالدامچى ـ مەككار پۇلدارلارنى، تەمە. خور ھۇرۇنلارنى مەسخىرە قىلىدىغان كۈلدۈرگە ئەسەرلىرى قوشۇل. دى. بۇنىڭغا قاراقاش ناھىيەسىدە تارقالغان «موللام بىلەن سۆھ. بەت»، «مېنىڭ سەرگۈزەشتىلىرىم» قاتارلىق ئاڭلىغۇچىلارنى تېلىق. تۇرۇپ كۈلدۈرىدىغان ئەسەرلەرنى مىسال قىلىشقا بولىدۇ.

مەدداھلىق مول فولېكلور خەزىنىمىزدىكى بايلىق بولۇپ، خەلق ئارىسىدىكى بۇ سۆزمەنلىك ئادىتى ئۇدۇم سۈپىتىدە داۋاملىشىپ، ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى بىر خەلق سەنئىتى ئېقىمى بولۇپ شە. كىللەندى. ئۇنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى ئەمگەكچى خەلقنىڭ قەھرىماد.

ھەزىل ـ چاقچاقلار بىلەن ئارىلاش داۋام قىلسا، ھازىر جاۋاب چاقـ ـ چاقلار بەزىدە ئىككى ئادەم ئوتتۇرىسىدا، بەزىدە بىر قانچە ئادەم ئوتتـ ـ تۇرىسىدا داۋام قىلغان. چاقچاقنىڭ باشلىنىشىغا كۆپىنچە بەزى ئا ـ دەملەرنىڭ ئانچە ئويلانماي دەپ قويغان بىرەر گېپى ياكى بىرەر يۈرتنىڭ، بىرەر ئادەمنىڭ لەقىمى تۈتۈرۇق بولغان. چاقچاقچىلار ئا ـ شۇنداق ئويلانماي دېيىلگەن گەپ ياكى لەقەمنى تۇتۇۋېلىپ چاقچاق باشلانغان.

مەسىلەن:

A كىشى: ئەتراپىدىكى بىر نەچچە كىشىگە بىر چاڭگالدىن مې ـ غىز بېرىپتۇ.

B كىشى : (بىر نەچچە تال مېغىز يېگەندىن كېيىن A غا) ئاپلا، بۇ مېغىزنىڭ بەزىسى ئاچچىقكەنغۇ.

A كىشى: ھېچقىسى يوق، ئاچچىقلىرىنى ياغلىقتارا ئېتەلا.

قىسقىغىنە بۇ ئىككى جۈملە چاقچاقتا « ئاچچىق» دېگەن سۆز چىرا ناھىيەسىنىڭ ئاچچىق ئۆرۈك دىگەن لەقىمىگە دارىتمىلانغان. «ياغلىققارا» دېگەن سۆزگە كەلسەك، بۇرۇن ئاچچىق مېغىزنى قو ـ قاستا سارغايتىپ، ئاندىن سۇرۇپ يېغىنى چىقىرىپ تاز يارىسىغا چېپىپ داۋالايدىغان ئادەت بولغان. بۇنداق ئاچچىق مېغىزنىڭ سۇ ـ رۇلگەن يېغى « ياغلىققارا» دېيىلگەن. گەرچە بۇ چاقچاقتا يۇرت ياكى ئادەم لەقىمى بىۋاستە دېيىلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئاڭلىغۇچىلار دەرھال A كىشىنىڭ يۇرت لەقىمى «ئاچچىق ئۆرۈك» (چىرىلىق) ئىكەنلىكىنى، B كىشىنىڭ لەقىمى «تاز» ئىكەنلىكىنى بىلىۋالايدۇ ۋە تېلىقىپ كۈلۈشىدۇ.

قىزىقچىلىق، مەشرەپلەردە ئەڭ كۆپ ئورۇنلىنىدىغان كۆڭۈل ئې ـ چىش ئويۇنلىرىنىڭ بىرى. خوتەن مەشرەپلىرىدىكى قىزىقچىلىق ئو ـ مۇمەن دوراچىلىق ۋە سۆزمەنلىكتىن ئىبارەت ئىككى خىل ئۇسۇلدا ئىپادىلىنىدۇ. دوراچىلىقتا بىرى ئالىغاي، ئاقساق، كوماك ئادەملەر ـ نىڭ ئىش ـ ھەرىكىتىنى دوراش؛ پوقاق، قاڭرۇق ئادەملەرنىڭ تەلەپـ

مەدداھلارنىڭ ئاڭلىغۇچىلارنى جەلپ قىلىش، تەسىرلەندۈرۈش ماھا ـ رىتىنىڭ يۇقىرىلىقىدا. مەشھۇر مەدداھ شاھ مۇھەممەت (ھۆرمەتلىك داستانچى 2009 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى 91 يېشىدا ۋاپات بولدى) داستان ئورۇنلىغاندا گاھى راۋىيغا زەخمەك ئورۇشنى توختىتىپ تەسىرلىك ئىنتوناتسىيەدە بايان قىلسا، گاھى ۋەقەلىكنى زەخمەكنى يەڭگىل ئۇرۇپ سۆزلەيتتى. ۋەقەلىكنىڭ جىددىي ياكى تەسىرلىك جايلىرىنى بايان قىلىپ بولۇپلا، راۋابىنى مەرغۇللىغاندا ئاڭلىغۇچىلار ئۆزىنى ئۇنتۇپ ۋەقەلىكنىڭ ئىچىگە كىرىپلا كېتەتتى. ئۇ ئاڭلىغۇچىلىرىنى گاھىدا تېلىقتۇرۇپ كۈلدۈرسە، گاھىدا باغرىنى ئېزىپ يىغلىتىۋېتەتتى.

ئازادلىقتىن كېيىن، بولۇپمۇ ئىسلاھات، ئىشىكنى ئېچىۋېتىشتىن كېيىن خوتەندە مەدداھلىقتىن ئىبارەت بۇ سۆز سەنئىتى ئادىتى مېلى مەزمۇن ياكى شەكىل جەھەتتىن بېيىدى، تاكامۇللاشتى. ھەتتا رادىيو ـ تېلېۋىزىيە، سەھنىلەردىن ۋاقىت ھەم ئورۇن ئىگىلەپ خەلقىمىزنىڭ مەنىۋى ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشقا يېقىندىن ماسلاشتى.

(مۇھەممەتئىمىن قۇربان)

## 4. قىزىقچىلىق ۋە سۆزمەنلىك

خوتەنلىكلەرنىڭ قەدىمدىن بۇيان «بىرنى بىر دەيدىغان» مىجەز ـ خاراكتېرىگە ماس ھالدا تىل ئىستېمالىدا قىزىقچىلىق ۋە سۆزمەنلىك دائىم مەۋجۇت بولۇپ، بۇ خىل تىل ئىشلىتىش ئادىتى كىشىلەرنىڭ ياش پەرقى، سالاھىيىتى، سورۇن ۋە باشقا ئىجتىمائىي پائالىيەتلىرىدە ئەكس ئەتكەن. بولۇپمۇ، خوتەن مەشرەپلىرىدە لەتىپە ۋە قىزىقچىلىق كەم بولمىغان. نەسىردىن ئەپەندى لەتىپىلىرىدىن ئۆزگە يەنە، كېرىيە ناھىيەسىدە ئۆتكەن شېرىن دورغا لەتىپىلىرى، شېرىپ بەگ لەتىپىلىرى، مەتتوختى ئىسمايىل لەتىپىلىرى، چىرا ناھىيەسىدە ئۆتكەن مەتسىدىق مەترېھىم لەتىپىلىرى قاتارلىقلارمۇ خېلى كەڭ تارالغان. مەشرەپلەردە لەتىپە سۆزلەش ھامان

«لاپ بولار، بولمىسا قاپ بولار» ناملىق سۆزمەنلىك مۇنداق:

*«...چۆچۈرىگە زەدەك، پولۇغا چامغۇر، كۆمەچكە جىگدە سالماس بولدۇق، بۈگۈندىن باشلاپ ياخشى غىزا ئەتمەس بولدۇق دەپ، ئېشەك-چى ـ بېشەكچىلەرنىڭ ھەممىسىنى يىغىپ بىر مەجلىس كەلتۈرمەك-چى بولدۇق. ئۇل مەجلىستە: ئىششەك ـ نىممىششەك ئاق قوناقنىڭ كېپىكى، قۇمۇشنىڭ پۆپۈكى، بۇدۇشقاق يامىسى، قۇمچاق چاۋىسى، بىر جۈپ كۆل باچكىسى، بىر جۈپ چۆل باچكىسى، قوتا تۇلۇمنىڭ ئىرىقى، سېسىق بۆرىنىڭ تىرنىقى، ئېشەكنىڭ قۇيرۇقى، ئۆلۈك ئىتنىڭ پاچىقى، بۆرگىنىڭ كاللىسى، ياۋا ئۆردەكنىڭ تاشلىقى، كونا ئۆتەكنىڭ باشلىقى قاتارلىق نەرسىلەرنى تەييارلاپ كاتتا زىياپەت قىلماقچى بولدۇق. ئانداغ چوڭ زىياپەتتە كاتتا نەغمە بولسۇن دەپ ئو-يۇن ـ تاماشا ئۈچۈن ئۇسسۇلغا توكانى، داپقا چولاقنى، ناسۋالغا پو-چۇقنى، غەزەلگە گاچىنى، چۆچەككە پاكىنى تەييارلىدۇق.*

*ھاڭگا ئېشىكىمنى ھاڭگىلىتىپ، پۇت ـ قولۇمنى ساڭگىلىتىپ كېتىپ بارار ئەردىم، سانجۇ باش كېۋەزدىن* شەمشىمەت، توغرا كە-لەڭدىن* جەمجىمەت، ساڭرىدىن* ئىمىن ئاخۇن چىيلاق، ئارىغىلدىن * نەمتاخۇن شىيداق، كونا بازاردىن* سىدىق ئاخۇن پوخاق، باش ئېغىلدىن* يۇنۇساخۇن توپاق، دۆڭئۆۋاغدىن* ھېزىماخۇن ئوغاق، قارا دۆڭدىن* تۇسۇناخۇن قوقاق، چاشكامدىن* قۇۋاننىزاخۇن قاپاق، پا-شا ئېغىلدىن* تۇسۇننىزاخۇن چاپاق، ساربىدىن* نۇرۇللا سەللە، مۇجىدىن* سايىم تەللە (بازادىن قاچان كەللە؟)، قوشتاغدىن* سايىت باخشى، كىلياڭدىن* مەتنىياز پاخشى، گۇما توققۇز كۆلدىن* مول-لىقۇۋان ئاياقچى، سانجۇ بوستان پوناقتىن* ئەيسا قاراقچى، چو-قۇۋاشتىن* ھىمىت يالاقچى، قارنى يامان ھوشۇر بولاڭچى دېگەنلەر-نى ئابايىقى زىياپەتكە چىللاپتۇ...».* (* بەلگىسى قويۇلغانلىرى يەرناملىرى).

سۆزمەنلىكنىڭ يەنە بىر تۈرى ئەقلىيە سۆزمەنلىكى بولۇپ، كې-رىيە ناھىيە مۇغاللا يېزا بازىرىدىن ئىمىن روزى (1914 ـ يىلى تۇ-غۇلغان) ئەقلىيە سۆز نەزمىلىرىگە ۋارىسلىق قىلىپ كەلگەن سۆز-

پۈزىنى ياكى شىۋە تەلەپپۈزىنى دوراش؛ كىشىلەرنىڭ سۆز قىلغاندىكى «ئەمدى»، «ھېلىقىدەي»، « ئاننىزگىن»، «نېمە قىلىپ» دېگەندەك ئادەت سۆزلىرىنى كۆپ ئىشلىتىش ئالاھىدىلىكىنى دوراش؛ بەزى ھۇنەرۋەنلەرنىڭ قول ھۈنەر جەريانىنى دوراش ئارقىلىق دورالغۇچىنىڭ ئەينى ئوبرازى يارىتىلىپ، قاتتىق كۈلكە پەيدا قىلىنىدۇ. چىرا ناھىيەسىدىن مەرھۇم مەتقۇربان ئىسمايىل بىلەن لوپ ناھىيەسىدىن ئېزىز ئابدۇكېرىم قاتارلىقلار دورامچىلىقتا ۋايىغا يەتكەن شەخسلەر ھېسابلىنىدۇ. خوتەن ناھىيە خانئېرىق يېزا 9 ـ كەنتتىكى ھەسەن ئاخۇن «پاختا ئېتىش ئويۇنى» غا ۋارىسلىق قىلىپ كەلگەن بولۇپ، بۇ ئويۇندا قولتۇق چېلىش ۋە ھەر خىل تاۋۇش ياردىمى ئارقىلىق ئاتقۇچىنىڭ پاختا ئېتىش ھەرىكەت جەريانى ئىنتايىن قىزىقارلىق ۋە ئوبرازلىق ھالدا ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ. يەنە بىرى قۇش ۋە ھايۋانلارنىڭ مۆرەش، مەرەش، كىشنەش، بوزلاش، ھۇۋلاش، تاقاقلاش، ئۈنلەش، قىچقىرىش ئاۋازلىرىنى دوراش ئارقىلىق سورۇن ئەھلىگە ھوزۇر بەخش ئېتىلىدۇ. خوتەن ناھىيە يېڭىئېرىق يېزىسىدىن ئابدۇراخمان توختى بۇ جەھەتتە يېتىشكەن دورامچى بولۇپ، ئۇ ئۆچكە، تېكە، خوراز، توخۇ، دەمدەر قاتارلىقلارنىڭ ئاۋازىنى ئەينەن دورايدۇ.

سۆزمەنلىك، مۇبالىغە، ئوخشىتىش، قاپىيەلىك ياكى مەنىداش سۆزلەرنى قاتار ئىشلىتىش قاتارلىق بەدىئىي ۋاسىتىلاردىن ئەپچىللىك بىلەن پايدىلىنىپ، ئوي ـ پىكرنى رۇشەن ئىپادىلەپ بېرىدىغان بىر خىل سۆز سەنئىتى بولۇپ، «داستىخان مەيدانىدىكى جەڭ»، «ئوغۇل بالا چاققان»، «لاپ بولار، بولمىسا قاپ» «سالام خەت»، «ئۆزىنى تونۇشتۇرۇش»، «ھۆججەت»، «ئۈنىگدىن ـ بۇنىگدىن»، «دۇئا»، «يىغلاش» قاتارلىقلار خوتەن مەشرەپلىرىدە كۆپ ئورۇنلىنىدىغان، شۇنداقلا ئەل ئارىسىدا خېلى كەڭ تارالغان سۆزمەنلىك نومۇرلىرى بولۇپ، گۇما ناھىيەسىدىن تۇرسۇننىياز مەتسىيىت، نىيە ناھىيەسىدىن ئابدۇقادىر قوچاق قاتارلىقلار سۆزمەنلىك سەنئىتىگە ۋارىسلىق قىلىپ كەلگەن خەلق سەنئەتكارلىرى ھېسابلىنىدۇ. گۇما ناھىيە مۇجى يېزىسىدىن تۇرسۇننىياز مەتسىيىت ۋارىسلىق قىلىپ كەلگەن

*ياخشى ئىشلىگەن ھەرگىز خار بولماس،*
*ئەسلى يخار بولۇش بىكار يېتىشتا.*
*بىكار ئولتۇرغان راھەت كۆرەلمەس،*
*راھەتلىك تۇرمۇش ئىشلەپ تېپىشتا.*
*ئىچى يامانىنىڭ كۆڭلى تىنجىماس،*
*كۆڭۇل ئارامى ساپ دىل بولۇشتا.*
*تۇرۇلگەن قاپاق كىشىگە ياقماس،*
*چىراي زىننىتى ئىللىق قاراشتا.*
*ئادەم بولسىلا ئادەم ئاتالماس،*
ئۇنىڭ ھۆرمىتى ئەلگە ياراشتا.»①

بۇنداق ئەقلىيە نەزمىلىرى لاپچىلىقتا ئوخشاش كىشىلەرنى كۈلدۈرەلمەسمۇ، لېكىن، كىشىلەرنى چوڭقۇر ئويغا سېلىپ، ئۇلارنى ھەققىقەتنى تونۇشقا، چىنلىق، گۈزەللىك، ياخشىلىققا يېتەكلەيدۇ.

**(مۇھەممەتئىمىن سابىر)**

## §2. خەلق ئويۇنلىرى

خەلق ئويۇنلىرى ماكان، زامانلىقى بىلەن پەرقلىنىدىغان، ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەر قايسى مەزمۇنلىرىنى ئۆزىگە مۇجەسسەم قىلغان، ھۇزۇر بېرىپ كۈلدۈرىدىغان، كۈلدۈرۈپ ئويلاندۇرىدىغان، «گۈلىمۇ، تىكىنىمۇ بولغان»، تاماشىبىنلىرىنىڭ ئاز - كۆپلۈكى، مەيدان سورۇنلىرىنىڭ كەڭ - تارلىقى جەھەتتە ھېچقانداق چەكلىمىگە ئۇچرىمايدىغان، جابدۇق - ئەسلىھە ۋە ھەشەم - دەرەم تەلەپ قىلمايدىغان ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن خەلق فولكلورىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمىغا ئايلانغان. خوتەن رايونىدىمۇ خەلق ئويۇنلىرى قەدىمىيلىككە، ۋارىسچانلىققا ئىگە. تارىخىي يازمىلاردا بۇت سەيلىسى يىغىلىشىدا شىر، يولۋاس ئويۇنى ئوينالغانلىقى خاتىرىلەنگەن. ھەر قايسى ئۇزۇك

مەن سەنئەتكارلار ئىچىدە ۋەكىللىك خاراكتېرىگە ئىگە كىشى ھېسابلىنىدۇ. ئۇ ۋارىسلىق قىلىپ كەلگەن ئەقلىيە نەزمىلىرى بىر قانچە ئون كۇبلېتقا يېتىدۇ. تۆۋەندە ئۇ ۋارىسلىق قىلىپ كەلگەن ئەقلىيە نەزمىلىرىدىن پارچىلار كۆرۈپ ئۆتىمىز:

*«باغنى ماختىغان باغۋەن بولالماس،*
*ئەسلىم باغۋەنلىك باغنى ياساشتا.*
*تام سوققان بىلەن باغ ئاۋات بولماس،*
*باغنى ئاينىتىش كۆچەت سېلىشتا.*
*شالغۇت ئۇرۇقتا ئاشلىق ئوخشىماس،*
*مول ھوسۇل ئېلىش ئۇرۇق تاللاشتا.*
*كۆلنى پۇرىغان سۆيگەنلىك ئەمەس،*
*كۆلنى سۆيگەنلىك ئۇنى ئاسراشتا.*
*لاۋىلىق كۆلنىڭ سۈيى تەمسىزدۇر،*
*تاتلىق سۇ ئىچىش كۆلنى كولاشتا.*
*بۆرە بار تاغنىڭ مېلى ئاينىماس،*
*مالنى ئاينىتىش بۆرە ئوۋلاشتا.*
*چاغلىماي ئوچقان بۈركۈت بولالماس،*
*كەپنىڭ مۇھىمى قايتىپ قونۇشتا.*
*ئاغزى بوش يىگىت ئۆزۈن يار بولماس،*
*مەڭگۈ يار بولۇش سىرنى ساقلاشتا.*
*كەپ قىلىش ئاسان يىغىشتۇرماق تەس،*
*قاتتىق ئويلانغىن گەپنى باشلاشتا.*
*ئاقىل بوينىنى تۇتمايدۇ ئۆرە،*
*تەكەببۇر كىبىر دېۋەڭ بەڭباشتا.*
*كۆرۈنگەن تاغمۇ ئالدىڭغا كەلمەس،*
*تاغقا يەتمەكلىك داۋان ئاتلاشتا.*

① «دۇنيادا بىرلا خوتەن بار — خەلق قوشاقلىرى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2006 - يىل 5 - ئاي 1 - نەشرى 87 - ، 88 - بەت.

قولىنى ئۇزاتقاندا چىنىنى قايتۇرۇۋېلىش؛ قولىنى قايتۇرۇۋالغاندا يەنە ئۇزىتىش قاتارلىق قىزىقارلىق ھەرىكەتلەر بىلەن قارشى تەرەپ-نىڭ پىيالىنى ئېلىشىغا دەرھال ئىمكانىيەت بەرمەيدۇ. ئورنىدا تۇ-رۇپ بىر ئايلىنىپ قايتا چىنە تۇتۇشتا، قوبۇل قىلغۇچىمۇ بىر ئاي-لىنىپ، قايتا تەزىم بىلەن قول ئۇزىتىشى كېرەك. بۇنداق چاغدا، چاي تۇتقۇچى يېرىم ئايلىنىپ، ياكى 90 گىرادۇسلا بۇرۇلۇپ توخ-تىغۇالسا، چاي قوبۇل قىلغۇچى ئۇقۇشماستىن ئۇنىڭ ئارقا تەرىپىد-گە، ياكى يان بېلىگە قول ئۇزىتىپ قالىدۇ ـ دە، سورۇندا كۈلكە چىقىدۇ.

مۇشۇنداق بىر قانچە قېتىملىق قىزىقچىلىق ھەرىكەتلىرىدىن كېيىن، قارشى تەرەپ چاينى قولىغا ئېلىپ، چاي تۇتقۇچى ئېيتقان بېيىتنىڭ جاۋاب بېيىتىنى قايتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن ئاندىن چاينى ئىچىدۇ. ئەگەر جاۋاب بېيىتىنى قايتۇرالمىسا، يا ئۇسسۇل ئويناپ بېرىدۇ يا بىرەر مەيدان قىزىقچىلىق قىلىپ باشقىلارنى كۈلدۈرىدۇ. ھېچنېمە قىلالمىسا، ئۇنىڭ «جازاسى» سۆپىتىدە: «تامغا سۈرىتىنى تارتىش»، «توشقان تەپتى»، «داستىن تەڭگە سوزۇش»، «پالتا ـ كۆ-تەك»، «بۇرنىنى شاپاغداش» قاتارلىق جازالاردىن بىرەرسى بېرىلىدۇ. ئاندىن چاي قوبۇل قىلغۇچى يېڭىباشتىن چاي قويۇپ، يۇقىرىقى تەرتىپ بويىچە ئويۇننى داۋاملاشتۇرىدۇ.

2) «تۆپىق» ئويۇنى

«تۆپىق» ــ قوي ـ ئۆچكە قاتارلىق كىچىك چارۋىلارنىڭ ئارقا سان ئۇستىخىنىنى تۇتاشتۇرغۇچى بوغۇم ئارىلىقىدىن چىقىدىغان كىچىككىنە «تۇمار» شەكىللىك ئۇستىخان بولۇپ، بۇ ئويۇن ئەنە شۇ ئۇستىخاننى ۋاستە قىلىپ، ئىككى كىشى ئارىسىدا ئوينىلىدى-غان «ساداقەتلىكىنى سىناش» خاراكتېرىدىكى بىر خىل ئويۇندۇر.

بۇ ئويۇن مەخسۇس ئويۇشتۇرۇلمايدۇ ۋە ئالدىن پىلانلانمايدۇ. پە-قەت گۆش يېيىشىۋاتقان داستىخان ئۇستىدە قولىغا ئالغان گۆشىدە توپۇق بارلىقىنى بىلگەن بىرى، ئالغان گۆشنى يېمەستىن، ئۆز

بوستانلىقلاردا ئويۇن ئۇستىكارلىرى، قابىل تەشكىللىگۈچىلەر بولغان. خەلق ئويۇنلىرى ھەر قايسى تارىخىي دەۋرلەردە مەزمۇن ۋە شەكىل جەھەتتە يېڭىلىنىپ ۋە بېيىپ كەلگەنلىكى بىلەن ھېلىھەم جازىبدارلىقىنى ساقلاپ كەلمەكتە. خەلق ئويۇنلىرى ھازىرغىچە مۇناسىۋەتلىك خادىملار تەرىپىدىن خاتىرىگە ئېلىنىپ، تۈرى ۋە جىنس، ياش ئالاھىدىلىكى بويىچە ئويىنىلىدىغان ئويۇن شەكلى، مەزمۇنى ئاساسىدا ھەر قايسى مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىنىدى. تۆۋەندە خوتەن رايونىغا خاس بولغان بىر قىسىم ئويۇن تۈرلىرى (بىر قىسىم قويۇق يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە ۋارىيانتلىق ئويۇنلار)نى، چوڭلار ۋە بالىلار ئويۇنلىرى دەپ ئىككى تۈر بويىچە كۆرسەتتۇق. (ت)

## 1. چوڭلار ئويۇنلىرى

### 1) «چاي تۇتۇش» ئويۇنى

بۇ ئويۇن مەشرەپلەرگە كىرىشتۇرۇپ ئوينىلىدۇ. ئۇ، گۇما ناھىيەسىنىڭ كىلياڭ، سانجۇ؛ خوتەن ناھىيەسىنىڭ قاشتېشى يېزىسى؛ چىرا ناھىيەسىنىڭ چاقار، ئۇلۇغساي، نۇرى؛ كېرىيە ناھىيەسىنىڭ ئاتچان؛ نىيا ناھىيەسىنىڭ سالغۇزەك قاتارلىق تاغلىق يېزىلىرىدا بىر قەدەر كەڭ ئومۇملاشقان ۋە دائىملىق ئادەتكە ئايلانغان بىر خىل ئامىمۋى خاراكتېرلىق مەدەنىي پائالىيەتتۇر. بۇ خىل ئويۇن مەشرەپ داۋاملىشىپ مەلۇم باسقۇچقا كەلگەندە، مەشرەپ بېشى ياكى مەشرەپ ئويۇشتۇرغۇچى ساھىبخانا سورۇننىڭ كەيپىياتىنى جانلاندۇرۇش، ئويۇن ـ كۈلكە تۈرلىرىنى خىلمۇ خىللاشتۇرۇپ، مەشرەپ ئەھلىنىڭ تېخىمۇ كۆڭۈللۈك ئوينىشىنى كۆزدە تۇتۇپ، بىر پىيالە چاينى بىر كۈپلېت بېيىت بىلەن خالىغان بىرىگە تۇتۇپ بېرىدۇ. چاينى قوبۇل قىلغۇچى پىيالىنى ئىككى قوللاپ ئېلىشقا تەمشەلگەندە، چاي تۇتقۇچى ئۇنى ئازدۇرۇپ، ھەر خىل ھەرىكەتلەر بىلەن، مەسىلەن، سۇنغان چاينى قايتۇرۇۋېلىپ، ئورنىدا پىرقىرىۋېتىپ يەنە تەڭلەش؛

ـرىدىغان ئادەت بار ئىدى. ئويۇن مۇھەببەتداشلار، ياكى ئەر ـ خو ـ تۇنلار ئوتتۇرىسىدا بولسا، يەڭگۈچىگە مەلۇم نەرسىلەرنى سوۋغا قىل ـ ىلىش بىلەن شەرتى ئادا بولىدۇ. زىياپەت، مەشرەپ بېرىلمەيدۇ.

بۇ خىل ئويۇننىڭ داۋاملىشىش ۋاقتى بىر قەدەر ئۇزۇن بولۇپ، بۇ ئويۇن ئارقىلىق، بىر تەرەپتىن دوست ـ بۇرادەر، ئەر ـ خوتۇن، مۇھەببەتداشلارنىڭ بىر ـ بىرىگە بولغان ساداقەتمەنلىكى، سىغىد ـ ىىش، ياد ئېتىپ تۇرۇش ئىپادىسى سىنالسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئو ـ يۇن ئوينىغۇچى ئىككى تەرەپنىڭ ئەستە ساقلاش، ھوشيارلىق تۇي ـ غۇسىنى ئۆستۈرۈش ئەھمىيىتىگە ئىگە.

3) «قوشماق ئاداش» ئويۇنى

قوش مېغىزلىق ئۈرۈك مېغىزى بىلەن ئوينىلىدىغان بىر خىل ئويۇن بولۇپ، شەكىل ۋە ئۇسۇل جەھەتتىن «توپۇق ئويۇنى» غا ئوخشاپراق كېتىدۇ.

ئۇ، ئادەتتە ئىككى كىشى ئوتتۇرىسىدا ئوينىلىپ، تەبىئىي «قوشكېزەك» چىققان ئىككى مېغىزنى ئىككى دوست بىردىن يەيدۇ. بۇنىڭ مەلۇم شەرتى بولۇپ (چوڭلار مەلۇم بىر ماددىي سوۋغات ۋە ـ دىسى بىلەن، بالىلار مەلۇم ساندىكى چېقىلغان مېغىز بىلەن) يې ـ ڭىلگۈچى يەڭگەن كىشىگە سوۋغات بېرىدۇ.

بۇ ئويۇندا يېڭىش ـ يېڭىلىشنى بەلگىلەيدىغان ئۈچ خىل شەكىل بولۇپ، بىرىنچى خىلى، مەلۇم ۋاقىت بەلگىلەپ، شۇ ۋاقىت توشقان كۈنى قوشماق مېغىز يېيىشكەن ئىككى كىشى بىر ـ بىرىنى «ئەس ـ سالامۇ ئەلەيكۇم قوشماق ئاداش!» دەۋېلىشى كېرەك. ئاشۇ سۆزنى كىم بۇرۇن دەۋالسا، شۇ كىشى يەڭگەن بولىدۇ. يېڭىلگۈچى باشتا قىلىشقان ۋەدىسىنى ئورۇنلاپ بېرىدۇ.

ئىككىنچى خىلى، «ھەمۇ ـ ھە» نى شەرت قىلىپ ئوينىلىدۇ. بۇ ـ نىڭدا، قوشماق مېغىز يېيىلىپ بولغان مىنۇتتىن باشلاپ، تاكى ئا ـ خىرقى دەمگىچە، ئىككى تەرەپ بىر ـ بىرىنىڭ ئىسمىنى قەستەن چاقىرىدۇ. چاقىرىلغۇچى «ھە» دەپ سالغان ھامان، چاقىرغۇچى

كۆڭۈلگە پۈككەن يېقىن بىر كىشىگە تۇتىدۇ. بۇ چاغدا، ئۇنىڭ مۇددىئاسى مەخپىيرەك بولىدۇ. قارشى تەرەپ گۆشنى قوبۇل قىلىپ ئالغاندىن كېيىن، گۆشنى بەرگۈچى قوبۇل قىلغۇچىغا: «توپۇق كەتتى» دەپ قويىدۇ. بۇنىڭ بىلەن قارشى تەرەپ ئۇنىڭ ئۆزىگە توپۇق بەرگەنلىكىنى بىلىدۇ. بۇنىڭغا ئەتراپىدىكىلەر گۇۋاھ بولىدۇ.

شۇنداق قىلىپ، قوبۇل قىلغۇچى ھېلىقى گۆشنى يەپ، توپۇقنى چىقىرىپ، پاكىز قىرىپ يېنىغا سېلىۋالىدۇ. ئارىدىن مەلۇم ۋاقىت ئۆتكەندىن توپۇق بەرگۈچى قوبۇل قىلغۇچىنى «ئۇنتۇپ قالدى» ياكى، «توپۇقۇم يېنىدا يوق» دەپ مۆلچەرلىگەن ۋاقىتتا ئۇنىڭدىن «توپۇقۇمنى بەرسىلە» دەپ تۇتىدۇ. بۇ چاغدا، قوبۇل قىلغۇچى شۇ مەيداندا توپۇقنى چىقىرىپ بېرەلىسە، قوبۇل قىلغۇچى يەڭگەن، بەرگۈچى يېڭىلگەن بولىدۇ. نەق مەيداننىڭ ئۆزىدە چىقىرىپ بېرەلمىسە، قوبۇل قىلغۇچى يېڭىلگەن، بەرگۈچى يەڭگەن بولىدۇ. ئويۇن تۇسىنىڭ قىزىقارلىق، ئۇشتۇمتۇتلىقىنى كۆزلەپ، توپۇقنى نەقلەشتۇرۇش ۋاقتى، شارائىتى، ئورنى ئالاھىدە پىلانلىنىدۇ. بەزىلەر كېچىسى ئۇخلاۋاتقاندا، بەزىلەر سۇغا چۆمۈلۈۋاتقاندا، ئىشقىلىپ، «توپۇقۇم يېنىدا يوق» دەپ مۆلچەرلىگەن ۋاقىتتا ئۇنىڭدىن سورايدۇ. لېكىن قوبۇل قىلغۇچىمۇ قارشى تەرەپنىڭ ئاشۇ مۆلچەرىگە قارشى توپۇقنى ئىمكانقەدەر يېنىدىن ئايرىماي، ھەر خىل ئۇسۇللار بىلەن ئۇنى يوشۇرۇپ، قارشى تەرەپتە «توپۇقۇم يېنىدا يوق» دېگەن خاتا سېزىمنى پەيدا قىلىشقا تىرىشىدۇ. شۇنداق قىلىپ، توپۇق سۆيلەنگەن ھامان يا قايتۇرۇلىدۇ، يا ئېھتىياتسىزلىق، پەرۋاسىزلىق تۈپەيلىدىن يېنىدىن ئايرىپ قويۇپ ۋاقتىدا بېرەلمەيدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئىككى تەرەپ ئارىسىدا يېڭىش - يېڭىلىش ھالىتى شەكىللىنىدۇ. يېڭىش - يېڭىلىش ئايرىلىپ بولغاندىن كېيىن، يېڭىلگۈچى قارشى تەرەپكە مەخسۇس تەييارلىقلار بىلەن داستىخانلىق مەشرەپ ئويۇشتۇرۇپ بېرىدۇ. بۇ ئويۇندىكى توپۇق قەدىمكى زاماندىكى بىر توپاق (كالا)غا تەڭ بولۇپ، يېڭىلگەن كىشى بىر توپاق سويۇپ زىياپەت بې-

گەر» ـ قونالغۇ، سارايىنى كۆرسىتىدۇ. بۇرۇنقى دەۋرلەردە، بۇ جايلاردىكى سارايلارغا ئويۇنچىلار چۈشۈپ، مەخسۇس قورچاق ئويۇنى كۆرسەتكەچكە شۇنداق ئاتالغان.

راۋاب قورچاق ئويۇنى ئۆز ئىچىدىن يەنە ئىككى خىلغا ئايرىلىدۇ: بىرى، قول قورچىقى ئويۇنى؛ يەنە بىرى تەخسە قورچىقى ئويۇنى.

(1) قول قورچىقى ئويۇنىغا ياسىلىدىغان قورچاق ئاساسلىقى قۇش مودېلى بولۇپ، قۇشنىڭ گەۋدىسى توغرا ياغاچقا مەھكەم ئورنىتىلىدۇ، قۇيرۇقى بىلەن بېشى ھەرىكەتچان قىلىپ ياسىلىپ، يۇقىرى ـ تۆۋەن ئەركىن ھەرىكەت قىلالايدىغان قىلىپ ئورنىتىلىدۇ. ئەركىن تۇرغاندا، باش ۋە قۇيرۇق ئاستىغا ساڭگىلاپ تۇرىدۇ. گەۋدىگە ئورنىتىلغان جايدىن ئاستىغا يىپ تارتىلىپ، يىپنىڭ ئوتتۇرىغا ئېغىر نەرسە ئېسىپ قويۇلسا، قۇشنىڭ بېشى ۋە قۇيرۇقى كۆتۈرۈلۈپ، قۇشنىڭ تىك تۇرغان ھالىتىگە كېلىدۇ. قۇشنى ئاستىغا ئورنىتىلغان ياغاچتىن سول (پەدە باسىدىغان) قولنىڭ بارماق ئارىسىغا قىستۇرۇپ، راۋاب چېلىنىدۇ، پەدە بېسىش جەريانىدا ئېسىلغان تۆمۈر ئۈزۈكسىز ھەرىكەتلىنىپ، باش تەرەپنىڭ يىپى بوشىسا، قۇيرۇق تەرەپنىڭ يىپى چىڭ تارتىلىدۇ ـ دە، قۇشنىڭ بېشى تۆۋەنگە ساڭگىلاپ، قۇيرۇق تىكلىنىدۇ، تۆمۈر كەينىگە يېنىپ، قۇيرۇق تەرەپنىڭ يىپى بوشىسا، باش تەرەپنىڭ يىپى چىڭ تارتىلىدۇ ـ دە، قۇشنىڭ قۇيرۇقى تۆۋەنگە ساڭگىلاپ بېشى تىكلىنىدۇ.

بۇ ئويۇندا ئېيتىلىدىغان ناخشا چەكلىمىگە ئۇچرىمايدۇ. راۋاب بىلەن ئايرىم ناخشا ئورۇنلانسىمۇ، باشقا چالغۇلار بىلەن تەڭكەش قىلىپ ئورۇنلانسىمۇ بولىدۇ.

(2) تەخسە قورچاق ئويۇنىغا ياسىلىدىغان قورچاق كۆپىنچە تېكە، قوچقار، تۆگە، قارچىغا، بۈركۈت، خوراز قاتارلىقلارنىڭ مودېلى بولۇپ، بۇنىڭدا چارۋىچىلىق ۋە ئوۋچىلىق گەۋدىلەندۈرۈلگەن. تەخسە قورچاق ئويۇنىدا، قورچاق ئالاھىدە ياسالغان تەخسىدە ئوينىتىلىدۇ. دىيامېتىرى 40~30 سانتىمېتىرلىق دۈگىلەك ياغاچ (تۆمۈر

«ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، قوشماق ئاداش!» دەپ ئۇنىڭ يېڭىلىپ قالغان-لىقىنى جاكارلاپ قويىدۇ. «ھە» دەپ سالغۇچى يېڭىلگەن بولۇپ، ۋە-دىسىنى ئورۇنلاپ بېرىدۇ. بۇنىڭدىكى ھەل قىلغۇچ نۇقتا، چاقىرىققا جاۋاب بېرىپ قويۇش بولۇپ، ئىككى تەرەپ ئىمكانقەدەر «ھە» دې-مەسلىككە ھەم قارشى تەرەپنى «ھە» دېگۈزۈشكە تىرىشىدۇ.

ئۈچىنچى خىلى، «قولمۇ قول» دىن يېيىشىش بولۇپ، يۇقىرىقىغا ئوخشاش، قوشماق مېغىز يېيىلگەن مىنۇتتىن باشلاپ، ئىككى تەرەپ بىر ـ بىرىنىڭ قولىدىن بىرەر نەرسىنى ئېلىپ سالماسلىقى كېرەك. ئەگەر بىرى ئۇزاتقان بىرەر نەرسىنى ئېلىپ قالسا، نەرسە بەرگۈچى دەرھال: «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، قوشماق ئاداش!» دەپ نەرسە ئېلىپ سال-غۇچىنىڭ يېڭىلىپ قالغانلىقىنى جاكارلايدۇ ـ دە، يېڭىلگۈچى شەرتىنى (ۋەدىسىنى) ئورۇنلايدۇ. بۇنىڭدىكى يېڭىش ـ يېڭىلىش، قارشى تەرەپ ئۇزاتقان نەرسىنى ئېلىش ـ ئالماسلىقتا ئايرىلىدۇ.

(ئابدۇقادىر سادىر)

4) «قورچاق» ئويۇنى

قورچاق ئويۇنى ئەجدادلىرىمىز ئارىسىدا كەڭ ئومۇملاشقان بىر تۈرلۈك مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتى بولۇپ، يازما يادىكار-لىقلارغا ئاساسلانغاندا، بۇددا دىنى دەۋرىدە بىر قەدەر كەڭ ئومۇملاش-قان. ئىسلامىيەتتىن كېيىن بۇ ئويۇن چەكلىمىگە ئۇچرىغان بولسىمۇ، يەنىلا مەلۇم دائىرىدە ساقلىنىپ بۈگۈنگىچە داۋاملىشىپ كەلگەن.

قورچاق ئويۇنى ئاساسلىقى ئىككى خىل بولىدۇ: بىرى، مەلۇم ھېكايە، داستان، قىسسەلەردىكى پېرسوناژلار ئوبرازىدا ياسالغان قورچاقلار مەخسۇس كىچىك سەھنە ياسىلىپ، يىپ ئارقىلىق ئوينە-تىلىپ، قورچاق ئويناتقۇچى ھېكايە، داستان، قىسسە سۆزلەپ ئىجرا قىلىدۇ. قورچاق ئويۇنى رايونىمىزدا تاكى 20 ـ ئەسىرنىڭ 50 ـ يىللىرىغىچە كىنونىڭ رولىنى ئۆتەپ كەلگەن. خوتەن شەھە-رى ۋە كېرىيە ناھىيەسىدە «قورچاقلەڭگىرى» دېگەن يەر نامى بار. بۇ نامدىكى «قورچاق» — ئويۇن كۆرسىتىدىغان قورچاقنى، «لەڭ-

قىلىپ كېتىش گىردابىغا بېرىپ قالدى. كېرىيە ناھىيەسىنىڭ لەنگەر يېزىسى ۋە ئاتچان يېزىسىنىڭ پۇلۇ، ئۆچكەبۇلۇڭ، لۇش كەنتلىرىدە بۇ خىل ئويۇننى كۆرسىتىپ راۋاب چېلىش ئادىتى ساقلىنىپ قالغان.

**(ئابدۇرېشات مۇساجان توغرۇل)**

**5) «سالغۇي (سالغا)» ئويۇنى**

بۇ 1.50 مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى ئارقاننى ئوڭ قولدا ئۇزۇن ھالقا قىلىپ تۇتۇپ، ئارقاننىڭ ھالقا مەركىزىگە بىر ـ ئىككى جىڭ ئې-غىرلىقتىكى تاش ياكى داشگالنى قويۇپ، ئاندىن ئارقاننى يەر يۈزىگە تىك چەمبەر شەكلىدە ئايلاندۇرۇپ، ئايلىنىش تېزلىكى ئەڭ يۇقىرى نۇقتىغا يەتكەندە ئارقاننىڭ بىر ئۇچىنى قويۇپ بېرىپ، ھالقىدىكى تاشنى يىراققا ئېتىپ بەلگىلەنگەن نىشانغا تەگكۈزىدىغان ئويۇندۇر. بۇ ئويۇن قەدىمكى زاماندىكى توپچى ئەسكەرلەرنىڭ مەشىق ئۇسۇل-لىرىدىن ئۆزگىرىپ كەلگەن. ئەر ياشلارغا باب كېلىدۇ. بۇ ئويۇننىڭ قىيىنلىق دەرىجىسى يۇقىرى، تاش نىشانلانغان يەردىن چەتنەپ، ئارقىغا ياكى ئىككى يانغا ئۇچۇپ بېرىپ كۈتۈلمىگەن خېيىم ـ خە-تەرلەرنى پەيدا قىلىش ئېھتىماللىقى بار. بۇ ئويۇن قولنى، كۆزنى چېنىقتۇرۇش، مۆلچەرلەش ـ چەنلەش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇش رولىغا ئىگە.

**6) «غوجالدىرىۋاق» ئويۇنى**

بۇ ئويۇننى كۆپىنچە تۆت نەپەر ئەر ئورۇنلايدۇ. ئۇلار باش كىيىمى ۋە كۆڭلىكىنى سېلىۋېتىپ يېرىم يالىڭاچ بولۇپ مەيدانغا چۈشىدۇ. مەيداننىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر ـ بىرىگە ئۇدۇل قارىشىپ يۇملاق دائى-رە ھاسىل قىلىپ تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ قولتۇق چېلىشقا باشلايدۇ. يەنى ھەر ئىككى قولىنىڭ بېغىشىنى مۈرىگە يېقىن كەلتۈرۈپ، جەي-نەكنى ئۇچلاپ، سەل ئېگىز كۆتۈرۈپ ئاندىن كۈچ بىلەن ئۆزىنىڭ بىقىنىغا ئۇرىدۇ. جەينەكنىڭ بىقىنغا ئۇرۇلۇشىدىن «قاس ـ قۇس» قىلغان ئاۋاز چىقىپ مۇزىكا ئۇدارىنى شەكىللەندۇرىدۇ. ئۇدارغا تەڭ-

بولىسمۇ بولىدۇ) تاختاينىڭ ئوتتۇرىدىن تۆشۈك ئېچىلىپ، ئاستىغا 50~80 سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى نوكەش ئورنىتىلىدۇ. نوكەشنىڭ ئاستىغا كۆتەك ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش ئېغىر نەرسە ئورنىتىلىپ، يەردە قويسا مەزمۇت تۇرالايدىغان قىلىپ ياسىلىدۇ. ئۈستىدىكى تەخسىسى تۆمۈردىن ياسالسا، دۇخاۋا ياكى باشقا خىلدىكى رەخت بىلەن قاپلىنىدۇ. ياسالغان قورچاقنىڭ (تېكە، قوچقار، تۆگە دېگەندەك) قورساق قىسمىغا بىر تال ئىنچىكە ياغاچ ئورنىتىلىپ، ئۇچىغا ئىنچىكە يىپ چىگىلىپ، يىپنىڭ بىر ئۇچىنى نوكەشنىڭ تۆۋەن قىسمىدىن ئېچىلغان تۆشۈكتىن چىقىرىپ، نوكەشكە سېلىنىدۇ. ياغاچنىڭ يىپ چىگىلگەن ئۇچى نوكەش تېگىگە تېگىپ تۇرغاندا، قوچاقنىڭ پۇتلىرى تەخسە يۈزىگە تېگىپ تۇرىدىغان ھالەتتە تەڭشىلىدۇ. نوكەشنىڭ يىپ چىقىرىدىغان تۆشۈكى نوكەش تېگىدىن 4 ~ 5 سانتىمېتىر ئېگىز بولىدۇ. قورچاقنىڭ پۇتلىرى ھەرىكەتچان بولىدۇ. يىپ تارتىلسا، قورچاق كۆتۈرۈلىدۇ، يىپ بوشىسا قورچاق ئەسلى ئورنىغا چۈشىدۇ. يىپنىڭ بىر ئۇچىنى ئوڭ قول (زەخمەك ئۇرىدىغان قول)نىڭ چىمچىلاق بارمىقىغا چىگىۋېلىپ، قورچاق تەخسىسىنى مۇۋاپىق يىراقلىقتا ئورۇنلاشتۇرۇپ، راۋاب چالسا، قولنىڭ ئاستى - ئۈستىگە ھەرىكەت قىلىشى بىلەن يىپ تارتىلىپ، بوشاپ، قورچاقنى رىتىملىق سەكرىتىپ، ئۇسسۇل ئوينىغان ھالەتنى پەيدا قىلىدۇ.

مۇشۇ ھەرىكەت قانۇنىيىتىدىن پايدىلىنىپ، خوراز دانلىغان، قۇش پەرۋاز قىلىۋاتقان، ئىككى قوچقار ئۈسۈشۈۋاتقان... قاتارلىق ھەرىكەتلەر ھاسىل قىلىنىدۇ.

بۇ خىل راۋاب قورچاق ئويۇنى خوتەن رايونىدا ئومۇملاشقان بولۇپ، ئويۇنچىلار كوچا-كويلاردا سورۇن ھازىرلاپ ئويۇن كۆرسەتكەن. كۆپ ھاللاردا ھەر خىل قورچاقلار بىلەن ئويۇن كۆرسىتىدىغان بىر قانچە راۋابچى بىر گۇرۇپپا بولۇپ ئويۇن كۆرسەتسە، بەزىلىرى يالغۇز ئويۇن كۆرسەتكەن. نۆۋەتتە، بۇ خىل ئويۇن تۈرى يو-

*باغدا ئۆچكە مەرەيدۇ (گەستەرەناخان)،*
*قانداغ ئۆچكىكەن بالىكام (گەستەرەناخان).*
*جاغال ئۆچكىكەن دادىكا (گەستەرەناخان)،*
*سىغىئۇالساقچۇ بالىكام (گەستەرەناخان).*
*پوداق ئۆچكىكەن دادىكا (گەستەرەناخان)،*
*(گە ـ پۇق، گە ـ بە ـ بە، گە ـ پۇق ـ گە ـ بە ـ بە).*
......

ئويۇنچىلار بۇ تېكىستنى ئوقۇش داۋامىدا، ئۆزى ئورنىدا تېكىستنىڭ ئاۋازى ۋە بەزى ھەرىكەتلىرىنى دورايدۇ، كۆز بېقىشىدۇ، مۈرىسىنى سۈركىشىدۇ، بېشىنى ئىرغاڭشىتىدۇ. تېكىستتە «قاغىلى ـ قاق» دېگەن سۆز كۆپ تەكرارلىنىدىغان بولغاچقا، بەزى جايلاردا «قاغىلى ـ قاق» ئويۇنى دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

7) «ئارغىماق» ئويۇنى

ئارغىماقنىڭ باش، بويۇن، گەۋدە، ساغرا قىسىملىرى ياغاچتىن ياسىلىپ، سىرتى رەڭلىك دۇخاۋا بىلەن قاپلىنىدۇ. كۆز ئورنىغا قارا مارجان قادىلىدۇ. ئاغزىغا يۇگەن بېكىتىلىدۇ. قۇيرۇقى ئۇزۇن چۇچىلىق غىجىم رومالدىن ياسىلىدۇ. ئارغىماق ئويۇنى ئوينايدىغان ئويۇنچى ئايالچە كىيىنىپ، ئارغىماققا مىنىدۇ (ئەمەلىيەتتە ئارغىماق گەۋدىسى شوينا ئارقىلىق ئويۇنچىنىڭ بېلىگە باغلىنىپ، چاتىرىقىغا مۇقىملاشتۇرۇلىدۇ). ئارغىماق ئويۇنىدا دائىم ئارغىماققا تېكە ئەگەشكەن بولىدۇ. يەنى بىر كىشى قالپاقلىق جۇۋىنى تەتۈر كىيىپ تېكە سىياقىدا ياسىنىدۇ، بېشىغا مۆڭگۈز بېكىتىلىدۇ.

مېھمانبېشى ئارغىماق ئويۇنى باشلانغانلىقىنى ئېلان قىلغاندىن كېيىن، نەغمىچىلەر سازغا تەڭكەش قىلىپ تۆۋەندىكى ناخشىنى ئوقۇيدۇ:

*تۇنەك كېچىسى توخۇلار پەرياد ئېتىپتۇ.*
*ھايۋان جېنىدا ئاللانى ياد ئېتىپتۇ.*
*دەريادا بېلىق يىلاننى قوغلاپ كېلىپتۇ،*

كەش ھالدا ئۇلار ئۆزلىرى ئاھاڭلىق بېيىت ـ قوشاق تەڭكەش قىلىدۇ. ئويۇن قىزىغانسېرى ئۇلار بىر قېتىم جەينىكىنى بىقىنىغا ئۇرۇپ «قاس ـ قۇس» ئاۋاز چىقارسا، بىر قېتىم ئالقىنى بىلەن مەيدىسىگە شاپىلاقلاپ «شاق ـ شۇق» ئاۋاز چىقىرىدۇ. بەزىدە ئىككى جەينىكىنى نۆۋەت بىلەن بىقىنىغا ئۇرسا، بەزىدە تەڭلا ئۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ بەزىسى بىقىنىدىن ئاۋاز چىقارسا، بەزىسى بىر قولىنىڭ ئالقىنىنى يەنە بىر قولىنىڭ قولتۇقىغا قىسىپ تۇرۇپ، جەينىكىنى كۈچەپ ئۇرىدۇ. قولتۇقتىكى ھاۋانىڭ شىددەت بىلەن قىسىلىشى ۋە قولتۇق بىلەن ئالقان ئارىسىدىن سىقىلىپ چىقىشى نەتىجىسىدە «جەرت ـ جەرت» قىلغان ئاۋاز چىقىدۇ. شۇڭا بۇ ئويۇن «قولتۇق ئويۇنى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. تۆت كىشىنىڭ بىقىن، مەيدە ۋە قولتۇقىدىن چىققان «قاس ـ قۇس، شاق ـ شۇق، جەرت ـ جەرت» ئاۋازلىرى بېيىت ئاھاڭىنىڭ ئېھتىياجى بىلەن بەزىدە ئاستا، بەزىدە تېز، بەزىدە پەس، بەزىدە ئېگىز داۋام قىلىپ نەغمە كۈيىنى شەكىللەندۈرىدۇ. بۇ بەلكىم، مۇزىكا قوراللىرى ئىجاد بولمىغان يىراق قەدىمكى دەۋردە بارلىققا كەلگەن ۋە ھازىرغىچە ساقلىنىپ قالغان بىر خىل ئويۇن بولۇشى مۇمكىن. غوجالدىرىۋاق ئويۇنىنىڭ تېكىستلىرىدىن نەمۇنىلەر:

*غوجالدىرىۋاق ـ ۋاق، غوجالدىرىۋاق،*
*ئالدىڭغا باق ـ كەينىڭگە باق.*
*غوجالدىرىۋاق ـ ۋاق، غوجالدىرىۋاق،*
*خۇشامەتنىڭ تەخسىسىنى يەرگە ئۇرۇپ چاق.*
*قاغىلى ـ قاققاڭ ـ قاغىلى قاق (گەستەرەناخان)،*
*قاغىلار قوندى خادىغا (گەستەرەناخان)،*
*ئۆچكىنى ھەيدەڭ پادىغا (گەستەرەناخان).*
*گەتىگىچە كېلەرمىز (گەستەرەناخان)،*
*بىزنىڭ يارنىڭ يادىغا (گەستەرەناخان).*
*قاغىلى قاققاڭ ـ قاغىلى قاق،*
*قاغىلى قاققاڭ ـ قاغىلى قاق.*

يارغا كىرەك بولىدىمىكىن؟
ئايال ئۆزى ئاق، كۆڭلى قارا،
چايقاپ ئىچسۇن لايلىنى.
تاڭلا بەش كۈندە كۆرەرمىز،
داڭلاپ ئالغان يارىنى.
غاز قاڭلىسا، داڭلىمىسا،
بىزمۇ ئۇنىڭدىن كەم ئەمەس.
قارا قاشلىق، سۈمبۈل چاچلىق،
ھۈجرىمىزدىن كەم ئەمەس.
ئايال قوش غىلاپلىق، دىستە ئۆتەكلىك،
ھوجرىمىزدىن كەم ئەمەس.
غاز ئۆتىكىنىڭ پىتىكى، مىراجىگۈلىنىڭ چىچىكى،
مېنىڭ بىر تال يارىم بار قىزىل ئالما چىچىكى.
ئايال سېنىڭ بىر تال يارىڭ بار، قاغا جىگدە كۆتىكى.
غاز قىزىل ئالما چىچىكىنى مىڭ كىشى يىلداپ ئۆتەر.
ئايال قاغا جىگدە كۆتىكىنى ھەر كىشى تىپىپ ئۆتەر.

غاز ئويۇنىدا غاز رولىنى زېرەك، چاققان، خۇش چاقچاق، خەلق قوشاقلىرىنى ناھايىتى كۆپ بىلىدىغان ھازىر جاۋاب كىشىلەر ئۈستىگە ئالىدۇ. شۇڭا، بۇ رولغا چىققانلار ئاسانلىقچە يېڭىلىپ قالمايدۇ. غاز بېيىت تاشلىغاندا جاۋاب قايتۇرالمىغانلارغا غاز «غاز چىچتى» جازاسى بېرىپ مازاق قىلىدۇ.

9) «يولۋاس» ئويۇنى

بۇ، ئىككى كىشىلىك نىقابلىق ئۇسسۇل بولۇپ، بىر ئەر، بىر ئايال ئوينايدۇ. يولۋاسنىڭ بويۇن، دۈمبە قىسىملىرىغا بالداق يول-

*ئارغىمىقى ئالدىدا، تېكىسى كەينىدە قوغلاپ كېلىتۇ.*

.....

ئارغىماق ناخشىغا ئەگىشىپ مەيدانغا كىرىدۇ. تېكە كەينىدىن ئەگىشىپ كىرىدۇ. ئارغىماقلىق كىشى بىر قولىدا تىزگىننى تۇ. تۇپ، سىگار قولى بىلەن، تېكە ئىككى قولى بىلەن ئۇسسۇل ئويىنـ. غاچ مەيداننى ئايلىنىدۇ. مۇزىكا ئەۋجىگە چىققاندا ئارغىماقلىق كى. شى، تىزگىننى ئاغزىدا چىشلەپ تۇرۇپ ھەر ئىككى قولىنى بوشـ. تىپ ئۇسسۇل ئوينايدۇ. تېكە ئۇسسۇل ئويىنغاچ تىرەجەش، تاقلاش، مۆكۈش، ئۇسۇش قاتارلىق ھايۋانلارغا خاس ھەر خىل قىياپەتلەرنى دورايدۇ. بەزى ھەجۋىي قىلىقلارنى قىلىپ، كىشىلەرنى كۈلدۈرىدۇ. بىر ئازدىن كېيىن سازەندىلەر ناخشا جور قىلىشنى توختىتىشىپ، مۇزىكا بىلەنلا تەڭكەش قىلىپ چالىدۇ. بۇ چاغدا ئارغىماق ئۇسسۇل ئويىنغاچ تېكىگە بېيىت تاشلايدۇ. تېكىمۇ ئۇسسۇل ئويىنغاچ بې. يىتقا بېيىت قايتۇرىدۇ. مەلۇم ۋاقىتتىن كېيىن ئارغىماق ئويۇنى ئاخىرلىشىدۇ.

8) « غاز » ئويۇنى

بۇ نىقابلىق ئۇسسۇل بولۇپ، غاز رولىنى ئەرلەر ئالىدۇ. غاز مەيدانغا چۈشكەندىن كېيىن مۇزىكىغا جور بولۇپ مەيداننى ئايلىنىپ بىر پەردە ئۇسسۇل ئوينايدۇ. ئاندىن ئۇسسۇل ئويىنغاچ سورۇندىكى كىشىلەرگە بېيىت تاشلايدۇ. بېيىت تاشلىغاندا قارشى تەرەپ مەزمۇنى ماس بولمىسىمۇ، بېيىت قايتۇرسىلا بولىدۇ. ئاياللارغا بېيىت تاش. لىغاندا، بەزى پاراسەتلىك، ھازىر جاۋاب ئاياللار بىلەن غاز ئوتتۇرى. سىدا مەزمۇنى ماس بولغان بېيىت ئېيتىشىش داۋام قىلىدۇ:

غاز: *قارا بوز بايتال ئېتىم،*
*مايسىغا كۆل بولىدىمكىن؟*
*ئۆزى ئاق، كۆڭلى قارا،*

لەشكەنلىكىنىڭ بەلگىسى بولغان بۇنداق سوۋغا «كۆكۆل پۇتۇنجۇك» دې-يىلىدۇ. پۇتۇنجۇك بېرىشىپ ئاشنا بولغانلار كېيىن ئايرىلىپ كەتمەكچى بولغاندا، يەنە مۇشۇنداق سورۇندا بىر بىرىگە قايتا پۇتۇنجۇك بېرىپ، قارشى تەرەپتىن رازىلىق ئېلىپ ئايرىلىپ كېتىدۇ.

**11)** «چېلىشش» ئويۇنى

بىر خىل ھەجۋىي ئويۇن بولۇپ، بىر نەپەر ئويۇنچىنىڭ بېلىگە تاياق، چاپان، ئىشتان، تۇماق قاتارلىق ئويۇن جابدۇقلىرىدىن ياسالغان بىر نەپەر يالغان چېلىشچى جۈپلىنىپ، ئىككى كىشىنىڭ راسا بەل تۇتۇشۇپ چېلىـ-شىۋاتقان ئوبرازى يارىتىلىدۇ ۋە چېلىشچى شۇ ھالەتتە مەيدانغا كىرىدۇ. ئاندىن راست چېلىشچى راست ـ يالغان ئىككى ئادەمنىڭ بەل قورۇش، چىر-ماق سېلىش، تۇرتۇش، كۈچ يىغىپ ھەملە قىلىش، رەقىبىنى يانپاشقا ئې-لىپ يىقىتىش قاتارلىق ھەرىكەتلەرنى ئەپچىللىك بىلەن دورايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئىككى كىشىنىڭ چېلىشىش داۋامىدىكى كۈچۈگەن، ئىنجىقلى-غان، ھاسىرىغان ئاۋازلىرىنى دورايدۇ. گەرچە بۇ بىر خىل يالغان چېلىشىش بولسىمۇ، خۇددى راست چېلىشىشقا ئوخشاش ئەپچىللىك بىلەن ئورۇنلىنىـ-دۇ. بۇ، خوتەنلىكلەر ئىنتايىن ياقتۇرىدىغان ۋە كەڭ ئومۇملاشقان چېلىشىش تەنھەركىتىنىڭ سەنئەتلىك ئىپادىسى ھېسابلىنىدۇ.

(مۇھەممەتئىمىن سابىر)

## 2. بالىلار ئويۇنلىرى

خوتەن رايونىدىكى بالىلار ئويۇنلىرى قەدىمدىن ھازىرغىچە، بو-لۇپمۇ 20 ـ ئەسىرنىڭ 50 ـ يىللىرغىچە ئەنئەنىلەر ئاساسىدا با-لىلارنىڭ كۆندىلىك تۇرمۇشىدا مۇھىم بىر مەنىۋى قاتلام ھاسىل قىلىپ، ئۆگىنىش ← دوراپ ئويناش ← يېڭىدىن بارلىققا كەلتۈ-رۈش ئارقىلىق داۋام قىلىپ كەلگەن. بالىلارنىڭ جىسمانىي ساغلام-

لۇق رەڭدار رەختتىن نىقاب كىيىم تەييارلىنىدۇ. ئەركەك يولۋاس-نىڭ بېشىغا ئىككى تەرىپىگە بىردىن قارا تەلپەك قاتلاپ باغلىنىپ قۇلاق چىقىرىلىدۇ. ساغرىسىغا ئۇزۇنراق قوتاز قۇيرۇقى باغلاپ قۇيرۇق چىقىرىلىدۇ. چىشى يولۋاسنىڭ قۇلىقى سېرىق تولكە تۇماق-تىن، قۇيرۇقى رەڭدار رەختتىن ياسىلىدۇ. ھەر ئىككى يولۋاسنىڭ بوينىغا كىچىك قوڭغۇراق ئېسىلىدۇ. ئىككى يولۋاس مەيدانغا چۈ-شۈپ تۆت پۇتلۇق بولۇپ، ھىدلىشىش، تاقلاش، ئەركىلەش، ئوينى-شىش قاتارلىق يولۋاسقا خاس ھەركەتلەرنى دوراپ ئۇسسۇل ئويناي-دۇ.

**10) «چىلىم» ئويۇنى**

بۇ ئويۇندا گەرچە چىلىم ئۇسسۇل سايمىنى قىلىنسىمۇ، ئۇنى ئوينىغان كىشى چىلىمنى چېكىشى ناتايىن (چىلىم تارتمايدىغانلار چەكمىسىمۇ بولى-دۇ). چىلىم بولمىسا، سۇ قۇيۇلغان چىنە ئۇسسۇل سايمىنى قىلىنىدۇ.

مېھمانبېشى چىلىم ئويۇنى ئوينىلىدىغانلىقىنى ئېلان قىلغاندىن كې-يىن، بىر كىشى چىلىم (ياكى چىنە) كۆتۈرۈپ مەيدانغا چۈشۈپ ئۇسسۇل ئوينايدۇ. ئاندىن ئۆز يارى ياكى ئاشنىسىغا بېيىت تاشلايدۇ. ئۇ بېيىت قايتۇرۇپ چىلىمنى تاپشۇرۇۋالىدۇ ۋە ئۇسسۇل ئويناپ بىر چۆرگىلەپ چىلىمنى باشقا ئەر ياكى باشقا ئايالغا تۇتۇپ بېرىدۇ. بۇ چاغدا چىلىمنى بەرگۈچىمۇ، ئالغۇچىمۇ بېيىت ئوقۇمايدۇ. چىلىمنى ئالغان كىشى ئۇس-سۇل ئويناپ چۆرگىلەپ كېلىپ، ئۆز يارى ياكى ئاشنىسىغا بېيىت بىلەن چىلىم تۇتىدۇ. ئۇمۇ بېيىت قايتۇرۇپ چىلىمنى ئالىدۇ. مەشرەپ مۇشۇ تەرتىپتە داۋام قىلىدۇ. شۇڭا بۇنداق مەشرەپلەردە كۆپىنچە قىز ـ يىگىت-لەر ۋە ئاشىق ـ مەشۇقلار بىر يەرگە جەم بولىدۇ. ئۇلار مۇشۇ پۇرسەتتە بىر ـ بىرى بىلەن يوشۇرۇن ئۇچرىشىپ مۇڭدىشىدۇ. يىگىتلەر قىزلارغا ئۈزۈك، ياغلىق، قىزلار يىگىتلەرگە بەلياغلىق، دوپپا، تاماكا خالتىسى قاتارلىق سوۋغاتلارنى بېرىدۇ. توي قىلىشقا ياكى ئاشنا بولۇشقا ئەھدە-

دىرجاق (چەمبەر)» ئويۇنى، «شىلدىركوپ» ئويۇنى، «نۇر» ئويۇ-
نى...قاتارلىقلار.

ئۇچىنچى، تۇرمۇش ۋە ئىشلەپچىقىرىش تۈرىدىكى ئويۇنلار. بۇ
خىلدىكى ئويۇنلار ئاساسەن تۇرمۇش ۋە ئىشلەپچىقىرىش پائالىيەت-
لىرىگە تەقلىد قىلىنغان ياكى شۇلارنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ئو-
يۇنلارنى كۆرسىتىدۇ، دەپ قارىدى. مەسىلەن: «نان يېقىش» ئويۇنى،
«غالتەك هارۋا» ئويۇنى، «قىسماق» ئويۇنى، «تۈگمەن (يارغۇن-
چاق)»ئويۇنى، «ئارپا پىشتى» ئويۇنى، «مېهماندارچىلىق» ئويۇنى ،
«ئۆي ياساش» ئويۇنى، «ئوقيا» ئويۇنى، «سوزماق (رەگەتكە)» ئويۇنى،
«قوغۇن تېرىش» ئويۇنى، «تاماق ئېتىش» ئويۇنى، «چۆچۈرە قاينايـ-
دۇ» ئويۇنى، «پىپى» ئويۇنى، «چىم ـ چىم » ئويۇنى، «خام توقۇش»
ئويۇنى، «سالغا» ئويۇنى، «جوۋاز » ئويۇنى، «پاختا مىلتىق» ئويۇنى،
«بۆشۈك» ئويۇنى، «ياغاچ ھەرىدەش» ئويۇنى، «بارائەت كەلدى» ئويۇ-
نى، «چويلا ۋە سېۋەت توقۇش »ئويۇنى، «چاچ كېسىش» ئويۇنى، «مەن
ئاغرىق» ئويۇنى... قاتارلىقلار.

تۆتىنچى، تىل (نۇتۇق) تۈرىدىكى ئويۇنلار. بۇ خىل تۈردىكى ئو-
يۇنلار بالىلارنىڭ تىل ياكى نۇتۇق پائالىيىتى ئارقىلىق ئېلىپ بې-
رىلىدىغان ئويۇنلارنى كۆرسىتىدۇ، دەپ قارىدى. بۇ ئويۇنلار ئاساس-
لىقى بالىلارنىڭ تېپىشماق تېپىش ئويۇنى، سۆز ئويۇنى، ساناق سا-
ناش ئويۇنلىرىنى، شۇنداقلا ئويۇنلاردا ئېيتىلىدىغان ئويۇن قوشاق-
لىرى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەسىلەن: «ئاق تېرەك ـ
كۆك تېرەك» ئويۇنى، «تاقمۇ ـ جۈپمۇ» ئويۇنى، «مۈڭگۈز» ئويۇنى،
«ئويمۇ ـ قويمۇ» ئويۇنى، «تېپىشماق» ئويۇنى، «چۆچەك ئېيتىش»
ئويۇنى، «ئەللەي بالام» ئويۇنى، «توقسان قولۇم» ئويۇنى، «هاشىم يا-
تىلاق، قاسىم تاپىلاق» ئويۇنى، «گۈل سۇنۇش» ئويۇنى، «ئالتە ـ
ئالتە ئوتتۇز ئالتە» ئويۇنى، «قاپىيە» ئويۇنى، «دوپپا» ئويۇنى، «قا-
رىۋاستى» ئويۇنى، «پىچىر ـ پىچىر» ئويۇنى...... قاتارلىقلار.

دەرۋەرقە بالىلار ئويۇنلىرىنى يۇقىرىقىدەك تۈرگە ئايرىش خې-

لىقى، ئىقتىدار ـ قابىلىيىتىنى يېتىلدۈرۈش، ئويۇشۇشچانلىقى ۋە ئىناقلىقىنى كۈچەيتىشتە ئائىلە تەربىيەسىنىڭ مۇھىم تولۇقلىغۇ-چىسى بولغان. قويۇق يەرلىك ئالاھىدىلىك، كۆچلۈك ئۆرپ ـ ئادەت خاراكتېرىگە ئىگە بولغان بالىلار ئويۇنلىرى ئۆزىدە ساددا تەپەككۇر، زېھىن تاۋلاش، چاققانلىق ۋە چىدامچانلىق قاتارلىق خۇسۇسىيەتلەر-نى ساقلاپ كەلگەنلىكى بىلەن بالىلارنىڭ ئەمىكىگە ئايلانغان.

خوتەن رايونىدىكى بالىلار ئويۇنلىرى باشقا رايونلاردىكى بالىلار ئويۇنلىرى بىلەن ئوخشاشلىقىقا ئىگە بولۇپلا قالماي، جۇغراپىيەلىك جايلىشىش، تىل ـ شېۋە ئادىتى ۋە باشقا جەھەتلەردىن بىر قىسىم ئوخشىمايدىغان ئويۇن تۈرلىرى ۋە شەكىللىرى بارلىقىقا كەلگەن بو-لۇپ، بۇ ئويۇنلارنى فولكلورشۇناسلار ۋە بالىلار ئويۇنلىرى تەتقىقات-چىلىرى ئويۇنلارنىڭ ئالاھىدىلىكى، ئىپادىلەنگەن مەزمۇن ۋە ئو-يۇنلارنىڭ رولى قاتارلىقلارغا ئاساسەن تۆۋەندىكى تۈرلەرگە بۆلدى:

بىرىنچى، بەدەن ھەرىكىتى تۈرىدىكى ئويۇنلار. بۇ خىلدىكى ئو-يۇنلار ھېچقانداق بالىلار ئويۇنچۇقىنىڭ ياردىمىسىز، بالىلارنىڭ ناھا-يىتى روشەن ھالدىكى ھەر خىل بەدەن ھەرىكىتى ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىدىغان ئويۇن پائالىيەتلىرىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، «قوغلاش-ماق» ئويۇنى، «مۆكىمۆكىلەڭ» ئويۇنى، «تۆگى ـ تۆگىلەڭ» ئويۇنى، «ئاداش ـ ئاداش» ئويۇنى، «كىم ئوسۇردى» ئويۇنى، «موللاق ئې-تىش»ئويۇنى، «كۆز بېقىشىش» ئويۇنى، «مۇشت كەتتى» ئويۇنى، «قول بېسىشىش» ئويۇنى، «قارا ـ قارا قۇشلىرىم» ئويۇنى...قاتارلىقلار.

ئىككىنچى، ئويۇنچۇقلارنىڭ ياردىمىدە ئوينىلىدىغان ئويۇنلار. بۇ تۈردىكى ئويۇنلارنى، بالىلار ھەر خىل ئويۇنچۇق ياكى ئەتراپىدىكى ئوينىغىلى بولىدىغانلىكى نەرسىلەرنىڭ ياردىمىدە ئوينىلىدىغان ئو-يۇنلار دەپ قارىدى. مەسىلەن: «تەپكۈچ»ئويۇنى، «چىۋىق ئات» ئويۇ-نى، «توپ» ئويۇنى، «ئوسما قويدۇم» ئويۇنى، «قارلىق تاشلاش» ئويۇ-نى، «تاش تەرمەك»، ئويۇنى، «ھەيكەل ياساش» ئويۇنى، «قورچاق» ئو-يۇنى، «بوتبوت ياساش» ئويۇنى، «غۇررەك (غۇيىيەك)» ئويۇنى، «جىل-

ـسۇس توپ ياساش ئۇستىلىرى يۇقىرى ماھارەت بىلەن «يۇمىلاق» قىلىپ بۆز ياكى يۇڭ يىپتىن ياسىغاچقا، مەزمۇت بولۇپ ئاسان چۇ-ۋۇلۇپ كەتمەيدۇ. كالتەك 120~100 سانتىمېتىر كېلىدىغان كەكە دەستىسىدەك ئۆرۈك، ئۇجمە، جىگدە بادرىسىدىن ياسىلىدۇ.

يىپ توپ مەيدانى: ھازىرقى زامان تەنتەربىيەسىدىكى پۇتبول مەيدا-نچىلىك تەكشى تۈزلەڭلىك بولسا بولىدۇ. چۆرىسى ھاك بىلەن بەلگە سېلىنىپ مەيدان پاسىلى ئايرىلىدۇ. مەيدانغا 10~9 مېتىر كەڭلىكتە ۋاراتا سىزىلىدۇ. تەبىئىي بەلگىلەرمۇ ئاساس قىلىنىدۇ.ئىمكان بولمى-غاندا ياغاچ ياكى پۇت بىلەن يەرنى سىزىپ قويسىمۇ بولىدۇ. ئايرىم ئەھۋاللاردا دالالاردىكى بىر تاختا يەر ئۆلچەم قىلىنىدۇ.

مۇسابىقىگە قاتناشقۇچىلار شۇ قېتىمقى پائالىيەتكە يىغىلغان تەڭدىمەتلىك باللارنىڭ ئاز ـ كۆپلۈكىگە قاراپ ئىككى ـ ئۈچ گۇ-رۇپپىغا بۆلۈنىدۇ. ئۇتۇپ چىققانلار داۋاملىق ئويناپ، ئۇتتۇرغۇ-چىلار شاللىنىدۇ. گۇرۇپپا سانى تۆتتىن يۇقىرى بولسا، يېرىم ئايلانما ياكى ئايلانما تۈزۈم بويىچە مۇسابىقە تەشكىللىنىدۇ. ئەڭ كۆپ توپ كىرگۈزگەن كوماندا ئۇتقان بولىدۇ. يىپ توپ ئويۇنىدا كوماندا ئەزالىرىنىڭ ئورنى مۇقىم بولۇپ، ئوتتۇرا رەت، ئالدى رەت، ئارقا رەت، ئوڭ تەرەپ، سول تەرەپ ئەزالىرى دەپ بۆلۈنىدۇ. مۇسابىقە پەسىل جەھەتتە كەچ كۈز، قىشلىرى، ۋاقىت جەھەتتە كۈندۈزى كۆپرەك ئوينىلىدۇ. يىپ توپ ئويناشتا، توپنى تۇتۇۋېلىش-قا، پۇت بىلەن تېپىشكە بولمايدۇ. كالتەك بىلەن ئادەم ئۇرۇشقا، كالتەكنى بەلدىن يۇقىرى كۆتۈرۈۋېلىشقا بولمايدۇ.

يىپ توپ بىلەن مەررە ئويۇنى ئوخشاپراق كەتسىمۇ يەنىلا ماھىـ-يەتلىك پەرق بار. ئالايلى: بىرى (مەررە توپ) كېچىسى ئوينىلىدۇ، يەنە بىرى (يىپ توپ) كۈندۈزى ئوينىلىدۇ، بىرسىدە بولسا ئوت تۇ-تاشتۇرۇلغان مەررە توپ بولسا، يەنە بىرسىدە يۇمىلاق يۆگەلگەن يىپنى توپ قىلىدۇ. بىرى (يىپ توپ) كالتەك بىلەن ئۇرۇلسا، بىرى (مەررە توپ) چوماق بىلەن ئۇرۇلىدۇ.

لىملا ئىلمىيلىككە ئىگە. بۇنى نەزەرىيە جەھەتتىن شەرھلەش ۋە تەھ-لىل قىلىش بۇ تېمىمىزنىڭ ۋەزىپىسى ياكى ئېھتىياجى بولمىغاچ-قا، بىز تۇنۇشتۇرۇش ـ خاتىرىگە ئېلىشنى ئاساس قىلىپ، ئۇلار تەرىپىدىن تۇرگە ئايرىش جەريانىدا نامى قەيت قىلىنمىغان باللار ئويۇنلىرىنىڭ بىر قانچە خىلىنى: باللار مۇسابىقە ئويۇنلىرى، با-للار كۆڭۈل ئېچىش ئويۇنلىرى ۋە باللار خەير ـ ساخاۋەت ئويۇن-لىرى دېگەن تېما ئاساسىدا تونۇشتۇردۇق.

**1) باللار مۇسابىقە ئويۇنلىرى**

**(1) يىپ توپ (كالتەك توپ) ئويۇنى**

بۇ، ئوغۇللار توپلىشىپ ئىككى گۇرۇپپا بويىچە ئوينايدىغان، مۇسابىقە خاراكتېرى كۈچلۈك بولغان، مەيدان، سايمان، مۇسابىقە شەكلى جەھەتتىن «چوماق» توپقا ئوخشاپراق كېتىدىغان، باللار ۋە ياشلار ئويۇنلىرىنىڭ بىرى.

خوتەنلىكلەر ئارىسىدىمۇ يىپ توپ ئويۇنىنىڭ تارىخى ناھايىتى ئۇزۇن بولۇپ، قەدىمكى دەۋرلەردە ئۇيغۇر قەبىلىلىرى كالتەك توپ ئوينىغان. تارىخىي خاتىرىلەرگە قارىغاندا، 10 ـ ئەسىردە «يىپەك يو-لى» سودىسى بىلەن شۇغۇللانغان شەرقىي رىم ئىمپېرىيەسىنىڭ سودىگەرلىرى بۇ رايونغا كەلگەندە، كىشىلەرنىڭ كەڭرى مەيدانلاردا ئاتلىق ياكى پىيادە كالتەك توپ ئويناۋاتقانلىقىنى كۆرگەن. بۇ ئىش شەرقىي رىملىقلارغا ناھايىتى ياققان. بۇ خىل توپ ئويۇنى — يەنى چاۋگەن توپ توغرىسىدا «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا تەپسىلىي مەلۇمات قالدۇرۇلغان (كالتەك توپ ئۇزۇن يىللار ئۆگىنىش، سىناق قىلىش، ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈش ئارقىلىق، خەلقئارادا بىر خىل تەنتەربىيە ھەرىكىتىگە ۋە پات ـ پات ئۆتكۈزۈلۈپ تۇرىدىغان مۇسابىقە تۈرىگە ئايلاندى).

بۇ مۇسابىقە ئويۇنىنى ئويناشتا يىپ توپ ۋە كالتەك بولسىلا كۇ-پايە. يىپ توپ — چوڭلۇقى قوش مۇشتتەك، دىيامېتىرى 15～10 سانتىمېتىر كېلىدۇ. يىپ توپنى كۆرگەنلا ئادەم ياسىيالمايدۇ. مەخ-

ئىككى تەرەپ توپنى باشلاش نۇقتىسىدىن باشلاپ، ئۆزىنىڭ مەيدانى تەرەپتىكى كاتەكچىگە سولايدۇ. تالاش ـ تارتىش قاتتىق بولىدۇ. توپ 50 مېتىرلىق دائىرىدىن چىقىپ كەتسە، توپ نۆۋىتى قارشى تەرەپ-كە بېرىلىدۇ. ئەگەر ئويناش جەريانىدا چوماق بىرەر ئادەمنىڭ بەدى-نىگە تېگىپ كەتسە ياكى يارىلاندۇرۇپ قويسا، يارىلانغان تەرەپنىڭ ئورنىغا باشقا ئادەم ئالمىشىپ ئوينايدۇ. يارىلاندۇرغۇچى قائىدىگە خىلاپلىق قىلغۇچى ھېسابلىنىپ، مەيداندىن چىقىرىلىدۇ.

(2) سىزىق توپ ئويۇنى

بۇ يىپ توپنى ئۇرۇش ۋاسىتىسى قىلىدىغان، ئەمما، توپ ئۇرۇش-تا چوماق ياكى كالتەك ئىشلىتىلمەي، تۇتقۇچ چىقىرىلغان نېپىز تاختاي بىلەن ئۇرۇپ ئوينىلىدىغان، مەلۇم سىزىق پەللە ھېسابلىنىدىغان بىر تۈردۇر. بۇ خىل توپ ئويۇنى خوتەن رايونىنىڭ كۆپلىگەن جايلىرىدا «سىزىق توپ» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

سىزىق توپ ئويۇنىدا بىر بىرىگە قارىمۇ قارشى ئىككى گۇرۇپپا تەشكىل قىلىنىدۇ. ھەر بىر گۇرۇپپىدا ئىككىدىن ئالتىگىچە ئادەم بولىدۇ. ئوينايدىغان توپنىڭ چوڭلۇقى يالاڭ مۇشتتەك بولۇپ، خۇد-دى كالتەك توپقا ئوخشاش ياختا يىپتا يۇگەپ، پىششىق يىپ بىلەن كەشتە تىكىپ ئىشلىنىدۇ. توپ ئوينايدىغان مەيداننىڭ كەڭلىكى 30 × 50 مېتىر بولىدۇ. 8 ~10 ياشلىق باللار ئۇچۇن مەيدان قىسقىراق بولسىمۇ بولىۋېرىدۇ. بۇنىڭغا رېپىرى كەتمەيدۇ. ئىككى گۇرۇپپا تەشكىللىنىپ تەييار بولغاندىن كېيىن، ئىككى تەرەپتىن ئا-دەم چىقىپ باشلىشىدۇ. قايسى تەرەپ باش بولسا، شۇ تەرەپتىن بىر ئادەم چىقىپ توپنى ئۇرىدۇ. قالغان گۇرۇپپا ئەزالىرى قاچىدىغان ئەگرى سىزىققا بېرىپ تەييار بولۇپ تۇرىدۇ. قارشى تەرەپتىن بىر ئا-دەم توپ ئۇرغۇچىغا توپ تاشلاپ بېرىدۇ. قالغان گۇرۇپپا ئەزالىرى مەيداندا توپ توسىدۇ. توپ ئۇرۇلۇش بىلەن تەڭ توپ ئۇرغان گۇرۇپ-پىنىڭ ئەزالىرى قېچىش سىزىقىدىن چىقىپ، مەيداننىڭ ئاخىرقى سىزىقىدىن ئۆتۈۋېلىشى لازىم. مەيداندا توپ توسۇغانلار ئۇرۇلغان

يىپ توپ ئويۇنىنىڭ ئۇرىدىغان كالتىكى ۋە ئويناش ئۇسۇل ـ تەرتىپلىرى ئالدىنقىسىغا ئوخشىمايدىغان يەنە مۇنداق شەكىللىرى بار. بۇ ھازىرقى ياۋروپالىقلار ئوينايدىغان گولف توپقا ئوخشاپراق كېتىدۇ. چوماق ھاسا شەكلىدە ياسىلىدۇ.

ئۇنىڭ بىرىنچى خىل ئويناش قائىدىسى: تەكشى يەر تاللىنىپ، توپنى يۇملانغان توپا ئۈستىگە قويۇپ، 50 مېتىر ئارىلىقتا كاتەك ئويۇپ، كاتەككە سولاش ئارقىلىق ئوينىلىدۇ. تۆتتىن ئالتىگىچە كىشى قاتناشقان بۇ خىل ئويناش ئۇسۇلى بىر قەدەر قىيىن بولۇپ، كاتەككە نىسبەتەن ئارىلىق ئۇزۇن بولغاچقا، توپنى ئۇرغاندا كۆپىنچە دەل جايىغا بارماي سىرتىغا چىقىپ كېتىش، مايماق كېتىش ئەھۋاللىرى كۆرۈلىدۇ. توپ ئوينىغاندا، كىم توپنى ئۇرۇپ 50 مېتىر يىراقلىقتىكى كاتەككە سولىيالىسا، شۇ كىشى بىرىنچى بولۇپ «پادىشاھ» ھېسابلىنىدۇ.

ئىككىنچى خىل ئويناش قائىدىسى: ئىككىدىن بەشكە قەدەر ئادەم ئوينايدۇ. بۇ خىل ئويناش ئۇسۇلىدا ئالدى بىلەن توپ ئوينايدىغان مەيداننىڭ ئەھۋالىغا قاراپ يەتتە كاتەك كولىنىپ، 1 ـ كاتەكتىن6 ـ كاتەككىچە بولغان كاتەكلەرنىڭ ئارىلىقى تەخمىنەن ئۈچ مېتىردىن بەش مېتىرغىچە قىلىپ بەلگىلىنىدۇ. 7 ـ كاتەكنىڭ ئارىلىقى 10 مېتىردىن ئۇشۇقراق بولىدۇ. مەسىلەن: توپ ئۇرغۇچى توپنى باشلاش نۇقتىسىدىن باشلاپ، 1 ـ كاتەكچىدىن 6 ـ كاتەكچىغىچە ھەممىسىگە سولاپ، ئەڭ ئاخىرىدا 7 ـ كاتەكچىگە سولىيالىسا بىرىنچى بولىدۇ. 7 ـ كاتەكچە «ئوردا كاتىكى» دەپ ئاتىلىدۇ. 7 ـ كاتەكچىگە سولاش سەل قىيىنراق بولغاچقا، ئوردا كاتىكىگە بىرىنچى بولۇپ توپ كىرگۈزگەن كىشى «پادىشاھ»، ئىككىنچى بولۇپ توپ كىرگۈزگىنى «ۋەزىر» دەپ ئايرىلىپ، ئەڭ ئاخىرىدا قالغان ئادەمگە جازا بېرىلىدۇ. جازا شەكلىنى «پادىشاھ» بەلگىلەپ، «ۋەزىر» ئىجرا قىلغۇزىدۇ.

ئۈچىنچى خىل ئويناش قائىدىسى: توپ ئوينىغۇچىلار ئىككى گۇرۇپپىغا ئايرىلىپ، ھەر بىر گۇرۇپپىدا بەشتىن ئادەم ئوينايدۇ.

سول تەرەپ ئەزا قاتارلىق تەنھەرىكەتچىلەرنىڭ گورنى مۇقىم بولىدۇ.
چوماق توپ ئويۇنىنىڭ مۇز توپ ئويۇنى بىلەن ئوخشاشلىقى شۇ-كى: بالىلار ئىككى گورۇپپىغا بۆلۈنۈپ، قارىمۇ قارشى ئىككى تەرەپتىن پەللە بەلگىلەپ، ئۇچى ئەگرى چوماق (هازىرقى زامان مۇز توپ مۇسابىقىلىرىدە ئىشلىتىلىدىغان توپ ئۇرۇش تايىقى بىلەن ئوخشاش) بىلەن توپنى ئۆز پەللىسىگە ئۇرۇپ يەتكۈزۈشنى نىشان قىلىپ ئوينايدۇ. ئىككى كوماندا توپنى بىر ـ بىرىگە پاس بېرىش، قارشى تەرەپ بىلەن توپ تالىشىش، توپنى قول ياكى پۇت بىلەن ئۇرماسلىق...قاتارلىق بەلگىلىمىلەر مۇز توپ ئويناش قائىدىسى بىلەن ئوخشاش. پەرقى: چوماق توپ مۇز ئۇستىدە ئەمەس، ئاق يەردە ئوينىلىدۇ. چوماق توپ ئويۇنىنىڭ پەللىسى بار بولغىنى بىلەن ۋاراتاسى بولمايدۇ. ئۇنىڭ يەنە «مەررە توپ» دەپمۇ ئاتىلىشىدىكى سەۋەب، سۆگەت مەررىسى (سۆگەت پوقىقى) نى قۇرۇتۇپ، ئاخشاملىرى ئۇنىڭغا ئوت يېقىپ چوغلاندۇرۇپ، توپ ئورنىدا ئىشلىتىپ ئوينالغانلىقىدۇر. مەررە توپ ئويىنىغاندا ئوت تۇتاشتۇرۇلغان پوردىن چىققان يالقۇن، چوماق زەربىسىدىن چىققان ئۇچقۇن، تەنھەرىكەتچىلەرنىڭ ماھارەتلىك ھەرىكەتلىرى بىلەن تاماشىبىنلارنىڭ شاۋقۇن ـ سۈرەنلىرى قوشۇلۇپ، ئۇلارغا بىر مەيدان مۇسابىقە ھوزۇرى بەخش ئېتىدۇ.

(ئابدۇللا سۇلايمان)

(4) ھۆللە ئويۇنى

بۇ ئويۇننى ئاساسلىقى ئوغۇللار بىر يەرگە جەم بولۇپ ئوينايدۇ، بىر قېتىملىق ئويۇنغا يىغىلغان بالىلار B،A ئىككى گورۇپپىغا بۆلۈنىدۇ. مەيدان ئاددىي بولۇپ، پەقەت تەبىئىي شەكىللەنگەن بىر دۆڭ (كىچىك ئېگىزلىك ياكى قىغ دۆۋىسى) بولسا مۇسابىقىنى ئويۇشتۇرغىلى بولىدۇ. ئويۇن باشلانغاندىن كېيىن، ئويۇنغا قاتناشقۇچىلار ئۆزلىرىنىڭ خالىغان پۇتىنى تىز بوغۇمىدىن ئېگىپ تۇرۇپ، ئۆزئارا سوقۇشتۇرىدۇ. ھەر ئىككى تەرەپ تۆپىلىكنى تالىشىدۇ. بۇ جەرياندا قايسى گورۇپپا تۆپىلىك ياكى ئېگىزلىكنى ئىگىلىسە، شۇ

توپنى ئېلىپ، قاچقانلارنى توپ بىلەن ئۇرىدۇ. توپنى تەگكۈزەلىسە ئۇتقان بولىدۇ ـ دە، دەرھال قېچىپ بېرىپ باش تەرەپتىكى سىزىقتا كىرىۋېلىشى لازىم. ئۇنداق بولمىغاندا، توپ تەگكەن تەرەپ توپنى ئې-لىپ، قارشى تەرەپ سىزىق ئىچىگە كىرىۋالغىچە ئۇلارنىڭ ئادەملە-رىنىڭ بىرەرىنى توپ بىلەن ئۇرۇۋالسا، توپ تەگكۈزگەن تەرەپ ئۇتقان بولىدۇ. شۇڭا، مۇنداق چاغلاردا ئىنتايىن جىددىي ئېلىشىش بولىدۇ.

توپ ئۇرغۇچى توپنى يەم بىلەن ئۇرۇپ، ئۆز ئادەملىرىنىڭ قې-چىپ ئاخىرقى سىزىقتا بېرىۋېلىشى ئۈچۈن تولۇق ئىمكانىيەت يا-رىتىپ بېرىشى لازىم. ئەگەر توپنى ئېگىز ئۇرۇۋېتىپ، قارشى تەرەپ تۇتۇۋالسا، ئۇتقۇزغان بولىدۇ ياكى توپنى يانغا قارىتىپ قاتتىق ئۇ-رۇۋەتسە، توپ يەرگە چۈشمەستىن، يان سىزىقتىن ئۆتۈپ كەتسە ئۇتقۇزغان بولىدۇ. ئۇتقۇزغان تەرەپ ئادەم تەقسىم قىلغاندا، ئاخىر-قى سىزىقنىڭ كەينىدە بىر ئادەم قويۇشى كېرەك. بۇ ئادەمنىڭ ۋە-زىپىسى كەينىگە ئۆتۈپ كەتكەن توپلارنى ۋاقتىدا يولداشلىرىغا سۇ-نۇپ بېرىپ، ئۇلارنى ئۇرسەت بىلەن تەمىنلەيدۇ.

(3) چوماق توپ (مەررە توپ).

ئايدىڭ ئاخشاملىرى ئوينىلىدىغان، يىپ توپ ئورنىغا سۆگەت مەررىسىنى (سۆگەت پوقىقىنى) قۇرۇتۇپ ياسىغان يۇمىلاق پورغا ئوت تۇتاشتۇرۇپ، ئۇنى چوماق بىلەن ئۇرۇپ، پەللىگە يەتكۈزۈپ ئوينى-لىدىغان ئەنئەنىۋى توپ ئويۇنى بولۇپ، ئۇنىڭ مۇسابىقە شەكلى ئىككى گورۇپپا قارىمۇ قارشى ئوينايدۇ. مەلۇم ۋاقىت ئىچىدىكى مەررە سانى ياكى ئالدىن بەلگىلەنگەن مەررە سانى نەتىجە چىقىرىش ئۆلچىمى قىلىنىدۇ.

مەلۇم تۈزلەڭلىكنى تاللاپ، ئەتراپى سىزىلىپ مەيدان قىلىنىدۇ ياكى تۆت تەرەپتىكى قاشلار مەيدان سىزىقى قىلىنىدۇ. مەررە ئويۇنى كۈز، قىش پەسلى كەچتە ئوينىلىدۇ.

مەررە ئويۇنىنىڭ مۇسابىقە خاراكتېرى ناھايىتى كۈچلۈك بولۇپ، ئالدى رەت ئەزا، ئوتتۇرا رەت ئەزا، ئارقا رەت ئەزا، ئوڭ تەرەپ ئەزا،

غان بولۇش تەلەپ قىلىنىدۇ.

ھەر ئىككى گۇرۇپپىغا بىردىن بالا يېتەكچىلىك قىلغاندىن باشقا، ئويۇن جەريانلىرىنى باش نازارەتچى كۆزىتىپ تۇرىدۇ. ئالدىن بەلگىلەنگەن «ئېگىزلىك»نى قايسى گۇرۇپپا بۇرۇن ئىگىلىۋالغان بولسا، شۇ گۇرۇپپا ئۇتقان بولىدۇ. ئويۇن شۇ تەرىقىدە بىر نەچچە نۆۋەت داۋاملاشتۇرۇلىدۇ. قايسى گۇرۇپپىنىڭ «ئېگىزلىك» نى ئىگىلىگەن قېتىم سانى كۆپ بولسا، شۇ گۇرۇپپا ئاخىرقى غەلىبىنى قولغا كەلتۈرگەن بولىدۇ.

ئويۇن ئاخىرلاشقاندا ئويۇن قاتناشقۇچىلىرىنىڭ ئومۇمىي ھالىتىدىن، ئويۇنچىلارنىڭ توپىلارغا مىلەنگەن، كىيىم ـ كېچەكلىرى يىرتىلغان، يۈز ـ كۆزلىرى ئىششىغان ياكى يېرىلغان ھالەتتە كۆلۈشۈپ جەم بولۇشقان ۋە بۇ قېتىمقى ئويۇننى دەتالاش قىلىشقان كۆرۈنۈش نامايان بولىدۇ.

ئويۇننىڭ بىر مۇھىم شەرتى بولۇپ، ئويۇن قاتناشقۇچىلىرى قارشى تەرەپ ئەزالىرىدىن تاياق يېسە «مېنى ئۇردى» دەپ ئۆكتەملىك قىلماسلىقى، ئاغرىنماسلىقى، ئاتا ـ ئانىسىغا ۋە باشقىلارغا دەپ يۈرمەسلىكى شەرت. چۈنكى بۇ ئويۇن «چىدىغانغا چىقارغان.»

(6) چانا ئويۇنى

چوڭ ـ كىچىك ئوغۇل بالىلار ئاساس قىلىنىپ ئوينايدىغان قىشلىق تەنتەربىيە تۈرىدۇر. چانا ئويناشقا قاتنىشىدىغان بالىلار، قىش كىلىپ مۇز توڭلاپ ئادەم كۆتۈرگىدەك بولغاندا ئۆزلىرى ياسىغان چانىلىرىنى ئېلىپ مۇز توڭلىغان ئۆستەڭ، ئېرىق، كۆل، تۇزلەڭلىككە كىلىپ چانا ئوينايدۇ.

چانا مۇنداق ياسىلىدۇ: ئۇزۇنلۇقى 60~50 سانتىمېتىر كېلىدىغان، ئايلانمىسى كىچىك بىلەكچىلىك توملۇقتىكى ئىككى تال بالداقنى ئاقلاپ، بىر يۈزىنى رەندىلەپ پاراللېل ھالدا مۇستەھكەم چاتىدۇ. ئىككى بالداقنى مۇستەھكەم چاتقاندىن كېيىنكى ئارىلىق

گۇرۇپپا بىر مەيدان ئۇتقان بولىدۇ. ئويۇن ئويناۋېتىپ پۇتىنى قويۇپ بەرمەسلىكى لازىم. ئويۇن مۇشۇ تەرتىپتە تەكرار ئوينىلىدۇ.

ئەگەر قارشى تەرەپ ئەزالىرىدىن بىر ياكى بىر قانچىسى يارىلىنىپ، ھالسىزلىنىپ ئويۇننى توختىتىشنى تەلەپ قىلسا، دەرھال «قارا» دەپ ئۇلتۇرۇۋالىدۇ. قارشى تەرەپ ھەرىكىتىنى توختىتىدۇ. بولمىسا «چىش» دەپ باھا بېرىلىدۇ.

بۇ ئويۇندا بەدەن قىياپىتى ئالاھىدە شەكىلگە ئىگە بولۇپ، بىر پۇت يەردە تۇرسا، بىر پۇت تىز بوغۇمىدىن ئېگىلىپ بىر قول بىلەن تۇتۇلۇپ، بوشلۇقتا تۇرىدۇ. دەل شۇنداق بولغىنى ئۈچۈن ئويۇن ئوينىغان ۋاقىتتا تەنھەرىكەتچىلەر ئۆز تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلىشى، سەكرەش ئىقتىدارى يۇقىرى بولۇشى لازىم. بۇ ئويۇننى شەكىل جەھەتتىن پۇت بىلەن ئېلىپ بېرىلىدىغان «بوكسچىلىق» دەپ ئاتاشقىمۇ بولىدۇ.

(5) «چالما جەڭ» ئويۇنى

يېشى سەل چوڭراق ئوغۇل بالىلارنى ئاساس قىلىپ ئوينايدىغان، كەسكىن ئېلىپ بېرىلىدىغان، كۆڭۈل ئېچىش بىلەن رىقابەتلىشىش بىر گەۋدىلەشكەن ئويۇن تۇرىدۇر. ئويۇنغا يىغىلغان بالىلار تەڭ نىسبەتتە ئىككى گۇرۇپپىغا ئايرىلىدۇ ياكى ئويۇنغا ئىككى مەھەللە بويىچە تەكشى بۆلۈنۈپ قاتنىشىدۇ. ئادەم سانى ئوخشاش بولىدۇ. ئۆز ئارا كېلىشكەندىن كېيىن بىر مۇقىم نۇقتىنى «بازا» قىلىدۇ ۋە ئۇنى ھەر ئىككى تەرەپ تالىشىدىغان ئاخىرقى نىشان قىلىپ ئورتاق بېكىتىدۇ. ئويۇن باشلىنىشتىن بۇرۇن ھەر ئىككى تەرەپ ئۆزلىرىنىڭ مۇداپىئە مەيدانلىرىدا تەييارلىق قىلىپ، «چالما ئوق» تەييارلاپ «ئۇرۇش ھالىتى» دە تۇرىدۇ. تەييارلىق ۋاقتى توشقاندىن كېيىن، «بۇيرۇق» قا بىنائەن «چالما جەڭ» رەسمىي باشلىنىدۇ.

ئويۇن ناھايىتى كەسكىن بولۇپ، تەقلىدىي ئۇرۇش تۈسىنى ئالغان بولىدۇ. ھەر ئىككى تەرەپ قاتناشقۇچىلىرى ناھايىتى سەگەك بۇلۇپ، ئويۇن قاتناشقۇچىلىرىدىن قورقماسلىق، يۈرەكلىك بولۇش ھەم تېز يانالايدىغان، ھەم تېز ئورنىدىن تۇرۇپ «ئۇرۇش» قىلالايدى-

لۇپ، يەنە بىرەيلەن «خانىنىڭ ئەلچىسى» بولىدۇ.

«ئەلچى» سەپنىڭ ئارقا تەرىپىدىن بىر پۇتىنى كۆتۈرۈپ ئاقساپ كېلىپ «چامغۇر ئىگىسى» دىن: «خان قىزىنىڭ تويى بولۇپتىكەن، بىر باش چامغۇر بەرسۇن، دەيدۇ» دەپ سورايدۇ. «چامغۇر ئىگىسى» بىرمەسلىكنىڭ تەرىپىنى ئېلىپ: «چامغۇر ئەمدى تۆت قولاق بولدى. باشلانغاندا كەلسىلە»، دەيدۇ. «ئەلچى» ئاقسىغان پېتى قايتىپ كېتىپ، يەنە شۇ ھالەتتە قايتىپ كېلىدۇ ۋە بايامقى گېپىنى تەكرارلايدۇ. «چامغۇر ئىگىسى» ئىمكانقەدەر بەرمەسلىكنىڭ ئامالىنى ئىزدەپ يەنە قايتۇرۇۋېتىدۇ. كېلىپ ـ كېتىش بىر قانچە قېتىم تەكرارلانغاندىن كېيىن، «چامغۇر ئىگىسى»: «ئوتاپ ـ سۇلاپ يۇلىۋالسىلا»، دەيدۇ. «ئەلچى» بىر ـ بىرىنى قۇچاقلاپ ئولتۇرغان بالىلارنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇلارنىڭ سۇنۇپ ئولتۇرغان پۇتىنى: «ئوتىدىم، سۇلىدىم، ئوتىدىم، سۇلىدىم...» دەپ تەكرارلىغىنىچە، بىر قېتىمدىن تۇتۇپ ـ سىلاپ چىقىدۇ. ئاندىن، ئاخىرقى بالىدىن («چامغۇر»دىن) باشلاپ «يۇلۇش»قا باشلايدۇ. قۇچاقلىشىپ ئولتۇرغان بالىلاردىن كىمنىڭ قولى ئاجراپ كېتىپ «يۇلۇنۇپ» كەتسە، شۇ بالا «ئاقساق ئەلچى» بولۇپ، چامغۇر تىلەپ كېلىدۇ. باشقىلار يەنە «چامغۇر» بولىشىۋېرىدۇ. ئويۇن تاكى بالىلار زېرىكىپ، باشقا ئويۇنغا يۆتكىلگەنگە قەدەر داۋام قىلىدۇ.

بۇ، بىر قەدىمكى بالىلار ئويۇنى بولۇپ، بۇ ئويۇندا بىر تەرەپتىن «خان» دىن ئىبارەت ھۆكۈمران تەبىقە كىشىلىرىنىڭ دېھقانلارغا سالغان ئالۋاڭ ـ ياساقلىرى مەسخىرە قىلىنسا، يەنە بىر تەرەپتىن بالىلارنىڭ بىلەك كۈچىنى چېنىقتۇرۇشقا پايدىلىق بولىدۇ.

(8) «ئالارغىز» ئويۇنى

شەكىل جەھەتتىن «چامغۇر چەك» ئويۇنىغا ئوخشاپ كېتىدۇ. يەنى، بىرتوپ بالىلار بىرىنى «توپبېشى» قىلىپ بەلگىلەپ، شۇ بالىدىن باشلاپ بىر ـ بىرىنىڭ پېشىنى تۇتقىنىچە ئۇزۇن سەپ ھاسىل قىلىپ تۇرىدۇ. بىرى «ئالارمەن» بولۇپ ئالدىغا چىقىدۇ ۋە

50~40 سانتىمېتىر بولىدۇ. بالداقنىڭ سىلىقلانغان يۈزىگە يى-
سىلانغان تۆمۈر سىم ئورنىتىلىپ، چاننىڭ مۇز يۈزىگە تېگىشتىكى
سىلىقلىق دەرىجىسى ئاشۇرۇلىدۇ. ئۇندىن باشقا ئىككى تال ھەر
خىل شەكىلدىكى زىخ ياسىلىدۇ.

چانا ئويۇنىدىكى مەيدان ــــ مۇز، سايمان ــــ چانا، زىخ بولىدۇ.

چانا ئويناشقا قاتناشقۇچى چاننى مۇز ئۈستىگە قويۇپ،ئۈستىدە يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ، زىخ بىلەن مۇزنى چوقۇپ چانا ھەرىكەتلەندۈرۈلىدۇ، چانا سۈرئىتى زىخ چوقۇلۇش سۈرئىتىنىڭ تېزلىشىشىگە ماس ھالدا ئېشىپ بارىدۇ، چانا سۈرئىتى ئاشقانسېرى چانا ئوينىغۇچىنىڭ گەۋدىسى تەبىئىي ھالدا ئېگىلىشىپ. ئىككى قولى ئارقىغا تىرىلىدۇ. بۇ خىل ھالەت كۆرگۈچىلەرگە خۇددى كەپتەرنىڭ ئۇچۇشقا تەمشەلگۈاتقان ھالىتىنى ئەسلىتىدۇ.

چانا ئويۇنى شەكلى ئەركىن بولۇپ يالغۇز ئوينىغىلىمۇ، توپلىشىپ ئوينىغىلىمۇ ھەتتا يەتتە ـ سەككىز ئادەم ئوينىغىلىمۇ بولىدۇ. مەيدان چەكلىمىسىگە ئۇچرىمىسا، قاتناشقۇچىلار سانىنى مۇناسىپ كۆپەيتكىلى بولىدۇ.

مۇسابىقىلىشىشتە ۋاقىت ـ پەللىگە بۇرۇن چىقىش ئاساس قىلىنىپ نەتىجە چىقىرىلىدۇ. بۇ ئويۇن زىمىستان قىش مەنزىرىسىگە خۇشاللىق ئاتا قىلىپ، قىشلىق پائالىيەتلەرنى موللاشتۇرىدۇ.

(مەترۇزى ئىمىن)

(7) «چامغۇرچەك» ئويۇنى

بۇ، ئاساسەن خوتەن رايونىدىكى يېزا باللىرى كوللېكتىپ ئوينايدىغان بىر خىل ئويۇن بولۇپ، ئۇنىڭ كۆڭۈل ئېچىش خاراكتېرىدىن تاشقىرى مەلۇم ئىجتىمائىي تۈسىمۇ بار.

بۇ ئويۇندا بىر توپ بالا بىر تال موما (دەرەخ ياكى تۈۋرۈك) نى نۇقتا قىلىپ، بىرى ئۇنى قۇچاقلاپ ئولتۇرىدۇ. قالغانلىرى بىرىنىڭ بېلىگە بىرى گىرە سېلىپ قۇچاقلاپ ئولتۇرۇپ، بىر گىرەلەشمە سەپ ھاسىل قىلىدۇ. بۇ سەپ مەلۇم بىرەيلەننىڭ «چامغۇرلىقى» بو -

ئويۇن داۋاملىشىدۇ ياكى باشقا ئويۇنغا يۆتكىلىدۇ.
(ئابدۇقادىر سادىر)

(9) بىچە (تاش تەرمەك) ئويۇنى

بىچە ــ (تاش تەرمەك ياكى چاكوم ئويۇنى دەپمۇ ئاتىلىدۇ، بەزى جايلاردا چوكانلار ئارىسىدىمۇ ئوينىلىپ كەلگەن). ئاۋۋال ساق ۋە بىر خىل رەڭدىكى، ئوخشاش چوڭلۇقتىكى بەش تاش، بەش تال ئۆرۈك، شاپتۇل ئۇرۇقچىسى ياكى شۇنچىلىك چوڭلۇقتىكى شېغىل تاش «بىچە» قىلىپ تاللىنىدۇ. ئاندىن ياغلىق ئورنىچىلىك «مەيدان» تەييارلىنىدۇ. مەيدان قۇم ياكى قۇمساڭغۇ يۇمشاق يەرگە تەييارلىنىدۇ. بىر تاش چوڭراق تاللىنىپ «ئانچۇق» دېيىلىدۇ. تۆت تاش بالچۇق ھېسابلىنىدۇ. بىچە ـ ئالتە باسقۇچقا بۆلۈنىدۇ. ئالدىنقى بەش باسقۇچقا تاشلارنىڭ ھەممىسىنى سىقىملاپ تۇرۇپ، ئانچۇقنى بارماق ئۇچى بىلەن يۇقىرى ئېتىپ بالچۇق تاشلارنى يەرگە «مەيدان»غا چاچىدۇ. ئانچۇق تاشنى يەرگە چۈشۈرمەي تۇتۇۋالىدۇ. ئانچۇق تاشنى تۇتقۇچە بولغان ئارىلىقتا بالچۇقتىن بىرىنى چىمدىپ ئېلىۋالىدۇ. بۇنىڭ قوشىقى مۇنداق:

*چەكۇم تاماكۇم،*
*كىچىكى كېلىنچىكى،*
*كۇمكى، كومۇچىكى،*
*بۆلىكى، بىلەزۇكى.*

ئىككىنچى باسقۇچتا، بالچۇق تاشتىن ئىككىنى سۈپۈرۈپ ئالىدۇ.

*چوڭ ئۆزۈم، چولپان كۆزۈم،*
*چوڭ خاتا قىلغان ئۆزۈم.*
*چوڭ بولاي، چوكان بولاي،*
*ياخشى يارغا يار بولاي.*

ئۈچىنچى قېتىم بالچۇقتىن ئۈچىنى سۈپۈرۈپ ئالىدۇ. بۇنىڭ

توپبېشىدىكى بالىغا:«بالا، بالاڭنى نەگە ئاپىرىسەن؟» دەپ سوئال بېرىدۇ. توپبېشى «سۇغارغىلى ئاپىرىمەن» دەپ جاۋاب بېرىدۇ.ئالارمەن: «مېنىڭ كۆلۈمدە سۇغارمامسەن؟» دەيدۇ. توپبېشى:«سېنىڭ كۆلۈڭدە نىجاسەت بارىكەن» ياكى «سۈيى پاسكىنىكەن» دېگەندەك قۇسۇرلارنى تاپىدۇ. ئالارمەن يەنە «تۈنۈگۈن قەنت سېلىپ قويغان ئىدىمغۇ؟» ياكى «سۈيىنى يېڭىلاپ قويغان ئىدىمغۇ؟» دېگەندەك گەپلەر بىلەن ئۆزىنى ئاقلايدۇ. توپبېشى بولسا، ئۇنى چۆكۈرۈپ، ئەتەي ئاچچىقى كېلىدىغان باھانىلەرنى قويىدۇ. ئاخىرى ئالارمەن: «بالاڭدىن بىرنى بەرمەمسەن؟» دەيدۇ. توپبېشى «يامان بولساڭ ئالمامسەن؟» دەيدۇ. ئالارمەن توپنىڭ كەينىگە يۈگۈرەيدۇ. توپبېشى قوللىرىنى كېرىپ، ئۇنىڭ ئالدىنى توسۇپ، توپ كەينىگە ئۆتكۈزمەسلىككە تىرىشىدۇ. ئالارمەن ئىككى يېنىدىن توپ كەينىگە «خىرىس» قىلىدۇ. توپبېشى توسۇش ئۈچۈن ئىككى يېنىغا يۈگرەيدۇ. كەينىدىكى بالىلارمۇ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ئۇياق - بۇياققا يۈگرەپ، پەش تۇتۇشۇپ تۇرغان بالىلار سېپىدە ئەگرى - بۈگرى ھالەت شەكىللىنىدۇ. بالىلار قېنىپ - قېنىپ كۈلىدۇ. ئالارمەن بىر ئامال قىلىپ سەپنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ، بالىلارنى بىر - بىرلەپ ئاجرىتىۋېلىشقا باشلايدۇ. «ئېلىپ» بولغانلىرىنى بىر ياقىدا قاتار ئولتۇرغۇزۇپ «ئۆتۈك تىكىش» كە سالىدۇ. بالىلار قول ھەرىكىتىنى ھەر خىل قوشاقلارغا ماس كەلتۈرۈپ، «ئۆتۈك تىكىش» نى دورايدۇ. ھەممە بالىلار ئاجرىتىۋېلىنىپ «ئۆتۈك تىكىش» كە قاتارلىنىپ بولغاندىن كېيىن، ئالارمەن بىر باشتىن «ئۆتۈك ساتقان پۇل قېنى؟» دەپ سورايدۇ. «ماۋۇنىڭغا بەردىم»، «بۇنىڭغا بەردىم» دېيىشىپ بىر - بىرىگە دۆڭگەيدۇ. نۆۋەت ئاخىرقى بالىغا كەلگەندە: «ئۆتۈك ساتقان پۇلغا خوتۇن ئالدىم» دەپ قويۇپ قاچىدۇ. باشقىلار بۆك - تۇماقلىرىنى ئېلىپ، ئۇنى ئۇرغىنىچە «باي - باي، باي...» دېيىشىپ قوغلايدۇ. قاچقان بالا مەلۇم دائىرىنى بىر ئايلىنىپ، ئەسلىي ئورنىغا كېلىپ ئولتۇرۇۋالغاندىلا ئۇرۇش توختاپ،

قىرىقى ئىككى بارماق يۇمىلاق «هالقا» شەكلىدە تۇگۇلىدۇ. ئانچۇق تاش چۇشكىچە، بالچۇق تاشتىن بىرىنى چىمدىپ ئېلىپ هالقىغا ـ ئالىقاننىڭ ئاستىغا كىرگۈزىلىدۇ. 2 ـ، 3 ـ، 4 ـ تاشلارمۇ شۇ ئۇسۇل بىلەن كىرگۈزۈلىدۇ. بۇنى «كۇچۇك» دەپ ئاتايدۇ.

ئىككىنچى نۆۋەتتە ئانچۇق تاش ئېتىلىپ، بالچۇق تاش ئالىقاننىڭ دۈمبىسى ئارقىلىق يەرگە چېچىلىدۇ (ئىمكان بار ئىككىدىن ـ ئىككىدىن يېقىن چېچىلىشى شەرت). بىرىنچى قېتىم ئىككىنچى بالچۇق، ئىككىنچى قېتىم قالغان ئىككى بالچۇق بىراقلا «هالقىغا» كىرگۈزۈلىدۇ. بۇنى «كۇچۇك پوقى» دەپ ئاتايدۇ. بۇ خىل ئويۇن قىزلارنىڭ كۆرۈش قۇۋۋىتىنى ئاشۇرىدۇ. پەم ـ پاراسەتلىك بولۇشقا يېتەكلەيدۇ.

**(10) تەپكۈچ**

ئەڭ قەدىمكى ئويۇنلارنىڭ بىرى، ئۇنىڭ تېپىش شەكلى پۇت-بولغا ئوخشاپ كېتىدۇ. ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇد كاشغەريي «تۈركىي تىللار دىۋانى» (1 ـ توم 501 ـ بەت) دە، تەپكۈچ ــ دۈگىلەك قوغۇشۇننىڭ تۆشۈكىگە ئۆچكە چۇپۇرىنى ئۆتكۈزۈپ، بالىلار تېپىپ ئوينايدىغان ئويۇنچۇق، دەپ يازغان. تەپكۈچنى كۆپرەك قىزلار، بەزىدە ئوغۇللارمۇ ئوينايدۇ. ئۇنىڭ بارلىق ماتېرىيالى، ئىككىدىن ئۆچكىچە داچەن پۇل، بىر تۇتام خوراز تۈكى، لاتا ۋە يىپتىن ئىبارەت. خوراز تۈكىگە ئىمكان بار ئالچىپار خوراز تۈكى ـ قۇيرۇق بىقىنى، بوينى تەرەپتىكى تەكشى تۈكلەر تاللىنىۋېلىنىدۇ. بۇنداق تەپ-كۈچنى ئېگىزگە تەپكەندە غۇنچىدەك يۇمۇلۇپ، مەلۇم بوشلۇققا ئۆر-لىگەندە گۈلدەك ئېچىلىدۇ. ئاساسەن پۇتنىڭ ئىچى ئۇزەڭگىلىكى بىلەن ئايرىم چاغلاردا پۇتنىڭ دۈمبىسى، سونجاق قىسمى بىلەن تېپىلىدۇ. بۇ ئويۇن مۇسابىقە شەكلىنى ئالغان. بۇ ئاساسەن پۇت ئارقىلىق ماھارەت كۆرسىتىش ئويۇنى بولغاچقا، ئۇنىڭ تېپىش شەكلى ئوخشىمايدۇ. يەنى ئۇزۇلدۇرمەي ئالدىچە تېپىش، ئارقىچە تېپىش، بىر پۇتنى يەرگە تىرەپ يەنە بىر پۇتنىڭ يۈزى بىلەن تې-پىش، ئوڭ پۇتنى سول پۇتىغا يۆتكەپ تېپىش، سەكرەپ چىقىپ

قوشىقى:

*ئۆزۈم، ئۈچ ئۆزۈم،*
*ئۈچىمنى تولغۇزىمەن.*
*ئۈچنى تولغۇزغىچە،*
*سېزىپ كېتەر قارا كۆزۈم.*

تۆتىنچى قېتىم، يەردىكى تۆت بالچۇقنىڭ ھەممىسىنى سىيرىپ ئالىدۇ. بۇنىڭ قوشىقى مۇنداق:

*توك ـ توك، قوش توك ـ توك،*
*بۇ ئويۇندا ئۇتتۇرۇپ، باشقىدىن ئويناشقا يوق.*

بەشىنچى قېتىم تاشنى بىراقلا چاچىدۇ ۋە ئانچۇق تاشنى ئايرىۋېلىپ ئۇنى يۇقىرى ئاتىدۇ. تاكى چۈشكىچە بالىچۇق تاشتىن بىرنى سول قولىنىڭ باش بارمىقى بىلەن كۆرسەتكۈچ بارمىقىدىن شەكىللەنگەن يۇملاق «ساندۇققا» كىرگۈزۈۋالىدۇ. ئانچۇق تاشنى يەرگە چۈشۈرمەي تۇتۇۋالىدۇ. بالچۇقنى «ساندۇق» قا سولىۋېلىش داۋامىدا باشقا بالچۇقلارنى مىدىرلاتماسلىق شەرت قىلىنىدۇ. قوشىقى:

*ھويلا، ھويلا بىر ھويلا،*
*ھويلا، ھويلا ئىككى ھويلا.*
*ھويلا، ھويلا ئۈچ ھويلا،*
*ھويلا، ھويلا تۆت ھويلا.*

بەزى يۇرتلاردا ئويۇندىكى بىرىنچى، ئىككىنچى تاشنى «ساندۇق» قا كىرگۈزۈشنى «ساندۇق»؛ ئۈچىنچى، تۆتىنچى تاشنى سىيرىپ كىرگۈزۈشنى «ساندۇق پوقى» دەپ ئاتايدۇ.

بىچە ئويۇنىنىڭ يەنە بىر ئەۋجى بولۇپ، ئانچۇق تاشنى ئېتىش، بالچۇق تاشلارنى چېچىش، «ساندۇق»قا ئوخشايدۇ. ئەمما پەرقى يۇ-

50 قەدەم، 100 قەدەم ۋە 200 قەدەم ئۆلچەم قىلىنىدۇ) گە توشسا، ئويۇن دەرىجىسى بىر بالداق كۆتۈرۈلىدۇ. توشماي قالسا، توشقانغا قەدەر شۇ دەرىجىدە ئوينىلىدۇ. قارشى تەرەپ چۆكنى ئۇردىغا چۈشۈرەلىسە، قارشى تەرەپ «كۆيدى» ھېسابلىنىپ، ئويۇننىڭ ئەڭ تۆۋەن دەرىجىسىگە چۈشۈپ قالىدۇ. باشقا سەۋەب بىلەن ئۇتتۇرسا، كەلگەن دەرىجىسى ساقلىنىپ قېلىپ، چۆك ئۇرۇش نۆۋىتى قارشى تەرەپكە ئۆتكۈزۈپ بېرىلىدۇ. ئويۇن دەرىجىسى:

بىرىنچى باسقۇچ : «ئىلمە»، ئۇسۇلى يۇقىرىدا سۆزلەنگىنى بىلەن ئوخشاش.

ئىككىنچى باسقۇچ: «چۆرۈمە»، چۆكنى ئېلىپ ھاۋاغا كۆتۈرگەندىن كېيىن، چۆك ئۇرغۇچى بىرنى پىرقىرىۋېتىپ، ئاندىن چۆكنى ئۇرىدۇ.

ئۈچىنچى باسقۇچ: «پۇت»، چۆكنى سول پۇتنىڭ دۈمبىسىگە قويۇپ سىلكىپ ئۆرلەتكەندىن كېيىن گاگا بىلەن ئۇرۇلىدۇ.

تۆتىنچى باسقۇچ: «جەينەك»، سول قول ئېگىلىپ، جەينەككە چۆك قويۇلىدۇ. ئاندىن چۆكنى سىلكىپ ئۆرلەتكەندىن كېيىن گاگا بىلەن ئۇرۇلىدۇ.

بەشىنچى باسقۇچ: «كالتە كۆسەي»، گاگانىڭ تۇتىدىغان تەرىپىدىن كىچىك ئۈچ چىقىرىپ چۆكنى ئېلىپ ھاۋاغا كۆتۈرگەندىن كېيىن، گاگانىڭ يەنە بىر ئۇچى بىلەن چۆكنى ئۇرىدۇ.

ئالتىنچى باسقۇچ: «چات»، چۆك ئۇرغۇچى گاگانى چات ئارىلىقىدىن چىقىرىپ چۆكنى ئېلىپ ھاۋاغا كۆتۈرگەندىن كېيىن، گاگانى چات ئارىلىقىدىن چىقىرىپ چۆكنى ئۇرىدۇ.

يەتتىنچى باسقۇچ: «ئارقا»، چۆك ئۇرغۇچى ئۇردىغا كەينىنى قىلىپ زوڭزىيىپ، گاگانى كەينىگە تۇتۇپ چۆكنى ئېلىپ ھاۋاغا كۆتۈرگەندىن كېيىن، ئورنىدىن تۇرۇپ ئالدىنى قىلىپ چۆكنى ئۇرىدۇ. بۇ ئاخىرقى باسقۇچ بولۇپ، بۇ باسقۇچ تاماملانغاندىن كېيىن، مۇسابىقىدە ئۇتقان ھېسابلىنىپ، قارشى كوماندىغا جازا بېرىدۇ.

بۇ مۇسابىقىنى ئىككى ئادەم ئوينىسىمۇ، ئۇنىڭدىن ئارتۇق ئادەم

پۇتىنى ئالماشتۇرۇپ تېپىش، سول پۇتىنىڭ ئىچ يېنى بىلەن تې- پىش، «كالا چىقىرىش» (تاق كالا ۋە جۈپ كالا چىقىرىش)، فوكۇس چىقىرىش قاتارلىقلارغا ئايرىلىدۇ.

(مۇھەممەتتوختى ئەھمەد)

**(11) گاگا - چۈك**

ھازىرقى زامان تەنھەرىكەت مۇسابىقىلىرىدىكى كالتەك توپقا ئوخشاپ كېتىدۇ. كەتمەن دەستىسى توملۇقىدىكى ياغاچتىن 50 سانتىمېتىر ئەتراپىدا بىر كالتەك تەييارلىنىدۇ. بۇ «گاگا» دېيىلە- دۇ. بارماق توملۇقىدىكى يۇلغۇن ياغىچىدىن 25 سانتىمېتىر ئەترا- پىدا كېسىۋېلىنىپ، ئىككى ئۇچى ئۇچلىنىدۇ. بۇ «چۈك» دەپ ئاتى- لىدۇ. ئويۇن كەڭرى تۈزلەڭلىكتە ئوينىلىدۇ. تۈزلەڭلىكنىڭ ئوت- تۇرا قىسمىغا ئادەمنىڭ ئېغىزى شەكلىدە بىر كىچىك كاتەك كولى- نىدۇ. بۇ «ئوردا» دەپ ئاتىلىدۇ. چۈك ئوردىغا توغرىسىغا قويۇلۇپ، گاگانىڭ بىر ئۇچى بىلەن ئېلىپ ھاۋاغا كۆتۈرۈپ، ئاندىن گاگا بى- لەن ئۇرۇپ يىراققا ئۇچۇرۇلىدۇ. چۈكنى ئۇرالمىسا، چۈك ئۇرغۇچى ئۇتتۇرغان بولۇپ، چۈك ئۇرۇشنى قارشى تەرەپكە ئۆتكۈزۈپ بېرىدۇ. ئۇرالىسا قارشى كوماندا ئەزالىرى چۈك ئۇرۇلىدىغان تەرەپكە تارقى- لىپ تۇرۇپ، چۈكنى تۇتۇۋېلىشقا تىرىشىدۇ. چۈك تۇتۇۋېلىنسا، چۈك ئۇرغۇچى ئۇتتۇرغان بولىدۇ. چۈكنى تۇتۇۋالالمىسا، گاگا ئور- دىنىڭ ئارقا تەرىپىگە بويلىتىپ قويۇلىدۇ. قارشى تەرەپ چۈكنى تېرىۋالغان يەردە تۇرۇپ، گاگاغا قارىتىپ ئاتىدۇ. چۈك گاگاغا تەگ- سە ياكى ئوردىغا چۈشسە چۈك ئۇرغۇچى يەنە يېڭىلگەن بولىدۇ. باش- قا يەرگە چۈشسە، چۈك ئۇرغۇچى گاگا بىلەن چۈكنىڭ بىر ئۇچىغا ئۇرۇپ چۈكنى ئۆرلىتىپ، يەنە گاگا بىلەن ئۇرۇپ يىراققا ئۇچۇرى- دۇ. بۇ خىل ئۇرۇش ئۈچ قېتىم ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئاخىرقى قېتىم چۈك چۈشكەن يەردىن باشلاپ ئوردىغىچە قەدەملىنىپ ھېسابلىنىدۇ. مۇسابىقىدىن بۇرۇن دېيىشىۋالغان قەدەم پەللىسى (كۆپ ھاللاردا

ياكى تەگكۈزسىمۇ ھەممىنى ئوردىدىن چىقىرىۋېتەلمىسە، سايپاق توختىغان جايغا سىزىق سىزىپ قويۇپ، ئىككىنچى بىر ماھىر يەنە باش پەللىدىن سايپاق ئاتىدۇ. ماھىرلار سايپاقنى باش پەللىدىن تولۇق ئېتىپ بولغاندىن كېيىن، ياڭاقنى تولۇق ئۇتۇپ بولالمىسا، ئۆزى ئاتقان سايپاق توختىغان نۇقتا «ئاياغ پەللە»دىن يەنە ئاتىدۇ. ئاياغ پەللە ئوردىغا نىسبەتەن يېقىن بولغاچقا، سايپاقنى ياڭاققا تەگكۈزۈشمۇ نىسبەتەن ئوڭاي. ئاياغ پەللىدىنمۇ ھېچكىم تەگكۈزەلمىسە، مۇسابىقە يەنە باشتىن باشلىنىدۇ. ياڭاقنى ئوردىدىن تولۇق چىقىرىپ بولالمىسا، ئۇستىلەپ يەنە ياڭاق تىكىپ، مۇسابىقىنى باشتىن باشلايدۇ. مۇسابىقە تولۇق تۈگىمەي تۇرۇپ، ئوردىدا ياڭاق تۈگىسە، يەنە ياڭاق تىكىپ، مۇسابىقىنى باشتىن باشلايدۇ. مۇسابىقە جەريانىدا سايپاق ياڭاقنى چېقىۋەتسە، «گۆش بولدى» دەپ ئاتىلىپ، ياڭاق مېغىزىنى تاماشىبىنلار تېرىپ يەيدۇ. «گۆش بولغان ياڭاق» ماھىرلارغا مەنسۇپ بولمايدۇ. سايپاقنى ياشتا چوڭلار ياڭاق تىكىپ ئوينايدۇ. كىچىك باللار ياڭاق ئورنىدا مېۋە ئۇرۇقچىسى تىكىپ ئوينايدۇ. پۈتكۈل مۇسابىقە بىرلا سايپاقتا ئوينالسىمۇ، ماھىرلار ئۆزلىرى ياقتۇرىدىغان سايپاقلارنى ئىشلىتىپ، بىرقانچە سايپاقتا ئوينالسىمۇ بولىدۇ.

**(13) كاتەك**

بۇ مۇۋاپىق بىر جايغا (كۆپىنچە تام تۈۋىگە) كىچىك، يۇمىلاق كاتەك كولىنىپ، كاتەكتىن مۇئەييەن يىراقلىقتا تۇرۇپ، ياڭاقنى كاتەككە چۈشۈرۈش شەرتى بىلەن ئوينىلىدۇ. كاتەك ئويۇنى «جىغاپ ئويناش» ۋە «تىكىپ ئويناش» دەپ ئىككىگە ئايرىلىدۇ. جىغاپ ئويۇناشتا، كاتەكتىن 20 ~ 10 مېتىر يىراقلىققا «باش پەللە» بەلگىلىنىپ، ماھىرلار باش پەللىدە تۇرۇپ بىردىن ياڭاقنى كاتەككە قارىتىپ ئاتىدۇ. كىمنىڭ ياڭىقى كاتەككە كىرسە شۇ ئۇتقان بولىدۇ. ھېچكىم كاتەككە چۈشۈرەلمىسە، ماھىرلارنىڭ ياڭىقى توختىغان جاينىڭ كاتەككە يېقىن ـ يىراقلىقىغا قاراپ، نۆۋەت بەلگىلىنىدۇ.

ئوينىسىمۇ بولىدۇ. كۆماندا ئەزالىرى كۆپ بولسا، چۆك ئۇرۇش بىر ئەزا ئۇتتۇرۇۋەتكەندىن كېيىن يەنە بىر ئەزا ئورنىغا چۈشۈش شەكلىدە ئېلىپ بېرىلىدۇ. بىر قېتىم ئۇتتۇرۇۋەتكۈچى چۆك ئۇرۇش نۆۋىتىنى قارشى كوماندا تارتىۋېلىپ، ئۇلار يېڭىلىپ، چۆك ئۇرۇش نۆۋىتىنى قايتۇرۇۋالغانغا قەدەر قايتا چوك ئۇرۇشقا چۈشمەيدۇ. بۇ ئويۇن «ۋاللەي» دىگەن نام بىلەنمۇ ئاتىلىدۇ.

**(12) سايپاق**

بۇ هازىرقى زامان تەنھەركەت مۇسابىقىلىرىدىكى «دومىلاتما توپ»قا ئوخشاپ كېتىدۇ. لېكىن سايپاق ئۆي ئىچىدە ئەمەس كەڭرى تۈزدە ياكى مۇز ئۈستىدە ئوينىلىدۇ. دۈگىلەك ھەم ياپىلاق تاش تېرىۋېلىنىپ، ئۈستىگە مېغىز سۈركەپ سىلىقلاشتۇرۇلىدۇ. بۇ تاش «سايپاق» دەپ ئاتىلىدۇ. مۇسابىقە مەيدانىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا كىچىك دائىرە سىزىلىدۇ. بۇ «ئوردا» دېيىلىدۇ. بۇ ئويۇنغا قاتناشقۇچىلار ھەممىسى ئۆز ئالدىغا يەككە ھالدا مۇسابىقىلىشىپ ئوينايدۇ. ئادەم سانىغا چەك قويۇلمايدۇ. مۇسابىقىگە قاتناشقۇچىلار تەڭ مىقداردا ياڭاق چىقىرىپ ئوردىغا تىزىدۇ. بۇ «تىكىش» دېيىلىدۇ. مۇسابىقىگە قاتناشقۇچىلار كېڭىشىپ، تىكىلگەن ياڭاقنى دۈۋىلەپ تىزىش ياكى قاتار تىزىشنى بەلگىلەيدۇ. دۈۋىلەپ تىزىش بېكىتىلسە، ياڭاق باشتىن ـ ئاخىر بىر دۈۋە قىلىپ تىزىلىدۇ. قاتار تىزىش بەلگىلەنسە، ياڭاق سانىنىڭ ئاز ـ كۆپلۈكىگە قاراپ، بىر قاتاردىن تۆت قاتارغىچە تىزىلىدۇ. مۇسابىقىدىن بۇرۇن مۇسابىقىگە قاتناشقۇچىلارنىڭ رەت تەرتىپى تۇرغۇزۇلىدۇ. ئوردىنىڭ بىر تەرىپىدىن «باش پەللە» بەلگىلىنىپ، سىزىق سىزىپ قويۇلىدۇ. باش پەللە ئوردىدىن 20 ~ 30 مېتىر يىراقلىقتا بولىدۇ. ماھىرلار نۆۋەت بىلەن باش پەللىدە تۇرۇپ، سايپاقنى يەر بېغىرلىتىپ تىزىلغان ياڭاققا قارىتىپ ئاتىدۇ. سايپاق ياڭاققا تېگىپ، قانچە ياڭاقنى ئوردىدىن چىقىرىۋەتسە، سايپاق ئاتقۇچى شۇنچە ياڭاقنى ئۇتقان بولىدۇ. ھەممىنى چىقىرىۋەتسە ھەممىنى ئۇتقان بولىدۇ. ياڭاققا تەگكۈزەلمىسە،

شەرتلەرنى ئادا قىلىپ بولسا، مۇسابىقىدە شۇ يەڭگەن بولىدۇ.

بىرسى توپنى ئاتقاندا، توپ ھېچقايسى كاتەككە كىرمىسە، ياكى خان كاتىكىغا كىرسە، توپنى قايتا ئاتىدۇ. توپ كىمنىڭ كاتىكىگە كىرسە توپ ئېتىش نۆۋىتى شۇنىڭغا كېلىدۇ.

2) باللار كۆڭۈل ئېچىش ئويۇنلىرى

(1) چاكان

«بىجەش» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ «بىچە (تاش تەرمەك) » ئويۇنىنىڭ ئىككىنچى بىر خىل شەكلى بولۇپ، چاكان بەش تال كىچىك دۈگىلەك تاش بىلەن ئىككى ياكى تۆت بالا ئوتتۇرىسىدا ئوينىلىدۇ. تاشنىڭ بىرى «ئانا تاش»، قالغانلىرى «بالا تاش» دېيىلىدۇ. باللار قارىمۇ قارشى ئولتۇرۇپ، بىر بالا ئانا تاشنى كۆرسەتكۈچ بارماق بىلەن چوڭ بارماق ئارىسىغا قىستۇرۇپ تۇتۇپ، قالغان تاشلارنى ئالقاندا تۇتۇلۇپ، ئانا تاشنى ھاۋاغا ئېتىپ، بالا تاشنى يەرگە قويۇپ، ئانا تاش يەرگە چۈشۈپ بولغۇچە تۇتۇۋېلىپ، ئانا تاشنى يەنە ھاۋاغا ئېتىپ، بالا تاشلارنى ئويۇن قائىدىسى بويىچە تېرىۋېلىپ، ئانا تاشنى يەنە تۇتۇۋېلىش تەرتىپى بويىچە ئوينىلىدۇ. بالا تاشنى تېرىۋېلىش تەرتىپى قوشاق تەرتىپى بويىچە بولىدۇ. بالا تاشنى تېرىۋېلىش قائىدىسى ئۆزگىرىپ بارىدۇ. بالا تاشنى ئىككىدىن ئېلىش، دەسلەپ بىر تالنى، ئاندىن ئۈچ تالنى ئېلىش، دەسلەپ ئۈچ تالنى، ئاندىن بىر تالنى ئېلىش، يۇقىرىقى تەرتىپ بويىچە ئېلىنغان تاشلارنى ئالماشتۇرۇپ ئېلىش، سول قولنىڭ ئالىقىنىنى يەرگە قويۇپ «بۆرە ئۇۋىسى» ھاسىل قىلىپ، بالا تاشلارنى يۇقىرىقى تەرتىپ بويىچە «بۆرە ئېغىزى» غا كىرگۈزۈش قاتارلىق تەرتىپلەر ئارقىلىق ئورۇنلىنىدۇ. «دەپ بېرىپ» باسقۇچىدا، قارشى تەرەپ كۆرسىتىپ بەرگەن بالا تاش ئېلىنىدۇ. «مىدىراپ» باسقۇچىدا، ئېلىنمايدىغان بالا تاشلارنىڭ مىدىرلاپ كەتمەسلىكى شەرت قىلىنىدۇ. ئانا تاشنى تۇتۇۋالالمىسا، ياكى بالا تاشلارنى قائىدە بويىچە ئالالمىسا ئۇتتۇرغان

ئاندىن ماھىرلار نۆۋەت بويىچە ياڭىقىنى بىرلەشتۈرۈپ، كاتەكتىن تەخمىنەن ئىككى مېتىر يىراقلىقتا بەلگىلەنگەن مۇنتىزىم «ئايىغ پەللە»دە تۇرۇپ، ياڭاقنى كاتەككە ئاتىدۇ. كاتەككە قانچە ياڭاق چۈشۈرەلىسە، شۇنچە ياڭاقنى ئۇتقان بولىدۇ. «تىكىپ ئويناش» تا، ماھىرلار ئالدى بىلەن تىكىلىدىغان ياڭاق سانىنى «بىرلەپ» ياكى «ئىككىلەپ» دەپ بەلگىلىۋالىدۇ. بىرلەپ ئوينىسا، ماھىرلار بىردىن ياڭاق چىقىرىدۇ، ئىككىلەپ ئوينىسا، ئىككىدىن ياڭاق چىقىرىدۇ. ئاندىن ماھىرلارنىڭ ياڭاق ئېتىش تەرتىپى تۈرغۈزۈلىدۇ. بۇنىڭدا كاتەكتىن تەخمىنەن ئىككى مېتىرچە نېرىدا بىرلا پەللە بولىدۇ. بىرلەپ ئوينالغان بولسا، ياڭاق ئاتقان ماھىر كاتەككە نەچچە ياڭاق كىرگۈزسە، شۇنچىنى ئۇتقان بولىدۇ. ئويۇن تاكى ياڭاق توگىگىچە داۋاملىشىپ، ياڭاق توگىگەندىن كېيىن قايتا تىكىپ ئوينايدۇ. ئىككىلەپ تىكىلگەن بولسا، ياڭاق ئاتقان ماھىر كاتەككە چۈشۈرگەن ياڭاق جۈپلىنىدۇ. جۈپ چىقسا، ئاتقان ماھىر كاتەككە چۈشۈرگەن ياڭاقنى ئۇتقان بولىدۇ. تاق چىقىپ قالسا، بىرتال ياڭاق ئېلىپ قېلىپ، كاتەككە چۈشمىگەن ياڭاقنى جۈپلەپ، كاتەككە چۈشكەن ياڭاقتىن قالغىنىنى قارشى تەرەپكە ئۇتتۇرۇۋەتكەن بولىدۇ ۋە ئاشقان ياڭاقنى داۋاملىق ئاتىدۇ.

(14) خان كاتىكى

بۇ توپنى كىچىك كاتەككە كىرگۈزۈش ئويۇنى بولۇپ، مۇۋاپىق جايغا كاتەك كولىنىدۇ. ئوتتۇرىغا چوڭراق بىر كاتەك كولىنىپ، بۇ «خان كاتىكى» دېيىلىدۇ. ئەتراپىغا ئويۇنغا قاتناشقۇچىلارنىڭ ھەر بىرى ئۈچۈن بىردىن ئايرىم ـ ئايرىم كاتەك كولىنىدۇ. كاتەكتىن 20 ~ 10 مېتىر يىراقلىقتا پەللە بەلگىلىنىپ، سىزىق سىزىپ قويۇلىدۇ. ماھىرلار نۆۋەت بىلەن توپنى كاتەككە قارىتىپ دومىلىتىپ ئاتىدۇ. شەرت: ئالدى بىلەن ھەربىر ماھىر ئۆزىنىڭ كاتىكىگە توپنى ئۈچ قېتىم كىرگۈزۈش كېرەك. ئۈچ قېتىم كىرگۈزۈپ بولغاندىن كېيىن، خان كاتىكىگە كىرگۈزىدۇ. كىم ھەممىدىن بۇرۇن يۇقىرىقى

لىنىڭ چىكىسىگە بىرنى چېكىپ قويۇپ، ئۆز ئورنىغا بېرىپ ئول-تۇرۇپ بولغاندا بالىنىڭ كۆزى قويۇپ بېرىلىدۇ. بالىلار «سىرىم ساندۇق» قوشىقىنى ئېيتىدۇ. بۇ چاغدا كۆزى تۇتۇۋېلىنغان بالا ئۆ-زىنىڭ چېكىسىگە چەككۈچىنى تاپىدۇ. توغرا تاپالىسا، چەككۈچى قارشى گورۇپپىنىڭ ئەزاسىغا ئايلىنىپ، قارشى توپقا قېتىلىدۇ. توغرا تاپالمىسا، بۇ بالا قارشى تەرەپنىڭ ئەزاسى بولۇپ كېتىدۇ. يې-ڭى كۆپەيگەن ئەزاغا توپبېشى يېڭى ئىسىم قويىدۇ. ئاخىرىدا قايسى گورۇپپىنىڭ ئەزاسى تۈگەپ كەتسە، شۇ گورۇپپا يېڭىلگەن ھېساب-لىنىدۇ. سىرىم ساندۇق قوشىقى:

*سىرىم ساندۇق سىرىمىم،*
*ھېيتلىق يېڭى ئىگىنىم.*
*تەپسەم ساندۇق ئاچىلۇر،*
*گۈل باشىمغا ساچىلۇر.*

(3) «ئۇششاق چېپە»

بالىلارنىڭ ئارىسىدىن بىر بالا «توپبېشى»، يەنە بىر بالا «سا تاز»، يەنە بىر بالا «قۇيرۇق چۆرۈگۈچ» بولۇپ بېكىتىلىدۇ. قالغان بالىلار بىرىنىڭ پېشىنى بىرى تۇتۇپ، توپبېشىنىڭ كەينىگە قاتار تىزىلىدۇ. «قۇيرۇق چۆرۈگۈچ» ئەڭ ئاخىرىغا تىزىلىدۇ. سەپ تەييار بولغاندىن كېيىن، «سا تاز» ناخشا ئېيتىپ كېلىدۇ.

*توپبېشى: ھاي تازاي! نەگە ماڭدىڭ؟*
*سا تاز: قوچقاچ ئالغىلى.*
*توپبېشى: قوچقاچ ئېلىپ نېمە قىلىسە؟*
*سا تاز: يەيتمە (يەيمەن).*
*توپبېشى: يەپ نېمە قىلىسە؟*
*سا تاز: چىچىتمە (چىچىمەن).*

بولۇپ، ئويۇن نۆۋىتىنى قارشى تەرەپكە ئۆتكۈزۈپ بېرىدۇ. بۇ ئويۇن يەنە ئانا تاشنىڭ ئورنىغا كىچىك توپ ئىشلىتىپ، توپنى ھاۋاغا ئې-تىپ، توپ يەرگە چۈشۈپ ئۆرلىگەندە تۇتۇۋېلىش قائىدىسى بويىچە-مۇ ئوينىلىدۇ. بۇ «خان توپ» ئويۇنى دېيىلىدۇ. چاكان قوشىقى:

*چاكان،*
*چاكچىكان، ئۈستەڭ ياقان.*
*چېچىكى،*
*ئېچىلىپتۇ چېچىكى.*
*بېلىقى،*
*بىلىپ ئالاي سېمىزنى.*
*ئۇزەم،*
*ئۆز ئۇزەم — قارا كۈزەم.*
*چوڭ ئۇزەم،*
*چوڭلارنى ھۆرمەتلەيمەن،*
*ئۇچ ئۇزەم،*
*ئۆز كۈزەم، چوڭدۇر سۆزەم.*
*دەپ بېرىپ،*
*دەپ بەرگەننى ئېيىپ بېرىپ.*
*مىدىراپ،*
*مىدىراپ كەتسە ئېغىراپ.*

(2) «سىرىم ساندۇق».

سىرىم ساندۇق «سېرەم ساندۇقى» دېگەن ئىسمىدىن ئۆزگەرگەن سۆز بولۇپ، باللار ئىككى توپ بولۇپ ئايرىلىپ، قاتارلىشىپ تىزد-لىپ، ئارىلىقتا مەلۇم بوشلۇق قويۇپ، قارىمۇ قارشى ئولتۇرىدۇ. ھەر بىر توپقا بىردىن بالا باش بولىدۇ. ھەم ئۆز ئەزالىرىغا مەخپىي تۇردە ئىسىم قويىدۇ. باش بولغۇچى قارشى توپتىن خالىغان بىر با-لىنىڭ كۆزىنى تۇتۇۋېلىپ، خالىغان بىرىنىڭ مەخپىي ئىسمىنى چاقىرىدۇ. ئىسمى چاقىرىلغان بالا بېرىپ، كۆزى تۇتۇۋېلىنغان با-

كەينىدىن) ئايلىنىپ يۈگۈرەيدۇ ۋە پوتىنى ئۆزى خالىغان بىر بالىنىڭ كەينىگە تۇيدۇرماي تاشلاپ قويىدۇ. كەينىگە پوتا تاشلانغان بالا بۇنى سېزىۋالسا، دەرھال پوتىنى ئېلىپ پوتا تاشلىغۇچىنى قوغلايدۇ. پوتا تاشلىغۇچى ئۆز ئورنىغا بېرىپ ئولتۇرۇپ بولغىچە تۇتۇۋېلىنسا يې- ڭىلگەن بولىدۇ. تۇتالمىسا، قوغلىغۇچى ئويۇننى داۋاملاشتۇرىدۇ. كەينىگە پوتا تاشلانغان بالا، پوتا تاشلانغانلىقىنى پوتا تاشلىغۇچى بىر قېتىم ئايلىنىپ كەلگىچە سېزەلمىسە، ئۇتتۇرغان بولىدۇ. ئۇتتۇر- غۇچى يەنە بىر ئۇتتۇرغۇچى چىقىپ بولغىچە، بالىلارنىڭ ناخشىسىغا ئۇسسۇل ئوينايدۇ.

(ئابدۇرېشات مۇساجان توغرۇل)

(5) «ئىلىك توپ (ئىللىكاڭ)» ئويۇنى

بۇ، قىزلار ئوينايدىغان كۆڭۈل ئېچىش خاراكتېرى نىسبەتەب كۈچلۈك بولغان بالىلار ئويۇنلىرىنىڭ بىرى. قىزلار سانىغا قاراپ ئىككى گۇرۇپپا بولۇپ ئوينايدۇ. ئىككى گۇرۇپپا نۆۋەت بىلەن ئويناپ «ئىلىك توپ» نىڭ بارلىق شەكىللىرىنى بۇرۇن تۈگەتكەن تەرەپ ئۇتقان بولىدۇ. 30~15 غىچە ئادەم بىر گۇرۇپپا بولۇپ، ئىككى تە- رەپ ئالدىن كېلىشىدۇ.

ئىلىك توپ شەكىللىرى: ساناقلىق يەرگە ئۇرۇش؛ بىر ئىلىك؛ قوش ئىلىك؛ چاۋاك قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

بۇ ئويۇندا، قاتناشقۇچى تەنھەرىكەتچىلەر بىر تىزىنى بوغۇمدىن ئېگىپ يەرگە قويىدۇ. يەنە بىر تىزىنى بوغۇمدىن ئېگىپ زوڭزىيىپ ئولتۇرىدۇ. تۈز، قاتتىق يەر ــــ مەيدان قىلىنىدۇ، يىپ ياكى رېزىن- كە توپ سايمان قىلىنىدۇ.

بىرىنچى شەكلىدە: ئالىقان يەرگە قارايدۇ، بىر قول جەينەك بو- غۇمىدىن تاش يانغا ئېگىلىپ، بىرىنچى ساناق بىلەن توپ يەرگە ئۇ- رۇلىدۇ (دەيلى قىلىنىدۇ).

ئىككىنچى شەكلىدە: ئولتۇرۇش قىياپىتى بىرىنچى شەكلىدىكى- گە ئوخشاش بولىدۇ. بەش بارماق ناھايىتى ئەۋرىشىم بولىدۇ. بار-

*توپبېشى: چىچىپ نېمە قىلىسە؟*
*سا تاز: تېرىيتىمە.*
*توپبېشى: تېرىپ نېمە قىلىسە؟*
*سا تاز: ئۇرۇتىمە.*
*توپبېشى: ئۇراپ نېمە قىلىسە؟*
*سا تاز: يىغىتىمە.*
*توپبېشى: يىغىپ نېمە قىلىسە؟*
*سا تاز: يەيتىمە.*
*توپبېشى: يەپ نېمە قىلىسە؟*
*سا تاز: تولا گەپ سوراپ نېمە قىلىسە؟*
*توپبېشى: بىلەي دېدىم.*
*سا تاز: مەن ئاچلىقتىن ئۆلەي دېدىم.*
*كەينىڭدىكى نېمىلەرىڭ؟*
*توپبېشى: ئۇششاق چىپەلىرىم.*
*سا تاز: ماڭا بىرنى بەسەڭچۇ؟*
*توپبېشى: كۈچۈك يەتسە ئاساڭچۇ؟*

سا تاز بالىلارنى بىردىن تۇتۇۋېلىپ، توپتىن ئاجرىتىۋالىدۇ. سا-تازغا يول قويماسلىق ئۈچۈن، توپبېشى سەپنىڭ ئالدىدىن، «قۇيرۇق چۆرۈگۈچ» سەپنىڭ كەينىدىن پۈتۈن توپنى چۆرۈپ يۈرۈپ مۇداپىئە-لىنىدۇ. سا تاز ھەممە بالىنى بىر - بىرلەپ ئاجرىتىۋالغاندىن كې-يىن، ئاخىرىدا «قۇيرۇق چۆرۈگۈچ»نى ئاجرىتىۋالىدۇ. ئاندىن ئۆزى توپبېشى بولۇپ، بۇرۇنقى توپبېشى سا تاز بولۇپ، ئويۇن يېڭىباشتىن باشلىنىدۇ. «قۇيرۇق چۆرۈگۈچ»نى توپبېشى ئۆزى خالاپ بېكىتىدۇ.

(4) پوتا تاشلىماق

باللار دۈگىلەك بولۇپ (چەمبىرەك ھاسىل قىلىپ) ئولتۇرۇپ، چاۋاك چېلىپ ناخشا ئېيتىدۇ. بىر بالا پوتا (ياغلىق ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش مەلۇم نەرسىنى) ئېلىپ، چەمبەرنىڭ سىرتىنى (باللارنىڭ

- لەۋەي - لەۋەي.
- ئاناڭ نەدە؟
- ئاشخانىدا (بەزىدە «سامانلىقتا» دەيدۇ).
- نېمىش قىلىۋاتىدۇ؟
- ئاش ئېتىۋاتىدۇ.
- قېنى، ماڭا قويغان ئاش؟
- تام تۆپىسىدە قويسام، قاغا ئېلىپ قېچىپتۇ.
- ماڭ قاغىنى تاپ!

«بالا» «قاغا» نى ئىزدەيدۇ. ئەگەر مۆككەن جايدىن ئۇنى تېپىۋېلىپ، تۇتۇپ كېلەلىسە، ئىككىسى ئورۇن ئالمىشىپ ئويۇننى قايتا باشلايدۇ. «قاغا» تۇتۇق بەرمەي، «ئانا» قېشىغا كېلىپ ئولتۇرۇۋالسا، ھېلىقى «بالا» داۋاملىق كۆزىنى يۇمۇپ ياتىدۇ. «قاغا» داۋاملىق مۆكىدۇ. تۇتۇۋالسا ئالمىشىدۇ. تۇتالمىسا، تاكى تۇتقانغا قەدەر داۋاملىشىدۇ.

(ئابدۇقادىر سادىر)

(7) «تۆگىلەك»

(بۇ ئويۇنغا A، B دىن ئىبارەت ئىككى بالا قاتنىشىپ، ئويۇن سوئال - جاۋاب ئاساسىدا داۋاملىشىدۇ).

*A: تۆگىلەكچۇ تۆگىلەك،*
*نەگە باغان تۆگىلەك؟*
*B: تۈزغا باغان تۆگىلەك.*
*A: تۈزۈڭ نەدە چۈپ قالدى؟*
*B: ئۆلۈغ سۇدا چۈپ قالدى*
*A: تاسقاپ - تاسقاپ ئەكەگلا،*
*B: ھېكىمم باينىڭ قوغى پوق،*
*ئايتاي دېسە لاتا يوق.*
*A: لاتا دېگەن ئۆگزىدە،*
*B: چىقاي دېسە شوتا يوق.*
*A: شوتا دېگەن تېرەكتە،*

ماقلار قول، جەينەك، مۈرە، بەل، تىز، پۇت بوغۇملىرى ماس ھالدا باغلىنىشىپ ھەرىكەت قىلىدۇ. بىرىنچى توپ يەرگە ئۇرۇلۇپ ئىككىنچى توپ بارماقلار دۈمبىسىدە ئېلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن تاق ساناقلاردا ئۇرۇلۇپ، جۈپ ساناقلاردا بارماق دۈمبىسىگە ئېلىنىش شەكلى بويىچە ئورۇنلىنىدۇ.

ئۈچىنچى شەكىلدە: ئولتۇرۇش قىياپىتى بىرىنچى شەكىلگە ئوخشاش بولىدۇ. بىرىنچى ساناقتا توپ ئالىقان بىلەن يەرگە ئۇرۇلۇپ، ئىككىنچى ساناقتا توپ بارماقلار دۈمبىسىدە «قوش» ئېلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن تاق ساناقلاردا توپ يەرگە ئۇرۇلۇپ، قوش ساناقلاردا قوش ئېلىنىپ، يەرگە ئۇرۇلىدۇ. ئويۇن بەلگىلەنگەن ساناق چېكى بىلەن ئاخىرلىشىدۇ.

تۆتىنچى شەكىلدە: ئۈچىنچى شەكىلگە ئوخشاش داۋام قىلىنىدۇ، ساناق جەھەتتە بىر ھەسسە كۆپ بولىدۇ. بۇ شەكىلدىكى مۇقىم بىر قائىدە بەلگىلىمە بويىچە ساناق ئۈزۈلدۈرمەي سانىلىشى لازىم. ئەگەر ئۈزۈلۈپ قالسا، قارشى تەرەپتىكى باشقا بىر ئەزا باشلايدۇ.

ئىلىك توپ ئويۇنىدىكى تۆت شەكىلنى كىم بۇرۇن ئورۇنداپ بولسا شۇ ئەزا، قايسى گۇرۇپپا بۇرۇن ئورۇنداپ بولسا شۇ گۇرۇپپا ئۇتقان بولىدۇ.

(مەترۇزى ئىمىن)

(6) «دۇم ـ دۇم» ئويۇنى

بالىلار ئىچىدە ئوينىلىدىغان بىر خىل ئويۇن بولۇپ، ئادەتتە، ئۈچتىن ئارتۇق بالا بىر بولۇپ ئوينايدۇ. بىرى «ئاكا»، بىرى «بالا»، بىرى «قاغا» بولىدۇ. «قاغا» مۆكىدۇ. «ئاتا»، «بالا» نى تىزى ئۈستىگە ياتقۇزۇپ كۆزىنى يۇمىدۇ. «قاغا» مۆكۈپ بولغىچە، بالىنىڭ دۈمبىسىگە يېنىك ـ يېنىك نوقۇپ، تۆۋەندىكى سوئال ـ جاۋابنى ئورۇنلايدۇ.

ـ دۇم ـ دۇم!

*ھېكىمشانىڭ قالپىقىدىن*
*ئۆكىلەپ، چۆكىلەپ،*
*سەنتۇ، سەن چىق.*

باللار مۇشۇ بويىچە پۇتلارنى سانايدۇ. سانىغۇچىنىڭ قولى «سەنتۇ ـ سەن چىق» دېگەن يەرگە كەلگەندە، سان كىمنىڭ پۇتى ئۇستىدە توختىسا، ئاشۇ پۇتنىڭ ئىگىسى سورۇندىن چىقىرنۋېتىلىپ، بىرقېتىم قىزىقچىلىق قىلىپ باللارنى كۇلدۇرۇپ، كۆڭلىنى ئاچىدۇ. كۇلمىسە ئويۇن قائىدىسى بويىچە جازاغا تارتىلىدۇ.

(10) «قاپاق تېپىدىم»

بۇ سوئال ـ جاۋابلىق زېھىن سىناش خاراكتېرىدىكى ئويۇن بولۇپ، ئويۇن مۇنداق باشلىنىدۇ.

*A: قاپاق تېپىدىم، تېپىدىم چىققتى يەتتە.*
*B: يەتتە نېمىشقا چىققتۇ؟*
*A: يەتتە چىقماي قانچە چىقسۇن؟*
*B: توققۇز چىقسۇن.*
*A: توققۇز نېمىشقا چىققتۇ؟*
*B: توققۇز چىقماي قانچە چىقسۇن؟*
*A: ئونبىي چىقسۇن.*
*B: ئونبىي نېمىشقا چىققتۇ؟*
*A: ئونبىي چىقماي قانچە چىقسۇن؟*
*B: ئون ئۈچ چىقسۇن.*
*A: ئون ئۈچ نېمىشقا چىققتۇ؟*
*B: ئون ئۈچ چىقماي قانچە چىقسۇن؟*
*A: ئون بەش چىقسۇن.*
*B ئون بەش نېمىشقا چىققتۇ؟.....*

بۇ ئويۇن مۇشۇ تەرتىپتە تاق ساننى ئاساس قىلىپ داۋاملىشىدۇ. ئويۇن داۋامىدا ئىككى بالىدىن قايسىبىرى ساناق ساناشتا ئېيتىپ بولغان ساننى تەكرارلاپ قويسا ياكى جۈپ ساننى ساناپ قويسا، شۇ

*B: كېسەي دېسە پالتى يوق.*
*A: پالتى دېگەن قازناقتا،*
*B: ئاچاي دېسە ئاچقۇ يوق.*
*A: ئاچقۇ دېگەن ئانامدا،*
*B: ئانام دېگەن خاماندا.*
*A: نېمە ئەكېتتۇ خاماندىن؟*
*B: دان ئايېتتۇ ساماندىن.*

**(8) «لالە قىز»**

بۇ، بىر ياكى ئىككى ـ ئۈچ بالا بىرلىكتە بىر ـ بىرىگە قاراشىپ، دېكلاماتسىيە شەكلى بىلەن ۋارقىراپ ئوقۇيدىغان سوئال ـ جاۋابلىق ئويۇندۇر.

*غۇژژۇ ـ غۇژژۇڭ چاقا،* *خوجۇندىكىچۇ؟*
*ھەمشىۋانىكا.* *گۈل، جىگدە ھەم قاق.*
*ئاپتۇۋۇدا سۇ قۇيسام،* *بىتزنى بىيەملا؟*
*جوغۇۋانىكا.* *ياق ـ ياق، ياق ـ ياق ـ ياق.*
*بىزنىڭ بىتز قىز لالە قىز،* *توپاق نېمە يېيتۇ؟*
*پوپىشكى ئالتۇن دەنا قىز.* *قوناق پوستىكى.*
*نەگە بارالا؟* *ئۆزلىيىچۇ؟*
*يىمىلى قوشتاغقا.* *بەتتە پولۇ.*
*نېمىگە مىنەلا؟* *بەمىسىچۇ؟*
*ئالا باش توپاقتا.* *قالاپ قالا.*

**(9) «تاققۇ ـ تۇققۇ»**

بۇ ئويۇندا ئۈچتىن ئارتۇق بالا بىر يەرگە جەم بولۇپ، پۇتلىرىنى بىر يەرگە يىغىپ چەمبەر شەكلىدە ئولتۇرۇپ ئوينايدۇ.

*تاققۇ ـ تۇققۇ،*
*ئۈنچىي ـ ماجان،*
*ئالاقوي ـ بالا قوي،*

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ بالىنىڭ كۆزى يېشىلىدۇ. ئۇ بالا دۇمبىسىگە ئۇرغان بالىنى تېپىۋالسا، تېپىلغان بالا قاغا بولۇپ ھېسابلىنىپ، كۆزى تېڭىلىپ ئويۇن يۇقىرىدىكى تەرتىپ بويىچە داۋاملىشىدۇ. ئەگەر توغرا تاپالماي «ئاۋۇ، ماۋۇ» دەپ تەمتىرەپ قالسا ياكى خاتا تاپسا، بۇ بالا «قايماق ئىچتى» دېيىلىپ كۆزى قايتا تېڭىلىپ يەنە ياتقۇزىلىدۇ ـ دە، ئويۇن داۋاملىشىدۇ.

(مۇھەممەد كامال خۇشخۇي)

(12) «ئۆتكەمبەردى» ئويۇنى

بۇ ئاخشام ۋاقتىدا، 8، 10 بالا تامغا يۆلىنىپ پۇتىنى يىغىپ ئولتۇرۇپ، بىر ياقتىن قوشاق ئوقۇغاچ بىر ياقتىن پۇت بىلەن كاسا ئارىلىقىدىكى ئاراچىتىن بىر ئۇچى تۈگۈنچەكلەنگەن بۆز پوتىنى ئۇ باشتىن بۇ باشقا تېز يۈرۈشتۈرۈپ ئوينايدىغان ئويۇن بولۇپ، بىر بالا ئولتۇرغانلارنىڭ ئالدىدا ئۆرە تۇرۇپ پۇتىنى تارتىۋېلىشقا ئۇرۇنىدۇ. قولنى ئاراچىقا سالغان بولسىمۇ، پوتىنى تۇتۇۋالالمىسا، تۈگۈنچەك بىلەن ئۇرۇپ جازالىنىدۇ. تۇتۇۋالالىسا، ئۇتقان ھېسابلىنىپ، ئۇتتۇرغۇچى بىلەن ئورۇن ئالماشتۇرىدۇ.

بۇ ئويۇن سەزگۈرلۈك، چاققانلىقنى تاۋلايدۇ، خەلق قوشاقلىرىنى يادلاش، ئەستە قالدۇرۇش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىدۇ.

(13) «غىچىرتاق» ئويۇنى

بىر ئۇچى ئوقباش ئۇچلانغان پاچاق توملۇقىدىكى بىر تال ئوق ياغاچ ۋە ئۇزۇنلۇقى 3.5 مېتىر ئەتراپىدا، توملۇقى ئوق ياغاچ بىلەن ئوخشاش بولغان يەنە بىر تال قانات ياغاچتىن تەركىب تاپقان قۇرۇلما بولۇپ، ئوق ياغاچنىڭ بىر ئۇچى ئوقباش ئۇچلىنىپ، يەنە بىر ئۇچى يەرگە كۆمۈپ تىك ۋە مۇستەھكەم ئورنىتىلىدۇ. يەردىن ئېگىزلىكى 1.20مېتىر ئەتراپىدا بولىدۇ. قانات ياغاچنىڭ دەل ئوتتۇرىسىدىن كور تۆرۈم ئېچىلىپ ئاندىن ئوق ياغاچنىڭ ئەركەك تۆرۈمى ئۈستىگە

بالا يېڭىلگەن بولۇپ، بالىلار ئالدىدا نومۇر ئورۇنلاشقا بۇيرۇلىدۇ. ئويۇننىڭ رىتىمى ئىنتايىن تېز بولغاچقا، كۆپىنچە ھاللاردا ساناقتا 15 تىن ئاشالايدىغانلار ئاز ئۇچرايدۇ.

(11) «ئۇچتى ـ ئۇچتى»

بۇ ئويۇندا تۆتتىن ئارتۇق بالا بىر يەرگە جەم بولۇپ، چەمبەر شەكلىدە سورۇن ھازىرلاپ ئولتۇرىدۇ. بالىلار ئىچىدە بىرى كوماندىر بولۇپ، «ئۇچتى ـ ئۇچتى» دەيدۇ. باشقا بالىلار ئۇنىڭغا ئەگىشىپ «ئۇچتى!» دەپ توۋلايدۇ. كوماندىر ئىككىنچى قېتىم يەنە «ئۇچتى ـ ئۇچتى» دەيدۇ. بالىلارمۇ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ «ئۇچتى» دەيدۇ.

كوماندىر:

| | |
|---|---|
| *ــ كەپتەر ئۇچتى!* | *كوماندىر:* |
| *بالىلار:* | *ــ كەتمەن ئۇچتى!* |
| *ــ ئۇچتى* | *ــ !؟* |

*بۇ سۆزنى ئاڭلىغان بالىلاردىن بىرەرى ئۆزىنى تۇختىتالماي* «ئۇچتى!» دەپ سالسا، شۇ بالا يېڭىلگەن بولىدۇ ـ دە، ئۇنىڭ كۆزى قول ياغلىق بىلەن تېڭىلىپ، بالىلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا دۈم ياتقۇزۇلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە بىر بالا كۆزى تېڭىقلىق بالىنىڭ دۈمبىسىگە يەڭگىل ئۇرۇپ تۇرۇپ سورايدۇ.

| | |
|---|---|
| *ـ دۈم، دۈم!* ـ | *ـ داداڭ نېمە قىلىتۇ؟* |
| *ـ لەۋەي، لەۋەي.* | *ـ قوناق تېيىپتۇ.* |
| *ـ ئۆيىڭ نەدە؟* | *ـ ئاناڭ نېمە قىلىتۇ؟* |
| *ـ ئاقىتامىدا* | *ـ ئاش ئېتىپتۇ.* |
| *ـ داداڭ بارمۇ؟* | *ـ ماڭا ئاش بارمۇ؟* |
| *ـ با.* | *ـ يوق.* |
| *ـ ئاناڭ بارمۇ؟* | *ـ نە كەتتى؟* |
| *ـ با.* | *ـ تەكچىدە قويسام قاغا ئاپ قاچتى.* |
| *ـ داداڭ بارمۇ؟* | *ـ ماڭ بايىپ قاغىنى تۇتۇپ كەل!* |
| *ـ با.* | |

لىپ ئۇق داۋاملىق ئايلاندۇرۇلىدۇ. نەتىجىدە قاناتلار بىر ئۇلۇق، بىر تە-تۈر يۆنىلىشتە ئۇزۇكسىز ئايلىنىدۇ ۋە «غۇر - غۇر» ئاۋاز چىقىرىدۇ. شۇڭا «غۇررەك ئويۇنى» دېيىلىدۇ. بۇ، ئوغۇللارغا خاس ئويۇن بولۇپ، غۇررەكنى ياساش خېلى قىيىن، بالىلارنىڭ قولىنىڭ ئەپچىللىكىنى ئاشۇرۇش، ئىجادىيەت ئېڭىنى ئويغىتىش رولىغا ئىگە.

(15) «نەچچىمۇ نەچچە» ئويۇنى

بۇ، ئۆرۈك ئۇكچىسىنى ئۇرۇق قىلىپ ئوينايدىغان ئويۇن بولۇپ، بىر ئادەم بىر قانچە ياكى نەچچە ئون ئۇكچىنى ئالقىنىغا تۇ-گۈپ تۇرىدۇ، يەنە بىر ئادەم ئۇنىڭ نەچچە ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلىپ ئېيتىدۇ. ئاندىن نەق مەيداندا سانايدۇ. دەلمۇ دەل چىقسا ئۇتۇۋالىدۇ. ئارتۇق - كەم چىقسا، پەرقلەنگەن سان بويىچە «تۆلەپ» بېرىدۇ. مۇ-شۇ ئۇسۇلدا نۆۋەت بىلەن ئوينىلىدۇ، ئۇنىڭ يەنە جۈپمۇ - تاق ئويۇ-نى دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل شەكلى بولۇپ، پەقەت پەرەز قىلىش نەتىجىسىدە بېرىلىدىغان جاۋاب «جۈپ» ياكى «تاق» تىن ئىبارەت بو-لىدۇ. دەل تاپسا ئۇتقان، بولمىسا ئۇتتۇرغان بولىدۇ. كەم ياكى زىيا-دە چىقىدىغان سان «بىر»لا بولغانلىقى ئۈچۈن، بىر ئۇرۇق «تۆلەپ» بېرىلىدۇ.

(16) «ئۇستەك-پۇستەك» ئويۇنى

بۇ «جۈپمۇ - تاق» ئويۇنىنىڭ راۋاجى بولۇپ، شۇ ئويۇندا ئۇت-تۇرغۇچى ھەسسىلەپ تۆلەم تۆلەتكۈزىدىغان ئويۇندۇر. «ئۇستەك» تۆلىمى ئىككى، پۇستەك تۆلىمى تۆت، جەمئىي ئالتە ئۇكچە بولىدۇ. باشلاش ۋاقتىدا ھەر ئىككىيلەن ئۇستەك - پۇستەك ئويناشقا كې-لىشكەن بولسا، ھەر قېتىمدا ئۇتتۇرغان تەرەپ جۈپمۇ - تاقتا ئۇت-تۇرغىنى ئۈچۈن بىر، ئۇستەك - پۇستەك ئۈچۈن ئالتە، جەمئىي يەتتە ئۇكچە تۆلەپ بېرىدۇ.

(مۇھەممەتئىمىن سابىر)

كىرگۈزۈپ كۆندىلەڭ قويۇلىدۇ. بۇ چاغدا ئوق قانات ۋە ياغاچلار پە-غەز («T») شەكلىنى ھاسىل قىلىدۇ.

ئويناش ۋاقتىدا قانات ياغاچنىڭ ھەر بىر ئۇچىغا بىردىن ئىككى ياكى ئىككىدىن تۆت بالا بىر ـ بىرىگە قارشى يۆنىلىشتە ئارتىلىپ تۇرىدۇ. ئاندىن ئىككى تەرەپتىكى باللار پۇتلىرى ئارقىلىق نۆۋەت بىلەن يەرگە كۈچەپ تېپىدۇ. يەرگە تەپكەندىكى ھەرىكەت پەغەز قانىتىنى ھەم قاڭقىش كۈچىگە ھەم ئالغا ئىلگىرىلەش كۈچىگە ئىگە قىلىدۇ. نەتىجىدە، پەغەز قانىتى ئۈزۈكسىز ھالدا بۇ ئىككى خىل كۈچكە ئىگە بولۇپ، ئوقنى مەركەز قىلىپ چەمبەر شەكىللىك ئايلانما ھەرىكەتكە كېلىدۇ ۋە بارغانسېرى تېز ئايلىنىدۇ. پەغەز قانىتى ئايلانغاندا ئەركەك ـ چىشى تۆرۈملارنىڭ سۈركىلىشىدىن «غىچىر ـ غىچىر» قىلغان ئاۋاز چىقىدۇ. شۇڭا بۇ خىل قۇرۇلما «غىچىرتاق»، ئۇنىڭغا ئارتىلىپ ئۇچۇپ ئوينايدىغان ئويۇن «غىچىرتاق ئويۇنى» دې-يىلىدۇ. بۇ، ئوغۇللارغا خاس بولغان ئويۇن. بۇ ئويۇن باللارنىڭ پۇت ـ قول، ئۆپكىسىنى چېنىقتۇرىدۇ. كوللېكتىپ ھەرىكەتتە ئۆز ئارا ماسلىشىش ۋە ھەمقام بولۇش روھى ۋە قورقۇمسىزلىقنى يېتىلدۈرىدۇ.

(14) «غۇررەك» ئويۇنى

بىر تال ياغاچنىڭ قورساق تەرىپىدىن بىر كىچىك تۆشۈك ئېچىپ كىچىك ئوق ئۆتكۈزۈلىدۇ. يەنە بىر تەرىپىدىن كىچىك تۆشۈك ئېچىلىپ، تاناپ يىپ ئۆتكۈزۈپ ئوققا باغلىنىدۇ. ئوقنىڭ يۇقىرىقى ئۇچىغا ئىككى تال كىچىك ياغاچ قانات چېلەك شەكلىدە ئورنىتىلىپ قانات قىلىنىدۇ ياكى يەنە بىر تال ياغاچقا كىچىك تۆشۈك ئېچىلىپ ئوق ئۈستىگە قانات ئورنىدا بېكىتىلىدۇ. ئوينىغاندا ئاۋۋال ئوقنىڭ ئاستى ئۇچىنى بارماقلار بىلەن ئايلاندۇرۇپ، تاناپ ئوققا يۆگىلىدۇ. ئاندىن بىر قولدا ئانا ياغاچنى تۇتۇپ، يەنە بىر قولدا تاناپ تارتىلىدۇ. نەتىجىدە قانات ئايلانما ھەرىكەتكە كېلىپ ئۆز ئىنېرتسىيەسى ئارقىلىق تانابنى ئوق گەۋدىسىگە قارشى يۆنىلىشتە يۆگەيدۇ. بۇ چاغدا تاناب يەنە تارتى-

قىپ، نازىركۇمنىڭ كېلىش ۋەجىنى سورىغاندا، باللار ناخشا ئېيتىشتىن توختايدۇ.

نازىركوم: ئەل رازى، خۇدا رازى. خۇدا رازىلىقى ئۈچۈن ھەممىدىن كەچمەك كېرەك.

باللار: ھەق راست!

نازىركوم: ئۆزلىرى ساخاۋەت ئىگىسى، ئالىقىنى كەڭ يۇرت كاتتىسى، نەچچە باللىنىڭ ئاتىسى. باللارنىڭ ھەققى ـ ھۆرمىتى ئۈچۈن كەڭ ئېچىلسۇن سېخىي قوللىرى.

باللار: ھەق راست!

نازىركوم كىمنىڭ قانداق قىيىنچىلىق تارتىپ قالغانلىقى، ئۇنىڭغا نېمە زۆرۈر ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ، ساخاۋەت تىلەيدۇ. ئۆي ئىگىسى باللارنىڭ تەلىپى بويىچە دېگەن نەرسىنى خەير ـ ئېھسان قىلىدۇ. ئۆي ئىگىسى بەرگەن نەرسە قىيىنچىلىق تارتقۇچىغا يېتەرلىك بولمىسا، ئۇلار ئۆي ئىگىسىگە تەشەككۇر ئېيتىپ، ناخشا ـ ئۇسسۇلنى داۋاملاشتۇرۇپ، ئىككىنچى بىر كىشىنىڭ ئۆيىگە بارىدۇ. بۇ پائالىيەت تاكى تەلەپنى تولۇق ئورۇنلىيالىغۇچىلىك نەرسە ـ كېرەك توپلانغانغا قەدەر داۋاملىشىدۇ. نەرسە ـ كېرەك توپلىنىپ بولغاندىن كېيىن، باللار توپلىغان نەرسە ـ كېرەكلەرنى قىيىنچىلىق تارتقۇچىنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ بېرىپ، ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئالغاندىن كېيىن قايتىشىدۇ.

نازىركوم ناخشىسىدا ئېيتىلىدىغان قوشاقلار ئادەتتىكى خەلق قوشاقلىرى بولۇپ، "ۋاي ـ ۋاي نازىركوم، ئالتاي بولدى كەمنگىلى، يەتتاي بولدى كۆمىگىلى، ۋاي ـ ۋاي نازىركوم" دېگەن قوشاق ھەر بىر كۇپلېت قوشاققا نەقرات قىلىپ ئېيتىلىدۇ. ئۇسسۇلدا قىزىقچىلىق قىلىشنى ئاساس قىلىدىغان «نازىركوم ناخشىسى» ۋە نەقراتنىڭ ئاھاڭى ئوخشاش بولسىمۇ، تېكىستى ۋە تېكىست ئاھاڭلىرى بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدۇ.

يەنە كېلىپ، نازىركوم تۇرپاندا چوڭلارنىڭ مەشرەپ ئۇسسۇلى، كېرىيە قاتارلىق جايلاردا باللارنىڭ خەير ـ ساخاۋەت پائالىيىتى ۋە ناخشا ـ ئۇسسۇلى ھېسابلىنىدۇ. كېرىيە قاتارلىق بىر قىسىم جايلاردا بۇ پائالىيەت تاكى 20 ـ ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىغىچە داۋام قىلىپ كەلگەن.

3) باللار خەير ـ ساخاۋەت ئويۇنلىرى

(1) «نازىركۇم»

رىۋايەت قىلىنىشىچە، بۇرۇنقى زاماندا ناسىر ئىسىملىك بىر كىشى ئۆتكەن بولۇپ، ئۇ ھەققانىيەتچى، خەير ساخاۋەتچى، گەپدان كىشى ئىكەن. يۇرت ئىچىدە يۈز ـ ئابرۇيى چوڭ بولغاچقا، ھەممە كىشى ئۇنى «ناسىر ئاكام» دەپ ئاتىشىدىكەن. يۇرت ئىچىدە بىرەر يوقسۇل، تۇل خوتۇن ـ يېتىم ئوغۇللار ئاغرىپ قېلىپ ياكى باشقا سەۋەبلەر تۈپەيلى ئىقتىسادىي قىيىنچىلىققا يولۇقۇپ قالسا، ناسىر ئاكا جامائەتنى باشلاپ، يۇرت كاتتىلىرىنىڭ ياكى بايلارنىڭ ئالدىغا بېرىپ ياردەم سوراپ، يىغىش قىلىپ، قىيىنچىلىققا ئۇچرىغۇچىنىڭ مۈشكۈلىنى ئاسان قىلىپ بېرىدىكەن. ناسىر ئاكا ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، باللار ئۇنىڭ بۇ خاسىيەتلىك ئىشلىرىغا ۋارىسلىق قىلىش ئۈچۈن، «ناسىر ئاكام» ئويۇننى پەيدا قىلغان ئىكەن. «ناسىر ئا ـ كام» سۆزى كېيىنكى دەۋرلەردە فونېتىكىلىق ئۆزگىرىش ياساپ، «نازىركۇم» بولۇپ قالغان ئىكەن.

باللار ئارىسىدىكى بۇ پائالىيەتمۇ ئوخشاشلا مەھەللىدە بىرەر نامرات ئېغىر قىيىنچىلىق تارتىپ قالسا، بىر قانچە بالا بىرلە ـ شىپ، ئارىدىن ياشتا چوڭراق، قىزىقچى، گەپكە ئۇستا بىرى ئۆچكە تېرىسىدىن ياسالغان ساقال (بۇ خىل ساقال تېپىلمىسا، پاختىدىن يۇزىگە ساقال ـ بۇرۇت ياسىلىدۇ) تاقاپ، تەلپەكنى تەتۈر كىيىپ، ئۇزۇن چاپان كىيىپ، دۈمبىسىگە بىر نەرسە تىقىپ، بېلىنى باغلاپ، دوك قىياپىتىدىكى «نازىركۇم» بولۇپ ياسىنىدۇ. باشقا با ـ للار نازىركۇم ناخشىسىنى ئېيتىدۇ. نازىركۇم قولىغا ھاسا تاياق ئېلىپ ئۇسسۇل ئويناپ ماڭىدۇ. نازىركۇم ئۇسسۇلىدا ئۆزگىچە ھە ـ رىكەتلەرنى قىلىپ، قىزىقچىلىق قىلىشنى ئاساس قىلىدۇ. باللار ناخشا ئېيتىپ، نازىركۇم ئۇسسۇل ئويناپ، پۈتۈن مەھەللىنى ئايلى ـ نىپ، مەھەللىدىكى بارلىق باللارنى يىغىدۇ. تاماشا كۆرۈشنى خالايدىغان چوڭلارمۇ ئۇلارغا ئەگىشىدۇ. باللار يىغىلىپ بولغاندىن كېيىن، نازىركۇم پۈتۈن توپنى باشلاپ بايلارنىڭ، يۇرت چوڭلىرى ـ نىڭ ئىشىكى ئالدىغا كېلىپ ئۇسسۇل ئوينايدۇ. ئۆي ئىگىسى چى ـ

رامىزان ئېيتىپ كەلدۇق مۇغاللىمدىن،
ئاغىچا ئانام نان بەرىدۇ يوغانلىمدىن.
لاھەمە، ئىلاھەمە شۇرامىزان (چۇمۇچ)!.

ئاق مىچىتكە بورا سالدۇق كۆك مىچىتكە جەينامار.
لاھەمە، ئىلاھەمە شۇرامىزان (چۇمۇچ)!.
بۇ خېنىمنىڭ ئوقۇشى بەشۋاخ ناماز.
لاھەمە، ئىلاھەمە شۇرامىزان (چۇمۇچ)!.

رامىزان ئون يەتتىنچى قادىر كۈنى،
نانلىرىنىڭ يوغانلىرىنى خىللاپ قېنى.
لاھەمە، ئىلاھەمە شۇرامىزان (چۇمۇچ)!.

ئۆيىڭىزنىڭ ئاقىسى تاينىڭ ئىزى،
نانلىدىن خىللاپ چىقىڭ باينىڭ قىزى.
ئاسماننىڭ يوچۇقىدىن ئاينى كۆردۇق،
ساندۇقنىڭ يوچۇقىدىن ناننى كۆردۇق.
لاھەمە، ئىلاھەمە شۇرامىزان (چۇمۇچ)!.

رامىزاننىڭ ئېيتىمىشى ھەزرەت ئېلى،
ئۇلۇغلىدىن قالغان ئىكەن بىز ئېيتىلى.
لاھەمە، ئىلاھەمە شۇرامىزان چۇمۇچ!

ئاق توخۇ ـ ئاپپاق توخۇ دان تاتىلا،
غوجامنىڭ بەرگەن نېنى خام ـ خاتىلا.
لاھەمە، ئىلاھەمە شۇرامىزان (چۇمۇچ)!.

ئۆيىڭىزنىڭ ئارقىسى ئويداڭ ـ چوقۇ،
بىرنانغا چىدىمىغان روزەك چوپۇ.
لاھەمە، ئىلاھەمە شۇرامىزان (چۇمۇچ)!.

(2) رامىزان ئېيتىش

رامىزان ئېيتىش رامىزان ئېيىنىڭ 13 ~ 12 ـ كۈنلىرىدىن 20 ـ كۈنلىرىگىچە بولغان ئايدىڭ ئاخشاملىرى ئېلىپ بېرىلىدىغان پائالىيەت بولۇپ، ھەركۈنى ئىپتاردىن كېيىن، بىر ياكى بىرقانچە بالا كوچىغا چىقىپ «دوست چاقىرىش» قوشىقىنى ئېيتىدۇ:

*ئاق تاش، كۆك تاش،*
*دەريادىكى سۈزۈك تاش.*
*رامىزاندا بالا بارمۇ؟*
*ئۆستەڭ بېشىدا كالا بارمۇ؟ ھوي... ھوي!*

باشقا بالىلار بۇ قوشاقنى ئاڭلاپ، دەرھال رامىزان ئېيتىشقا كېلىدۇ. بالىلار توپلىنىپ بولغاندىن كېيىن، مەھەللىنىڭ بىر بېشىدىن باشلاپ، ھەممە ئۆيگە تولۇق بېرىپ، ئىشىك ئالدىدا تۇرۇپ رامىزان قوشاقلىرىنى ئېيتىدۇ. ئۆي ئىگىسى نان، ئۇن، گۈرۈچ قاتارلىق يېمەكلىك بېرىدۇ. پۈتۈن مەھەللىنى ئايلىنىپ بولغاندىن كېيىن، يىغىلغان نەرسىلەرنى مەھەللىدىكى يېتىم ـ يېسىر، تۇل خوتۇن ـ يېتىم ئوغۇل، نامراتلارغا بېرىپ، دۇئاسىنى ئېلىپ قايتىشىدۇ. يىغىلغان نەرسىلەرنى بېرىشتە نامرات ئائىلىلەرگە ھەر كۈنلۈك نەرسىنى بىر كىشىگە نۆۋەت بىلەن بېرىش ياكى شۇ كۈنلۈك نەرسىنى شۇكۈنى ئۈلەشتۈرۈپ بېرىشنى بالىلار مەسلىھەت بىلەن بېكىتىدۇ.

رامىزان ئېيتىشتا ئوقۇلىدىغان ئايرىم قوشاقلار بولۇپ، ئاھاڭمۇ ئايرىم. مەزمۇن جەھەتتىن مەقسەتنى بىلدۈرۈش، ماختاش ۋە كەمسىتىپ تىللاش مەزمۇنىدىكىلىرى بار. دەسلەپ مەقسەتنى ئىپادىلەيدىغان قوشاقلار، ئاندىن ماختاش مەزمۇنىدىكىلىرى ئوقۇلىدۇ. ئۆي ئىگىسى بىر نەرسە بەرمىسە كەمسىتىش، تىللاش مەزمۇنىدىكىلىرى ئېيتىلىدۇ. رامىزان قوشىقىنىڭ ئالدىنقى بىر كۇپلېتى (ئۇچ مىسراسى) ئاھاڭ بىلەن، كېيىنكى ئۇچ مىسراسى دېكلاماتسىيە شەكلىدە ئېيتىلىدۇ. ئاساسلىق رامىزان قوشاقلىرى تۆۋەندىكىچە:

بېرىدۇ. بۇ خاتىرە غەربىي يۇرت مۇزىكىلىرىنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە تارقالغانلىقىغا دائىر ئەڭ بۇرۇنقى خاتىرە بولۇپ، شۇنىڭدىن كېيىن كۇسەن نەغمىسى، ئىدىقۇت نەغمىسى قاتارلىق غەربىي يۇرت نەغمە - مۇزىكىلىرى ئارقا - ئارقىدىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە تارقىلىپ كىرگەن ھەمدە ئۇ جايدا شۆھرەت قازىنىپ ئۇزۇنغىچە داۋام قىلغان. شۇنداقلا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك مۇزىكا سەنئىتىنىڭ تەرەققىياتىغا زور تەسىر كۆرسەتكەن. ①

مىلادىيە 401 - يىلى ئۇدۇنگە كەلگەن راھىب فاشيەن «ئۇدۇن خەلقى باياشات ئىكەن، ھەممىسى بۇددىزىمغا ئېتىقاد قىلىدىكەن، بۇددا نەغمىلىرى بىلەن كۆڭۈل ئاچىدىكەن»، دەپ يازغان. VII - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا تاڭ شۈەنزاڭ ئەنەتكەكتىن بۇددا نوملىرىنى ئېلىپ قايتىشىدا ئۇدۇنگە كەلگەن. بۇ چاغدا ئۇدۇن خانى «ئەمەلدار، راھىب ۋە پۇقرالىرىنى باشلاپ داقا - دۇمباق چېلىپ ۋە نەغمە - ناۋا قىلىپ» تاڭ شۈەنزاڭنى قارشى ئالغان. «بۈيۈك تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسى» دە، ئۇدۇندە «دۆلەت نەغمە - ناۋاغا ئەھمىيەت بېرىدىكەن، خەلقى ناخشا - ئۇسسۇلغا ئامراق ھەم ماھىر ئىكەن»، دېگەن خاتىرىلەر قالدۇرۇلغان. خوتەندە يەر ئاستىدىن بايقالغان ساپال قورچاقلار ئىچىدە ساز چېلىۋاتقان سازەندىلەرنىڭ ئوبرازى ئىپادىلەنگەن بىر مۇنچە ئويۇملار بار. بۇ قورچاقلارنىڭ قولىدا بورىيا (بىر نەچچە تال قومۇشتىن جۈپلەپ ياسىلىپ، تۈز تۇتۇپ پۈۋلەپ چېلىنىدىغان يەللىك چالغۇ)، نەي، چارتار، غۇڭقا، دۇمباق قاتارلىق چالغۇلار بار. نىيا خارابىسىدىن تۆت تارلىق سازنىڭ ئەۋرىشكىسى بايقالغان بولۇپ، شەكلى ھازىرقى قويچى راۋابىغا ئوخشاپ كېتىدۇ.

ئەنگلىيە ئالىمى خ. ۋ. بايلېينىڭ تەتقىقاتىغا قارىغاندا، بۇددىزىم دەۋرىدە خوتەندە سەھنە ئويۇنلىرى ئوينالغان. سەھنىدە ئوينالغان بۇ

---

① لى يىنپىڭ: «بۇددا ئېلى ئۇدۇن» (ئۇيغۇرچە)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1995 - يىل 1 - نەشرى. 111 - 112 - بەت، 217 - 221 - بەتلەر.

*رامىزان ئېيتىمپ ـ ئېيتىمپ هارماسمەن،*
*بۇ خېنىمم نان بەرمىسە قايتماسمەن.*
*لاھىمە، ئىلاھىمە شۇرامىزان (چۇمۇچ)!.*

(ئابدۇرېشات مۇساجان توغرۇل)

## §3 خەلق مەشرەپلىرى

### 1. خوتەن خەلق مەشرەپ سەنئىتىدىن قىسقىچە بايان

قەدىمكى خوتەننىڭ مۇزىكا ـ سەنئىتى توغرىسىدا «خەننامە» قاتارلىق قەدىمكى تارىخنامىلەردە ئۇماي ئانىنىڭ كېنىزەكلىرىگە قوۋۇز چېلىشنى بۇيرۇغانلىقى ھەققىدە خاتىرە قالدۇرۇلغان. «مۇھەررەتنىڭ تەرجىمىالى» دىمۇ «بورىياغا قوۋۇز تەڭكەش قىلغانلىقى» توغرىسىدا خاتىرىلەر بار. يەنە بىر ئېيتىشلاردا قارىغاندا، بۇنىڭدىن تۆت ـ بەش مىڭ يىل ئىلگىرى ئۇرۇم (كوئېنلۇن) ئېتىكىدە (خوتەن رايونىدا) ياشايدىغان ئانىلىق ئۇرۇقداشلىق قەبىلىلىرىدىن ئۇماي ئانا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە بارغاندا ئۈچ دانە قاشتېشى نەيىنى سوۋغات ئۈچۈن ئېلىپ بارغان ئىكەن.[①] قەدىمكى ئۇدۇننىڭ مۇزىكا، ئۇسسۇل، ناخشا بىر گەۋدىلەشتۈرۈلگەن ئورۇنلاش سەنئىتى مىلادىيىدىن بۇرۇنقى ۋاقىتلاردىلا ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە نەغمە بولۇپ شەكىللەنگەن. «كۆنىپېتىش ئاستانە خاتىرىلىرى» دە خاتىرىلىنىشچە «7 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى چى خېنىم بەيزى كۆلى بويىدا ئۇدۇن نەغمىسى چېلىپ گاۋدى خانىنى كۈتتى»، دېيىلگەن. بۇ تاڭ گاۋزۇ (تاڭ سۇلالىسىنىڭ مىلادىيە 618 ـ 627 ـ يىللار ئارىلىقىدا ھۆكۈم سۈرگەن تۇنجى پادىشاھى) دەۋرىدىلا ئۇدۇن مۇزىكىسىنىڭ چاڭئەنگە تارقىلىپ ئۇردا نەغمىلىرىنىڭ بىرى بولۇپ قالغانلىقىنى ئىپادىلەپ

① تۇرسۇنجان لېتىپ«ئۇيغۇر چالغۇ ئەسۋابلىرى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 1997 ـ يىلى 1 ـ نەشرى. 17 ـ بەت.

100توپتىن ئارتۇق شايى ھەدىيە قىلغان. ①

ئىسلامىيەت دەۋرىگە كىرگەندىن كېيىن خوتەن ئاھالىسىنىڭ ئې-تىقاد، چوقۇنۇش ئوبيېكتى ۋە ئېتىقاد مەزمۇنلىرى توپتىن يېڭىلاندى. بۇ خىل يېڭىلىنىش بۇددىزىم ئەقىدىسىدىن، بۇددىزىم دەۋرىدە يەنە مەلۇم دائىرىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان شامانىزىم، زارۇ ئاستىرىزىم ۋە مانىزىم ئەقىدىلىرىدىن ئادا ـ جۇدا بولۇش بىلەن خاراكتېرلەندى. ناخشا، قوشاق، داستان، ئەل ئىچى تىياتىرى، مۇزىكىلىق ئەسەرلەرنىڭ تېكىستلىرى ئىسلامىزىمغا خاس خاراكتېر ئالدى. ۋايىزلىق، قىزىقچىلىق، لەتىپە ـ چاقچاق قاتارلىق غەيرىي مۇزىكىلىق سەنئەت ئەسەرلىرىمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا قالمىدى. لېكىن بىر نەرسە، يەنى خوتەن ئاھالىسىنىڭ ئەسلىدىن بار بولغان، ئۇزاق ئەسىرلەر داۋامىدا تاۋلانغان سەنئەتخۇمار، ناخشا ـ ئۇسسۇلغا ھېرىسمەن بولۇشتەك خۇلق ـ خاراكتېرى ئۆزگەرمىدى. ئۇلار ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش ئەمەلىيىتى داۋامىدا تەبىئىي ئاپەتلەرگە قارشى تۇرۇش، ئىشلەپچىقىرىش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش، ماددىي مەئىشەتلىرىنى ياخشىلاش يولىدا قانچىلىك جانپىدالىق بىلەن كۆرەش قىلغان بولسا، سەنئەت ئىجادىيىتىنى يۈكسەلدۈرۈش، مەنىۋى ھايات رەڭدارلىقىنى ئاشۇرۇش، ئېستېتىك زوق ئېھتىياجىنى قامداش يولىدا ھەم شۇنچىلىك ئىجتىھات قىلدى. ئۇلار بىر تەرەپتىن شامانىزىم، زارۇ ئاستىرىزىم، بۇددىزىم ئەقىدىلىرىگە باغلىنىشلىق بولغان بەزى سەنئەت ئورۇنلاش شەكىللىرىنى ئەيىپلىك بىلەن ساقلاپ قېلىپ ئۇنى ئىسلامىزىمغا ماس بولغان مەزمۇن بىلەن يۇغۇرۇپ ماھىرلىق بىلەن ۋارىسلىق قىلدى، يەنە بىر تەرەپتىن خەلق سەنئىتىنىڭ ھەر قايسى ژانىرلىرى بويىچە يېڭى شەكىل، يېڭى ژانىر، يېڭى ئۇسلۇبلارنى ئۈزلۈكسىز ئىختىرا قىلدى. مانا شۇنداق ئۈزلۈكسىز تىرىشچانلىق ئارقىلىق يېقىنقى دەۋرگە كەلگەندە ئۇيغۇر مۇقام ـ مەشرەپلىرىنىڭ خوتەن مۇقام ـ مەشرەپ بۆلىكىنى ۋايىغا يەتكۈزدى. شۇنىڭغا ماس

① «گۆھەر زېمىن خوتەن»، ئۇيغۇرچە، شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتوسۈرەت نەشرىياتى 1995 ـ يىل 1 ـ نەشرى.

دىرامىلار خوتەن تىلىدا nalai دەپ ئاتالغان.①

تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە خوتەننىڭ مۇزىكا، ئۇسسۇل سەنئىتى كامالەتكە يېتىپ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە شۆھرەت قازانغان. تاڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە ئۇدۇن مۇزىكا ـ نەغمىلىرىنى پىششىق ئىگىلىگەن ۋىيسارا كىلىت ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە بارغاندىن كېيىن شۇ جايىنىڭ كىلاسسىك چىڭشىياڭ نەغمىسىنى ئورۇنلاشتا «كامالەتكە يەتكەن ۋەزىر» دىگەن مەرتىۋىگە ئېرىشكەن. VIII ـ ئەسىردە ياشىغان ئۇدۇنلۇق سازەندە ۋىيسارا چىن كامالەتكە يەتكەن بالىمان ماھىرى بولۇپ، كېيىن چاڭئەنگە كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان. ئۇ ئىجاد قىلغان «ئاق يېغىن قوڭغۇرىقى» قاتارلىق بالىمان مۇزىكىلىرى ئوردا مۇزىكىسىغا تاللانغان. كىشىلەر ئۇنىڭ مۇزىكا ماھارىتىگە «قەدىمدىن ـ هازىرغىچە ئۇنىڭدىن ئۆتە ئۇستا يوق» دەپ باھا بېرىشكەن. ئۇ چاڭئەنلىكلەر چوقۇنىدىغان بالىمان پېشۋاسىغا ئايلىنىپ، ئالىي بىلىم يۇرتلىرىدا نورغۇن شاگىرتلارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈپ تاڭ سۇلالىسى مۇزىكا ـ سەنئىتىنىڭ تەرەققىياتىغا زور تۆھپە قوشقان. مىلادىيە IX ـ ئەسىردە ياشىغان ۋىيساراكان ناخشا ئېيتىش ۋە غۇڭقا چېلىشقا ماھىرلىقى بىلەن شۆھرەت قازانغان بولۇپ، تەيچاڭ ئىبادەتخانىسىنىڭ شيەنشياۋ مەھكىمىسىدە مۇزىكا ئەمەلدارى بولغان. ئۇ قەدىمكى مۇزىكىلاردىن غۇڭقا، نەي، قالۇن، چاڭ قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىگە ئۇستا ئىكەن. تاڭ سۇلالىسىنىڭ ۋېنزۇڭ خانى ئۇنىڭ ناخشىسىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، قارا دىۋاندىكىلەر ۋە مەھكىمىدىكى 3 ـ دەرىجىدىن يۇقىرى ئەمەلدارلارنىڭ ھەممىسى مەنسەپ تونلىرىنى كىيىپ تولۇق ئاڭلىسۇن دەپ يارلىق چۈشۈرگەن. شۇ چاغدا ۋىيسارا ئەنئەنىۋى ناخشا «رەڭگارەڭ بەي كىيىملىرى» نى ئېيتقان بولۇپ، ئۆزى ئىجاد قىلغان «يىڭجۇ كۈيى» نىمۇ ئورۇنلىغان. ۋېنزۇڭ خان ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن ناھايىتى خوشال بولۇپ، ئۇنى 5 ـ دەرىجىلىك مەنسەپكە تەيىنلەپ،

---

① «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى، 2000 ـ يىلى1 ـ سان 42 ـ بەت.

ئەنئەنىۋى چالغۇ قوراللىرى كەڭ ئومۇملاشقان.
تېكىستولوگىيە جەھەتتە، بۇ رايوندىكى ھەر خىل ژانىردىكى سەنـ-
ئەت نومۇرلىرىدا كىلاسسىك ئەدىبلەرنىڭ تېكىستلىرىمۇ، خەلق ناخشا
- قوشاق تېكىستلىرىمۇ ئوخشاشلا كەڭ تارقالغان. بۇ رايوندا سۇلايمان
ئاخۇن قالۇن، كېرەم ئاخۇن ساتار، مەڭلەشخان قاتارلىق ۋايىغا يەتكەن
مۇقامچى، مەشرەپچىلەر؛ شاھ مۇھەممەت، ئابلىمىت قارىي قاتارلىق
داستانچىلار؛ شېرىن دورغا قاتارلىق قىزىقچى، لەتىپىچىلەر؛ ئىسمايىل
نوچى، مەتقۇربان ئىسمايىل، مەخمۇت ئېلىبەگ ھاجى قاتارلىق تونۇل-
غان مېھمانبېشى (يىگىتبېشى) لار يېتىشىپ چىققان.
بۇ رايون خوتەندە پۈتكۈل ئۇيغۇر مۇقام ـ مەشرەپ سەنئىتى بىـ-
لەن تەڭ قەدەمدە ئىلگىرىلەپ مېڭىش بىلەن بىللە، ئۆزىگە خاس
ئالاھىدىلىكلەرنى ساقلاپ كەلگەن خوتەن رايونى خەلق سەنئىتىنىڭ
سەۋىيىسىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان ۋە يېتەكچى ئورۇندا تۇرىدىغان
ئالاھىدىلىك بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ.

2) تاغ مەشرىپى رايونى

بۇ رايون چىرا ناھىيەسىنىڭ چاقار، ئۇلۇغساي، نۇرى، بوستان
يېزىلىرى؛ خوتەن ناھىيەسىنىڭ لاڭرۇ، قاشتېشى يېزىلىرى؛ كېرىـ-
يە ناھىيەسىنىڭ ئاتچان يېزىسى؛ نىيا ناھىيەسىنىڭ يېيىق، سالغۇ-
زەك يېزىسى قاتارلىق جايلارنى ئۆزئىچىگە ئالىدۇ. مۇنداقچە قىلىپ
ئېيتقاندا قۇرۇم تاغ تىزمىسىنىڭ شىمالىي يانباغرىدىكى چارۋىچە-
لىق رايونلىرى بىلەن يېرىم دېھقانچىلىق، يېرىم چارۋىچىلىق
رايونلىرىنى ئۆزئىچىگە ئالىدۇ.
بۇرايوندا سەنئەت ژانىرى جەھەتتىن ئۆزى چېلىپ ئۆزى ئو-
رۇنلايدىغان راۋاب قوشاقلىرى بىلەن ئۇسسۇل كەڭ تارقالغان بولۇپ،
ئاساسى ئورۇندا تۇرىدۇ. خەلق ناخشىلىرىمۇ خىلى كۆپ. مەشرەپلەر-
دىن دالا مەشرىپى، توي مەشرىپى، ئۆي مەشرىپى، ئوغلاق مەشرىپىلا
بولۇپ، سەيلە مەشرىپى، كۆزلەگ مەشرىپى، جۇۋان توي مەشرىپى،
قاتارلىق باشقا مەشرەپ تۈرلىرى بۇرايوندا ئۇچرىمايدۇ. خوتەن ۋىلا-
يىتىدە تارقالغان 10دىن ئارتۇق مۇزىكىلىق داستان ئىچىدە، پەقەت
«شېرىپ بوجاڭ داستانى» ناملىق بىرلا مۇزىكىلىق داستان مۇشۇ

ھالدا بىر تۈركۈم مەشھۇر مۇقاقچى ـ مۇغەننىيلەر، داستانچىلار، ئۇسسۇلچىلار، چاقچاقچى، لەتىپچىلەر، ھەزىلكەشلەر، مېھمانبېشىلار (يىگىتبېشى)، ئويۇنچىلار، ۋائىزلار، دارۋازلار يېتىشىپ چىقتى.

## 2. خوتەن خەلق مەشرەپلىرىنىڭ رايونلارغا تارقىلىش ئالاھىدىلىكى

خوتەن خەلق مەشرەپلىرى توي مەشرىپى، جۇۋان توي مەشرىپى، ئۆي مەشرىپى، باغ مەشرىپى، سەھرا خەتمە مەشرىپى، سەيلە مەشرىپى، كۈزلەگ مەشرىپى، ئوغلاق مەشرىپى، قارلىق مەشرىپى، پىر مەشرىپى قاتارلىق نورغۇن تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ. لېكىن بۇلارنىڭ خوتەن بوستانلىقىنىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا تارقىلىشى ئوخشاش ئەمەس، ئوخشاش بولمىغان رايونلاردا ئوخشاش بولمىغان مەشرەپلەر تارقالغان ۋە يېتەكچى ئورۇندا تۇرۇپ كەلگەن. بۇلارنى ئورۇنلاش ۋاستىسى، ئاھاڭ پەرقى، تېكىست مەنبەسى قاتارلىق جەھەتلەردىكى پەرقىگە ئاساسەن تۆت تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ.

1) كىلاسسىك مەشرەپ رايونى

بۇ رايون گۇما ناھىيەسىدىن نىيا ناھىيەسىگىچە بولغان ھازىرقى يەتتە ناھىيە، بىر شەھەرنىڭ تاغ ئالدى چۆكۈندى تۈزلەڭلىك بەلبېغىغا جايلاشقان بارلىق يېزا ـ كەنتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ژانىر جەھەتتىن بۇ رايوندا مۇقام، نەغمە، مەشرەپ، مۇزىكىلىق ناخشا، راۋاب قوشاق، مۇزىكىلىق داستان، لەپەر (ئېيتىشىش)، ئۇسسۇل، سېھرىكچىلىك ـ سېھرىگەرلىك، دارۋازلىق، ۋائىز (مەدداھ) لىق، لەتىپە ـ قىزىقچىلىق، ئىپتىدائىي تىياتىرچىلىق قاتارلىق ئۇيغۇر سەنئىتىنى تەشكىل قىلغۇچى ھەر خىل ژانىردىكى سەنئەت شەكىللىرى ھەممىسى دېگۈدەك تارقالغان. بۇلار ئىچىدە مەشرەپنىڭ تارقىلىشى ۋە ئومۇملىشىشى ئەڭ كەڭ بولۇپ، ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ.

ئورۇنلاش ۋاستىسى جەھەتتە، بۇ رايوندا داپ، ساتار، دۇتار، تەمبۇر، غېجەك، راۋاب، چاڭ، قالۇن (يېقىنقى دەۋرلەردە ئۈزۈلۈپ قالغان)، ساپايى، ناغرا، سۇناي، نەي، بالىمان، تاش، قوشۇق قاتارلىق

بىر جۈپ ئەر ـ ئايال دولا قېقىشىپ ئوينايدىغان قوش كىشىلىك ئۇسسۇللىرىمۇ ئوينىلىدۇ.

ئورۇنلاش ۋاسىتىسى جەھەتتە، ساتار، تەمبۇر، راۋاب، دۇتار، داپ، قاتارلىق چالغۇلار ئارقىلىق تەڭكەش قىلىنىدۇ. ناخشىلارنىڭ تېكىستلىرىدە خەلق قوشاقلىرى ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ، كىلاسسىك شائىرلارنىڭ تېكىستلىرىمۇ ئۇچرايدۇ.

گۇما ناھىيەسىنىڭ كىلياڭ، قوشتاغ يېزىلىرى قاغىلىق ناھىيەسى بىلەن چېگرىداش، يەكەن، مەكىت بىلەن بولغان ئارىلىقىمۇ يىراق ئەمەس، تارىختا كىلىياڭ، قوشتاغ ئاھالىسىنىڭ قاغىلىق، يەكەندىكى خەلقلىرىمىز بىلەن خېلى قويۇق باردى ـ كەلدى ئالاقىسى بولغان. بۇنداق ئۇزاق مۇددەتلىك ئىجتىمائىي ئالاقە داۋامىدا خوتەننىڭ مۇقام ـ مەشرەپلىرى بىلەن دولان مەشرىپى ئۆز ـ ئارا سىڭىشىپ يۇغۇرۇلۇش ئارقىلىق «كىلياڭ مەشرىپى» دىن ئىبارەت ئۆزگىچە مەشرەپ تۈرى بولۇپ شەكىللەنگەن.

## 3. خوتەن خەلق كىلاسسىك مەشرەپلىرى

كىلاسسىك مەشرەپلەر دېگىنىمىزدە، خوتەننىڭ تۈزلەڭلىكتىكى دېھقانچىلىق رايونلىرىدا كەڭ تارقالغان ئەنئەنىۋى مەشرەپلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بۇخىل ئەنئەنىۋى مەشرەپلەرنىڭ تۈرى خېلى كۆپ بولۇپ: توي مەشرىپى، جۇۋان توي مەشرىپى، ئۆي مەشرىپى، باغ مەشرىپى، سەيلە مەشرىپى، سارا خەتمە مەشرىپى، كۆزلەگ مەشرىپى، ئوغلاق مەشرىپى، قارلىق مەشرىپى قاتارلىق تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ.

خوتەندىكى خەلق مەشرەپلىرىدە 30 يىگىت، توققۇز قىز، يىگىتبېشى، پاششاپ، مىرشاپ دېيىلىدىغان ئاتالغۇلار بولمايدۇ. مەشرەپ باشقۇرغۇچىلار بەزى جايلاردا «مېھمانبېشى»، بەزى جايلاردا «مەشرەپبېشى»، «تۆر بېشى»، «غوجىدار» دەپ ئاتىلىدۇ. يۇرت ئىچىدە ھۆرمەتكە سازاۋەر، قائىدە ـ يوسۇننى پىششىق بىلىدىغان، سۆزمەن، تەجرىبىلىك كىشىلەردىن بىرى مەشرەپ ئۇيۇشتۇرغۇچى ئۆي ئىگىسى ياكى جامائەت تەرىپىدىن مېھمانبېشىلىققا كۆرسىتىلىپ مەشرەپنى باشقۇرىدۇ. مەشرەپلەردە قائىدە ـ يوسۇننى بۇزغان ياكى

رايوندا ئىجاد قىلىنىپ مەلۇم دائىرىدە تارقالغان. ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى بۇ رايوندا ئاساسەن تارقالمىغان. بۇ رايوندىكى ناخشا، قوشاق، مەشرەپ تېكىستلىرىدە بىردەك خەلق قوشاقلىرى ئاساس قىلىنىدۇ. كىلاسسىك ئەدىبلەرنىڭ تېكىستلىرى ئۇچرىمايدۇ.

ئورۇنلاش ۋاستىسى جەھەتتە پەدىسىز راۋاب (قويچى راۋابى، ئالىچى راۋاب دەپمۇ ئاتىلىدۇ) بىلەن نەغمە دېپى (كىچىك داپ) ئاساسى ئورۇندا تۇرىدۇ. دۇتار بىلەن نەيمۇ خېلى ئومۇملاشقان. سۇناي، ساپايى، تاش، قوشۇق، قوۋۇز، يالغۇزەك قاتارلىق چالغۇلار قىسمەن دائىرىدە تارقالغان. ساتار، تەمبۇر، چاڭ، قالۇن قاتارلىق چالغۇلار بۇ رايوندا ئۇچرىمايدۇ، بۇ رايوندىكى ئاھالىلەر تاغ باغرىدىكى دەريا ـ ئېقىن بويلىرى ۋە ئېگىز تاغ ـ ئېدىرلىق يايلاقلارغا ماكانلاشقان، قاتناش ئىنتايىن قولايسىز، شۇڭا بۇرايوندا چوڭ، ئېغىر، كېلەڭسىز چالغۇلار ئومۇملاشمىغان، ساپ كىچىك، يېنىك، ئىخچام بولغان چالغۇلارلا ئومۇملاشقان بولۇپ، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ يۆتكەلمە خاراكتېرىگە ماسلاشقان.

3) پىر مەشرىپى رايونى

بۇرايون قاراقاش ناھىيەسىنىڭ كۇيا، ياۋا، پۇچاقچى، ماڭلاي، قاراساي يېزىلىرىنى ئۆز ئېچىگە ئالىدۇ.

پىر مەشرىپىدە داپ نەغمىسى بىلەن ئۇسسۇل ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. نەغمىدە داپنى بىردىنبىر مۇزىكا ۋاستىسى قىلىش، بۇ خىل مەشرەپنىڭ ئەڭ گەۋدىلىك ئالاھىدىلىكى ھېسابلىنىدۇ. نەغمە تېكىستلىرىدە كىلاسسىك شائىرلارنىڭ تېكىستلىرى يوق، پۈتۈنلەي خەلق قوشاقلىرى تېكىست قىلىنىدۇ.

4) كىلياڭ مەشرىپى رايونى

بۇرايون گۇما دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى كىلياڭ يېزىسىنى ئاساس قىلىپ، قوشتاغ، باشلەڭگەر يېزىلىرىنىڭ بىر قىسىم جايلىرىغا تارقالغان.

كىلياڭ مەشرىپى بىر خىل قاپچىمال (ئارىلاش) مەشرەپ بولۇپ، ئون ئىككى مۇقام ئاھاڭلىرى بىلەن خوتەننىڭ يالغۇز كىشىلىك ئۇسسۇللىرى، كوللېكتىپ ئۇسسۇللىرىمۇ، دولان مەشرىپىدىكى

غانلىقىنى ئېلان قىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن سازەندىلەر نەغمە باشلايدۇ.

جۇۋان توي مەشرىپىنىڭ ۋاقتى ئۇزۇن بولمايدۇ. شۇڭا سازەندىلەر چاچما ئۇدارلىق باشلىنىش مۇزىكىسىنى چالماي، بىۋاستە مەشرەپ ئۇسسۇل پەدىلىرىگە چالىدۇ. كەيپىيات تېزلا ئەۋجىگە كۆتۈرۈلىدۇ. يەككە ۋە كوللېكتىپ ئۇسسۇللار ئوينىلىدۇ. بۇنداق مەشرەپتە يېقىن تۇغقانلار جەم بولىدىغانلىقى ئۈچۈن چاقچاق، قىزىقچىلىق، بېيىت ئوقۇش، ئويۇن ياساش قاتارلىق نومۇرلار ئورۇنلانمايدۇ. جازا بېرىش ئىشلىرىمۇ بولمايدۇ. ئادەتتە بىرەر سائەت مەشرەپ قىزىتىلغاندىن كېيىن ئاخىرلىشىدۇ. مەشرەپنىڭ بارلىق چىقىمىنى جۇۋاننىڭ ئائىلىسى ئۈستىگە ئالىدۇ.

3) ئۆي مەشرىپى

ئۆي مەشرىپى خوتەندە كەڭ تارقالغان ۋە كۆپ ئېلىپ بېرىلىدىغان بىر خىل مەشرەپ بولۇپ، كۆپىنچە كۈز، قىش، باھار پەسىللىرىدە ئۆتكۈزۈلىدۇ. دەسلەپتە مەشرەپخۇمار بىرى تەشەببۇسكارلىق بىلەن يۇرت مۆتىۋەرلىرى ۋە سازەندىلەرنى ئۆز ئۆيىگە مەشرەپكە چىللايدۇ. دوست - ئاغىنىلىرى ۋە قولۇم - قوشنىلىرىغا خەۋەر سالىدۇ. بۇ خىل مەشرەپ سوغۇق پەسىللەردە ئايۋاندا، ئىللىق پەسىللەردە تال باراڭلىق ھويلا ياكى ئەتراپىغا سۇپا، شىپاڭ چىقىرىلغان «ئاق سەنە» دەپ ئاتىلىدىغان چوڭ ھويلىلاردا ئۆتكۈزۈلىدۇ. مەشرەپكە قاتنىشىدىغانلارغا باغاق تارقىتىلمايدۇ. دەسلەپ خەۋەردار بولغانلار يەنە باشقىلارغا خەۋەر قىلىدۇ. ئىختىيار قىلغانلار قاتنىشىدۇ. ئەر - ئايال، چوڭ - كىچىك دەپ ئايرىلمايدۇ. ئايۋان ياكى ھويلىغا قانچىلىك ئادەم سىغسا شۇنچىلىك ئادەم قاتناشسا بولىدۇ. مەشرەپكە قاتناشقۇچىلار ھەممىسى ئۆز ئۆيىدە غىزالىنىپ كېلىدۇ. مەشرەپ چاقىرغۇچى ئالاھىدە داستىخان تەييارلىمايدۇ. پەقەت، چاي، نان ۋە ھۆل - قۇرۇق مېۋە - چېۋىلەر بىلەن ئاددىي داستىخان سالسىلا بولىدۇ.

مېھمانلار ئاساسەن يىغىلىپ بولغاندا مېھمانبېشى مەشرەپ باشلانغانلىقىنى ئېلان قىلىدۇ. سازەندىلەردىن بىرى ساتار ياكى تەمبۇر چېلىپ چاچما ئۇدارلىق باشلىنىش مۇزىكىسىنى ئورۇنلايدۇ. (كۆپىنچە ئون ئىككى مۇقام مۇقەددىمىلىرىدىن بىرسى ئورۇنلىنىدۇ)، ئاندىن سازەندىلەر بىرلىكتە نەغمە ياكى مەشرەپ ئاھاڭلىرىغا چالىدۇ.

ئەدەپ ـ ئەخلاققا خىلاپلىق قىلغانلارغا مۇۋاپىق جازا بېرىلىدۇ. جازا ئىجرا قىلغۇچى كىشىلەر «دورغا» ياكى «دورغا بەگ» دەپ ئاتىلىدۇ. دورغىلار ئادەتتە بىردىن ئۈچكىچە كىشى بولۇپ، مېھمانبېشى مەشرەپ قائىدىلىرىگە پىششىق، چاققان، چاقچاقچى يىگىتلەردىن تاللاپ تەيىنلىنىدۇ.

1) توي مەشرىپى

بۇ، يىگىت ـ قىزلارنىڭ تۇنجى توي مۇراسىمىدا ئۆتكۈزۈلىدىغان مەشرەپ بولۇپ، توي كۈنى چۈشتىن بۇرۇن يىگىت ۋە قىزنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئۆز ئائىلىسىدە قازان ئېسىپ، ئۆز مېھمانلىرىنى كۈتىدۇ. تويغا چاقىرىلغان سازەندىلەر باشقىلاردىن بۇرۇنراق كېلىدۇ. داستىخان تارتىلىپ بولغاندىن كېيىن بارلىق مېھمانلار كېلىپ بولغىچە ھويلا ياكى ئايۋاننىڭ بىر سۇپىسىدا ساز چېلىپ نەغمە قىلىدۇ. چۈشتىن كېيىن ئوغۇل تەرەپنىڭ ئەر ـ ئايال مېھمانلىرى بىلەن سازەندىلەر، قىز تەرەپنىڭ ئائىلىسىگە نەغمە ـ ناۋا بىلەن قىز كۆچۈرۈشكە بارىدۇ.

قىز تەرەپ يىگىت تەرەپتىن كەلگەن مېھمانلارغا داستىخان سېلىپ بولغاندىن كېيىن، قىز ھوجرىسىدا قىز قولداشلىرى قىزنى ياسىنىدۇ. رۇپ بولغىچە بولغان ئارىلىقتا، سازەندىلەر مېھمانبېشىنىڭ ئىجازىتى بىلەن نەغمە مۇزىكىلىرىنى چېلىپ مەشرەپ باشلايدۇ. بۇ خىل مەشرەپتە ئومۇمەن باشلىنىش مۇزىكىسى يەنى چاچما ئۇدارلىق نەغمە چېلىنماي، بىۋاستە يۇرۇشلەشكەن ئۇسسۇل نەغمىلىرى چېلىنىپ، تېزلا ئەۋجىگە كۆتۈرۈلىدۇ. ئەر ـ ئايال، قېرى ـ ياش ھەممەيلەن تەكلىپ ـ تەكەللۇپسىزلا ئۇسسۇلغا چۈشۈپ مەشرەپ قىزىتىدۇ. بۇ خىل مەشرەپتە ناخشا، لەپەر ياكى باشقا ئويۇنلار ئورۇنلانمايدۇ. بىرەر سائەت مەشرەپ قىزىتىلغاندىن كېيىن، جامائەت ئالدىدا يىگىت ـ قىزغا نىكاھ ئوقۇلىدۇ. دۇئادىن كېيىن كۆپچىلىك «مۇبارەك بولسۇن، بەخت تەلىيى زىيادە، ئۆمرى ئۇزۇن بولسۇن!» دەپ ياخشى تىلەك تىلەيدۇ. ئاندىن نەغمە ساداسى ئىچىدە قىز، يىگىتنىڭ ئۆيىگە يۆتكەپ كېلىنىدۇ.

2) جۇۋان توي مەشرىپى

جۇۋان توي مەشرىپىدە چاقىرىلغان مېھمانلار ئاساسەن كېلىپ بولغاندا، ئۇلارغا ئۈچتىن ئارتۇق داستىخان سېلىپ كۈتۈلىدۇ. توي مۇبارەكلىرى ئاخىرلاشقاندا مېھمانبېشى جۇۋان توي مەشرىپى باشلاند-

-سى ئۆزى مۇۋاپىق دەپ قارىغان ۋاقىتتا، ئۆزى ئەڭ يېقىن ئۆتىدىغان يۇرت مۆتىۋەرلىرى، تونۇغانلىرى، ئاغىنە - ئۇلپەتلىرى ۋە سازەندە - مۇغەننىيلەرنى باغاق تارقىتىپ ياكى بىۋاستە خەۋەر قىلىپ، مەشرەپكە چىللايدۇ. مېھمانلار تولۇق كېلىپ بولغىچە بولغان ئارىلىقتا، ئاۋۋال كەلگەنلەر ساھىبخانا بىلەن تىنچلىق سوراشقاندىن كېيىن، مېۋىلىك باغنى ئىختىيارىي رەۋىشتە ئارىلاپ سەيلە - پاراڭ قىلىشىدۇ. مېھمانلار تولۇق كېلىپ بولغاندا، ئۆي ئىگىسى ئۇلارغا كۆپىنچە باغنىڭ ئەڭ مەنزىرىلىك، ھاۋالىق جايىدىكى گىلەم - كۆرپە سېلىپ تەييارلانغان ئورۇنغا داستىخان سېلىپ، بىر نەچچە خىل غىزا ۋە مېۋە - چېۋىلەر بىلەن مېھمان قىلىدۇ. ئاندىن مەشرەپ باشلىنىدۇ.

بۇ چاغدا، ئۆي ئىگىسى تەيىنلىگەن مېھمانبېشى: «بۈگۈن بۇ يەردە قەدىرلىك ساھىبخانا××× نىڭ ھىممىتى بىلەن باغ مەشرىپى ئۆتكۈزۈلىدۇ. ھازىر مەشرەپ باشلاندى» دەپ ئېلان قىلىدۇ. مۇغەننىيلەر نەغمە باشلايدۇ. ئارقىدىن ناخشا، ئۇسسۇل، لەتىپە، چاقچاق، قىزىقچىلىق قاتارلىق نومۇرلار ئورۇنلىنىدۇ. باغ مەشرىپى ئادەتتە بىر كۈن داۋام قىلىدۇ. شۇڭا، مېھمانلارغا كەم دېگەندە ئىككى ۋاق داستىخان سېلىنىدۇ. باغ مەشرىپىدىكى ئەڭ گەۋدىلىك ئالاھىدىلىك ئىككى تۈرلۈك بولۇپ، بىرسى مەشرەپ چوقۇم مۇقام بىلەن باشلىنىدۇ. ئۇن ئىككى مۇقامدىن بىرسى تولۇق ئورۇنلىنىدۇ ياكى بىر قانچە مۇقامدىن پارچىلار ئورۇنلىنىدۇ. ئاندىن باشقا نومۇرلار ئورۇنلىنىدۇ. يەنە بىرى توپۇق ئويۇنى ئويناش ھېسابلىنىدۇ. توپۇق ئويۇنىنىڭ قىسقا مۇددەتلىك ۋە ئۇزۇن مۇددەتلىك ئىككى خىل شەكلى بار. باغ مەشرىپىدە ئومۇمەن قىسقا مۇددەتلىك توپۇق ئويۇنى ئوينىلىدۇ.

باغ مەشرىپىدىكى ئاخىرقى قېتىملىق داستىخاندا ساھىبخان شورپا، كاۋاپ ياكى پولوغا بېسىپ پىشۇرۇلغان توپۇق سۆڭىكى بار بىر پارچە گۆشنى ئۆزى ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان كىشىگە ئۇدۇللاپ غىزا بىلەن قويىدۇ. توپۇق سۆڭىكى بار گۆش ئۆزىگە كەلتۈرۈلگەنلىكىنى شۇ مېھمان بايقاپ ئالالىسا، شۇنداقلا مەشرەپ بەرگۈسى بولسا ئۇندىمەي سۈكۈت قىلىدۇ. ئەگەر يېقىن ئارىدا مەشرەپ بېرىشكە شارائىتى يار بەرمىسە، شۇ بىر پارچە گۆشنى ئۆزى ئەڭ يې-

ئۆي مەشرىپىنىڭ ۋاقتى ئۇزۇن بولۇپ، ئادەتتە ئۈچ ـ تۆت سائەت داۋام قىلىدۇ. بەزىدە بىر كۈن ياكى بىر كېچە داۋام قىلىدىغان ئەھۋاللارمۇ بولىدۇ. ئومۇمەن مۇقەددىمە بىلەن باشلاش مۇقىم قائىدە بولغاندىن سىرت، مەشرەپتە ئورۇنلىنىدىغان نومۇرلار ۋە ئۇلارنىڭ رەت ـ تەرتىپى جەھەتتە مۇقىم قائىدە بولمايدۇ. نومۇرلارنى مېھمانىبېشى سازەندىلەر ۋە نومۇر كۆرسەتكۈچىلەرنىڭ ئىقتىدارى، خاھىشى ۋە سورۇن ئەھلىنىڭ تەلەپ ـ ئىلتىماسلىرىغا ئاساسەن بېكىتىدۇ. مەزمۇنى ئىنتايىن مول بولۇپ، ئۇسسۇل ئويناش، ناخشا ئوقۇش، راۋاب قوشاق، مۇزىكىلىق داستان، لەپەر (ئېيتىشىش)، لەتىپە ئېيتىش، قىزىقچىلىق، ئىپتىدائىي تىياتىر نومۇرلىرىنى ئويناش قاتارلىق تۈرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

4) ئۆي قۇتلاش مەشرىپى

بۇ، يېڭى ئۆي سالغان كىشىلەر ئۆي كۆچكەندىن كېيىن ئۇيۇشتۇرىدىغان مەشرەپ بولۇپ، يېقىن تۇغقان، دوست ـ ئاغىنىلىرى ۋە سازەندىلەرنى چاقىرىپ مېھمان قىلىدۇ. مېھمانلار چىنە ـ قاچا، ئاپتۇۋا ـ چىلاپچا، يوتقان تېشى ياكى نەق پۇل قاتارلىق نەرسىلەرنى سوۋغات قىلىپ يېڭى ئۆينى مۇبارەكلەيدۇ. ئاندىن مەشرەپ ئوينىلىدۇ. يېڭى ئۆي سالغانلارنىڭ ھەممىسى مەشرەپ بېرىشى شەرت ئەمەس، ئىختىيار قىلغانلارلا مەشرەپ بېرىدۇ. ئۆي قۇتلاش مەشرىپى بېرىشتە، يېڭى ئۆينى قۇتلۇقلاپ كېلىدىغان ئۇرۇق ـ تۇغقان، دوست ـ بۇرادەرلەرگە ئايرىم ـ ئايرىم داستىخان سېلىپ كۈتۈۋېلىش ئاۋارىچىلىقىدىن ۋە ۋاقىت جەھەتتىكى جىددىيلىكتىن ساقلىنىش، شۇنداقلا ئۇلارغا يېڭى ئۆينى تونۇۋېلىش ئىمكانىيىتى يارىتىپ بېرىش مەقسەت قىلىنىدۇ. شۇڭا، بۇ خىل مەشرەپكە چاقىرىلمىغانلار كەلمەيدۇ. مەشرەپ ۋاقتى ئانچە ئۇزۇن بولمايدۇ. مەشرەپ جازالىرىمۇ قوللىنىلمايدۇ. نەغمە، ناخشا، ئۇسسۇل قاتارلىق نومۇرلار ئورۇنلىنىپ، يېڭى ئۆي كۆچكۈچىگە بولغان ياخشى تىلەكلەر ئىزھار قىلىنىدۇ.

5) باغ مەشرىپى

بۇ كۆپىنچە ياز ۋە كۈز پەسىللىرىدە، باغلاردىكى مېۋىلەر پىشقاندا باغ ئىگىسى تەرىپىدىن بېرىلىدىغان مەشرەپ بولۇپ، باغ ئىگىد-

سارا خەتمە مەشرىپىنىڭ باشلىنىش ۋاقتى ۋە ئورنىنى يۇرت كاتـ.
تىلىرى بېكىتىدۇ. سارا خەتمە باشلانغان كۈنى كەنتلەردىكى ھەممە
ئائىلىلەر ئۆزىنىڭ تېرىلغۇ يېرى ئۈستىگە كېلىپ تۇپىنى كولاپ
ئوچاق ياساپ تاماق ئېتىدۇ. ھەر ئائىلە ئۆزىنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋا.
لىغا قاراپ، شارائىتى بارلىرى قوي ئۆلتۈرۈپ قان قىلىدۇ. بەزىلىرى
توخۇ ـ توشقان ئۆلتۈرىدۇ. بۇنىڭغا قۇربى يەتمىگەنلەر قان قىلمى.
سىمۇ بولىدۇ. لېكىن چوقۇم قازان ئېسىپ دالا تامىقى ئېتىدۇ. ئاد.
دىن ئېتىزغا داستىخان سېلىپ ئائىلە بويىچە غىزالىنىدۇ. ھەر كىم
ئۆزى ئەتكەن تاماقتىن چوقۇم ئۆزىنىڭ قوشنىلىرىغا بىر قاچا تاماق
سۇنىدۇ. غىزالىنىپ بولغاندا ئائىلە بويىچە قۇرئان ئوقۇش، خەتمە
ئوقۇش، ھۆكمەت ئوقۇش، ئاندىن شۇ يىللىق ھاۋا، سۇنىڭ ياخشى
بولۇشى، ھوسۇلنىڭ مول بولۇشى، يۇرت ـ مەھەللىنىڭ ئامان بولۇ.
شىنى تىلەپ دۇئا قىلىش پائالىيەتلىرى ئېلىپ بېرىلىدۇ. بۇنداق تە.
لەك تىلەش پائالىيىتى ئېتىزدا ئېلىپ بېرىلىدىغانلىقى ئۈچۈن
«سەھرا خەتمە» دەپ ئاتالغان. تىلغا ئاسان بولۇش ئۈچۈن بەزى بو.
غۇملار قىسقىراپ «سارا خەتمە» شەكلىگە كېلىپ قالغان.

سارا خەتمە كۈنى ئائىلىلەر بويىچە ئېتىزدا تىلەك تىلەش ئا.
ياغلاشقاندىن كېيىن، كۆپىنچە ئادەملەر ئەتىيازلىق تېرىلغۇ ئىشلى.
رىغا كىرىشىپ كېتىدۇ. ئىختىيار قىلغان بىر بۆلۈك ئادەملەر يۇرت
كاتتىلىرى تەرىپىدىن بېكىتىلگەن بىر پارچە ئېتىزلىققا يىغىلىپ
مەشرەپ ئۆتكۈزىدۇ. بۇ خىل مەشرەپ سارا خەتمە كۈنى ئېلىپ بې.
رىلىدىغانلىقى ئۈچۈن «سارا خەتمە مەشرىپى» دەپ ئاتالغان. سارا
خەتمە مەشرىپىدە يۇرت ئاقساقاللىرى مېھمانبېشى بولىدۇ. مەشرەپ
باشلىنىش ئالدىدا مېھمانبېشى نورۇزنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى، تې.
رىلغۇنىڭ باشلانغانلىقىنى جاكارلاپ، تېرىلغۇ ۋە ھوسۇلنىڭ ياخشى
بولۇشى، كۆپچىلىكنىڭ بەخت ـ سائادەتلىك بولۇشىنى تىلەپ سۆز
قىلىدۇ. ئاندىن سارا خەتمە مەشرىپى باشلانغانلىقىنى ئېلان قىلىدۇ.
سارا خەتمە مەشرىپى ئۈچ تۈرلۈك پائالىيەتتىن تەركىب تاپىدۇ:
بىرسى مۇغەننىيلەر مۇقام، نەغمە نومۇرلىرىنى ئورۇنلايدۇ. كۆپچى.
لىك ئۇسسۇل ئويناپ ناخشا ئېيتىدۇ. لەتىپە ـ چاقچاق، قىزىقچى.

قىن ئۆتىدىغان باشقا بىر كىشىگە بېرىدۇ. قايسى مېھمان توپۇق سۆڭىكى بار گۆشنى بايقاپ ئالالماي، ياكى بايقىسىمۇ مەشرەپ بېرىشنى ئىختىيار قىلىپ، ساھىبخانا غىزاغا تەكلىپ قىلغاندىن كېيىن، شۇ گۆشتىن بىر لوقما چىشلىسە، پەيت كۈتۈپ تۇرغان ساھىبخانا شۇ كىشىگە قاراپ: «توپۇق كەتتى» دەپ جاكارلايدۇ. ھەمدە بىر ھەپتە ياكى 10 كۈن دېگەندەك ۋاقىت چېكىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئۇ مېھمان: «ھېساب، پالانى كۈنى مېنىڭ بېغىمغا مەشرەپكە تەكلىپ» دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن كېلەر قېتىملىق مەشرەپ ۋاقتى ۋە ئورنى بېكىتىلگەن بولىدۇ(بۇ ھازىرقى تېلېۋىزىيە مەشرەپلىرىدىكى تەلەي قاپقىدىن چەك تارتىپ كېيىنكى مەشرەپ ئورنىنى بېكىتكەنگە ئوخشايدۇ). بۇنداق قىسقا مەزگىللىك توپۇق ئويۇنىدا، ۋاقىت چېكى ئادەتتە ئىككى ھەپتىدىن ئاشمايدۇ. كېلەر قېتىملىق مەشرەپنى ئۈستىگە ئالغان ساھىپخانا شۇ سورۇندىكى ئۆزى خالىغان كىشىلەرنى ۋە ئۆزىنىڭ باشقا يېقىن دوست ـ بۇرادەرلىرىنى چاقىرىپ، ئۆزى ئەھدە قىلغان ۋاقىتتا باغ مەشرىپى ئۆتكۈزۈپ بېرىدۇ. ئۇ مەشرەپتە يەنە ئوخشاش ئۇسۇل (توپۇق ئويۇنى) ئارقىلىق ئۇنىڭدىن كېيىنكى قېتىملىق مەشرەپنىڭ ئورنى ۋە ۋاقتى بېكىتىلىدۇ. بۇنىڭدا ئەھدە قىلىنغان ۋاقىتتا مەشرەپ بېرىلگەندىن كېيىن، توپۇقنىڭ رولى تۈگەيدۇ. شۇنداق قىلىپ باغ مەشرىپى بىر ـ بىرىگە ئۇلىنىپ داۋام قىلىدۇ.

6) سارا (سەھرا)خەتمە مەشرىپى

بۇ، نورۇز مەشرىپى بولۇپ، ھەر يىلى چوكانتاللار ياشىرىپ دەل ـ دەرەخلەر چېچەك ئاچقان، يېڭى يىللىق تېرىلغۇ باشلىنىش ئالدىدا تۇرغان ۋاقىتتا ئېتىزلىقتا ئۆتكۈزۈلىدۇ. لېكىن، نورۇزنى قۇتلۇقلاپ ئۆتكۈزۈلىدىغان سارا خەتمە مەشرىپى بىرەر ناھىيە بويىچە ئېيتقاندا شۇ ناھىيەدىكى بىر قانچە يېزا ـ كەنتتە نورۇز كۈنى ئۆتكۈزۈلىدۇ. قالغان يېزا ـ كەنتلەردە جۇغراپىيەلىك ئورنىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى، تېرىلغۇ باشلىنىش ۋاقتىنىڭ ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇش تەرتىپى بويىچە سەركەش قىلىنىپ، 20 كۈنگىچە سوزۇلىدۇ (يەنى مىلادىيە بويىچە 4 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنلىرىگە قەدەر داۋاملىشىدۇ).

بىرسى سودىنىڭ ئەن (تېز، راۋان) بولۇشى ئۈچۈن مۆتىۋەرلەر، تۇغقانلارنىڭ دۇئاسىنى ئېلىش مەقسەت قىلىنىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇ بىر خىل ئېلان- تەشۋىقات خاراكتېرىنى ئالغان مەشرەپتۇر. كۆزلەگ مەشرەپنىڭ چىقىمىنى قوغۇنچى ئۆز ئۈستىگە ئالىدۇ. ۋاقتى ئۇزاق بولمايدۇ. نەغمە، ئۇسسۇل، لەتىپە- چاقچاق قاتارلىق ئويۇنلار ئوينىلىدۇ. جازا بېرىش ئويۇنلىرى ئوينالمايدۇ.

**8) سەيلە مەشرەپلىرى**

خوتەندە مەشھۇر قەبرىگاھ، مەشھۇر يادىكارلىقلار ۋە مەنزىرىلىك جايلارنى تاۋاپ قىلغاچ كۆڭۈل ئېچىش ئادەتكە ئايلانغان بولۇپ، ئۇزۇن زامانلاردىن بېرى داۋام قىلىپ كەلگەن. شۇ ئاساستا مەشھۇر سەيلىگاھلار ۋە سەيلە مەشرەپلىرى بارلىققا كەلگەن. بۇلاردىن ئاساسلىقلىرى تۆۋەندىكىچە:

**(1) ئىمامى ئاسىم سەيلىسى ۋە بوران مەشرىپى.** ئىمامى ئاسىم سەيلىسى ئىمامى ئاسىم مازىرى ئەتراپىدا بولىدۇ. بۇ مازار لوپ ناھىيەسى جىيا يېزىسىنىڭ 10 كىلومېتىر شىمالىدىكى كەنت ياقىسىدىكى قۇملۇققا جايلاشقان.

ئىمامى ئاسىم سەيلىسى ھەريىلى 4 ـ ، 5 ـ ئايدىكى ھەر ھەپتىنىڭ چارشەنبىدىن جۈمە كۈنىگىچە بولغان ۋاقىتتا داۋام قىلىدۇ. سەيلە پائالىيىتى مەقبەرىنى تاۋاپ قىلىش، مەسچىتتە ناماز ئوقۇش، دۇئا ـ تىلاۋەت قىلىش، چار بازار قىزىتىش، چېلىشىش، كۆڭۈل ئېچىش قاتارلىق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ مازارنىڭ تەسىرى ناھايىتى چوڭ بولۇپ، سەيلە مەزگىلىدىكى چارشەنبە، پەيشەنبە كۈنلىرى جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن مىڭلىغان ئەر ـ ئايال سەيلىچىلەر بۇ جايغا كېلىدۇ. شىمالىي شىنجاڭدىن كېلىدىغانلارمۇ بار. سەيلىچىلەر ئەڭ كۆپ بولغاندا نەچچە ئون مىڭ كىشىدىن ئېشىپ كېتىدۇ.

سەيلىچىلەر پەيشەنبە كۈنى ئەڭ كۆپ يىغىلىدۇ. سەيلە پائالىيىتىنىڭ تەرتىپى ھەققىدە ئېنىق بىرەر قائىدە يوق. ئومۇمەن، سەيلىچىلەر بۇ يەرگە كەلگەندىن كېيىن ئىمامى ئاسىم مەقبەرىسىنى

لىق قىلىپ، كۆڭۈل ئاچىدۇ. ئىككىنچىسى، شائىرلار ئۆزى ئىجاد قىلغان شېئىر ۋە بۇرۇندىن قېپقالغان نورۇز بېيىتلىرىنى دېكلا-ماتسىيە قىلىدۇ. ئۈچىنچىسى، ياغاچچى، تۆمۈرچى، گىلەمچى، كە-گىزچى قاتارلىق ھەر خىل ھۈنەرۋەنلەر ئۆزلىرى يېڭى ياسىغان ياكى ئىسلاھ قىلغان دېھقانچىلىق سايمانلىرى، تۇرمۇش بويۇملىرى قاتار-لىق مەھسۇلاتلىرىنى نەق مەيدانغا ئېلىپ كېلىپ تونۇشتۇرىدۇ. شۇ مەھسۇلاتلارنى ياقتۇرغانلار شۇ يەردىلا سېتىۋالىدۇ. سودىگەرلەر زاكاز بېرىدۇ. دېمەك سارا خەتمە مەشرىپى نورۇزنى قۇتلۇقلاپ كۆ-ڭۈل ئېچىش، شېئىر ـ بېيىت ئوقۇش، قول ھۈنەر مەھسۇلاتلىرىنى يەرمەنكە قىلىش بىر گەۋدىلەشتۈرۈلگەن ئاممىۋى پائالىيەتتۇر. سارا خەتمە مەشرىپىدە ھەر كىم ئۆزى غىزالىنىپ كېلىدۇ. جازا ئو-يۇنلىرى ئوينالمايدۇ.

7) كۈزلەگ مەشرىپى

بۇ، ياز پەسلىدە قوغۇن ـ تاۋۇزنىڭ باش بۇرنى پىشقاندا ئۆتكۈزۈ-لىدىغان مەشرەپ بولۇپ، قوغۇن ـ تاۋۇز تېرىغان دېھقانلار قوغۇن-لۇقتا يېتىپ قوپۇش، قوغۇنلۇقنى كۈزەت قىلىش ئۈچۈن، قوغۇن-لۇقنىڭ مۇۋاپىق جايىغا بىر نەچچە تال بادرا ياغاچ ۋە شاخ ـ شۇمە-بىلار بىلەن ئاددى ساتما (لاپاس) ياسايدۇ. بۇنداق ساتما «كۈزلەگ» دەپ ئاتىلىدۇ. قوغۇننىڭ باش بۇرنى پىشىپ بازارغا سېلىنىش ئالدىدا قو-غۇنچى يۇرت مۆتىۋەرلىرى، يېقىن تۇغقان، ئاغىنىلىرىنى ۋە مۇغەن-نىيلەرنى مەشرەپكە چاقىرىدۇ. مېھمانلار ئاۋۋال كۈزلەگكە يىغىلىدۇ. قوغۇنچى ئۇلارنى قوغۇن ـ تاۋۇز بىلەن مېھمان قىلىدۇ. مېھمانلار ھوسۇلنىڭ مول بولۇشى، سودىنىڭ ياخشى بولۇشىنى تىلەپ دۇئا قى-لىدۇ. ئاندىن قوغۇنچى مېھمانلارنى ئۆز ئۆيىگە باشلاپ بېرىپ باشقا غىزالار بىلەن مېھمان قىلىدۇ. ئارقىدىن مەشرەپ ئۆتكۈزۈلىدۇ.

بۇ خىل مەشرەپ ئاۋۋال كۈزلەگدە مېھمان بولۇشتىن باشلانغان-لىقى ئۈچۈن «كۈزلەگ مەشرىپى» دەپ ئاتالغان. كۈزلەگ مەشرىپى بىرىشتە بىرسى قوغۇن ـ تاۋۇزنىڭ پىشقانلىقىنى جاكارلاش، يەنە

بوران مەشرىپىنىڭ ۋاقتى مۇقىم بولمايدۇ، بەزىدە بىر كۈن، بىر كېچە داۋام قىلىدۇ، بەزىدە بىر قانچە سائەت داۋام قىلىدۇ.بەزىدە ئۈزۈلۈپ ـ ئۈزۈلۈپ داۋام قىلىدۇ. مەشرەپ ئويۇشتۇرغۇچى ۋە سازەندىلەرمۇ مۇقىم بولمايدۇ، ئالدىرىغانلار كېتىپ قالىدۇ، باشقا يېڭى كەلگەن سازەندىلەر قوشۇلۇپ تۇرىدۇ، كۆپىنچە مۇقام، داستان ئورۇنلىنىدۇ. ئارىلاپ ئارىلاپ يەككە ساز بىلەن ماھارەت كۆرسىتىش بولۇپ تۇرىدۇ. تاماشىبىنلارمۇ ناھايىتى كۆپ بولىدۇ. بۇ مەشرەپتە داستىخان سېلىنمايدۇ. ھەركىم چار بازاردا ئۆز ئالدىغا غىزالىنىدۇ.

**(2) ئۇجمە مازار سەيلىسى ۋە ئۇجمە مەشرىپى.** ئۇجمە مازار لوپ ناھىيە سامپۇل يېزىسىنىڭ ئاچچىق كەنتىگە جايلاشقان. ناھىيە بازىرىنىڭ جەنۇبىدىن 70 نەچچە كىلومېتىر كېلىدۇ. بۇ كەنت خوتەندىن چىرا ناھىيەسىنىڭ تاغ رايونىغا تۇتشىدىغان تاغلىق يول بويىدا بولۇپ، ئۇجمە مازار يول بويىدىكى تاغ باغرىغا جايلاشقان. تاغ تۆۋىنىدىكى جىرادا ئۈزۈلمەي سۇ ئېقىپ تۇرىدۇ. ئەتراپتا مەھەللىلەر، ئاسمان ـ پەلەك قەدىمكى تېرەك، ئۇجمە، سۆگەت دەرەخلىرى بار.

ئۇجمە مازارنىڭ تارىخى ئۇزۇن، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى مۇسۇلمانلار ئارىسىدا تەسىرى چوڭ. بۇ جايغا ھەر يىلى 5 ـ ئايدىن 9 ـ ئايغىچە بولغان ئارىلىقتا نۇرغۇن تاۋاپچىلار كېلىدۇ.

بۇ مازار توغرىسىدا كىشىنى تەسىرلەندۈرىدىغان رىۋايەتلەر بار. بۇ مازاردا مەسچىت ۋە تاۋاپچىلار قونىدىغان بىر ئېغىزلىق كىچىك ئۆي بار. بۇ مازارغا كېلىدىغان سەيلىچىلەر 7 ـ ئايدا ئەڭ كۆپ بولىدۇ. سەيلى پائالىيىتى ئۇجمە مازار غوجام قەبرىگاھىنى تاۋاپ قىلىش، مەسچىتتە ناماز ئوقۇش، دۇئا ـ تىلاۋەت قىلىش، ۋائىزلىق، مەشرەپ قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ يەردە ئۆتكۈزۈلىدىغان مەشرەپ «ئۇجمە مەشرىپى» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇجمە مەشرىپىنىڭ تەشكىللىنىشى، مەزمۇنى، مەشرەپچىلەر ۋە ئۇلارنىڭ غىزالىنىشى قاتارلىقلار ئىمامى ئاسىم سەيلىسىدىكى بوران مەشرىپىدىكە-

تاۋاپ قىلىپ دۇئا قىلىدۇ. مەسچىتتە ناماز ئوقۇيدۇ. سەنسىۋىلنىڭ قەبرىسىگە لەنەت ئوقۇيدۇ. ئاندىن ھەر كىم ئۆزى خالىغان پائالىيەتكە مەشغۇل بولىدۇ. يەنى تەقۋادار كىشىلەر دۇئا ـ تىلاۋەت بىلەن مەشغۇل بولىدۇ. ناماز شامدىن تۈن نىسپىگىچە سوپىلارنىڭ يېتەكچىلىكىدە ھەلقە قىلىدۇ. تۇغمىغان ئاياللار مازار يېنىدىكى قەدىمىي چوڭ توغراق تۈۋىگە بېرىپ، قىز پەرزەنت تەلەپ قىلسا توغراق غولىغا يىڭنە، ئوغۇل پەرزەنت تەلەپ قىلسا پىچاق سانجىپ قويۇپ، دۇئا ـ تىلاۋەت قىلىدۇ. توغراقنىڭ يۇقىرىسىدىكى قۇم بارخىنىدا بالا تەلەپ قىلىدىغان ئاياللار يۇقىرىدىن تۈۋەنگە ئۈچ قېتىم دۇمىلايدۇ. قېيىنئانىلىرى كېلىنلىرىنى، ئانىلىرى ياتلىق بولۇپ تۇغمىغان قىزلىرىنى دومىلىتىدۇ. كۆپ ساندىكى سەيلىچىلەر قەبرىنى تاۋاپ قىلغاندىن كېيىن، تاۋاپگاھنىڭ بىر كىلومېتىر جەنۇبىدىكى قۇملۇق بىلەن كەنت تۇتاشقان جايدىكى چار بازارغا بېرىپ باشقا پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

ھەر چارشەنبە، پەيشەنبە كۈنلىرى خوتەن، لوپ ۋە يېقىن ئەتراپتىكى يېزىلاردىن يۈزلىگەن قاسساپلار، ئاشپەز ـ ناۋايلار، باققاللار، راخاپچىلار، كاۋاپچىلار، تېۋىپ ـ دورىۋالچىلار، چەرچىنمال، گەزمال سودىگەرلىرى بۇ يەرگە كېلىپ دۇكان، يايما ئاچىدۇ. سەيلىچىلەر تاۋاپتىن يېنىپ بۇ يەردە بازار قىزىتىدۇ. يۇرت ـ يۇرتتىن كەلگەن چېلىشچىلار كۈنبويى مۇسابىقە شەكلىدىكى چېلىشىش پائالىيىتى ئېلىپ بارىدۇ. ۋائىزلار مەدداھلىق قىلىدۇ. داستانچىلار داستان ئوقۇيدۇ. ئەلنەغمىچىلەر مەشرەپ قىزىتىدۇ. خوراز چوقۇشتۇرۇش، قوچقار ئۈسسۈشتۈرۈش پائالىيەتلىرىمۇ بولىدۇ.

بۇ يەردە ئېلىپ بېرىلىدىغان سەيلە پائالىيىتى بوران كۆپ چىقىدىغان پەسىلگە توغرا كېلىدىغانلىقى ۋە سەيلىچىلەر بوراندا قالىدىغان ئىشلار دائىم كۆرۈلۈپ تۇرىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئىمامى ئاسىم سەيلىسىدە بولىدىغان مەشرەپ «بوران مەشرىپى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

لىقنى ئېلان قىلغاندىن كېيىن، مۇقام پارچىلىرى ئورۇنلىنىدۇ. لەتىپە، چاقچاق، قىزىقچىلىق نومۇرلىرىمۇ كەم بولمايدۇ. ئاخىرىدا مېھمانلار ساھىبخانىلارغا رەھمەت ئېيتىپ، ئۇلارنى ئۆز ئۆيلىرىگە مېھمان بولۇپ بېرىشقا چىللايدۇ.

شاپتۇل سەيلىسىنىڭ ۋاقتى خېلى ئۇزۇن بولۇپ، 8 ـ ئايدا شاپتۇل پىشقاندىن تارتىپ، 10 ـ ئايدا شاپتۇل پىشىپ تۈگىگەنگە قەدەر داۋام قىلىدۇ.

(4) سەھۋالىم سەيلىسى ۋە مۇسەللەس مەشرىپى. سەھۋالىم — خوتەن ناھىيە لايقا يېزىسىنىڭ جەنۇبىي چېتىدىكى بىر جاينىڭ نامى بولۇپ، قاراقاش دەرياسىنىڭ تاغ ئارىسىدىن بوستانلىققا چىقىش ئېغىزىنىڭ شەرقىي چېتىگە جايلاشقان. جەنۇب تەرىپى شېغىللىق تاغقا تۇتىشىدۇ. غەرب تەرىپىدە قاراقاش دەرياسى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. قالغان ئىككى تەرىپى ئېكىنزارلىق بولۇپ، قاراقاش دەرياسىدىن خوتەن بوستانلىقىغا سۇ باشلايدىغان چوڭ ئۆستەڭ مۇشۇ يەردىن ئېقىپ ئۆتىدۇ.

سەھۋالىم سەيلىسى مانا شۇ سەھۋالىم مەنزىرىلىك رايونى ۋە كۆھمارىم غارىدا ئېلىپ بېرىلىدىغان سەيلە ـ تاۋاپ پائالىيىتى بولۇپ، 8 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا باشلىنىپ، 10 ـ ئاينىڭ باشلىرىغا قەدەر داۋام قىلىدۇ. 9 ـ ئايدا تازا ئەۋجىگە چىقىدۇ. بۇ مەزگىل ئىچىدىكى ھەر پەيشەنبە كۈنى پۈتۈن خوتەن رايونى، شۇنىڭدەك قەشقەر، چەرچەن قاتارلىق جايلاردىن كەلگەن مىڭلىغان سەيلىچىلەر بۇ يەرگە يىغىلىدۇ. كۆپ بولغاندا نەچچە ئونمىڭ كىشىدىن ئېشىپ كېتىدۇ. بۇ يەردە خۇددى ئىمامى ئاسىم سەيلىسىدىكىگە ئوخشاش بازار قىزىيدۇ. ۋائىزلار مەدداھلىق قىلىدۇ. داستانچىلار داستان ئوقۇيدۇ. چېلىشىش سورۇنلىرىدا چېلىشىش بولىدۇ. بەزىدە دارۋازلارمۇ ماھارەت كۆرسىتىدۇ. ئەلنەغمىچىلەر مەشرەپ قىلىدۇ. تەقۋادارلار كۆھمارىم غارىغا بېرىپ ئىبادەت قىلىدۇ، دەردمەن، ھاجەتمەنلەر كۆھمارىم غارىدا دۇئا ـ تەلەپ قىلىدۇ.

گە ئاساسەن ئوخشايدۇ.

(3) شاپتۇل سەيلىسى ۋە شاپتۇل مەشرىپى. كېرىيە ناھىيە بازىرىنىڭ شەرقىي تەرىپىگە 30 كىلومېتىر كېلىدىغان جايدىكى ئويتوغراق يېزىسىدا شاپتۇل كۆپ ئۆستۈرۈلىدۇ. بولۇپمۇ بۇ يەرنىڭ كۆك شاپ- تۇلى چوڭ، ئىنتايىن سۇلۇق، تاتلىق ۋە شىرىن بولۇپ، ۋىلايەت بو- يىچە داڭقى بار. ھەريىلى 8 - ئايدا كۆك شاپتۇل پىششىقىدا بۇ يەر- دە شاپتۇل سەيلىسى بولىدۇ. شاپتۇل سەيلىسىدە كېرىيە ناھىيە با- زىرى ۋە ئەتراپتىكى يېزا - كەنت ئاھالىلىرى ئائىلە بويىچە ئات - ئۇلاغلارغا مىنىپ ياكى قاتناش قوراللىرىغا ئولتۇرۇپ، ئۆزىنىڭ ئويتوغراق يېزىسىدىكى ئۇرۇق - تۇغقان، دوست - بۇرادەرلىرىنىڭ ئۆيىگە مېھمان بولۇپ كېلىدۇ. ئۆي ئىگىسى ئۇلارنى قىزغىن كۈتۈ- ۋېلىپ مېھمان قىلىدۇ. مېھمانلارغا ئاۋۋال كۆك قوناق ئېشى بىلەن داستىخان سېلىنىدۇ.

قوناق ئېشى ئىنتايىن مەززىلىك تاماق تۈرى بولۇپ، تولغان كۆك قوناقنىڭ دانلىرى پىچاق ئارقىلىق قىرىۋېلىنغاندىن كېيىن كاسىغا سېلىپ تاش بىلەن يومشاق سوقۇلىدۇ. ئاندىن سىقىپ كىراخمال سۈيى ئايرىۋېلىنىدۇ. قازانغا سۇ قۇيۇپ، ئۇششاق توغرال- غان گۆش، ئاش كاۋىسى، شوخلا سېلىپ قاينىتىپ پىشۇرۇلىدۇ. ئاندىن كۆك قوناق كىراخمالى قازانغا قۇيۇلۇپ ئاستا ئوتتا قاينى- تىپ پىشۇرۇلىدۇ. ئاش پىشاي دېگەندە توغرالغان كۆك لازا سېلى- نىدۇ. قوناق ئېشىدا كۆك قوناق ھىدى ئىنتايىن كۈچلۈك بولىدۇ، بەكمۇ مەززىلىك، سىڭىشلىك بولىدۇ.

قوناق ئېشىدىن كېيىن، مېھمانلار شاپتۇل ۋە گۆش شورپىسى بىلەن مېھمان قىلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن، شۇ كۈنى شاپتۇل سەي- لىسىگە كەلگەن بىر قانچە ئائىلە كىشىلىرى ئالدىن كېلىشىۋالغى- نى بويىچە بىرەر ئايۋان ياكى شاپتۇللۇق باغقا يىغىلىپ مەشرەپ قىلىدۇ. بۇ مەشرەپ «شاپتۇل مەشرىپى» دەپ ئاتىلىدۇ. شاپتۇل مەشرىپىنىڭ مەزمۇنى مول بولۇپ، مېھمانبېشى مەشرەپ باشلانغان-

ئوزۇق ۋە يېپىنچا ئېلىۋالىدۇ. قۇربى يېتىدىغانلار ئات - ئۇلاغ ئېلىۋالىدۇ. ئات - ئۇلاغلارغا يۈك ئارتىپ، ئۆزلىرى پىيادە ماڭىدۇ. يولغا چىقىش ئالدىدا ماڭىدىغان يول ئۈستىدىكى يېزا - كەنتلەردىكى مۇقامچى ئاشىقلارغا خەۋەر قىلىشقا ئالدىن بارىدىغان ئادەم ئەۋەتىدۇ. سەيلىچىلەر يول ئۈستىدىكى جاڭگاللاردا تېزراق يۈرىدۇ. كەنتلەرگە كەلگەندە ھەممىسى سازلىرىنى ئېلىپ، مۇقام مۇزىكىلىرىنى چالغاچ مۇقام توۋلاپ كەنت ئارىلاپ ئاستا يۈرىدۇ. كەنت ئاھالىلىرى يول بويىدا تۇرۇپ مۇقام ئاڭلايدۇ. كۆپىنچە ئائىلىلەر نان - توقاچ، مېۋە - چېۋە، گۆش قاتارلىقلارنى سەدىقە قىلىدۇ. سەيلە بېشى ئورۇنلاشتۇرغان ئادەملەر بۇ نەرسىلەرنى تاپشۇرۇۋالىدۇ. ئېھتىياجلىقلىرىنى ئېلىپ قېلىپ، قالدىسىنى شۇ كەنتلەردىكى نامرات، ئاجىزلارغا سەدىقە قىلىپ بېرىدۇ. ئۇلار كېچىلىرى جاڭگالدا تۈنەيدۇ. ھەر قايسى يېزا - كەنتلەردىكى مۇقامچى ئاشىقلار خەۋەرچىلەردىن خەۋەر ئالغاندىن كېيىن، نان - سۇ، مېۋە - چېۋە، قوي قاتارلىقلارنى تەييارلاپ، سەيلىچىلەر چۈشكۈن قىلماقچى بولغان جاڭگالغا بېرىپ كۈتۈپ تۇرىدۇ. سەيلىچىلەر كەلگەندە قوي سويۇپ شورپا بىلەن كۈتۈۋالىدۇ. ئاندىن ھەممىسى جەملىشىپ مەشرەپ قىلىدۇ. بۇ مەشرەپ «جاڭگال مەشرىپى» دەپ ئاتىلىدۇ.

جاڭگال مەشرىپىدە ئاساسەن ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى ئورۇنلىنىدۇ. بەزىدە چاقچاق، قىزىقچىلىق نومۇرلىرىمۇ ئورۇنلىنىدۇ. شۇنداقلا ئۇيغۇر چالغۇ قوراللىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك چېلىنىدۇ. ئەتىسى يولغا چىقىدىغان ۋاقىتتا، شۇ ئەتراپتىكى يېزا - كەنتلەردىكى ئۆزى ئىختىيار قىلغان ئاشىقلار سەيلىچىلەرگە قوشۇلۇپ يولغا چىقىدۇ. خوتەندىن 30~40 ئاشىقلار بىللە يولغا چىقسا، نىياغا بارغاندا سەيلىچىلەر توپى 70~80 ئادەمگە بارىدۇ. ئۇلار نىيادىكى ئىمامى جەئفىرىم سادىق مازىرىنى تاۋاپ قىلغان ۋە شۇ يەردىكى ئاخىرقى بىر ئاخشاملىق مەشرەپنى ئۆتكۈزگەندىن كېيىن، ئەتىسى چوڭ يول بىلەن ئۆيلىرىگە قايتىدۇ.

سەھۋالىم سەيلىسى ئۇزۇملەر مەي باغلاپ پىشقان مەزگىلدە ئېلىپ بېرىلىپ، سەيلىدە ئەلنەغمىچىلەر بىر ياكى بىر قانچە يەردە سورۇن تۈزۈپ مەشرەپ قىزىتىدۇ. مۇقام، ناخشا، راۋاب قوشاقلىرى ئورۇنلىنىدۇ. مەشرەپ داۋامىدا ئۇلار ئۇزۇم يېيىشىدۇ، يېڭى ئۇزۇمدىن ئېچىتىلغان مۇسەللەس ئىچىدۇ. شۇڭا سەھۋالىم سەيلىسىدىكى مەشرەپ پائالىيىتى ئۇزۇم سەيلىسى «مۇسەللەس مەشرىپى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

مۇسەللەس مەشرىپىدە كۆپچىلىك كېڭىشىپ ساقىي تەيىنلەيدۇ. ساقىي ئەلنەغمىچىلەرگە نۆۋەت بىلەن مۇسەللەس تۇتۇپ بېيىت تەلەپ قىلىدۇ. بېيىت قايتۇرالمىغانلار جازالىنىپ، ئۈچ پىيالە مۇسەللەس ئىچىدۇ. ئۈچ قېتىم بېيىت قايتۇرالمىغانلار ئۇتتۇرغان ھېسابلىنىپ كېيىنكى ھەپتىسى مەشرەپ بېرىدۇ (ئاساسلىقى مۇسەللەس چىقىمىنى ئۈستىگە ئالىدۇ). سەھۋالىم مەشرەپلىرىدە مۇسەللەس ئىچىش ھەممىنىۋا ئادەمگە شەرت ئەمەس. مۇسەللەس ئىچمەيدىغان ئەلنەغمىچىلەر ئايرىم سورۇن تۈزۈپ مەشرەپ قىلىدۇ. مەشرەپچىلەر بازاردا ئۆز ئالدىغا غىزالىنىدۇ.

(5) جاڭگال سەيلىسى ۋە مۇقام مەشرىپى.بۇ خەلق مۇقام سەنئىتىگە چوڭقۇر ئىشتىياق باغلىغان سازەندىلەرنىڭ سەيلە پائالىيىتى بولۇپ، ئۇلار خەلق ئارىسىدا «ئاشىقلار» دېيىلىدۇ. ھەر يىلى 10 ـ ئاينىڭ بېشىدا خوتەن، قاراقاشتىكى ئاشىقلار ئۆز ئارا خەۋەرلىشىپ، ئىختىيار قىلغانلار توپلىشىپ سەيلىگە چىقىدۇ. ئاۋۋال يورۇڭقاش دەرياسىنى كېسىپ ئۆتۈپ، لوپ ناھىيەسىنىڭ جىيا يېزىسىدىكى ئىمامى ئاسىم مازىرىنى تاۋاپ قىلىدۇ. ئاندىن لوپ، چىرا، كېرىيە ناھىيەلىرىنىڭ ئاياغ تەرىپىدىكى جاڭگال تۇتاش يېزا ـ كەنتلەر ۋە ئادەمسىز جايلاردىكى جاڭگاللارنى بېسىپ ئۆتۈپ نىيا ناھىيەسىدىكى ئىمامى جەئفىرىم سادىق مازىرىغا بېرىپ تاۋاپ قىلىدۇ. بۇ سەيلە پائالىيىتى «جاڭگال سەيلىسى» دەپ ئاتىلىدۇ.

جاڭگال سەيلىسىگە چىققان ئاشىقلار ئۆزلىرى ساز قوراللىرى،

ھېسسىيات نەتىجىسىدە، خوتەنلىكلەر ئارىسىدا ھەر يىلقى تۇنجى قار ياغقان چاغدا قارلىق ئويۇنى ئويناش ئادىتى كېلىپ چىققان.

ئادەتتە، سوغۇق چۈشۈپ تۇنجى قار ياغقاندا، كىشىلەر قار مەنزىرىسىنى تاماشا قىلغاچ قارلىق ئويۇنى ئويناشتىكى ئوبيېكتىنى كۆڭلىدە بېكىتىدۇ ۋە قارلىق يېزىشقا كىرىشىدۇ. قارلىق كۆپىنچە بىر قانچە كۇپلېت قوشاق شەكلىدە يېزىلىدۇ. باش كۇپلېتى:

*قاردا قارلىق تاشلىدۇق،*
*يامغۇردا ياغلىق تاشلىدۇق.*
*تۇنجى قارنىڭ خۇشلىقىدىن،*
*بۇ ئويۇننى باشلىدۇق.*

دەپ يېزىلىپ، كېيىنكى كۇپلېتلىرىدا ئۇتتۇرۇۋەتكۈچى تەرەپ ئۇتقۇچىنى ۋە ئۇنىڭ قانچە ئاغىنىسىنى مېھمان قىلىشى ۋە مەشرەپ ئۆتكۈزۈپ بېرىشى تەلەپ قىلىنىدۇ. خاتىمىسى كۆپىنچە:

*تاپقىنى قوي ئۆلتۈرەر،*
*تاپالمىغىنى چۈجە خوراز.*
*تاپقىنى گۇل كەلتۈرەر،*
*تاپالمىغىنى بىر باش پىياز.*

دەپ يېزىلىدۇ. قارلىقنىڭ باش ـ ئاخىرى يۇقىرىقى نەزم بىلەن، ئوتتۇرىسىدىكى كونكرېت تەلەپ قىسمى نەسرى جۈملىلەر بىلەن يېزىلىدىغان شەكىللىرىمۇ بولىدۇ. قارلىق بىر ياكى بىر قانچە كىشىنىڭ نامىدا يېزىلىدۇ ۋە ئاخىرىغا ئىمزا قويۇلىدۇ.

قارلىق يېزىلىپ بولغاندىن كېيىن ئۇنى تاشلاش ۋاقتى تۇنجى قار ياغقان كۈنى ياكى ئەتىسى ئەتىگەندە بولىدۇ. قارلىقنى قارشى تەرەپكە يەتكۈزۈپ بېرىش — قارلىق تاشلاش دەپ ئاتىلىدۇ. قارلىقنى يازغان ئادەم ئۆزى تاشلىسىمۇ، دوستلىرى ئارقىلىق تاشلىسىمۇ، پىيادە

(9) خامان مەشرىپى

خامان مەشرىپى ئەمگەك مەشرەپلىرىنىڭ بىر خىلى بولۇپ، 10 ـ 11 ـ ئايلاردا قوناق ئاقلاپ خامان ئېلىشقا بىرلەشتۈرۈپ ئېلىپ بېرىلىدۇ. قوناق يىغىۋېلىنىپ خامانغا دۆۋىلەنگەندىن كېيىن، قار يېغىشتىن بۇرۇن قوناقنى تېز ئاقلاپ قۇرۇتۇشقا توغرا كېلىدۇ. شۇڭا، ئىلگىرى نەچچە ئون مو ياكى نەچچە يۈز مو يېرى بولغان بايلار تەرىپىدىن خامان مەشرىپى ئويۇشتۇرۇپ، يۇرتداشلارنىڭ كۈچىدىن پايدىلىنىپ قوناق ئاقلايدىغان ئادەت شەكىللەنگەن.

خامان مەشرىپىدە موقام پارچىلىرى، ناخشا، راۋاب قوشاق، داستان، ئىپتىدائىي تىياتىر، لەتىپە ـ چاقچاق، سۆزمەنلىك نومۇرلىرى ئورۇنلىنىدۇ. مەشرەپ سورۇنىنىڭ قولايسىزلىقى تۈپەيلىدىن ئۇسسۇل ئوينالمايدۇ. خامان مەشرىپى بىر كۈن ياكى بىر ئاخشام، ئاقلايدىغان قوناق بەك كۆپ بولسا، ئۇدا بىر قانچە كۈن داۋام قىلىدۇ. مەشرەپ ئويۇشتۇرغان باي مەشرەپ ئەھلىگە ھەر كۈنى ئادەتتىكىچە تاماق بەرگەندىن سىرت، مەشرەپچىلەرگە ئايرىم ئىش ھەققى بېرىدۇ، مەشرەپ كۆرگەچ قوناق ئاقلىشىپ بېرىدىغان يۇرتداشلارغا ئايرىم ئىش ھەققى بەرمەيدۇ. شۇنداق قىلىپ كۆپچىلىك قوناق ئاقلىغاچ مەشرەپ كۆرۈش ئارقىلىق كۆڭۈل ئاچىدۇ. بايلارمۇ ئازغىنە چىقىم بىلەن مەشرەپ بېرىش بەدىلىگە نۇرغۇن قوناق باشاقلىرىنى ناھايىتى تېز ئاقلاپ ئاپتاپقا يېيىش مەقسىتىگە يېتىدۇ.

1950 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا كوللېكتىپلىشىش يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، ئايرىم جايلاردا ئەترەتلەرنىڭ قوناق خامانلىرىدا خامان مەشرىپى ئۆتكۈزۈلىدىغان بولغان ۋە 70 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا قەدەر داۋاملاشقان.

(10) قارلىق ئويۇنى ۋە قارلىق مەشرىپى

خوتەن تولىمۇ قۇرغاق، ھۆل ـ يېغىن ئاز رايون بولغاچقا، خەلق قار يېغىشنى ۋە قارنى ياخشى كۆرىدۇ. قار ياغسا سۇ ئەلۋەك، ھوسۇل مول بولىدۇ، قار ياغقىنى بەرىكەت ياغقىنى دەپ قارايدۇ. مۇشۇنداق

قېچىپ قۇتۇلىدىغانلار كۆپ سانىنى تەشكىل قىلىدۇ. چۈنكى كىشىلەرنىڭ قايسى ۋاقىتتا قارلىق تاشلىشى ۋە قانداق ئۇستاتىلىقلارنى قىلىشىنى ئالدىن مۆلچەرلىگىلى بولمايدۇ.

قارلىق ئويۇنى ئادەتتە، ياش قۇرامى، ئائىلە ئەھۋالى ئوخشىشىپ كېتىدىغان، مۇناسىۋىتى قويۇق، يېقىن كىشىلەر ئارىسىدا ئوينىلىدۇ. ئۇ، دوستلۇقنى كۈچەيتىش، كىشىلەرنىڭ مۇناسىۋىتىنى قويۇقلاشتۇرۇش رولىنى ئوينايدۇ. كىشىلەر ئويۇننى باھانە قىلىپ، ئۆزىدىن ئاجىزلارنى، يېتىم ـ يېسىرلارنى بوزەك ئەتمەيدۇ. قارلىق، ئۆيدە ئەر كىشى يوق ئەھۋالدا تاشلانسا ھېسابقا ئېلىنمايدۇ. دېمەك بۇ ئويۇن باراۋەرلىك ئاساسىدا ئېلىپ بېرىلىدۇ. قارلىق ئويۇنىدا ئۇتتۇرغان تەرەپ، شۇ بىر نەچچە كۈن ئىچىدە ئۇتقۇچى تەرەپنى ۋە ئۇنىڭ دوست ـ بۇرادەرلىرىنى ئۆز ئۆيىگە چىللاپ مېھمان قىلىدۇ ۋە مەشرەپ ئۆتكۈزۈپ بېرىدۇ. بۇ مەشرەپ «قارلىق مەشرىپى» دەپ ئاتىلىدۇ. گەرچە قارلىقتا كالا، قوي ئۇلتۇرۇپ، قانچە خىل غىزا بىلەن كۈتۈۋېلىش كېرەكلىكى يېزىلىدىغان بولىسىمۇ (ئەمەلىيەتتە ئۇنداق بولۇشى ناتايىن)، زىياپەت يەنىلا ئۇتتۇرغۇچىنىڭ ئائىلە ئەھۋالى ۋە ئىختىيارلىقى بويىچە ئېلىپ بېرىلىدۇ. كىشىلەر بۇنىڭ بىلەن ھېسابلىشىپ ئولتۇرمايدۇ. قارلىق ئويۇنىدا ئاساسلىقى مۇشۇ باھانە بىلەن بىر يەرگە جەم بولۇپ كۆڭۈل ئېچىش مەقسەت قىلىنىدۇ.

قارلىق مەشرىپىدە ئۆي ئىگىسى تەيىنلىگەن بىر كىشى مېھماندېشى بولىدۇ. مۇقام پارچىلىرى ئورۇنلىنىدۇ. مۇزىكا تەڭكەشلىكىدە ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئويناش، لەتىپە ئېيتىش، چاقچاقلىشىش، قىزىقچىلىق قىلىش ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. بەزىدە جازا ئويۇنلىرىمۇ ئوينىلىدۇ. ئاخىرىدا مېھمانبېشى كۆپچىلىككە ۋاكالىتەن ئۆي ئىگىسىگە رەھمەت ئېيتىپ تارقىلىدۇ.

(11) ئوغلاق مەشرىپى

خوتەندە كەچ كۈزدىن باشلاپ كېيىنكى يىلى باھارغىچە بولغان ئارىلىقتا ئوغلاق تارتىشىش ئويۇنى ئويناش ئومۇملاشقان.

بارسىمۇ، ئات ـ ئۇلاغ مىنىپ بارسىمۇ بولىدۇ. قارلىق تاشلىغۇچى ئادەم ھەم قارلىقنى قارشى تەرەپكە يەتكۈزۈپ بېرىشى ھەم تۇتۇلۇپ قالماسلىقى كېرەك. شۇڭا، قارلىق تاشلاشقا چېچەن، چاققان ئادەم تاللىنىدۇ. قارلىق تاشلىغۇچى قارشى تەرەپنىڭ ئۆيىگە بارغاندىن كېيىن، بىرەر ئەپچىل باھانە ـ سەۋەب تېپىپ قارشى تەرەپنىڭ ئۆ-يىگە كىرىدۇ. ئۆي ئىگىسىنىڭ دىققەتسىزلىكىدىن پايدىلىنىپ، قار-لىقنى پىيالىنىڭ ئاستىغا، ياستۇقنىڭ تېگىگە ياكى ناننىڭ ئارىسىغا تىقىپ قويىدۇ. ئاندىن خوشلىشىپ قايتىشقا تەرەددۇت قىلىدۇ. ئۆي ئىگىسى ئىشىك ئالدىغا چىقىپ ئۇزىتىپ قويۇپ، كەينىگە بۇرۇلۇپ بىر قانچە قەدەم ئالغاندىن كېيىن، قارلىق تاشلىغۇچى: «قارلىق كەت-تى» دەپ توۋلايدۇ ھەمدە قارلىقنىڭ ئورنىنى دەپ قويۇپلا قاچىدۇ. بەزى كىشىلەرگە داۋاملىق خەت ـ چەك كېلىپ تۇرىدىغان ئىشلار بولسا، قارلىق تاشلىغۇچى قارلىقنى كونۋېرتقا سېلىپ، خەت ئېلىپ كەلگەن سىياقتا كىرىۋېلىپ ئۇنى بىۋاستە قارشى تەرەپنىڭ قولىغا بېرىدۇ ۋە ئۇزاپ سىرتقا چىققاندىن كېيىن گەپنىڭ راستىنى دەپ قويۇپلا قاچىدۇ. ئۆي ئىگىسى بۇ گەپنى ئاڭلىغان ھامان قارلىق تاش-لىغۇچىنى قوغلاپ تۇتۇۋېلىشقا تىرىشىدۇ. قائىدە بويىچە، قارلىق تاشلىغۇچى قارلىقنى تاشلىغاندىن كېيىن، قېچىپ ئۆز ھويلىسىغا كىرىپ بولغىچە قارشى تەرەپكە تۇتۇلۇپ قالمىسىلا ئۇتقان بولىدۇ. تۇتۇلۇپ قالسا ئۇتتۇرغان ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر قارشى تەرەپ قارلىق تاشلىغۇچىنى تۇتۇۋالسا، ئۇنىڭغا جۇۋىنى تەتۈر كىيگۈزۈپ، يۈزىنى قىزىل بوياپ مەھەللىنى ئايلاندۇرۇپ «سازايى» قىلىدۇ، قارلىقنى جا-مائەتكە ئوقۇپ بېرىدۇ ۋە قارلىق تاشلىغۇچىنىڭ ئۆيىدە قاچان مەش-رەپ بولىدىغانلىقىنى ئېلان قىلىدۇ. بۇ خىل ئادەت تۈپەيلىدىن بىر مەھەللىدە ياشايدىغان كىشىلەر تۇنجى قار مەزگىلىدە ناھايىتى سەز-گۈرلىشىدۇ. ئۆيىگە ئادەم كەلسە، ئۇنى ھوشيارلىق بىلەن كۆزىتىدۇ، ھەتتا، بەزى ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرىنى بېكىتىپ قويىدۇ. شۇڭا قارلىق تاشلىغۇچى تۇتۇلۇپ قالىدىغان ئەھۋاللار دائىم كۆرۈلۈپ تۇ-رىدۇ. قېچىش داۋامىدا ئالدىن ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇلغان «بۆكتۈرمە»گە يولۇقۇپ قالىدىغان ئەھۋاللارمۇ بولىدۇ. لېكىن قارلىق تاشلاپ

قا، يېڭى بۇغدايغا ئۇلىشالمىغانلارغا ئاشلىق ياردەم قىلىش، ئاشلىق ئارىيەت بېرىش قاتارلىق خەيرلىك ئىشلار مۇشۇ مەشرەپتە بېجىرىلىدۇ.

**«باغچاي مەشرىپى»** 9 ـ، 10 ـ ئايلاردا كۈزلۈك يىغىم ـ تېرىم ئىشلىرى باشلىنىشتىن بۇرۇن ئۆتكۈزۈلىدۇ. باغچاي مەشرىپىدە ھەممە كىشى باغ چېيى ئىچىدۇ. باغ چېيى — «باغ چېيى» دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل ئۆسۈملۈكنى 8 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرى يىغىۋېلىپ، قۇرۇتۇپ، قازاندا قورۇپ تەييارلىنىدۇ. باغ چېيىنىڭ مەھسۇلات مىقدارى تۆۋەن بولغاچقا، يېرى كۆپرەك كىشىلەرلا تېرىيالايدۇ. يېرى ئاز كىشىلەر باغ چېيىنى ئالما، نەشپۈت يوپۇرماقلىرىنى يىغىۋېلىپ، بىر نەچچە كۈن سوغۇق سۇغا چىلاپ قويۇپ سۈزۈۋالغاندىن كېيىن قۇرۇتۇپ، قازاندا قورۇپ، قايتا نەمدەپ، نەمدەلگەن يوپۇرماقنى توغراپ، ئاندىن كېسەكلەپ تەييارلايدۇ. يەرلىك ئۇسۇلدا تەييارلانغان بۇ چاي باشقا دورا ـ دەرمەكلەر بىلەن تەڭشىلىپ ئىچىلىدۇ.

**«قاراچاي مەشرىپى»**نى ئاساسەن ئىچكىرىگە قاتنايدىغان باي سودىگەرلەر ئىچكىرىدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئەل ـ يۇرتقا چاي بېرىپ دىدارلىشىش ئۈچۈن ئۇيۇشتۇرىدۇ. بۇ مەشرەپنىڭ ۋاقتى ـ قەرەلى بولمايدۇ. مەشرەپتە مېھمانلارغا ئىچكىرىنىڭ قارا چېيى دەملىنىدۇ.

چاي مەشرەپلىرىدە، ئىچىملىك چاي گەۋدىلەندۈرۈلىدۇ ۋە ئارازلىشىپ قالغانلارغا چاي قۇيۇپ ياراشتۇرۇش ئەڭ مۇھىم مەزمۇن قىلىنىدۇ. ئەل ـ يۇرت ئىچىدىكى ناشايان ئىشلار تەنقىدلىنىپ، ساۋاب ئىشلىرى تارتۇقلىنىدۇ. ناخشا ـ ئۇسسۇل بىلەن تەربىيە، قىزىقچىلىق بىلەن تارتۇقلاش ۋە جازالاش، بېيىت ئوقۇپ مۇشائىرە قىلىش بىلەن پۇقرالارنى ديانەت يولىغا باشلاش، يېتىم ـ يېسىرلارنى يۆلەش قاتارلىق مەزمۇنلار گىرەلەشتۈرۈلۈپ ئېلىپ بېرىلىدۇ.

**(ئابدۇرېشات مۇساجان توغرۇل)**

ئوغلاق مەشرىپىگە چاقىرىلغانلار قاتنىشىدۇ. ئۆي ئىگىسى تەيىنلە-گەن مېھمانبېشى غالىب ئوغلاقچىنى مۇبارەكلەپ سۆز قىلىدۇ. ئاندىن مۇقام، مۇزىكا ئورۇنلىنىدۇ. ناخشا، ئۇسسۇل، لەتىپە، چاقچاق، قىزىقچىلىق قاتارلىق شەكىللەر بىلەن مەشرەپ قىزىتىلىدۇ. ئوغلاق مەشرىپىنىڭ بارلىق چىقىمىنى ئۆي ئىگىسى ئۈستىگە ئالىدۇ. ئاخىرىدا مېھمانبېشى ئوغلاق بېگى بىلەن كېڭەشكىنى بويىچە كېيىنكى قېتىملىق ئوغلاق تارتىشىش ئويۇنىنىڭ ۋاقتىنى، ئورنىنى ئېلان قىلىدۇ. ئۆي ئىگىسىنىڭ ھەممىتىگە رەھمەت ئېيتىپ تارقايدۇ.

(مۇھەممەتئىمىن سابىر)

(12) چاي مەشرەپلىرى

خوتەن رايونىنىڭ كېرىيە قاتارلىق شەرقىي يۇرتلىرىدا كىشىلەر چاي تەييارلاش ۋە چاي ئىچىشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدۇ. ھەر قانداق مەرىكە ۋە مېھماندارچىلىق چاي قويۇش ۋە ئىچىش بىلەن باشلىنىدۇ. ھەر قانداق مېھمانغا داستىخان سېلىشتىن بۇرۇن سىنچاي قويىدۇ. چاي مەشرەپلىرى ئاساسەن ئىچىملىك چاي بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، تەييارلىنىدىغان چايغا قاراپ «گۈلچاي مەشرىپى»، «باغچاي مەشرىپى»، «قاراچاي مەشرىپى» دەپ ئۈچ تۈرگە ئايرىلىدۇ. مەنە جەھەتتە ئەل ـ يۇرتقا چاي بېرىش بىلەن ئارازلىشىپ قالغانلارنى ياراشتۇرۇش، ئەھلىمەھەللىگە ئورتاق چوڭ ئىشلارنى مەسلىھەتلىشىش قاتارلىق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

«گۈلچاي مەشرىپى» ئاساسەن ھەر يىلى 5 ـ ،6 ـ ئايلاردا ئورما مەزگىلىدىن بۇرۇن ئۆتكۈزۈلىدۇ. «گۈلچاي مەشرىپى»دە ھەممە كىشى گۈلچاي ئىچىدۇ. گۈلچاي ــ كېرىيەنىڭ يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتى چۈڭگۈلنىڭ قۇرۇتۇلغان غۇنچىسى ياكى قۇرۇتۇلغان چوڭگۈل بەرگىنى ئاساس قىلىپ، باشقا دورا ـ دەرمەكلەر تەڭشىلىپ تەييارلىنىدۇ. شۇڭا «گۈلچاي مەشرىپى»دەپ ئاتالغان. گۈلچاي تەييارلىنىپ بولغان مەزگىلدىن باشلىنىپ، ئورما مەزگىلىگىچە داۋاملىشىدۇ. بۇ مەزگىل دېھقانلارنىڭ سېرىقتال مەزگىلى بولغاچ-

قى ئېلان قىلىنىدۇ.

نەغمىچىلەر ئاۋۋال چاچما ئۇدارلىق مۇقەددىمە پەدىلىرىنى ئو-رۇنلايدۇ. ئاندىن «شەرۋازىم» قاتارلىق ئۇسسۇل نەغمىلىرىگە چالىدۇ:

*قاغا قونمىغان تېرەك (ۋاي شەرۋازىم، قالىغا شەرۋازىم)،*
*سويما چۈشمىگەن پېلەك (گويىنىغا شەرۋازىم).*
*ياش ئەللىككە يەتكەندە (ۋاي شەرۋازىم، قالىغا شەرۋازىم)،*
*يارغا تويمىغان يۈرەك (گويىنىغا شەرۋازىم).*
.....

مەشرەپ ئەھلى ئۇسسۇلدىن ھارغاندا، قىزىقچى مەيدانغا چىقىدۇ. دالا مەشرىپىدىكى قىزىقچى ئويۇننى «تاز بولدى» ئويۇنىدىن باشلايدۇ. ئۇ بېشىغا سالۋا تەلپەك كىيىپ، جۇۋىسىنى تەتۈر كىيىپ، بېلىنى يىپ بىلەن باغلاپ، ئىشتىنىنى تۈرۈپ قويۇپ، پۇتىغا چورۇق كىيىپ، قولىغا ھاسا تاياق ئېلىپ، تولىمۇ ھەجۋىي قىياپەتتە گىرىم قىلىپ ۋە ياسىنىپ، تازنى دوراپ، بېشىنى قاشلاپ مەيدانغا كىرىدۇ. بىرەيلەن دەرھال ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ھال ـ ئەھۋال سورايدۇ ۋە بىر قەپەس پاراڭلىشىدۇ. پاراڭ پۈتۈنلەي يۇمۇرىستىك تۈستە بولۇپ، بىر نەچچە سۆز ئويۇنلىرى ئورۇندىلىدۇ. ئاندىن ئۇلار ھەجۋىي ئۇسسۇلغا چۈشۈپ، ئۇسسۇل ئوينىغاچ پۇتىنى ساڭگىلىتىپ ئولتۇرغان، سۇنۇپ ئولتۇر-غانلارنىڭ پۇتىغا ھاسىسى بىلەن ئۇرۇپ، ئۆز ئارا پاراڭلاشقانلارنى ھا-سىسى بىلەن نوقۇپ ياكى ئۇرۇپ، مەشرەپ ئىنتىزامىنى تەرتىپكە سا-لىدۇ. ئاندىن ھەممە كىشىنىڭ ئالدىغا بېرىپ، «پۇل تىلەيدۇ». پۇلى بارلار پۇل بېرىدۇ، پۇلى يوقلار قەغەز بېرىدۇ. ئۇ «پۇل تىلەپ» بولغاندىن كېيىن، يەنە بىر قېتىم مەشرەپ ئەھلىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، بەر-گەن پۇللىرىنى شۇ كىشىگە قايتۇرىدۇ. پۇل ئىگىسى پۇلنى ئېلىپ، كۆزىگە سۈركۈۋېتىپ قوينىغا سالىدۇ. بۇ جەريان پۈتۈنلەي ھەجۋىي ئۇسسۇل بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئېلىپ بېرىلىدۇ. قىزىقچى مەشرەپ

## 4. تاغ مەشرەپلىرى

تاغ مەشرەپلىرى دېگىنىمىزدە، يۇقىرىدا قەيت قىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك، قۇرۇم تاغلىرى باغرىدىكى بىپايان يايلاقلار ۋە جىرالاردىكى نوقۇل چارۋىچىلىق ياكى يېرىم دېھقانچىلىق، يېرىم چارۋىچىلىق رايونلىرىدا تارقالغان مەشرەپلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بۇ رايونلاردا ئاھالە شالاڭ، شۇنداقلا تارقاق ئولتۇراقلاشقان، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ يېگانىلىك خاراكتېرى كۈچلۈك. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ جايلارنىڭ، شەھەر ـ بازارلار بىلەن بولغان ئارىلىقى يىراق، قاتنىشى ئىنتايىن قولايسىز، شۇڭا بۇ رايونلاردا ئۆزىگە خاس مەشرەپ تۈرلىرى تەرەققىي قىلغان. ئاساسلىقلىرى تۆۋەندىكىچە:

1) دالا مەشرىپى

دالا مەشرىپى ئاق يەرگە سورۇن تەييارلاپ ئۆتكۈزۈلىدىغان بىر خىل مەشرەپ بولۇپ، قاتنىشىدىغان ئادەملەر خېلى كۆپ بولىدۇ. يۇرت كاتتىلىرى، بايلار ۋە ھاللىق كىشىلەر تەرىپىدىن ئۆتكۈزۈلىدۇ. ئىككى خىل مەقسەتتە يەنى، بىرى نوقۇل كۆڭۈل ئېچىش ئۈچۈن ھېيت ـ بايراملارنىڭ ئالدى ـ كەينىدە، يەنە بىرى مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن خالىس نەزىر بېرىپ ئەل ـ جامائەتنىڭ دۇئاسىنى ئېلىشقا توغرا كەلگەندە ئويۇشتۇرۇلىدۇ. دالا مەشرىپى ئۆتكۈزگۈچى كىشى بىر قانچە مەھەللىنىڭ جامائىتىنى ۋە نەغمىچى، ئويۇنچىلارنى چىللاپ، بىر قانچە قوي ئۆلتۈرۈپ، شورپا ياكى پولۇ بىلەن داستىخان سېلىپ كۈتۈۋالىدۇ. ئاندىن مەشرەپ باشلىنىدۇ.

دالا مەشرىپىنى ئۆي ئىگىسى تەكلىپ قىلغان مېھمانبېشى باشقۇرىدۇ. مەشرەپ باشلىنىش ئالدىدا مېھمانبېشى سۆز قىلىپ، مەشرەپنىڭ كىم تەرىپىدىن، نېمە مەقسەتتە ئويۇشتۇرۇلغانلىقىنى كۆپچىلىككە جاكارلاپ، ئۇ كىشىگە ساۋاب ـ رەھمەت تىلەپ دۇئا قىلىدۇ. كۆپچىلىك ئەگىشىپ دۇئا قىلىدۇ. ئاندىن مەشرەپ باشلانغانلىـ

نىڭ پۇت رېتىمىغا ئوخشمايدۇ، قوش دەسسەش ئاساس قىلىنىدۇ.[1]
ئۇسسۇل مۇزىكىسىنىڭ تېكىستى مۇنداق:

*قوپسام سەھەر (ئاللا، ئاللىيا) سەھەر بولاپتۇ،*
*كىچىم غەمگە (يائاللا) غەمگە تولاپتۇ.*
*ئىماملەرگە (ئاللا، ئاللىيا) بارسامەن،*
*ئىمام تاۋاپ (ئاللا، ئاللىيا) تاۋاپ قىلسامەن.*
*چىلتەن ـ چىلتەن (ئاللا)، چىلتەن ئەمەسمۇ،*
*چىلتەن دەرۋىش (ئاللا، يانا ـ يا)، دەرۋىش ئەمەسمۇ.*

ۋەسسالىم ئۇسسۇلىنىڭ ھەرىكەتلىرى ئىنتايىن شوخ ۋە چاققان بولۇپ، سەكرەپ تۇرۇپ ئوينىلىدۇ. ئۇنىڭ مۇزىكا رېتىمى تاتارچە ئادىنوچكا ئۇسسۇلىدىنمۇ تېزراق بولۇپ، ئۇنىڭ مۇزىكىسىنى چالالايدىغان سازەندىلەرمۇ، ئوينىيالايدىغان ئۇسسۇلچىلارمۇ ئاز ئۇچرايدۇ. بۇ ئۇسسۇل ئادەتتە ئەرلەر تەرىپىدىن يەككە، بەزىدە كول-لېكتىپ ئوينىلىدۇ. ئۇسسۇلچى بېلىگە ئۇزۇن بەلىياغلىق باغلايدۇ. بەلىياغلىق چۇچىلىرى ئۇسسۇل ھەرىكەتلىرىگە ماس ھالدا لەپىل-دەپ، ئۇسسۇلغا تېخىمۇ نازاكەت ۋە سۇلكەت بېغىشلايدۇ.
دالا مەشرىپى خېلى ئۇزۇن داۋام قىلىدۇ. چىقىمنى مەشرەپ بەرگەن كىشى ئۇستىگە ئالىدۇ. تارقىلىش ۋاقتىدا كېلەر قېتىم مەشرەپ بېرىشنى ئىختىيار قىلغان كىشى مەشرەپ ۋاقتى ۋە ئور-نىنى ئېلان قىلىدۇ.
2) توي مەشرىپى
توي بولغان ئۆي سىرتىدىكى چوڭ ھويلا ياكى توز يەرگە كىگىز ـ گىلەم سېلىنىپ مەشرەپ سورۇنى ھازىرلىنىدۇ. داستىخاندىن يانغان مېھمانلار مەشرەپكە قاتنىشىدۇ. تويى بولىدىغان قىز قولداشلىرى بىلەن بىللە كۆشۈگىدە (ئۆينىڭ بۇلۇڭىغا پەردە تارتىپ ئالاھىدە ياسالغان ئورۇن) ئولتۇرىدۇ. مېھمانلار ئاساسەن كۇتۇلۇپ

① ئابدۇرېشات مۇساجان توغرۇل: «كېرىيە خەلق مەشرەپلىرى»، «مىراس» ژۇرنىلى 2008 ـ يىلى 3 ـ سان.

مەيداندىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، مەشرەپ ئەھلى يەنە ئۆز ئارا ئۇسسۇلغا چۈشىدۇ. ئۇسسۇل بىر هازا قىزىغاندىن كېيىن، قىزىقچى «غاز بولدى» ئويۇنىنى باشلايدۇ. ئۇ تەتۈر ئۆرۈلگەن جۇۋىسىنىڭ بىر يېڭىنىڭ ئۇچىنى غازنىڭ شەكلىدە ياساپ، غازنىڭ تۇمشۇقىغا ئوخشىتىپ بىر تال ياغاچ قاداپ، «غاز»نى ئوڭ قولىغا كىيىپ كىرىدۇ. قىزىقچى قول ھەرىكىتىدە غازنى دوراپ بىر پەدە ئۇسسۇل ئوينىغاندىن كېيىن، ھەر بىر ئادەمنىڭ ئالدىغا بېرىپ، «غازنىڭ تۇمشۇقى»بىلەن چوقۇلاپ، ھەر بىر كىشىنى بىر بېيىت ياكى قوشاقنى دەرھال باشلىيالمىسا داۋاملىق چوقۇلايدۇ. ئوقۇيالمىسا جازاغا تارتىدۇ. «غاز بولدى» ئويۇنى تاماملانغاندىن كېيىن، قىزىقچى مەيداندىن چىقىپ كېتىدۇ. مەشرەپ ئەھلى يەنە ئۇسسۇلغا چۈشىدۇ. قىزىقچى سورۇن سۈۋۈپ قالاي دېسىلا مەيدانغا كىرىپ، «يولۋاس كۆندۈرۈش»، «مۇرەبىيم»، «بۇدۇشقاق»، «هايۋانلار مەجلىسى»، «تۆگىگە مىنىش» قاتارلىق ئويۇنلارنى كۆرسىتىدۇ. ئويۇن جەريانىدا، نەغمىچىلەر ناخشا ـ مۇزىكىنى زادى توختاتمايدۇ. قىزىقچى ھەر قېتىملىق ئويۇندا مەشرەپ تەرتىپىنى ئۇدا بۇزغانلارنى جازاغا تارتىپ تۇرىدۇ. جازانى مېھمانبېشى بەلگىلەيدۇ. جازالاش ئويۇنلىرىدا «جۇۋاز قوشۇش»، «توخۇغا مىنىش»، «ئېشەككە مىنىش»، «توپاق كۆندۈرۈش»، «تەخسە چىشلەش»، «چىش تارتىش»، «چاچ چۈشۈرۈش»... قاتارلىق ئويۇنلار ئوينىلىدۇ.

دالا مەشرىپىدە بىر قىسىم ناخشىلارنىڭ ئايرىم ئۇسسۇلى بولىدۇ. شۇ ناخشا چىققاندا، شۇ ئۇسسۇلنى ئويناليايدىغانلار ئۇسسۇلغا چۈشىدۇ. بىر ناخشىنىڭ ئۇسسۇلى باشقا ناخشىدا ئوينالمايدۇ. مەسىلەن، «يامان يولۋاس» ناخشىسىدا بىر ئەر بىلەن بىر ئايال خۇددى دالا مەشرىپىدە يەنە «ۋەسسالىم ئۇسسۇلى» ئوينىلىدۇ. بۇ ئۇسسۇلنىڭ پوتا ئۇسسۇلىغا ئوخشاپ كېتىدىغان ھەرىكەت بىلەن ئۇسسۇل ئوينايدۇ، لېكىن قولىغا ھېچنەرسە ئالمايدۇ؛ «تاماكۇ» ناخشىسىدا «مەست ئۇسسۇلى» ئوينىلىپ، مەستنى دوراپ، تاماشىبىنلارنىڭ قۇچىقىغا يېقىلىپ قىزىقچىلىق قىلىپ ئوينىلىدۇ؛ «ئۆز پەدە» ناخشىسىغا ئوينىلىدىغان ئۇسسۇلنىڭ پۈت رىتىمى ئادەتتىكى ئۇسسۇل-

*قاچانكى ھەر قايسىلىرىغا خوپ كەلسە،*
*قىزنى قىزلىقىغا بېرەرمىكىن دەپ كەلدۇق.*
*لاياقەتلىرىدە بولسا باركاللا قىلارلا،*
*قىزنى ئېلىپ يۇرتىمىزغا يانارمىز.*

دېكلاماتسىيە تۈگىگەندە، قىزنىڭ ئاتا - ئانىسى قولىنى كۆكسىگە قويۇپ، يېنىك ئېگىلىپ، يىگىتنىڭ ئاتا - ئانىسىغا تەزىم قايتۇرغاچ «باركاللا» دەپ رازىلىق بىلدۈرىدۇ. ئاندىن كېيىن نىكاھ ئوقۇلىدۇ. نىكاھ مۇراسىمىدىن كېيىن مەشرەپ داۋاملىشىدۇ. مەشرەپ تازا قىزىغاندا، يۈزىگە چۈمبەل تارتىلغان قىز قولداشلىرىنىڭ يېتەكلىشى ئارقىلىق يىگىت بىلەن بىللە مەشرەپ سورۇنىغا كېلىپ بىردەم ئولتۇرىدۇ. مەشرەپ مەزمۇنى دالا مەشرىپى مەزمۇنىغا ئوخشاپ كېتىدۇ. يەنى، ئادەتتىكى ناخشا - ئۇسسۇللار ۋە ئارغىماق ئويۇنى، غاز ئويۇنى قاتارلىق ئويۇنلار، ۋەسسالىم ئۇسسۇلى ئوينىلىدۇ. كەچكە يېقىن ئەر تەرەپ مېھمانلار قىزنى كۆچۈرۈپ كېتىدۇ. قالغان مېھمانلار ئاخشامغىچە مەشرەپ قىزىتىدۇ.

ئىككىنچى كۈنى ئوغۇل تەرەپنىڭ ئائىلىسىدە توي داۋام قىلىدۇ. ئۇلار ئۆز تەرەپ مېھمانلىرىنى قىز تەرەپتىكىگە ئوخشاش ئۇسۇل بىلەن كۈتىدۇ. يەنى سوۋغاتنىڭ قىممىتىگە قاراپ، ئائىلە بويىچە داستىخان سالىدۇ ۋە زەللە يۆگەپ بېرىدۇ. قىز تەرەپتىن قىزنىڭ يۈز ئاچقۇسىغا كېلىدىغان مېھمان سانىنى قىز تەرەپ ئاۋۋال مەلۇم قىلىپ، كېتەرلىك گۆش، گۇرۇچنى ئەۋەتىپ بېرىدۇ. يىگىت تەرەپ مۇشۇ خۇرۇچلار بىلەن پولۇ ئېتىپ ئۇلارنى كۈتۈۋالىدۇ. داستىخاندىن يانغان مېھمانلار ھويلىدا مەشرەپ قىزىتىدۇ.

مېھمانلار ئاساسەن كۈتۈلۈپ بولغاندا، جامائەت بىر ئۆيگە يىغىلىدۇ. قىز قولدىشى قىزنى يېتىلەپ سورۇنغا ئەكېلىپ يىگىت بىلەن بىرگە ئولتۇرغۇزىدۇ. بۇ چاغدا تويدىكى مېھمانبېشى «چىڭ - چىڭ چاقىرىلىدۇ» دەپ ئېلان قىلىدۇ. ئۆي ئىگىسى تەكلىپ قىلغان بىر

بولغاندا تويلۇق ئېچىش، نىكاھ مۇراسىمى بولىدۇ. بارلىق مېهمانلار ئايۋان (ياكى چوڭراق ئۆي) گە يىغىلىدۇ. ئوغۇل تەرەپ قىزغا ئالغان تويلۇق كىيىم ۋە زىبۇ - زىننەت بۇيۇملىرى جامائەت ئالدىدا بىرمۇ بىر ئېچىلىپ داستىخانغا قويۇلىدۇ. ئاندىن ئوغۇل تەرەپ تەكلىپ قىلغان تويلۇق ئاچقۇچى (ئەر ياكى ئايال) چىرايلىق ئاهاڭدا مۇنداق دېكلاماتسىيە قىلىدۇ:

*توي كېپتۇ ئويۇنى بىلەن،*
*قوي كېپتۇ بويۇنى بىلەن.①*
*ئوتان كېپتۇ ئاتىغى بىلەن،*
*تۆگە كېپتۇ تاتىغى بىلەن.*
*مېهمانلار كېپتۇ ئۆيلۈگى بىلەن،②*
*نان كېپتۇ خونى③ بىلەن.*
*جابدۇغ④ كېپتۇ قوشى⑤ بىلەن،*
*ئوغۇل كېپتۇ ھىممىتى بىلەن،*
*قىز بارىتىكەن خىزمىتى بىلەن .*
*ئۇزۇن بولسا كېسەرمىز،*
*قىسقا بولسا ئۇلارمىز.⑥*
*تار ئېتەكلىرىگە، كەڭ قويانلىرىغا⑦*
*سېغىنىنقارمىز⑧دەپ كەلدۇق،*

---

①قوي كېپتۇ بويۇنى بىلەن: تويغا ئاتالغان قويلار تىرىك كەلتۈرۈلدى دېگەن مەنىدە.
② ئۆيلۈگى بىلەن: ئۆي - ئۆيلەپ، ئائىلە بويىچە.
③ خون: دەستىلەپ تىزىلغان كاكچانان، بىر خون نان بەش، يەتتە ياكى توققۇز ناندىن تەركىب تاپىدۇ.
④ جابدۇغ: تويلۇق مال، قىزغا ئاتاپ ئېلىنغان كىيىم، زىبۇ - زىننەت بۇيۇملىرى.
⑤ قوشى بىلەن: قوش - قوشلاپ، جۈپ - جۈپى بىلەن.
⑥ ئۇزۇن بولسا كېسەرمىز، قىسقا بولسا ئۇلارمىز: كەمچىلىك، نۇقسانلىرى بولسا ئۆزىمىز تۈزىتىپ ئالارمىز دېگەن مەنىدە.
⑦قويان: قويۇن، كۆڭۈل - كۆكسى، ئىچ - باغرى.
⑧سېغىنىقاش: يەرلىك شېۋە، «سېغىنىش» دېگەن سۆزنىڭ ئەركىلەتمە شەكلى.

ـــسۇنا!» دەپ توۋلىشىپ ياخشى تىلەك تىلەيدۇ (هازىر «چىلىك ـ چىلىك چاقىرىش» بىيىتىنى ئەينى ئاھاڭى بىلەن دەل جايىدا ئوقۇيالايدىغانلار ناھايىتى ئاز). شۇنىڭ بىلەن توينىڭ يۈز ئاچقۇ مۇراسىمى تۈگەيدۇ. سازەندىلەر ۋە مېھمانلار يەنە بىر ئاز مەشرەپ قىزىتىدۇ. ئاندىن پۈتۈن توي مۇراسىمى ئاياغلىشىدۇ.

3) ئۆي مەشرىپى

ئۆي مەشرىپىنى ئىختىيار قىلغان ئادەم مېھمان چاقىرىپ ئۆتكۈزۈپ بېرىدۇ. مېھمانلار ئۆي ئىگىسى تەرىپىدىن پولۇ، كاۋاپ، شۇنداقلا تاغ رايونىنىڭ ئالاھىدە تاماقلىرى بولغان ياغ بېغىر، كۆمەچدان كۆمىچى قاتارلىق غىزالار بىلەن كۈتۈلىدۇ. ئاندىن مەشرەپ باشلىنىدۇ. مەشرەپ چاچما ئۇدارلىق مۇقەددىمە بىلەن باشلىنىپ نەغمىگە كۆچۈپ، بارا ـ بارا ئەۋجىگە چىقىدۇ. ئادەتتىكى ناخشا ـ ئۇسسۇللاردىن كېيىن «يولۋاس ئويۇنى»، «چىلىم ئويۇنى»، «بوۋا ئويۇنى»، «شاخامەت موللام ئويۇنى»، «قەلەندەر ئويۇنى»، «سامساق تاز ئويۇنى» قاتارلىق ئويۇنلار، چىراغ ئۇسسۇلى قاتارلىق ئۇسسۇللار ئوينىلىدۇ.

ئۆي مەشرىپى ئۇزاق داۋام قىلىدۇ. بەزىدە كېچىچە داۋام قىلىدىغان ئەھۋاللارمۇ بولىدۇ. چىلىم ئۇسسۇلىدا چىلىمنىڭ چوغىنى چۇشۇرۇۋەتكەن ياكى چىنىنىڭ سۈيىنى تۆكۈۋەتكەنلەرگە «گۈل چىشلەپ ئېلىش» جازاسى بېرىلىدۇ.

چىراغ ئۇسسۇلى: بۇ، ياندۇرۇپ چىراغ پېيىغا قويۇلغان جىنچىراغنى ئىككى قولىغا ئېلىپ ئوينىلىدىغان ئۇسسۇل بولۇپ، دەسلەپتە بىر كىشى چىراغ ئۇسسۇلىغا چۈشىدۇ. ئاندىن باشقىلارنى تارتىدۇ. بۇ ئۇسسۇلغا ماھىر بەزى كىشىلەر چىراغنى ئالىقىنىغا ئېلىپ، بەزىسى بېشىغا ئېلىپ ئوينايدۇ. دەسلەپ يەككە ماھارەت

نەپەر چىلڭ ـ چىلڭ چاقىرغۇچى (ئەر ياكى ئايال) سورۇنغا كىرىپ كېلىدۇ ۋە سورۇننى ئايلىنىپ چىلڭ ـ چىلڭ چاقىرىدۇ:

*ئاۋۋال باشلاپ خۇدايىمنى ياد ئېتىلى،*
*پەيغەمبىرىمىز نۇرىنى شاد ئېتىلى.*
*ئېگىز تاغنىڭ ئۇ يانىدىن قارا قۇشلار ئەگىپ كېلۇر،*
*قاناتىغا ئۇرۇۋېتىڭ يېنىپ كەتسۇن،*
*يېنىپ بېرىپ ئۇرۇق ـ تۇغقانغا خەۋەر سالسۇن.*
*ئۇرۇق ـ تۇغقان چۇغلاشىپتۇ،*
*ئىككى ياخشى تويلاشىپتۇ ـ تۇيدۇڭلىمۇ؟*
*چىلڭ ـ چىلڭ قىزنىڭ[1] تويى بولدى ـ تۇيدۇڭلىمۇ؟*
*ئالتۇن بىلەن[2] ئەۋرىشىمدەك ئۆيلەشىپتۇ ـ تۇيدۇڭلىمۇ؟*
*قىزىل گۇلدەك ئېچىلىشىپتۇ ـ تۇيدۇڭلىمۇ؟*
*يۇسۇپ بىلەن زۇلەيخانىڭ تويى بولدى تۇيدۇڭلىمۇ؟*
*تاھىر بىلەن زۆھرەنىڭكى تويى بولدى تۇيدۇڭلىمۇ؟*
*ئاپتۇۋىدا سۇنى قويسام ئىللىمايدۇ،*
*قىز ئانىسى ئۆگەيمىكىن، يىغلىمايدۇ.*

يۈز ئېچىشقا تەكلىپ قىلىنغان ئادەم ئىنتايىن چىرايلىق ئاھاڭدا ئوقۇلىدىغان، «چىلڭ ـ چىلڭ چاقىرىش» دەپ ئاتىلىدىغان بۇ بېيىتنى ئوقۇپ ئاخىرلاشتۇرۇش بىلەن تەڭ، قولىدىكى نوغۇچ ئارقىلىق قىزنىڭ يۈزىگە تارتىلغان چۈمبەل ياكى رومالنى قايرىپ ئېچىۋېتىدۇ. بىر ـ بىرىدىن ئايرىلىشقا كۆزى قىيماي ئاران تۇرغان قىز بىلەن ئۇنىڭ ئانىسى ئاخىرقى مىسرالار ئوقۇلغاندا ئېسەدەپ يىغلىشىدۇ. چىلڭ ـ چىلڭ چاقىرىش تۈگەش بىلەن تەڭ سورۇندىكى بارلىق جامائەت: «مۇبارەك بولسۇن! بېشى باش، ئايىغى تاش بول-

①چىلڭ ـ چىلڭ قىز: يەرلىك شېۋىدە جانان قىز، گۈزەل قىز، بەرنا قىز دېگەن مەنىدە.
②ئالتۇن بىلەن: ئالتۇندەك يىگىت بىلەن دېگەن مەنىدە.

يەنە يىپ ئېگىرىشنى داۋاملاشتۇرىدۇ. شۇنداق قىلىپ بىر ئاخشامدا ئۆي ئىگىسىگە 15 ـ 20 جىڭ يىپ ئېگىرىپ بېرىدۇ.

يىغىن مەشرىپىدە ئۆي ئىگىسى مېھمانلارغا بىر ۋاق ئادەتتىكىچە داستىخان سېلىپ تاماق بېرىدۇ. مەشرەپ ئاياغلىشىش ۋاقتىدا، لاپقۇتلىشىشقا ئېھتىياجلىق بولغان باشقا كىشىلەر «پالانى كۈنى بىزنىڭ ئۆيگە يىغىن ئېتىشكە تەكلىپ»، دەپ ئېلان قىلىدۇ. كۆپچىلىك شۇ ۋاقىتتا شۇ ئائىلىگە بېرىپ، يىغىن ئېتىپ مەشرەپ قىلىدۇ.

يىغىن مەشرىپىنىڭ چىقىمىنى ئۆي ئىگىسى ئۈستىگە ئالىدۇ. بۇ، ئەمگەك ھەمكارلىقى ئاساسىدىكى مەشرەپ بولغاچقا، ئادەتتىكىچە داستىخان سېلىنىدۇ، ئالاھىدە ھەشەم قىلىنمايدۇ.

## 5. پېرە مەشرىپى

پېرە مەشرىپى مۇزىكا تەڭكەشلىكىدە ئورۇنلىنىدىغان، ئون ئىككى ئۆزگىرىشلىك ناخشا ـ ئۇسسۇللۇق مەشرەپ بولۇپ، تولۇق ئورۇنلاشقا يەتتە ـ سەككىز سائەت ئەتراپىدا ۋاقىت كېتىدۇ.

**1) پېرە مەشرىپىنىڭ تۈرلىرى ۋە زۆرۈر شەرتلەر**

**(1) جۈۋان تويدا پېرە مەشرىپى ئويناش.** بۇ خىل مەشرەپ جۈۋان بولىدىغان ئايالنىڭ ياكى ئۇنىڭ ئېرى ياكى ئاتا ـ ئانىسى، قېيىنئاتا، قېيىنئانىسى قاتارلىق ھامىيلىرىنىڭ رايى ۋە پېرە مەشرەپچىلىرىنى تەكلىپ قىلىشى بىلەن ئۆتكۈزۈلىدۇ. جۈۋان تويىنىڭ باشقا يوسۇنلىرى ئادەتتىكى جۈۋان توي قائىدە ـ يوسۇنلىرىغا ئوخشايدۇ. ئاخىرىدا ئادەتتىكى مەشرەپ ئورنىدا پېرە مەشرىپى ئوينىلىدۇ. پېرە مەشرىپىنى باشلاشتا، پېرىخون (باخشى)، جىن ـ شاياتۇن، دۆ ـ پېرىلەرنىڭ جۈۋان ئايالغا ۋە يېڭى كۆز ئاچقان بوۋاققا ئاپىتىنى سالماسلىقىنى تەلەپ قىلىدۇ. ئۇلارغا ياخشى تىلەكلەر تىلەيدۇ. پېرە مەشرىپى باشلىنىش ۋاقتىدا جۈۋان ئايال تۇغ تۈۋىدە ئولتۇرىدۇ. تىلەك تىلىنىپ بولغاندىن كېيىن پېرە ئۇسسۇلى ئويناشنى خالىسا

كۆرسىتىش شەكلىدە ئوينىلىپ، ئاخىرىدا كوللېكتىپ ئۇسسۇلغا ئايلىنىدۇ. شۇ داۋامدا بىر كىم سەۋەنلىكتىن ياكى ئۆزى خالاپ چىراغنى ئۆرۈپ ئۆچۈرۈپ قويسا ياكى پۈۋلەپ ئۆچۈرۈپ قويسا، كۆپچىلىك «مەشرەپ كەتتى» دەپ توۋلىشىدۇ. چىراغنى ئۆچۈرۈپ قويغان كىشى «ھېساب» دەيدۇ ۋە كېيىنكى قېتىملىق مەشرەپ چىقىمىنى ئۈستىگە ئېلىپ ئۆتكۈزۈپ بېرىدۇ.

4) يىغىن ئېتىش ۋە يىغىن مەشرىپى

ئىلگىرى تاغ رايونىدىكى خەلقلەرنىڭ كىيىم ـ كېچەك ۋە تۇر-مۇش بىساتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىشقا يۇڭ يىپ خام ئەشيا قىلىناتتى. ئۇلار قوي، قوتاز، تۆگە يۇڭلىرىدىن ھەرخىل ئۆلچەمدىكى يىپلارنى ئېگىرىپ، يۇڭ چەكمەن قاتارلىق رەختلەرنى، شۇنداقلا يەر گىلىمى (جاۋا گىلەم) قاتارلىقلارنى توقۇپ تۇرمۇش ئېھتىياجىنى قامدايتتى. شۇڭا قىسقىراق مۇددەتتە كۆپ مىقداردا يۇڭ يىپ ئېگىرىشكە ئېھتىياجلىق بولغانلار قوشنىلىرىنى لاپقۇتلىششقا چاقىراتتى. لاپقۇتلىششقا چاقىرىلغان ئائىلىلەردىكى ئەر ـ خوتۇنلار چاقىرغۇچىنىڭ ئۆيىگە يىغىلىپ بىر تەرەپتىن يىپ ئېگىرىپ بىر تەرەپتىن مەشرەپ ئوينايتتى. ئەمگەكتە لاپقۇتلاشقاچ مەشرەپ ئوي-نايدىغان بۇ پائالىيەت شۇ رايون خەلقلىرى ئارىسىدا «يىغىن ئې-تىش» دەپ ئاتىلىدۇ. يىغىندا ئوينىلىدىغان مەشرەپ «يىغىن مەش-رىپى» دەپ ئاتىلىدۇ.

يىغىنغا كەلگەن ئاياللار چېلەك[1] ئالغاچ كېلىدۇ ۋە ئۆي ئىگىسى تارقىتىپ بەرگەن، ئېتىپ تەييارلانغان يۇڭدىن يىپ ئېگىرىدۇ. ئەر-لەر مەشرەپ قىزىتىدۇ. يىغىن مەشرىپىنىڭ ۋاقتى خېلى ئۇزاق داۋام قىلىدۇ. ناخشا ـ ئۇسسۇل، راۋاب قوشاق، مۇزىكىلىق داستان قاتارلىق نومۇرلار ئورۇنلانغاندىن ئۆزگە ئۆي مەشرىپىدە ئوينىلىدى-غان ھەر خىل ئۇسسۇل ۋە ئىپتىدائىي تىياتىرلارمۇ ئوينىلىدۇ. ئا-ياللار ئۇسسۇلغا تارتىلسا، ئۇسسۇل ئويناپ، ئۇسسۇلدىن چۈشكەندە

① چېلەك: يۇڭ يىپ ئېگىرىدىغان سايمان، ئۇرچۇقنىڭ بىر خىلى.

دۇڭ - گۇدۇڭ» ئاۋازلار ئاڭلانغاندەك بىلىنىپ، ئۇخلىيالماي ياكى ئۇخلىسىمۇ تولا چۆچۈپ ئويغىنىپ كېتىپ، ياكى قارا بېسىپ يامان چۈش كۆرۈپ ئويغىنىپ كەتكەن ۋە شۇنىڭدىن كېيىن مەلۇم كېسەلگە گىرىپتار بولغان بولسا ۋە ياكى كېچىلىرى سۇ تۇتقاندا ماندالىق، كۆل - ئەخلەتلىك، كونا تاملىق قاتارلىق جايلارنى چېپىپ سۇ باغلىغان، شۇ چاغدا تېنى شۈركەنگەن، شۇنىڭدىن كېيىن بىرەر كېسەلگە مۇپتىلا بولۇپ ساقىيالمىغان بولسا... پېرىخون بۇ خىل سەۋەبلەردىن كېسەل بولغان كىشىنى پېرە مەشرىپى ئارقىلىق داۋالاشقا بولىدىغانلىقىنى كۆڭلىدە بېكىتىدۇ. ھەمدە چىراغقا قاراپ قانداق تەييارلىق قىلىشنى، ۋاقتىنى ئېيتىپ بېرىدۇ.

ئەگەر كېسەل كىشىنىڭ كېسەل بولۇشىدا يۇقارىقىدەك ئەھۋاللار بولماي، بەدىنىنىڭ ئىچكى ئۆزگىرىشى، تاشقى زەخىم ياكى يېمەك - ئىچمەك تۈپەيلىدىن كېسەل بولغان بولسا، پېرىخون بۇنداق كېسەللەرنى پېرە ئويۇنى بىلەن داۋالاشقا بولمايدىغانلىقىنى ئېيتىپ، ئۇنى تېۋىپ ياكى دوختۇرغا كۆرۈنۈشكە ئۈندەيدۇ. دېمەك، كېسەل روھىي ۋە ئەسەبى (نېرۋا) سەۋەبتىن پەيدا بولغان دەپ جەزملەشتۈرۈلگەندە پېرە ئويناش ئارقىلىق داۋالاش ئېلىپ بېرىلىدۇ[①]

**2) پېرە مەشرىپىدىكى ئاساسلىق شەخسلەر**

پېرىخون: بۇ، پېرە ئۇستاز دېگەن مەنىدىكى سۆز بولۇپ، باخشى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنى مەلۇم ئۇسۇللار ئارقىلىق جىن - شاياتۇنلارنى يىغالايدىغان، ئۇلارنى كۆرەلەيدىغان، ئۇلار بىلەن سۆزلىشىپ، ئادەتتىكى كىشىلەرگە سىر بولغان بەزى ئىشلارنىڭ سەۋەب - نەتىجىسىنى بىلەلەيدىغان ۋە بەزى قىيىن ئىشلارنى ھەل قىلالايدىغان

① (كىتابىمىزنىڭ ئۈچىنچى باب §5 دا تونۇشتۇرۇلغان «پېرىخونلۇق»ماۋزۇسىدىكى بايانلار « كېسەل داۋالاشنى نىشان قىلغان پېرە ئويناش»بولۇپ، يۇقىرىقىلار ۋە تۆۋەندىكى بىر قىسىم مەزمۇنلاردا تەكرارلىق بولسىمۇ، بۇ جايدا تونۇشتۇرۇلمىدىغىنى « كۆڭۈل ئېچىش مەقسىتىدىكى پېرە ئويناش»تۇر. بۇنىڭدا بىر قېتىم ئوخشىمايدىغان مەزمۇن ۋە جەريانلار بولغاچقا، «خەلق مەشرەپلىرى» تەركىبىدە قايتا تونۇشتۇرۇلدى. ت).

ۋە ماغدۇرى يەتسە، ئوينىسا بولىدۇ. بولمىسا، ئۇسسۇل ئوينىماي مەيداندىن چىقىپ سۇپىدا يېتىپ مەشرەپ كۆرسە بولىدۇ.

جۇۋان تويىدا پېرە مەشرىپىنىڭ ئالدى ياكى كەينىدە ئادەتتىكى مەشرەپ، ناخشا ـ ئۇسسۇل، قىزىقچىلىق ئويۇنلىرىنى كىرىشتۈرۈپ ئويناشقا بولىدۇ.

(2) كۆڭۈل ئېچىش مەقسىتىدە پېرە مەشرىپى ئويناش. بۇ خىل مەشرەپ نوقۇل كۆڭۈل ئېچىش مەقسىتىدە كىشىلەرنىڭ تەكلىپى بىلەن ئۆتكۈزۈلىدۇ. مەشرەپ باشلاش ۋاقتىدا پېرەخون ئۆي ئىگىسىگە، مەشرەپكە داخىل بولغانلارغا، يۇرت ـ مەھەللىگە جىن ـ شاياتۇنلارنىڭ ئاپىتىنى سالماسلىقنى، تىنچلىق ـ ئامانلىقنى تىلەيدۇ. بۇخىل مەشرەپنىڭ ئالدى ـ كەينىدە ئادەتتىكى مەشرەپ، ناخشا ـ ئۇسسۇل، لەتىپە ـ چاقچاق، قىزىقچىلىق قاتارلىق باشقا كۆڭۈل ئېچىش شەكىللىرى كىرىشتۈرۈپ ئېلىپ بېرىلىدۇ.

(3) كېسەل داۋالاش ئۈچۈن پېرە مەشرىپى ئويناش. بۇ خىل مەشرەپ كېسەل كىشىنىڭ ئۆزى ياكى ئۇنىڭ ھامىيلىرىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، كېسەل كىشىنىڭ ئۆيىدە ئوينىلىدۇ. بۇنىڭدا كېسەل ياكى ئۇنىڭ ھامىيسى باخشىنى ئىزدەپ، كېسەل كىشىنىڭ ئۆزۈندىن بۇيان كېسەل ئىكەنلىكىنى، كۆپ داۋالانغانلىقى، لېكىن ساقىيالمىغانلىقى قاتارلىقلارنى ئېيتىپ، پېرە ئويناپ بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ. پېرەخون ئۇلاردىن كېسەل بولۇشنىڭ سەۋەبلىرىنى سورۇشتۇرىدۇ. ئەگەر كېسەلنىڭ پەيدا بولۇشى كېسەل كىشىنىڭ مەلۇم زۆرۈرىيەتلەر تۈپەيلى مەلۇم كېچىسى مازارلىق، كونا تاملىق، ماندا چىرمىشىۋالغان بۇك دەرەخلىق، كۆل ـ ئەخلەتلىك قاتارلىق جايلاردىن ماڭغانلىقى، شۇ داۋامىدا كۆڭلى ئەيمەنگەن، تېنى شۈركۈنۈپ جۇغ ـ جۇغ باسقان، ياكى كۆزىگە ئوت كۆرۈنگەن، ياكى كەينىدىن بىر كىم قوغلىغاندەك ھېس قىلغان، شۇنىڭدىن كېيىن بىرەر كېسەلگە مۇپتىلا بولغان، ياكى ئاشۇنداق يەرلەرگە ئۆي سالغان بولۇپ، كېچىسى ئۆيىنىڭ تام ـ تورۇسلىرىدىن «غىرىس ـ غىرىس، شار ـ شۇر، گۇ-

ساز تەڭكەش قىلىدۇ. پىرە مەشرىپىدە چېلىنىدىغان داپ «پىرەدىپى» دېيىلىدۇ. ئۇنىڭ تۈزۈلۈشى ۋە شەكلى ئادەتتىكى داپقا ئوخشاش بولسىمۇ، ئۆلچىمى ئۇنىڭدىن خېلىلا چوڭ بولىدۇ.

3) پىرە مەشرىپى ئويناشتىكى باشقا شەرت ۋە ئادەتلەر

(1) قايسى مەقسەتتە پىرە ئويناش بولسۇن، پەيشەنبە كۈنى چۈشتىن تارتىپ جۈمە كۈنى ئاخشامغا قەدەر پەرھىز ۋاقتى بولۇپ، بۇ ئارىلىقتا پىرە ئويناشقا بولمايدۇ (بۇ ۋاقىتتا جىن ـ ئەرۋاھلارنى يىغقىلى بولمايدۇ، دەپ قارىلىدۇ). قالغان كۈنلەردە ئويناشقا بولىدۇ. بولۇپمۇ چارشەنبە ۋە شەنبە كۈنلىرى ئەڭ مۇۋاپىق ۋاقىت ھېسابلىنىدۇ.

(2) پىرە مەشرىپى باشلىنىش ئالدىدا پېرىخون، ئۇسسۇلچى، داپەندى، جۇۋان بولىدىغان ئايال قاتارلىق كىشىلەر نامازغا تاھارەت ئالغانەك كىچىك تاھارەت ئېلىشى زۆرۈر شەرت ھېسابلىنىدۇ. پىرە مەشرىپى باشلىنىپ بولغاندىن كېيىن تاھارەت سۇنۇپ كەتسە، تاھارەت يېڭىلاش كەتمەيدۇ. ئەمما ناماز ۋاقتى بولۇپ قالسا، داپەندىلەر نۆۋەت بىلەن چىقىپ قايتا تاھارەت ئېلىپ ناماز ئوقۇيدۇ. پېرىخون بىلەن پىرە ئۇسسۇلچىسى نامازنى قازا قىلىدۇ. پىرە مەشرىپى تۈگىگەندە قازا ناماز ئوقۇپ تولۇقلايدۇ.

4) پىرە مەشرىپىنى باشلاش (يىغىن يىغىش)

يۇقىرىقى تەييارلىقلار پۈتكەندىن كېيىن پېرىخون، ئۇسسۇلچى، داپەندىلەر تۈغنى چۆرىدەپ يۇملاق دائىرە بولۇپ ئولتۇرىدۇ. پېرىخون تۈغقا تىكلەنگەن كۆرگۈ ئەينەكنىڭ ئۇدۇلىدا ئولتۇرىدۇ. ئۇنىڭ بىر يېنىدا پىرە ئۇسسۇلچىسى، يەنە بىر يېنىدا جۇۋان بولىدىغان ئايال ئولتۇرىدۇ. باشقا تاماشىبىنلار ئايۋان سۇپىسىدا ئولتۇرىدۇ. بۇچاغدا پېرىخون: ھازىر پىرە ئويناشنى باشلايمىز، كىچىك بالىلار چىقىپ كەتسۇن، دەيدۇ. 10 ياشتىن تۆۋەن بالىلار چىقىرىۋېتىلىدۇ. پېرىخون ئوچاقتىكى چوغ ئۈستىگە ئۇششاقلانغان ئالما مونىكى بىلەن ئازراق كېپەك سالىدۇ. بۇ «بۇي ـ سېلىش» دېيىلىدۇ. ئوچاقتىن ئىس كۆتۈرۈلۈپ يۇقىرىغا ئۆرلەيدۇ. ئاندىن پېرىخون كۆرگۈگە قاراپ تۇرۇپ يىغىن يىغىش سۆزىنى (باشلاش سۆزى) سۆزلەپ «قان

ئادەم، دەپ ھېسابلايدۇ. بەزى ئادەتتىكى كىشىلەرمۇ بۇنىڭ شۇنداق-لىقىنى ئېتىراپ قىلىدۇ. پېرەخونلۇق بۇرۇندىن تارتىپ پېشقەدەم پېرە-خونلارنىڭ ھەۋەسكارلار ئىچىدىن شاگىرت ئېلىپ تەربىيىلىشى ۋە ئۇدۇم قالدۇرۇشى ئارقىلىق داۋام قىلىپ كەلگەن. پېرە مەشرىپى تارقالغان رايونلاردا ھەر بىر دەۋردە بىر نەچچە پېرىخون تەڭ مەۋ-جۇت بولۇپ كەلگەن.

پېرە ئۇسسۇلچىسى: بۇ، پېرە مەشرىپىدە پېرىخونغا جور بولۇپ ئۇسسۇل ئوينايدىغان ئايال بولۇپ، مۇزىكا سېزىمى كۈچلۈك، ئۇس-سۇلغا پىششىق ئاياللار ئۇستىگە ئالىدۇ. پېرە مەشرىپى قانچە سائەت داۋام قىلىشىدىن قەتئىينەزەر، ئالماشماي، دەم ئالماي ئۇسسۇل ئوينايدۇ. بەزىدە پېرەقىراپ ئۇسسۇل ئويناۋېتىپ، تۇغقا يامىشىپ يۇقىرىغا چىقىدۇ. بەزىدە تۇيۇقسىز «بوغۇلۇپ» ئېغىزىدىن كۆپۈك ياندۇرىدۇ. ئاندىن قوپۇپ ئۇسسۇل ئوينايدۇ. شۇڭا پېرە ئۇسسۇلچى-سى بولالايدىغان ئاياللارمۇ كۆپ ئەمەس.

داپەندى: بۇ، پېرە مەشرىپىدە داپ تەڭكەش قىلغۇچى سازەندە-لەرنى كۆرسىتىدۇ. پېرە مەشرىپىدە ئادەتتە 9 دىن 11 غىچە داپەندى داپ تەڭكەش قىلىدۇ. قىسمەن چاغلاردا بەش ياكى يەتتە كىشى بول-سىمۇ بولىدۇ. ئېشقىلىپ داپەندى تاق سانلىق بولۇشى كېرەك (بۇ-نىڭ سەۋەبى ئايدىڭ ئەمەس). داپەندىلەرمۇ شاگىرتلىققا كىرىش يولى بىلەن يېتىشىپ چىقىدۇ. باشقىلار تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنغان ۋە زۆرۈر بولغان چاغدا داپەندىلەر سېپىگە قوشۇۋېلىنىدۇ. داپەندىلەر-نىڭ مۇزىكا سېزىمى كۈچلۈك بولۇشى، پېرە مەشرىپىنىڭ ناخشا ـ تېكىستلىرىنى پىششىق بىلىشى تەلەپ قىلىنىدۇ. داپەندىلەر ئىچىد-دە بىر باشلامچى بولىدۇ. ئۇ باش داپەندى ياكى باش سەنەمچى دېيى-لىدۇ. باش داپەندى پېرە نەغمە ئۆزگىرىشلىرىنى باشلاپ چېلىپ، سەنەم تېكىستلىرىنى باشلاپ ئېيتىدۇ. مۇزىكا مېلودىيىسىنى كون-ترول قىلىدۇ. باشقا داپەندىلەر ئۇنىڭغا ئەگىشىپ جور بولىدۇ. پې-رە مەشرىپىدە داپەندىلەرمۇ ئالماشماي، باشتىن ـ ئاخىر ناخشا ـ

نى چۆرىدەپ ئولتۇرغانلار ئورنىدىن تۇرىدۇ. چىنىدىكى سۇ تۆكۈۋې-
تىلىدۇ. كۆرگۈ ئايۋان تۈۋرۈكىگە ئېلىپ قويۇلىدۇ. ئوچاق ئايۋان
تۈۋرۈكىدىكى چىراغپاي ئۈستىگە قويۇلۇپ، پات ـ پات بۆي سېلىپ
تۇرۇلىدۇ. داپەندىلەر ئايۋان سۇپىسىغا چىقىپ بىر رەت بولۇپ تۇغقا
قاراپ ئۆرە تۇرىدۇ، ئۇلار ئۆزىنىڭ كونكرېت ئەھۋالىغا قاراپ ئايۋاد-
نىڭ قايسى سۇپىسىدا تۇرسا بولىۋېرىدۇ، لېكىن بىردىنبىر شەرت
قىبلىگە (غەربكە) كەينىنى قىلىپ تۇرماسلىقى كېرەك. پېرىخون ،
ئۇسسۇلچى ۋە تويى بولىغان جۇۋان تۇغ ئەتراپىدا تۇرىدۇ. ئاندىن
رەسمىي مەشرەپ باشلىنىدۇ. پېرە مەشرىپى جەمئى ئون ئىككى
ئۆزگىرىشلىك بولۇپ، ئۇنىڭ ھەر بىر ئۆزگىرىشى «بىر ئويان» ياكى
«بىر سەنەم» دەپ ئاتىلىدۇ. بىر قېتىملىق مەشرەپتە ئون ئىككىدىن
ئارتۇق سەنەم ئورۇنلاشقا توغرا كەلگەندە، سەنەم ئاھاڭلىرى تەكرار-
لىنىدۇ. لېكىن تېكىست يەڭگۈشلەپ ئوقۇلىدۇ.

5) پېرە مەشرىپىنىڭ سەنەملىرى (ئۆزگىرىشلىرى) ۋە پېرە ئۇسسۇلى

پېرە مەشرىپىنىڭ ھەر بىر ئۆزگىرىشى ئوخشاشمىغان ئاھاڭلار-
دىن تەركىب تاپقان بولۇپ، داپەندىلەر باش داپەندىنىڭ يېتەكچىلى-
كىدە داپ تەڭكەش قىلىپ ناخشا ئوقۇيدۇ. ھەر بىر ئۆزگىرىش (سە-
نەم)40 مىنۇتقا يېقىن داۋام قىلىدۇ. بىر سەنەم تۈگەپ يەنە بىر سە-
نەمگە ئۆتكەندە ئادەتتە توختاش بولماي ئۇلاپ داۋاملاشتۇرۇلىدۇ. ئا-
رىلىقتا قان قىلىنغان ياكى پېرە ئۇسسۇلچىسى ئايلىنىپ يىقىلىپ
چۈشكەن ياكى تاماق يېگەن ۋاقىتتا بىر ئاز توختاش بولىدۇ. پېرە
مەشرىپىنىڭ سەنەملىرى ۋە قىسمەن تېكىستلىرى تۆۋەندىكىچە:

1 ـ سەنەم چىلىلاڭ توخام (توخۇيۇم)

*چىلىلاڭ توخام، چىلىلاڭ توخام،*
*يارىم گويغانسۇن.*
*لەۋلىرىنى چىشلىۋالاي،*
*ۋاي دەپ گويغانسۇن.*

بېرىتمىز» دېگەن يەرگە كەلگەندە، پېرە مەشرىپى كۆڭۈل ئېچىش ياكى جۇۋان توي ئۇچۇن بولسا، قانلىققا ئاتالغان قوي، توخۇ قاتار-لىقلارنى سىرتتا دەرھال بوغۇزلاپ قان قىلىنىدۇ. سورۇندىكى باشقا كىشىلەر «چىراغ ئۆرۈدۈك» دەپ پۇل، نان قاتارلىق نەرسىلەرنى پەت-نۇسقا تاشلايدۇ. بۇلار يىغىلىپ بولغاندا كېسەل كىشىنىڭ ياكى پېرە ئۇسسۇلچىسىنىڭ بېشىدىن ئۆرۈپ، داپەندىلەرنىڭ دېپىغا سېلىپ بېرىلىدۇ. ھەر كىمنىڭ دېپىغا سېلىنغىنى شۇ داپەندىنىڭ بولىدۇ. مالنىڭ قېنىغا ئازراق كېپەك ئارىلاشتۇرۇپ ئېلىپ قويۇلىدۇ. ئۇ-نىڭدىن كېيىن پېرىخون سۆزىنى داۋام قىلدۇرۇپ: «تۆۋغ تۆۋدىكى مۇشۇ جۇۋان بىلەن ئۇنىڭ بالىسىدىن ئاپىتىڭلارنى ئېلىڭلار» دەي-دۇ. كۆڭۈل ئېچىش ئۇچۇن بولسا: «مۇشۇ يۇرتتىن، مۇشۇ مەشرەپ ئەھلىدىن» دەيدۇ. بۇ سۆزلەرنى دەۋەتىپ پېرىخون قولىدىكى داپنى كېسەل كىشىنىڭ بېشىدىن (ياكى جۇۋاننىڭ بېشىدىن، كۆڭۈل ئې-چىش مەشرىپىدە تۇغدىن) ئۇچ قېتىم ئۇلۇك ئايلاندۇرىدۇ. ئاندىن داپنى باش داپەندىگە بېرىدۇ. بۇ ھەرىكەتلەر «يىغىن يىغىش» دېيى-لىدۇ. يىغىن يىغىشقا ئۇلاپ «ئويان (ئويۇن) سېلىش» باشلىنىدۇ. باش داپەندى داپنى چېلىپ مۇقەددىمە باشلايدۇ:

*چايناغىلى مۇز ياخشى،*  
*ئويناغىلى ئۇز ياخشى.*  
*بولا ـ بولماس چوكاندىن،*  
*سەت بولساڭمۇ سەن ياخشى.*

ئويۇن سېلىش (مۇقەددىمە) داۋاملىشىۋاتقاندا پېرىخون كۆرگۈگە قاراپ ئولتۇرىدۇ. مۇقەددىمە تۈگىگەن ھامان: «يەتتە ئويان چىقتى» ياكى «ئون ئىككى ئويان چىقتى» دەپ ئېلان قىلىدۇ. مانچە ئويۇن چىقتى دېگىنى بۇگۈنكى مەشرەپتە مانچە سەنەم ئوينىلىدۇ، دېگەن-لىك بولۇپ، پېرىخون ئويۇن سانىنى ئېلان قىلغاندىن كېيىن، تۇغ-

ۋۇ...ۋۇ...ۋاي...

5 ـ سەنەم سەندىن بۆلەك

يارىنىڭ يارى تولا،
سەندىن بۆلەك، مەندىن بۆلەك.
مەن تېخى يار تۇتمۇدۇم، سەندىن بۆلەك.
ۋۇ...ۋۇ...يۇمۇلاق خېنىم،
سەندىن بۆلەك. ۋۇ...ۋاي...

6 ـ سەنەم مېنىڭ ھالىمنى كىم بىلۇر

ئانىكام بىلمەسۇن، دادىكام بىلمەسۇن،
مېنىڭ ھالىمنى.
سەن بىلمىسەڭ، خۇدايىم بىلۇر،
سارغايغانىمنى.
ئاتلار ئورۇق، يوللار يىراق،
بۇ مېنىڭ بەختىم.
ئايىمخانىنىڭ ساچباغ تويىدا،
مەس بولۇپ ياتتىم.

7 ـ سەنەم باھار بولدى، گۈل ئاچىلدى

خۇيى بىلىنگۇ، خۇيى بىلمەنگۇ،
مەن كۆيدۇم سىزگە.
شۇ بۇ ئايدا ئۆلۈپ كەتسەم،
ئۇۋالىم سىزگە.
باھار بولدى، گۈل ئاچىلدى،
مېنىڭ ئاچىلمىغان كۆڭلۈم.
جاھاندا ئىزدىسەم يوقتۇر،
سېنىڭدەك ياخشى جانانىم.

8 ـ سەنەم قىزىلگۈلنىڭ پېراقى

قىزىلگۈلنىڭ پېراقى،
شاخىدا يوپۇرماقى.

*چىلىلاغىلى چار خوراز ياخشى، چار خوراز ياخشى،*
*مۇزەررەتلىك قىبرىنىداشتىن، ۋاپادار ئاشىنا ياخشى.*

.....

2 ـ سەنەم ئايخان يارىم

*ئانام ئۆلگەنگە يىغلايمۇ؟*
*دادام ئۆلگەنگە يىغلايمۇ؟*
*ئانام ئۆلسە ئىلاجىم يوق،*
*يېتىم بولغانغا يىغلايمۇ؟*
*يانا ئايخان يارىم، يانا مەستان يارىم،*
*ئو...ئو...ئو...*
*ئوخشىمايدۇ ئۆز يارىڭە،*
*ئو...ئو...ئو...*
*كۆزلىرى خۇمارىكەن.*

3 ـ سەنەم چىلك بىرلىشىپ

*(ۋاي) ئاتىم سۇنى ئىچمەيتۇ،*
*(ۋاي) غازاڭ بارمىكىن كۆلدە.*
*شەرەت قىلسام چىقمايتۇ،*
*ئېرى بارمىكىن ئۆيدە.*
*ۋاي...چىلك بىرلىشىپ،*
*ھەق كۆرسەتكەن شۇ يولنى،*
*ئىخلاس بىلەن ئادا قىلىمىز.*

4 ـ سەنەم پەرۋەردىگار ئالدىدا

*خۇدايىم، پەرۋەردىگارىم،*
*ئاسماندا ئەيسا بارمىتۇ؟*
*پەرۋەردىگار ئالدىدا،*
*بىزدەك گۇناھكار بارمىتۇ؟*
*يارىم، يارىم، ئايخان يارىم،*
*يارىم، يارىم، نىساخان يارىم.*

*بالاگەردان ئۇلارنى، (ھەقدوس ئىللەللا)*
*ساقلىغايلا بالادىن. (ھەقدوس ئىللەللا)*
*خوتەندىن كەلدى ھېلىم ئاقساقال، (ھەقدوس ئىللەللا)*
*بىردىن ئاتنى قاڭقايتىپ. (ھەقدوس ئىللەللا)*
*ئاقسۇ يولىغا چۈشكەندە، (ھەقدوس ئىللەللا)*
*ئويناشتىمۇ قويچىلىق، ئېلىشتىمۇ قويچىلىق؟*
*خۇدايىمنىڭ يولىدا، (ھەقدوس ئىللەللا)*
*بىر چۆگۈندە سۇ بېرىڭ، (لائىلاھە ئىللەللا)*
*ئىككى رەكەت نامازىم بار، (ھەقدوس ئىللەللا)*
*ئوقۇۋالاي باي نەزەر. (لائىلاھە ئىللەللا)*
*خۇدايىمنىڭ يولىدا، (ھەقدوس ئىللەللا)*
*جاننى قويساڭ باي نەزەر. (لائىلاھە ئىللەللا)*
*ئۇن كەسىگەن قىغراقتا، (ھەقدوس ئىللەللا)*
*قىينىمىغىن جانىمنى. (لائىلاھە ئىللەللا)*

12 ـ سەنەم گۈليار

*گۈليار، گۈليار ئەمەسمۇ؟*
*ئېتىڭ گۈليار ئەمەسمۇ؟*
*بىزنى يامان دېگەنلەر،*
*خانىۋەيران ئەمەسمۇ؟*
*داپنى چېپ بېرەي سىزگە،*
*ئۇسسۇل ئويناپ بېرىڭ بىزگە.*
*ئۇسسۇلنى ئۆزەڭ ئوينا،*
*پايدىسى بولار سىزگە.*

بېرە مەشرىپى داۋامىدا، ھەر بىر ئۆزگىرىشتە باخشى ئۇسسۇل باشلاپ بېرىدۇ. ئۇسسۇلچى ئەگىشىپ ئۇسسۇل ئوينايدۇ. كېسەل داۋالاش ئۈچۈن ئوينالغاندا، كېسەل كىشىمۇ ئىمكانىقەدەر ئۇسسۇل ئوينايدۇ. ئۇلار بەزىدە ئىككى قولىدا ئۇسسۇل ئوينىسا، بەزىدە بىر

*سۆيسەڭ ياخشىنى سۆيگىن،*
*ئاخىرەتتە سوراغى.*
*ئانار گۈلىدەك يارىم،*
*خېنە گۈلىدەك يارىم.*
*ھەر بىرسىنىڭ قىزىل گۈلدەك،*
*قايسىڭدىن كېچەي يارىم.*

9 ـ سەنەم قىزىلگۈلۈم

*قىزىلگۈلۈم، قىزىلگۈلۈم،*
*سۇغا سالسام سولاشمايتۇ.*
*مېنىڭ ئەسلىدىكى يارىم،*
*ئېرى بىلەن بولاشمايتۇ.*
*ئاناسى پاتىمە ـ زۆھرە،*
*ئاتاسى شاھى مەردانىدۇر.*
*خۇدا يولىدا جان بەرگەن،*
*زۇلەيخا بىلەن ئەھمەتتۇر.*

10 ـ سەنەم غەزەل

*باھار ۋاقتىدا كەلمىشتۇر، ئۇيقۇدىن بىدار كاككۇك، ئوي...*
*باھارنىڭ قەدرىنى بىلمەي، ئۇچۇپ كەتكەن نادان كاككۇك.*
*ئۇچۇپ ھاۋاغا چىققاندا، لېچىن سوقسۇن سېنى كاككۇك،*
*ئاۋال ئاخشامدا قىچقارماق، يالغۇز قالغىنىڭدىندۇر.*
*سەھەر مەلىدە قىچقارماق يېمەك ـ ئىچمەك غىزايىڭدۇر. ئو...*
ئايرىلغاچقا جۈپتىدىن، ھەمىشە سايرىغان كاككۇك.
ئو...ئو...ئو...

11 ـ سەنەم باي نەزەر

*چارشەنبە كۈنى بازارى، (ھەقدوس ئىللەللا)*
*روھى قىران گۈلزارى. (لائىلاھە ئىللەللا)*
*ئاشىقلارنىڭ سەردارى، (ھەقدوس ئىللەللا)*
*بالاگەردان دىۋانى. (ھەقدوس ئىللەللا)*

نومۇرلىرى ئوينىلىدۇ. ياكى بۇنداق نومۇرلار ئاساس قىلىنىپ، ئا-رىلىقتا پېرە مەشرىپىدىن بىر قانچە سەنەم ئورۇنلىنىدۇ.

7) يېقىنقى ۋە ھازىرقى دەۋردىكى داڭلىق پېرە مەشرەپچىلىرى

نامى چىققان پېرىخونلار(تەۋەلىكى:قاراقاش ناھيەسى):

غېلىمەتكام (1891 ـ 1961)، كۆيا يېزا ئات ئېغىل كەنتىدىن.

ئىسلام ئاخۇن (1912 ـ 1987)، كۆيا يېزا ئات ئېغىل كەنتىدىن.

ئىمىن موللام (1924 ـ 1994)، پۇچاقچى يېزا شاخلىق كەنتىدىن.

ھەمىت ئاخۇن (1943 ـ ھايات)، قارا ساي يېزا غەجەك كەنتىدىن.

دابىت ئاخۇن (1945 ـ ھايات)، ياۋا يېزا شاخلىق كەنتىدىن.

نامى چىققان داپەندىلەر:

چاۋار ئاخۇن (1883 ـ 1962)، كۆيا يېزا قوشكۆۋرۈك كەنتىدىن.

نۇراخۇن پاختەك (1898 ـ 1978)، كۆيا يېزا پاختەكلە كەنتىدىن.

باكىر ئاخۇن (1925 ـ 2000)، كۆيا يېزا ئورتا قايغۇلۇق كەنتىدىن.

جاپپار ئاخۇن مۇشۇك (1940 ـ ھايات)، كۆيا يېزا ئات ئېغىل كەنتىدىن.

**(مۇھەممەتئىمىن سابىر)**

## 6. كىلياك مەشرىپى

كىلياك مەشرىپى ــ خوتەن خەلق ناخشىلىرىنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن سايىت موللا داپىتىن ھازىرقى ھايات پېشۋا بارات ھەمدۇللاغىچە يېتىپ كەلگەن بولۇپ، ئۇ ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى ئۆزىدە ھازىرلىغاندىن باشقا يەنە تاغ ناخشىلىرىغا خاس شوخ ۋە جۇشقۇنلۇقى، مەشرەپ ئارا ئوي-نىلىدىغان ئويۇن تۈرىنىڭ كۆپلۈكى، ئۆزگىچە يوشۇرغان ۋائىزلىق سەنئىتى تۈرلىرىنىڭ ھازىر جاۋابلىقى ھەم يۇمۇرىستىكىلىقى، ئەڭ مۇھىمى ئويۇن ۋە ئېيتىشىشلىرىدىكى سۆز بىلەن ھەرىكەت بىر-لەشتۈرۈلگەن ھەجۋىيلىك خۇسۇسىيىتىنىڭ كۈچلۈك بولۇشى قا-تارلىق بىر نەچچە خىل ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن باشقا مەشرەپلەردىن

قولىدا تۇغنى تۇتۇپ، بىر قولىدا ئۇسسۇل ئويناپ تۇغنى ئايلىنىدۇ. تۇغدىن گاھى ئوڭ ئايلانسا، گاھى تەتۈر ئايلىنىپ ئوينايدۇ. ئۇسسۇلچى توختاپ ياكى ئاستىلاپ قالسا، پېرىخون قولىدىكى قامچا ياكى چىۋىق بىلەن ساۋىداپ، ئۇسسۇل ئويناشقا ئۈندەيدۇ. بىر قانچە ئۆز-گىرىشتىن كېيىن، مۇزىكا ئەۋجىگە چىققاندا، پېرىخون ئۇسسۇل ئويناۋېتىپ، تۇغقا يامىشىپ تورۇسقا قەدەر چىقىپ، بىردەم تۇرغاندىن كېيىن، يېنىپ چۈشىدۇ. ئۇسسۇلچىمۇ تۇغنىڭ ئوتتۇرىسىغا قەدەر يامىشىپ چىقىدۇ. پېرىخون بەزىدە بىر تۇتام قومۇشقا ئوت تۇتاشتۇ-رۇپ تۇغنى ناھايىتى تېز ئايلىنىپ ئۇسسۇل ئوينايدۇ. پېرە مەشرىپى-نىڭ مۇزىكا رېتىمى ناھايىتى تېز بولۇپ، ئۇسسۇل جىددىي ۋە چاققان ئوينىلىدۇ. شۇ سەۋەبتىن ئۇسسۇلچى ۋە ئۇسسۇل ئويناۋاتقان كېسەل كىشى بىر قانچە قېتىم تىرلەيدۇ. بەزىدە ئايلىنىپ يىقىلىپ چۈشىدۇ. بۇنداق چاغدا پېرىخون ئۇنىڭ پۇت ـ قول، بەل ـ دۈمبىلىرىنى ئۇ-ۋىلايدۇ. ئوڭشالغاندىن كېيىن يەنە ئۇسسۇل ئوينايدۇ.

6) پېرە مەشرىپىدىكى يولۋاس ئۇسسۇلى

پېرە مەشرىپى باشلىنىپ ئويۇن سالغاندا، پېرىخون مانچە ئويان چىقتى دەپ ئېلان قىلغان ئىددەت بويىچە سەنەم ئورۇنلانغاندىن كې-يىن، مەشرەپ خاتىمىگە كۆچىدۇ. خاتىمىدە يولۋاس ئۇسسۇلى ئوي-نىلىدۇ. ئۇسسۇلغا داپ تەڭكەش قىلىنىدۇ. تېكىست ئوقۇلمايدۇ. پېرىخون ئىككى قولىغا بىردىن رەڭدار ياغلىق ئېلىپ يولۋاس ئۇسسۇلى ئوينايدۇ. باشقا تاماشىبىن ئەر ـ ئاياللار ئارقا ـ ئارقىدىن مەيدانغا چۈشۈپ كوللېكتىپ ئۇسسۇل ئوينايدۇ. ئۇلار قولىغا ياغلىق ئالسىمۇ، ئالمىسىمۇ بولىدۇ. يولۋاس ئۇسسۇلى يېرىم سائەت داۋام قىلىدۇ. ئاندىن پېرىخون پېرە ئويناش ئاياغلاشقانلىقىنى ئېلان قىلى-دۇ. پېرە مەشرىپى كېسەل داۋالاش ئۈچۈن بولغاندا مەشرەپ شۇ-نىڭ بىلەن تۈگەپ، تاماشىبىنلار تارقايدۇ. باخشى كېسەل كىشىنى ئۇچۇتۇشقا ئېلىپ بارىدۇ. ئەگەر كۆڭۈل ئېچىش ياكى جۇۋان تويى ئۈچۈن بولغان بولسا، باشقا ناخشا ـ ئۇسسۇل، لەتىپە، قىزىقچىلىق

مەتلىرى ئاساسىي خورۇچ قىلىنغان بىر خىل تاماق شەكلى) دەپ ئاتى-لىدىغان بىر خىل تاماق قويۇلىدۇ، پاۋان ئىچى يېيىلىپ بولۇنغاندىن كېيىن، داستىخاننىڭ ئوتتۇرىغا چاي، يەل ـ يېمىشتىن تەركىب تاپقان مەشرەپ چېيى قويۇلىدۇ. سورۇندىكى خالىغان ئادەم مەشرەپ چېينى قوبۇل قىلسا بولىدۇ، مەشرەپ چېينى بىرىنچى بولۇپ قولىغا ئالغۇ-چى كېلەر قېتىملىق مەشرەپنىڭ ساھىبخانى بولىدۇ. بۇ يەردە شۇنى ئالاھىدە ئەسكەرتىش كېرەككى، مەشرەپ چېينى تالىشىش جېڭى نا-ھايىتى كەسكىن بولۇپ، مەشرەپ چېيىغا ئېرىشكۈچىگە نىسبەتەن چاققانلىق، سەزگۈرلۈك، بىلىكنىڭ كۈچلۈك بولۇشىنى تەلەپ قىلى-دۇ، ئۇنداق بولمايدىكەن مەشرەپنىڭ چېينى تالىشىش جېڭى مەشرەپ چېينى باشقىلارغا تارتقۇزۇپ قويۇش بىلەن نەتىجىلىنىدۇ ـ دە، باش-قىلارنىڭ ئالدىدا ئابرۇيىغا دەخلى يېتىدۇ.

كىلياڭ مەشرىپىمۇ خۇددى باشقا مەشرەپلەرگە ئوخشاشلا مۇقەد-دىمىدىن باشلىنىدۇ. مۇقەددىمە مۇزىكا ئۇستىسى تەرىپىدىن تەم-بۇرگە تەڭكەش قىلىنىپ، يېقىملىق ۋە يېنىك، خۇددى تاغ سۈيىنىڭ دولقۇن ئۇرۇشىغا ئوخشاپ كېتىدىغان دولقۇنسىمان ئاۋازدا باشلى-نىدۇ. باشقا سازەندە، ناخشىچىلار ۋە سورۇن ئەھلى جىمجىت ئولتۇ-رۇپ مۇقامنى ئاڭلايدۇ.

مۇقام ئوقۇلۇپ بولۇنغاندىن كېيىن، داپەندە ۋە باشقا سازچى، ناخشىچىلار ناخشىغا جور بولىدۇ. ئىككى ئادەم بىر جۈپ بولۇپ ئۇسسۇلغا چۈشىدۇ، بىر پەدە ئويناپ بولغاندىن كېيىن يەنە ئىككى نەپەر ئۇسسۇلچىنى ئۇسسۇلغا تارتىدۇ، پۈتۈن مەشرەپتە ئۇسسۇل مۇشۇ تەرتىپتە داۋاملىشىدۇ.

بىر پەدە ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، نەغمىچىلەرنىڭ دەم ئېلىش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، قىزىقچىدىن بىرەرى مەيدانغا چۈشىدۇ ـ دە، ھەجۋىي ئېيتىشىش ياكى ھەجۋىي ئويۇندىن بىرنى باشلايدۇ.

بىز بۇ يەردە مىسال سۈپىتىدە «جان ئاكام بىلەن خېنىمكامنىڭ ئېيتىششى» دەپ ئاتالغان ھەجۋىي ئېيتىشىشنى كۆرۈپ باقايلى:

ئالاھىدە پەرقلىنىدۇ. سايىت موللا داپ، ھىزباقى، خوجا تەمبۇر قاتارلىق 1 ـ ئەۋلاد مەشرەپچىلەردىن باشقا زوردۇن ئاخۇن، تۇردى ئاخۇن غىياس قاتارلىق 2 ـ ئەۋلاد ئىز باسارلار كىلىياڭ مەشرىپىنىڭ ئەسلىي ھالىتىنى ساقلاپ، قۇربان ئاخۇن چوڭ، ھەمدۇللا خوجا، توختى ئاخۇن غىياس، توختى كىچىك، مەتۆلى ئاخۇنلار ۋەكىللىدىكى 3 ـ ئەۋلاد مەشرەپچىلەرگە؛ ئۇلار بارات ھەمدۇللا، ئابدۇكېرىم سامسا، ئوسمان مىراۋت، مەتسىيىت سىيىت، مەمتىز مەيدۇن، ئابلىمىت ھەمدۇللا ۋەكىللىكىدىكى 4 ـ ئەۋلاد مەشرەپچىلەرگە مىراس قالدۇرغان.

كىلىياڭنىڭ يىپەك يولىدىكى مۇھىم ئۆتەڭ بولغانلىقىدەك رېئاللىق، شۇنداقلا كىلىياڭ مەشرىپىنىڭ نەغمە بىلەن نەغمە ئارىسىدا ئويىنىلىدىغان ئويۇنلاردىن قارچىغا ئويۇنى (ئەجدادلىرىمىزنىڭ قەدىمىي ئوۋچىلىق تۇرمۇشىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ)، چەكمەن توقۇش ئويۇنى (ئىپتىدائىي توقۇمىچىلىق مەشغۇلاتىدىن مەلۇمات بېرىدۇ)، دارغا چىقىش ئويۇنى قاتارلىق ئويۇن تۈرلىرى، كىلىياڭنىڭ قەدىمدىن بېرى بەزمە مەشرەپ ئوچىقى بولۇپ كەلگەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

**1) كىلىياڭ مەشرىپىنىڭ ئورۇندىلىش شەكلى**

كىلىياڭ مەشرىپى ــ ناخشا ـ مۇزىكا، ئۇسسۇل، ئېيتىشىش، ۋائىزلىق، ھەجۋىي ئويۇن قاتارلىقلاردىن تەركىب تاپقان بولۇپ، تەمبۇر ۋە داپنى ئاساسىي ساز قىلىدۇ، سورۇننىڭ كۆلىمى ۋە شارائىتىغا قاراپ باشقا سازلارنىمۇ قوشۇمچە قىلىدۇ. كۆلىمى نىسبەتەن كىچىك، شارائىتى تۆۋەنرەك بولغان سورۇنلاردا پەقەت بىر تەمبۇر ۋە داپ بولسىلا مەشرەپ ئۇيۇشتۇرغىلى بولىدۇ.

كىلىياڭ مەشرىپى ــ ئەلمىساقتىن مېھماننىڭ ھۆرمىتىگە ئېلىپ بېرىلىدىغان بولۇپ، مېھمان چاقىرغۇچى ئەڭ دەسلەپ مېھماننىڭ شەرىپىگە مەشرەپ ئۇيۇشتۇرۇپ بېرىدۇ، مەشرەپ تاماملىنىپ مېھمان ئۇزاش ئالدىدا ساھىبخانىنىڭ يۇرتتىكى ئاغىنە ـ بۇرادەرلىرى تولۇق چاقىرىلىپ، يىغىلغان ئەھلى ـ جامائەتكە «پاۋان ئېشى» (ئوۋ غەنىيە-

ھەجۋىي ئويۇن، ئېيتىشىشلارنىڭ تۈرلىرى ناھايىتى كۆپ بو-لۇپ، بۇ خىلدىكى ئويۇن تۈرلىرى ۋە ئېيتىشىشلار ئارقىلىق جەم-ئىيەتنىڭ قاراڭغۇ تەرىپى، ئالدامچىلىق، ئاچ كۆزلۈك قامچىلىنىپ، كەڭ مەشرەپ ئەھلى ئۇنىسىز تەلىم - تەربىيەگە ئىگە قىلىنىدۇ.

ئېيتىشىش ياكى ھەجۋىي ئويۇن تۈگىگىچە بولغان ئارىلىقتا سازچىلار سازلىرىنى تەڭشەپ، داپەندىلەر داپلىرىنى قىزىتىپ تەخ بولۇپ تۇرۇشىدۇ، سەھنە بىكار بولۇشى ھامان نەغمە باشلىنىپ كې-تىدۇ، شۇنداق قىلىپ پۈتۈن مەشرەپ ناھايىتى قىزغىن ۋە تەرتىپ-لىك رەۋىشتە داۋاملىشىدۇ...

2) كىلياڭ مەشرىپىنىڭ كۆي شەكلى ۋە ئۇسسۇل شەكلى

كىلياڭ مەشرىپىنىڭ كۆي شەكلىمۇ باشقا مەشرەپلەرگە ئوخشاش مۇقەددىمىدىن باشلىنىدۇ، مۇقەددىمە قىسمىنىڭ كۆي شەكلى ناھايى-تى ئاستا بولۇپ، داستان قىسمىدا ئازراق، مەشرەپ قىسمىدا يەنە ئازراق تېزلىشىپ، سەلىقە قىسمىدا ئەڭ تېز ھالەتكە كېلىدۇ. مۇقەد-دىمە تۈگىشى ھامان سورۇندىكى ئۇسسۇل بېشى ھېسابلانغان ئىككى ئەر ئورنىدىن تۇرۇپ، ھۆرمەت ۋە ئېھتىرام بىلەن بىر - بىرىگە بېقى-شىپ ئۇسسۇلغا چۈشىدۇ، ئۇسسۇلچىلارنىڭ ئۇسسۇل ھەرىكىتى ئىنتا-يىن نەپىس، مەردانە، سالماق بولۇپ، پۇت، قول، بەدەن ھەرىكىتىدە تاغ-لىقلارغا خاس چەبدەسلىك ۋە غەيۇرلۇق ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ.

ئۇسسۇل ھەرىكىتى مەشرەپنىڭ سەنەم قىسمىدىن باشلىنىپ، داپنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئاساسەن تەدرىجىي تېزلىشىدۇ. كىلياڭ مەش-رىپىنىڭ ئۇسسۇلى مەيداننى ئايلىنىپ ئوينايدىغان بىر خىل ئۇس-سۇل شەكلىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇسسۇل باشلىنىشى ھامان ئىككى نەپەر ئۇسسۇلچىنىڭ بىر - بىرىگە سالام تەرىقىسىدە ئوڭ مۈرىسىنى سول مۈرىسىگە قارىغاندا كۆرۈنەرلىك ئېگىشى بىلەن باشلىنىپ، ئوڭغا ئىككى، سولغا ئىككى، يەنە ئوڭغا بىر ئايلانغاندىن كېيىن ئىككى ئۇسسۇلچى تەڭلا كەينىگە يېنىپ بايىقى ھەرىكەتنى يەنە بىر تەكرارلىغاندىن كېيىن، ئۇسسۇل رەسمىي تەرتىپكە چۈشىدۇ.

بىر ئەر مەيدانغا چۈشۈپ ئەرەنچە ئاۋاز بىلەن:

*قېنى خېنىمكام قېنى باشىڭىز،*
*قېنى، قېنى باشىڭىز، قېنى،*
*قېنى، قېنى باشىڭىز قېنى؟*

ئاندىن ئاۋازىنى ئىنچىكە چىقىرىپ ئايالچە ئاۋازدا:

*مانا جان ئاكام مانا باشىمەي،*
*مانا، مانا باشىمەي مانا.*

يەنە تەرتىپ بويىچە ئاۋازىنى ئەرەنچە ئاۋازدا چىقىرىپ:

*مەن ئەپ بەرگەن دوپپىلارنى،*
*كەيمەي كەپسىز خېنىمكام قېنى؟*

ئايالچە ئاۋازدا:

*سىز ئەپ بەرگەن دوپپالىرىڭىز،*
*شاپاق چىقتى جان ئاكام، ئۆزىمىزدە باركەن،*
*كەيگەچ كەلدۈق مانا،*
*مانا، مانا باشىمەي مانا.*

ئەرچە ئاۋازدا:

*ئۆزىڭىز شاپاقكەن، ئۆزىڭىز كىيەلمەس،*
*ئەپ بەرمىسەم بوپتىكەن ئىسىت،*
*زايە كەتكەن پۇللىرىم ئىسىت.*

ئايالچە ئاۋازدا:

*ئىسىت باشىمەي، ئىسىت باشىمەي،*
*شاپاق كەيگەن باشىمەي ئىسىت،*
*شاپاق كەيگەن باشىمەي ئىسىت.*

ئەرچە ئاۋازدا:

*خاپا بولماڭ، كۆپ يىغلىماڭ،*
*ئەپ بېرىمەن خېنىمكام يەنە،*
*ئەپ بېرىمەن خېنىمكام يەنە.*

..............

ئۈستىدىن شىكايەت قىلىپ، ئاممىنى يورۇقلۇققا، ئىلىمگە دالالەت قىلىش، ئۆز بەختى، ھۆرلۈكى ئۈچۈن جاپالىق كۆرەش قىلىشقا ئۈندەيدىغان تەربىيە، پەند - نەسىھەت؛ قېرىشدالىق، زوراۋانلىققا قارشى تۇرۇپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك، يۇرتنى گۈللەندۈرۈش، خەلقپەرۋەرلىك ئىدىيەلىرى تەرغىب قىلىنغان بېيىت - قوشاقلاردىن تەركىب تاپقان.

4) كىلياك مەشرىپىنىڭ باشقا ئالاھىدىلىكى

(1) مەشرەپ باشلىنىشتىن ئىلگىرىكى تەييارلىق ئەتراپلىق ئىشلىنىدۇ. ساھىبخانا ئۆزىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا قاراپ مەشرەپ ئۆتكۈزۈشتىن بىر - ئىككى كۈن بۇرۇن مەشرەپكە چاقىرىدىغان مېھمان ئەھۋالى، تاماق تۈرى، مېۋە - چېۋە، ئۆي تازىلىقى قاتارلىق تەرەپلەردىن ئەستايىدىل ئويلىشىپ تەييارلىق قىلىدۇ. مەشرەپ ئەھلى ئۆزىنىڭ كونكرېت ئەھۋالىغا قاراپ يېڭى كىيىملىرىنى، يېڭى بولمىغاندىمۇ پاكىز كىيىشىپ، چاچ - ساقاللىرىنى پاكىز ياسىتىپ، ساھىبخانىنىڭ ھۆرمىتىگە قۇربىنىڭ يېتىشىچە ياخشى جاۋاب قايتۇرۇشقا تىرىشىدۇ.

قىز - چوكانلار ئۇسما قويۇپ، كىرپىكىگە تاش سۈرمە، تىرنىقىغا خېنە يېقىپ، يارىشىملىق پەرداز قىلىشىدۇ، ئەر - ئايال بېشىغا دوپپا، پۇتىغا ئۆتۈك قاتارلىق ئەنئەنىۋى كىيىملىرىنى كىيىشىپ مەشرەپ بولىدىغان سورۇنغا جۇشقۇن ۋە روھلۇق قىياپەت بىلەن كىرىپ كېلىشىدۇ.

مەشرەپ سورۇنىدا ھەركىم ئۆزىگە مۇناسىپ ئورۇندا ئولتۇرۇشىدۇ. كىلىياڭنىڭ ئەنئەنىۋى ئادىتى بويىچە ھەر بىر كىلىياڭلىق ئايۋان دەپ ئاتىلىدىغان، تۆت سۇپىلىق يوغان بىر ئېغىز ئۆي ياسايدىغان بولۇپ، ئىشىكتىن كىرىشتىكى ئۇدۇل ئۆي ئىشىكنىڭ ئىككى تەرىپى ئايۋاننىڭ تۆرى ھېسابلىنىپ مويسىپىتلار، ئىلىم ئەھلىلىرى تەرتىپ بويىچە تام ياقىلىتىپ سېلىنغان كۆرپىلەردىن ئورۇن ئېلىشىدۇ. ئەر - ئاياللار ئايرىم سۇپىلارغا جايلىشىدۇ، ئايۋان ياساشقا قۇربى يەتمەيدىغانلار يازدا ھويلىسىنى، قىشتا ئۆزى ئەڭ

داپىنىڭ بەلگە بېرىشى بىلەن سەنەم ئاخىرلىشىپ داستان باشلىنىدۇ، ئۇسسۇل شەكلىمۇ سەنەم قىسمىغا ئوخشاشلا ئۇسسۇلچىنىڭ سالام تەرىقىسىدىكى ئوڭ مۈرىسىنى سول مۈرىسىگە قارىغاندا كۆرۈنەرلىك ئېگىپ، ئوڭغا ئىككى، ئاندىن سول مۈرىسىنى ئوڭ مۈرىسىگە قارىغاندا بەكرەك ئېگىپ سولغا ئىككى، ئاندىن سول مۈرىسىنى كۆتۈرۈپ، ئوڭ مۈرىسىنى ئېگىپ، يەنە ئوڭغا بىر ئايلىنىشى بىلەن باشلىنىدۇ، لېكىن ئۇسسۇل سۈرئىتى سەنەمنىڭ ئۇسسۇل سۈرئىتىدىن كۆرۈنەرلىك تېزلىشىدۇ. داپىنىڭ قاتتىق بىر چېكىلىشى بىلەن داستان ئاخىرلىشىپ مەشرەپ باشلىنىدۇ. مەشرەپنىڭ كۈي ۋە ئۇسسۇل سۈرئىتى داستاندىن تېز؛ ئۇسسۇل شەكلى يۇقىرىقى تەرتىپ بويىچە ئوڭغا ئىككى، سولغا ئىككى، ئوڭغا بىر ئايلىنىش بىلەن باشلىنىدۇ. ئۇسسۇلنىڭ داستاندىن پەرقلىنىدىغان يەنە بىر كۆرۈنەرلىك ئالاھىدىلىكى كەينىگە يېنىش ھەرىكىتى بولمايدۇ، سەلىقىنىڭ كۈي شەكلى مەشرەپكە قارىغاندا تېخىمۇ تېز، ئۇسسۇل تېزلىكىمۇ كۆرۈنەرلىك تېز بولىدۇ، ئۇسسۇل شەكىل جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكى مەشرەپ بىلەن ئوخشاش بولىدۇ.

3) كىلياڭ مەشرىپىنىڭ تېكىست قۇرۇلمىسى

كىلياڭ مەشرىپىنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى بىلەن يازما ئەدەبىياتنىڭ بىرىكىشىدىن ئىبارەت بولۇپ، پۈتۈن مەشرەپ گەۋدىسىدىن قارىغاندا يازما ئەدەبىياتنىڭ سالمىقى بىر قەدەر كۆپرەك، يەنى مۇقەددىمە ۋە بىر قىسىم ئېيتىشلار مەسىلەن، «مېۋىلەرنىڭ نەزم بايانى»، «بېگىمگە ئېيتىلىدىغان دەرد نەزمىسى»دىن باشقا قىسىملىرى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ خەلق قوشاقلىرى ۋە بېيتلاردىن تەركىب تاپقان. كىلياڭ مەشرىپىنىڭ تېكىستلىرىنىڭ زور بىر قىسمى مۇھەببەت قوشاقلىرىنى ئاساس قىلغاندىن تاشقىرى، يەنە بىر قىسمى كەڭ مەشرەپ ئەھلىنى ساختىلىق، ئالدامچىلىق، ئاچ كۆزلۈككە قارشى تۇرۇپ، سەمىمىيلىك، ياخشىلىق، ئەزگۈلۈككە ئۈندەش؛ ئەينى زامان قاراڭغۇ زۇلمىتى

(5) كىلىيالىڭ مەشرەپىنىڭ مەشرەپ قائىدىسى ناھايىتى چىڭ بو- لۇپ، مەشرەپ سورۇنىدا ئۆز ئارا كۈسۈرلىشىش قاتارلىق ناتوغرا ھەرىكەتلەر كۆرۈلگەن ھامان «قارچىغا تاشلاش»، «كوزىغا كىرىش»، «تامغا سۈرتىنى تارتىش»، «كەپتەر ئۇچۇرۇش»... قاتارلىق ئويۇنلار ئارقىلىق مەشرەپ تەرتىپى ئەسلىگە كەلتۈرۈلىدۇ. «قارچىغا تاشلاش»نى مىسالغا ئالساق: قارچىغىچى دەپ ئاتىلىدىغان پاش- شاپ(دورغا)، غوجىدارنىڭ تەستىقىنى ئالغاندىن كېيىن تەلپەكنى شوينا (يىپنىڭ تومراق بىر خىلى) بىلەن باغلاپ يىپنىڭ بىر ئۇچىد- نى تۇتۇۋالغان ھالەتتە تەلپەكنى ئىنتىزامسىزلىق قىلغانلارغا قارد- تىپ ئاتىدۇ. غوجىدار: قارچىغا نېمە دەيدۇ؟ دەپ سورىسا قارچىغى- چى: ئۇنىڭ ئىشتىھاسى بەك ياخشىكەن، مېنىمۇ يەۋەتكۈدەك، شۇڭا قېچىپ كەلدىم دەيدۇ، دەپ جاۋاب بېرىدۇ. مەشرەپ ئەھلى قارچىغد- نىڭ بۇ سۆزى ئارقىلىق ئىنتىزامسىزلىق قىلغۇچىنىڭ مەشرەپ سورۇنىدا بىر نەرسە يەپ ئولتۇرغانلىقىنى پەرەز قىلىشىدۇ. مانا مۇشۇنداق ئۇسۇل-قائىدىلەر ئارقىلىق مەشرەپ تەرتىپى ۋە ئىند- تىزامى ئىزچىل قاتتىق ساقلىنىدۇ، بۇ ئارقىلىق مەشرەپنىڭ ياشلارغا ئەدەپ-قائىدە ئۆگىتىشتىن ئىبارەت ئەدەپ-ئەخلاق مەكتە- پىلىك رولى ھەقىقىي جارى قىلدۇرۇلىدۇ...

**(توخسۇن ھۇسىين ئەلقۇت)**

## 7. خەلق مەشرەپلىرىدە ئۇسسۇل ۋە ئىپتىدائىي تىياتىر نومۇرلىرى

خوتەن مەشرەپلىرىدە ئوينىلىدىغان ئۇسسۇللار ھەرىكەتلىك ئۇسسۇل، ۋەقەلىك ئۇسسۇل ۋە تەقلىدىي ئۇسسۇل قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**1) ھەرىكەتلىك ئۇسسۇللار**

بۇ، مۇزىكا ئۇدارىغا ماس ھالدا پۇت، قول، مۈرە، باش، كۆز، قاش ھەرىكىتى ئارقىلىق ئىچكى ھېسسىياتنى بىۋاسىتە ئىپادىلەيدىغان ئۇسسۇل بولۇپ، مۇزىكىغا ئەگىشىپ ئالدى ـ كەينى، ئوڭ ـ سول

چوڭ ھېسابلىنىغان بىر ئېغىز ئۆيىنى مەشرەپ ئۈچۈن ئاجرىتىدۇ.

(2) مەشرەپ باشلىنىش بىلەن ساھىبخانا بۇ قېتىمقى مەشرەپ ئۆت-كۈزۈشنىڭ ئاساسىي مەقسىتىنى چۈشەندۈرۈۋەتكەندىن كېيىن تەيىن-لەنگەن غوجىدارنىڭ (مېھمانبېشىنىڭ) ئۆزىنىڭ ئورنىدا مېھمانلارنىڭ خىزمىتىدە بولىدىغانلىقىنى جاكارلايدۇ. ئاندىن غوجىدار ئوتتۇرىغا چۈشۈپ، مېھمان (ھۆرمەتكە ئەڭ چوڭى)غا يۈزلىنىپ، ئېگىلىپ سالام بېرىۋەتكەندىن كېيىن، مەشرەپنى باشلاش توغرىسىدا ئىجازەت سورايدۇ. ئەگەر مېھماننىڭ باشقا تەلەپ ـ پىكرى بولمىسا ئىجازەت بېرىدۇ، بۇنىڭ بىلەن غوجىدار يەنە بىر تەزىم بىلەن مېھمانغا رەھمىتىنى بىلدۈرگەندىن كېيىن، سازەندىلەرگە يۈزلىنىپ مەشرەپنى باشلاش تەكلىپىنى بېرىدۇ، سازەندىلەرنىڭ بېشى بولمىش تەمبۇرچىنىڭ تەمبۇر تارىغا ناخۇل ئۇرۇ-شى بىلەن مەشرەپ رەسمىي يوسۇندا باشلىنىدۇ.

(3) مەشرەپتە ناخشا ـ ئۇسسۇل، ھەجۋىي ئېيتىشىش، ئەنئەنىۋى ئويۇنلارغا تەڭ ئېتىبار بېرىلىپ، ناخشا ـ ئۇسسۇل بىلەن «ئەيسا ـ مۇسا»، «قەشقەردىن كەلگەن بايۋەچچە»، «دارغا چىقىش»، «چەكمەن توقۇش»، «گۇزايەك تاز»، «ئۇسما قويۇش» (ھەجۋىي ھەرىكەتلىك ئۇسسۇل)، «جەرەن ئويۇنى»، «جان ئاكام بىلەن خېنىكامىنىڭ ئېيت-تىشىشى»، «بۇۋى بوۋىكام»، «بۆرگە سويۇش»... قاتارلىق ھەجۋىي ۋە كۈلدۈرگىلەرنى ئۆز ئارا بىرلەشتۈرۈش ئارقىلىق مەشرەپ ئەھ-لىنىڭ كۆپ قىرلىق ئېستېتىك تەلىپىنى قاندۇرۇشقا تىرىشچانلىق كۆرسىتىلىدۇ.

(4) مەشرەپتە ئوينىلىدىغان ئۇسسۇل ھەرىكىتىمۇ كىلىياڭغا خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، بۇ ئۇسسۇلدا قەدىمىيلىك ۋە مىل-لىيلىكتىن باشقا يەنە تاغلىقلارغا خاس مەغرۇر، قەيسەرانە خاراك-تېر ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. بۇ ئۇسسۇل شەكلىنى دوراش ئارقىلىق شەكلىنى چىقىرىش تەس بولۇش، ھەرىكەت بىرلىك تەلىپىنىڭ يۇ-قىرى بولۇشى قاتارلىق تۇرلۇك ئالاھىدىلىكلەر كىلىياڭنىڭ يەرلىك ئۇسسۇل ھەرىكىتىنى باشقا يۇرتلارنىڭ ئۇسسۇل ھەرىكىتى ۋە ئو-مۇملاشقان ئۇسسۇل ھەرىكىتىدىن روشەن پەرققە ئىگە قىلغان.

چاغدا) ئۇلار ئۇسسۇلغا تارتىلمايدۇ. ئۇسسۇل ئويناۋاتقانلار كۆپەيـ-گەندە يۇقىرىقىدەك قولىنى كۆكسىگە قويۇپ، تەزىم قىلىش يولى بىلەن ئۇسسۇلغا تارتىلىدۇ. ئۇسسۇلغا تارتىلغۇچى ئۇيىلىپ ئۇسـ-سۇلغا چۈشۈشنى خالىمىسا، ئورنىدىن تۇرۇپ ئوخشاش ھەرىكەت بىلەن قايتۇرۇپ تەزىم قىلىپ ئۆزرە ئېيتىدۇ. ئۇسسۇلغا تارتقۇچى ئۇسسۇل ئويناپ بىر ئايلىنىپ كېلىپ، يۇقىرىقى ھەرىكەتنى تەكرارلاپ قايتا تەكلىپ قىلىدۇ. يەنە ئۆزرە قويسا، ئۇسسۇل بىلەن يەنە بىر ئايلىنىپ كېلىپ يەكتىزبولۇپ ئۇسسۇل ئويناپ ئۈچىنچى قېتىم تەكلىپ قىلىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا ئۇسسۇل ئويناشنى بىلمەيـ-دىغانلار يەنە ئۆزرە ئېيتىشقا ئامالسىز قالىدۇ. ئوتتۇرىغا چىقىپ، باشقىلارنىڭ ھەرىكىتىنى دوراپ مەشىق قىلىپ بارا ـ بارا ئۆگىـ-نىۋالىدۇ. ئۈچ قېتىملىق تەكلىپنى رەت قىلىپ ئۆزرە ئېيتىش نو-مۇسلۇق ئىش ھېسابلىنىدۇ. ئۇنداق قىلغۇچىلار كۆپچىلىكنىڭ نە-زىرىدىن چۈشۈپ كېتىدۇ. ئۆزىمۇ قاتتىق نومۇسقا قېلىپ، مەشرەپ سورۇنىغا قايتا بېرىشقا جۈرئەت قىلالمايدۇ. ئەمما، يېڭى مۇسىبەتـ-لىك بولۇپ، تېخى 40 نەزىر بەرمىگەن قارىلىق كىشىلەر ۋە كېـ-سەلچان كىشىلەر ئۇسسۇلغا تارتىلمايدۇ. بىلمەي ئۇسسۇلغا تارتىپ قويسا، بىرىنچى قېتىملىق تەكلىپتە ئۆزرە ئېيتقاندىن كېيىنلا ئۆزرىسى ئىلىك ئېلىنىدۇ ۋە تەكلىپ قىلغۇچى ياندۇرۇپ ئۆزرە ئېيتىپ ئەپۇ سورايدۇ.

جابدۇقلۇق ھەرىكەتلىك ئۇسسۇل مەلۇم نەرسىلەرنى كۆتۈرۈۋېـ-لىپ ئوينايدىغان ئۇسسۇل بولۇپ، تۈرى ئانچە كۆپ ئەمەس. بۇنىڭغا مىسال سۈپىتىدە «چىنە ـ تەخسە ئۇسسۇلى» ۋە «چىلىم ئۇسسۇ-لى»نى كۆرسىتىشكە بولىدۇ. چىنە ـ تەخسە ئۇسسۇلى ئەڭ ئۇستـ-دىكى پىيالىگە يېرىم سۇ قويۇپ دەستىلەنگەن بەش دانە پىيالىنى بېشىدا قويۇپ، ئىككى قولىغا كىچىك تەخسە ئېلىپ، بارماققا چوكا قىستۇرۇپ، مۇزىكا ئۇدارىغا ماس ھالدا چوكىنى تەخسىگە ئۇرۇپ، ئاۋاز چىقىرىپ ئوينايدىغان ئۇسسۇل بولۇپ، ئۇنىڭ قىيىنلىق دە-رىجىسى يۇقىرى. لېكىن، ئىنتايىن نەپىس. بۇ ئۇسسۇل ئاللىقاچان

تەرەپكە كىچىك قەدەم بىلەن سىيرىلىش، تاپاننى يەرگە ئۇرۇش، ئالدى ـ كەينىگە، يانغا ئېگىلىش، مۈرە قېقىش، بويۇن تولغاش، باشنى قىيسايتىش، قاشنى ھىمىرىش، قاش تاشلاش، جىلۋىلىك كۈلۈش، بىلەك بارماقلىرىنى ئەۋرىشىم ھەرىكەتلەندۈرۈش، بارماقلىرىدىن رىتىملىق قاس چىقىرىش، پىرقىراپ ئايلىنىش قاتارلىق ھەرىكەت شەكىللىرى ئارقىلىق ئورۇنلىنىدۇ. بۇ ئۇسسۇلمۇ «جابدۇقسىز ھەرىكەتلىك ئۇسسۇل» ۋە «جابدۇقلۇق ھەرىكەتلىك ئۇسسۇل»دىن ئىبارەت ئىككى خىل بولىدۇ. «جابدۇقسىز ھەرىكەتلىك ئۇسسۇل» — ھېچقانداق ئويۇن سايمانلىرىنى ۋاستە قىلماي، ئادەم ئەزالىرىنىڭ ھەرىكىتى ئارقىلىقلا ئوينىلىدۇ. مەشرەپتە ئۇسسۇل مۇزىكىلىرى چېلىنغاندىن كېيىن، ئۇسسۇلخۇمار كىشىلەردىن بىرى ئەڭ ئاۋۋال مەيدانغا چۈشۈپ، بىرپەس يالغۇز ئۇسسۇل ئويناپ ماھارەت كۆرسىتىدۇ. ئاندىن ئۇسسۇل ئوينىغاچ مەيداننى ئايلىنىپ كېلىپ، ئۇسسۇل بىلىدىغان باشقا بىر كىشىنى ئوڭ قولىنى سول كۆكسىگە قويۇپ، يېنىك تەزىم قىلىپ، ئۇسسۇلغا تارتىدۇ. ئاندىن يەنە باشقىلارنى ئۇسسۇلغا تەكلىپ قىلىدۇ. يېڭىدىن ئۇسسۇلغا تارتىلغانلار بىر پەس ئۇسسۇل ئويناپ، يۇقىرىقىدەك ھەرىكەت ئارقىلىق، يەنە باشقىلارنى ئۇسسۇلغا تارتىدۇ. شۇنداق قىلىپ، مەيداندا كوللېكتىپ ئۇسسۇل شەكىللىنىدۇ. بۇنداق ئۇسسۇللاردا ئەر ـ خوتۇنلار، ياخشى كۆرۈشكەن قىز ـ يىگىتلەر ۋە دوست ـ ئاغىنىلەر بىر ـ بىرىنى ئۇسسۇلغا تارتىپ چىققاندىن كېيىن بىر ـ بىرىگە ماسلىشىپ، رىتىملىق ئۇسسۇل ئويناپ قوش كىشىلىك ئۇسسۇلنى شەكىللەندۈرىدۇ. مۇشۇنداق نۇرغۇن قوش كىشىلىك ئۇسسۇل ئويناۋاتقانلاردىن كوللېكتىپ قوش كىشىلىك ئۇسسۇل شەكىللىنىدۇ. بۇنىڭ بىلەن كۆڭۈلدىكى سىر ـ سۆيگۈلىرىنى نەپىس ئۇسسۇل ھەرىكەتلىرى ئارقىلىق ئىپادىلەپ ئۆزىنىڭ ۋە قارشى تەرەپنىڭ كۆڭلى ئاۋۇنىدۇ. رۇلىدۇ. بۇنداق سورۇنلاردا ئۇسسۇل بىلمەيدىغانلارنى خىجالەتتە قويماسلىق ئۈچۈن، دەسلەپتە(سورۇندا ئۇسسۇل ئويناۋاتقانلار ئاز

بىر قوي، ئۈچ تال چوغ چۈشۈرۈۋەتكەن بولسا ئۈچ قوي، چىلىمنى ئۆچۈرۈپ قويغان بولسا بىر قوي سويۇپ مەشرەپ قىلىپ بېرىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىنكى مەشرەپ شۇ يوسۇندا داۋام قىلىدۇ. بۇنداق مەشرەپلەرگە بەزىدە چىلىم چەكمەيدىغان، ياكى ئۇسسۇل بىلمەيدىغانلارمۇ چاقىرىلىدۇ. چاقىرىلغانلار ئومۇمەن بارىدۇ. چىلىم چەكمەيدىغانلار چىلىمنى چەكمىسىمۇ ئۇسسۇل ئويناپ بەرسە بولىدۇ، ئۇسسۇل بىلمەيدىغانلارغا چىلىم تۇتۇلسا، ئۇسسۇل ئويناپ بېرىش شەرت بولىدۇ، ئوينىيالمىسا ئۇتتۇرغان ھېسابلىنىدۇ. بۇ چاغدا كۆپچىلىك «مەشرەپ كەتتى»، دەيدۇ. ئۇ كىشى «ھېساب»، دەپ جاۋاب بېرىپ، كېيىنكى قېتىمدا مەشرەپ بېرىدۇ. بۇنىڭدا كىشىلەرنى ئۇسسۇل ئۆگىنىشكە دەۋەت قىلىش مەقسەت قىلىنىدۇ. چىلىم ئۇسسۇلى گۇما ناھىيەسىدە بىر قەدەر ئومۇملاشقان.

2) ۋەقەلىك ئۇسسۇل

بۇ ئىچكى ھېسسىياتنى، بىر - بىرىگە باغلانغان ۋەقەلىك قۇرۇلمىسىنى ھاسىل قىلىدىغان بىر يۈرۈش ئۇسسۇل ھەرىكەتلىرى ئارقىلىق ئىپادىلەپ بېرىدىغان ئۇسسۇل بولۇپ، قىيىنلىق دەرىجىسى يۇقىرى بولغاچقا، ئانچە كۆپ ئۇچرىمايدۇ. ۋەقەلىك ئۇسسۇللاردىن ھازىرغىچە ساقلىنىپ كەلگىنى «ئوسما قويۇش ئۇسسۇلى» بولۇپ، ئادەتتە قىسقارتىلىپ «ئوسما ئۇسسۇلى» دېيىلىدۇ.

ئوسما ئۇسسۇلىدا ئائىلە ئاياللىرىنىڭ ئوبرازى يارىتىلىدۇ. لېكىن، بۇ ئۇسسۇلنى ئەرلەر ئويناپ چىقىدۇ. ۋەقەلىكى مۇنداق: مۇزىكا تەڭكەش قىلىنغاندىن كېيىن ئۇسسۇلچى يېنىك ۋە كىچىك قەدەم بىلەن مەيدانغا چۈشۈپ، مەيداننى ئۇسسۇل ئوينىغاچ بىر ئايلىنىپ چىققاندىن كېيىن، ئوتتۇرىغىراق كېلىپ ھويلا - ئاراننى سۈپۈرۈپ تازىلاش ھەرىكىتىنى ئۇسسۇل بىلەن ئىپادىلەيدۇ. ئاندىن مەيداننى ئايلىنىپ ئۇسسۇل ئوينەغاچ باغدىن ئوسما تەرگەن، ئوسمىنى ئالىقانلىرىدا ئۇۋۇلاپ، سىقىپ سۈيىنى چىقارغان، پەلكۈچ بىلەن ئوسما قويغان، ئاندىن يۈزىنى يۇيۇپ، ئەينەككە قاراپ، ئۆزىنىڭ گۈزەل رۇخسارىدىن زوقلىنىپ خۇشاللانغان ھالەتنى ئۇسسۇل ۋە ئىما - ئىشارەتلىك ھەرىكەتلەر بىلەن ئىپادىلەيدۇ.

سەھنىلەشتۈرۈلۈپ كۆپ ئوينالغان ۋە كۆپچىلىككە تونۇش بولغان بولغاچقا تەپسىلاتىنى بايان قىلمايمىز.

چىلىم ئۇسسۇلى: بۇ تاماكا چېكىدىغان چىلىمنى كۆتۈرۈپ ئوينايدىغان ئۇسسۇل بولۇپ، چىلىمچى چىلىمنىڭ سەيخانىسىگە سېرىق تاماكىنى قاچىلاپ ئۈستىگە چوغ پارچىسى سالىدۇ. يەنى ئۆرۈك ئوتۇنىنىڭ چوغى قاتارلىق ئاسان ئۆچۈپ قالمايدىغان چوغنى كىچىك پارچىلاپ، تۆت تال، سەككىز تال ياكى 12 تال چوغ سېلىپ مېھمانبېشىغا تۇتىدۇ. مېھمانبېشى چىلىمنى شوراپ بىر ـ ئىككى قېتىم چەككەندىن كېيىن، چىلىمنى كۆتۈرۈپ ئايلىنىپ ئۇسسۇل ئوينايدۇ. ئۇسسۇل ئەۋجىگە يەتكەندە چىلىمنى ئوڭ ئالىقىنىغا قويۇپ، ئوڭ بىلىقىنىدىن كەينىگە ئۆتكۈزۈپ، سىرتتىن ۋە ئالدى تەرەپ باش ئۈستىدىن ئايلاندۇرۇپ، يەنە ئالدى تەرەپكە ئۆتكۈزىدۇ. بۇ ھەرىكەت داۋامىدا چىلىم پۈرژىنا شەكلىدە 720 گىرادۇس ئايلاندۇرۇلىدۇ (ھازىرقى سەھنىلەردە ئوينىلىۋاتقان «چىنە ئۇسسۇلى» دېگەن سۇ قۇيۇلغان چىنىنى ئايلاندۇرۇش ھەرىكىتىگە ئوخشاش). بۇ ئۇسسۇل داۋامىدا چىلىمنى ئالىقىنىغا قويۇش، لېكىن قاماللاپ تۇتۇۋالماسلىق، چىلىمنىڭ سۈيىنى تۆكۈۋەتمەسلىك، چوغنى چۈشۈرۈۋەتمەسلىك شەرت قىلىنىدۇ.

مېھمانبېشى بۇ ئۇسسۇلنى ئويناپ بولغاندىن كېيىن، چىلىمنى باشقا بىرسىگە تۇتىدۇ. ئۇمۇ چىلىمنى ئېلىپ، بىر ـ ئىككى شوراپ چەككەندىن كېيىن يۇقىرىقى ھەرىكەتنى تەكرارلاپ ئۇسسۇل ئوينايدۇ. ئۇسسۇل شۇ تەرىقىدە داۋام قىلىدۇ. گەرچە بۇنداق ئۇسسۇل نۇرغۇن كىشى قاتناشقان ئۆي مەشرىپىدە ئوينالسىمۇ، بىراق چىلىم ئاياللار، باللارغا تۇتۇلمايدۇ. پەقەت چىلىم چېكىدىغانلار ئارىسىدىلا بىر ـ بىرسىگە تۇتۇپ بېرىلىدۇ. شۇ داۋامدا قايسىبىر كىم چىلىمنىڭ سۈيىنى تۆكۈۋەتسە ياكى چىلىمنىڭ سەيخانىسىدىكى چوغنى چۈشۈرۈۋەتسە ئۇتتۇرغان بولىدۇ. بۇ چاغدا مەشرەپ ئەھلى « مەشرەپ كەتتى» دەپ ئۈنلۈك ۋارقىرىشىدۇ. ئۇتتۇرغۇچى «ھېساب» دەپ جاۋاب بېرىدۇ ۋە كېيىنكى قېتىملىق مەشرەپنى شۇ كىشى پۈتۈن چىقىملىرىنى ئۈستىگە ئېلىپ، ئۆتكۈزۈپ بېرىدۇ. بۇنىڭدا بىر تال چوغ بىر قويغا بەدەل قىلىنغان بولۇپ، چىلىمدىن بىر تال چوغ چۈشۈرۈۋەتكەن بولسا

ـىۋل ئارقىلىق ئىپادىلەپ، ئويۇن - كۈلكە پەيدا قىلىش مەقسەت قىـ-
لىنىدۇ. بۇ خىل ئۇسسۇلدىن خوتەندە بىرقەدەر ئومومىي بولغىنى «تو-
كۇر باخشىم ئۇسسۇلى» دىن ئىبارەت. بۇ ئۇسسۇلدا ئالدى بىلەن سا-
زەندىلەر مۇزىكىغا جور قىلىپ «توكۇر باخشىم قوشىقى»نى ئېيتىدۇ:

سۇمبۇل چاچلار بىزنىڭكى،
پاخپاق چاچلار سىزنىڭكى.
توكۇر باخشىم توكۇر سىز،
ئويناڭ باخشىم ئويناڭ سىز.

قەلەم قاشلار بىزنىڭكى،
ئۈلپما قاشلار سىزنىڭكى.
توكۇر باخشىم توكۇرسىز،
تولغاڭ باخشىم تولغاڭ سىز.

بوتا كۆزلەر بىزنىڭكى،
چېقىر كۆزلەر سىزنىڭكى.
توكۇر باخشىم توكۇر سىز،
تولغاپ ئويناڭ باخشىم سىز.

ناچى بۇرۇنلار بىزنىڭكى،
كامار بۇرۇنلار سىزنىڭكى.
ئويناڭ باخشىم ئويناڭ سىز،
توكۇر باخشىم توكۇر سىز.

چۆچۈرە قۇلاقلار بىزنىڭكى،
داۋزا قۇلاقلار سىزنىڭكى.
توكۇر باخشىم توكۇر سىز،
تولغاپ ئويناڭ باخشىم سىز.

ئۇنچە چىشلار بىزنىڭكى،
تاماق چىشلار سىزنىڭكى.

ئاندىن مەيداننى ئايلىنىپ ئۇسسۇل ئوينىغاندىن كېيىن، كىچىك بالىـ-
سىنى قولىغا ئېلىپ پەپىلىگەن، ئەركىلەتكەن، ئاندىن ئۇنى بۆشۈككە
بۆلەپ، ئەللەي ناخشىسىنى ئېيتقاچ تەۋرىتىپ ئۇخلاتقان كۆرۈنىشىنى
ئۇسسۇل ۋە مۇناسىپ ھەرىكەتلەر بىلەن ئىپادىلەيدۇ. مەيداننى يەنە بىر
ئايلانغاندىن كېيىن، خېمىر يۇغۇرغان، پىلتە قىلغان، لەگمەن سالغان
كۆرۈنىشلەرنى، بۇنىڭغا ئۇلاپ، يولىنىڭ ئۇياق ـ بۇيېقىغا قاراپ ئېرى ۋە
باللىرىنىڭ قايتىپ كېلىپ تاماق يېيىشىنى كۈتۈپ تۇرۇۋاتقان كۆرۈنۈ-
شىنى ئۇسسۇل ۋە ھەرىكەتلەر بىلەن ئىپادىلەيدۇ. بۇ ئۇسسۇل ئىنتايىن
نەپىس ۋە يېقىملىق بولۇپ، ئۇنىڭدا ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ تازىلىقنى،
ياسىنىش ـ تارىنىشنى (گۈزەللىكنى) قىزغىن سۆيىدىغان، ھويلا ـ
ئارامنى سەرەمجانلاشتۇرۇش، بالا بېقىش، تاماق ئېتىش قاتارلىق ئائىلە
ئىشلىرىنى ئەستايىدىل ئىشلەپ، ئىجتىمائىي ۋە ئائىلىۋى مەسئۇلىيە-
تىنى كەم ـ كۈتىسىز ئادا قىلىدىغان گۈزەل ئەخلاق ـ پەزىلىتى ئەكس
ئەتتۈرىلىدۇ. بۇ ئۇسسۇلنىڭ ھامان ئەرلەر تەرىپىدىن ئورۇنلىنىپ ئوي-
نىلىپ كېلىۋاتقانلىقىغا كەلسەك، ئۇ ئۇيغۇر ئەرلىرىنىڭ ئۆز ئاياللىرى-
نىڭ ئائىلىسىدە گۈزەللىك ياراتقۇچى ۋە گۈزەللىك بېغىشلىغۇچى پە-
رىشتە بولۇشتىن ئىبارەت ئورنى ۋە ئېغىر ئائىلە يۈكىنى ئۈستىگە ئې-
لىپ ئەرلەرگە قول ـ قانات بولۇش، ئائىلىگە ئۆزىنى بېغىشلاش روھى-
نى مۇئەييەنلەشتۈرگەنلىكى ۋە ئۇنىڭغا ئاپىرىن ـ تەھسىن ئېيتىدىغان-
لىقىدەك قەلب سىرىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ.

3) تەقلىدىي ئۇسسۇل

بۇ، ئادەملەر ياكى ھايۋان ۋە قۇشلارنىڭ ھەرىكىتىگە تەقلىد قى-
لىپ ئوينىلىدىغان ئۇسسۇلنى كۆرسىتىدۇ. ئادەملەرگە تەقلىد قىلى-
غاندا، مەلۇم كىشىلەرنىڭ ھەرىكىتىنى دوراش ئارقىلىق ئۇسسۇلغا
ھەجۋىي تۈس بېرىپ كومېدىيەلىككە ئىگە قىلىنىدۇ. قۇش ۋە
ھايۋانلارغا تەقلىد قىلىنغان ئۇسسۇللار، ئۇسسۇل كىيىمى ئېتىبارى
بىلەن نىقابسىز تەقلىدىي ئۇسسۇل ۋە نىقابلىق تەقلىدىي ئۇسسۇل-
دىن ئىبارەت ئىككى خىلغا بۆلۈنىدۇ.

تەقلىدىي ھەجۋىي ئۇسسۇلدا، مەلۇم جىسمانىي نۇقسانلارنى ئۇس-

(1) نىقابسىز تەقلىدىي ئۇسسۇل: بۇ، نىقاب كىيمەي، هايۋان ياكى قۇشلارنىڭ هەرىكىتىگە تەقلىد قىلىپ ئويناىدىغان بىر خىل ئۇسسۇل شەكلى بولۇپ، بۇ خىل ئۇسسۇللاردىن يېقىنقى ۋاقىتلارغىچە ساقلىنىپ كەلگىنى «كەپتەر ئۇسسۇلى» ۋە «يولۋاس ئۇسسۇلى»دىن ئىبارەت.

كەپتەر ئۇسسۇلى: بۇ ئۇسسۇلنى ئىككى كىشىنىڭ بىرى ئەركەك، بىرى ئۇرغاچى كەپتەر بولۇپ قاناتلىرىنى كېرىپ بىر ـ بىرىنى قوغلاپ، مۇزىكا رىتىمىغا ئەگىشىپ ئېغىزىدا «ۋاق ـ ۋاق، دۇرقۇق» دەپ تۇرۇپ كەپتەرنىڭ هەرىكىتىگە تەقلىد قىلىپ ئويناىدۇ. بۇ ئۇسسۇل خوتەننىڭ هەر قايسى ناهىيەلىرىگە تارقالغان بولۇپ، يەرلىك كىشىلەر «ۋاق ـ ۋاق، دۇرقۇق» ئۇسسۇلى دەپ ئاتايدۇ.

يولۋاس ئۇسسۇلى: خوتەندە بۇ ئۇسسۇلنىڭ نىقابسىز ۋە نىقابلىق ئوينىلىدىغان ئىككى خىل ۋارىيانتى تارقالغان. يولۋاس ئۇسسۇلىنى ئەرلەرمۇ، ئاياللارمۇ ئويناىدۇ. بۇ ئۇسسۇلنى ئوينىغۇچىلار ئۇسسۇل ئويناۋېتىپ ئارىلاپ ـ ئارىلاپ تويۇقسىز توختاپ ئەتراپنى كۆزىتىش، بىر نۇقتىغا تىكىلىش، كېرىلىش، زوڭ ئولتۇرۇش، كۆزلىرىنى چەكچەيتىش، تاقلاش قاتارلىق هەرىكەتلەر ئارقىلىق ئوۋ ئوۋلاۋاتقان يولۋاس ئوبرازىنى يارىتىدۇ (خوتەن ناهىيە يېڭى ئاۋات يېزا تۇگمەنبېشى كەنتىدىن ئاتاۋۇللا ئاخۇن گۇل، 1942 ـ يىلى تۇغۇلغان، نىقابسىز يولۋاس ئۇسسۇلىغا يېقىنغىچە ۋارىسلىق قىلىپ كەلگەن بولۇپ، 1994ـ يىلى 9ـ ئاينىڭ 13ـ كۈنى خوتەن ناهىيەسى ناهىيە بويىچە باغچى بازىرىدا ئۆتكۈزگەن «دېهقان ـ چارۋىچىلار ئەلنەغمە كۆرىكى»دە نىقابسىز يولۋاس ئۇسسۇلىنى ئوينىغاندىن سىرت، «سىڭار پۇتلۇق چىنە ئۇسسۇلى»، «پەرداز ئۇسسۇلى» قاتارلىق ئۈچ ئەنئەنىۋى ئۇسسۇلنى ئارقا ـ ئارقىدىن ئورۇنلاپ ناهايىتى زور ئالقىشقا ئېرىشكەن ۋە مۇكاپاتلانغان ئىدى).

(2) نىقابلىق تەقلىدىي ئۇسسۇل: بۇ، هايۋان ياكى ئۈي قۇشلىرىنىڭ تېرە رەڭگىگە ئوخشىتىپ تىكىلگەن ئۇسسۇل كىيىملىرىنى كىيىپ، شۇ هايۋان ياكى قۇشلارنىڭ مەلۇم هەرىكەتلىرىگە تەقلىد

توكۇر باخشىم توكۇر سىز،
ئويناڭ باخشىم ئويناڭ سىز.

بوغماق قوللار بىزنىڭكى،
ئارى قوللار سىزنىڭكى.
دەسسەپ ئويناڭ باخشىم سىز،
توكۇر باخشىم توكۇر سىز.

ئىنچىكە بەللەر بىزنىڭكى،
مايماق بەللەر سىزنىڭكى.
تولغاڭ باخشىم تولغاڭ سىز،
سەكرەپ ئويناڭ باخشىم سىز.

مايماق پاچاق سىزنىڭكى،
مەزمۇت پاچاق بىزنىڭكى.
تاسقاپ ئويناڭ ،ئويناڭ سىز،
توكۇر باخشىم توكۇر سىز.①

.....

يۇقىرىقى تېكىست ئوقۇلۇۋاتقاندا بىر ياكى بىرقانچە كىشى مۇزىكىغا تەڭكەش قىلىپ تىزىنى ئېگىپ، پۇتىنى كېرىپ ئۇسسۇل ئوينايدۇ. ناخشىنىڭ مەزمۇنىغا ماس ھالدا ھەر خىل قىزىقارلىق ھەرىكەتلەرنى قىلىپ مەشرەپ ئەھلىنى قانغۇچە كۇلدۇرىدۇ. بۇ ئۇسسۇلدا گەرچە توكۇرنىڭ ئۇسسۇل ئويىنىشىغا تەقلىد قىلىنسىمۇ، لېكىن قىلچە مېيىپ كىشىلەرنى مازاق قىلىش مەنىسى يوق بولۇپ، پۈتۈنلەي سورۇننى قىزىتىپ، كىشىلەرگە زوق بېرىش مەقسەت قىلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە مەشرەپكە ئەگەر مېيىپ كىشىلەر قاتناشقان بولسا، بۇ ئۇسسۇلنى ئويناشتىن ھەزەر ئەيلىنىدۇ.

① ئابدۇللا سۇلايمان(توزگەن): «دۇنيادا بىرلا خوتەن بار». شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2003 ـ يىلى 1 ـ نەشرى 1 ـ باسمىسى.7 ـ توم 96 ـ ، 97 ـ بەتلەر.

باشىدا ياغلىق بار ئىكەن،
تازلىقىنى بىلمىدىم.

بىيت قايتۇرغۇچى:

تۇگمىنىمنىڭ نورى تا،
بىر تاشلىق سۇ تەس پاتا.
تاز خوتۇنغا ئۆيلەنمەڭ،
ئۇزۇن چاچقا گەپ تاپا.

(2) غاز:

ئاتىم ئاتقا ئوخشايتۇ،
يارىم ياتقا ئوخشايتۇ.
يارنىڭ كۆڭلى سىڭايان،
يار تۇتقانغا ئوخشايتۇ.

بىيت قايتۇرغۇچى:

مەن ئېتىمنى سالمايتمە،
دەريا بويى لۆم - لۆمگە.
ھەجەپ ئىچىم ئاغرىيتۇ،
ئۆتۈپ كەتكەن ئۆمرۈمگە.

بىيت تاشلانغان ئادەم بىيت قايتۇرغاندىن كېيىن، «غاز» ئۇسسۇل ئويناپ بېرىپ يەنە باشقىلارغا بىيت تاشلايدۇ. مەشرەپ شۇ تەرىقىدە داۋام قىلىدۇ. شۇ داۋامدا مەشرەپ ئەھلىدىن بىرى:

مېنىڭ غېزىم ئاپپاق غاز،
ئۇسسۇللىرى بەكمۇ ساز.
غېزىم ناخشا ئېيتىتۇ،
توختىماستىن قىشمۇ - ياز.

دېگەندەك قوشاقلارنى ئېيتسا، غاز خۇشال بولۇپ، تېخىمۇ شوخ ئۇسسۇل ئويناپ، مەشرەپ ئەھلىگە ھۆرمەت بىلدۈرىدۇ. يەنە بەزىلەر قىزىقچىلىق قىلىپ:

قىلىپ ئوينىلىدىغان ئويۇن بولۇپ، خوتەندە ئۇنىڭ تۆۋەندىكى بىر قانچە تۈرى تارقالغان.

توخۇ ئويۇنى: بۇ ئويۇندا مېكىيان بىلەن خوراز بىرلىكتە ئۆز چۈجىلىرىنى سارنىڭ ھۇجۇمىدىن ساقلاشتەك ۋەقەلىك بايان قىلىنغان بولۇپ، ئىككى كىشىنىڭ بىرى خوراز، بىرى مېكىياننىڭ نىقابىنى كىيىدۇ. يەنە بىر كىشى سارنىڭ نىقابىنى كىيىپ ئۆز ـ ئارا ئېلىشىپ ئوينايدۇ. بۇ ياخشىلىق بىلەن يامانلىقنىڭ كۈرەش سىمۋولىدىن ئىبارەت. بۇ خىل ئويۇن ھازىرغىچە خوتەن، قومۇل رايونلىرىدا ساقلانماقتا.

غاز ئويۇنى: بۇ بىر قەدەر كەڭ تارقالغان ئويۇن بولۇپ، ئادەتتە نىقاب ياكى مەخسۇس نىقاب كىيىپ ئوينايدۇ. ئادەتتە نىقاب دېگىنىمىزدە، ئالدىن تەييارلىق بولمىغان ئەھۋالدا، غاز رولىغا چىقىدىغان ئويۇنچى ئاق تېرىدىن تىكىلگەن جۇۋىنى تەتۈر كىيىپ، ئوڭ قولىنى بېشىدىن ئېگىز كۆتۈرۈپ، يېڭىنىڭ ئۇچىنى غازنىڭ تۇمشۇقىدەك قىلىپ تۈگۈپ ئويۇنغا چۈشىدۇ. مەخسۇس نىقاب بولسا، ئاق رەختتىن مەخسۇس تىكىلىدۇ. نىقابنىڭ كۆز ئۇدۇلى ئويۇۋېتىلىپ كۆز شەكلى چىقىرىلىدۇ. ئوڭ يېڭى غاز تۇمشۇقىغا ئوخشاش تىكىلىدۇ، ئوڭ قول ئورنىغا يالغان قانات تىكىلىدۇ.

بۇ ئويۇندا ئاۋۋال غاز رولىنى ئالغان ئويۇنچى نىقاب كىيىپ، مۇزىكىغا تەڭكەش قىلغاچ ئويۇن ئوينايدۇ. مەيداننى بىر ئايلىنىپ چىققاندىن كېيىن، ئۆزى خالىغان كىشىنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئويۇن ئوينىغاچ بېيىت ئوقۇپ بېيىت سورايدۇ. «غاز» بېيىت تاشلىغاندىن كېيىن، قارشى تەرەپنىڭ چوقۇم بېيىت قايتۇرۇشى شەرت بولىدۇ. لېكىن قايتۇرۇلغان بېيىت «غاز» تاشلىغان بېيىتنىڭ مەزمۇنىغا ماس بولۇشى، ماس بولماسلىقىمۇ مۇمكىن (بۇنىڭغا قاتتىق شەرت قويۇلمايدۇ). مەسىلەن:

(1) غاز:

*باغقا كىردىم سۇ گىچەي دەپ،*
*لايلىقىنى بىلمىدىم.*

نىڭ بىرى شىرنىڭ بېشى، يەنە بىرى شىرنىڭ قۇيرۇقى بولۇپ، مەخسۇس ياسالغان شىرنىڭ نىقابىنى كىيىپ، مۇزىكا رىتىمىغا ئەگىشىپ سالماق قەدەم بىلەن ئويناپ چىقىدۇ. قۇيرۇقلىرىنى شىپاڭلىتىپ تۈكلىرىنى سىلكىش، سەكرەش، يورغىلاش، ئېغىناش قاتارلىق قىزىقارلىق ھەرىكەتلەرنى قىلىدۇ.

يەنە بىر خىلى نىقابسىز شىر ئۇسسۇلى بولۇپ، بىر قانچە ئەر - ئاياللار قوللىرىغا قىزىل، يېشىل ياغلىقلارنى تۇتۇپ، ھەر قايسى ئاغزىغا بىردىن گۈلنى چىشلەپ، مۇزىكا رىتىمىغا ئەگىشىپ شىرنىڭ تەقلىدىي ھەرىكەتلىرىنى قىلىپ، قوللىرىدىكى ياغلىقلارنى سىلكىپ، تاق قەدەم بىلەن يېنىك سەكرەپ، ئاجايىپ گۈزەل شەكىل چىقىرىپ ئوينايدۇ. ئۇسسۇل بىر توپ شىرلارنىڭ بىر - بىرىگە ئەركىلىشىۋاتقان، بىر - بىرى بىلەن چىشلىشىپ يالىشىۋاتقان، تۈكلىرىنى تاتىلىشىپ تارىشىۋاتقان قىياپەتلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈش ئارقىلىق، ئىناق - ئىتتىپاق ئۆتۈشتەك مەزمۇننى ئىپادىلەيدۇ (شىر ئۇسسۇلىنىڭ ھازىرقى ماھىرلىرى خوتەن ناھىيەسىدىكى 106 ياشلىق نىۋىيخان ‹بۇ ئايال 1984 - يىلى قىشتا ۋاپات بولدى›، كورلا ناھىيەسىدىكى 60 ياشلىق خېۋىر ئاخۇن...لاردىن ئىبارەت[1]).

**4) خەلق مەشرەپلىرىدە ئىپتىدائىي تىياتىر نومۇرلىرى**

خوتەن مەشرەپلىرىدە ئىلگىرى «تاز ئويۇنى»، «بۆرگە ئويۇنى»، «بوۋا ئويۇنى»، «تۆگە ئويۇنى» قاتارلىق ئويۇنلارنى ئويناشمۇ خېلى ئومۇملاشقان بولۇپ، پېشقەدەملەرنىڭ ئېيتىشىچە بۇنداق ئىپتىدائىي تىياتىر ئويۇنلىرى 20 خىلدىن ئاشىدىكەن. تاز ئويۇنىدا بىر نامرات تاز بالىنىڭ بايغا ياللىنىپ قوي باقىدىغانلىقى، يىلبويى ئارام تاپماي ئىشلىسىمۇ نامراتلىقتىن قۇتۇلالمىغانلىقى، قىش - ياز كونا جۇۋىنى كىيىپ يۈرۈپ پىت بېسىپ كەتكەنلىكى، جۇۋىنى قوقاسقا قاققاندا، جۇۋىدىن چۈشكەن پىتلارنىڭ قوقاستا پاراسلاپ ئېتىلغانلىقى قاتارلىق مەزمۇنلار ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ. بۆرگە ئويۇنىدا بىر قاساپنىڭ

① «خوتەن گېزىتى»، (خەنزۇچە) 1988 - يىلى 1 - ئۆكتەبىر سانى. 4 - بەت.

*مېنىڭ غازىم ئاپپاق غاز،*
*قىلغان ئىشى بەكلا ساز.*
*پۇتى توكۇر، قانىتى يوق،*
*قالاڭ ئۇنىڭ بېشى تاز.*

دېگەندەك قوشاقلارنى ئېيتىدۇ. بۇ چاغدا غاز تېرىكىپ، ئۇ ئادەمنى قوغلاپ چوقۇپ (كاللىسىغا ئۇرۇپ) قىزىقچىلىق قىلىدۇ. بۇ داۋامىدا كىمكى بىيت قايتۇرالمىسا، غاز ئۇنى چوقۇيدۇ (بېشىغا ئۇرىدۇ). بۇ چاغدا بىيت قايتۇرالمىغان كىشى جىم تۇرۇپ بېرىشى كېرەك. جىم تۇرۇپ بەرمىسە جازا بېرىلىدۇ. يەنى «غاز» دورغىغا: «دادا! دورغا بېگىم، پالانى بىيتقا بىيت قايتۇرالمىدى. چوقۇسام جىم تۇرمىدى، جازا بېرىشلىرىنى سورايمەن»، دەيدۇ. دورغا مېھمانبېشىغا: «ئەسسالام مېھمانبېشى، پالانى بېيت قايتۇرالمىدى، غاز چوقىماقچى بولسا جىم تۇرمىدى، بۇنىڭغا قانداق جازا بەرسەك بولىدىكىن؟»، دەيدۇ. مېھمانبېشى كۆڭلىدە قانداق جازا بېرىشنى بېكىتكەندىن كېيىن دورغىغا: «دورغا بەگ!» دەپ خىتاب قىلىدۇ. دورغا: «لەببەي!» دەيدۇ. مېھمانبېشى «پالانىغا××× جازا بېرىلسۇن، دورغا بەگلەر ئىجرا قىلسۇن!» دەيدۇ (جازا تۇرلىرى تۆۋەندە ئايرىم بايان قىلىنىدۇ).

يولۋاس ئۇسسۇلى: خوتەننىڭ ئەنئەنىۋى مەشرەپ رايونىدا بۇ ئۇسسۇلنىڭ يەككە كىشىلىك ۋارىيانتى ساقلانغان بولۇپ، ئۇسسۇلچى بالداق يوللۇق، ياكى تەڭگە گۈللۈك رەختتىن تىكىلگەن نىقابنى كىيىپ، قولىغا نوغۇچ (كالتەك) تۇتۇپ ئوينايدۇ (بۇ ئۇسسۇلنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ۋارىسى كېرىيە ناھىيە قاراقىر يېزا بازار توپى كەنتىدىكى بوۋەيشىخان ئىسىملىك ئايال بولۇپ، ئۇ يولۋاس ئۇسسۇلىغا ماھىرلىقى، بولۇپمۇ بۇ ئۇسسۇلنى ئوينىغاندا نوغۇچ ئوينىتىشتىكى ئاجايىپ چېۋەرلىكى بىلەن شۆھرەت قازىنىپ ئەل ئىچىدە «نوغۇچخان» دەپ ئاتالغان، ئۇ 1974 ـ يىلى 65 يېشىدا ۋاپات بولغان).

شىر ئۇسسۇلى: خوتەن، ئاقسۇ رايونلىرىدا ھازىرغىچە شىرنىڭ نىقابىنى كىيىپ ئوينايدىغان شەكلىمۇ بار. بۇنىڭدا ئىككى يىگىت-

ئىزچىل بولۇپ، كىشىنى ئىختىيارسىز ئۆزىگە مەھلىيا قىلىدۇ.
1) راۋاب قوشاقلىرى

خوتەن مەشرەپلىرىدە راۋاب بىلەن قوشاق ئورۇنلاش خېلى ئومۇملاشقان. مەشرەپ باشلىنىپ ئىككى ـ ئۈچ پەدە نەغمە قىلىنغان، سازەندىلەر ۋە ئۇسسۇلچىلار سەل ـ پەل ئارام ئېلىش زۆرۈر بولغان چاغدا، راۋاب قوشاقلىرى ئورۇنلىنىدۇ. راۋاب قوشاقلىرى ئىملىيەتتە مۇزىكىلىق قوشاق بولۇپ، خەلق قوشاقلىرى تېكىست قىلىنىدۇ. ئادەتتە بىر قانچە كۇپلېت سۆيگۇ، ئەمگەك قوشاقلىرى ئورۇنلانغاندىن كېيىن، مەشرەپ ئەھلى «شوخ پەدە» («قىزىق پەدە» دەپمۇ ئاتىلىدۇ) گە چېلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ. شوخ پەدە دېگىنى يۇمۇرىستىك مەزمۇنغا باي، كىشىلەردە ئارقا ـ ئارقىدىن كۈلكە قوزغايدىغان ھەجۋىي ياكى ساتىرىك مۇزىكىلىق قوشاقلارنى كۆرسىتىدۇ. بۇ خىل ئەسەرلەرمۇ خېلى كۆپ بولۇپ، تۆۋەندىكى بىر قانچە پارچە بۇنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ:

*«تاغدا قوي بەشيۈزگە يەتتى، سۆڭەك غاجىغان ھەمرىيىم،*
*ئون مۇ يەردە قوغۇن تېرىپ، شاپاق غاجىغان ھەمرىيىم.*
*ئۆزى بېسىق ھەمرىيىم، كېپى سېسىق ھەمرىيىم،*
*ئۆزىڭىز ئۇزاقتا ھەمرىيىم، بېشىڭىز دوزاقتا ھەمرىيىم...*

*ئىشتىيى بار قاسىم، ئىشتا يوق قاسىم،*
*ئامباردا بار قاسىم، ئەمگەكتە يوق قاسىم.*
*ئىشلىمەي تىلەپ يەپ، خاپا بولمامسىز قاسىم،*
*ئەلنىڭ قارغىشىدىن قورقمامسىز قاسىم.*

.....

*قاۋاقتا يۇ ـ قاۋاقتا،*
*ئىچىۋاپسەن سوغاقتا.*
*چېقىپ قويدۇڭ باشلىقا،*
*ئالتە ئاي ياتتىم سولاقتا.*

.....

*توشقۇزۇپسەن سومكاڭنى،*
*شاراب بىلەن كاۋاپقا.*

كارامەت سىمرىپ يوغىناپ كەتكەن بۆرگىنى سويۇپ، گۆش ـ ياغلىرى، كاللا ـ پاچاقلىرىنى كىشىلەرگە تەقسىم قىلىپ بەرگەنلىكى قاتارلىق مەزمۇنلار ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ. گەرچە بۇ ئويۇنلار بىر ـ ئىككىلا كىشى تەرىپىدىن ئورۇنلانسىمۇ ۋە بەزىلىرىدە مۇزىكا تەڭكەش قىلىنمىسىمۇ، لېكىن تاز ئوبرازى ۋە قاساپ ئوبرازى يارىتىلىدۇ، قىزىقارلىق سۆز ـ ھەرىكەت، بېيىتلار ئارقىلىق مۇئەييەن ئىجتىمائىي مەزمۇن ئىپادىلىنىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا، خوتەن مەشرەپلىرىدە «غوجالدىرىۋاق ئويۇنى» دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل ئويۇنمۇ خېلى كەڭ تارقالغان.

## 8. خەلق مەشرەپلىرىدە ناخشىلار

خوتەن مەشرەپلىرىدە ناخشىلار كۆپىنچە سازەندىلەر تەرىپىدىن مۇزىكا بىلەن بىللە ئورۇنلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، مەشرەپتە ناخشا جور قىلىدىغان ناخشىچىلارمۇ ئاز ئەمەس. خەلق سەنئەتكارلىرىنىڭ نۇرغۇنلىغان ئىجادىي ناخشىلىرى دەل مەشرەپ سورۇنلىرىدا ئوقۇلۇپ ئالقىشقا ئېرىشكەن ۋە تارقىلىپ خەلق ناخشىسىغا ئايلىنىپ كەتكەن(2003 ـ يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «خوتەن خەلق ناخشا ـ كۈيلىرى» ناملىق كىتابقا خوتەندە كەڭ تارقالغان ناخشىلاردىن 155 ناخشا تاللاپ كىرگۈزۈلگەن).

خوتەن خەلق ناخشىلىرىنىڭ ھازىرقى «ناخشا پىرى» كېرىيە ناھىيەسىدىكى مەتتۇرسۇن قادىر (1948 ـ يىلى تۇغۇلغان) بولۇپ، ئۇ 300 كۇبلېتتىن ئارتۇق بېيىتنى تېكىست قىلغان، 20 نەچچە يۇرۇش (ھەر بىر يۈرۈشى ئاز دېگەندە تۆت ئۆزگىرىشلىك) خەلق ناخشىسىنى مۇكەممەل ئىگىلىگەن. ئۆزى ناخشا ئوقۇپ، ئۆزى ئۇسسۇل پار قىلىش ئۇنىڭ ئەڭ گەۋدىلىك ئالاھىدىلىكى بولۇپ، ئۇنىڭ نەپىس ئۇسسۇل ھەرىكىتى نازۇك، شوخ، مۇڭلۇق ئاۋازدا ئېيتقان ناخشىلىرىنىڭ بەدىئىي جەلپكارلىقىنى يۇكسەك پەللىگە كۆتۈرىدۇ. زۆرۈر بولغاندا ئۇ ئىككى ـ ئۈچ سائەت ناخشا بىلەن ئۇسسۇل ئورۇنلايدۇ. ئۇنىڭ ئۇسسۇل ھەرىكەتلىرى تەبىئىي، سىلىق، شوخ، باش ـ ئاخىرى

بۇنداق ساتىرىك قوشاقلاردىن: «مەستلىك، مەززىلىك، موللايى خاتىپ، دولان، قىرى، يامانمۇ، پاناھ بىرىڭ خۇدايىم، تاز خوتۇن»... قاتارلىق بىر مۇنچىسىنى كۆرسىتىش مۇمكىن. بۇلار مەشرەپ ئەھلىنى ئارقا ـ ئارقىدىن ئىختىيارسىز كۇلدۇرۇپ، كۆڭلىنى ئاۋۇندۇرغاندىن ئۆزگە، ھورۇنلۇق، پوچىلىق، خۇشامەتچىلىك، نادانلىق، مەينەتلىك قاتارلىق ئىجتىمائىي ئىللەتلەرنى سۆكۈپ، كىشىلەرنى بۇنداق قىلىقلاردىن يىرگىنىشكە ئۈندەيدۇ.

2) مۇزىكىلىق داستان

خوتەندە ئۇيغۇر پۈتكۈل خەلقىگە ئورتاق بولغان «غېرىب ـ سەنەم»، «ھۆرلىقا ـ ھەمراجان»، «ھەسەن ـ ھۈسەن»، «سېيىت نوچى» قاتارلىق مۇزىكىلىق داستانلار كەڭ تارقالغاندىن سىرت، خوتەننىڭ ئۆزىدە ئىجاد قىلىنىپ ئومۇملاشقان مۇزىكىلىق داستانلارمۇ خېلى كۆپ. بۇلار ئىچىدە «شېرىپ بوجاڭ»، «ھەسەن بەگ»، «ئەيسا بەگ»، «يالپۇزخان»، «ئەبەيدۇللاخان»، «باي نەزەر»، «ئابدۇراخمانخان»، «ھەۋزىخان» قاتارلىق داستانلار خېلى كەڭ تارقالغان. ۋاقتى ئۇزاقراق داۋاملاشقان مەشرەپلەردە داستان ياكى داستاندىن پارچىلار ئورۇنلىنىدۇ. داستانلار ئادەتتە راۋاب تەڭكەشلىكىدە بىر ئادەم تەرىپىدىن ئورۇنلىنىدۇ. ۋايىغا يەتكەن داستانچىلار داستان ۋەقەلىكىنى ئۆزىنىڭ ھېسسىياتى بىلەن شۇنداق يۇغۇرۇۋېتىدۇكى، ئۇلار بەزىدە يۇم ـ يۇم ياش تۆكسە، بەزىدە گۈلدەك ئېچىلىپ كېتىدۇ. مەشرەپ ئەھلىمۇ ھېسسىياتىنى باسالماي بەزىدە ئۈن سېلىپ يىغلىسا، بەزىدە قا قاھلاپ كۈلۈپ كېتىدۇ.

داستانچىلاردىن قاراقاش ناھىيە كۇيا يېزىسىدىن شاھ مۇھەممەت ئاكا (1916ـ 2009) بىلەن ئابدۇلھەمىت قارىي (1938ـ يىلى تۇغۇلغان) لار بىر قەدەر مەشھۇر بولۇپ، شاھ مۇھەممەت ئاكا «ئابدۇراخمانخان»، «ھەسەن ـ ھۈسەن»، «سېيىت نوچى» قاتارلىق ئونغا يېقىن داستان ۋە بىر نەچچە يۈز كۇپلېت خەلق قوشاقلىرىغا ۋارىسلىق قىلىپ كەلگەندىن ئۆزگە، ئېغىز ئىجادىيىتىگە ماھىر بولۇپ، نەق مەيداندىكى ئەھۋالغا ئاساسەن قوشاق توقۇپ، ئاھاڭغا سېلىپ ئوقۇيالايتتى. ئۇ ئوغۇللىرىنى

ماڭدىڭ سەن ئەي بۇرادەر،
قايسى يەرگە تاۋاپقا.

ئېگىلىپتۇ بەللىرىڭ،
سەجدە قىلىپ دوڭغىيىپ.
يېشىڭ يەتمەي قىرىققا،
قاپسەن شۇنچە مۈكچىيىپ.
.....
نوچىلار يا نوچىلار،
قۇرۇق سۆلەت نوچىلار.
نوچىلىققا يېتەلمەي،
داغدا قالغان پوچىلار.

ئۆستەڭنىڭ ئۇ قاتىدا،
شال ئوتايدۇ شالچىلار.
يانچۇقىدا بىر پۇل يوق،
چوڭ سۆزلەيدۇ پوچىلار.
.....
تازنىڭ كاللىسى دوقىدەي،
كونا جۇۋازنىڭ ئوقىدەي.
كېچە بولسا ياتالماس،
ھەلەپ يېگەن بۇقىدەي.

تاز كەتتى تۆۋەن تاغقا،
يۇمىلاندى يانتاققا.
كاللىسىغا دورا قىلماي،
ئوخشاپ قاپتۇ قاپاققا.[1]
.....

① ئابدۇللا سۇلايمان(تۈزگەن): «دۇنيادا بىرلا خوتەن بار». شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى. 2003 ـ يىلى 1 ـ نەشرى 1 ـ باسمىسى.7 ـ توم 96 ـ ، 97 ـ بەتلەر.

كەتسەڭ قاچان كېلۇرسەن،
بېقىپ خۇمار كۆز بىلەن.

* * *

يىگىت: ئاپپاق ئايدىڭغا چىقىپ،
ئاي كۆرۈندۈمۇ ساڭا.
كۈندە كېلىپ كۆرۈنۈپ،
خار كۆرۈندۈمۇ ساڭا.
قىز: ئوچاق بېشى داڭقاندا،
گۆشى يوق سوغۇق شوۋا.[1]
سەندەك بېۋاپا يارنى،
سۆيگىنىمگە مىڭ تووا.

ئېيتىشلارنىڭ بەزىلىرىدە بىر يۇرتلۇقلار بىلەن يەنە بىر يۇرتلۇقلارنىڭ بىر ـ بىرىنى ماختىشى ياكى چۆكۈرۈشى مەزمۇن قىلىنىدۇ:
كۆكيارلىق:[2] دوپپاڭلىنى كەيمەڭلا،
كۇلى يوغان تېگى بوش.
ئاراللىقتىن[2] يار تۇتماڭ،
كېپى يوغان ئۆزى بوش.
ئاراللىق: دوتار چالدىم پەدىگە،
قىزچاقلارنىڭ دەردىگە.
كۆكيارلىقلار هاڭ قاپتۇ،[3]
ئاراللىقنىڭ دەردىدە.

مەشرەپلەردىكى بۇنداق ئېيتىشلار هازىرقى زامان سەهنىلەرنىڭ مەنبەسى بولۇپ، بۇ ئاساستا بارلىققا كەلگەن لەپەرلەر مەزمۇن ۋە شەكىل جەهەتتە تېخىمۇ بېيىپ ۋە مۇكەممەللىشىپ، ئەمما ئىنتايىن ياقتۇرىدىغان سەنئەت ژانىرى بولۇپ قالدى.

---

① شوۋا: (كېرىيە شېۋىسى) ـــ شورپا
② كۆكيار، ئارال: كېرىيە ناهىيەسىدىكى يەر ناملىرى
③ هاڭ قېلىش: ئېغىزىنى ئېچىپ قېلىش، هەيران ـ هەس قېلىش.

باشلاپ سەيلى مەشرەپلىرىدە داستانچىلىق قىلاتتى. ئەما داستانچى ئاب-لىمىت قارىينىڭ ۋارىسلىق قىلىپ كەلگەن، شۇنداقلا ئۆزى ئىجاد قى-لىپ ئورۇنلاپ كەلگەن خەلق داستانلىرى سەككىزگە يېتىدۇ.

3) ئېيتىشىش (لەپەر)

ئېيتىشىش قوش كىشىلىك ئۇسسۇللۇق ناخشا بولۇپ، كۆپىنچە خاس ياشلار قاتناشقان مەشرەپلەردە ئورۇنلىنىدۇ. ئورۇنلاش شەكلى جەھەتتە ئۇسسۇل ئويناۋاتقان يىگىت ناخشا بىلەن سۆز تاشلىسا، قىز ناخشا بىلەن جاۋاب بېرىدۇ. ناخشىدا كۆپىنچە سۆيگۈ، ئىن-تىزارلىق، جۇدالىق، تېنىشىش قاتارلىق مەزمۇنلار ئەكس ئەتتۈرۈ-لىدۇ. مەسىلەن:

يىگىت: *كېلەرسىزمۇ جانان قىز،*
*چىللىسام ئاشقا.*

قىز: *مەلىگىزدە يوقمىدى،*
*مېنىڭدىن باشقا.*

يىگىت: *ئوخشىمايدۇ ئۆزگىسى،*
*سىز قەلەمقاشقا.*

قىز: *ئۇنداق دېمەڭ كىچىكمەن،*
*لايىق تاللاشقا.*

.....

* * *

يىگىت: *مېنى كەتتى دەپ يارىم،*
*ھىجراندا غەم يېمىگىن.*
*يۈرىكىم سەن بىلەن قالدى،*
*تاشلاپ كەتتى دېمىگىن.*

قىز: *ئېلىشۋالدىڭ كۆڭلۈمنى،*
*مۇھەببەتلىك سۆز بىلەن.*

قولىدىكى تاماق يۇقۇندىلىرىنى تاۋاقتا ياكى داستىخانغا قاقماسلىق، لىگەن ـ تاۋاقلاردىكى گۆش، مېۋە ـ چېۋىلەردىن ئۇنى ئېلىپ، بۇنى قويۇپ ئىلغاپ يۇرمەسلىك؛ داستىخان ئۈستىدە يۆتىلىش، چۈشكۈ ـ رۈشكە توغرا كەلگەندە قولى بىلەن ئاغزىنى توسۇش، مىشقىرىش، يەل قويۇپ بېرىش زۆرۈر بولۇپ قالغاندا ئاستا تالاغا چىقىش؛ غىزا ـ لىنىۋاتقاندا ئىمكانقەدەر خالاپ ـ خۇلۇپ ئاۋاز چىقارماسلىق، كىشى ـ لەرنى قاتتىق كۈلدۈرىدىغان ياكى يىرگەندۈرۈپ ئىشتىھاسىنى بو ـ غۇپ قويىدىغان گەپلەرنى قىلماسلىق؛ باشقىلاردىن بۇرۇن داستى ـ خاندىن ئايرىلىشقا توغرا كەلگەندە، داستىخاندىن ئاتلىماسلىق، مېھمانلارنىڭ ئالدىدىن ئۆتمەسلىك، بىھايا گەپلەرنى قىلماسلىق، مېھمانلارغا كەينىنى قىلىپ ئولتۇرماسلىق، داستىخان ياكى مېھ ـ مانلارغا پۇتىنى سوزۇپ ئولتۇرماسلىق؛ بىرەر كىم ئۆز ئۆيىگە تو ـ يۇقسىز كېلىپ قالغان ئىززەتلىك مېھماننى مەشرەپكە باشلاپ كې ـ لىپ، ساھىبخانا ۋە مېھمانبېشىغا ئېيتقاندا، قىزغىن كۈتۈۋېلىپ، مۆتىۋەرلەر قاتارىدىن ئورۇن بېرىپ ھۆرمەت كۆرسىتىش، ئەگەر ئۇ سازەندە، ئۇسسۇلچى، لەتىپىچى قاتارلىق سەنئەتكار بولۇپ قالسا، ئۇنى نومۇر كۆرسىتىپ بېرىشكە ئالاھىدە تەكلىپ قىلىپ ئىكرام بىلدۈرۈش، مەشرەپ داۋامىدا نومۇر كۆرسىتىپ بېرىش ياكى ئۇسسۇلغا تەكلىپ قىلىنغاندا رەت قىلماسلىق، باشقا بىراۋ ناخشا ـ ئۇسسۇل قاتارلىق نومۇرلارنى ئورۇنلاشتا ئېزىپ كەتسە ياكى قاملاشتۇرالماي قالسا، ئەيىبلىمەسلىك، مازاق قىلماسلىق؛ مەشرەپ داۋام قىلىنىۋاتقاندا ئۇنلۇك پاراڭ قىلىپ كەيپىياتنى بۇزماسلىق، چىلىم، مۇسەللەس قاتارلىق چېكىملىك ـ ئىچىملىك ئارىلاشقان مەشرەپلەردە چەكمەيدىغان، ئىچمەيدىغانلارنى ئىچىش ـ چېكىشكە زورلىماسلىق؛ داستىخان يىغىلىش ئالدىدا دۇئا قىلىپ، ساھىبخاند ـ غا رەھمەت ئېيتىش ۋە قۇت ـ بەخت تىلەش، مېھمانلار ئۆزلىرىدىغان ۋاقىتتا دەرۋازا ئالدىغا چىقىپ ئۇزىتىپ قويۇش قاتارلىقلار مەشرەپ ـ لەردە ئومۇملاشقان ئەدەپ ـ يوسۇنلار بولۇپ، ئۇ پۈتۈن خەلقنىڭ ئىجتىمائىي ئەخلاقىغا ئايلىنىپ كەتكەن. مەشرەپ داۋامىدا بۇنداق

## 9. خوتەن خەلق مەشرەپلىرىدىكى ئەدەپ ـ قائىدىلەر ۋە مەشرەپ جازالىرى

### 1) مەشرەپكە دائىر ئەدەپ ـ ئەخلاق قائىدىلىرى

مەشرەپ خەلقىمىز ئارىسىدا ئىنتايىن كەڭ ئومۇملاشقان، ئاز بولغاندا ئون نەچچە، نەچچە ئون، كۆپ بولغاندا يۈزلىگەن، مىڭلىغان ئادەملەر يىغىلىپ كۆڭۈل ئاچىدىغان پائالىيەت بولغاچقا، ئۇزاق تارىخىي جەريانىدا كۆپچىلىك ئورتاق رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك بولغان مەشرەپ ئەدەپ ـ يوسۇنلىرى ۋە مەشرەپ قائىدە ـ ئىنتىزاملىرى بارلىققا كەلگەن.

(1)مەشرەپتىكى قائىدە ـ يوسۇنلار: مەيلى باغاق تارقىتىش ياكى ئاغزاكى خەۋەر قىلىش ئارقىلىق مەشرەپكە تەكلىپ قىلىنغاندا چوقۇم ۋاقتىدا بېرىش، زۆرۈر سەۋەبلەر بىلەن بارالمىسا، مەشرەپنىڭ ئالدى ـ كەينىدە سەۋەبنى چۈشەندۈرۈپ ئۆزرە ئېيتىش؛ مەشرەپكە كەلگەن مېھمانلارنى دەرۋازا ياكى ئىشىك ئالدىغا چىقىپ كۈتۈۋېلىش، ئەھۋال سوراش؛ مويسىپىتلار، يۇرت مۆتىۋەرلىرىنى تۆرگە تەكلىپ قىلىش، مېھمانلار ئولتۇرۇپ بولغاندا، ساھىبخان بەلگىلىگەن كىشى ئۆرە تۇرۇپ ئىگىلىپ، ئاپتۇۋا ـ چىلاپچا ئارقىلىق مېھمانلارغا تۆردىن باشلاپ قول سۇيى بېرىش؛ داستىخان سېلىنغاندىن كېيىن، تۆردىن باشلاپ سىنچاي، غىزا كەلتۈرۈش، ساھىبخانا چاي ۋە غىزانى پەتنۇسقا ئېلىپ تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ مېھمانلارغا تۇتۇش؛ ھەممە مېھمانلارغا چاي، غىزا كەلتۈرۈلۈش ۋە ساھىبخانا مېھمانلارنى چاي، غىزاغا تەكلىپ قىلىشتىن بۇرۇن داستىخانغا قول ئۇزاتماسلىق، تەكلىپ قىلىنغاندىن كېين، كۆپچىلىك بىر ـ بىرىگە خوش ئېيتىش، مويسىپىتلار ۋە مۆتىۋەرلەر قول ئۇزاتمىغىچە داستىخانغا قول سۇنماسلىق؛ پولۇ، گۆش قاتارلىق بىر نەچچە كىشى بىر تاۋاقتىن غىزالىنىدىغان تائاملارنى يېگەندە، تاۋاقنىڭ ئۆزىگە ئۇدۇل تەرىپىدىن يېيىش، باشقىلارنىڭ ئالدىغا قول سوزماسلىق؛

تېلېۋىزىيە مەشرەپلىرىدە كۆرسىتىلگەنگە ئوخشايدۇ. قالغان بىر قانچە خىل جازانىڭ مەزمۇن ۋە ئۇسۇلى مۇنداق بولىدۇ:

(1)«جۇۋاز ھەيدەش» جازاسى: بۇنىڭدا، جازالانغۇچى ئادەم جۇۋازغا قاتىدىغان «توپاق»، جازا ئىجرا قىلغۇچى دورغا «ياغچى» بولىدۇ. توپاقنىڭ بېلىنىڭ ئۈستىدىكى كىيىملىرىنى سالدۇرۇپ بوينىنى باغلايدۇ. بېشىغا بىر قاچا سۇ قويۇپ قويىدۇ. ياغچى بىر تەرەپتىن جۇۋاز ئەتراپىنى ئايلىنىپ، بىر قولىدا جۇۋاز ئىچىدىكى زاغۇن قاتارلىقلارنى جۇۋاز ئوقى ئەتراپىغا يىغىش ھەرىكىتىنى قىلسا، يەنە بىر قولىغا تاياق ئېلىپ، توپاقنى ھەيدىگەن ھەرىكەتنى قىلىدۇ. ھەمدە غىڭشىپ ناخشا ئوقۇيدۇ. بەزىدە توپاقنى تاياق بىلەن ساۋىدايدۇ. غىڭشىپ ئوقۇمغان ناخشا جۇۋازنىڭ «غىچىر ـ غىچىر» قىلغان ئاۋازىغا ئوخشاپ كېتىدۇ. «توپاق» بېشىدا سۇنى كۆتۈرۈپ، ياۋاشلىق بىلەن جۇۋازنى ئايلىنىپ مېڭىش ھەركىتىنى قىلىدۇ. بەزىدە توپاقنى دوراپ «مۆ.....مۆ» دەپ مۆرەپ قويىدۇ. «ياغچى» ساۋىداپ ئۇرسىمۇ، «توپاق» ياۋاشلىق بىلەن مېڭىشى كېرەك، ئەگەر ئۆزىنى قاچۇرماقچى بولسا، بېشىدىكى قاچا ئۆرۈلۈپ، باش ـ كۆزى ۋە كىيىملىرى ھۆل بولۇپ كېتىدۇ. بۇ جازا ياغچىنىڭ غىڭشىپ ناخشا ئوقۇشى تۈگىگەندە ئاخىرلىشىدۇ.

(2) «ياغ تارتىش» جازاسى: بۇ «جۇۋاز ھەيدەش جازاسى» غا ئوخشاپراق كېتىدىغان جازا بولۇپ، جازالانغۇچى جۇۋازنىڭ «كۆتىكى» بولىدۇ. تون ياكى يەكتەك كىيگۈزۈلۈپ،تۆگلۈكنىڭ ئۇدۇلىغا كەلتۈرۈلىدۇ. بىر قولىنىڭ بېغىشىغا بىرتال شوينا باغلىنىپ، يەنە بىر ئۇچى تۆگلۈك ياغىچىغا چىڭ تارتىپ باغلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئېگىز تارتىلغان قولى «جۇۋاز ئوقى» بولىدۇ. بۇ چاغدا جازا ئىجرا قىلغۇچى دورغا ياغچى رولىنى ئېلىپ، غىڭشىپ ناخشا ئېيتقاچ «جۇۋاز كۆتىكى» نى ئايلىنىپ جۇۋاز ھەيدىگەن ھەرىكەتنى دورايدۇ، يەنە بىر كىشى بىر چۆگۈن سوغۇق سۇ ئېلىپ ئۆگزىگە چىقىپ، تۆگلۈك يېنىدا ساقلاپ تۇرىدۇ، «ياغچى» بىر قولى بىلەن جۇۋازدىكى ئۈگۈت-

ئەدەپ ـ يوسۇنلارغا خىلاپلىق قىلغانلارغا مېھمانبېشى ياكى مويسىپىت ـ مۆتىۋەرلەر ئەھۋالغا قاراپ كۆز ئىشارىسى قىلىش، نوقۇپ قويۇش، يۆتىلىپ قويۇش قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق تۈزىتىشكە ئۇندەيدۇ. ئۇنداق كىشى كۆرمىگەنگە سېلىپ بېزەڭلىك قىلسا ئاشكارا نەسىھەت قىلىدۇ ياكى تەنبىھ بېرىدۇ. ئۇنداق ئەدەپسىز قىلمىشلار كۆپ قېتىم تەكرارلانسا، كۆپچىلىك تەرىپىدىن هار ئېلىنىدۇ. كىشىلەرنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈپ كېتىدۇ.

(2) مەشرەپ قائىدە ـ ئىنتىزاملىرى: مەشرەپ ئەدەپ ـ يوسۇنلىرىغا رىئايە قىلىش، مەشرەپ سورۇنىدا جېدەل ـ غوۋغا قىلماسلىق، قىمار ـ ئاياللارغا هاياسىز چاقچاق قىلماسلىق، غاز ئويۇنى قاتارلىق ئويۇنلاردا بېيىت تاشلانسا چوقۇم بېيىت قايتۇرۇش، چىلىم ئويۇنىدا چىلىمنىڭ سۈيىنى تۆكۈپ قويماسلىق، چوغىنى چۈشۈرۈۋەتمەسلىك، چىراغىنى ئۆچۈرۈپ قويماسلىق قاتارلىقلار مەشرەپ سورۇنىدا ھەممەيلەن رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك ئىنتىزام هېسابلىنىدۇ. مەشرەپ ئەدەپ ـ يوسۇنلىرىغا كۆپ قېتىم خىلاپلىق قىلغان ياكى مەشرەپ ئىنتىزامىنى بۇزغانلار مۇۋاپىق جازالىنىدۇ.

2) مەشرەپ جازا (ئويۇن) لىرى

خوتەن مەشرەپلىرىدە مەشرەپ جازالىرى تەنبىھ بېرىش، نومۇر كۆرسىتىپ بېرىشكە بۇيرۇش، مەشرەپ ئۆتكۈزۈپ بېرىشكە بۇيرۇش، ھەرىكەتلىك جازا بېرىش... قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

بۇ جازالار جازانى ئىجرا قىلىش ۋاقتى جەھەتتىن ئېيتقاندا ئىككى خىلغا بۆلۈنىدۇ. ئۇنىڭ بىرى «ئامانەت جازا» بولۇپ، كېيىن ئىجرا قىلىنىدۇ. مەشرەپ ئۆتكۈزۈپ بېرىشكە بۇيرۇش مۇشۇنداق جازا هېسابلىنىدۇ. يەنە بىرى نەق مەيدان جازاسى بولۇپ، شۇ مەشرەپ سورۇنىنىڭ ئۆزىدە ئىجرا قىلىنىدۇ. مەشرەپ ئۆتكۈزۈپ بېرىشكە بۇيرۇشتىن ئۆزگە جازالار نەق مەيدان جازاسى قاتارىغا كىرىدۇ.

نەق مەيدان جازالىرى ئىچىدە سامسا يېقىش جازاسى، سۈرەت تارتىش جازاسى، ئىككى خوتۇن ئېلىپ بېرىش جازاسى قاتارلىقلار

لەر قىيقاس سېلىپ قاتتىق كۈلۈشىدۇ ۋە «بۇركۈت توشقان تۇتتى» دەپ توۋلىشىدۇ. جازا شۇنىڭ بىلەن ئاخىرلىشىدۇ.

(5)«غاز چىچتى» جازاسى: بۇ، غاز ئويۇنى ئوينالغاندا قوللىنىلىد- غان جازاتۇرى بولۇپ، غاز رولىنى ئالغۇچى ئادەم يېنىغا تېرە سۇدان ياكى قاپاقتا سۇ ئېلىۋالىدۇ، ئۇسسۇل ئويناپ، سورۇننى ئايلىنىپ ھەربىر كىشىگە بېيت تاشلايدۇ. كىمكى بېيت قايتۇرالمىسا، غاز رولىنى ئالغان ئادەم «غاز چىچتى» دەپ ۋارقىرىغاچ سۇداندىن بىر ئاز سۇنى شۇ كىشىگە چاچىدۇ. كۆپچىلىك خوشال بولۇپ كۈلۈشىدۇ.

(6) «گۈل چىشلەپ ئېلىش» جازاسى: بۇجازانى ئىجرا قىلىشتا، بىر تال گۈل (گۈل بولمىغان پەسىللەردە دوپپا ياكى تۇماق) مەشرەپ سو- رۇننىڭ ئوتتۇرىسىغا قويۇلىدۇ، جازالانغۇچى كىشى ناخشا ـ مۇزى- كىغا جور بولۇپ ئۇسسۇل ئويناپ ئاخىرىدا يەرگە قويۇلغان گۈلنى چىشلەپ ئېلىش شەرت بولىدۇ.جازا باشلانغاندا سازەندىلەر:«ئاللىمىدى ھە ـ ھە! ئاللىمىدى ھە! ئالغىنىنى كۆرۈڭ، ئالغىنىنى كۆرۈڭ، قانداق ئالىتكەن، قانداق ئالىتكەن» دېگەن تېكىستنى ئوقۇپ مۇزىكا چالى- دۇ، جازالانغۇچى كىشى سورۇنغا كىرىپ ئايلىنىپ ئۇسسۇل ئوينايدۇ. بىر پەس ئۇسسۇل ئوينىغاندىن كېيىن گۈلنىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ ئۇسسۇل ئوينىغاچ ئېگىلىپ گۈلنى چىشلەپ ئالىدۇ، بۇ ھەرىكەتنى ئورۇنلاشنىڭ «كەينىگە ئېگىلىپ چىشلەپ ئېلىش» ۋە «ئالدىغا ئېگى- لىپ چىشلەپ ئېلىش» دېگەن شەكىللىرى بار، ماھىر ئۇسسۇلچىلار ئۇسسۇل ئوينىغاچ ئاستا ـ ئاستا كەينىگە ئېگىلىپ «∩» شەكىلگە كېلىدۇۋە گۈلنى چىشلەپ ئالىدۇ. زۆرۈر بولغاندا ئىككى ئالقىنىنى يەرگە تىرەپ تۇرۇپ گۈلنى چىشلەپ ئېلىشقىمۇ بولىدۇ، ئۇسسۇلغا ئانچە ماھىر بولمىغانلار ياكى ئۇستىخىنى قاتقان، يېشى چوڭراق كىشىلەر كەينىگە ئېگىلىپ گۈل چىشلەپ ئالالمىسا، ئىككى پۇتىنى كېرىپ، ئالدىغا ئېڭىشىپ ئۇسسۇل ئوينىغاچ گۈلنى چىشلەپ ئالسى- مۇ بولىدۇ، ئەمما قولىنى يەرگە تىرەشكە بولمايدۇ.

بۇ خىل جازا كۆپىنچە ئاياللارغا ئىجرا قىلىنىدۇ. بۇ، قىيىنلىق دەرىجىسى يۇقىرى، شۇنداقلا ناھايىتى نەپىس ئۇسسۇل بولۇپ، جازا

نى بىر يەرگە يىغقان ھەرىكەتنى دوراپ، «جوۋاز كۆتىكى» نىڭ بىدىقىنلىرىنى چىمدايدۇ، قىچىقلايدۇ. «جوۋاز كۆتىكى» نىڭ قولى تورۇسقا باغلاقلىق بولغاچقا ئۆزىنى قاچۇرالماي جىم تۇرۇشقا مەجبۇر بولىدۇ، بىر ھازادىن كېيىن« ياغچى»: «ياغ پىشتى» دەپ توۋلايدۇ، بۇ چاغدا تۆگىلۈك بېشىدىكى ئادەم چوگوندىكى سوغۇق سۇنى «جوۋاز كۆتىكى» نىڭ يېڭى ئىچىگە قۇيۇۋېتىدۇ، جازالانغۇچىنىڭ ئۇستى ـ بېشى ھۆل بولۇپ، سۇ تۇۋەنگە سارقىپ چۈشىدۇ، مەشرەپ ئەھلى قاتتىق كۈلۈشىدۇ، جازا شۇنىڭ بىلەن توگەيدۇ.

(3) «جوۋاز ھەيدەپ ياغ تارتىش» جازاسى: بۇ، يۇقىرىدىكى ئىككى تۈرلۈك جازانىڭ بىرلەشتۈرۈلگەن شەكلى بولۇپ، جازالاشقا تېگىشلىك ئادەم ئىككى نەپەر بولغاندا، بۇخىل جازا قوللىنىلىدۇ، ئۇلارنىڭ بىرى «جوۋاز كۆتىكى» ، يەنە بىرى «توپاق» بولىدۇ. جازا ئىجرا قىلغۇچى «ياغچى» بىر قولىدا «جوۋاز كۆتىكى» نى چىمداپ قىچىقلىسا، يەنە بىر قولىدىكى تاياق بىلەن «توپاق» نى ساۋىداپ ھەيدەيدۇ. ئۇنىڭ ئاخىرى يۇقىرىقىغا ئوخشاش بولىدۇ، بۇجازا تېخىمۇ كۈلكىلىك ۋە قىزىقارلىق بولىدۇ.

(4) «توشقان تۇتۇش» جازاسى: جازالانغۇچى ئادەمنىڭ بىرى« بۆرەكۆت» بولىدۇ، ئۇنىڭ چاپىنى ياكى جوۋىسىنىڭ بىر يېڭىدىن ئۇزۇن تاياق كىرگۈزۈلۈپ، كۆكرەك ياكى دۈمبە تەرىپىدىن ئۆتكۈزۈلۈپ، تاياقنىڭ ئۇچى يەنە بىر يېڭىدىن چىقىرىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بۇ كىشى قانات كېرىپ پەرۋاز قىلىپ توشقان تۇتۇشقا تەييارلانغان بۆركۆت ھالىتىگە كىرىدۇ؛ يەنە بىر كىشى« ياۋا توشقان» بولىدۇ، جوۋىنى تەتۈر كېيىپ، بۆركۆتنىڭ ئالدىدا «دىك ـ دىك» سەكرەپ قېچىشقا باشلايدۇ، ھېلى ئۇياققا، ھېلى بۇياققا يوشۇرۇنىدۇ، ئالاق زادە بولۇپ قورقۇپ، ئۆزىنى يوشۇرۇشقا يەرتاپالمىغان قىياپەتكە كىرىدۇ. بۆركۆت ئۇنى قوغلايدۇ، توشقان رولىنى ئالغۇچى ياۋا توشقانغا خاس ھوشيارلىق ۋە چاققانلىق بىلەن قاچىدۇ، «بۆركۆت» ئاخىرى توشقانغا يېتىشىۋالىدۇ، «توشقان» تىركەشكەن ھالەتتە ئۆزىگە خاس چاققانلىق بىلەن «بۆركۆت» نىڭ ئىشتانبېغىنى يېشىۋېتىدۇ، «بۆركۆت» نىڭ ئىشتىنى ئوشۇقىغا چۈشۈپ قالىدۇ، كىشى-

نى كەينىگە تۇتۇپ، تىزلىنىپ، سۇ قۇيۇلغان داس ئىچىدىكى مېتال پۇلنى ئېغىزى بىلەن سۇزىدۇ. سۇزۇش بىر قەدەر قىيىن بولۇپ، ۋاقىت ئۇزارغانسېرى، شۇنچە كۈلكە چىقىدۇ.

(10) «پالتا ـ كۆتەك» جازاسى. بۇنىڭدا، جازالانغۇچى «كۆتەك» بولۇپ، پەللىكىنى چىقىرىپ ئېگىلىپ تۇرىدۇ. يەنە بىرەيلەن «پالتا» قىلىنىپ، ئىككى قول، ئىككى پۇتىدىن تۇتۇپ «كۆتەك» بىلەن «پالتا» نىڭ پەللىكى سوقۇشتۇرۇلىدۇ. بۇ ئويۇن بىر قەدەر قوپاللراق بولۇپ، ئادەتتە كۆپ ئوينالمايدۇ.

(11)«خام توقۇش»تا: ئىككى كىشى جازالانغۇچىنى تىزلاندۇرۇپ ياتقۇزۇپ، بىرى مۇرىسىدىن، بىرى كاسىسىدىن ئىتتىرىپ، جازالانغۇچىنى تاسقاپ تۇرۇپ، خام توقۇش جەريانىنى ئورۇندايدۇ.

(12) «سامان تىقىش»تا: سامان تىققۇچى جازالانغۇچىنى يۈكۈندۈرۈپ ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ، كۆڭلىكىنىڭ ياقىسىدىن مۇشتۇمىنى جازالانغۇچىنىڭ قوينىغا تىقىپ، تاغارغا سامان چىڭىغان ھەرىكەتنى دوراپ، غىدىقلاش ئارقىلىق جازالايدۇ.

(13) «توپاق كۆندۈرۈش»تە: جازالانغۇچى توپاق قىلىنىپ، جازالىغۇچى ئۇنىڭغا مىنىپ، توپاقنى مىنىشكە كۆندۈرۈش جەريانى ئورۇنلىنىدۇ.

(14) «ئېشەككە مىنىش»تە: جازالانغۇچىنى تۆت پۇتلۇق قىلىپ يۈكۈندۈرۈپ، بىرى ئۈستىگە مىنىپ سورۇننى ئايلاندۇرىدۇ. ئېشەككە مىنگۈچى ئېشەكنى ساۋاپ، بېشىنى ھەر تەرەپكە قايرىپ، ئېشەكنى ھاڭرىتىپ جازالايدۇ.

(15) «مونەك يىگۈزۈش»تە: جازالىغۇچى جازالانغۇچىنىڭ كالپۇكىدىن چىمدىپ تۇتۇپ، ھەر تەرەپكە سوزۇپ جازالايدۇ. بۇ جازاغا سان بېكىتىلىدۇ. كالپۇكنى ئوڭ ـ سول ئىككى تەرەپكە ۋە ئاستى ـ ئۈستىگە بىر قېتىمدىن سوزۇش بىر مونەك ھېسابلىنىدۇ.

(16) «توخۇغا مىنىش»تە: جازالانغۇچى بىر تەلپەكنى چاتىرىقىغا قىستۇرۇپ، قولىنى كەينىگە تۇتۇپ، زوڭزىيىپ ئولتۇرغان ھالەتتە مېڭىپ مەيداننى ئايلىنىدۇ. بىر پۇتۇن ئايلىنىپ بولغىچە، تەلپەكنى

سۇپىتىدە ئوينالغاندىن باشقا، ماھارەت ئويۇنى سۇپىتىدە كۆپ ئوينىلىدۇ.

(7) «پاختا چۆرۈش» جازاسى: ئىلگىرى چىگىتلىك پاختا قول چىغرىقىدا چۆرۈش ئارقىلىق چىگىتتىن ئاجرىتىلاتتى. پاختا چۆرۈش جازاسى قول چىغرىقىنىڭ چىشلەشمە ـ ئايلانما ھەرىكەت ھالىتىگە تەقلىد قىلىپ ئوينىلىدىغان جازا ئويۇنى ھېسابلىنىدۇ.

پاختا چۆرۈش جازا ئويۇنىنى ئىككى ئادەم ئوينايدۇ. بىر ـ بىرىگە ئۇدۇل تۇرۇپ، ئىككى قوللىرىنىڭ بارماقلىرىنى بىر ـ بىرىگە ئىلمەك قىلىپ تۇتۇپ ئېگىز كۆتۈرىدۇ، ئاندىن بىرى ئوڭ، بىرى سول يۆنىلىشتە ئېگىز كۆتۈرۈلگەن قول ئاستىدىن ئايلىنىپ سىلجىپ ھەرىكەت قىلىدۇ، ئۇلار ئايلىنىپ دۈمبىسى بىر ـ بىرىگە چاپلاشقاندا باش ئۈستىدە گىرەلەشكەن قوللىرى تارتىشىپ ئاغرىپ، داۋاملىق ئايلىنىشى خېلى قىيىن بولىدۇ، شۇڭلاشقا بۇ ئويۇن داۋامىدا بىر ـ بىرىگە يۆتىلىشىپ يىقىلىپ چۈشىدىغان ئەھۋال كۆپ كۆرۈلىدۇ، بۇجازانى ئىجرا قىلىشتا مۇساپە بەلگىلەپ بېرىلىدۇ. يەنى، مەشرەپ سورۇنى سىرتتا بولسا يەتتە ـ سەككىز غۇلاچ يەرگە ئايلىنىپ بېرىش، ئەگەر ئايۋاندا بولسا ئايۋان ئوتتۇرىسىدىكى ئاراچنى ئىككى ـ ئۈچ قېتىم ئايلىنىپ چىقىش شەرت قىلىنىدۇ. جازا ئويۇنى داۋامىدا يىقىلىپ كەتسە ياكى قوللىرى ئاجراپ كەتسە قايتا باشلاشقا بۇيرۇلىدۇ.

بۇ جازانى ئىجرا قىلىشتا، جازالىنىدىغان ئادەم ئىككى بولسا ئۆز ئارا ئوينايدۇ. ئەگەر بىر بولسا دورغا بەگ ھەمراھ بولۇپ بىرگە ئوينايدۇ. بۇ ئويۇن جازا سۈپىتىدە ئوينالغاندىن باشقا ماھارەت ئويۇنى سۈپىتىدىمۇ ئوينىلىدۇ. شۇڭا «چىغرىق ئويۇنى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

(8) «توشقان تەپتى» جازاسى. بۇنىڭدا جازالانغۇچىنىڭ باش كىيىمى ئېلىۋېتىلىپ، بەلگىلەنگەن بىرى ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. ئالقىنىنى جازالانغۇچىنىڭ پېشانىسىگە قويۇپ، ئوتتۇرا بارمىقىنى كەينىگە قايرىپ قويۇۋېتىپ، جازالانغۇچىنىڭ پېشانىسىگە ئۈچ قېتىم قاتتىق چېكىدۇ. بارماق قاتتىقراق تېگىپ، مەلۇم دەرىجىدە ئاغرىش ھېس قىلدۇرۇلىدۇ.

(9) «تەگگە سۇزۇش» جازاسى: بۇنىڭدا، جازالانغۇچى ئىككى قولى-

ـرىش ئۇسۇلى ئىككى خىل بولىدۇ.

(1) ھۆكۈمسىز جازا. بۇ، مېھمانبېشىنىڭ ھۆكۈم قىلىشىنى كۈتمەيلا كىچىككە ئىگە بولىدىغان جازادۇر. مەسىلەن، چىلىم ئويۇنىدا بىر كىم چىلىمنىڭ چوغىنى چۈشۈرۈۋەتسە ياكى چىلىمنىڭ سۈيىـنى تۆكۈۋەتسە؛ چىراغ ئۇسسۇلىدا بىر كىم چىراغنى ئۆرۈۋەتسە ياـكى ئۆچۈرۈپ قويسا كۆپچىلىك «مەشرەپ كەتتى!»، دەپ توۋلىشىدۇ. شۇ خىل سەۋەنلىكنى سادىر قىلغان كىشى «ھېساب» دەيدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇكىشى كېيىنكى قېتىملىق مەشرەپنى ئۆتكۈزۈپ بىرىشنى ئۈستىگە ئالغان بولىدۇ؛ غاز ئويۇنىدا «غاز» بېيىت قايتۇرالمىـغانلارغا «غاز چىچتى» دەپلا سۇ چاچىدۇ. دېمەك، بۇ خىل جازالارنى بېرىشتە، بىر كىمنىڭ داد ئېيتىشى،مېھمانبېشىنىڭ دەلىللەپ ھۆـكۈم قىلىشى، دورغىنىڭ جازا ئىجرا قىلىشى بىھاجەت بولىدۇ.

(2) ھۆكۈملۈك جازا. بۇ، مېھمانبېشىنىڭ ھۆكۈم قىلىشى ئارـقىلىق بېرىلىدىغان جازانى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، بىر كىم يەنە بىر كىمنىڭ مەشرەپ قائىدە ـ نىزاملىرىغا خىلاپلىق قىلغانلىقىنى كۆرگەن ياكى سەزگەندە، مېھمانبېشىغا ئەرز قىلىپ: «داد! مېھمانـبېشى»، دەيدۇ. مېھمانبېشى: «نىمە ئەرزىڭىز بار؟»، دەپ سورايدۇ. ئۇكىشى «پالانى كىشى مەشرەپ ئىنتىزامىغا خىلاپ مۇنداق ـ مۇنداق ئىش قىلدى، جازا بېرىشلىرىنى سورايمەن»، دەيدۇ. ئەرىز قىلىنغۇچى ئۆزسەۋەنلىكىنى ئېتىراپ قىلغان ياكى كۆپچىلىكنىڭ گۇۋاھلىقى ئالدىدا سەۋەنلىكىدىن تېنىۋېلىشقا ئامالسىز قالغان ئەھۋالدا مېھمانبېشى ئۇ كىشىگە جازا ھۆكۈم قىلىدۇ، جازا ھۆكۈم قىلىشتىمۇ شۇ كىشىنىڭ ئىقتىدار ئالاھىدىلىكىگە قارىلىدۇ. يەنى، بەزىلەرگە ئۇسسۇل ئويناپ بېرىش، ناخشا ئوقۇپ بېرىش ياكى ساز چېلىپ بېرىش جازاسى، بەزىلەرگە ھايۋانلارنى، قۇشلارنى ياكى مەـلۇم كىشىلەرنى دوراپ بېرىش جازاسى، بەزىلەرگە لەتىپە ئېيتىش، قىزىقچىلىق قىلىپ بېرىش جازاسى ھۆكۈم قىلىنىدۇ، بۇلارنىڭ ھېچقايسىسىنى قىلالمايدىغانلارغا يۇقىرىدىكى بىر قانچە خىل جازا ئىچىدىن بىرەرسى ھۆكۈم قىلىنىدۇ، جازالانغۇچى ھۆكۈم قىلىنغان

بىر قېتىم چۇشۇرۇپ قويسا، «بىر توخوم تۇغقان» ھېسابلىنىپ، مەيداننى ئايلىنىش قېتىمىغا بىر سان قوشۇلىدۇ.

(17) «تەخسە چىشلەش»تە: جازالانغۇچى قولىنى كەينىگە تۇتۇپ تۇرۇپ، تىزىنى ئەگمەسلىك شەرتى بىلەن ئالدىغا قويۇلغان تەخسىنى چىشلەپ ئالىدۇ.

(18) «چىش تارتىش»تا: بىر ەيلەن تىزلىنىپ يېتىپ، «ئورۇندۇق» بولىدۇ، جازالانغۇچى «ئورۇندۇق»تا ئولتۇرغۇزۇلۇپ، جازالىغۇچى بىر قولىدا جازالانغۇچىنىڭ گەجگىسىدىن تارتىپ تۇرۇپ، بىر قولىغا بىر تال ياغاچ «ئامبۇر» قىلىپ ئېلىپ، جازالانغۇچىنىڭ چىشىنى تارتقان قىياپەتنى دوراپ تۇرۇپ، جازالانغۇچىنى كەينىگە ئىتتىرىۋېتىدۇ. جازالانغۇچى «ئورۇندۇق»تىن ئېشىپ يەرگە يىقىلىدۇ. قانچە تال چىش تارتىش جازاسى بېرىلگەن بولسا، بۇ ھەرىكەت شۇنچە قېتىم ئىشلىنىدۇ.

(19) «چاچ چۇشۇرۇش»تە: جازالانغۇچىنى تىزلاندۇرۇپ ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ، جازالىغۇچى ئۇنىڭ چېچىنى ئوك ـ تەتۈر ئېزىپ ئېتىپ، بېشىنى سىلىپ ۋە دۆشكەلەپ، چاچ چۇشۇرۇش جەريانىنى دوراپ جازالايدۇ.

(20) «رەسمگە تارتىش»تا: جازالانغۇچىنىڭ كۆڭلىكى سالدۇرۇۋېتىلىپ، تامغا چاپلاشتۇرۇپ تۇرغۇزۇپ قويۇپ، سۇ پۈركۈش ياكى چېچىش ئارقىلىق جازالانغۇچىنىڭ گەۋدىسىنىڭ سۈرىتى تامغا چۇشۇرۇلىدۇ.

(21)«توك چۇشۇرۇش»تە: ئىككى ئايال ئىككى تال يىپنى جازالانغۇچىنىڭ چېكىسى ياكى باشقا سىرىق توك بار جايغا قويۇپ تۇرۇپ ئېتىپ، توكنى يىپقا چىرماپ يۇلۇش ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىدۇ.

(22) «چاشقان قويۇپ بېرىش»تە: ئىككى ئايال جازالانغۇچىنى ياتقۇزۇپ قويۇپ، بەدىنىنى غىدىقلاش ئارقىلىق جازالاش ئېلىپ بارىدۇ.[1]

3) مەشرەپ جازالىرىنىڭ ئىجرا قىلىنىشى

مەشرەپنىڭ قائىدە ـ نىزاملىرىغا خىلاپلىق قىلغانلارغا جازا بې-

---

[1] «مەشرەپ جازالىرى»نىڭ 11 ـ سىدىن 22 ـ سىگىچە قەدەر بولغانلىرى ئابدۇرشات مۇساجان توغرۇل تەرىپىدىن تەييارلانغان.

نەي» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇ ئىنتايىن قەدىمىي چالغۇ بولۇپ، رىۋايەت قىلىنىشىچە، بۇرۇنقى زاماندا بىر پادىچى بالا جاڭگالدا قوي بېقىۋېتىپ، بىر تال قومۇشنى سۇندۇرۇپ ئېلىپ پۇلاڭلاتقان ئىكەن، ئۇنىڭدىن« ۋىڭ - ۋىڭ» قىلغان چىرايلىق ئاۋاز چىقىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ھېلىقى بالا قومۇشنىڭ بىر ئۇچچىنى ياپىلاقلاپ، پۈۋلەپ چېلىشقا باشلاپتۇ. بۇ ئەڭ ئىپتىدائىي قومۇش نەي بولۇپ، باللار ئۇنى ئىنتايىن ياقتۇرىدىكەن. ئۇيغۇر تىلىدا ئۆسمۈرلەر«بالا»، قومۇش پىيكى «مانان» دەپ تەلەپپۇز قىلىنىدىغان بولغاچقا كىشىلەر بۇ خىل قومۇش نەينى «بالىمان» دەپ ئاتىغان ئىكەن. باللار ئارىسىدا يېڭى ياشارغان سۆگەت شاخلىرىنىڭ قوۋزىقى ياكى كاۋا غازىڭىنىڭ غولىدىن نەي ياساپ چېلىپ ئوينايدىغان ئادەتلەرنىڭ ھېلىھەم مەۋجۇتلۇقى يۇقارقى رىۋايەتنىڭ مەلۇم ئاساسى بارلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

بالىماننى چېلىش ئۇسۇلى سۇناي چېلىشقا ئاساسەن ئوخشاپ كېتىدۇ. ئەمما ئۇنىڭ ئاۋازى تېخىمۇ يېقىملىق بولىدۇ. يەنى بالىمان چېلىنىۋاتقاندا ئۇنىڭغا قومۇشنىڭ تىترەك ئاۋازلىرى ئارىلىشىپ كېتىدۇ. نەتىجىدە كىشىگە باللار ئاۋازىدەك چۈچۈك، مەسۇم، باللار ناخشىلىرىدەك يېقىملىق تۇيغۇ بېرىدۇ

(مۇھەممەتئىمىن سابىر)

## 11. تاغلىق رايون خەلق ناخشىلىرى ۋە ئۇنىڭدىكى ئۆزگىچىلىكلەر

قاراقۇرۇم تاغ تىزمىلىرىنىڭ شىمالىي يانباغرىدىكى چارۋىچىلىق، يېرىم دېھقانچىلىق، يېرىم چارۋىچىلىق رايونلىرى (خوتەن ناھىيەسىنىڭ لاڭرۇ، قاشتېشى يېزىسى؛ چىرا ناھىيەسىنىڭ چاقا، ئۇلۇغساي، نۇرى، بوستان يېزىلىرى؛ كېرىيە ناھىيەسىنىڭ ئاتچان؛ نىيا ناھىيىسىنىڭ يېيىق، سالغۇزەك يېزىلىرى)دىكى ئەنئەنىۋى كۆڭۈل ئېچىش ئادىتى پەدىسىز راۋاپ (قويچى راۋاپى، ئالىچى راۋاپ) ئارقىلىق ناخشا ئېيتىشتىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ يېگانە يۇرۇپ

جازاغا قايىل بولماي، باشقا بىر تۈرلۈك جازانى تەلەپ قىلسا، ئۇ-نىڭغىمۇ يول قويۇلىدۇ، ئاندىن مېھمانبېشى: پالانى قائىدىگە خىلاپ-لىق قىلىپ، مۇنداق - مۇنداق ئىش قىلغانلىقى ئۈچۈن، مۇنداق جازا بېرىلسۇن، دەپ ئېلان قىلىدۇ، ئەگەر ھۆكۈم قىلىنغان جازا «سامسا يېقىش»، «ياغ تارتىش» قاتارلىق دورغا بەگنىڭ ئىجرا قى-لىشى زۆرۈر بولغان جازا بولسا «دورغا بەگ جازا ئىجرا قىلسۇن» دەيدۇ، ئاندىن جازا ئىجرا قىلىنىدۇ.

شۇنىمۇ كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، «سامسا يېقىش»، «سۈرەت تارتىش»، «جۇۋاز ھەيدەش» قاتارلىق مەشرەپ جازالىرى ھەم مەشرەپ-نىڭ قائىدە - ئىنتىزامىنى كاپالەتلەندۈرىدىغان «جازا» خاراكتېرىگە، ھەم مەشرەپ كەيپىياتىنى ئەۋجگە كۆتۈرىدىغان ئويۇن (تىياتىر) خاراكتېرىگە ئىگە. شۇڭا كىشىلەر مەشرەپ جازالىرىنى كۆڭۈل ئېچىش ئويۇنى دەپ قارايدۇ، جازالانغۇچىلارمۇ ئېغىر ئالمايدۇ. بەزىدە ھېچكىم مەشرەپ ئىنتىزامىغا خىلاپلىق قىلمىغان بولسىمۇ، كۆپچىلىكنىڭ تە-لەپ قىلىشى ئارقىسىدا، بۇنداق جازا ئويۇنلىرى ئوينىلىدۇ.

## 10. خوتەن مەشرەپلىرىدىكى ئالاھىدە چالغۇلار

ئېنىقكى، خەلق مەشرەپلىرى مۇزىكا قوراللىرىدىن ئايرىلالماي-دۇ، مۇزىكا قوراللىرىنىڭ قۇرۇلمىسى ئۆز نۆۋىتىدە ئاھاڭ ئالاھى-دىلىكى ۋە مۇزىكا شېۋىلىرىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان مۇھىم ئا-مىل ھېسابلىنىدۇ. خوتەننىڭ ھەرقايسى مەشرەپ رايونلىرىدا ئۇيغۇر خەلقىگە ئورتاق بولغان چالغۇلاردىن ئۆزگە يەنە بىرقىسىم ئالا-ھىدە چالغۇلار ساقلانغان. بۇلاردىن مۇھىملىرى تۆۋەندىكىچە:

1) قويچى راۋابى

قويچى راۋابى خوتەننىڭ تاغ مەشرىپى رايونىدا، يەنى تاغلىق، چار-ۋىچىلىق رايونلىرىدا كەڭ تارقالغان چەكمە چالغۇ بولۇپ، تاغ مەشرىپى ۋە راۋاب قوشاقلىرىنى ئورۇنلاشتا ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ.

2) بالىمان

بالىمان بىر خىل يەللىك چالغۇ ، خەلق ئىچىدە «پىپى» ، «قومۇش

زامانلار بولسىمۇ، ئۇلار بۇنىڭغا قوشۇمچە هالدا ئۇۋچىلىق ــ ئۇلار -نىڭ كۆڭۈل ئاۋۇندۇرىدىغان ئەرمىكى بولۇپلا قالماي، يەنە تۇرمۇش مەئىشىتىنى كاپالەتلەندۈرۈشنىڭ قوشۇمچە كاپالىتى بولغانلىقتىن، ئۇچار قۇش ۋە ياۋايى هايۋانلارنى ئوۋلاشنى ئىزچىل داۋام قىلغان ۋە ئۇنى «كەسىپ» دەپ تونۇغان. كىشىلەر «پاۋان» دەپ ئاتايدىغان ئوۋ -چىلار تاغ قاپتاللىرى ۋە جىلغا ـ سايلارغا «قوراللىق» چىقىپ كەت -سە، گاهى شۇ كۈنى كەچ، گاهى بىر قانچە كۈندىن كېيىن ئوۋ ئول -جىلىرىنى ئۇلاغقا يۈكلەپ كىرىدىغان ئادەت بار ئىدى.

*تاغدا جەرەن ئاتۇرمەن،*
*بىرنى بىرىگە چاتۇرمەن.*
*مۇساپىر دەپ خار كۆرمەڭ،*
*هەپتە ـ ئون كۈن ياتۇرمەن.*

تاغ ناخشىلىرىدا يەنە كىشىلەرنىڭ كىيىنىش، بولۇپمۇ ئۆزلىرىد -گە خاس كىيىم، بۇيۇملىرى هەققىدىكى ئاتالغۇلارمۇ ئۇچرايدۇ. لې -كىن ناخشىدا تەسۋىرلەنگىنى كىيىم مەسىلىسى ئەمەس، بەلكى بىر خىل ئىچكى تەلپۈنۈش، خاھىشچانلىقىدىن ئىبارەت. مەسىلەن:

*ئاتنىڭ ياخشىسى تورۇق،*
*قىزنىڭ ياخشىسى ئورۇق.*
*يىگىتلىك قىلاي دېسەم،*
*پۇتۇمدا يوغان چورۇق.*

تاغ ناخشىلىرىدا ئۇلار تۇرمۇشىنىڭ ئەنئەنىۋى ئادەتلىرىمۇ گەۋ -دىلىنىدۇ:

*ئاخشام باردىم غەم بىلەن،*
*تامدىن چۈشتۈم پەم بىلەن.*
*ئانىسى يامان خوتۇن،*
*ئوننى سالدى دەم بىلەن.*

مال باقىدىغان چارۋىچىلىق ئادىتىگە ۋە يايلاق كۆچۈپ تۇرمۇش كەچۈرۈش ئادىتىگە باب سەنئەت شەكلىدىن ئىبارەت.

تاغ ناخشىلىرى خوتەن خەلق ناخشا ـ مەشرەپلىرىنىڭ تەركىبىي قىسمى بولۇش ئېتىبارى بىلەن، ئېيتقۇچىنىڭ ئېسىگە كەلگەنلىكى قوشاقلار تىزمىسى بويىچە ئۇزۇن ـ قىسقا داۋاملىشىدۇ. يىگانە هالدا قويچى راۋابىغا تايىنىپ ناخشا ئېيتقۇچى، قورۇق تار (ئۈچ تار) ۋە راۋاپ قولىقىنىڭ يېنىدىن قولنى دېگىدەك يۆتكىمەي، ئاددىي پاۋۇز بىلەن قوشاقنى ئەگىشىپ تەڭكەش قىلىش شەكلىدە ئورۇنلاش بىر ئۆزگىچىلىك ھېسابلىنىدۇ. ھەر بىر ناخشا كۆپ ھاللاردا مەلۇم بىر تېمىنى چۆرىدەش ئىزچىللىقىغا ئىگە بولمىسىمۇ، ئەمما ھەر بىر كۇپلېتتىكى قويۇق شېئىرىي تۈس، لىرىك ھىسسىياتقا تويۇنغان مەنتىقىلىق ۋە كۆچلۈك پەلسەپۋى پىكىرلەر كىشىلەرگە بەلگىلىك ھايات ھەقىقەتلىرىنى، ئەخلاق مىزانلىرىنى، ۋاپادارلىقنى، چىن ئىنسانىي خىسلەتلەرگە ئىگە بولۇشنىڭ يوللىرىنى، ۋاپاسىزلىق، رەزىللىكلەردىن يىرگىنىش، ئومۇمەن مۇھەببەت ـ نەپرەتنىڭ ئەمەلىي ساۋاتلىرىنى ئۆگىتىپ كەلگەن.

1) تاغ ناخشىلىرىدا يۇرت سۆيۈش ـ ۋەتەنپەرۋەرلىك خاھىشى كۈچلۈك ئىپادىلەنگەن

ۋەتەنپەرۋەرلىك تېمىسى تاغ ناخشىلىرىدا كۆڭۈلگە يېقىشلىق ھېسسىيات ۋە سەمىمىي تەلەپپۇز بىلەن مۇنداق ئىزھار قىلىنغان:

*تاغدا زۇپا ئېچىلدى،*
*تېرىپ ئالىلى يارىم.*
*ياقا يۇرتقا يول ئالماڭ،*
*بىللە قالىلى يارىم.*

2) تاغ ناخشىلىرىدا تاغلىق رايون خەلقلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش ئادەتلىرى گەۋدىلەنگەن

تاغلىق رايون خەلقلىرى گەرچە دېھقانچىلىق بىلەن چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشنى گىرەلەشتۇرۇپ قوللىنىپ كېلىۋاتقىلى ئۇزۇن

**3) تاغ ناخشىلىرىدا سۆيگۈ ـ مۇھەببەت تېمىسى، بىر قەدەر كەڭ ھەم ئا-ساسىي سالماقنى ئىگىللەيدۇ**

تاغ ناخشىلىرى تەركىبىدىكى «گۈلسەيدىخان»، «گۈلنارا»، «گۈل-ئەمبەخان»، «زورىخان»، «سائادەتخان» ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش بىر تالاي ناخشىلار بۇ قاراشنى تەستىقلايدۇ.

*ئوچاق بېشى ئوياغلىغ،*
*موندەك*[1] *چۆگۈن قوياغلىغ.*
ھەددىڭىزدىن بەك ئاشماڭ،
بىزمۇ سىزگە توياغلىغ.

تېكىستنىڭ لۇغەت سوستاۋىدا «ئوياغلىغ»، «قوياغلىغ»، «تو-ياغلىغ» دېگەندەك يەرلىك دىئالېكت ئېلېمېنتلىرىنىڭ ئورۇن ئال-غانلىقى تاغلىق رايون خەلقىنىڭ تەلەپپۇز ئالاھىدىلىكىگە ئۇيغۇن.

تاغ ناخشىلىرىدا ئوبرازلىق ئىپادىلەش، مەجازى ۋاسىتىلەردىن مۇۋاپىق پايدىلىنىش، ئىخچام، يەڭگىل، پاساھەتلىك بولۇشتەك بە-دىئىي ئالاھىدىلىكلەر مۇكەممەل بولۇش بىلەن تەڭ، تۈزۈلۈش جە-ھەتتە ئۇيغۇر شېئىرىيىتىگە ئۇلگە بولىدىغان ۋە ئۇنىڭ ئاساسىنى قۇرۇپ بەرگەن بەزى ئالاھىدىلىكلەر بار.

*چېقىلدىكى كەكلىكنىڭ،*
*قانتىغا ئوق تەگدى.*
*يارنىڭ قىلغان سۆزلىرى،*
*يۈرىكىمگە دوق تەگدى.*

دېگەن تېكىستنىڭ، خۇددى شېئىرىيىتىمىزدىكى بەزى كىلاس-سىك شەكىللەرگە ئوخشاشلا رادىپلىق تۈزۈلگەنلىكىنى كۆرىمىز.

تاغ ناخشىلىرىدا يەنە دىيئالوگ شەكلىدە كەلگەن تېكىستلەرمۇ ئۇچرايدۇ، بۇنداق تېكىستلەر بەلگىلىك يوسۇندا دىراماتىك تۈس ئالغان بولۇپ، ئوتتۇرىغا قويۇلماقچى بولغان پىكىرنى روشەن ئى-

① موندەك ـــ كىچىك چاقىقان

بۇ تېكىستىنىڭ ئاخىرقى مىسراسىدا نامى ئاتالغان «دەم» ئەمەلدە يەتتە كېچە - تۈنلەردە ئوغرى - يالغاندىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئىشكنى ئىچىدىن تاقىۋېلىشقا ئىشلىتىلىدىغان بىلەكتەك تومۇلۇقتىكى ئۇزۇنراق كالتەكنى كۆرسىتىدۇ. گەرچە تۇرمۇش تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، ئىشىكلەرگە قۇلۇپ بېكىتىش شەكىللىنىپ بولسىمۇ، يەنىلا ئىشكنى ئىچىدىن دەملەش بىر قىسىم جايلاردا ھازىرمۇ داۋام قىلىپ كەلمەكتە.

تاغ ناخشىلىرىدا يەنە مېھماندوستلۇق ئەنئەنىسى تەركىبىدىكى چوڭ - چوڭ ئىشلاردىن تارتىپ، ئادەتتىكى كۆڭۈل ئىپادىلەشكىچە بولغان ئاددىي ئىشلارمۇ ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. ئالايلۇق، تاماكا چېكىش ئادەتتە ناچار قىلىق ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئەينى زامانغا كۆرە بىر خىل ئەنئەنىۋى ئادەت بولۇپ، تاغ مەشرەپ سورۇنلىرىدا يېقىنقى يىللارغىچە داۋاملىشىپ كەلگەن «چىلىم تۇتۇش» ئويۇنى دەل ئاشۇ خىل ئادەتنىڭ مەھسۇلى ئىدى، بۈگۈنكى كۈنلەردىكى «چاي قۇيۇش» ئارقىلىق ئۆزئارا ئاغرىنىشنى كۆڭۈلدىن چىقىرىۋېتىدىغان ئادەت، ئەينى دەۋردە چىلىم تۇتۇش شەكلىدە ئورۇندىلىناتتى. بۇ خىل ئەنئەنىۋى ئادەت شەكلى تاغ ناخشىلىرىدا مۇنداق ئەكس ئەتكەن:

*خېلى بولدى كەلگىلى،*
*بىر چىلىم تاماكا يوق.*
*بىر چىلىم تاماكا سالماق،*
*يارنىڭ كۆڭلىدە يوق.*

*بىر چىلىم تاماكىنى،*
*ئىككى چىلىم قىلسا بولار.*
*بىر چىلىم تاماكىدا،*
*ئالغان كۆڭۈل قانچە بولار؟*

تەگمەيدۇ. شۇڭا كۆز ۋە قىش پەسلى هاۋا سوغۇقراق، ئاتلار سېمىز بولـ ـغاچقا، بۇ مەزگىل ئوغلاق تارتىششىنىڭ ياخشى پەيتى هېسابلىنىدۇ.

ئوغلاق تارتىش باشلىنىشتىن بۇرۇنلا، ئوغلاقچى چەۋەندازلار يۇرت ـ جامائەت ئىچىدە ئىناۋىتى بار، هەق ـ ناهەقنى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىۋەتمەيدىغان بىر چەۋەندازنى ئۆزلىرىگە باش قىلىپ سايلايدۇ، پۈتۈن يىللىق ئوغلاق تارتىش پائالىيىتى شۇ كىشىنىڭ باشقۇرۇشىدا تەرتىپلىك ئېلىپ بېرىلىدۇ. بىرەر كېلىشمەسلىك يۈز بەرسە، ئاشۇ كىشى ئارقىلىق هەل قىلىنىدۇ، بەزىدە قەستەن جېدەل چىقارغان، باشقىلارنى بوزەك ئەتكەن، ئويۇننى بۇزغان كىشىلەر كۆپچىلىك تەرىپىدىن ئەيىبلىنىدۇ.

ئوغلاق تارتىش ئويۇنى باشلىنىدىغان كۈنى چەۋەندازلارنىڭ باشلىقى شۇ كۈنى ئوينىلىدىغان ئوغلاقنىڭ بېشىنى، تۆت پۇتىنى كېسىپ، ئىچ ـ قارنىنى ئېلىۋېتىپ، قورساقنىڭ يېرىلغان جايىنى يىپ بىلەن پىششىق تىكىپ مەيدانغا هازىر قىلىدۇ. چەۋەندازلار ۋە تاماشا كۆرگۈچىلەر سائەت ئونلاردا يىغىلىشقا باشلايدۇ. ئوغلاقچى چەۋەندازلار بىر ـ ئىككى سائەت ئاتلىرىنى يېتىلەپ قىزىتىپ ئوغلاق تارتىش مەيدانى بىلەن تونۇشۇپ چىقىدۇ. سائەت 11 ـ 12 لەردە ئوغلاق تارتىش باشلىنىپ، چۈشتىن كېيىنكى سائەت ئۈچ ـ تۆتلەرگىچە داۋام قىلىدۇ (20 ـ ئەسىرنىڭ 50 ـ يىللىرىدىن بۇرۇن تويدا ئوغلاق تارتىش بىر خىل ئادەتكە ئايلانغان). ئوغلاقنى تۆت ـ بەش سائەت ئويناپ، ئادەملەر چارچاپ، ئاتلار هارغاندىن كېيىن، ئوغلاقچى چەۋەندازلارنىڭ باشلىقى تاماشا كۆرگۈچىلەردىن تارقاپ كېتىش هەققىدە رۇخسەت سورايدۇ. تاماشا كۆرگۈچى خالايىق رازى بولغاندىن كېيىن، ئوغلاقچىلار باشلىقى: «ئوغلاقنى كىم ئېلىپ كەتسە رۇخسەت!» دەپ جاكارلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن مەيداندىكى ئوغلاقـ ـچىلار پۈتۈن ماهارەتلىرىنى ئىشقا سېلىپ ئېلىشىدۇ. بەزى چاغلاردا بۇنداق ئېلىشىش خېلى ئۇزۇن داۋام قىلىدۇ، ئەڭ ئاخىرىدا بىرەرى ئوغلاقنى ئېلىپ قاچىدۇ، باشقىلار ئۇنى ئۆيىگە بارغىچە قوغلايدۇ. پەقەت هويلىسى ئىچىگە كىرگىچە باشقىلارنى ئۆزىگە يېتىشتۈرمە-

پادىلەيدۇكى، ئېيتىشتا ھەرگىز چوۋالچاقلىق پەيدا قىلمايدۇ. مەسىلەن:

*ـــ سىلى نەدىن؟*
*ـــ نۇرىدىن②*
*تۇتۇنلەر چىقسۇن مورىدىن،*
*ئىككى يار تۇتقان جوۋاننىڭ،*
*پوتلا ئاقسۇن بورىدىن.*

ھەجۋىي تۈسى قويۇق بولغان بۇ تېكىستنى ئاھاڭغا قاچىلانغاندا، ئۇنىڭدىكى دىيئالوگ ئاھاڭ رىتىمى بىلەن پۇتۇنلەي جىپسىلىشىپ، مەنە چوڭقۇرلۇقىنى گەۋدىلەندۈرۈش رولىنى ئوينىغان.

## §4. خەلق تەنتەربىيەسى

### 1. ئاممىۋى ۋە ئويۇن خاراكتېرلىك خەلق تەنتەربىيەسى

1) ئوغلاق تارتىشىش

ئوغلاق تارتىشىش ـ كىشىلەردىن ئىنتايىن ماھىرلىق، چاققانلىقنى تەلەپ قىلىدىغان ھەمدە ھېچنېمىدىن قورقماي قارشى تەرەپنى يېڭىشكە ئىنتىلىدىغان بىر خىل چەۋەندازلىق ئويۇنى. ئوغلاق تارتىشىش ئويۇنىنىڭ تارىخىي ئۇزۇن ھەم كىشىلەر ياخشى كۆرۈپ ئوينايدىغان ئويۇنلارنىڭ بىرى. پۈتكۈل ئۇيغۇرلارغا ئوخشاشلا خوتەنلىكلەرمۇ ئىپتىدائىي چارۋىچىلىق ھاياتىدىن باشلاپلا، ئوغلاق تارتىشىشنى بىر خىل كۆڭۈل ئېچىش ئويۇنى سۈپىتىدە مەيدانغا كەلتۈرگەن. ئوغلاق تارتىشىشتا ئادەمدىن تاشقىرى، ئۆگىتىلگەن يۈگۈرۈك ئات بولۇشى، شۇنداقلا ئوغلاق چەۋەندازلىرى بولۇشى لازىم. ئوغلاق تارتىشىش پائالىيىتى كۆپ ھاللاردا كۈز ۋە قىش كۈنلىرى ئېلىپ بېرىلىدۇ. چۈنكى ئەتىياز ۋە ياز كۈنلىرى ھاۋا ئىسسىق، دېھقانچىلىقنىڭ ئالدىراش ۋاقتى بولغاچقا، كىشىلەرنىڭ چولىسى

② نۇرى ـــ جاي ئىسمى

لىرىدىن كېيىن، بۇ كىشى شىنجاڭنىڭ چېلىشىش سەھنىسىدە ئالاھىدە شۆھرەت قازىنىپ ئالتە ئالتۇن مېدال ئالغان. 20 نەچچە تۈرلۈك چېلىشىش ماھارىتىگە ئىگە بۇ پالۋان 70تىن ئارتۇق چېلىشىش ماھىرىنى يېتىشتۈرگەن.

ئويۇن خاراكتېرلىك بۇ ئاممۋى پائالىيەت مەزگىلىدە بۇ ئويۇن ئۆز ئىچىدىكى پالۋانلار ۋە يىراق ـ يېقىندىكى پالۋانلار ئارا ئېلىپ بېرىلىدۇ، يۇرت ئەھلى بىر يەرگە جەم بولۇپ چەمبەر شەكلىدە مەيدان ھاسىل قىلىدۇ. چېلىشىش ئۈچۈن كەلگەن پالۋانلار ياش قۇرامى، ئېغىرلىقى بويىچە ئۆزلىرى خالاپ ياكى كېلىشتۈرۈش ئۇسۇلى بويىچە مەيدانغا چۈشۈپ چېلىشىدۇ، ئۇتقانلار تاللىنىپ قايتا چېلىشىدۇ، يەنە ئۇتقانلار يەنە قايتا چېلىشىدۇ. ئاخىرىدا پالۋانلار رەتكە تۇرغۇزۇلۇپ مۇكاپات بېرىلىدۇ. گەرچە چېلىشىشتا ھازىرقى زامان چېلىشىش تەنھەرىكىتىدەك گورۇپپىلاش، ئېغىرلىق ئۆلچەش باسقۇچلىرى ئورۇنلانمىسىمۇ تەبىئىي ھالدا تەييارلىق مۇسابىقە، يېرىم ھەل قىلغۇچ مۇسابىقە، ھەل قىلغۇچ مۇسابىقە شەكلى ئارقىلىق مۇسابىقە نەتىجىسى چىقىرىلىدۇ.

مۇسابىقە مەيدانى قۇملۇق ياكى تۈز تۇپىلاق يەر بولىدۇ. چېلىشقۇچىلارغا مەخسۇس كىيىم كەتمەيدۇ، پەقەت كەڭ ـ كەڭرى، ئاستى ـ ئۈستى كىيىم كىيىدۇ. يالاڭ ئاياغ، بېلىگە پوتا (ئىككى خىل رەڭدە) باغلاپ چېلىشىدۇ. مۇسابىقە جەريانىدا باش رېپېرى، نومۇر خاتىرىلىگۈچى، ياردەمچى رېپېرىلار بولۇپ چېلىشقۇچىلار مەيدانغا ناھايىتى ھەيۋەتلىك كىرىدۇ. رېپېرىنىڭ قول ئىشارىتى بىلەن ئىككى چېلىشچى چەمبەر شەكلىدە بىردەم ئايلىنىپ، رېپېرىنىڭ «باشلا» دېگەن بۇيرۇقى بىلەن مۇسابىقە باشلىنىدۇ، ئىككى تەنھەرىكەتچى پوتىدىن چىڭ تۇتۇشىدۇ (پوتا باغلىمىسا بەلدىن تۇتىدۇ).

مۇسابىقىلەشكەندە يۇمشاق ئاياغ ياكى يالاڭ ئاياغ بولۇشى، پۇتنىغا قاتتىق ئاياغ كىيمەسلىكى؛ يانچۇقلىرىغا پىچاق، ئاچقۇچ ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش قاتتىق نەرسىلەرنى سالماسلىقى؛ بەدەننى قول بىلەن قىسماسلىقى، پاچاقنى قول بىلەن تۇتماسلىقى؛ كىيىم ـ كېچەكنى

گەن كىشىلا ئوغلاق گۆشىنى يېيەلەيدۇ. ئەگەردە ئېلىپ قاچىدىغان ئادەم چىقمىسا، بىر قانچە چەۋەنداز بىرلىشىپ، ئوغلاقنى بىرەر ئائىلىگە تاشلايدۇ. ئوغلاقنى قوبۇل قىلىدىغان ئائىلە ئوغلاقچى چەۋەندازلارنىڭ ئۆزىگە قىلغان بۇ ھۆرمىتى ئۈچۈن كېچىسى مەشرەپ ئۆتكۈزۈپ، چەۋەندازلارنى كۈتۈۋالىدۇ ۋە كېيىنكى نۆۋەتكە بىر تۇياق ئوغلاق تەييارلاپ قويىدۇ. ئوغلاق تارتىشىدىغان كۈنلەردە بەيگە مەيدانىغا يەل ـ يېمىش ساتىدىغان باققاللار، ھەر خىل تاماق ۋە سامسا، گۆشگىردە ساتىدىغان ئاشپەز، ناۋايلار، تونۇر كاۋاپچىلىرى يىغىلىپ سودا قىلىپ، سورۇننى تېخىمۇ قىزىتىدۇ.

(ئابدۇللا سۇلايمان)

2) چېلىشىش

بۇ نورۇز، مەشرەپ ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش تۇرلۇك ئاممىۋى يىغىلىشلاردا ئۆتكۈزۈلىدىغان، خوتەن رايونىدا كەڭ ئومۇملاشقان، جەڭگىۋارلىق، كۈچتۈڭگۈرلىك ۋە پاراسەتنى سىنايدىغان قەدىمكى تەنتەربىيە تۈرلىرىنىڭ بىرى. بۇ ھەقتە يازما خاتىرىلەر ۋە چەت ئەللىك ئارخېئولوگلارنىڭ تەسىرلىك بايانلىرى بار. يېقىنقى زامان تارىخىدىن قارىغاندىمۇ خوتەن رايونىدا ھەر قايسى بوستانلىقلار ئارا چېلىشىش داۋاملىق ئېلىپ بېرىلغان. باللار ئۆسمۈرلۈك مەزگىللىرىدىلا چېلىشىشقا ئۆگىنىلگەن. ياشلار چېلىشىش مەيدانلىرىدا ئۆزلىرىنىڭ كۈچ ـ جاسارىتىنى نامايان قىلغان. 20 ـ ئەسىرنىڭ 40 ـ يىللىرىدىن باشلاپ خوتەندە چېلىشىش باشقۇرغۇچى دائىرىلەرنىڭ دالالەت قىلىشى ۋە يۇرت ئاقساقاللىرىنىڭ ئويۇشتۇرۇشى بىلەن ئۆتكۈزۈلۈپ، ناھىيە، ئايماقلارنى بىرلىك قىلىپ تاللاش ئېلىپ بېرىلغان. مەسىلەن: تۇرسۇن ئاخۇن تۆش (1927 ـ 2006) باشچىلىقىدىكى بىر قانچە پالۋانلار ھەر يىلقى «ئىمامى ئاسىم سەيلىسى»، «سەھۋالىم سەيلىسى»، «لىچىنئاتام تاۋاپ يىغىلىشى»، «بۇغراقۇم سەيلىسى» مەزگىللىرىدە بىر قانچە ئونمىڭ كىشىلىك سورۇنلاردا چېلىشىپ، بىر مەزگىل «چېلىشىش قىزغىنلىقى»نى ئەۋجىگە كۆتۈرگەن. 20 ـ ئەسىرنىڭ 50 ـ يىل-

جىگدە قاتارلىقلارنىڭ نوتىسىدىن ياسالغان يا، چىمچىلاق بارماق چوڭلۇقىدىكى تۆپتۈز قومۇش ياكى ياغاچتىن ياسالغان، ئۇچىغا مىخ مولانغان «ئوق » بولىدۇ.

ئېتىش ئۇسۇلى: روچاقنى قولىغا ئېلىپ بىر قولىدا «يا» نى تۇ - تىدۇ. يەنە بىر قولىدا ئوق بىلەن زەينى بىرلەشتۈرۈپ تۇتىدۇ. بۇ چاغدا «يا» نى تۇتقان قول مۇرە ئېگىزلىكىدە كۆتۈرۈلۈپ، جەينەك بوغۇمىدىن ئېگىلىپ «زەي» تارتىلىدۇ، «يا» ئېگىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا تەبىئىيلا «يا» تۇتقان قول «زەي» ھەم «ئوق» نى تۇتقان قول بىر تۈز سىزىق ئۈستىگە كېلىدۇ - دە، پۈتۈن دىققەت مەركەز - لىشىپ، «قارا» (نىشان) تېزلىك بىلەن سوقۇلىدۇ.

بۇ ئويۇندا بەدەن قىياپىتىنىڭ رۇس بولۇشى، پۇت، بەل، قول كۈچلۈك بولۇشى، كۆزى روشەن بولۇشى، نەپەسنى كونترول قىلىش يۇقىرى بولۇشى، مۇھىمى چەنلەش ئىقتىدارى يۇقىرى بولۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ.

4) ئىت تالاشتۇرۇش

ئەرلەر بىلەن ئىت ئۆزئارا ھەمكارلىشىدىغان، ئىت مەيدانغا چىقىپ ئېلىشىدىغان ئاممىۋى كۆڭۈل ئېچىش خاراكتېرىدىكى تەنتەر - بىيە تۈرلىرىنىڭ بىرى.

ئىت تالاشتۇرۇش — قىش پەسلىدە ئېلىپ بېرىلىدۇ. داڭلىق ئىتلار ھەممە يەردىن چىقمۇەرمەيدۇ، مىڭ ئىتنىڭ، يۈز ئىتنىڭ ئا - رىسىدىن بىرى چىقىدۇ. تالاشتۇرىدىغان ئىتلار تاپ، سۆڭەككە ئوخشاش چىرىندى نەرسىلەرنى يېمەيدۇ. ئىت ئىگىسى بۇنداق ئىتقا ئۈزۈم، ياڭاق، تۇخۇم سېرىقى، زاراڭزا، لەڭمەن، گۆش قاتارلىق يۇ - قىرى ئاقسىللىق يېمەكلىكلەرنى بېرىپ باقىدۇ. تالا - تۈزگە كۆپ ئاچىقمايدۇ. ئىتنىڭ زېرىككىنى تۈزۈش ئۈچۈن، ئاخشاملىرى ئادەم - لەر ئاز ماڭىدىغان يەرلەردە يېتىلەيدۇ. قانجۇقلارغا يېقىن يولاتمايدۇ. بۇنداق ئىتلارنىڭ باھاسى ئۆتمۈشتە «بىر چارەك كېپەك ئالتۇن» ياكى «مىڭ تەڭگە» گە، ئاز بولغاندىمۇ بەش ئات ياكى مىڭ چارەك بۇغدايغا توختىغان. بۈگۈنكى كۈندىمۇ ئىتبازلار 30مىڭ، 40 مىڭ

تۇتۇپ تارتماسلىقى؛ قارشى تەرەپنىڭ كۆكسىنى، كانىيىنى، بوغدىيەك قاتارلىق ئەزالىرىنى تىرەپ تۇرۇۋالماسلىقى؛ قارشى تەرەپنى تىزلىماسلىقى، يىقىلغاندىن كېيىن نىقتىماسلىقى؛ مۇسابىقىلىشىدىغان ئىككى تەرەپ مۇسابىقىلىشىش داۋامىدا بىر ـ بىرىنى تىللىماسلىقى، رېپىرى ۋە باشقا مۇلازىملارغا يانماسلىقى، ئۇلارغا ئوڭۇشسىزلىق توغدۇرماسلىقى شەرت قىلىنىدۇ.

نومۇر بېرىشتە، مەيلى قانداق شەكىلدە سالسۇن قارشى تەرەپ بەدىنىنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمى، تاغىقى، بىرلا ۋاقىتتا يەرگە تېگىشى لازىم. دەل شۇنداق بولغاندا بىر ئۇتۇق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

چېلىشىش شەكىللىرى ـ بەل ياكى پوتا چىڭ تۇتۇلغاندىن كېيىن: (1) يانپاشقا ئېلىپ سېلىش ـــ ئوڭ ياكى سول يانپاش ئارقىلىق قارشى تەرەپنى يەرگە يىقىتىش، (2) قارشى تەرەپنىڭ پاچىقىنىڭ سىرتقى ئوڭ ياكى سول پۇتىغا تاش چىنىماق قويۇپ يەرگە يىقىتىش، (3) قارشى تەرەپنىڭ ئىچىدىن چىقىپ، ئىچ چىمماق ئۇرۇپ يەرگە يىقىتىش، (4) «زېمىن ئاتتى» ھەرىكىتى چېلىشىشتىكى ئەڭ قىيىن ھەرىكەت تېخنىكىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇنىڭدا قارشى تەرەپنى ئۇرۇپ كۆتۈرۈش داۋامىدا پەقەت بىر قېتىملىق يەرگە تېگىشىش ئۆلچەم قىلىنىدۇ. ھەرىكەت تېز، بىر تۇتاش تاماملىنىدۇ، «زېمىن ئېتىش» ھەرىكىتىنى 10 چېلىشچىنىڭ بىرى قىلالايدىغان، پۈتۈن مۇسابىقە داۋامىدا بىر قېتىم ياكى بىر نەچچە قېتىم كۆرۈلىدىغان ئالاھىدە ھەرىكەت. شۇڭا ئۇنى ئادەتتە «پالۋاننىڭ ھەرىكىتى» دەپ ئاتايمىز.

3) ياچاق (ئوقيا) ئويۇنى

تارىخى نىسبەتەن ئۇزۇن بولغان، ئەر ـ ئاياللار ئورتاق ئوينايدىغان (ئاساسلىقى ئەرلەر كۆپرەك ئوينايدۇ)، ئوۋ ئوۋلاش پائالىيەتلىرى بىلەن زىچ باغلانغان تۈرلەرنىڭ بىرى. ياش ـ ئۆسمۈرلەردىن باشلاپ قېرىلارغىچە قىزىقىپ ئوينايدۇ.

سايمان: زەي ئارقىلىق ياي شەكلىدە ئېگىلگەن كەكە دەستىسى تومىلۇقىدىكى (ياكى ئۇنىڭدىن كىچىك) ئۆرۈك، سۆگەت، ئۈجمە،

كېلىپ تۇتۇشۇپ كېتىدۇ. ئۇچلۇق مەگەنلىرىنى بىر ـ بىرىنىڭ بوينىـ
غا ، پاچاقلىرىغا پاتۇرۇپ گوۋۇشلەيدۇ. ھەتتا بوكىس تەنھەرىكەتچىلىرىـ
دەك ئېرنەككە چىقىشىپ، بىر ـ بىرىنى تالايدۇ. چېلىشچىلاردەك بىر
بىرىنى يەرگە يىقىتىدۇ. شەرت مەيلى ئېرنەككە چىقسۇن ياكى بىر ـ
بىرىنىڭ كېكىردىكىدىن بوغۇشمىسۇن، غىڭشىماسلىقى، قاۋاپ سالماسـ
لىقى، چىشىنى كۆرسىتىپ كاسكىلىقىنى چىقارماسلىقى، قۇيرۇقىنى
پەسلەتمەسلىكى كېرەك (بەزى داڭلىق ئىتلار ئۆزىدىن كۈچلۈك رەقىبـ
لەرگە دۇچ كېلىپ، كېكىردەكتىن بوغۇۋالسىمۇ، سائەتلەپ غىڭ قىلـ
مايدۇ. پۇرسەت تېپىپ رەقىبىنى تالايدۇ). بەزى ئىتلار ئۇسكەك كېلىـ
دۇ. بەزىلىرى پەررەكچى كېلىدۇ. يەنە بەزىلىرى پاچاقچى كېلىدۇ. مەيلى
قايسى «پەم»گە ۋەكىللىك قىلمىسۇن، قايسى ئىت يۇقىرىقى ھەرىكەتلەر ـ
نىڭ بىرسىنى ئىپادىلەپ قويسا، غىڭشىپ سالسا، قۇيرۇقىنى چاترىقىغا
تىقىۋالسا، ياكى قاۋاپ ـ چىرقىراپ سالسا شۇ ئىت يېڭىلگەن بولىدۇ.

ئىتلار تالىشىۋاتقاندا ئەگەر مەلۇم ئىت قارشى تەرەپنىڭ ئىتىنى
قاتتىق تالاپەتكە ئۇچراتسا، سورۇن بېشى ياكى شۇ مەيدان ئىت
تالاشتۇرۇشقا رىياسەتچىلىك قىلغۇچى رېپىرى، تالاپەتكە ئۇچرىغان
ئىت ئىگىسىدىن ئىت تالاشتۇرۇشنى داۋاملاشتۇرۇش ياكى توختىـ
تىش ھەققىدە مەسلىھەت سورايدۇ. ئىت ئىگىسى داۋاملاشتۇرۇشنى
خالىسا داۋاملاشتۇرىدۇ، خالىمىسا دەرھال توختىتىپ «ئۇتتۇردى»
دەپ جاكارلايدۇ، كېيىنكى ئوتتۇرا ۋە ئاخىرقى مەيدان ئىت تالاشتۇـ
رۇشلارمۇشۇ شەكىلدە ئېلىپ بېرىلىدۇ.

ئىت تالاشتۇرۇش ئويۇنىدا ئىتلار بىر ـ بىرىنىڭ پۇت ـ قۇلاق، ئېـ
غىز ـ بويۇن قاتارلىق ئەزالىرىنى چىشلەپ ـ چايناپ غۇنجە ـ غۇنجە قېلىـ
ۋېتىدىغان، ھەتتا ئۆزۈپ تاشلايدىغان خەتەرلىك ئەھۋاللار دائىم كۆرۈلۈپ
تۇرىدۇ. ئايرىم ئەھۋاللاردا ئىتلار مۇسابىقە مەيدانىدا ياكى شۇ قېتىمقى تا ـ
لىشىش زەربىسىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي ئۆلۈپ كېتىپ ئىگىسىنى ھەسرەتتە
قويىدىغان ئەھۋاللار بولىدۇ. ئىت تالاشتۇرۇش مەيدانىدىكى ئەڭ ئۇنتۇلماس
بىر «كۈن»، تالانغان ئىتنىڭ ئۇزۇنغا سوزۇلغان «چىرقىرىشى» دۇر.

يۇمىلىك داڭلىق ئىتلارنى سېتىۋېلىپ باقىدۇ.

ئىت تالاشتۇرۇش جەريانى ئىنتايىن كەسكىن بولۇپ، ئىتۋازلارنىڭ بېشى ئىت تالاشتۇرۇش سورۇنىنى باشتىن ـ ئاخىر بىر قوللۇق باشقۇرىدۇ. ئىت تالاشتۇرۇشتا ئاساسەن كېلىشتۇرۇش ئۇسۇلى قوللىنىلىدۇ. يەنى ئىت ئىگىلىرى بىر يەرگە يىغىلىپ قايسى ئىتنى قايسى ئىتقا تالاشتۇرۇش ئۈستىدە مەسلىھەتلىشىدۇ. بۇنىڭدا ئايرىم ئىتبازلار ئۆز ئارا كېلىشىپ، «بىز ئىككىمىز ئىتىمىزنى تالاشتۇرىمىز» دەپ ئۆزلىرى تەشەببۇسكارلىق بىلەن مەلۇم قىلىدۇ. مەلۇم قىلىنماي قالغان ئىتلارنى سورۇن بېشى مەھەللە، يۇرتلار بويىچە ئايرىپ، كېلىشتۇرۇپ، گورۇپپىلارغا بۆلۈپ مۇسابىقىنى داۋاملاشتۇرىدۇ. مۇسابىقە تەبىئىيلا تەييارلىق مۇسابىقە، يېرىم ھەل قىلغۇچ مۇسابىقە، ھەل قىلغۇچ مۇسابىقە تۈسىنى ئېلىپ ئوق تاللىنىپ چىقىرىلىدۇ ھەمدە ئىتلارنىڭ دەرىجىسى ئايرىلىدۇ. نەتىجە چىقىرىشتا ئىتلارنىڭ ھەر قايسىسى، مەيداندىكى قارشى تەرەپنى «تالاپ شالىلىۋەتكەن» قېتىم سانى ئاساس قىلىنىدۇ، قايسى ئىتنىڭ قايسى ئىتنى تالاپ شالىلىۋەتكىنى ئاساسلىقى ئۇلارنىڭ ئۆز ئارا تالىشىش داۋامىدا «ھۇجۇم ئەھۋالى» يەنى ھۇجۇم قېتىم سانىنىڭ ئاز ـ كۆپلۈكى، يارىلىنىش ئەھۋالى، مەيداندىكى «ھۇجۇم» نىڭ زەربىسىگە چىدىماي «قۇيرۇق قىسىپ قېچىش» ئەھۋالىغا قاراپ ئايرىلىدۇ. ئىت ئىگىسى سىرتتا ئايلىنىپ يۈرۈپ بىر مەيدان پسىخولوگىيە جېڭى ئېلىپ بارىدۇ. ئىتى غەلىبە قىلسا ئىپتىخارلىنىدۇ، ئىتى يېڭىلىپ قالسا قاتتىق بىئارام بولىدۇ. ئىتلارنىڭ باھاسى شۇ قېتىمقى مۇسابىقە ئارقىلىق مەيداندىكى نەتىجىسىگە قاراپ تۆۋەنلەيدۇ ياكى يۇقىرى ئۆرلەيدۇ.

ئىت تالاشتۇرۇش ئۈچۈن مەلۇم كەڭلىكتىكى تۈزلەڭ يەردە مەيدان ھاسىل قىلىنىدۇ، تاماشىبىنلار كۆرۈش سەھنىسىدە، كۆرۈش سەھنىسى بولمىسا چەمبەر شەكلىدە تەبىئىي مەيدان ياساپ ئىت تالاشتۇرۇش ئويۇنى كۆرىدۇ، سورۇن باشلىنىشى بىلەن تەڭ تالاشتۇرۇلىدىغان ئىككى ئىت مەيدانغا ئېلىپ كىرىلىدۇ. 15~10 مېتىر ئارىلىق قويۇپ ئىتلارنى (باغلانچىسىنى ئېلىۋېتىپ) قويۇپ بېرىدۇ. ئىتلار ئوقتەك ئېتىلىپ

قىلىپ تەييارلىق، يېرىم ھەل قىلغۇچ مۇسابىقە، ھەل قىلغۇچ مۇسابىقە شەكلى بويىچە مۇسابىقىلەشتۈرىدۇ. ئەڭ ئاخىرىدا «ئوق» تاللىنىپ مۇكاپات بېرىلىدۇ، قوچقار سوقۇشتۇرۇشتا قوچقار ئىگىلىرى ئاۋۋال قوچقارنى باشتاق قىلىپ مەيدانغا ئېلىپ كىرىدۇ، ھەممە قارىمۇ قارشى تۇرۇپ تەييارلىق ھەرىكىتىنى ئىشلەيدۇ. سورۇن رېھبىرىنىڭ بۇيرۇق قىلىشى بىلەن ھەر ئىككى تەرەپ قوچقارلىرىنى قويۇپ بېرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن قوچقارلار ئۇسۇشۇپ كېتىدۇ. ئەگەر، توختاپ قالسا ياكى بىرسى قېچىپ ئاجراپ كەتسە، ھەر ئىككى قوچقارنى تۇتۇۋېلىپ يەنە قايتا باشلايدۇ. قوچقارلار سوقۇشۇپ كەسكىن ئېلىشىۋاتقاندا، تاماشىبىنلار چاۋاك ياكى شاۋقۇن - سۈرەن سېلىپ مەدەت بېرىدۇ. قوچقار ئىگىلىرى ئۆز قوچقارلىرىنى قىزىقتۇرۇش مەقسىتىدە توپا چاچىدىغان ياردەمچى ھەرىكەتلەرنى قىلىدۇ. قوچقارلارنىڭ نەتىجىسى ئىككى قوچقارنىڭ بىرى يېقىلغان ياكى مەيداندىن قېچىپ كەتكەندىن كېيىن ئايرىلىدۇ.

قوچقار سوقۇشتۇرۇش جەريانى خۇددى ئىت تالاشتۇرۇش جەرياىنغا ئوخشاش كەسكىن بولىدۇ. قوچقارلار بىر - ئىككى مېتىر، ئۈچ - تۆت مېتىر، بەش - ئالتە مېتىر كەينىگە يېنىپ سوقۇشى بىلەن «جاڭ - جاڭ» قىلغان ئاۋاز خېلى يىراقلارغا ئاڭلىنىدۇ، قوچقارلارنىڭ سوقۇشۇش داۋامىدا بېشى يېرىلىپ كېتىدىغان، بوينى قاتلىشىپ كېتىدىغان، چىقىپ كېتىدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلىدۇ.

قوچقار سوقۇشتۇرۇش داۋامىدا كىشىلەرگە خەتەرلىك كۆرۈنىدىغان مەنزىرە، قوچقارلارنىڭ سوقۇشۇپ تۇرۇپ يىقىلىپ كېتىشى، سوقۇشۇشتىن كېلىپ چىققان «جاڭ - جاڭ» ئاۋاز بولىدۇ.

7) لەپپەك ئويۇنى

قىز - ئوغۇللار ھېيت - بايرام، نورۇز، مەشرەپ، شۇنىڭغا ئوخشاش تۈرلۈك ئاممىۋى يىغىلىشلاردا قىزىقىپ ئوينايدىغان ئەنئەنىۋى تەنتەربىيە تۈرى.

لەپپەك ئويناش تولىمۇ كۆڭۈللۈك چېنىقىش پائالىيەتلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، مەيدان: ئاۋات بازار رەستىلىرى، ئادەم كۆپرەك يىغىلىپ تاماشا قىلالايدىغان موۋاپىق تەكشى يەر بولىدۇ. سايمان: ئايلان-

5) خوراز چوقۇشتۇرۇش

خوراز بىلەن ئادەم ھەمكارلىشىپ، ھەر خىل ئاممىۋى يىغىلىشلاردا بولۇپمۇ مەشرەپ، نورۇز پائالىيەتلىرىدە كۆڭۈل ئېچىش ئويۇنى قاتارىدا ئۆتكۈزۈلىدىغان، كۆپ كۈچ ھەم مەبلەغ كەتمەيدىغان، ئالاھىدە سايمان تەلەپ قىلمايدىغان ئەنئەنىۋى تۈرلەرنىڭ بىرىدۇر.

خوراز چوقۇشتۇرۇشتا سورۇنغا يىغىلغان خوراز خۇمار كىشىلەر ئۆزىنىڭ ئەتىۋارلاپ باققان خورازلىرىنى ئېلىپ كېلىدۇ. سورۇن بېشى كەلگەن خورازلارنى كۆرۈپ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن ئۆز ـ ئارا كېلىشتۈرۈپ ياكى ئۆزئارا كېلىشكەنلەرنىڭ خورازلىرىنى نۆۋەت بىلەن سوقۇشتۇرىدۇ.

مۇسابىقە جەريانى تەييارلىق، يېرىم ھەل قىلغۇچ، ھەل قىلغۇچ مۇسابىقە شەكلىدە بولىدۇ. خورازلارنىڭ ئۆزئارا چوقۇشۇپ تاللىنىش ۋە شاللىنىش ئەھۋالىغا قاراپ دەرىجە تۈرغۇزۇلۇپ نەتىجە چىقىرىلىدۇ. خوراز چوقۇشتۇرۇشتا خەتەرلىك ئەھۋاللار كۆرۈلمەيدۇ. لېكىن، چوقۇشتۇرۇش داۋامىدا خورازلارنىڭ تاجىسى، بويۇنلىرى ۋە باشقا ئەزالىرى قاناپ كېتىدىغان ھەتتا خوراز ھالسىراپ يېتىپ قالىدىغان ئەھۋاللار ئۇچراپ تۇرىدۇ.

خوارز چوقۇشتۇرۇش داۋامىدا كىشىلەرنى ئەڭ خۇشال قىلىدىغان بىر ئىش خورازلارنىڭ قاناتلىنىپ سەكرەشلىرى، ئۇچۇشلىرى، چوقۇش زەربىسىدىن ئۆۋۈلىنىپ چىللاشلىرى بولىدۇ، يېڭىلگەن خوراز ئىگىلىرى ھەم ئۇلارنىڭ ھەمراھلىرى بەك غېرىبسىنىدۇ.

6) قوچقار ئۈسۈشتۈرۈش ئويۇنى

دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ بولۇپمۇ ئۇلار ئىچىدىكى قويۋازلارنىڭ ئۆز قوچقارلىرىنى كۆرگەزمە قىلىدىغان پائالىيىتى. بۇ ئويۇنمۇ ئادەم بىلەن قوي ھەمكارلىشىپ مۇسابىقىلىشىدىغان قىزىقارلىق تۈرلەرنىڭ بىرى.

ھەر خىل ئاممىۋى يىغىلىشلاردا قويۋازلار تاللىغان قوچقارلىرىغا قىزىل رەختتىن گۈل تاقاپ، مەزمۇت ئارغامچا بىلەن باغلاپ، ھەتتا نوختا سېلىپ ئېلىپ كېلىدۇ. سورۇن بېشى ئەھۋالغا قاراپ قوچقارلارنى گۇرۇپپىلارغا بۆلۈپ كېلىشتۈرۈپ ياكى ئۆزئارا كېلىشكەنلىرىنى ئاساس

چاق، يانپاش، بەل، بىلەك قاتارلىقلار ئۆز ئارا ئىنتايىن ماس ھالدا ھەرىكەت قىلىشى لازىم. يۇقىرى بەدەن بىلەن تۆۋەن بەدەننىڭ مۇناسىۋىتى كۆرۈنەرلىك بولۇپ، بىردەم يۇقىرى بەدەن ئارقىلىق تارتىش، بىردەم تۆۋەن بەدەن ئارقىلىق ئىتتىرىش (تېپىش) بىلەن لەپپەك ئويۇنىدىكى ئەڭ ئېگىز ئۇچۇش نۇقتىسى نەتىجىسى بارلىققا كېلىدۇ. لەپپەك يۇقىرى ئۆرلىگەنسېرى ئۇچقۇچىلاردا جىددىيلىشىش، سارغىيىش، چىرايىدا ھەر خىل ئۆزگىرىشلەر بولۇش، لەپپەكتە ئولتۇرۇۋېلىش، ھەتتا لەپپەكتىن چۈشۈپ كېتىش ئەھۋاللىرى كۆرۈلىدۇ.

لەپپەك ئويۇنىغا قاتناشقۇچىلارنىڭ بەل، پۇت، قول مۇسكۇللىرىنى چېنىقىدۇ. تاماشىبىنلارنىڭ بولسا كۆڭۈل ئېچىش سورۇنى ھېسابلىنىدۇ.

8) چاقپىلەك ئويۇنى

بۇ ئويۇننى ئويناشقا ئادەم كۆپ يىغىلىدىغان، ئاۋات بازار رەستىسىدىن بىر تەكشى ئورۇن بولسا بولىدۇ. چاقپەلەككە ئايلانمىسى 100~90 سانتىمېتىر كېلىدىغان، ئۇزۇنلۇقى سەككىز - توققۇز مېتىر كېلىدىغان ياكى شۇنىڭغا مۇناسىپ (ئايلانمىسى ۋە ئۇزۇنلۇقى) بولغان بىر تۈۋرۈك، بىر هارۋا چاقى، ياغاچ ياكى تۆمۈردىن شۇ شەكىلدە ياسالغان (هارۋا چاقىدەك) سايمان، ئۇزۇنلۇقى ئون مېتىر كېلىدىغان، كەكە دەستىسى توملۇقتىكى پىششىق تاللانغان ئىككى جۈپ يىپ ياكى چىگە ئارغامچا، ئادەم يوتىسىدەك توملۇقتىكى ئايلاندۇرغۇچ بالداق بولسا بولىدۇ. ئىككى ئارغامچا بىلەن بالداق ئىككى ئۇچىدىن چاققا باغلىنىدۇ. ئىككى ئادەم بالداقنى بىر يۆنىلىشتە ئايلاندۇرىدۇ. ئايلاندۇرۇش سۈرئىتىنىڭ ئېشىشىغا ئەگىشىپ، ئارغامچا مەركەزدىن قېچىپ، ئادەملەرنىڭ ئايلىنىشىدىن بوشلۇقتا بىر چەمبەر ھاسىل بولىدۇ. چەمبەر رادىئۇسى چوڭايغانسىرى تەنھەرىكەتچىلەر يەر يۈزىدىن شۇنچە يىراقلىشىدۇ. ئويۇن بەش - ئون مىنۇتلارغىچە داۋاملىشىدۇ. مۇشۇ جەريانىدا ئايرىم تەنھەرىكەتچىلەر

مىسى 90~80 سانتىمېتىر ياكى ئۇنىڭدىن چوڭ بولغان، ئۇزۇنلۇ-
قى بەش ـ ئالتە مېتىر كېلىدىغان ئىككى تۈۋرۈك؛ ئايلانمىسى ئال-
تە ـ يەتتە سانتىمېتىر كېلىدىغان ياكى ئۇنىڭدىن چوڭ بولغان،
ئۇزۇنلۇقى ئۈچ ـ تۆت مېتىر كېلىدىغان پىششىق توز ياغاچتىن
ياسالغان بالداق؛ كەكە دەستىسى تومۇقىدىكى، توققۇز ـ ئون مې-
تىر ئۇزۇنلۇقتىكى پىششىق تاللانغان ئىككى تال يىپ ياكى چىگە
ئارغامچا؛ 80 ـ 100 سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى تەكشى سىلىقلانغان
مەزمۇت تاختا بولىدۇ.

لەپپەك ياساش ئۇسۇلى: تەييارلانغان ئىككى تۈۋرۈك بىر ـ بى-
رىگە پاراللېل قىلىنىپ، يەرگە كۆمۈلىدۇ. ئارىلىقى بالداقنىڭ ئۇ-
زۇنلۇقىدىن قىسقا بولىدۇ. كۆمۈلگەن تۈۋرۈك چۆرىسىگە قۇرۇق
قۇم قۇيۇلۇپ چىڭىتىلىدۇ. ئۇندىن كېيىن بالداقنى يەر يۈزى بىلەن
پاراللېل قىلىپ ئالتە مېتىردىن يۇقىرى (ئەھۋالغا قاراپ ئېگىز ـ
پەس قىلىشقا بولىدۇ) ئېگىزلىك بويىچە تۈۋرۈككە مۇستەھكەم باغ-
لىنىدۇ. ئۇندىن كېيىن تەييارلانغان ئارغامچا بالداققا ھالقىلىنىپ
باغلىنىپ تۆت دانە ئۈچ چىقىرىلىدۇ. بۇ ئۇچلار جۈپلىنىپ تاختاي-
نىڭ ئىككى بېشىغا سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ كەتمىگۈدەك قىلىپ مەز-
مۇت باغلىنىدۇ، تاختاي بىلەن تۈۋرۈك، تاختاي بىلەن بالداق، بوش-
لۇق ۋە يەر يۈزىدە «+» شەكلىنى ھاسىل قىلىدۇ. تاختاي بىلەن يەر
يۈزىنىڭ ئېگىزلىكى 50 ~60 سانتىمېتىر بولىدۇ.

لەپپەك ئويناش شەكىللىرى: يالغۇز كىشىلىك، قوش كىشىلىك،
ئۈچ كىشىلىك، تۆت كىشىلىك بولۇپ، ياش قۇرامىغا ماس ھالدا
شەكىل تاللاپ ئوينايدۇ. مەيلى قايسى شەكىلدىكى لەپپەك ئويناش
بولسۇن، ئەڭ ئېگىزگە ئۇچۇش ئويۇن نەتىجىسىنىڭ ئاساسىي ئۆل-
چىمى قىلىنىدۇ. پەقەت لەپپەك قوزغىلىش ۋاقتىدا لەپپەك ئىگىسى
ياكى باشقا بىر ياكى ئىككى ئادەم ياردەم قىلىغاندىن باشقا، لەپپەك-
نىڭ ئەڭ يۇقىرى ئۆرلەش نۇقتىسىنى ئۆزلىرى يارىتىدۇ. لەپپەك
ئويۇنىدا پۇت ـ قول ۋە مۇرە بوغۇملىرى، قول بېغىشلىرى ۋە پا-

# پايدىلانمىلار


1) مەھمۇد كاشغەرىي: « تۈركىي تىللار دىۋانى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1984 - يىلى1 - نەشرى .

2) خې شىڭلياڭ: « شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ ئەنئەنىۋى جەمئىيىتى ۋە مەدەنىيىتى »، سودا نەشرىياتى، بېيجىڭ 2003 - يىلى خەنزۇچە نەشرى

3) دىڭ گولىڭ: « جۇڭگو ئۆرپ - ئادەتلىرى » مەجمۇئەسى «ئۆرپ - ئادەتلەر» تومى، شەندۇڭ مائارىپ نەشرىياتى 2005 - يىلى12 - ئاي خەنزۇچە نەشرى .

4) « خوتەننىڭ قىسقىچە تارىخى» ، تۈزۈش كومىتېتى تەرىپىدىن تۈزۈلگەن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2006 - يىلى 10 - ئاي 1 - نەشرى .

5) ئەنۋەر تۇرسۇن ئەپەندى: « ئۇيغۇر ئۆرپ - ئادەتلىرىدىن ئۆرنەكلەر »، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى2007 - يىلى 3 - ئاي نەشرى.

6) ئابدۇرەھىم ھەبىبۇللا: « ئۇيغۇر ئېتنوگرافىيىسى »، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1993 - يىلى 4 - ئاي 1 - نەشرى .

7) ئابدۇكېرىم رەخمان، رەۋىدۇللا، شېرىپ خۇشتار: « ئۇيغۇر ئۆرپ - ئادەتلىرى»، شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى 1996 - يىلى 8 - ئاي 1 - نەشرى .

8) ئىمىن تۇرسۇن: «قەدىمكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000 - يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى.

9) ئۆمەرجان ئىمىن: «تارىمنىڭ يۈرىكىدىكى ئوت»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2006 - يىلى 10 - ئاي 1 - نەشرى.

10) ئابدۇللا سۇلايمان (تۈزگەن): «دۇنيادا بىرلا خوتەن بار» (1 - ، 2 - ، 3 - ، 4 - توم)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2003 - يىلى 8 - ئاي 1 - نەشرى.

11) ئەنۋەر بايتۇر، خەيرىنىسا سىدىق: «شىنجاڭدىكى مىللەتلەر تارىخى»، مىللەتلەر نەشرىياتى 1991 - يىلى 11 - ئاي 1 - نەشرى.

12) گۇننار ياررىڭ (شىۋتسىيە) : «ئۇيغۇر خەلق ئەدەبىياتى جەۋھەرلىرى» مىللەتلەر نەشرىياتى 1997 - يىلى 12 - ئاي 1 - نەشرى.

13) « مىراس » ژۇرنىلىنىڭ 1999 - ، 2007 - يىللىق سانلىرى.

14) « شىنجاڭ سەنئىتى » ژۇرنىلىنىڭ 2003 - يىللىق سانى.

15) «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى 2006 - ، 2009- يىللىق سانلىرى

16) «خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومى ئىلمىي ژۇرنىلى» 2008- ، 2009- يىللىق سانلىرى

قورقىدۇ، كۆڭلى ئىلىشىدۇ، ھەتتا قۇسىدۇ. دەل مۇشۇنداق چاغدا «سارغايدى» بولۇپ، چاقپەلەك ئاستا ـ ئاستا توختىتىلىدۇ. بىر گۇرۇپپا ئويۇن ئاخىرلىشىدۇ. ساقلاپ تۇرغانلار نۆۋەتتى بويىچە ئويۇننى يۇقىرىقى تەرتىپ بويىچە باشلايدۇ.

9) كاجۇۋا ئويۇنى

بۇ ھازىرقى زاماندا باغچىلاردا كۆپ ئومۇملاشقان، ئىلگىرى تېخىمۇ ئارقىلىق قۇراشتۇرۇلغان ئايلانما چاقپەلەكنىڭ دەسلەپكى شەكلى بولۇپ، ئويناش دائىرىسى نىسبەتەن كەڭ، قۇرۇلمىسى بىر قەدەر مۇرەككەپ بولغان تۇرلەرنىڭ بىرى.

كاجۇۋا ــ كاجۇۋا جازىسى، كاجۇۋا ئوقى، كاجۇۋا قانىتى، كاجۇۋا خاپىنى قاتارلىق تۆت قىسىمدىن تەركىب تاپقان. كاجۇۋا جازىسى ئايلانمىسى 90~80 سانتىمېتىر ياكى ئۇنىڭدىن چوڭ بولغان، ئېگىزلىكى بەش ـ ئالتە مېتىر كېلىدىغان ئىككى تۈۋرۈك بولۇپ، پاراللېل قىلىپ يەرگە مۇستەھكەم ئورنىتىلىدۇ. ئىككى تۈۋرۈك ئارىلىقى بىر يېرىم مېتىردىن ئىككى مېتىرغىچە بولىدۇ. كاجۇۋا ئوقى ئايلانمىسى چوڭ ئادەمنىڭ يوتىسى توملۇقىدىكى مۇستەھكەم ياغاچ، ئۈجمە، قارىغاي، چىلان قاتارلىقلاردىن ياكى تۆمۈردىن ياسىلىپ، كاجۇۋا جازىسىغا يەر بىلەن پاراللېل قىلىپ مۇستەھكەم ئورنىتىلىدۇ.

كاجۇۋا شۇتا شەكىلدە ئىككى جۈپ ياكى ئۈچ جۈپ قانات قىلىپ ياسىلىدۇ. ئۇنىڭغا ئىشلىتىدىغان ياغاچ تۈز، مۇستەھكەم ئايلانمىسى 50~40 سانتىمېتىر بولسا بولىدۇ.

كاجۇۋا خاپىنى، ئىككى ئادەم ئولتۇرالايدىغان ساندۇق شەكلىدە ياسىلىپ، ئوتتۇرىسىغا مەزمۇت تۇتقا ــ كاجۇۋا قانىتىغا ئايلىنىش ئىمكانىيىتىدە ئورنىتىلىدۇ.

(مەترۇزى ئىمىن)

图书在版编目(CIP)数据

天下只有一个和田. 和田维吾尔族民俗：维吾尔文/ 阿布都拉·苏莱曼编著. 一 乌鲁木齐：新疆美术摄影出版社：新疆电子音像出版社，2011.8
ISBN 978-7-5469-1699-6

Ⅰ. ①天… Ⅱ. ①阿… Ⅲ. ①和田地区-概况-维吾尔语(中国少数民族语言)②维吾尔族-少数民族风俗习惯-和田地区-维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ. ①K924.52②K892.315

中国版本图书馆CIP数据核字(2011)第166149号

| | |
|---|---|
| 丛书名 | 天下只有一个和田 |
| 书名 | 和田维吾尔族民俗 (2) |
| 编者 | 阿布都拉·苏莱曼 |
| 责任编辑 | 艾尼瓦·库迪力克 |
| 特约编辑 | 瓦依提江·吾斯曼 |
| 责任校对 | 努尔阿利亚·阿布都克里木 |
| 特约校对 | 克尤木·吐尔逊 |
| 封面设计 | 艾克拜尔·沙力 |
| 出版 | 新疆美术摄影出版社<br>新疆电子音像出版社 |
| 地址 | 乌鲁木齐市西虹西路36号 |
| 邮编 | 830000 |
| 发行 | 新疆新华书店 |
| 印刷 | 乌鲁木齐市科恒彩印有限公司 |
| 开本 | 880mm ×1230mm 1/32 |
| 印张 | 13 |
| 版次 | 2011年8月第1版 |
| 印次 | 2011年8月第1次印刷 |
| 书号 | ISBN 978-7-5469-1699-6 |
| 总定价 | 78.00元 (全2册) |

(书中如有缺页，错页及倒装请与工厂联系)

# دۇنيادا بىرلا خوتەن بار

نامىلىق يۈرۈشلۈك كىتابلار

يىللار، ئادەملەر، ۋەقەلەر
مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى، بوستانلىق ۋە ئېكولوگىيە
مەدەنىيەت، مائارىپ، تېبابەت
يىپەكچىلىك، قاشتېشى، گىلەمچىلىك
ئەدەبىيات - سەنئەت
ھېكايەتلەر
خەلق قوشاقلىرى (تاللانما)
ئەپسانە - رىۋايەتلەر، چۆچەكلەر (تاللانما)
خەلق داستانلىرى
يەر ناملىرى
خوتەن دىيالېكتى
كىتابلار ئۈچۈرى
چەت ئەللىكلەر نەزىرىدىكى خوتەن
كارخانىچىلار
ئۆرپ - ئادەتلەر
قول ھۈنەر - سەنئىتى
ئاۋام تېبابىتى
نەزىرىمىزدىكى خوتەن
تېپىلمىلار، تەزكىرە - رىسالىلەر (تاللانما)
ئۆچمەس ئىزلار

ISBN 978-7-5469-1699-6

9 787546 916996 >

定价：78.00 元（全 2 册）